گۈلشەن ئابدۇقادىر

# 5-فېۋرال ئارخىپلىرى

(2)

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىر:   جۈرئەت نىزامىدىن
مەسئۇل كوررېكتور:   باتۇر قاراخانلى
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: شادىيە ھاشىم
بەت لايىھەلىگۈچى:   باتۇر قاراخانلى

بۇ ئەسەرنى ئۇيغۇر پروجېكت فوندى بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى نەشر قىلىپ تارقاتتى

# 5-فېۋرال ئارخىپلىرى

## (2)

گۈلشەن ئابدۇقادىر

2024-يىلى ئاۋغۇست ئۈچىنچى نەشرى، ئىستانبۇل
تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

5 ـ فېۋرال ئارخىپلىرىنى قېزىش ـ تولۇقلاش ۋە رەتلەش گۇرۇپپىسىدىكىلەر:

جۈرئەت غۇلجا (ئىستانبۇل)

گۈلشەن ئابدۇقادىر (كانادا)

سەيپىدىن شەمسىدىن (ئاۋىستىرالىيە)

ئەنۋەر ھاجىم (تۈركىيە)

ئابدۇللا (دانىيە)

ئادىلجان ھاكىم (شىۋېتسىيە)

ئابابەكرى قاسىم (ئالبانىيە)


ئابدۇسالام (گېرمانىيە)

ئىمام ھەسەن (تۈركىيە)

ئابدۇل لەتىپ (شىۋېتسىيە)



◆ هامىمات مەمتىمىن
(1974-1998)
1974-يىلى غۇلجا شەھەر كېپەكيۈزى يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1998-يىلى 4-ئاينىڭ 18-كۈنى يۈز بەرگەن خۇدىيارىيۈزى توقۇنۇشىدا شېھىت بولغان



◆ سەدىردىن شەمسىدىن
(1976-1998)
غۇلجا شەھەر كېپەكيۈزى يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ غۇلجا مەشرەپ ھەرىكىتى كېپەكيۈزى تارمىقىنىڭ يېتەكچىسى بولغان. قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە سۈيىقەستكە ئۇچرىغان




◆ تۇرسۇن سەلەي
(1969-1998)
1998-يىلى 6-ئاينىڭ 22-كۈنى يۈز بەرگەن ئۇچئۇن توقۇنۇشىدا شېھىت بولغان




◆ ئابدۇراززاق شەمسىدىن

1970-يىلى غۇلجا شەھەر كېپەكيۈزى يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ 5-فېۋرال كۈرەشچىسى بولۇپ، هازىر ئۈرۈمچى باجاخۇ تۈرمىسىدە




◆ 1997-يىلى 5-فېۋرال نامايىشىغا، يەنى ئاشكارا دەۋەتكە كۆتۈرۈپ چىققان لوزۇنكا. تۆپچى مەھەللىسىدىكى ئالىمجاننىڭ ئۆيىدە يېزىلغان. 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشىدا كۆتۈرۈپ چىققان مۇشۇ لوزۇنكىنى يازغان كىشى 16 يىل كېسىلگەن



◆ ئابدۇخېلىل مىجىت
(1968-2001)

غۇلجا شەھەر بويانداي يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ غۇلجا مەشرەپ ھەرىكىتى، 5-فېۋرال نامايىشى ۋە ھازىرقى زامان مىللى ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ يېتەكچىسى بولۇپ، چاپچال سۇ تۈرمىسىدە تاياق زەربىسىدىن شېھىت بولغان



◆ ئابدۇسالام شەمشىدىن ۋە ئابدۇساتتار شەمشىدىن ئاكا-ئۇكا

5-فېۋرال جەڭچىسى ئابدۇسالام ھازىر ئۈرۈمچى باجاخۇ 1-تۈرمىدە. ئابدۇساتتار جازا لاگېرىدا



◆ 5-فېۋرال كۈرەشچىسى، پارتىزان خەمىت مۇھەممەت (ئوڭدىن 1-كىشى) 1970-يىلى 2-ئاينىڭ 15-كۈنى غۇلجا شەھەر ئايدۆڭ مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. خۇدىيار يۈزى توقۇنۇشى، ئۈچئۈن توقۇنۇشى قاتارلىق توقۇنۇشلاردا خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ قورشاۋىنى بۆسۈپ چىقىپ، چاپچال ئارقىلىق 1998-يىلى 8-ئاينىڭ 30-كۈنى ئالموتوغا قېچىپ چىققان. 1999-يىلى 1-ئاينىڭ 14-كۈنى قازاق دائىرلىرى خىتايغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. ھازىر ئۈرۈمچى 5-تۈرمە 4-ئەترەتتە



◆ شەرقىي تۈركىستاننىڭ پەخىرلىك ئوغلى

ئابدۇشكۇر نۇرۇللام

(1965-1999)

5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدىن كېيىن، تۆت نەپەر سەپدىشى بىلەن بىرلىكتە قورغاس ناھىيەسىدە شېھىت قىلىنغان



◆ ئابدۇرېشىت ھاجىم 5-فېۋرال كۆرەشچىسى نىلقىلىق ئابدۇرېشىت ھاجىم، 2018-يىلى جازا لاگېرىدا مېڭىسى ئېزىۋېتىلگەن ھالەتتە قەتلى قىلىنغان



◆ 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە تۇتۇلۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان شەمسىدىن ھاجىم (سولدىن 1 - كىشى) ھازىر كانادانىڭ مونتېريال شەھرىدە ياشايدۇ. ئىككىنچى كىشى شېھىت خاماتىنىڭ بوۋىسى، 5-فېۋرال قەھرىمان پارتىزانلىرىدىن ئابدۇرىززاق، سەدىردىن، سەيپىدىن قاتارلىقلارنىڭ دادىسى شەمسىدىن خەلپەم 2017-يىلى ئاۋستىرالىيەدە ۋاپات بولدى



◆ شەرقىي تۈركىستاننىڭ پەخىرلىك ئوغلانلىرى مىسىردا (1997-يىلى)




◆ 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ يولباشچىسى، غۇلجا مەشرەپ ھەرىكىتىنىڭ سەركىسى شېھىت ئابدۇخېلىل ئابدۇمىجىتنىڭ يېڭى تېپىلغان رەسىمى. ئۇ غۇلجىدا مەشرەپ ھەرىكىتى يېڭىدىن باشلانغاندا. يەنى 1995-يىلى نورۇز پائالىيىتىدە سۆز قىلماقتا



◆ ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ ئانىسى نۇرىمانقىز خانىم ۋە ئىنىسى نۇرمۇھەممەت. نۇرمۇھەممەت 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشىغا چىققانلىقى ئۈچۈن 7 يىل تۈرمىدە ياتقان



◆ ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ ئاكىسى ئابلىز مىجىت 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە ئەنگلىيەلىك بىر مۇخبىرغا ئۇچۇر بەرگەنلىكى ئۈچۈن، غۇلجىلىق قاسىم ھاجى ئىسىملىك يەنە بىر كىشى بىلەن بىرلىكتە 12 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان




◆ 26-ئىيون ئۇچئۇن توقۇنۇشىغا قاتناشقان ئىلى ۋىلايەتلىك زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەترىتى ساقچىسى ساۋ لوڭ




◆ ئىلى ۋىلايەتلىك زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەترىتى ساقچىسى ۋاڭ شىن لى. 19-ئاپرېل قوراللىق توقۇنۇشتا ئۇيغۇر پارتىزان يىگىتلىرىنىڭ ئوقى تېگىپ ئېغىر يارىلانغان




◆ 1998-يىلى 19-ئاپرېل خۇدىيار يۈزى توقۇنۇشى ۋە 26-ئىيون ئۈچئۈن توقۇنۇشىدا خىتاي قوراللىق كۈچلىرىگە يول باشلىغۇچى بولغان ئابدۇراخمان پەيزى. ئۇ 26-ئىيون ئۈچئۈن قوراللىق توقۇنۇشىدا ئۇيغۇر پارتىزانلار تەرىپىدىن ئېغىر يارىلانغان بولۇپ، ۋاڭ لىچۈەن مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن ئۇنى يوقلاپ كەلگەن




◆ 5-فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقىغا قوماندانلىق قىلغان ۋە يول باشلىغان ئۈچ نەپەر قانخور جاللات ، غۇلجا 5-فېۋرال پارتىزانلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ تاشلانغان خىتاينىڭ 1-دەرىجىلىك ئەسكىرى لوڭ فېينىڭ قەبرىسى ئالدىدا هاراق ئىچىپ قەسەم بەرمەكتە




◆ 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدا قوراللىق توقۇنۇشلار ئەڭ كۆپ يۈز بەرگەن خۇدىيار يۈزىنى مەركەز قىلغان غۇلجا ناھىيىسىدىكى يېزىلار

◆ 5-فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى قېزىش-توپلاش خىزمىتىدىن ئۆرنەكلەر

Tuesday, March 17, 2020

**5-fébral Ghulja qirghinchilighida ziyankeshlikke uchurghuchilarni qézish toplash jedwili.**



| | |
|---|---|
| **Sizning isim familingiz** | abduwali abdurexiti |
| **Email (xet sandughi) adrisingiz** | abduwali887@gmail.com |
| **Télfun nomuringiz** | 055-22220123 |
| **Ziyankeshlikke uchurghuchining ismi** | abdurexiti.anarrgul.amangul.tursun.abdulla.tajmuhemmet.me rdan. |
| **Nahiye, sheher, yéza we mehelle ismi** | gulja xaher korgas nahiye |
| **Qandaq jaza bérildi.** | apam dadam singlum iqide bolgan 100 dun artuk tukkunum turma we lagirlarda |
| **Qoshumche qilishni xalighan yürek sözliringiz** | ben adillik suyidigan bizge yardem kilux imkaniyti bar kixlerdin bizge yardem kilixni arzu kilimen |

Create your own automated PDFs with JotForm PDF Editor

JotForm

Tuesday, March 17, 2020

## 5-fébral Ghulja qirghinchilighida ziyankeshlikke uchurghuchilarni qézish toplash jedwili.



| | |
|---|---|
| **Sizning isim familingiz** | Raziye Mahmut |
| **Email (xet sandughi) adrisingiz** | laziyan@hotmail.ca |
| **Télfun nomuringiz** | (819) 230-9163 |
| **Ziyankeshlikke uchurghuchining ismi** | Yusupjan Abliz |
| **Nahiye, sheher, yéza we mehelle ismi** | Ghulja sheher, Aydong mehellisi |
| **Qolgha élin'ghan yil ay kün (eger toluq bilmisingiz texminen)** | Saturday, July 15, 2000 |
| **Qandaq jaza bérildi.** | Olum jazasi berilghen, birah Khazak istangha arqilih Turkiyege chechip chiqip, ketken. |
| **Qoshumche qilishni xalighan yürek sözliringiz** | Teqwadar Uyghur bolghandin bashqa hichbir gunasi yokh. |

Create your own automated PDFs with JotForm PDF Editor

JotForm

Wednesday, March 18, 2020

**5-fébral Ghulja qirghinchilighida ziyankeshlikke uchurghuchilarni qézish toplash jedwili.**



| | |
|---|---|
| **Sizning isim familingiz** | Abdusattar Abdurasul |
| **Email (xet sandughi) adrisingiz** | abdus@mail.dk |
| **Télfun nomuringiz** | (+45) 713-29883 |
| **Ziyankeshlikke uchurghuchining ismi** | Abdukiyem Abdujilil |
| **Nahiye, sheher, yéza we mehelle ismi** | Gulja xeher baykol malisidin |
| **Qolgha élin'ghan yil ay kün (eger toluq bilmisingiz texminen)** | Sunday, May 7, 1995 |
| **Qandaq jaza bérildi.** | Amdila 16 yaxka kirgen bala idi namayix bolganda xeher merkizidin oyge kirivatkanda sahqila tutup elip ketken hiq gunasiz bir øsmurni 15 yil jaza berdi jazani tugitip qihti amma hazirki ahvali namalum bala derdi bilen ata anisi ølup ketti oglu yuzinimu korelmidi |

Create your own automated PDFs with JotForm PDF Editor

JotForm

Tuesday, March 17, 2020

**5-fébral Ghulja qirghinchilighida ziyankeshlikke uchurghuchilarni qézish toplash jedwili.**



| | |
|---|---|
| **Sizning isim familingiz** | Kamil Bakri |
| **Email (xet sandughi) adrisingiz** | laziyan@hotmail.ca |
| **Télfun nomuringiz** | (514) 601-3953 |
| **Ziyankeshlikke uchurghuchining ismi** | Abduweli Ababekri |
| **Nahiye, sheher, yéza we mehelle ismi** | Ghulja sheher, Herembagh mehellisi |
| **Qolgha élin'ghan yil ay kün (eger toluq bilmisingiz texminen)** | Thursday, February 20, 1997 |
| **Qandaq jaza bérildi.** | Hitay bilen bolghan toqunushta etip olturulgen. |
| **Qoshumche qilishni xalighan yürek sözliringiz** | Yurekni pare qilidighan weqe, Ababekri heq uchun qurban boghan sheitimiz. |

Create your own automated PDFs with JotForm PDF Editor

JotForm

Tuesday, March 17, 2020

**5-fébral Ghulja qirghinchilighida ziyankeshlikke uchurghuchilarni qézish toplash jedwili.**



| | |
|---|---|
| **Sizning isim familingiz** | Raziye Mahmut |
| **Email (xet sandughi) adrisingiz** | laziyan@hotmail.ca |
| **Télfun nomuringiz** | (819) 230-9163 |
| **Ziyankeshlikke uchurghuchining ismi** | Yaqupjan Abliz |
| **Nahiye, sheher, yéza we mehelle ismi** | Ghulja sheher, Aydong mehellisi |
| **Qolgha élin'ghan yil ay kün (eger toluq bilmisingiz texminen)** | Monday, June 2, 1997 |
| **Qandaq jaza bérildi.** | 5 yilliq turme jazasi. Chiqqandin keyin yene qayta 2 qetim tutulghan. |
| **Qoshumche qilishni xalighan yürek sözliringiz** | Yaqupjan bir esil yigit idi, meshrep teshkillep yashlargha telim terbiye berip mehellide yuquri inavet qazanghan, tutup ketilghenfe aran 20 yashta idi, ghuljidiki turmidin urumchige yotkilip kormigenliri qalmidi. |

Create your own automated PDFs with JotForm PDF Editor

JotForm

Tuesday, March 17, 2020

**5-fébral Ghulja qirghinchilighida ziyankeshlikke uchurghuchilarni qézish toplash jedwili.**



| | |
|---|---|
| **Sizning isim familingiz** | Kamil Bakri |
| **Email (xet sandughi) adrisingiz** | laziyan@hotmail.ca |
| **Télfun nomuringiz** | (514) 601-3953 |
| **Ziyankeshlikke uchurghuchining ismi** | Yaqupjan Ababakri |
| **Nahiye, sheher, yéza we mehelle ismi** | Ghulja sheher, Herembagh mehellisi |
| **Qolgha élin'ghan yil ay kün (eger toluq bilmisingiz texminen)** | Monday, February 10, 1997 |
| **Qandaq jaza bérildi.** | 15 yil qamaq, jazasi berilgen. |
| **Qoshumche qilishni xalighan yürek sözliringiz** | Heq yolida, qurban boghan tuqqunum. |

Create your own automated PDFs with JotForm PDF Editor

JotForm

Tuesday, March 17, 2020

## 5-fébral Ghulja qirghinchilighida ziyankeshlikke uchurghuchilarni qézish toplash jedwili.



| | |
|---|---|
| **Sizning isim familingiz** | abduwali abdurexiti |
| **Email (xet sandughi) adrisingiz** | abduwali887@gmail.com |
| **Télfun nomuringiz** | 055-22220123 |
| **Ziyankeshlikke uchurghuchining ismi** | abdurexiti.anarrgul.amangul.tursun.abdulla.tajmuhemmet.me rdan. |
| **Nahiye, sheher, yéza we mehelle ismi** | gulja xaher korgas nahiye |
| **Qandaq jaza bérildi.** | apam dadam singlum iqide bolgan 100 dun artuk tukkunum turma we lagirlarda |
| **Qoshumche qilishni xalighan yürek sözliringiz** | ben adillik suyidigan bizge yardem kilux imkaniyti bar kixlerdin bizge yardem kilixni arzu kilimen |

Create your own automated PDFs with JotForm PDF Editor

JotForm

Saturday, July 11, 2020

**5-fébral Ghulja qirghinchilighida ziyankeshlikke uchurghuchilarni qézish toplash jedwili.**



| | |
|---|---|
| **Sizning isim familingiz** | لى ھەيدەر |
| **Email (xet sandughi) adrisingiz** | alihaydat8989@gmail.com |
| **Télfun nomuringiz** | (+90) 055-23638989 |
| **Ziyankeshlikke uchurghuchining ismi** | نەزەر ابدىرازاق |
| **Nahiye, sheher, yéza we mehelle ismi** | غۇلجا شەھەر قازانچى مەھەللىسى |
| **Qandaq jaza bérildi.** | ۋلۇم جازاسى بېرىلدى |
| **Qoshumche qilishni xalighan yürek sözliringiz** | خىتاي كومۇنىست پارتىيىسىنىڭ دۇنيادىكى1_<br>نومۇرلۇق تېررورىست فاشىست دەۋلەت ىكەنلىگىنى كۆرۈپ بىلىپ<br>تۇرۇپمۇ بەنىلا خىتاينىڭ بالىقىنى يالاپ يۈرگەن دۇنيا سىياسىيونلىر<br>ىنىڭ نەقەدەر پەسكەش زالىم ىكەنلىگىگە ھەيران بولدۇم چەتئەلدە دېموكراتىيە<br>بۇمۇ ۋلارغا اللانىڭ لەنىتى بولسۇن امىن ! ! ! امىن |

Create your own automated PDFs with JotForm PDF Editor

JotForm

Tuesday, March 17, 2020

## 5-fébral Ghulja qirghinchilighida ziyankeshlikke uchurghuchilarni qézish toplash jedwili.



| | |
|---|---|
| **Sizning isim familingiz** | Abduxukur Muhammet |
| **Email (xet sandughi) adrisingiz** | diyarimeli@yahoo.com |
| **Télfun nomuringiz** | (0090) 553-9099999 |
| **Ziyankeshlikke uchurghuchining ismi** | Akber |
| **Nahiye, sheher, yéza we mehelle ismi** | Gulja xaher |
| **Qolgha élin'ghan yil ay kün (eger toluq bilmisingiz texminen)** | Friday, May 2, 1997 |
| **Qandaq jaza bérildi.** | Akimiz rametlik Dukkanni takap oiga kaitip ketmakqi bolup yolga qikkanda sahqila ( kannas) teripiden etivetilgan. Amma akimiz olmigan dohturhaniga derhal elip bargan amma dohturlar davalaxni ret kilgan ve behitka karxi xahit bolgan( alamdin otkan) . Maxinilar tohtap ketkaxka oiga kol harvo bilan elip kelip 1997.02.07 kuni yaki 02.06 kuni kardong mazarlikeda yarliduh. |
| **Qoshumche qilishni xalighan yürek sözliringiz** | 1997.02.05 kuni man kiqik Akam bilan billa Texlapka yaima bazirda yaimiqilih kilivatkan eduh, yirahtin kattih toligan avazlar bilan etrapimizdeki adamler keqixka baxledi. Bizmu yaimine tizlam yigip aldimizdike binaning ekkinji kavitega ( borthaniga) qikevalduh ahval beklam jidde tekbir avazleri anglinep turatti bir top adamler texlapka dohmuxiden burulup helih maidan teriptike xaherlik sahqi terapka seldek ekip ketipbaratti. Atrapimga karisam akam yoh. Uni izdax uqun |

1

Create your own automated PDFs with JotForm PDF Editor

JotForm

**Zulhumar Yarmemet**

y.zulhumar@gmail.com

Submission Date
March 16, 2020 20:10

| | |
|---|---|
| Sizning isim familingiz | Zulhumar Yarmemet |
| Email (xet sandughi) adrisingiz | y.zulhumar@gmail.com |
| Télfun nomuringiz | (+1) 226-7006589 |
| Ziyankeshlikke uchurghuchining ismi | Abdughappar telet |
| Nahiye, sheher, yéza we mehelle ismi | Ghulja shehiri jigdilil mehellisi Azgal kochisi |
| Qolgha élin'ghan yil ay kün (eger toluq bilmisingiz texminen) | Feb 7, 1997 |
| Qandaq jaza bérildi. | Olum jazasi birildi |
| Qoshumche qilishni xalighan yürek sözliringiz | مەرھۇم ئابدۇغاپپار كامىر ھەممىلەك 21-23 ياشلىرىدا ئىدى تولىمۇ مېھرىبان كۆيۈمچان تىرىشچان ياش ئىدى. ھېچ |

Saturday, March 21, 2020

## 5-fébral Ghulja qirghinchilighida ziyankeshlikke uchurghuchilarni qézish toplash jedwili.



| | |
|---|---|
| **Sizning isim familingiz** | Patime Kasim |
| **Email (xet sandughi) adrisingiz** | 11118fatma@gmail.com |
| **Télfun nomuringiz** | (05531186450) |
| **Ziyankeshlikke uchurghuchining ismi** | Abduxukur. Hesenjan Musa. Alim yakup. Ablimit. Qalgan uq balinig ismini untup qaldim. Jemi 7 bala olum jazasiga hokum qilinip olturildi. Yene xu waqitta 28 bala tutuldi. Ulamig aldini muddetsiz keynini 6yilliq kesti. Xunig iqide minig akam hesenjan kasim 10 yil turmide yatti bu 1997_yil 7_ayda yuz bergen weke. Xehit qilingan 7balini 1998_yil 1_aynig 25_kuni Xehit qildi. |
| **Nahiye, sheher, yéza we mehelle ismi** | Sherqi Turkistan gulja sheher suydug nahiye |
| **Qandaq jaza bérildi.** | Olum jazasi we qamaq jazasi birildi |
| **Qoshumche qilishni xalighan yürek sözliringiz** | Men bu hizmeti bashliginiglardin bek suyundum. |

Create your own automated PDFs with JotForm PDF Editor

JotForm

# مۇندەرىجە

قانغا بويالغان ناخشا.................................................................37
چەتئەللىك ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن كىرىش سۆز.......................43
*5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدا مەن پەخىرلىنىدىغان*
*بىر ئىش*..........................................................................43
*«تېررورچى» دەپ ئاتىلىپ قېلىش ۋەھىمىسى*
*ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار*............................................................46
*چەتئەللىكلەرگە 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنى قانداق*
*چۈشەندۈرۈش كېرەك؟*...........................................................50
*قارا تەنلىكلەر دەۋرى ۋە ئۇيغۇرلار دەۋرى*...........................52
*بۈندىن يىگىرمە تۆت يىل بۇرۇنقى غۇلجا*.............................55
*مەشرەپ ۋە خىتاينىڭ ئەندىشىسى*......................................56
*ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلار*.................................................58
*مالكوم X ۋە ئابدۇخېلىل مىجىت*......................................65
*ئابدۇخېلىل مىجىت ۋە سوقرات*...........................................68
*خىتاي ئىستىخباراتىمۇ جىددىي ھەرىكەتتە ئىدى*...............71

**بىرىنچى باب**

5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى خەلقئارا
ۋەزىيەت، خىتاي ۋەزىيىتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى........73

پىلانلانغان سۇيىقەست ........................................ 80

## ئىككىنچى باب

ئەمر ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ خىتايغا قارشى ئۆتكەن
قەيسەر ھاياتى ................................................ 85
يەنە بىر قېتىم توخۇچىيۈزى قانلىق قىرغىنچىلىقى.............. 111
توخۇچىيۈزى قانلىق قىرغىنچىلىقىنىڭ تىرىك شاھىتى
ئابدۇلۋەكىل نۇرمۇھەممەت ........................................ 124

## ئۈچىنچى باب

ئەيدىز شەھىرىنى ئىنقىلاب شەھىرىگە ئايلاندۇرۇشتا
تۆھپە قوشقان ئىلغار دىنىي زاتلار ۋە تەقدىرى.............. 134
ئابدۇرېشىت داموللام ................................................ 137
زىيائىدىن قارى ھاجىم............................................ 141
5-فېۋرالدىن جازا لاگېرىغىچە نىلقىلىق ئابدۇرېشىت
ھاجىم ............................................................. 143
غۇلجا شەھەر دۆڭمەھەللە گۈللۈك مەسچىت ئىمامى
ئابدۇشۈكۈر ھاجىم ................................................ 148

## تۆتىنچى باب

5ـ فېۋرال سەركىلىرى، مەشرەپ (يوشۇرۇن دەۋەت)
ۋە نامايىش (ئاشكارا دەۋەت)...................................... 151
سەركە ئابدۇخېلىل مىجىت ........................................ 151
سەركە ئابدۇمىجىت ئابدۇراخمان.................................. 170

*5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى شاھىتىنىڭ كۈندىلىك*

*خاتىرىسى* ........................................ 177

*سەركە ئابدۇكېرىم ئەخمەت* ........................................ 181

*سەركە روزىمۇھەممەت* ........................................ 185

*ئەمىر ئىبراھىم ئىسمائىل بىلەن سەركە ئابدۇخېلىل*

*مىجىتنىڭ دىيالوگى* ........................................ 189

*ئۇيغۇر سياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ 5-فېۋرال غۇلجا*

*نامايىشى ھەققىدە بەرگەن باھالىرى* ........................................ 191

*«كېپەكىستان» ھەققىدە ھېكايە* ........................................ 198

## بەشىنچى باب

ئارابوز ۋەقەسى ۋە زور كۆلەملىك تۇتقۇن ........................................ 206

شەرقىي تۈركىستانىنىڭ پەخىرلىك ئوغلى شېھىت

ھامىمات مەمتىمىنىنىڭ ھاياتى ........................................ 209

*قارىم ھاماتتىن پارتىزان ھاماتقىچە* ........................................ 218

*پارتىزان ھامىمات ۋە خۇديارىيۈزى قانلىق توقۇنۇشى* ........................................ 221

*خىتاي ئەسكىرى لوڭ فېي* ........................................ 230

*ھامىمات شېھىت بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا چېتىپ*

*تۇتقۇن قىلىنغان كېپەكيۈزلىك ياشلار* ........................................ 231

*پارتىزان تېيىپ سېيىت* ........................................ 232

*پارتىزان ئابدۇسەلىم قاھار* ........................................ 236

*پارتىزان ئابدۇرېھىم ئەيسا* ........................................ 241

پارتىزان شۆھرەت ۋە سەپداشلىرىنىڭ تۈرمىدە ياڭراتقان
ئەزان ساداسى ............................................................ 243
پارتىزان خەمىت مۇھەممەت، قاسىم مەقبىر ۋە
ئىلياس زوردۇن ............................................................ 246
پارتىزان مەتىمىن ئابدۇقادىر ............................................................ 249
پارتىزان سەيدۇللام ............................................................ 251
پارتىزان ئىلياس زوردۇن ............................................................ 251
پارتىزان زۇلپىقار مۇھەممەت ............................................................ 252
ئارا ئۈستەڭلىك پارتىزان ئابباس قارى ............................................................ 254
پارتىزان قۇربانجان ............................................................ 255
مەمەيۈزى توقۇنۇشى ۋە خەنبىڭلىق پارتىزان ئابدۇۋەلى ...... 255
پارتىزان تۇرسۇنمۇھەممەت ئىسلام ............................................................ 256
پارتىزان ئىمىن نۇرى ۋە خەمىت مۇھەممەت ............................................................ 257
پارتىزان سالاھىدىن پاجىئەسى ............................................................ 257

## ئالتىنچى باب

سەدىردىن شەمسىدىنىڭ شەرەپلىك ھاياتى ۋە
ئۇيغۇر مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىدىكى تىراگېدىيە .............. 260
شەرقىي تۈركىستاندىن قازاقىستانغا سوزۇلغان
تۇتۇش بۇيرۇقى ............................................................ 268
سەيپىدىن شەمسىدىنىڭ كۈرەش ھاياتى ............................................................ 268
ئابدۇرىزاق شەمسىدىنىڭ ھاياتى ............................................................ 271
شىبھەت ئابدۇخالىق ئابدۇرېشىتىنىڭ ھاياتى ............................................................ 271

## يەتتىنچى باب

قورغاس ناھىيەسىدىكى زور تۇتقۇن ۋە يەتتە
شېھىتلىرىم مازىرى ........................................ 275
*يەتتە شېھىتنىڭ بىرى ئابدۇشكۇر نۇرۇللام* ........................ 277
*«يەتتە شېھىتلىرىم مازىرى»دىن دۇنياغا ياڭرىغان*
*سادا: «ئۆلمەس جان»* ........................................ 283
*ئەرشىدىن ئىسرائىلنىڭ قورغاستىن قېچىشى* ........................ 310

## سەككىزىنچى باب

مەشرەپ، 5 ـ فېۋرال نامايىشى ھەققىدە خىتاي
مەتبۇئاتلىرىنىڭ بايانلىرى ۋە بىزنىڭ مۇلاھىزىلىرىمىز .... 321
*غۇلجىدىكى 5-فېۋرال ئۇرۇپ، چېقىش، بۇلاشنەك*
*پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسىنىڭ تىنچىتىلىشى* ............ 331
*14-ئاۋغۇست غۇلجا گۈللۈك مەسچىت نامايىشى* ............ 355
*ئاتالمىش «مەھبۇس ماشىنىسىنى بۇلاش ۋەقەسى»* ........... 360
*قىرغىنچىلىق ئۇچۇن چېلىنغان سىگنال ئاتالمىش*
*«7-نومۇرلۇق ھۆججەت»* ........................................ 367
*1990-يىلىدىن 2001-يىلغا قەدەر خىتاي مۇستەبىت*
*ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەر* ............... 387
*شەرقىي تۈركىستان كۈرەشچىلىرىنىڭ خىتاي دۆلەت*
*تېررورلۇقى ۋە غالچىلىرىغا قايتۇرغان ئىنكاسلىرى* .............. 389

## توققۇزىنچى باب

5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدىن كېيىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار، ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولغانلار ۋە جەستى ئائىلىسىگە تاشلاپ بېرىلگەنلەر......400
ئەنۋەر نۇردۇن پاجىئەسى......401
مۇتەللىپ ئابدۇسالام پاجىئەسى......401
ئابلىمىت ياسىن پاجىئەسى......402
قاسىم هاجى پاجىئەسى......402
ئابلىز مىجىت پاجىئەسى......403
پەرهات موللاخۇن پاجىئەسى......403
ئابدۇغاپپار ئابدۇسالام پاجىئەسى......404
ئابدۇسالام قارىم پاجىئەسى......405
تاي پاجىئەسى......406
ئەنۋەر ئەخمەتجان پاجىئەسى......407
شىرىپ ئابلىز پاجىئەسى......409
ئابدۇغېنى پاجىئەسى......410
يېڭى هاياتلىق نامسىز ئانا پاجىئەسى......411
يۇسۇپجان پاجىئەسى......412
ئىنەمجان پاجىئەسى......413
هەسەنجان پاجىئەسى......416
شائىرە نۇرىيە پاجىئەسى......416
رەخىم پاجىئەسى......417

قاسىمجان پاچىئەسى ................................ 418
ئالىمجان پاچىئەسى ................................ 418
غۇلجا شەھەر ھەرەمباغ 9-باشلانغۇچ مەكتەپ
ئالدىدىكى پاچىئە ................................ 419
تۇداخۇن ئائىلىسى پاچىئەسى ................................ 420

## ئونىنچى باب

5 ـ فېۋرال كۈنى نامايىشقا كۆتۈرۈپ چىققان لوزۇنكىلار
قەيەردە ياسالدى؟ ................................ 421
26-ئىيۇن ئۇچئۇن قوراللىق توقۇنۇشى ھەققىدە
يېڭى مەلۇماتلار ................................ 424
ئالاھىدە تەربىيەلەنگەن خىتاي ساقچىسى كوك
يوگچاگىنىڭ تەرجىمھالى ................................ 430
ئابدۇراخمان پەيزىنىڭ تەرجىمھالى ................................ 431
5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە ئويلىنىشقا
تېگىشلىك نۇقتىلار ................................ 433
ئىلى ئوبلاستى تەۋەسىدىكى تۈرمىلەر ................................ 437
5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىغا ئائىت تۈرمە ھېكايىلىرى ................................ 439
1-ھېكايە ................................ 439
2-ھېكايە ................................ 440
3-ھېكايە ................................ 441
4-ھېكايە ................................ 443
5-ھېكايە ................................ 444

6-ھېكايە ............ 447
7-ھېكايە ............ 449
8-ھېكايە ............ 451
9-ھېكايە ............ 453
10-ھېكايە ............ 454
11-ھېكايە ............ 455
5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە خىتاي ئۈچۈن
خىزمەت كۆرسەتكەن ساقچىلار ............ 455
گۇۋاھنامە پەسلى ............ 458
ۋەتەن تۇپراقلىرىغا پاتمىغان يىگىتلەر ............ 458
ئادىلجان ھاكىمنىڭ تۇرمە ھېكايىلىرى: ۋەتەن ............ 462
قېچىشىنىڭ تۈنجى بېكىتى: سۈرۈن قىرغىزىستان ............ 466
«تورا-بورا» تاغلىرى، بومباردىمان ۋە ئۇيغۇرلار ............ 468
ئافغانىستان ۋە پاكىستان ............ 469
گۇۋاھنامە ............ 491
ھېكايىلەرگە خاتىمە ............ 502
5-فېۋرالدىن گۇۋاھنامە تۇرمىسىغىچە: ئابابەكرى
قاسىمنىڭ ھايات ھېكايىسى ............ 504
ھېكايە: ئابابەكرى قاسىمنىڭ بالىلىق چاغلىرى ............ 505
ھېكايە: سوۋېت ماللىرى بازىرىدا ............ 506
ھېكايە: يېڭى غۇلجا ............ 506
ھېكايە: «مەشرەپ»نىڭ سېھرىي كۈچى ............ 507

ھېكايە: خىتاي بىلەن بولغان چەك-چېگرانىڭ
ئايرىلىشى ........................................................................ 508
ھېكايە: غۇلجا شەھەر تاشكۆۋرۈك يېزىسىدىكى بۆلجۈرگەن
پارنىكىدا قولغا ئېلىنىش........................................................ 510
ھېكايە: غۇلجا شەھەرلىك ساقچىخانىنىڭ يەر ئاستى
سوراقخانىسىدا ...................................................................... 511
ھېكايە: غۇلجا شەھەرلىك «يېڭىھايات» تۈرمىسىدە
ۋەتەنىنىڭ سەرخىللىرى بىلەن ئۇچرىشىش........................... 513
ھېكايە: ۋەتەندىن ئايرىلىش................................................ 514
خاتىمە............................................................................... 516
«ھەجدىن قايتالمىغان ھاجى» ........................................... 516
ئابدۇسالام شەمشىدىن........................................................ 525
ئابدۇساتتار شەمشىدىن ...................................................... 529
قوشۇمچە نۇقتىلار.............................................................. 530
1-تولۇقلىما: تۇرسۇنبۇۋى ئانا ھەققىدە بايان.................... 530
2-تولۇقلىما: ئابدۇللا ئابدۇراخمان ھەققىدە بايان............ 531
5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدا زىيانكەشلىككە
ئۇچرىغۇچىلارنى ئېنىقلاش ھەققىدە ................................. 532
ئاپتورنىڭ 5-فېۋرال ئارخىپلىرى ناملىق كىتابىنىڭ ئىككىنچى
قىسمىنى يېزىش جەريانىدىكى ھېس-تۇيغۇلىرى............ 534
پايدىلانغان مەنبەلەر............................................................ 545

# قانغا بويالغان ناخشا

تۇرسۇنجان ئەمەت

ئومۇمەن بىر ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن، ھامان ئالدى بىلەن جامائەت پىكرى تەييارلاشقا، ھامان ئالدى بىلەن ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئىنقىلابى سىنىپلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ، ئەكسىل ئىنقىلابى سىنىپلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ.

ماۋزېدوڭ

*نالەڭدىن خىجالەت ئىلكىدە قۇياش،*
*ناخشاڭدىن تۆكۈلدى پەلەكتىن قان ياش.*
*مۇڭ بىلەن خۇن بولدى زامانىنىڭ باغرى،*
*نە تەندە جان قالدى، نە جاندا چىداش.*

*ئىڭرىدى ئۇيغۇرنىڭ باغرىدا نالە،*
*كۆيلىرىڭ پىغانى ئاللاھقا سىرداش.*
*چېكىلگەن تار ئەمەس، تاڭدىكى يىغا.*
*باغرىڭدا ئوت يانسا ئېرىپ كېتەر تاش.*

*قانداقمۇ سىغقاندۇ، كۆكسىلىرىڭگە مۇڭ،*
*ئېيتىڭلار باغرىڭلار كىم بىلەن مۇڭداش؟*

*بېسىلغان پەدەڭگە باش قويغۇم كەلدى،*
*تويۋا دەپ يىغلىماي تۇرۇپتۇ قۇياش.*

*چېتىلغان زەنجىردۇر ئەجدادى-ئەۋلاد،*
*تەشۋىشلەر سىياقى قان بىلەن رەڭداش.*
*نۇرلانسا ئەجەب ئەمەس ئەجىرىڭدىن دۇنيا،*
*سەنئەت بۇ، ئەمەس بۇ، ۋىجدانىنى بوياش.*

*كۆرىمەن خىيالەن تىرناقلىرىڭ قان،*
*بىر تەنھا سىياقىڭ تاڭدىكى ئىڭراش.*
*تىترەيدۇ سىملاردا ھەسرەتىنىڭ دىغى،*
*بۇ مۇڭغا كىملەر يات، كىملەر تەقدىرداش.*

*ساناقسىز سىملارنى خەلقىڭ ئۈچۈن چەك،*
*بىلىپ قال دۇنيا، مانا بۇ ياشاش[1].*

غۇلجىلىق شائىر تۇرسۇنجان ئەمەتنىڭ داڭلىق تەمبۇر شاھى «نۇرمۇھەممەت تۇرسۇن سەنئەت كېچىلىكى»دە ئوقۇغان يۇقىرىدىكى شېئىرىدا 1997-يىلى غۇلجا 5-فېۋرال ئىنقىلابى يۈز بەرگەندىن كېيىنكى تۆت يىل جەريانىدا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بولۇپمۇ غۇلجا خەلقىنىڭ قانداق قانلىق قىرغىنچىلىقلارغا دۇچار بولغانلىقى، خەلقىمىزنىڭ نەپەس ئالغۇدەك ھالىنىڭمۇ قالمىغانلىقى، بۇ قىرغىنچىلىقلاردىن دۇنيانىڭ بىخەۋەر قېلىۋاتقانلىقى تەمبۇر، ناخشا ۋە تار مۇناسىۋىتى ئارقىلىق ناھايىتى پاساھەتلىك تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىلگەن.

---

[1] 2001-يىلى مەرھۇم نۇرمۇھەممەت تۇرسۇن تەمبۇر كېچىلىكىدە ئوقۇلغان

سىياسىي ئىدىيەۋى كۆرەش دېگەن نېمە؟ خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا سىياسىي ئىدىيەۋى كۆرەش دېگەن ھېس-تۇيغۇ، خىيال، ئويلىنىش جىنايىتىدىن ئىبارەت. كىشىلەرنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرى، ئويلاش ۋە تەپەككۇر قىلىشىمۇ خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن جىنايەت ھېسابلىنىدۇ. خىتايدا ئوي-خىيال، ھېس-تۇيغۇ ساقچىسى مەۋجۇت. شۇ سەۋەبتىن ھېچكىم ھېچكىمگە ئىشەنمەيدۇ. ئوي-خىيال، ھېس-تۇيغۇلىرىڭىزنى بىلىپ-بىلمەي ئەتراپىڭىزدىكىلەر بىلەن ئورتاقلىشىپ قالسىڭىز، ھېلى ساقچى كېلىپ تۇتۇپ كېتەرمۇ؟ دېگەن ۋەھىمە ئىچىدە كېچىچە ئۇخلىيالمايسىز.

كوممۇنىزمنىڭ ماھىيىتىنى ناھايىتى ياخشى پاش قىلغان يازغۇچى جورج ئورۋېل «1984» ناملىق كىتابىدا «مېڭىمىزنىڭ ئىچىدىكى بىرقانچە سانتىمېتىر يەردىن باشقا ھېچنېمە بىزگە تەۋە ئەمەس. ھېچبىر شەكىلدە شەخسىي ھاياتىمىز يوق» دەپ يازىدۇ. جورج ئورۋېل ئوتتۇرىغا قويغان 1948-يىلدىكى كوممۇنىست ئىدېئولوگىيەسىنى خىتاي ھۆكۈمىتى ھازىر ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان بولۇپ، 1990-يىللاردا «ئىدىيەۋى سىياسىي كۆرەش» باھانىسىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھېس-تۇيغۇ ۋە تەپەككۇرلىرىغىچە تاجاۋۇز قىلغان بولسا؛ 2016-يىلدىن ئېتىبارەن «قوشماق تۇغقان» سىياسىتىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ھەر بىر ئۇيغۇر ئائىلىسىگە بىردىن خىتاينى يەرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 24 سائەت ئىچىدىكى بارلىق ئوي-خىياللىرى، ھەرىكىتى، يېمەك-ئىچمىكى، مېڭىش-تۇرۇشى، ھەتتا خورەك تارتىشلىرىغىچە كونترول قىلىشقا باشلىدى. ئۇنداقتا ھېس-تۇيغۇ، خىيال-ئويلىنىش جىنايەت ھېسابلىنىدىغان، بۇ جىنايەتنىڭ سورىقىنى قىلىدىغان ساقچىلار مەۋجۇت بولغان بۇنداق بىر ۋەزىيەتنى، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نىداسى ئەكس

ئەتتۈرۈلگەن يۇقىرىدىكى شېئىر سەۋەبىدىن يولغا قويىدىمۇ؟ ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ شېئىردا مىللىي بۆلگۈنچىلىك خاھىشى ئېغىر دەپ قارىغان بولسا، ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن شائىرنىلا جازالىماي، پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە ئاخباراتچىلىق ساھەسىدىكى ئۇيغۇر سەرخىللىرىغا قارىتا «سىياسىي ئىدىيەۋى كۈرەش»، «مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش» نىڭ پەردىسىنى ئاچىدۇ؟ خىتاي ھۆكۈمىتى 1996-يىلى 3-ئايدا ئاتالمىش شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان 7-نومۇرلۇق ھۆججەتنى ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئەڭ ئاچقۇچلۇق سۆز «شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەردىن كېلىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت.

خىتايدا قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەت دەيدىغان بىر نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ۋە ناماز ئوقۇشمۇ خىتاي ھۆكۈمىتى نەزىرىدە جىنايەت ۋە قانۇنسىزلىق. دېمەك، بۇ ئىبارە بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق، ئۆز دىنىنىڭ ئەھكاملىرى بىلەن ياشاۋاتقان بارلىق ئۇيغۇر خەلقىنى دۈشمەن ئېلان قىلغان ئىدى. ئۇنداقتا خىتاي نەزىرىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر كىملەر؟ خىتاي پۇقرالىرى خىتاي ھۆكۈمىتى نەزىرىدە مىللىي بۆلگۈنچى كاتېگورىيەسىگە كىرمەيدۇ. ئۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتى نەزىرىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ دەل ئۆزى. ئۇنداقتا خىتاي ھۆكۈمىتى نەزىرىدە مىللىي بۆلگۈنچىلىك دېگەن نېمە؟ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مىللىي بۆلگۈنچىلىك مەدەنىيەت-سەنئەت، ئەنئەنە، ياشاش مۇھىتى، ئېتىقاد، تىل، ئۆرپ-ئادەت قاتارلىق جەھەتلەردە خىتايغا ئوخشىماي قېلىش، يەنى ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىنى بەكرەك جانلاندۇرۇش، خىتاي

ھۆكۈمىتى ئولتۇرالماي قالىدىغان مىللىي بۆلگۈنچىلىك خاھىشىدىن ئىبارەت. شۇ ۋەجىدىن خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر ياشلار مەشرەپ ئويناپ ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەتلىرى ئارقىلىق ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇر روھىغا قايتماقچى بولغاندا بۇنى باھانە قىلىپ، شۇنداقلا مىللىي بۆلگۈنچى قالپىقىنى كىيدۈرۈپ، ئابدۇخېلىل مىجىت قاتارلىق 10 مىڭغا يېقىن ياشنى يوق قىلغان ئىدى. ئەمدى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى تازىلاش نۆۋىتى، بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى، روھىي يولباشچىلىرى، سەركىلىرى ھېسابلانغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا كەلگەن ئىدى. ئەمما قانداق باشلاش كېرەك؟ باشلاش ئۈچۈن بىر باھانە-سەۋەب بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

1990-يىللارنىڭ كىرىشى بىلەن، خىتاي تارىخچى تۇرغۇن ئالماس ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇرلار»، «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» قاتارلىق ئۈچ كىتابىنى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچى كىتاپ دەپ قارىلاشنى باشلاپ، كېلەچەكتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بىر بوران چاپقۇننى باشلايدىغانلىقىدىن شەپە بەرگەن بولسا، بۇ قارىلاش ئون يىل داۋاملاشقاندىن كېيىن 2000-يىلىنىڭ كىرىشى بىلەن نۇرمۇھەممەت تۇرسۇن تەمبۇر كېچىلىگىدە ئوقۇلغان قانغا مىلەنگەن ناخشا دېگەن شېئىرنى باھانە قىلىپ رەسمى ھالەتتە، كەڭ كۆلەملىك تازىلاشقا ئۆتكەن.

«قانغا مىلەنگەن ناخشا» ناملىق شېئىر، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر قەلەم ئەگىلىرىنى دۈشمەن ساناپ كۈرەشكە ئۆتۈشكە سەۋەب بولغان، ئۇيغۇر تارىخىغا تامغا ئۇرغان قىممەتلىك شېئىرلاردىن بىرى.

دېمەك، ھازىر خىتاي ھۆكۈمىتى يولغا قويغان جازا لاگېرلىرىدىن ئارقىمىزغا قارايدىغان بولساق، خىتاي ھۆكۈمىتى

1996-يىلى ئېلان قىلغان 7-نومۇرلۇق ھۆججەت بىلەن ھازىرقى جازا لاگېرلىرىنىڭ ئاساسىي پىلانىنى تۈزۈپ بولغان ئىكەن.

دېمەك، «شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەردىن كېلىدۇ» دېگەن ئىبارىنىڭ مەنىسى، شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ زېمىن بىزنىڭ، ئۇيغۇر دېگەن بىر مىللەت بۇ زېمىندا مەۋجۇت بولماسلىقى كېرەك، دېگەن سۆزنىڭ پەردازلىنىشىدىن ئىبارەت ئىدى.

گۈلشەن ئابدۇقادىر

# چەتئەللىك ئۇقۇرمەنلەر ئۈچۈن كىرىش سۆز

## 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدا مەن پەخىرلىنىدىغان بىر ئىش

قولىڭىزدىكى 5-فېۋرال ئارخىپلىرى ناملىق بۇ ئەسەر 1997-يىلى 2-ئاينىڭ 5-كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ (يەنى خىتاي «شىنجاڭ» دەپ مۇستەملىكە نامى قويۇۋالغان دىيار) شىمالىدىكى گۈل-گۈلىستان، ئالمىزار شەھەر غۇلجىدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلمىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن مۇستەقىللىق نامايىشىنىڭ ئالدى-كەينىدە خىتاينىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە قارىتا ئېلىپ بارغان ئېچىنىشلىق قىرغىنچىلىقلىرى، بۇ قىرغىنچىلىقتىن ئامان-ئېسەن قۇتۇلۇپ، چەتئەللەرگە قېچىپ چىقىپ دېموكراتىك دۆلەتلەرگە يەرلەشكەن شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەن قەلەمگە ئېلىنغان بىر تارىخىي كىتاب. بۇ كىتاب چەتئەللەردە يېزىلغان 5-فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن 2-كىتاب بولۇپ، 1-كىتابىمنى 5-فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقىنىڭ 23 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئىستانبۇلدا نەشر قىلدۇرغان ئىدىم. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن 2-كىتابىنىڭ روياپقا چىقىشى ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ياردەم قىلغان تۈركىيە ئىستانبۇلدىكى ئىلى مەشرەپ ئۇيغۇر ۋەخپىنىڭ باشلىقى جۈرئەت غۇلجا ئەپەندىگە، قېرىنداش توپلاش ۋە رەتلەش گۇرۇپپىسىدا يەر ئالغان سەيپىدىن شەمسىدىن ئاكا

باشچىلىقىدىكى بارلىق دوستلارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

ئەگەر مەن 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە ئېپتىخار بىلەن تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بىر نەرسە بار دەپ قارالسا، ئۇ، غۇلجا شەھرىدە يۈز بەرگەن مەشرەپ ئويناش ۋەقەسىدىن تارتىپ تاكى 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈز بەرگەن خىتايغا قارشى پارتىزانلىق ھەرىكەتلەر، شۇنداقلا خىتاينىڭ بۇ ھەرىكەتلەرنى ناھايىتى زور ئەسكىرى كۈچ بىلەن تىنجىتقانغا قەدەر، 5-فېۋرال پارتىزانلىرىنىڭ بىرمۇ خىتاي پۇقراسىنى ئۆلتۈرمىگەنلىكى بولۇپ، 1998-يىلى بەزى پارتىزانلار غۇلجا ناھىيەسىنىڭ مەلۇم يېزىسىدىكى بىر خىتاي ئائىلىسىنى ئۆلتۈرگەن. چۈنكى بۇ ئائىلە خىتاي ساقچى-ئەسكەرلىرى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇلارغا ئايغاقچىلىق قىلغان ۋە بۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن ئۇيغۇر ياشلىرى تۇتقۇن قىلىنغان ئىدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان بارلىق كۈرەشلىرى خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارىتىلغان بولۇپ، ھەرگىزمۇ خىتاي پۇقرالىرىنى نىشان قىلمىغان. چۈنكى ئۇيغۇر خەلقى تارىختىن بۇيان ئىنسانپەرۋەر ياشاپ كەلگەن بىر مەرد، مەردانە مىللەت بولۇپ، بىگۇناھ خەلقنى نىشان قىلىشنى نامەردلىك دەپ قارىغان ۋە شۇنداق ياشاپ كەلگەن. ئۇندىن باشقا 5-فېۋرال غۇلجا پارتىزانلىرى ئەگەر بىرەر خىتاي پۇقراسىنى ئۆلتۈرۈپ قويغان تەقدىردە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ۋەقەنى ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن «قاتىللىق جىنايىتى» دەپ قارىماي، بۇ ۋەقەلەرنى باھانە قىلىپ ئۇيغۇر خەلقىگە «تېررورچى» دېگەن قالپاقنى بەك ئوڭاي كىيگۈزۈشكە تەييار ئىكەنلىكىنى ئىنتايىن ياخشى بىلەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن خىتاي

ھۆكۈمەتتى مۇشۇنداق بىر ۋەقەنى باھانە قىلىپ، پۈتۈن بىر يېزا ياكى شەھەردىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنى قالايمىقان تۇتقۇن قىلاتتى. شۇڭا ئۇيغۇر پارتىزان ياشلىرى ئۈچۈن بۇ مەسىلە ئىنتايىن نازۇك نۇقتا بولۇپ، ھەرقانچە غەزەپلەنگەن تەقدىردىمۇ خىتاي پۇقرالىرىنى ئۆلتۈرۈپ يۇخادىن چىقىش نىيىتىدە بولمىغان ئىدى.

بەزىلەر مەندىن، ئەينى يىللاردا ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن ئاپتوبۇس پارتىلىتىش ۋەقەلىرىگە نېمە دەپ جاۋاپ بېرىسەن؟ دەپ سورىشى مۇمكىن. بۇ خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتى شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغان 50 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، خىتاينىڭ دۆلەت تېررورلىقىغا دۇچ كەلگەن قولىدا ھېچنېمىسى يوق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ، بۇ ئېچىنىشلىق تىراگېدىيەلەرنى «تاماشا» قىلغان خىتاي خەلقىگە بەرگەن جاۋابى ۋە سىگنالى ئىدى.

بىرىنچى كىتابىمدا خىتاينىڭ غۇلجا شەھرىدىكى قوراللىق قىسىملىرى سانىنىڭ ئىنتايىن كۆپ بولغانلىقىنى، ئەينى چاغدىكى غۇلجا شەھرىنىڭ نوپۇس ئەھۋالىغا سېلىشتۇرغاندا 3 ياكى 4 نەپەر ئۇيغۇرغا بىر قوراللىق ئەسكەر توغرا كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن ئىدىم. شۇنداق بولۇشىغا ھەمدە خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ بۇ نامايىشنى رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇپ ئون مىڭلارچە ئۇيغۇرنى سەۋەبسىز ھالدا قولغا ئالغىنىغا قارىماي، خىتاي پۇقرالىرىنىڭ جىددىي بىر ھالەتتە ئېچكىرى ئۆلكىلەرگە قېچىش ۋەقەسى يۈز بەرگەن ئىدى ئەينى يىللاردا غۇلجىدا. 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشىدىن كېيىن غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە قاتنايدىغان ئاپتۇۋۇز بېكەتلىرى، ئايروپىلان ئىستانسىلىرى غۇلجىدىن قېچىۋاتقان خىتاي پۇقرالىرى دېڭىزىغا ئايلانغان. بىلەت باھالىرى ئۆرلەپ غۇلجا شەھىرى ئۆزلىكىدىن خىتايسىز شەھەرگە ئايلىنىشقا باشلىغان. بۇ ئەھۋال تاكى خىتاينىڭ

ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن 8660 ـ قىسىم دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر زور كۆلەمدىكى قورallıق قوشۇنىنىڭ غۇلجا شەھىرىگە كىرىشىگىچە بولغان ئارىلىقتا داۋام قىلغان.

### «تېرروrچى» دەپ ئاتىلىپ قېلىش ۋەھىمىسى ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار

خىتاي ھاكىمىيىتى شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغان 70 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان ئۇيغۇرلار ئۇستىدىن يۈرگۈزگەن ھەرخىل ھەرىكەتلەر، تۇتقۇن قىلىشلار، ئىز-دېرەكسىز يوق قىلىنىشلار، ئۆلتۈرۈشلەر، ھەرخىل قالپاقلارنىڭ كىيگۈزۈلۈشلەر ۋە ئاخىرىدا 3 مىليوندىن 5 مىليونغىچە ئۇيغۇرنىڭ جازا لاگېرلىرىغا قامىلىشى قاتارلىقلار ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ پسىخىكىسىدا قورقۇنچ، ئەندىشە، ۋەھىمە ۋە خۇدۇكسىرەش پەيدا قىلىپلا قالماي، بەلكىم بىر پۈتۈن مىللەت بولۇش سۈپىتىدىمۇ مىللىي چۈشەنچىلىرى، ئىدىيە ۋە پىكىرلىرىدە قورقۇش، ئەنسىرەش، تارىخى ۋەقەلىرىنىڭ «قەھرىمانلىق ۋەقەلىرى» ئىكەنلىكىگە جەزم قىلالماسلىقتەك بىرخىل ئاجىزلىق، ئۆز ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالماسلىق پسىخىكىنى شەكىللەندۈرۈپ قويغان ئىدى. بۇ سەۋەبتىن گەرچە ئامېرىكا قاتارلىق غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر ئۇيغۇرلارنى ئالاھىدە تەكىتلەپ تۇرۇپ، «ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى» دەپ ئاتاپ كېلىۋاتقىنىغا قارىماي، ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى يەنە نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنى مۇسۇلمان دېيىشتىنمۇ ئەندىشە قىلىپ ياشىماقتا ئىدى. بۇ خىل روھى ئاجىزلىقلارنىڭ ۋە بىر پۈتۈن مىللەت بولۇش سۈپىتىدە ئۆز ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالماسلىق پسىخىكىسى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان يەنە بىر نۇقتا، 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنى خىتاينىڭ قانلىق قىرغىنچىلىق بىلەن باستۇرغانلىقىغا قارىماي، بۇ ۋەقەگە قانداق باھا بېرىش مەسىلىسىدە بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ

خۇدۇكسىرەش ئىچىدە قىلىۋاتقانلىقى ئىدى.

مەن كىتابنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن، نەشرگە بېرىش ئالدىدا نۇرغۇنلىغان پىكىر-تەكلىپلەرنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئۇلار ئاساسەن مۇنداق ئەندىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. ھازىرچە 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە بىر نەرسە يېزىش پايدىسىز. چۈنكى خىتاي دۇنياغا ئۇيغۇرلارنى تېررورچى قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىۋاتىدۇ. بۇنداق شارائىتتا 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە بىر نەرسە يېزىش خىتاينى پاكىت بىلەن تەمىنلەپ بەرگەنلىك بولىدۇ. ئەڭ مۇھىمى 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنى ئۇيغۇر بولمىغان چەتئەللىك ئوقۇرمەنلەرگە قانداق چۈشەندۇرۇپ بېرىش مەسىلىسى. ئەگەر بىز يازغانلىرىمىز بىلەن چەتئەللىك ئوقۇرمەنلىرىمىزنى قايىل قىلالماي، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدىمۇ خىتايغا ئوخشاشلا «تېررورلۇق، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋەقەسى» دېگەن قاراشنى شەكىللەندۇرۇپ قويىدىغان بولساق، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنى پاكىت قىلىپ بىزنى خەلقئارا بىلەن بىرلىشىپ قاتتىق جازالىۋېتىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇيغۇرلار چەتئەلنىڭ ياردىمىدىنمۇ قۇرۇق قالىمىز.

5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە ھازىر بىر نەرسە يازغان ۋاقتىمىزدا، كىتابقا كىرگۈزۈلگەن پاكىتلارنى باھانە قىلىپ، خىتاي نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلارنى قولغا ئالىدۇ. 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى جەريانىدا يۈز بەرگەن بەزى ھەرىكەتلەر بەك ئەخمىقانە ھەرىكەتلەر، ئۇلارنى دۇنياغا چۈشەندۈرمەك بەك تەس. ئۇنىدىن باشقا 5-فېۋرال نامايىشىدا تۇتقۇن قىلىنىپ مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ياشلار ھازىرمۇ تۈرمىدە، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنى باھانە قىلىپ ئۇلاردىن قاتتىق ئۆچ ئالىدۇ... خۇلاسىلىسەك، «دۇنيا نېمە دەپ قالىدۇ؟ يۈزىمىز چۈشۈپ كېتىپ

قالسىچۇ؟ 5-فېۋرال نامايىشىغا چىقىشنىڭ ئۆزى بىر ھاماقەتلىك، خىتايدەك بۇنداق چوڭ بىر كۈچنىڭ ئالدىغا چىقماسلىقى كېرەك ئىدى» دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخىدىكى خىتايغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئىنتايىن قىممەتلىك بىر ئىنقىلاب، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تارىخىدىكى ئاز كۆرۈلىدىغان مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتى مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر، ئەندىشە، قورقۇش، خۇدۈكسىرەش، مىللىي مەۋجۇتلۇقى، ئۆز مىللىتىنىڭ خىتايغا قارشى قەھرىمانلىق ھەرىكەتلىرىگە جەزم قىلالماسلىق، ئىشەنچ قىلالماسلىقتەك ئاجىزلىقلار سەۋەبىدىن ئۇنتۇلۇپ قېلىش، ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ رىۋايەت تۈسىگە كىرىش ئالدىدا تۇرماقتا ئىدى. بىر مىللەتنى مىللەت بولۇش سۈپىتىدە بۇنچىلا خۇدۈكسىرەيدىغان، ئۆز ھەرىكەتلىرىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنچ قىلالمايدىغان، ئەنسىرەش، ۋەھىمە بىلەن مەسىلىلەرگە يېقىنلىشىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان زادى قانداق بىر كۈچ؟ بۇ ئەلۋەتتە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرى بىلەن لىق تولغان خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتى.

مېنىڭ نەزىرىمدە 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مەڭگۈلۈك بىر تېما. خىتاي بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش قارىلاش ۋە ئاقلاش كۈرىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، خىتاي ئۇيغۇرلارنى «تېرروررچى» دەپ توختىماي قارىلايدۇ. ئۇيغۇرلار بولسا خىتاينىڭ دۆلەت تېرروررى ئالدىدا ئۇيغۇرلار قىلىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھېچنېمە ئەمەسلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئەمىلىيەتتىمۇ شۇنداق. خىتاي ۋە خىتاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى بۇ تىمتاس بولمىغان ماكانىنىڭ ھەقىقى خوجايىنلىرى بولۇشقا مۇناسىپ ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئازراق بىر ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان كىشى بۇ ھەقىقەتنى تونۇپ يېتەلەيدۇ.

ئۇنداقتا، ئۇيغۇرلارنىڭ جىسىم، سوكۇت قىلىپ تۇرۇشى ئۇيغۇرلارنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالامتى؟ ئۇنداق ئەمەس. ئۇيغۇرلار خىتايغا قارشى ھېچقانداق ھەرىكەت قىلماي جىم تۇرغان ھالەتتىمۇ ئۇيغۇرلار يوق بولۇپ كېتەتتى. 1997 ـ يىلى 3 ـ ئايدا خىتاي ئېلان قىلغان 7 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ مەنىسى، «بىز سىزنى يوق قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتتۇق» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. يۇقىرىدا تەكىتلەپ ئۆتكىنىمدەك ھۆججەتتە ئىككى مۇھىم نۇقتا بار بولۇپ، بىرىنچى نۇقتا «شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلەردىن كېلىدۇ» جۈملىسى ئىدى. خىتايلار مىللىي بۆلگۈنچى كاتېگورىيەسىگە كىرمەيدۇ. شۇنداق بولغاندا بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ ئۇيغۇرلاردىن كېلىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئىككىنچى نۇقتا «شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەردىن كېلىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇمۇ نۇقتىلىق ھالدا ئۇيغۇرلارغا قويۇلغان چەكلىمە ئىدى. چۈنكى خىتايلار دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانمايدىغان، يەنى ئىسلام دىنىدا ئەمەس بولۇپ، ئاساسەن مەسچىتلەرگە بارىدىغان، ناماز ئوقۇيدىغان، روزا تۇتىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلار ئىدى. ئۇندىن باشقا خىتايدا قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەت دەيدىغان بىر نەرسە مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ، ئىسلام دىنىغا ئائىت ھەرقانداق بىر پائالىيەت قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت بولۇپ ھېسابلىناتتى. گەرچە خىتاي تاشقى جەھەتتە دۇنياغا شەرقىي تۈركىستاندا دىنىي ئەركىنلىك مەۋجۇتتەك كۆرسىتىش ئۈچۈن ھەشەمەتلىك جامەلەرنى ئىنتايىن كۆپ سېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئىچكى جەھەتتە دىنىي پائالىيەتلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت كاتېگورىيەسىگە كىرگۈزۈش ھەلەكچىلىكىدە ئىدى.

بۇندىن ئىلگىرى ئەجدىھا چىشىنى كۆرسىتىۋاتقان بولسا،

2016-يىلىدىن ئېتىبارەن ئەجدىھا ئوتىنى پۈركۈشكە باشلىدى. ناماز ئوقۇيدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىدىيەسىدە مەسىلە بار كىسەل كىشىلەر دەپ قاراپ جازا لاگېرلىرىغا سولىدى. قۇرئان، دىنىي كىتاب ۋە جەينامازلار كۆيدۈرۈلدى. جامەلەر مەدەنىيەت ئۆيلىرىگە ئۆزگەرتىلدى. مەھەللىلەر قۇلۇپ سېلىنغان دەرۋازىلار بىلەن ئادەمسىز چۆلدەرەپ قالدى.

## چەتئەللىكلەرگە 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بىر مەزگىللەر سەل ئەركىن نەپەس ئالغىلى بولىدىغان بىر سىياسەتلەرنى يۈرگۈزۈشى، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن كېلەچەكتىكى بىر شۇملۇقتىن دېرەك بېرەتتى. خىتاي ھۆكۈمىتى 1980-يىللاردا دىنى سىياسەتنى بىر ئاز كەڭرى يولغا قويۇپ، ئىسلام دىنىنى ئۆگىتىدىغان ئۇنىۋېرسىتېتلارنى، دىنى ئۆلىما، ئىمام ۋە موللىلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرىنى ئاچقان بولسىمۇ، 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدىن كېيىن بۇ يېتىشىپ چىققان دىنىي زاتلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان، ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا قەدەر قولغا ئېلىپ، ھەممىسىنى ئىنتايىن ئېغىر روھى بېسىم، قىيىن-قىستاقلار بىلەن يوق قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنچىلا ئېغىر بىر قىسمەتكە دۇچار بولىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنىمۇ بىلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نەزىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنى قوغدىشى، شۇنداقلا مەشرەپ ئوينىشىمۇ، مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرى بىلەن ياشىشىمۇ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھېسابلىناتتى.

2016-يىلىدىن ئېتىبارەن جازا لاگېرلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن مىليونلىغان خىتايغا قارشى تۇرماسلىق ۋە جىم ئولتۇرۇش يولىنى

تالىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ جازا لاگېرلىرىغا تاشلىنىشى، شۇنداقلا ئىز-دېرەكسىز غايىب بولۇشى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايغا قارشى كۆرەش قىلغان ياكى سۆكۈت قىلغان ھەممە ئۇيغۇرنى ئوخشاشلا قىرىپ تۈگىتىشتىن ئىبارەت قىرغىنچىلىق سىياسىتى يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاشقا يېتەتتى.

يۇقىرىدا كىتاب ھەققىدە چۈشكەن پىكىرلەر ئىچىدە 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنى ئۇيغۇر بولمىغان چەتئەللىكلەرگە قانداق چۈشەندۈرۈش ھەققىدىكى پىكىر دىققەت بېرىشكە ئەرزىيتتى.

شۇنداق قىلىپ، مەن 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنى چەتئەللىك ئوقۇرمەنلەرگە قانداق چۈشەندۈرىمەن؟ قانداق قىلغاندا چەتئەللىك ئوقۇرمەنلەر بۇ ھەرىكەتنى ئەشۇ ئىنقىلاب ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ شاھىتلىرىدەك بۇ تارىخنىڭ ئىچىگە چۆكۈپ تۇرۇپ چۈشىنەلەيدۇ؟ دېگەن سوئال ئاستىدا ئىزدىنىشكە باشلىدىم. بۇ جەرياندا قولۇمغا چىققان 1960-يىللاردا ئامېرىكادىكى قارا تەنلىكلەر بىلەن تەنلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىرقىي زىددىيەتلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋە بۇ كۈرەشلەرنىڭ ئاكتىپ ۋەكىللىرىنىڭ بىرى بولغان مالكوم X نىڭ ھاياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كىتاب- «مالكوم X»نىڭ تۈركچە نۇسخىسى، قەلبىمنى يورۇتۇپ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغاندەك بىر تۇيغۇغا باشلاپ كىردى. كىتاب داڭلىق قارا تەنلىق يازغۇچى ئالېكس خالەي تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغان ئىدى. كىتابتا 1960-يىللاردا ئامېرىكادىكى قارا تەنلىكلەر دۇچ كەلگەن ئېغىر ھەقسىزلىقلەر، ئىرقىي كەمسىتىش، ئادەم ئورنىدا كۆرمەسلىك قاتارلىقلار ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ۋاقىت، ماكان، زامان جەھەتتىن 21-ئەسىردە ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن قىسمەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا «قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ» ھالەتتە بولسىمۇ، ئەمما 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنى، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاندا

يۈز بەرگەن بارلىق خىتاي زۇلمىغا قارشى ھەرىكەتلەرنى دۇنياۋى سەۋىيەدە تەھلىل قىلىشتا ياخشى بىر قېلىپ ياكى ئۆرنەك ۋە ياكى سېلىشتۇرما بولالايتتى.

### قارا تەنلىكلەر دەۋرى ۋە ئۇيغۇرلار دەۋرى

مالكوم X كە ئوخشاش بىر قارا تەنلىكنىڭ دەردىنى تۆكىدىغان، ئىچكى ھېسسىياتلىرىنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغىچە كىرىشكە رۇخسەت قىلىنغان ئالېكس خالەيدەك يازغۇچىلىرى بار ئىدى. بۇ جەھەتتە قارا تەنلىكلەر ئۇيغۇرلارغا سېلىشتۇرغاندا ئىنتايىن بەختلىك بولۇپ، 5-فېۋرال غۇلجا مەشرەپ ھەرىكىتى، 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشى، يەنى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تارىخىدىكى مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارى ئابدۇخېلىل مىجىت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ بۇنداق بىر يازغۇچىسى يوق ئىدى. خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا بۇنداق بىر نەرسىنى ئويلاش ۋە تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ جىنايەت ھېسابلىناتتى.

ئابدۇخېلىل مىجىت ھەققىدە بىتەرەپ ھالدا بىر كىتاب يازىدىغان، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى، كەمچىلىكلىرى، ئۇنىڭ ئەقىل-پاراسەت بىلەن قىلغان ئىشلىرى ۋە ھاماقەت-ئەخمەقلىقلىرى قاتارلىق بىر ئىنسان تەبىئىتىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئارتۇقچىلىق ۋە ئاجىزلىقلىرىنى، خىتاي كوممۇنىست دىكتاتور ھاكىمىيىتىنىڭ تەرىپىدە تۇرماستىن، بىر ئىنسانلىق نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ ھەق ۋە ئادالەت نۇقتىسىدا تۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى ھەرىكەتلىرىگە باھا بېرىدىغان ۋە قەلەمگە ئالىدىغان بىرەر خىتاي قەلەمكەشنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ ئىنتايىن قىيىن ئىدى. 1949-يىلى خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى ئۇيغۇرلارنىڭ

ئانا ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستانغا كۆچمەن بولۇپ كەلگەن خىتاي پۇقرالىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە خۇددى خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىگە ئوخشاشلا كاۋاپچىلار، ياۋايىلار، تېررورچىلار، كوچىدىن ئۆتكەن چاشقاننى ئۇر-ئۇر قىلغاندەك ئۇر-ئۇر قىلايلى، دىنىي ئەسەبىيلەر... دېگەنگە ئوخشاش سەلبىي كەمسىتىش مەنىسىدىكى سۆزلەرنى ئىشلىتىشى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىنى يارا قىلغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، خىتاي خەلقى مۇشۇ يۈزسىزلىكلىرى سەۋەبىدىن كېلەچەكتە ئۇيغۇرلار مۇستەقىل، ئەركىن، ھەممە مىللەتلەرگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىدىغان دېموكراتىك بىر دۆلەتنى قۇرۇپ، خىتايلارنىڭ بۇ زېمىندە ياشىشىغا رۇخسەت قىلغان ھالەتتىمۇ، شەرقىي تۈركىستاندا ئازادە ياشىيالماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى ھازىر شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي خەلقىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان كەمسىتىش پوزىتسىيەسى ئېلىپ كەلگەن يارا، خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى ئېلىپ كەلگەن يارىدىنمۇ ئېغىر. خىتاي ھاكىمىيىتى ئۇيغۇرلار بىلەن خىتاي پۇقرالىرى ئوتتۇرىسىدىكى بۇنچىلا چوڭقۇر ھاڭنى پەردازلاش ئۈچۈن قوشماق تۇغقان سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، خىتايلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىگە يەرلەشتۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما قەلبلەردىكى مۇساپىنى تېخىمۇ ئۇزاقلاشتۇرماقتا. ئەينى چاغدا ئامېرىكادىكى قارا تەنلىكلەر ئاق تەنلىكلەر تەرىپىدىن پەقەت بىرلا ئىسىم بىلەن، يەنى «پاسكىنا نېگىرلار» دېگەن سۆز بىلەن كەمسىتىلگەن، ئەمما ھازىر ئۇيغۇرلار خىتايلار تەرىپىدىن يۈزلەرچە ئىبارىلەر بىلەن كەمسىتىلمەكتە.

گەرچە 1940-يىللاردىكى ئامېرىكا جەمئىيىتىدە قارا تەنلىكلەر ئاق تەنلىكلەر تەرىپىدىن كەمسىتىلىپ كېلىنگەن بولسىمۇ، بۇ پۈتكۈل ئاق تەنلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايتتى. يەنە نۇرغۇنلىغان ۋىجدانلىق، ھەققانىيەتچى، تەڭسىزلىك ۋە ئادالەتسىزلىككە

قارشى تۇرىدىغان ئاقىل تەنلىكلەرمۇ بار بولۇپ، ئۇلار ھەر ۋاقىت قارا تەنلىكلەرنىڭ يېنىدا تۇرغان ۋە قارا تەنلىكلەرنىڭ مىللىي كەمسىتىلىشكە قارشى كۈرەشلىرىدە ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلغان. نيۇيورك تايمس، پىلاي بوي قاتارلىق داڭلىق گېزىت ۋە ژۇرناللار ئادالەت ھەققانىيەت تەرەپتە تۇرۇپ، قارا تەنلىكلەر ھەققىدە، قارا تەنلىكلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ تۇرغان. رالۇپ يۇجىن ئى كەلېندېر (Eugene I Callender Ralup)گە ئوخشاش قارا تەنلىكلەر ئۈچۈن كۈرەش قىلغان كۈرەشچىلەر، راھىب ئادام كلايتون پوۋەللى (Clayton Powelli Adam)غا ئوخشاش ئامېرىكا كونگرېسىدا قارا تەنلىكلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن مۇھىم روللارنى ئوينىغان سىياسەتچىلەر، پەرسي ساتىن (Persy Sutton)غا ئوخشاش قارا تەنلىكلەرنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىشلىرىغا لىدېرلىق قىلغان، مالكوم X تەك بىر غوۋغاچى قارا تەنلىككە شەخسىي ئادۋوكات بولۇشنى تاللىغان قانۇنچىلار، گوردون پاركس (Gordon Parks) قا ئوخشاش مەشھۇر كىشىلەر، قارا تەنلىك مۇسۇلمانلار ھەققىدە كىتاب يازغان دوكتور ئەرىك لىنكولن (Eric Lincoln) قاتارلىق يازغۇچىلار قارا تەنلىك مۇسۇلمانلار ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ھەققانىي ماقالىلارنى يازغان لوئىس لوماكس (Louis Lomax)، جېمس بالدۋىن (James Baldwin)غا ئوخشاش ئاق تەنلىك ۋە قارا تەنلىك مەشھۇر شەخسلەر بولغان. ئەمما ئارىدىن 60 يىل ۋاقىت ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلار نىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەققانىي گەپ قىلىدىغان نە خىتاي دۆلەت ئاپپاراتلىرىدا، نە باشقا ساھەلىرىدە بىرەر مەشھۇر ئۇيغۇرلارنى ۋە خىتايلارنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ.

خىتاي ئۇيغۇرلار تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا يېتىپ كەلگەندە قىرقىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇيغۇرلار ئىچىدىن

يېتىشىپ چىققان سىياسىيون، ئادۋوكاتلارنىڭ چىقىشى ھەمدە ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئىككى ئېغىز ئادىل گەپ قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. خىتاي بۇنداق ئۇيغۇرلارنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە يول قويمايتتى. خىتاي ئۇيغۇرلارغا بەرگەن مائارىپ جەھەتتىكى ئىمكانىيەتلەر مەلۇم دائىرە ۋە مەلۇم سان بىلەن چەكلەنگەن. ئەمما خىتاي پۇقرالىرى ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا نۇرغۇن جەھەتلەردە ئازادە بولغىنىغا قارىماي، 1960-يىللاردا ئامېرىكا جەمئىيىتىدە خار كۆرۈلگەن قارا تەنلىكلەرنىڭمۇ بىر ئىنسان ئىكەنلىكىگە قارىتا ئاق تەنلىك ئىرقىي كەمسىتكۈچىلەرگە قارشى كۈرەشكە ئاتلانغان كىشىلەردىكى ئىنسانپەرۋەر روھنى ئۇيغۇرلار ھەققىدە كۆرسىتىشكە ئاجىز. توغرىسى ئۇنداق قىلىشنى خالىمايدۇ. بۇ جەھەتلەردە 1960-يىللاردا ئامېرىكادا ياشىغان قارا تەنلىكلەر 21-ئەسىردە خىتاي مۇستەملىكىسىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا كۆپ جەھەتلەردە بەختلىك ئىدى.

## *بۇنىدىن يىگىرمە تۆت يىل بۇرۇنقى غۇلجا*

1990-يىلدىن 2000-يىلغىچە بولغان بۇ 10 يىلدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ غۇلجا شەھرىدە ئاق تاماكا، يەنى خېرويىن ئىنتايىن كەڭرى تۈكمە قىلىپ سېتىلغان، بۇ ئاق تاماكىلار ھەم ئىنتايىن ساختا ۋە ئەرزان بولغانلىقى ئۈچۈن قاپلىنىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، غۇلجا شەھرى خېرويىن، يەنى ئاق تاماكا شەھرىگە، زەھەر شەھرىگە ئايلانغان، ئاخىردا ئۇيغۇر ياشلىرى خېرويىن (ئاق تاماكا)نى بىلىكىگە ئوخشاش بىر ئىشپىرىس بىلەن ئوكۇل قىلىپ ئۇرغانلىقى سەۋەبىدىن ئەيدىز بىلەن يۇقۇملانغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشسىزلىق ئەۋج ئېلىپ ياشلار ئارىسىدا چۈشكۈنلۈك، قىمار ئويناش، يۇقىرى گىرادۇسلۇق ھاراق-

شارابلارغا بېرىلىش، ئوغرىلىق قاتارلىق ئىللەتلەر باش كۆتۈرگەن، ھۆكۈمەتنىڭ بۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق كارى بولمىغان، ئاخىرىدا غۇلجا شەھىرىدە ياشاۋاتقان دىنى زاتلار، زىيالىيلار ۋە باي سودىگەرلەر بىرلىشىپ، غۇلجا ياشلىرىنى زەھەر ۋە ئەيدىزدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ چارىلىرىنى ئۆزى ئىزدەشكە باشلىغان، ئاخىرىدا ئاق تاماكىنى، ھاراق-شارابنى تاشلاپ، ياخشى ئادەم بولۇش يولىغا ماڭغان ئۇيغۇر ياشلىرىدىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ، خىتاي ھۆكۈمىتى چىدىيالماي قالغان ۋە ياشلارنى سەۋەبسىز تۇتقۇن قىلىشقا باشلىغان. ئاخىرىدا ھۆكۈمەت بىلەن ئۇيغۇر ياشلىرى ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش كېلىپ چىقىپ توقۇنۇشقا ئايلانغان ۋە قانلىق باستۇرۇلغانىدى. بۇ مانا مۇشۇنداق تىراگېدىيەلەرگە شاھىت بولغان 10 يىل ئىدى. خۇددى ماشىنا ھەيدىگەندە يولدا قارغۇ نۇقتا بولغىنىغا ئوخشاش، غۇلجىدىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈنمۇ ئۇيغۇرلار ئۆزىلا بىلىدىغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قارغۇ نۇقتىلىرى بار ئىدى. شۇڭا غۇلجادىكى ئۇيغۇرلار گەرچە بۇ ئويلىنىشلىرىنى ھېچكىمگە ئىسپاتلاپ بېرەلمىسىمۇ، ئەمما غۇلجادىكى بىر دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ياشلارنى زەھەرلەپ قىرىپ تۈگىتىش مەقسىتىدە خىتاينىڭ بۇنداق بىر «زەھەر» ۋە «ئەيدىز» ئويۇنى ئويناۋاتقانلىقىنى ياخشى بىلەتتى.

## مەشرەپ ۋە خىتاينىڭ ئەندىشىسى

يۇقىرىقىدەك ۋەزىيەت ئاستىدا، ئۇيغۇر ياشلىرى «بىز كىم؟» دېگەن سوئال ئاستىدا ئىككى نەرسىگە تايىنىپ ئورنىدىن دەس تۇرماقچى بولغان. بۇنىڭ بىرى مەشرەپ، يەنە بىرى ئىسلام دىنىغا قايتىش.

مەشرەپ دېگەن نېمە؟ نېمە ئۈچۈن خىتاي مەشرەپتىن

بۇنچىلا قورقىدۇ؟ مەشرەپ، ئۇزاق تارىخلاردىن بۇيان ئۇيغۇرلار داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەت ـ سەنئەت، دىن، ئۆرپ ـ ئادەت، تىل، گۈزەل ئەخلاق، پۈتبول بىر گەۋدە قىلىنغان بىر مەكتەپ. ئۇ يەنە مەرد ـ مەردانىلىقنى، ئىنسانلارغا قانداق ياخشىلىق قىلىشنى، قانداق ئادەم بولۇشنى ئۆگىتىدىغان، ئۇيۇشۇش، بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقنىڭ ئەڭ چوڭ كارتىنىسى. مەشرەپنى ئۇيغۇرلار ياز كۈنلىرى چەكسىز كەتكەن ئالما ـ ئۆرۈكلۈك باغلاردا، قىش كۈنلىرى ئائىلىلەردە ئويناپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، سەھنىلەشتۈرۈلمىگەن، يۇرت ـ جامائەت، مەھەللىلەر ئارىسىدا ئوينىلىدىغان، كىشىلەرنى پاسسىپ كىملىكتىن ئاكتىپ كىملىككە ھەرىكەتلەندۈرىدىغان بىر خىل كوللېكتىپ پائالىيەت.

مەشرەپنىڭ خىتاينى ئەندىشىگە سالىدىغان ۋە ئەڭ قورقىتىدىغان تەرىپى، مەشرەپ ئويناۋاتقانلارنىڭ بىرمۇ خىتاي ئارىلاشمىغان ساپ ئۇيغۇر بولۇشى ۋە 40 ـ 30 كىشىدىن تەركىب تاپقان كوللېكتىپ ھالىتىدە ھەرقايسى مەھەللىلەردىكى ئۆيلەردە تارىختىن بۇيان ئۈزۈلمەي داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقى، ياز كۈنلىرى 200 ـ 100 كىشىدىن بولۇپ باغۇ ـ بوستانلىق ئېلى ۋادىسىنىڭ ھەممە جايلىرىدا يۇرت ـ يۇرتلارنى قاپلىغانلىقى، شۇنداقلا مەشرەپتىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلىنىڭ ئىچىدە پەقەتلا ئۇيغۇرلارغا خاس نەرسىلەرنىڭ بولغانلىقى ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە خىتاي ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنى ئۆزى يوق قىلىۋېتىپ، ئۆزى يەنە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت پىروگراممىسىغا مەشرەپنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن مەبلەغ ئاجرىتىشنى تەلەپ قىلىپ ئىلتىماس سۇنغان ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىن ئالغان مەبلەغ بىلەن مەشرەپنىڭ ئورنىنى كەڭرى كەتكەن ئۇيغۇر مەھەللىلىرى ۋە باغۇ ـ بوستانلىقلىرىدىن سەھنىلەرگە ئېلىپ چىقىپ، سەھنىلەشتۈرۈش ئارقىلىق مەشرەپنىڭ پۇت ـ قولىنى

بوغۇپ قويغان ھەمدە بىر ئاسارئەتىقىغە ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا تىرىشقان. ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ ئانا ماكانى تار سەھنىلەر ۋە خىتاينىڭ تېلېۋىزىيە پىروگىراممىلىرى ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسى بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇنداق كەڭ كۆلەمدە بىرلىششى ۋە بىر ئارىغا كېلىشىدىن ئەنسىرەيدىغان بولغاچقا، داۋاملىق ھالدا ئۇيغۇرلارنى چېچىلاڭغۇ، كوللېكتىپ پائالىيەتلەردىن يىراق ھالەتتە تۇتۇشقا بەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. شۇنداقلا ئۇيغۇرلارغا ئائىت ھەرقانداق بىر كوللېكتىپ پائالىيەتنى خىتاي ئۆزى باشقۇرۇپ رىياسەتچىلىك قىلىپ كەلدى. 1997-يىلى مەشرەپكە تايىنىپ ئۆز-ئۆزىنى قۇتۇلدۇرماقچى بولغان ئۇيغۇر ياشلىرىنى ھەر كۈنى كېچىدە بىردىن-بىردىن تۇتقۇن قىلىپ يوق قىلىشقا يۈزلىنىشى، خىتاينىڭ يۇقىرىقىدەك ئەندىشىسى سەۋەبىدىن بولغان ئىدى.

(ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەھنىلەشتۈرۈلۈشكە بولمايدىغان خەلققە مەنسۇپ مۇنداق نەرسىلىرى بار. 1-ئوغلاق تارتىش 2-مەشرەپ 3-ئىلى چاقچاقلىرى. ئوغلاق تارتىش ئاللىقاچان خىتاي تەرىپىدىن يوق قىلىۋېتىلدى. مەشرەپ ئاتالمىش شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ سەھنىلىرىگە كۆچۈرۈلدى. ئىلى چاقچاقلىرىنىمۇ ئاتالمىش شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ چايخانا ۋەھاكازا دىگەندەك پىروگىراممىلىرىغا كۆچۈرۈلۈۋاتىدۇ. بۇ قىممەتلىك بايلىقلار خەلقتىن ئايرىلغاندا قىممىتىنى يوقىتىدۇ.)

## ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلار

ھەر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس نەرسىلىرى بولغىنىغا ئوخشاش ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس نەرسىلىرى بار. ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئۆز-ئۆزىنى زەھەر ۋە ئەيدىز كېسەللىدىن قۇتۇلدۇرۇشتا تاياناماقچى

بولغان ئىككىنچى تايانچى ئىسلام دىنى ئىدى. ئۇلار بۇ يولنىمۇ توغرا تاللىغان ئىدى. چۈنكى ئىسلام دىنى ھاراق-شاراب، زەھەرلىك چېكىملىك قاتارلىقلارنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ھۆكۈمەت غۇلجا شەھەرلىك ساقچى تارمىقىدىكى يېڭى ھايات تۈرمىسىدە ئاچقان زەھەرلىك چېكىملىكنى تاشلاتقۇزۇش مەركىزىدە قانچە يۈز مىڭ يۈەن پۇل خەجلەپ يىللارچە داۋالانغان بولسىمۇ، ئەمما ساقىيالمىغان ئۇيغۇر ياشلىرى مەشرەپ ئويناپ، «بىز كىم؟» دېگەن سوئال ئاستىدا ئۆز تارىخىنى ئۆگىنىش، ئۆز يىلتىزىنى ئىزدەش بىلەن بىرلىكتە، ئاتا-بوۋىلىرى ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان ئىسلام دىنىنى قايتا تاپقانلىقى سەۋەبىدىن تېزلا ساقىيىپ كەتكەن. ئىسلام دىنىنى قايتا تېپىش ياكى ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىش ھەرگىزمۇ نومۇس قىلىدىغان بىر ئىش ئەمەس ئىدى.

مەشرەپ ۋە ئىسلام دىنىغا قايتىش ئارقىلىق غۇلجىدىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ «بىز كىم؟ بىز زادى قانداق مىللەت ئىدۇق؟ بۈگۈن نېمە ئۈچۈن زەھەر ۋە ئەيدىز كۈشەندىسى مىللەت بولۇپ تونۇلۇپ قېلىشقا يۈزلەندۇق؟» دېگەن سوئاللار ئۈستىدە ئويلىنىش ئاساسىدا مەشرەپ ئويناپ ئىسلام دىنىغا قايتىپ، ئاخىرىدا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتى ھېسابلانغان 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشىنى مەيدانغا چىقارغانلىقى بىر ھەقىقەت.

ئەمما كىتابىمنىڭ دەسلەپكى پۈتكەن نۇسخىسىنى كۆرگەن دوستلار ئىسلام دىنى ھەققىدە كۆپ توختالماسلىقنى؛ ھازىر دۇنيادا ئىسلام دىنىغا بولغان چۈشەنچىنىڭ ئىجابىي ئەمەسلىكى، ھەممە ئادەم ئىسلام دېيىلگەندە «تېررورلۇق»نىڭ كۆز ئالدىغا كېلىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ

پەقەت خىتايغا قارشى، يەنى خىتاي زۇلۇمىغا قارشى ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى كۆپرەك تەكىتلەپ، دىنغا ئائىت قىسمىغا كىرمەسلىكىم ھەققىدە مەسلىھەتلەر بېرىشتى. بۇ خىتاينىڭ شۇنچىلىك ئۇزاقتا تۇرۇپمۇ چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى، قورقۇنچ، ئەندىشە ۋە خۇدۇكسىرەشتىن ئىبارەت بىر پسىخىك چەمبىرەك ئىچىدە كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. مانا بۇ كوممۇنىزمنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇق تەرىپى.

ئۇيغۇرلار خىتايدىن نېمە ئۈچۈن بۇنچىلا قورقىدىغان ۋە ئەندىشە ھېس قىلىدىغان بولۇپ كەتتى؟ مەن بۇ تېمىغا كىرمەيمەن. بۇ تېما ئىزدەنگۈچىلەر ئۈچۈن ئايرىم كىتاب بولىدىغان تېما. ئەمما مەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى «ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى» دەپ ئالاھىدە تەكىتلەۋاتقان، يەنە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇنى» ناملىق بىر قانۇننى ماقۇللىغانلىقى، شۇنداقلا كانادانىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىنى «ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى» دەپ كۆرسەتكەنلىكىگە قارىماي، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دىنى ئېتىقادى ھەققىدە گەپ قىلىشتىنمۇ قورقۇپ ياشاۋاتقانلىقى مېنى ئىنتايىن ئۈمىدسىزلەندۈرگەن ئىدى. مەن 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى، يەنى ھازىرقى زامان مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىدە ئىسلام دىنىغا قايتىشنىڭ مۇھىم رول ئوينىغانلىقىدەك بۇنداق بىر تارىخىي رېئاللىقنى كۆز يۇمالمايتتىم. ئەگەر بۇنداق قىلسام بۇ بىر دەۋرنى ياراتقان كىشىلەرگە، شۇنداقلا بۇ كۆرەشلەرنىڭ سەركەردىسى ئابدۇخېلىل مىجىتقا يۈز كېلەلمەيتتىم.

خۇددى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ئۇيغۇرلارمۇ تىل، مەدەنىيەت-سەنئەت، ئۆرپ-ئادەت ۋە دىنىي ئېتىقادتىن ئىبارەت بىر مىللەتنى مىللەت سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرىدىغان نەرسىلەردىن تەركىب تاپقان چوڭ بىر گەۋدە ئىدى. بۇ يەردە دىن

دەۋاتقىنىم پەقەت خاسلا ئىسلام دىنى ئەمەس. بۇ خىرىستىيان دىنى، يەھۇدىي دىنى... ۋە باشقا بارلىق دىنلارنى، شۇنداقلا دىنسىزلىقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ 90% ى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇپ، ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق ئۆرپ-ئادەتلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئىدى. 2016-يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى تاشقى دۇنياغا تېررورچى قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، خۇددى قورقۇنچلۇق ئەرەب ۋاھابىيلىرىغا ئوخشاش قارا نىقاپ كىيىپ، يۈز-كۆزىنى ئېتىۋالىدىغان بىر ئىسلام دىنى مۇرىتلىرىنى ياساپ چىققانغا قەدەر، ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قورقۇنچلۇق ئەمەس ئىدى. بىر مەسچىت ئىمامىنىڭ ئۆيىدە كۆپىنچە ئەھۋالدا بىر دۇتتار بىلەن تەمبۇر بولاتتى. ھېچ بولمىغاندا، دۇتتار ۋە تەمبۇر مۇزىكىسىدىن ھوزۇرلىنالايدىغان بىر ئىمامنى تاپقىلى بولاتتى.

ئىسلام دىنى غۇلجا خەلق چاقچاقلىرىنى، ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى، ئۇيغۇر ئۇسۇلىنى رەت قىلمايتتى. خىتاي ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان ئەمىر ئىبراھىم ئىسمايىلنى تونۇيدىغانلار ئۇنىڭ ئىنتايىن چاقچاقچى، ئۇيغۇر ناخشىلىرى چىقسا ئۇسۇلغا چۈشمەي تۇرالمايدىغان بىرسى ئىدى دەپ تەرىپلىشىدۇ. 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشىغا قاتناشقانلىقى سەۋەبىدىن قولغا ئېلىنىپ، شۇ كۈنى غۇلجا شەھەر يېڭى ھايات تۈرمىسىگە سولانغان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئىچىدە رادىكال دىنچىلار يوق ئىدى. ئۇلار پۇت-قولىدا كويىزا ۋە كىشەن، جاندىن ئۆتكىدەك قاتتىق سوغۇقتا تۈرمە قورۇسى ئىچىدىكى قار-مۇزلۇق مەيدانغا مىدىر-سىدىر قىلالمىغىدەك دەرىجىدە ياتقۇزۇپ قويۇلغىنىغا قارىماي، بىر-بىرلىرىگە چاقچاق قىلىشىپ، خىرقىرىشىپ كۈلۈشكەن ئىدى. دېمەك، غۇلجا خەلقى ئەينى يىللاردا ھەر نەرسىگە مۆتىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان خەلق ئىدى. ئۇلار دىنىدا نورمال بولۇش، ناخشىچى،

خۇش-چاقچاقچىلىقى بىلەن پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانغا تونۇلغان ئىدى.

قەلەملىرى مونوپول قىلىنمىغان ئەركىن قەلەمكەش بولۇشنى بەك خالايتتىم. دېمەك، بىر ئەركىن ئۇيغۇر قەلەمكەش بولۇش ئىنتايىن مۈشكۈل بىر ئىش ئىدى. ئالدىمدا خىتاي نېمە دەپ قالار، ئامېرىكا نېمە دەپ قالار، دۇنيا خەلقى خاتا چۈشىنىپ قالارمۇ؟ ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيادىكى مەنپەئەتلىرىگە زىيان يېتىپ قالارمۇ؟ ئۇيغۇرلار نېمە دەپ قالار دەيدىغان ناھايىتى نۇرغۇن «نېمە دەپ قالار»لار دۆۋلىنىپ تۇراتتى. مەن يۇقىرىقىدەك نۇرغۇنلىغان نېمە دەپ قالارلاردىن خالى، رېئاللىقتا نېمە بولسا شۇنى ئوتتۇرىغا تۆكىدىغان بىر قەلەمكەش بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. خۇددى ئالەكس خالەي، مالكوم X نىڭ ئەخمەقلىقى، ھاماقەتلىكى، ئوغرىلىقى، زەھەر ساتقانلىقى، ئاقلانە پىكىرلىرى، ھاياتىدا ئۇچۇرغان بارلىق ئىجابىي ۋە سەلبىي نەرسىلىرىنى ئوتتۇرىغا تۆككىنىدەك، مەنمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئالەكس خالەيى بولۇپ بېقىش ئارزۇيۇم بار ئىدى. ئالەكس خالەي مالكوم X نىڭ ھاياتىنى يازغاندا ئۇنىڭ بىلەن يۈزتۇرانە ئولتۇرۇپ يازغان بولۇپ، مالكوم X ئەخمەقلىقلىرىنىمۇ، زىرەكلىك بىلەن قىلغان ئىشلىرىنىمۇ ئايىماي تۆككەن ئۆز ئاغزى بىلەن. ئەخمەقلىقلىرىنىمۇ ئۆز ئاغزى بىلەن ئېتىراپ قىلغان. ئەمما مەن 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدا يۈز بەرگەن بەزى ئىشلارنى ئەخمەقلىق دېيەلمەيمەن.

چۈنكى مېنىڭ قارىشىمدا مەن ئەخمەقلىق دەپ قارىغان نەرسىلەرنى چۈشەندۈرىدىغان ئابدۇخېلىل مجىت ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى يوق. بەلكىم مەن ئەخمەقلىق دەپ قارىغان ياكى ئۇيغۇرلار ئەخمەقلىق دەپ قارىغان پىكىرلەرنى 5-فېۋرال سەركىلىرى ئەخمەقلىق دەپ قارىمىغان بەلكى باشقىچە قارىغان

بولۇشى مۇمكىن.

مەن ئۇلار بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان، ئەينى چاغدا غۇلجىدا بولغان، مەھەللىلىرىمىز ئىنتايىن يېقىن، كوچىلاردا ئۇچرىشىپ قالىدىغان، قىسقىسى مۇساپە ئىنتايىن يېقىن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرى ھەققىدە ئېغىز ئېچىش تۈرمىگە تاشلىنىشقا سەۋەب بولىدىغان خەتەرلىك ئىش ئىدى. خىتايدا پەقەت ئابدۇخېلىل مىجىت ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ خىتايغا قارشى ئېلىپ بارغان ھەرقانداق بىر ھەرىكىتىمۇ ئەخمەقلىق بىلەن خۇلاسىلىناتتى. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ئالەكىس خالەي بىلەن مالكوم X ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ بەختلىك دەرتمەنلىرى ۋە يازغۇچىلىرى ئىدى. مەن قەلەملىرىمنى ھېچكىمدىن ۋە ھېچنەرسىدىن خۇدۇكسىرىمەي ئەركىن تەۋرىتىشنى، نېمە بولسا شۇنى ئوتتۇرىغا تۆكۈشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئەمما قەلىمىمنىڭ، روھىمنىڭ ۋە سەزگۈلىرىمنىڭ مونوپول قىلىنغانلىقىنى سەز-مەكتىمەن. ئەگەر خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى پات يېقىندا دۇنيا يۈزىدىن يوقۇتۇلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇيغۇر دېگەن بۇ مىللەت تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە ھەممە نەرسىدىن خۇدۇكسىرەيدىغان بىر مىللەتكە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار قەلىمىنىڭ تەۋرىشىنى يەرنىڭ دەھشەتلىك تەۋرىشى دەپ بىلەتتى.

خىتاي جان-جەھلى بىلەن، قانچىلىك مەبلەغ كەتسە كەتسۇنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى يېزىلىدىغان قەلەمنى ھەرگىز ئۇيغۇرلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزماي كەلدى. ئاندا-ساندا بۇ قەلەم ئۇيغۇرلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان چاغلار ۋە يىللار كۆرۈلگەن تەقدىردىمۇ، دەرھال يىغىشتۇرۇۋېلىشقا تەرەددۇت قىلدى.

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى ئالداپ ئىغىزىغا قۇرۇق سوسكا سېلىپ، قەلەملىرى ئۆزىنىڭ قولىدا تەۋرەۋاتقاندەك بىر ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈپ تۇرغان بولسىمۇ، بۇنىڭ مەلۇم رامكىسى بار ئىدى. بۇ دائىرىدىن قىلدەك ھالقىپ كەتكەن ھامان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شۇ دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان قەلەمكەشلىرى جانلىرى بىلەن بەدەل تۆلىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە تارىخ قەلىمىنىڭ تەۋرىشىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرنىڭ قولىدا تەۋرىشىنى، يەرنىڭ دەھشەتلىك تەۋرىشى بىلەن ئوخشاش دەپ قارىدى. چۈنكى يەرنىڭ تەۋرىشى ئىنسانىيەت ئۈچۈن شەكىل ۋە كۆرۈنۈشتە بىر بالايىقازادەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئىنسانىيەتكە، دۇنياغا بىر نېمەت ئېلىپ كېلەتتى. چۈنكى نەچچە يۈز يىللار دەسسەپ-چەيلىنىشتىن ھالسىرىغان تۇپراق، ئۆزىدىكى ھارغىنلىق ۋە بېسىملارنى چۆرۈپ تاشلاپ، يېڭى بىر تۇپراق، ئەتراپىغا كېڭەيگەن بىر تۇپراق، ئىنسانلارنىڭ ئىشلىتىشىگە تېخىمۇ قۇلايلىق بولغان مۇنبەت بىر تۇپراق بولۇپ، قايتىدىن ئۆز-ئۆزىنى شەكىللەندۈرەتتى.

قەلىمى ئۆزىنىڭ قەلەمكەشلىرى قولىدا تەۋرىگەن مىللەتلەرنىڭمۇ، ياۋايى، ئات ئېلىپ قاچقان ھارۋىدەك تەلۋە ۋە نىشان-مەقسەتسىز ھاياتلىرىغا خاتىمە بېرىلىپ، بۇ مىللەتلەر ئۆز ئىشىغا، مائارىپىغا، كۈرەشلىرىگە، ئىقتىسادىغا ۋە تارىخىي قەدىر-قىممەتلىرىگە تېخىمۇ پۇختا ھالەتكە كېلەتتى. شۇڭا خىتاي ھۆكۈمىتى ھەر زامان ئۇيغۇر قەلىمىنىڭ ئۇيغۇرنىڭ قولىدا تەۋرىشىنى يەرنىڭ تەۋرىشى بىلەن ئوخشاش بىر ئورۇنغا قويۇپ كەلدى. يەرنىڭ تەۋرىشى ئىنسانىيەتكە قانداق يېڭى بىر ھاياتلارنى بەخش ئەتكەن بولسا، ئۇيغۇر قەلىمىنىڭ كەسكىن تەۋرىشىمۇ ئۇيغۇر خەلقىنى دۇنياغا ماسلاشقان يېڭى ئۇيغۇر ھالىتىگە ئېلىپ كېلەتتى. بۇ خىتاينى ئىنتايىن بىئارام قىلىدىغان ھادىسىلەردىن بىرى ئىدى. بۇ تارىختىمۇ شۇنداق بولدى، ھازىرمۇ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ ھەمدە

خىتاي يەر يۈزىدە مەۋجۇتلا بولىدىكەن شۇنداق بولىدۇ.

جورج ئورۋېل 1948-يىلى يازغان «1984» ناملىق كىتابىدا كوممۇنىستلارنىڭ، ئوي-خىيال، ھېس-تۇيغۇ ساقچىسى بار ئىكەنلىكىنى، ھېس-تۇيغۇ، خىيال ۋە ئويلىنىش ئۇلار بىلەن ئوخشاش بولمىغاندا دەرھال ھېس-تۇيغۇ ساقچىسىنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىنى، بۇ سەۋەبتىن ئائىللىرىنى، بىر-بىرلىرىنى ساقچىغا مەلۇم قىلىدىغانلىقىنى، شۇڭا ھېچكىمگە ئىشەنگىلى بولمايدىغان بىر ۋەزىيەت مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى يازىدۇ. گەرچە، دۇنيا 1940-يىللاردىكىدىن كۆپ ياخشىلىنىپ، كوممۇنىزمنىڭ ئاسارىتىدىن ئاساسىي جەھەتتىن قۇتۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بۇ ئاسارەت خىتاينىڭ كۈچلىنىشى، دۇنيانىڭ خىتايىنى چۈشەنمەسلىكى ۋە خىتايىنى شارغا ئوخشاش پۈۋلەپ كۆپتۈرۈپ يوغىنىتىۋېتىشى سەۋەبىدىن داۋاملاشماقتا ئىدى.

## *مالكوم X ۋە ئابدۇخېلىل مجىت*

مالكوم X ياكى مارتېن لۇتېر كىنگ غۇلجادا بولغان بولسا، ئۇلار مالكوم X ياكى مارتېن لۇتېر كىنگ بولالمىغان بولاتتى. ئەمما ئابدۇخېلىل مجىت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئامېرىكادا بولغان بولسا دۇنيانىڭ يېڭى مارتېن لۇتېر كىنگى ۋە مالكوم X ى بولالىغان بولاتتى. چۈنكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى خىتايچە مەكتەپتە تاماملىغان، خىتايچىنى سۇدەك سۆزلەيدىغان، ئەمدىلا 20 نەچچە ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ئابدۇخېلىل مجىت 15-16 ياش مەزگىللىرىدىلا، خىتاينىڭ ئەڭ قايناق سودا شەھەرلىرىنىڭ بىرى بولغان گۇاڭجۇ، شاڭخەي شەھەرلىرىدە ۋە گۇاڭجۇ شەھرىگە قاراشلىق چەت ناھىيە، يېزا-قىشلاقلىرىغا بېرىپ سودا قىلغان. ئۈنئالغۇ ۋە سىنئالغۇ ئاپپاراتى قاتارلىقلارنى ئەتكەس يوللار

بىلەن، بەزىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېتىبار بېرىدىغان مەلۇم بەلگىلىمىلەردىن پايدىلىنىپ، خىتاينىڭ قانچىلىغان توساق ۋە تەكشۈرۈشلىرىدىن بىخەتەر ئۆتۈپ، غۇلجا شەھىرىگە ئېلىپ كەلگەن. خىتايچىنى راۋان سۆزلەپ، خىتاينىڭ ئەڭ چەت غەربى چېگراسى ھېسابلانغان غۇلجا شەھىرى بىلەن خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىنى تۇتاشتۇرغان ئىدى. ئاخىردا ئۇ ئاق تاماكا، يەنى خېروئىن چېكىشكە ئادەتلىنىپ قېلىپ، ئۆزى تىجارەت قىلىپ تاپقان پۇللار ۋە ئاتا-ئانىسىنىڭ تاپقان-تەرگىنىنى ئىس-تۈتەككە ئايلاندۇرۇۋېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ئىدى.

ئابدۇخېلىل مىجىت خىتايچە مەكتەپ تەربىيەسى ئالغان بىرسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى، ئوقۇتقۇچىلىرى خىتاي ئىدى. ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيتتى. بىردىنلا، ئابدۇخېلىل مىجىت «بىز كىم؟» دېگەن سوئال ئاستىدا مىللىي كىملىكىنى ئىزدەپ تېپىشنى ئىسلام دىنىغا قايتىشتىن باشلاپ، غۇلجىدىكى ئاق تاماكا چېكىشكە خۇمار بولۇپ قالغان، بۇ سەۋەبلىك ئەيدىز كېسىلىنىمۇ يۇقتۇرۇۋالغان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئىدىرىغا، شۇنداقلا مەھەللە-مەھەللىلەردە بىز كىم؟ بىز قانداق قىلىپ بۇنچىلا چۈشكۈن، بارلىق جىنايەتلەر ئۈستىمىزگە ئارتىلىپ قالىدىغان بىر مىللەت بولۇپ قالدۇق؟ دېگەن سوئال ئاستىدا نۇتۇق سۆزلەپ، ئۇنتۇلۇپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ياكى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن خەلقتىن مەجبۇرى ئايرىۋېتىلىپ سەھنىلەشتۈرۈشكە يۈزلەنگەن مەشرەپنى خەلق ئىچىگە قايتۇرۇپ ئەكېلەلىگەن بىر ناتىقتا، بىر ئويغاتقۇچىغا ئايلانغان ئىدى.

ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ نۇتۇقلىرىنىڭ تەسىر قىلىش كۈچى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، 1995-يىلىدىن 1997-يىلى 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشىغىچە بولغان قىسقىغىنا ئىككى يىل ئىچىدە

ئۇنىڭ نۇتۇقلىرىنىڭ تەسىرىدە، غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىدىن جەنۇبىغىچە، شەرقىدىن غەربىگىچە بولغان بارلىق مەھەللىلەردە مەشرەپ گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇپ، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەرلەرگىمۇ تارماق مەشرەپ گۇرۇپپىلىرى قۇرۇش تەييارلىقىغا ئۆتكەن.

دېمەك، ئابدۇخېلىل مىجىتتا مالكوم X ۋە مارتېن لۇتىر كىڭ بولۇشنىڭ بىخلىرى ئىنتايىن روشەن ھالدا كۆرۈلۈشكە باشلىغان. ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ مەھەللە-مەھەللىلەردىكى مەشرەپ گۇرۇپپىلىرىغا بېرىپ قىلغان نۇتۇقلىرىدىن تەسىرلەنگەن ئۇيغۇر ياشلىرى ئاق تاماكىدىن، يۇقىرى گىرادۇسلۇق ھاراق-شارابلاردىن قول ئۈزۈپ، بىردىنلا ئاكتىپ، ئۈمىدۋار، جاسارەتلىك ياشلارغا ئايلانغان. ئۈمىدنىڭ ئىسلام دىنىدىكى مەنىسى ئىماندىن ئىبارەت بولۇپ، ئىمان يولىغا، يەنى ئىسلام يولىغا قايتقان ئۇيغۇر ياشلىرى ئىنتايىن ئۈمىدۋار، كۆتۈرەڭگۈ روھى ھالەتتە ئاكتىپ ياخشى كىشىلەرگە ئايلىنىشقا باشلىغان. ئاخىردا ئابدۇخېلىل مىجىت خۇددى ئىلھام توختى خىتاينىڭ ئاپتونومىيە قانۇنىنى سوراققا تارتقىنىغا، مارتېن لۇتىر كىڭ 1960-يىللاردىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ ئادەمدەك ياشاش ھوقۇقىنى تەلەپ قىلغىنىغا ئوخشاش خىتاينىڭ دىنىي سىياسىتىنى سوراققا تارتىشقا باشلىغان.

ھەتتا ئۇنىڭ ئەينى دەۋردە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەڭ چوڭ دىنىي ئۆلىما، شۇنداقلا قۇرئاننى كەرىمنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان، ئاخىردا خىتاي ئاچقان جازا لاگېرلىرىدا قەتلى قىلىنغان مۇھەممەت سالىھ داموللامنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ھېچكىم ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدىغانلىقى، پەقەت ۋە پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى، بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، «ئىسلام دىنىنى جۇڭگوچە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»

دېگەننىڭ تامامەن خاتا ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنازىرىلەردە بولغانلىقى، ئاتالمىش شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى قاتارلىق دىنىي ئىنستىتۇتلاردا نۇتۇقلار سۆزلەپ، خىتاي ھۆكۈمىتىدىن مائاش ئېلىپ، خىتايغا بېقىنىپ، خىتاينىڭ دېگىنى بويىچە دىنىي خىتاي ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرماقچى بولۇشىنىڭ ئىسلام دىنىدا ئىنتايىن ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى ئىنتايىن كەسكىن ھالەتتە ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ سەپداشلىرى ھېكايە قىلىشىدۇ.

### ئابدۇخېلىل مىجىت ۋە سوقرات

ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ ھاياتىنى يەنە يۇنان پەيلاسوپى سوقراتنىڭ ھاياتىغىمۇ سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ. سوقراتنىڭ قارىشىچە سوراقتا تارتىلمىغان ھايات ياشاشقا ئەرزىمەيتتى. سوقرات بۇ چۈشەنچىلىرى بىلەن ئەينى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ياشاشتىكى ئىدىيە ۋە چۈشەنچىلىرىنى تامامەن ئۆزگەرتكەن ئىدى. ئەمما بۇ مەشھۇر پەيلاسوپتىن بىزگە قالدۇرۇلغان ھېچقانداق يازما بىر نەرسە يوق. ئابدۇخېلىل مىجىتمۇ خۇددى سوقراتقا ئوخشاش «بىز كىم؟ نېمە ئۈچۈن بۈگۈنكىدەك بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالدۇق؟» دېگەن سوئال ئاستىدا خېرونىسىن چېكىپ زەئىپلەشكەن، ئۆزىنىڭ ۋە پۈتكۈل ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ياشاشتىكى مەقسەتلىرىنى سوراققا تارتقان ھەمدە غۇلجادىكى ياشلارنىڭ ھايات ۋە ھاياتنىڭ قىممىتى، مەنىسى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى تامامەن ئۆزگەرتىۋەتكەن. ئەمما ئابدۇخېلىل مىجىتتىنمۇ بىزگە قالغان ھېچقانداق يازما بىر ماتېرىيال يوق.

سوقرات مەھەللىمۇ-مەھەللە، رەستە-بازارلارنى ئارىلاپ، خەلق ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ھاياتنىڭ قىممىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى

ھەققىدە سوئاللار سوراپ، جاۋابلار ئالغان ئىدى. ئابدۇخېلىل مجىتمۇ يۈتۈن غۇلجا شەھىرى مەھەللىلىرىنى قاپلىغان مەشرەپ گۇرۇپپىلىرىدىن پايدىلىنىپ نۇتۇق ۋە لېكسىيە سۆزلەپ، تارىخىمىزدىن، قۇرئاندىن ئۆرنەكلەر ئېلىپ، «بىز كىم؟ نېمە ئۈچۈن بۇگۈنكىدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدۇق؟» دېگەن سوئاللارنى جاۋابلايدۇ. ئۇ ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە غۇلجا شەھىرىدىكى ياشلار ئارىسىدا يۈز-ئابرۇي قازىنىدۇ. كۈچلۈك ۋە تەسىرلىك نۇتۇقلىرى بىلەن، خېرىدىن ئىبارەت بۇ جان ئالغۇچى يامان ئىللەتتىن ئۆزىمۇ قۇتۇلىدۇ ۋە غۇلجا ياشلىرىنىمۇ قۇتۇلدۇرىدۇ. بۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىش جەريانىدا، ئۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەقسەتلىك ھالدا ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئەرزان باھالىق خېرىدىنلارنى تۆكمە قىلىپ سېتىش يولى بىلەن زەھەرلەۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالىدۇ.

سوقرات ئۆز دەۋرىدىكى ئىنتايىن دىندار كىشى بولۇپ، ئەخلاق پەيلاسوپى ئىدى. ئۇ گەرچە ئەخلاق پەيلاسوپى بولغىنىغا قارىماي، ئەينى دەۋردىكى كىشىلەر تەرىپىدىن ياشلارنىڭ ئەخلاقىنى بۇزۇش بىلەن جازالىنىپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئابدۇخېلىل مجىتمۇ غۇلجا ياشلىرىنى ئەخلاقى يولغا يېتەكلەش جەھەتتە بىر زور ئىسلاھات، بىر سىلكىنىش پەيدا قىلغانلىقىغا قارىماي، خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «مىللىي بۆلگۈنچى، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا ئۇرۇنغان» دېگەن جىنايەت بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئەمما ئابدۇخېلىل مجىت غۇلجا چاپچال سۇ تۈرمىسىدە ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىشتىن بۇرۇن ئىنتايىن ئېغىر تەن جازاسىغا ئۇچرىغانلىقتىن، شۇنداقلا خىتايغا قارشى ئاچلىق ئېلان قىلغانلىقى سەۋەبىدىن تۈرمىدە شېھىت بولىدۇ. ئابدۇخېلىل مجىتنىڭ غۇلجادا مەشرەپنى ئومۇملاشتۇرۇش، خىتاي ھۆكۈمىتىدىن دىنى ئەركىنلىك سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى

تەلەپ قىلىش، شۇنداقلا ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئىدىيەسىدىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلىش، غۇلجا ياشلىرىنى ئەخلاقىقا يېتەكلەش، ئەڭ ئاخىرىدا 1997-يىلى 5-فېۋرال تىنچلىق نامايىشىغا چىقىشتىن باشقا، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغۇدەك ھېچقانداق «گۇناھى» يوق ئىدى.

سوقرات خالىسا قېچىپ كېتەلەيتتى. قاچماسلىق، ئۇنىڭ ئۆلۈمنى باشقا ئۆلۈملەردىن تېخىمۇ قىممەتلىك قىلغان ئامىللارنىڭ بىرى. سوقرات نېمىشكە قاچمىدى؟ ئەگەر سوقرات شۇ دەۋردىكى ھۆكۈمدارلاردىن كەچۈرۈم سورىسا، ياكى پۇشايمان قىلغان بولسا، ئۇ ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان پەلسەپە پىرىنسىپلىرىنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتەلمىگەن بولاتتى. ئەگەر ئۆزىڭىز توغرا دەپ قارىغان ئۇلۇغ نىشانلار يولىدا ئۆلۈشنى نەزەرگە ئالمىسىڭىز خەلقىڭىزگە قانداقمۇ ئۈمىد نۇرى بېرەلەيسىز؟

سوقراتنىڭ بېشىغا كەلگەن ئۇ كۈنلەر ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭمۇ بېشىغا كەلگەن ئىدى. سەپداشلىرى ئۇنى پاسپورت ئىشلىتىپ چەتئەلگە قاچۇرۇۋەتمەكچى بولۇشتى. ئەمما ئابدۇخېلىل مىجىت بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى ۋە خۇددى سوقراتنىڭ «مەن ئافىنادا تۇغۇلدۇم ۋە ياشىدىم» دېگىنىگە ئوخشاش، ئۇمۇ «مەن غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلدۇم ۋە ياشىدىم، ئەگەر قېچىپ كەتسەم كۈرەشلىرىمگە يۈز كېلەلمەيمەن» دېگەن.

شەرقىي تۈركىستاندىكى قىيىن-قىستاق، تەن جازاسى ئىنتايىن ئېغىر بولغان چاپچال سۇ تۈرمىسىدە، خىتاي ساقچىلىرى ئۇنىڭدىن نامايىشقا چىقىشنىڭ خاتا بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلسا، ئۇنى قويۇپ بېرىدىغانلىقى، ھەتتا مەلۇم بىر يېزىنىڭ يېزا باشلىقلىق ئەمىلىنى بېرىدىغانلىقى ھەققىدە تەكلىپلەردە بولغان ئىدى. ئەمما ئابدۇخېلىل مىجىت ئۆز كۈرەشلىرىدە،

شۇنداقلا دىن مەسىلىسىدە خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن مۇرەسسە قىلمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىنىق مەيدانىنى ئىپادىلىگەن ئىدى.

### *خىتاي ئىستىخباراتىمۇ جىددىي ھەرىكەتتە ئىدى*

5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە، غۇلجادىكى ئۇيغۇر ياشلىرى بىر تەرەپتىن مەشرەپ ئويناپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلام دىنى ئەھكاملىرىغا قايتىش يولى بىلەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنى روياپقا چىقىرىشقا تىرىشىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن «بىز روھىمىزنى خىتاينىڭ قۇللىقىدىن قۇتۇلدۇرماي تۇرۇپ، پۈتۈنلەي ھۆر ۋە ئەركىن بولالمايمىز» دېگەن شوئار ئاستىدا خىتاينىڭ توي خېتى، كىملىك، پاسپورت ۋە ماشىنا پىراۋىلىرىنى يىرتىپ تاشلىۋېتىدىغان يەنە بىر گۇرۇپپا پىكىر ئېقىمى شەكىللەنگەن ئىدى. ئۇلار «خىتاي بىلەن قەتئىي مۇرەسسە قىلماسلىق، ئۇيغۇر روھىيىتىدىن خىتايغا ئائىت ھەممە نەرسىلەرنى تازىلاپ چىقىرىش» تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. بۇنداق بىر تەشەببۇسنىڭ يېتەكچىسى غۇلجا شەھەر دۆڭ مەھەللىلىك ئابدۇمجىت ئابدۇراخمان ئىدى. نەتىجىدە غۇلجا ياشلىرى ئارىسىدا ماشىنا ھەيدىمەي ۋېلىسىپىت مىنىدىغان، ھەتتا خىزمەت ئورۇنلىرىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن ئىدى. ئۇلار بۇنى پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئومۇملاشتۇرماقچى بولغان ئىدى. ئەمما ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى، بۇ ھەم بەسى مۈشكۈل بىر ئىش ئىدى.

1997 ـ يىلى 5 ـ فېۋرال كۈنى غۇلجا شەھرىدە يۈز بەرگەن ئەركىنلىك، دېموكراتىيە نامايىشىدا، كوچىلار ئۇيغۇر ياشلىرى سېلىپ تاشلىۋەتكەن نوركا قۇلاقچا ۋە ئېسىل خۇرۇم چاپانلىرى بىلەن تولغان ئىدى. بەزى كىشىلەر بۇ ھەرىكەتنى نامايىشچى

ياشلار ختايدا ئىشلەنگەن كىيىم-كېچەكلەرنى كىيمەيمىز دەپ، شۇنداق بىر نارازىلىقنى قىلغان دېيىشىدۇ. ئەمما يەنە نۇرغۇنلىغان شاھىتلار بۇ ھەرىكەتنىڭ پەقەت يول يورۇپ، قان قىزىپ تەرلەپ كەتكەنلىكتىن بولغانلىقىنى، بۇ خورۇم چاپان ۋە نوركا قۇلاقچىلارنىڭ ختايدا ئىشلەنگەن بولماستىن، بەلكى رۇسىيە ۋە تۈركىيەنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىشىدۇ. ئەينى يىللاردىمۇ غۇلجىلىق ياشلار ئارىسىدا رۇسىيەنىڭ نوركا قۇلاقچىلىرى ۋە تۈركىيەنىڭ خورۇم چاپانلىرىنى كىيىش مودا بولغان ئىدى.

مەن 5-فېۋرال ئارخىپلىرى ناملىق 2-كىتابىمدا بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە توختالمىدىم. چۈنكى مەن ئەينى دەۋردىكى بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ سەركەردىلىرىگە ختاي ئۆلۈم جازاسى بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن يۈز تۇرانە سۆزلىشىپ جەزملەشتۈرەلمەيتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇيغۇرلارغا ئائىت ھەرقانداق بىر ھەرىكەتنىڭ ئارقىسىدىن پىچاقلاش ۋە قارىلاش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتىدىغان ختاي ئىستىخباراتى ھەر زامان تەييار ئىدى. شۇڭا مەشرەپ ۋە ئىسلام دىنىغا قايتىشتىن ئىبارەت ئىككى يول بىلەن، زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئەيدىز كېسىلى بىلەن بۇلغانغان غۇلجا شەھىرى ۋە غۇلجا ياشلىرىنى تۈزەش-ئوڭشاش ۋە ئۈمىدۋار ياشلارغا ئايلاندۇرۇش، شۇنداقلا ختاي ھۆكۈمىتىدىن دىنىي ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە تەلەپ قىلىش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان بۇ ھەرىكەتنى قالايمىقانلاشتۇرۇش ۋە سەلبىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ختاي ئىستىخباراتىنىڭ ھەر خىل ئويۇنلارنى ئوينىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى.

گۈلشەن ئابدۇقادىر

2020-يىلى 14-نويابىر، تورونتو

# بىرىنچى باب

## 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى خەلقئارا ۋەزىيەت، خىتاي ۋەزىيىتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى

20-ئەسىرگە خاتىمە بېرىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئون يىلدا، يەنى 1990-يىلىدىن 2000-يىلىغا قەدەر دۇنيا ۋە خىتاي ۋەزىيىتىدە، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدىمۇ نۇرغۇنلىغان يېڭى بۇرۇلۇش نۇقتىلىرى مەيدانغا كەلدى. ئەينى يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيا، يەنى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىنى بازا قىلغان ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىگە قوراللىق ھازىرلىنىش، 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ يۈز بېرىشى قاتارلىقلار مەلۇم پارالېللىققا ئىگە بولۇپ، بۇلارنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭمۇ دۇنيا ۋەزىيەتلىرىگە ماسلىشىپ، يورۇق تاڭغا ئېرىشىش يوللىرى ئىزدەۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى دېيەلەيمىز.

1990-يىلى، 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن شەكىللەنگەن دۇنيادىكى كۈچلەر تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان، شەرقىي ۋە غەربىي گېرمانىيەدىكى بېرلىن شەھىرىنى ئىككىگە بۆلگەن 155 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بېرلىن تېمىغا، يەنى «نومۇس تېمى»غا خاتىمە بەرگەن ھالدا كىرىپ كەلدى.

بېرلىن تېمىنىڭ ئۆرۈلۈشى شەرقىي ياۋروپادا كوممۇنىزمنىڭ چۆكۈۋاتقانلىقىنى، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىغا خاتىمە

بىرلىگەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. بىرلىن تېمىنىڭ ئۆرۈلۈشى، خىتاي كوممۇنىزمىنىڭمۇ ھامان بىر كۈنى گۇمران بولىدىغانلىقىنىڭ سىمۋولى ئىدى. بۇ ئەلۋەتتە خىتايدىن ئىبارەت دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ كوممۇنىستىنىڭ زۇلۇمى ئاستىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئازدۇر-كۆپتۇر ئۈمىد بېغىشلايدىغان ئەھۋال ئىدى.

1991-يىلى دۇنيادىكى «پاتماس قۇياش» دەپ تەرىپلەنگەن سوۋېت ئىتتىپاقى گۇمران بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا نۇرغۇنلىغان مۇستەقىل دۆلەتلەر مەيدانغا كەلدى. نەتىجىدە ياۋرو-ئاسىيانىڭ سىياسىي خەرىتىسى بىر كېچىدە ئۆزگىرىپ كەتتى. تارىختا تامغىسىنى ئۇرغان بۇ ھادىسە، ئۇيغۇرلارغا ئەڭ يېقىن بىر جايدا يۈز بېرىۋاتقان بولۇپ، غۇلجاغا نىسبەتەن پەقەت بىرقانچە سائەتلىك ئۇزاقلىقتىكى بىر جايدا كۆرۈلۈۋاتاتتى. غۇلجا شەھىرىنىڭ ئارقا ھويلىسى ھېسابلانغان ئوتتۇرا ئاسىيادا، ئۇيغۇرلارنىڭ قان قېرىندىشى ھېسابلانغان قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەر بۇ غۇلاش نەتىجىسىدە مۇستەقىل بولۇپ كەتتى. دۇنيا ۋەزىيىتىدە كۆرۈلۈۋاتقان كوممۇنىزمنىڭ چۆكۈشكە ئائىت بۇ كۆرۈنۈشلەر، شۇنداقلا تام قوشنىسىنىڭ مۇستەقىل بىر دۆلەتكە ئايلىنىشى، ئەلۋەتتە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان يوشۇرۇن ئېگىدا مۇستەقىللىقنىڭ چوغلىرى ئۆچمىگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوچاقلىرىغا ئوتۇن تاشلاپ بەرمەي تۇرالمايتتى.

1990-يىلدىن ئېتىبارەن خىتاي تېز تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن خىتاي پەيدىن-پەي دۇنيانىڭ ئېكسپورت دۆلىتىگە، شۇنداقلا ئەرزان ئەمگەك كۈچى بازىرىغا ئايلىنىشقا باشلىدى. دۇنيانىڭ كۆزى خىتايغا چۈشۈشكە باشلىدى. ئۆز نۆۋىتىدە خىتاي يەنە دۇنيا دۆلەتلىرى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بازار ئىدى. خىتاي بۇ مەزگىللەردە دۇنيا سودا

تەشكىلاتىغا كىرىش ئۈچۈن شاپاشلاپ كېتىۋاتاتتى. 1993-يىلى ئامېرىكىغا بىل كىلىنتوننىڭ پرېزىدېنت بولۇشى، خىتاينىڭ دۇنيانىڭ ئەركە-نايناق بالىسى بولۇشىغا «يېشىل چىراغ» يېقىپ بەردى. كىلىنتون، خىتاي ئىقتىسادىي جەھەتتە تەرەققىي قىلسا ئۆزلۈكىدىن دېموكراتىيەلىشىش يولىغا قاراپ ماڭىدۇ، دېگەن خاتا چۈشەنچە دېگەن ئارزۇسى قۇيدى. چۈنكى ئامېرىكا خىتاينى ئۇيغۇرلار چۈشەنگەندەك چۈشەنمەيتتى. ئامېرىكا پەقەت خىتاي (كورونا) ۋىرۇسى كېلىپ دەرۋازىسىنى چەككەندىلا، ئاندىن خىتاينى ياخشى چۈشىنىشكە باشلىدى. مايكىل پىللسبۇرگىنىڭ «يۈز يىللىق مارافون» ناملىق كىتابى، خىتاينىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىش جەھەتتە ئەڭ كېچىكىپ يېزىلغان كىتاب ئىدى.

1990-يىللار ئۇيغۇرلار ئۈچۈن سىياسىي ۋەزىيەت يەنىلا پايدىسىز ئىدى. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ غەرب تەرەپتىكى قوشنىسى چۆككەن بىلەن، شەرقتىكى بۇ ئەجدىھا بارغانچە چىشىنى كۆرسىتىشكە باشلىماقتا ئىدى.

1996-يىلى 3-ئايدا خىتاي ئاتالمىش شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنى ئومۇميۈزلۈك قىرىپ يوق قىلىشنىڭ شەپىسى بېرىلگەن 7-نومۇرلۇق ھۆججەتنى ئېلان قىلدى. ھۆججەتتە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئىستراتېگىيەلىك سىياسىتى نىقابىنى ئېچىۋەتكەن ئىدى. ھۆججەتتە، خىتايغا ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەردىن كېلىدۇ، دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن ئىدى. بۇ مەشرەپ ئويناشمۇ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھېسابلىنىدىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن، «ئۇيغۇرلار بىز ئۈچۈن خەۋپ» دېگەن مەنىنى بېرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتايدا قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەت دېگەن بىر پائالىيەت مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىسلام

دىنىغا ئىشىنىشىمۇ قانۇنسىزلىق ۋە كاللىسىدىن كەتكەنلىك بولۇپ ھېسابلىناتتى.

1997-يىلى خىتاي شىياڭگاڭنى قايتۇرۇۋالدى. ئۇيغۇرلار بۇ مەزگىللەردە دۇنيادا مۆجىزە يۈز بېرىپ، خىتاينىڭ شىياڭگاڭنى قايتۇرۇپ ئالالماسلىقىنى بەك ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما رەھىمسىز رېئاللىق ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ شېرىن ئارزۇ ۋە خىياللىرىغا باقمىغان ئىدى. ئەمما خىتاي رەئىسى جاڭ زېمىن شىياڭگاڭنى قايتۇرۇۋېلىش نۇتقى سۆزلەۋاتقان ئاشۇ سائەتلەردە، خىتاينىڭ ئەڭ غەربىدىكى چېگراسى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئىلى دەرياسى بويىدا ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ، ئۆزلىرىدىن قانچە ھەسسە كۈچلۈك قوراللانغان خىتاي ئەسكەر-ساقچىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تېخى كۈچ ئالدىدا ۋىجدان-غۇرۇرى ۋە ئار-نومۇسىنى يوقىتىپ قويمىغانلىقىنى، ئىسيانكارلىق چوغلىرىنىڭ تېخىچە ئۆچۈپ قالمىغانلىقىدىن ئىبارەت سىگنالىنى بېرىپ تۇرغان ئىدى. چۈنكى غۇلجا شەھىرىدە يۈز بەرگەن 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشى ۋە بۇ نامايىشنى باھانە قىلىپ، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ 1933- ۋە 1934-يىللىرىدىكى قارا تارىخنى قايتا تەكرارلاپ، دەھشەتلىك زور تۇتقۇننى باشلىغانلىقى ئۈچۈن، غۇلجا شەھىرىدە قانچە ئايلارغا سوزۇلغان پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئالقاچان ئەۋج ئېلىپ كەتكەن ئىدى.

ئۇيغۇر خەلقى پۇرسەت ۋە يوچۇقلاردىن ئىنتايىن ئۇنۇملۈك پايدىلىنىپ، تېز ئىلگىرىلىيەلەيدىغان بىر مىللەت. 1997-يىلى 2-ئاينىڭ 19-كۈنى، خىتايدىكى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارى دېڭ شياۋپىڭ ئۆلدى. 2-ئاينىڭ 25-كۈنى بېيجىڭدا دېڭ شياۋپىڭنى خاتىرىلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەر دېڭ شياۋپىڭ ئۆلگەندىن

كېيىن خىتايدا بىر سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ دەپ ئويلايتتى. ئۇيغۇرلارمۇ دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۆلۈمى بىلەن پەيدا بولىدىغان سىياسىي ئۆزگىرىش ۋە خىتاينىڭ غۇلىشى نەتىجىسىدە ئۆزلىرىگە مۇستەقىللىق شاملىرىنىڭ يېقىلىپ قېلىشىنى يۈكسەك دەرىجىدە ئارزۇ قىلاتتى ۋە بۇ ئارزۇ قانچىلىك دەرىجىدە رېئاللىققا ئۇيغۇن بولسۇن ـ بولمىسۇن، ئۇيغۇرلارغا ھەر ھالدا ئازراق بولسىمۇ جاسارەت ۋە ئۈمىد بېرەتتى.

1990 ـ يىللاردا خىتاي يولغا قويغان ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى ئۆز تەسىرىنى پۈتۈن خىتايغا كۆرسىتىپ، سودا ـ تىجارەت ئىنتايىن تېز تەرەققىي قىلغان. بۇ مەزگىلدە، بۇ يوچۇقتا شۇڭغۇپ بەلگىلىك نىسىۋىسىنى ئېلىشنى بىلگەن ئۇيغۇر سودىگەرلىرى شەرقتە خىتاينىڭ گۇاڭجۇ، شاڭخەي، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بازارلىرىدا پەيدا بولۇپ، تېز بېيىشقا باشلىدى. ئەلۋەتتە شەرقتە خىتاينىڭ ئەڭ ئاۋات شەھەرلىرى ھېسابلانغان گۇاڭجۇ، شاڭخەيدىن غەربتە ئالماتا، بىشكەك ۋە تاشكەنتلەر ئارىسىدا قاتناپ يۈرۈپ تىجارەت قىلىش جەريانىدا، كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن دۇنيا ۋەزىيىتىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر ئۇلارغا تەسىر قىلماي تۇرالمىدى.

خىتاي يەنىلا ئۇيغۇر خەلقىدىكى مۇستەقىللىق روھلىرىنىڭ قايتا جانلىنىپ قېلىشىدىن ئىنتايىن ئەنسىرىگەن بولغاچقا، كىچىككىنە بىر ئىش يۈز بەرسىلا ئۇنى باھانە قىلىپ بىر يېزا، بىر ناھىيە ياكى بىر شەھەردىكى خەلقنى يوق قىلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلاردا مۇستەقىللىق ھەققىدە خىيالمۇ قىلالمايدىغان بىر ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈش ھەلەكچىلىكىدە ئىدى.

1990 ـ يىلى ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ بارىن يېزىسىدا ئەمىر زەيدىن يۈسۈپ باشچىلىقىدا بارىن ئىنقىلابى يۈز بەردى. خىتاي

بۇنى باھانە قىلىپ ناھايىتى دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇيغۇرلارغا قارىتا نۆۋەتتە خىتاينىڭ ئەنسىرەيدىغىنى، يېڭى مۇستەقىل دۆلەت قازاقىستان چېگراسى بويىدىكى غۇلجا شەھىرى ئىدى. غۇلجا شەھىرىدىكى بايلار شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا قاتراپ يۈرۈپ تاپقان پۇللىرىنى تۇنجى بولۇپ مەكتەپ سېلىشقا ۋە ئۇيغۇر مائارىپىنى كۈچلەندۈرۈشكە ئىشلىتىۋاتاتتى. ئۇيغۇرلار نەقەدەر ھوشيار بىر مىللەت ھە؟ خىتاي قىمارخانىلار، قاۋاقخانىلار ۋە پاھىشىخانىلارنى كەڭرى ئېچىپ، ئۇيغۇرلارنى بۇ يۆنىلىشكە قاراپ يېتەكلەپ باقتى، خۇددى ئۆستەڭدە تاشقىنلاپ ئېقىۋاتقان سۇنى تۇغان سېلىپ باشقا يۆنىلىشلەرگە باشلاپ قويغاندەك. شۇنداقتىمۇ خىتاي خاتىرجەم بولالمىدى. چۈنكى دۇنيادا كوممۇنىزمنىڭ ئاخىرلىششىغا بېرىلىۋاتقان سىگناللار ۋە كوممۇنىزمنىڭ پاتماس قۇياشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر كېچىدە گۇمران بولۇشى، ئۇيغۇرلارغا يىراقلاردىن خىرە-شىرە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنىڭ شەپىسىنى بېرىۋاتاتتى.

يۇقىرىدىكى ھەرىكەتلەر بىلەن بىر يۆنىلىشتە 1992-يىلدىن 1995-يىلغا قەدەر ئاق تاماكا (زەھەرلىك چېكىملىك) كەڭ كۆلەملىك ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى. بۇ ئاق تاماكىلار ئىنتايىن ئەرزان باھادا ھەممە كىشى ئالالىغۇدەك سەۋىيەدىكى ساختا تاماكىلار بولغاچقا، قاپلىنىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، غۇلجا ياشلىرىنى تېز خۇمار قىلىپ تېز زەھەرلەپ، تېز كاردىن چىقىرىشقا باشلىغان ئىدى. غۇلجا خەلقىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ھازىرقى كورونا ۋىرۇسىغا ئوخشايتتى. ھەر كۈنى دېگۈدەك، مەھەللىلەردىن ياشلارنىڭ بىردىن-ئىككىدىن ئۆلۈۋاتقانلىق خەۋىرى كېلەتتى. غۇلجا شەھىرىدە بارا-بارا مەھەللە بىسىپ ئاق تاماكا چېكىدىغان، ھەددىدىن زىيادە ھاراق-شاراب ئىچىدىغان، ئەيش-ئىشرەت ئەۋج ئالغان بىر چۈشكۈن ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئىدى.

غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىدىكى قارىدۆڭ يېزىسى، ئازاتيېۋزى يېزىسى، قارىۋاي مەھەللىسى، ھەرەمباغ، ئالتۇنلۇق، خىتاي بازىرى، ئايدۆڭ، غاپپار باي مەھەللىسى، غەربىدىكى، ئۈچ دەرۋازا، تۆرەم مەھەللىسى، شەرق مەھەللىسى قاتارلىق ئۇيغۇرلار زىچ ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلەردە بىر ئائىلىدىن ئىككى-ئۈچتىن بالا ئاق چېكىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئىدى.

ئاق تاماكىلار ئىنتايىن ئەرزان بولۇپ، ھەتتا ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرۋازىلىرىغىچە ئېلىپ كېلىپ سېتىلغان. بۇنداق ئەرزان باھالىق ئاق تاماكىلار ئوڭايلا ياشلارنى زەھەرلەپ، ئۆيدە ھەتتا كوچىلاردا ئۆلۈپ قالغان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ جەسىتىنى ئۇچرىتىش ئادەتتىكى ئىشقا ئايلانغان ئىدى.

80% ياش ئىشسىز بولۇپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن ياشلارمۇ بىر قانچە يىللارغىچە ئىش تاپالمىغان ئىدى. ئاق تاماكىنى بىر-بىرىگە ئىشپىرىس بىلەن ئۇرۇش ئادەتتىكى ئىشقا ئايلانغانلىقتىن، ئەيدىز كېسىلى بىلەن يۇقۇملىنىش بەك ئېغىر بولغان. ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپتە بالىلىرى ئوقۇيدىغان ئاتا-ئانىلارمۇ ئىنتايىن ۋەھىمىگە چۈشكەن بولۇپ، ئاق تاماكا مەكتەپ دەرۋازىسىغىچە كېلىپ بولغان ئىدى.

ئۇيغۇر سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، ھۆكۈمەتكە كۆپ قېتىم بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما كار قىلمىدى. مانا مۇشۇنداق سەۋەبتىن غۇلجا شەھىرى ئەينى يىللاردا مەملىكەت بويىچە ئەيدىز بىلەن يۇقۇملىنىش ئەھۋالى ئەڭ ئېغىر شەھەرلەر قاتارىغا كىرگەن ئىدى (ئەيدىز كەنتى دەپ ئاتالغان).

## پىلانلانغان سۇيىقەست

يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ غۇلجادىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئۇن-تىنسىز يوقىتىش ۋە ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆگىنىشنى خالىمايدىغان، ئىزدەنمەيدىغان، ئەبگار، ھورۇن، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغان، ئەيدىز كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغان مىللەت قىلىپ كۆرسىتىش، ئاخىرىدا ھېچقانداق نەرسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان، مۇستەقىللىق روھلىرى ئۆلگەن بىر مىللەتكە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت مەقسەتلىك ۋە پىلانلىق ئېلىپ بېرىۋاتقان ئاسسىمىلياتسىيە پىلانىنىڭ بىر پارچىسى ئىدى.

ئىلاۋە: تۆۋەندىكى ئىككى ئابزاسنى 1-كىتابىمغىمۇ كىرگۈزگەن ئىدىم، قايتا تەكىتلەپ ئۆتكۈم كەلدى.

مۇستەملىكىچىلەر ئەگەر بىر مىللەتنى تۈپتىن يوقىتىشنى مەقسەت قىلسا، ئالدى بىلەن شۇ مىللەتكە قارىتا سەلبىي تەشۋىقاتنى 50 يىل، ھەتتا 100 يىل بۇرۇن باشلايدۇ. خىتاي مەملىكىتىمىزنى ئىشغال قىلغان 1949-يىلدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر مىللىتىنى پانتۈركىست، پان ئىسلام... دېگەن ئۇرغۇنلىغان ناملار بىلەن قارىلاشنى باشلىغان.

گىتلېر گېرمانىيەسى، يەھۇدىيلارغا يۈرگۈزىدىغان قىرغىنچىلىقنى باشلاشتىن بۇرۇن، يەھۇدىيلارنى يامان كۆرسىتىدىغان تەشۋىقاتنى كەڭرى قانات يايدۇرغان بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا كىشىلەردە «يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرسە ياخشى بوپتۇ» دەيدىغان بىر ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ۋە يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرۈشنى نورمال ئىشتەك

قوبۇل قىلىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن. ھازىرقى جازا لاگېرلىرى تاسادىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ قالمىغان. جازا لاگېرلىرى خىتاينىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك ئىستراتېگىيەلىك يوقۇتۇش پىلانىنىڭ ۋە تەشۋىقاتىنىڭ بىر پارچىسى.

نېمە ئۈچۈن خىتاي بۇ سۈيىقەستنى ئالدى بىلەن غۇلجىدىكى ئۇيغۇر ياشلىرىدىن باشلىدى؟

ئەينى چاغدا ئاتالمىش شىنجاڭ، ئەيدىز بىلەن يۇقۇملىنىش ئەھۋالى جەھەتتە خىتاي بويىچە 5-ئورۇندا تۇرسىمۇ، ئەمما خىتاينىڭ نوپۇسى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ نوپۇس ئەھۋالىنى ئانالىز قىلغان ۋاقتىمىزدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەيدىز ۋەھىمىسىنىڭ تېخىمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەيدىز ئاساسەن زەھەرلىك چېكىملىك (ئاق تاماكا)نى ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇشتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بىر زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچى ھەم ئەرزان باھالىق ساختا زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ، ھەم ئەيدىز كېسىلىنىڭ قۇربانى بولاتتى. ئەمما غۇلجا ئاتالمىش شىنجاڭ بويىچە زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئەيدىز بىلەن يۇقۇملىنىش جەھەتتە ئەڭ ئالدىدىكى شەھەر قاتارىدا كېتىۋاتقان بولۇپ، ھۆكۈمەت ھېچقانداق تەدبىر ئالمىغان ياكى ئالغان قىياپەتكە كىرىۋالغان ئىدى. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن خىتاي غۇلجا شەھىرىدە زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئەيدىزنى يامراتماقچى بولدى؟ ئۇنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىدەك بولۇشى مۇمكىن.

غۇلجا خەلقى مەيلى مانجۇلار ياكى خىتايلار بېسىۋالغان ھەرقايسى تارىخى دەۋرلەردە بولسۇن، ئۇلارغا قارشى تىز پۈكمەس مەيدانى ۋە جاسارىتىنى ئىپادىلەپ، مۇستەقىللىق كۈرەشلىرى جەريانىدا ئۆز قەھرىمانلىرىنى يارىتىپ، ئۆلمەس قوشاقلىرى ۋە

ئىلى خەلق ناخشىلىرى بىلەن تارىخلارنى ناخشا قىلىپ ئېيتىپ كەلگەن خەلق. 1864-يىلى ئىلىدا قۇرۇلغان، ئىلى سۇلتانلىقى، بۇ سۇلتانلىقنىڭ شاھتى بولغان سادىر پالۋان ۋە سادىر پالۋان قوشاقلىرى غۇلجا خەلقىنىڭ ئېپتىخار بۇلىقى، روھى جاسارەت، باتۇرلۇق ۋە ۋىجدان غۇرۇر مەنبەسى بولۇپ كەلگەن. گەرچە ئىلى سۇلتانلىقى 1871-يىلىغىچە پەقەت ئالتە يىل مۇستەقىل بولۇپ تۇرالىغان بولسىمۇ، ئەمما ياقۇپ بەگنى تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈشكە مەجبۇرلىغان، مەنچىڭ خانىدانلىقىنى ئىنتايىن ساراسىمگە سالغان كۈچلۈك بىر سۇلتانلىق بولغان. ئىلى سۇلتانلىقىمۇ غۇلجىنىڭ كېيىنكى تارىخلىرىغا ئوخشاشلا رۇسىيەنىڭ قول تىقىشى، يەنى مەنچىڭ خانىدانلىقىنىڭ ئىلى سۇلتانلىقىنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە ياردەم قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپىگە ئاساسەن تاشقى كۈچلەر تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان. ئەمما ئىلى سۇلتانلىقىدىن مىراس قالغان سادىر پالۋان روھىنى ھېچكىم غۇلجا خەلقىنىڭ قەلبىدىن ئۆچۈرەلمىگەن. دېمەك، غۇلجىدىكى سادىر پالۋان روھى، خىتايىنى ئىزچىل راھەتسىز قىلىپ كەلگەن مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

غۇلجا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى باشلانغان ئىنقىلاب ئوچاقلىرىنىڭ بىرى. گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى سۈر-توقاي قىلىپ، ئۇرۇمچىگە بىر غېرىچ قالغۇچە قوغلاپ بارغانلىق ھېكايىلىرى ھەر دوقمۇشتا ئېيتىلىپ تۇرىدىغان، ۋەتەننىڭ مىللىي ئىپتىخار، مىللىي غۇرۇر بازىسى.

غۇلجا، 1944-يىلى غۇلجىدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى بولغان، قىسقا مۇددەت بولسىمۇ مۇستەقىللىقنىڭ تەمىنى تېتىغان جاي. خىتاي نەزىرىدە بۇ شەھەر ھەر ۋاقىت مۇستەقىللىق چۇقانلىرىنىڭ كۆتۈرلۈش

ئېھتىماللىقى بولغان دىيار.

غۇلجىدا ئاجايىپ ئۆلمەس مائارىپ سۆيەر روھ مەۋجۇت. غۇلجىدىكى 70%ـ80 مەكتەپلەرنى ئاتالمىش «پارتىيە» ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر بايلىرى سالغان. مەسىلەن، كېيىكيۈزىدىكى مۇنەۋۋەر ئەمىن مەكتىپى، غۇلجا شەھەر مۇرات مەكتىپى، ياردەم مەكتىپى، ئايخان ئانا مەكتىپى، مۇتائالىيە مەكتىپى، ئۈمىد مەكتىپى...

غۇلجا، مائارىپ ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە رۇس ۋە تاتارلارنىڭ ئەينى يىللاردىكى ئىلغار مائارىپىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بىر جاي.

1990ـ يىللاردا دۇنيادىكى «پاتماس قۇياش» دەپ تەرىپلەنگەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن بۇ جايغا ئەڭ يېقىن بولغان غۇلجا شەھىرى، ئۆزلىرى بىلەن ئېتنىك كېلىپ چىقىش جەھەتتە ئوخشاش بولغان قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق ھاياجانلىرىدىن ئىلھام ئالغان دىيار.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتكىنىمىزدەك، غۇلجا خىتاينىڭ ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىدىن ئەڭ ئۈنۈملۈك پايدىلانغان جاي. نۇرغۇنلىغان غۇلجا سودىگەرلىرى بىر ئېغىز خىتايچە بىلمىگىنىگە قارىماي، ئۇ تەرىپى گۇاڭجۇ، شاڭخەي، بۇ تەرىپى كەڭرى كەتكەن ئوتتۇرا ئاسىيادا تىجارەت قىلىپ ئىقتىسادى جەھەتتە تېز كۆتۈرۈلگەن جاي. شۇنداقلا، خىتاي ئىسلاھات ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويغاندىن كېيىن يولغا قويغان «دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر بىرلىكتە مەكتەپ باشقۇرۇش» سىياسىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن غۇلجا شەھرىدە

نۇرغۇنلىغان كەسپى مەكتەپلەر، شەخسي باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە فوندى جەمئىيەتلەر قۇرۇلۇشقا باشلىغان. نۇرتاي ھاجىم يېتىملەر مەكتىپى، تەڭرىتاغ كەسپىي مەكتىپى ۋە ئابلىمىت خالىس فوندى جەمئىيىتى قاتارلىقلار بۇنىڭ تىپىك مىسالى.

غۇلجا شەھرىدىكى يۇقىرىقىدەك ئەۋزەللىكلەر ۋە ئىلغارلىقلار، خىتاينىڭ غۇلجا شەھرىنى زەھەر شەھرى، ئەيدىز شەھرىگە ئايلاندۇرۇشىدىكى سۇيىقەستىگە سەۋەب بولغان ئامىللاردۇر.

# ئىككىنچى باب

## ئەمىر ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ خىتايغا قارشى ئۆتكەن قەيسەر ھاياتى

1997 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى گۈزەل غۇلجا شەھىرى ئالتۇن كۈز پەسلىگە قاراپ ماڭغان مەزگىل بولۇپ، غۇلجانىڭ ئالما ۋە تاش ئالمىلىرى مەي بولۇشقا باشلىغان چاغلار ئىدى. غۇلجا شەھەر تاشكۆۋرۈك يېزىسى، بەشكېرەم مەھەللىسى يېشىلئۆر كوچىسىدىكى ئۇيغۇر ئۇسلۇبىدا ناھايىتى چىرايلىق بېزەلگەن ئازادە ۋە چوڭ قورۇنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلگەن بىر ناتونۇش مېھمان قورۇ ئىگىسىدىن ناماز ئوقۇۋېلىشنى ئۆتۈندى. قورۇ ئىگىسى ئەدەپ بىلەن بۇ ناتونۇش كىشىگە پېشايۋاندىن ناماز ئۈچۈن ئورۇن ھازىرلاپ بەردى. قورۇ ناھايىتى چوڭ بولۇپ، مەھەللىدىكى ھەممە ئۇششاق بالىلار كىرىپ ئوينايدىغان قورۇ ئىدى. بۇ مەزگىل دەل مەكتەپ بالىلىرى تەتىل بولغان مەزگىل بولغاچقا، مەھەللىدىكى ئۇششاق بالىلار بۈگۈن مۇشۇ قورۇغا يىغىلغان ئىدى.

مېھمان ئەمدىلا تۆت رەكەت ئەسىر نامىزىنى تۈگىتىپ سالامغا تەمشىلىۋېدى، ساقچى ماشىنىلىرى دەھشەتلىك چىقىراپ كەتتى. ھەممە كىشى ساراسىمىگە چۆمدى. كانايدىن چىققان قولۇڭنى كۆتۈر، ئەگەر تەسلىم بولساڭ دۆلىتىمىزنىڭ تەسلىم بولغانلارغا كەڭچىلىك سىياسىتى بويىچە كەڭچىلىك قىلىمىز... دېگەن

خىتايچە ۋە ئۇيغۇرچە ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن تەڭ ماشىنا-ماشىنىدا يېتىپ كەلگەن خىتاي ساقچىلىرى مەھەللىنى، قورۇنى قاتمۇ-قات قورشىۋېلىشتى. تام ۋە دەرۋازىنىڭ ئۈستىلىرى، ئۆگزىلەر، نىقابلانغان ۋە قوراللانغان خىتاي قوراللىق ساقچى قىسىملىرى تەرىپىدىن قورشاۋغا ئېلىندى. قورۇ ئىچىنى باللار ۋە ئاياللارنىڭ قىيقاس-چۇقانلىرى بىر ئالدى.

جەيناماز دىكى كىشى ئىنتايىن تەمكىنلىك بىلەن ئاستا قولىنى كۆتۈرۈپ تەسلىم بولدى ۋە يېنىدىكى قورالىنى، شۇنداقلا ئوقلارنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىپ جەيناماز ئۈستىگە ئاستا قويدى. قورۇ ئىچىدىكى خىتاي ساقچىلىرى ئىنتايىن ئېھتىيات بىلەن ئۇنىڭغا بىر قەدەم بىر قەدەمدىن يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندا، دەرۋازا ۋە تام ئۈستىدىكى ئاپتوماتلار جەيناماز ئۈستىدىكى بۇ كىشىگە مەركەزلەشكەن ئىدى. ئەگەر جەيناماز ئۈستىدىكى كىشى مىدىر-سىدىر قىلسا ئېتىپ تاشلىناتتى، شۇنداقلا قورۇ ئىچى قان كۆلگە ئايلىناتتى. چۈنكى بۇ خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ خۇي-پەيلى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كونكرېت ئىشنى باھانە قىلىپ قالايمىقان ئوققا تۇتۇپ، ئاياق ئىزى تەگكەن پۈتۈن مەھەللىنى قانغا بوياپ چىقىپ كېتەتتى. بۇ خىل ئەھۋالغا گۇلجا شەھەر غۇلجا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىق يېزىلار كۆپ قېتىم گۇۋاھ بولغان ئىدى.

خىتاي ئەسكەرلىرى قورققان ۋە ئالاقزادە بولغان ھالدا پېشايۋانغا يېقىنلىشىپ، جەيناماز ئۈستىدىكى كىشىنىڭ قولىغا كىشەن سېلىپ، 30-40 ئەسكەرنىڭ ئەتراپىنى جىددىي كۆزىتىشى نەتىجىسىدە ساقچى ماشىنىسىغا سېلىپ، ئۇنلارچە ھەربى ماشىنىنىڭ قورشاۋىدا ئېلىپ كېتىشتى. جاھانغا پاتمىغان سەركە، ماشىنىغا قانداق پاتقانسەن؟ بۇ ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ

قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچ دەپ ساناۋاتقان خىتاينىڭ، ئەينى چاغدىكى 300 مىڭ نوپۇسلۇق شەھەردە تەسىس قىلغان 100 مىڭ كىشىلىك ھەربىي قوشۇنغا[2] قارىماي، يىللاردىن بۇيان ئالىقانچىلىك شەھەر غۇلجادىن تۇتالمايۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ پەخىرلىك ئوغلى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بۆگۈنكى سادىر پالۋانى، غۇلجا شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ناھىيە-يېزىلاردا پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، خىتاي ئەسكەرلىرىدىن تارتىۋالغان قوراللار ۋە ئۆزلىرى ياسىغان پىچاق-قىڭراقلار بىلەن خىتايغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن، شۇنداقلا بىر مەزگىل غۇلجا شەھىرىدە «خىتاي بازىرىدا پەيدا بوپتىكەن، ساقچىلار كېلىشىگە كۆزدىن غايىب بوپتۇ... تاشلەپكىدە تاۋۇز يەپ ئولتۇرۇپتىكەن ساقچىلار كېلىشىگە غايىب بوپتۇ...» دەپ ئىلاھىلاشتۇرۇلغان؛ كىپەكيۈز، مەمەيۈز، خۇدىيارىيۈز... قاتارلىق يۈزلەردىكى ئاق كۆڭۈل ئۇيغۇر خەلقى پەخىرلىنىپ قوغداپ ئۆيلىرىگە يوشۇرغان، ئەتىۋارلاپ باققان، خىتاي ئالدىدا جاھانغا پاتمىغۇدەك ھەيۋە بىلەن تىك تۇرغان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك جەڭچىسى، قەھرىمانى ئىبراھىم ئىسمائىل ئىدى. شۇنداق، جاھانغا پاتمىغان بۇ سەركە خىتايغا ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەي تىپ-تىنچ تەسلىم بولدى.

غۇلجا مەھەللىلىرىدە، رەستە-بازارلىرىدا، كىشىلەر بىر-بىرلىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا شىۋىرلىشىپ: «ئىبراھىم ئىسمائىل شۇنداق ئاسان قولغا چۈشۈپتۇ، يېنىدا قورال ۋە ئوق باركەنتۇق بولمىسا، خىتاي ئەسكەرلىرىگە بىر پايمۇ ئوق ئاتماي تەسلىم بوپتۇ.» دېيىشتى ئۈمىدسىزلەنگىنىچە.

[2] ئەينى يىللاردىكى غۇلجادا خىتاي تەسىس قىلغان ھەربىي قىسىملار ۋە بۇ قىسىملاردىكى ئادەم سانى قاتارلىقلارغا 5-فېۋرال ئارخىپلىرى ناملىق 1-كىتابتا يەر بېرىلگەن

شۇنداق قىلىپ. جاھانغا پاتمىغان بۇ ئېسىل سەركە بىر قانچە ھەربىي ماشىنىدىكى ئەسكەرلەر ۋە ئونلارچە ساقچى ماشىنىسىنىڭ ياللىشى بىلەن غۇلجا ناھىيەلىك ساقچىخانىنىڭ تۇرمىسىگە ئېلىپ كېلىندى.

شۇ كۈنى يېرىم كېچە سائەت 12 دە غۇلجا ناھىيەلىك ساقچىنىڭ ۋەھشىلىكى بىلەن داڭ چىقارغان سوئال-سوراق ئۆيىگە قاتتىق تاياق زەربىسىدىن ھالسىرىغان بولسىمۇ، ئەمما كۆزلىرىدىن ئۈمىد ۋە ئىمان نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان، قول-پۇتلىرىغا ئېغىر كويزا-كىشەنلەر سېلىنغان ئىبراھىم ئىسمائىلنى خىتاي ساقچىلىرى ئىتتەرگىنىچە ئېلىپ كىرىشتى.

ساقچى ئىبراھىم ئىسمائىلدىن ئۈستەل ئۈستىدىكى تاپانچىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ:

- دېمەك، بۇ تاپانچا سېنىڭ ھە؟ - دەپ سورىدى.

- شۇنداق، دەپ جاۋاب بەردى ئىبراھىم ئىسمائىل كۈچىنىڭ يېتىشىچە تىك تۇرۇشقا تەمشىلىپ.

ساقچى مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى ۋە تاپانچىنى ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ، ئىبراھىم ئىسمائىلغا يېقىنلاپ كەلدى ۋە بىر قولىدا ئۇنىڭ چېچىنى قاماللىغانچە، يەنە بىر قولىدا تاپانچىنى ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ بوينىغا تىرىگىنىچە زەھەرخەندىلىك بىلەن شۇنداق دېدى: ھالىڭ شۇنچىلىك... ئارقىمىزدا كۆلەڭگە بولۇپ يۈرگىنىڭ بىلەن، قۇدرەتلىك خەلق ساقچى ئەسكەرلىرىمىز بىلەن يۈزمۇ يۈز ئۇچراشقاندا ھالىڭ مۇشۇ. ساقچى ئاخىرقى سۆزىنى غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىك ئىنتوناتسىيەسى بىلەن كۈچەپ ئېيتقاندىن كېيىن، ئوڭ تىزى بىلەن ئىبراھىم ئىسمائىلنى قاتتىق تىزلىدى.

قاتتىق تاياق زەربىسىدىن يۈز كۆزلىرى يېرىلغان ئىبراھىم ئىسمائىل ساقچىغا غەزەپ بىلەن تىكىلگەنچە شۇنداق دېدى: «سەن قورقۇنچاقلارنىڭ خۇي-پەيلىگىنى مەن ياخشى بىلىمەن. ئەگەر مەن بىر پاي ئوق چىقىرىدىغان بولسام، سەنلەر ئۆز-ئۆزۈڭدىن ئۈركۈشۈپ يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ پۈتۈن قورۇنى قان دېڭىزىغا ئايلاندۇرىشسەن. نەتىجىدە مەنمۇ ئۆلىمەن ۋە قورۇدا ئويناۋاتقان 20-30دەك ئۇيغۇر بالىسىمۇ ئۆلىدۇ. كىچىك باللارنى قوغداپ قېلىش بەدىلىگە ئۆزۈمنىڭ شېھىت بولۇشۇمنى تاللىدىم.»

- ھەرەمباغدىكى خىتاي دېھقانلىرى تىجارەت قىلىدىغان كۆكتات بازارلىرىنىڭ ئەتراپلىرىدىمۇ مۆكۈنۈپ يۈرۈپسەن. ئەجەبا نېمە ئۈچۈن بۇ بازاردا ۋەقە چىقارمىدىڭ؟ كېلەچەكتە بۇ بازارغا قارىتا باشقا ھۇجۇم پىلانلىرىڭ بارمىدى يە؟

- بىز ئۇيغۇر خەلقى مەرد ۋە مەردانە، ئادىل خەلقمىز. قۇرئان كەرىم بىزنىڭ قانۇنىمىز. قۇرئاندا بىگۇناھ خەلقنى ئۆلتۈرۈش ئىنتايىن ئېغىر گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. بىزنىڭ دۈشمىنىمىز خىتاي پۇقرالىرى ئەمەس، بەلكى ۋەتىنىمىزنى بېسىۋالغان ۋە خەلقىمىزنى خورلۇقتا مەھكۇم قىلغان خىتاي ھاكىمىيتى، ساقچى ۋە ئەسكەرلىرى.

- بىلجىرلىما، بۇ يالغان-ياۋىداق گەپلىرىڭنى «تالىپ»لىرىڭغا ئېيتىپ بەر!!!- دېدى ياندا ئولتۇرغان ساقچى باشلىقى ئورنىدىن دەرھال تۇرۇپ ۋە ئىبراھىم ئىسمائىلنى بىرقانچە قېتىم قاتتىق تىزلىغاندىن كېيىن، ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ قان ئېقىپ تۇرغان ئېغىزىنى قامالىغانچە، ئۇنداقتا تالىپلىرىڭ تار يېزىسىدا ئۆلتۈرۈۋەتكەن بىر خىتاي ئائىلىسىنى نېمە دەيسەن؟ - دېدى ئۇ خىتايچە.

- ئۇلار بىزنى خىتاي ساقچى ۋە ئەسكەرلىرىگە چېقىپ قويدى. خائىنلىق قىلدى. نەسىھەت قىلساق ئاڭلىمىدى. بىزنىڭ زېمىنىمىزدا ياشاپ تۇرۇپ، بىزنى چېقىپ نۇرغۇنلىغان ياشلىرىمىزنىڭ بىگۇناھ ئۆلۈمىگە، تۈرمىلەردە يېتىشىغا، قاتتىق تەن جازاسى كۆرۈشىگە سەۋەب بولدى... تەرجىمان ئالمان-تالمان تەرجىمە قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى.

- ئۆزۈڭنىڭ قاسىم ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر ساقچىسىنىمۇ بوغۇزلىتىۋەتتىڭ تالىپلىرىڭ ئارقىلىق... ئادەم بولامسەن سەن؟ - دېدى تاتىراڭغۇ چىراي كەلگەن ياغاق يۈز بىر ساقچى قوشۇمچە قىلىپ.

- خائىنلارغا بېرىدىغان جازايىمىز مىللەت ئايرىمايدۇ... دېدى ئىبرايىم ئىسمائىل.

- بۇنى توك ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇڭلار! - دېدى سۈرۈن تەلەت ساقچى باشلىقى.

يۇقىرىدىكى قۇرلار شېھىت ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرىغا، خىتاي بىلەن ھېچقاچان مۇرەسسە يولىنى تاللىمىغان شەرقىي تۈركىستان تۇپراقلىرى يېتىشتۈرگەن بىر قەھرىمان جەڭچى ئىكەنلىكىگە ئۆتنۈشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ قانداق بىر ئىنسان ۋە قانداق بىر كىشىلىككە ئىگە كىشى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان قۇرلار.

شېھىت ئىبراھىم ئىسمائىل 1956-يىلى غۇلجا ناھىيە ئۇچئون خۇيزۇ يېزا مەمەيۈزى كەنتىدە دۇنياغا كەلدى. مەمەيۈز يېزىسىنى يەرلىك دېھقانلار مەمەيارمۇ دەپ ئاتايدۇ. دەسلەپتە ئىبراھىم ئىسمائىل قۇرئان ساۋاتىنى غۇلجا ناھىيە ماي گۆڭشىدىكى دىنىي ئۆلىما ئابلەت قارى ھاجىمدىن چىقاردى. شۇنداق

بولغاچقا ئىبراھىم ئىسمائىل شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىدە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلاشتىن بۇرۇن يۇرتداشلىرى ۋە ئەھلى مەھەللە ئۇنى ئىبراھىم قارىم دەپ ئاتاشقان. ئىبراھىم ئىسمائىل قۇرئاننى تۆگىنىپ قارى بولغاندىن كېيىن، ئالتە ئۆي يېزىسىدىكى، ئەينى يىللاردا قەشقەر خانلىق مەدرىسىنى پۈتتۈرگەن ئابلىمىت خەلپىتىمدە ئەرەبچە ئۆگەنگەن. ئىبراھىم ئىسمائىل بۇ مەكتەپلەرنى يېقىن دوستى ۋە سەپدىشى، ئۇچئۇن يېزىسى توخۇچىيۈزى كەنتىدىكى نۇرمۇھەممەت مۆمىن بىلەن بىرلىكتە ئوقۇغان.

1980 ـ يىللاردا خىتاي يولغا قويغان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئۇيغۇرلارمۇ دىنىي جەھەتتە ئازراق ئەركىن نەپەس ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ دىنىي بىلىمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارزۇسىدا بولغان نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر كىشىلىرى قاتارىدا، ئىبراھىم ئىسمائىلمۇ 1982 ـ يىلى ئەينى دەۋردىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۇرپان شەھىرى قارا غوجا يېزىسىدىكى داڭلىق دىنىي ئۆلىما شاھىمەردان داموللامدىن دىن ئۆگىنىشكە باردى. ئىبراھىم ئىسمائىل شاھىمەردان داموللام مەدرىسىدە ئۆتىلىدىغان پارىسچە دەرسنى رەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىن بار بولغان ئەرەبچە ئاساسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە، ئەرەبچە دەرس ئالدى. ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ ئەرەبچىسى ئىنتايىن ياخشى بولۇپ، بۇ مەدرىستىكى ئەرەبچە دەرسلەرنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىدى. ئۇ يەنە قوشۇمچە ھالدا بۇ مەدرىسلەردىكى دىنىي دەرسلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ بولغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىي رايونلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش، شۇنداقلا قەشقەر شەھىرىنىڭ قاغىلىق ناھىيەسىدىكى ئابلىكىمخان مەخسۇمدىن ئىبارەت بۇ دۇنياغا داڭلىق دىنىي

ئالىمنىڭ دەرگاھىنى زىيارەت قىلىش مەقسىتىدە قاغىلىقتا باردى ۋە بۇ يەردە ئابلىكىمخان مەخسۇمدىن ئىسلام دىنى تەلىماتلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلىغان ھالدا ئۆگەندى. 1989-يىلى قاغىلىقتىكى مەدرىسە تاقالدى. بۇ چاغلاردا ۋەتىنىمىزدىكى بارىن يېزىسى يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان بارىن ئىنقىلابىغا ھامىلدار ئىدى. قاغىلىقتىكى مەدرىسە تاقالغاندىن كېيىن، ئابلىكىمخان مەخسۇمدىن دەرس ئېلىش ئۈچۈن قاغىلىققا بارغان غۇلجىلىق تالىپ ئوقۇغۇچىلارمۇ غۇلجاغا قايتتى. ئەمما ئىبراھىم ئىسمائىل غۇلجىلىق ئىككى سەپدىشىنى ئېلىپ، سەپدىشى زەينىدىن يۈسۈپ بىلەن كۆرۈشۈش ۋە پىكىرلىشىش ئۈچۈن بارىنغا باردى.

ئىبراھىم ئىسمائىل ۋە غۇلجا شەھەر توخۇچىيۈزى يېزىسىدىكى نۇرمۇھەممەت (نۇرتاي) مۆمىن، ئەينى يىللاردا بارىن ئىنقىلابىنىڭ سەركەردىسى زەينىدىن يۈسۈپنىڭ غۇلجىغا بېكىتكەن ئەمىرلىرى ئىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بارىن ئىنقىلابى يۈز بېرىپ، خىتاي جاللاتلىرى زەيدىن يۈسۈپ باشلىق ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەڭ ئىلغار ۋە كۈرەشچان بىر ئەۋلاد جەڭچىلىرىنى شېھىت قىلدى. ئىبراھىم ئىسمائىل بىلەن بىرگە بارغان ھەمراھىدىن بىرىمۇ ئاشۇ بارىن ئىنقىلابىدا شېھىت بولدى. ئىبراھىم ئىسمائىل ۋە ئۇنىڭ يەنە بىر سەپدىشى زەينىدىن يۈسۈپنىڭ ئىنقىلابى روھىنى غۇلجادا يىلتىز تارتقۇزۇش ۋە بارىن ئىنقىلابىنىڭ داۋامىنى غۇلجىدا داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت يۈكسەك غايە ۋە مەسئۇلىيەت بىلەن غۇلجىغا قايتىپ كەلدى.

1990-يىلدىن ئېتىبارەن ئىبراھىم ئىسمائىل بىلەن ئۇنىڭ ئىنقىلابى سەپدىشى توخۇچىيۈزى يېزىسىدىكى نۇرمۇھەممەت (نۇرتاي) مۆمىن ئىككىسى بىرلىكتە غۇلجا شەھىرى ۋە غۇلجا ناھىيەسىنىڭ بارلىق يېزا-قىشلاقلىرىغا بېرىپ، ئىسلام دىنىدىن

چەتنەپ، دىنىنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغان خەلقىمىزنى دىنغا دەۋەت قىلىش ۋە يېتەكلەش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. بۇ يەرلەردىكى ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر بىلەن پىكىرلىشىپ ھەمسۆھبەتتە بولدى. غۇلجا ناھىيەسىنىڭ ئاساسلىق مەسچىتلىرىدە خۇتبىگە چىقىپ سۆزلەش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن تىزلا ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا يۈز-ئابرۇي تېپىپ، سۇپتاي، مازار، دۆڭمازار قاتارلىق جايلاردىكى نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن ئىدى.

1990-يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىبراھىم ئىسمائىل غۇلجا شەھەر قارادۆڭ يېزىسىدىكى بىر جامەدە خۇتبىدە دىنني تەبلىغ قىلىپ، ئاندىن بارىن ئىنقىلابىغا مۇناسىۋەتلىك بىر ۋىدېئونى قويغانلىقى سەۋەبىدىن ختاي ساقچىلىرى ئىبراھىم ئىسمائىل بىلەن كۆرۈشۈش تەكلىپىدە بولدى. ئىبراھىم ئىسمائىل بولسا ساقچىلارنىڭ بۇ تەكلىپىنى رەت قىلىپ، غۇلجا شەھىرى ۋە غۇلجا ناھىيەسى ئارىلىقىدىكى ئۆزگە بەش قولدەك تونۇش بولغان كېپەكيۈزى، تۇرپانيۈزى، خۇدىيارىيۈزى... قاتارلىق يېزىلاردا قاچقۇن ھاياتىنى باشلىدى. ئىبراھىم ئىسمائىل بىلەن بولغان كۆرۈشۈش تەلىپى رەت قىلىنغاندىن كېيىن، ختاي تەرەپ ئىبراھىم ئىسمائىلغا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقاردى. دېمەك، ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ قاچقۇنلۇق ھاياتى 1991-يىلدىن ئېتىبارەن باشلانغانىدى.

ئەمىر ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ قاچقۇن ھاياتى باشلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا يېقىندىن باشپاناھ بولغان، ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئىبراھىم ئىسمائىلنى قانىتى ئاستىغا ئالغان بىردىنبىر كىشى، يەنىلا توخۇچىيۈزى يېزىسىدىكى نۇرمۇھەممەت مۆمىن بولدى. 1992-يىلى نۇرمۇھەممەت مۆمىن ئۆرۈمچىدە يۈز

بەرگەن ئاپتوبۇس پارتلىتىش ۋەقەسىگە چېتىلىپ قولغا ئېلىنىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، مۆمىنجان ئۆمەر ئائىلىسىدىن ئىبارەت بۇ جەمەت، ئىبراھىم ئىسمائىلنى چەتكە قاقمىدى. خىتاي تۇتۇش بۇيرۇقى چىقاردى، بۇ سەۋەبتىن ئائىلىمىزگە بالا-قازا كېلىپ قالمىسۇن دېگەنلەرنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى. نۇرمۇھەممەت مۆمىن ئائىلىسى توخۇچىيۈزى يېزىسىدىكى تەسىرى چوڭقۇر چوڭ جەمەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، نۇرمۇھەممەت مۆمىننىڭ ئۈچ سىڭلىسىنىڭ يولدىشى ۋە باشقا ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئىبراھىم ئىسمائىلنى خىتاي جاللات ساقچىلىرىغا تاك قىلىپ چەككۈزمەي، خۇددى قىممەتلىك بىر گۆھەرنى ساقلىغاندەك يوشۇرۇپ ساقلىدى، ئۆيلىرىدە پاناھلاندۇردى. كېيىن بۇ ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئىبراھىم ئىسمائىلنى يوشۇرۇپسەن دېگەن سەۋەب بىلەن تۈرمىلەردە ياتتى، ئەمما قىلچە ۋايسىمىدى. ئەكسىچە ئۆز ئىشىدىن پەخىرلەندى. چۈنكى ئۇلاردا ئەڭ ئالىيجاناب ئۇيغۇر روھى، ئىنسانىي قان-قېرىنداشلىق روھى مەۋجۇت ئىدى.

نۇرمۇھەممەت مۆمىن بىلەن ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ ئىنقىلابى سەپداشلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بىر ئەقىدە ۋە مۇستەھكەم، دەز كەتمەس كۈچلۈك ئىرادە ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ئىككى قەدىناس بىر-بىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاشماي، غۇلجىدا كەڭرى ئومۇملاشقان «ئاداش» دېگەن سۆز بىلەن چاقىرىشاتتى. 1991-يىلى نۇرمۇھەممەت مۆمىن ئۈرۈمچىدە ئاچقان توپ تارقىتىش بازارلىرىغىمۇ ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ قىياپەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ ئېلىپ كەتكەن ئىدى. ئۆزى غۇلجىغا قايتىپ كېلىدىغان چاغلىرىدا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك كىشىلىرىگە ئۇنى تاپشۇرغان ئىدى. چۈنكى نۇرمۇھەممەت مۆمىن ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ بىر دەۋردە ئاز كۆرۈلىدىغان قىممەتلىك بىر قوماندان ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى.

1992 ـ يىلى نۇرمۇھەممەت مۆمىن بەزى ئىشلار سەۋەبىدىن تۈرمىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، ئىبراھىم ئىسمائىل خۇددى قارىغۇ ھاسىسىدىن ئايرىلغاندەك بولۇپ، غۇلجادا تۇرۇپ قالدى. ئەسلىدە ئىبراھىم ئىسمائىل سوپى مىجەز، پۇتىغا مەسە ـ كالاچ كىيىدىغان بىر كىشى بولۇپ، خىتاي ساقچىلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتماسلىق ئۈچۈن ئاق شەپكە ۋە بوغماق چاپانلارنى كىيىپ، گاھى قەدىناس سەپدىشى نۇرمۇھەممەتنىڭ قورۇسىدا، گاھى نۇرمۇھەممەتنىڭ دادىسى مۆمىنجان ئۆمەر ئاكىنىڭ قورۇسىدا، گاھى بۇ ئائىلىدىكى باشقا قېرىنداشلارنىڭ قورۇسىدا پەيدا بولۇپ تۇراتتى.

نۇرمۇھەممەت مۆمىن تۈرمىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى ئابدۇجاپپار مۆمىن تاكى 1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى يۈز بەرگەن «توخۇچيۈزى قىرغىنچىلىقى»دا شېھىت بولغانغا قەدەر ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ قوغدىغۇچىسى بولغان بولۇپ، ناھايىتى كۆپ چېنىققان، كۈچتۈڭگۈر يىگىت ئىدى.

ئەمىر ئىبراھىمنىڭ دادىسى ئىسمائىل ئاكا ئۆز دىنىغا مۇستەھكەم، مەمەيۈزى يېزىسى ۋە غۇلجا ناھىيەسى تەۋەسىدە يۈز ـ ئابرۇي تاپقان بىر كىشى بولۇپ، بۇ ئائىلە ئاساسەن دىنىي تەلىم ـ تەربىيە بىلەن شۇغۇللانغان ئائىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئىبراھىم ئىسمائىل ئائىلىنىڭ چوڭى بولۇپ، ئابدۇراخمان ۋە ئىسراپىل ئىسىملىك ئىككى ئىنىسى، زەينەپبۈۋى، سادەتبۈۋى ۋە رابىيە ئىسىملىك ئۈچ سىڭلىسى بار ئىدى.

ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ ھاياتى ئاساسەن دىنىي ئوقۇش ۋە يۇرت كېزىپ جەمئىيەت ئەھۋالىنى ئىگىلەش بىلەن ئۆتكەن بولغاچقا، تۇرپان، قەشقەر، قاغىلىق دېگەن جايلارغا بېرىپ ئوقۇغان. ئىبراھىم ئىسمائىل قەيەرگە ئوقۇشقا ۋە جەمئىيەت تەكشۈرۈشكە

بارسا، شۇ يەرگە سىڭلىسى سادەتگۈلنى بىرگە ئېلىۋالاتتى. ئەمىر ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ سىڭلىسى سادەتگۈلمۇ ئوقۇغان ئەھلى ئىلىم ئايال بولغاچقا، بارغانلا يېرىدە بىر تەرەپتىن ئاكىسىنىڭ ئاش-تامىقىنى ئېتىپ ھالىدىن خەۋەر ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىمۇ ئاكىسى بىلەن بىللە دىنىي بىلىم ئالاتتى. كېيىنكى چاغلاردا، بولۇپمۇ 1994-1993-يىللىرىغا كەلگەندە خىتاي ساقچىلىرىنىڭ ئىبراھىم ئىسمائىلنى كەسكىن ئىزدەشكە ئۆتۈشى بىلەن، سادەتگۈلمۇ خىتاي جاللات ساقچىلىرىنىڭ دىققىتىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ئۇمۇ «ئاكاڭ نەدە؟ ئاكاڭنى سەن بىلىسەن...» دېگەندەك قىيىن-قىستاقلار ئالدىدا ئاكىسىنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى قەتئىي ئىقرار قىلمىغان. سادەتگۈل ئىسمائىل غۇلجا شەھىرى تەۋەسىدە تۇنجى قېتىم سىياسىي جىنايەتچى بولۇپ قولغا ئېلىنغان، خىتاي نەزىرىدىكى ئۇيغۇر ئايال جىنايەتچىلەرنىڭ بىرى بولۇپ بىر يىل تۈرمىدە ياتقان. ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ رازىيە، ئابدۇلھەمىت، سابىرە قاتارلىق پەرزەنتلىرى بار ئىدى.

1998-يىلى قاتتىق سوغۇق قىش ئايلىرىنىڭ بىرىدە، خىتاي ئىبراھىم ئىسمائىلنى غۇلجا شەھەر باياندىي يېزىسىدىكى بىنەمىلىككە ئېلىپ چىقىپ ئاتتى. شۇ كۈنى ئەمىر ئىبراھىم ئىسمائىل بىلەن بىرلىكتە جەنۇبتىن چىققان ئابدۇرېھىم ئەيسا ئىسىملىك بىر پارتىزانمۇ شېھىت قىلىندى.

پارتىزان ئابدۇۋەكىل ئەمىر ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ پارتىزانلىرى ئارىسىدىكى ئورنى ۋە قىممىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «غۇلجا ناھىيەسىنىڭ ئەتراپىدىكى ھەرقايسى يېزىلاردىكى ياشلاردىن تەشكىللەنگەن پارتىزانلىق گۇرۇپپىمىز ئىنتايىن تەشكىللىك ھالدا ئىش ئېلىپ باراتتۇق. ئەمىر ئىبراھىم

ئىسمائىلدىن بۇيرۇق كېلىپتۇ، دېگەن زامات دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتەتتۇق». ئەمىر ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ قەلبىمىزدىكى ئورنى ئالاھىدە ئىدى.

1990-يىلدىن 1997-يىلغا قەدەر يەتتە يىل جەريانىدا غۇلجا خەلقى كېپەكىستان دەپ ئاتىغان بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى دۆلىتىدە، ئىبراھىم ئىسمائىل قاچاق ھالەتتە بولغىنىغا قارىماي، ئۇيغۇر ئازادلىق ھەرىكىتى ئۈچۈن ياش ئاۋانگارت جەڭچىلەرنى جەم قىلدى، تەربىيەلىدى ۋە ئىقتىساد تoپلىدى (غۇلجا شەھەر كېپەكيۈزى يېزىسىنى ئۇيغۇر ياشلىرى ئەينى يىللاردا كېپەكىستان دەپ ئاتاشقان).

5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى، يەنى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئاشكارە دەۋەت پارتىلىغان 1997-يىلى 5-فېۋرال نامايىشىدىن كېيىن، خىتاي جاللاتلىرى غۇلجا شەھىرى ئىچىدە ئىبراھىم ئىسمائىلنى تۇتۇشنى باھانە قىلغان قاتتىق تىنتىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. گەرچە ئىبراھىم ئىسمائىلنى تونىمىسىمۇ، ئەمما بىللە بىر يەردە بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن خىزمەتتىن قوغلىنىدىغان ئەھۋال شەكىللەنگەن ئىدى. مانا مۇشۇنداق قارا يىللاردا ئىبراھىم ئىسمائىلغا بىر باققال يىگىت ئىگە چىققان ئىدى. ئۇ يىگىت ئىبراھىم ئىسمائىلنى يازدا ئالمىلىق بېغىغا، قىشتا ئالما قويىدىغان ئامبىرىغا يوشۇرۇپ، خىتاي جاللاتلىرىنىڭ تۆمۈر مۇشتىدىن قوغداپ قالغان ئىدى.

ئىبراھىم ئىسمائىل خىتاينىڭ ئۆزىنى تۇتۇش ئۈچۈن يايغان چەمبىرىكىنىڭ بارغانچە تارىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىدىنمۇ بەكرەك يېنىدىكى قورال ئالىمىز دەپ يىغقان 60 مىڭ يۈەن پۇلنىڭ خىتاينىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. چۈنكى بۇ خەلقنىڭ

ئىبراھىم ئىسمائىلغا بولغان ئىشەنچى ئىدى. ئەينى يىللاردا بىر تال ئاپتوماتنى 20 مىڭ يۈەنگە، بىر تال تاپانچىنى 10 مىڭ يۈەنگە، بىر تال ئوقنى 5 يۈەنگە ئالغىلى بولاتتى. ئۇ پات-پات يېنىدىكى پۇلنىڭ ھېسابىنى قىلىپ ئۈچ تال ئاپتومات، ئالتە تال تاپانچا 12 مىڭ دانە ئوق كېلىدۇ، دەپ پىچىرلاپ قوياتتى ئۆز ئۆزىگە. پۇلنىڭ كەملەپ كېتىشىنى ئويلىغاندا قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ كېتەتتى.

ئەمما ئىبراھىم ئىسمائىل ئۇزۇن يىل قېچىش ۋە مۆكۈنۈش ھاياتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولغاچقا، ئائىلىسى ئىنتايىن نامرات بولۇپ، بالا-چاقىلىرىنىڭ بەزىدە يېيىش ئۈچۈن تاماقمۇ ئېتەلمىگەن كۈنلىرى بار ئىدى. ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ 80 ياشقا تاقاپ قالغان دادىسى بولسا ياماق مەسىلەرنى كىيىپ يۈرەتتى.

ئىبراھىم ئىسمائىل ھەققىي ئىلى ئوغلى ئىدى. ئىلىدىكى چاقچاقخۇمارلىق، ناخشا ۋە ئۇسۇلغا ھېرىسمەنلىك ئۇنىڭ ئەڭ يارقىن خاراكتېرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ يېتىشكەن قارى قۇرئان، ئىلىنىڭ جۇغراپىيەلىك يەر شەكلىنى، خىتاي ساقچى ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلىدىغان ئەمىر قوماندان بولغىنىغا قارىماي، ئۇستا چاقچاقچى ۋە ئۇسسۇلچى ئىدى. ئۇ ھەرگىز مەن بىر دىنىي زات، مەن بىر ئەمىر ياكى قوماندان ۋە ياكى ناخشا-مۇزىكا ھارام دەپ خەلقىدىن ئۆزىنى يىراقلاشتۇرمىغان ياكى ئالاھىدە بولۇۋالمىغان ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى خەلقى بىلەن ئوخشاش يۈرەك بولۇپ سوقاتتى.

ئىبراھىم ئىسمائىل خىتاي ساقچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئازراق ئىلگىرى، ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇنى قوغدىغان، ساقلىغان ۋە ئاسرىغان قانچە ئونلىغان ئىشەنچلىك، ساداقەتمەن، سەممىي دوستلىرىنىڭ بىرى بولغان باققال يىگىتنى چاقىرىپ،

ئۇنىڭغا ئاشۇ 60 مىڭ يۈەن پۇلنى تاپشۇردى ۋە شۇنداق دېدى: «مەن ناۋادا قولغا چۈشۈپ قالسام يېنىمدىكى بۇ 60 مىڭ يۈەن پۇلمۇ بىللە خىتاينىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىسۇن، بۇ خەلقنىڭ ماڭا ئامانىتى، يېمەي-ئىچمەي، راھەت-پاراغەت سۈرمەي يىغقان قان-تەرىنىڭ، ماڭا بولغان ئىشەنچىسىنىڭ جۇغلانمىسى. شۇڭا ناۋادا ماڭا بىر ئىش بولۇپ قالسا، بۇ پۇلنى ئوتتۇرا ئاسىيا(ئالمۇتا) دىكى پالانچى ياكى پوكۇنلار تاپشۇرۇپ بەر» دېدى.

مانا بۇ دۇنيادىن بەك ئۇزاقتا، دۇنيادىكى قۇدرەتلىك كۈچلەرنىڭ بىردۇرمەن دەپ جار سېلىۋاتقان خىتاي زالىملىرىنىڭ تاپىنى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان، ئۇيغۇر دېگەن بىر مىللەتنىڭ ۋەكىلىنىڭ روھى. مانا بۇ بىر ئەمىر، بىر قوماندانىنىڭ روھى، شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك روھى. گەرچە خىتاي بۇ زېمىننى نادان، قالاق، كەمبەغەل ۋە دۇنيادىن ئۇزاقتا قالدۇرۇشقا تىرىشىپ، ئۇيغۇرلاردىكى بۇنداق ئېسىل روھلارنى خىرەلەشتۈرۈپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ روھلار يەنىلا ھەر زامان ئەخلەت-چاۋالار ئارىسىدا پارلىغان بىليارتتەك چاقناپ تۇردى.

ھايات شۇنداق، قۇياشنىڭ چىقىشى بولغاندەك پېتىشىمۇ ھەم بار. خىتاينىڭ غالجىرلىشىشى ۋە بىر ئىبراھىم ئىسمائىلنى تۇتۇش ئۈچۈن غايەت زور ئەسكىرى قوشۇننى ئىشقا سېلىشى نەتىجىسىدە بۇ ئەل سۆيگەن، ئەل قەدىرلىگەن سەركىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان غالجىر ئىت چىشلەيلا دەپ قالغان ئىدى. تارىختىن بۇيان ئۆزىنىڭ مائارىپىنى، ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى، ئۆزىنىڭ بىلىم ئىگىلىرىنى، قەھرىمانلىرىنى قوغداپ كەلگەن، خائىنلىق ۋە ساتقۇنلۇقتىن ئىپپەتسىزلىكتىن يىرگەنگەندەك يىرگەنگەن ئىلىدىكى ئىبراھىم ئىسمائىلنى قوغداش، ساقلاش گۇرۇپپىسىدىكىلەرمۇ ئوق تەگكەن كېيىكتەك ھالسىراشقا باشىدى.

چۈنكى دۈشمەن ئىنتايىن كۈچلۈك ۋە رەھىمسىز ئىدى. كېچە قاراڭغۇلۇقىدىكى تىنتىش ۋە تۇتقۇن ھەسسىلەپ ئېشىپ بارماقتا ئىدى. غۇلجا ناھىيەسىگە قاراشلىق كېپەكيۈزى، تۇرپانيۈزى، مەمەيۈزى... قاتارلىق بەئەينى ئۈزۈمنىڭ دانىسىدەك زىچچىدە ئۆيغۇر مەھەللىلىرى ھالسىراپ قالغان ئىدى. خۇددى بۇركۈت ئۆز پېيىدا ياسالغان ئوقتا سوقۇلغاندەك ئىبراھىم ئىسمائىلغا ئۇرۇلغان ئەڭ ئاخىرقى ئوق، ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن سەپدىشى تۇرپانيۈزلىك ئابدۇجاپپاردىن كەلدى. ئىبراھىم ئىسمائىل ئابدۇجاپپارغا ئىنتايىن ئىشەنگەن ۋە كېپەكيۈزىدىكى يوشۇرۇن كۈرەشلىرىمۇ ئابدۇجاپپارنى يېنىدىن ئايرىمىغان ئىدى. بىزگە كەلگەن ئۇچۇرلارنىڭ باشقا بىر ۋارىيانتىدا ئىبراھىم ئىسمائىلنى ئاشۇ جاپپارنىڭ: «سېنى ئىشەنچلىك بىر كىشىلەر بىلەن كۆرۈشتۈرىمەن» دېگەن باھانە بىلەن، تاشكۆۋرۈك يېزىسىدىكى يۇقىرىدا بىز سۆزلەپ ئۆتكەن ئىبراھىم ئىسمائىل قولغا چۈشكەن قورۇغا باشلاپ ئاپارغانلىقىنى قەيت قىلىنىدۇ.

جاپپار ئىبراھىم ئىسمائىلنى تاشكۆۋرۈك يېزىسى تەرەپكە ئېلىپ ماڭغاندا، كېپەكيۈزى يېزىسىدىكى ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ قوغدىغۇچىلىرىدىن سەيدۇللا، ئاتاۋۇللا، ئەنۋەرجان قاتارلىق ئۈچ بالا، بۇلارغا كۆرۈنەـ كۆرۈنمەس ئارىلىق تاشلاپ ۋېلىسىپىت بىلەن ئارقىسىدىن يۈرگەن. ئۇلار ۋېلىسىپىت بىلەن ئۇچقاندەك كېپەكيۈزدىن خۇدىيارىيۈز، ئاندىن يېرىلغان يەر دېگەن جاي ئارقىلىق تاش كۆۋرۈك يېزىسغا يېتىپ كېلىپ، ئىبراھىم ئىسمائىل كىرىپ كەتكەن ئاشۇ قورۇنى يىراقتىن كۆزىتىپ تۇرغان. بۇ ئۈچ قوغدىغۇچى بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ ئون مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتمەي، بۇ قورۇنى نۇقتىلىق نىشان قىلغان خىتاي ساقچى ۋە ئەسكەرلىرى يېغىپ كەتكەن.

ئەمما تاشكۆۋرۈك يېزىسىدىكى بۇ ئائىلىنى خىتاي ساقچىلىرى پۈتۈن ئائىلە سۈپىتىدە قولغا ئېلىپ سوراق قىلغاندا، ئۇلار بىز تونۇمايدىكەنمىز، نامازدىگەر ۋاقتىدا كىرىپ كەلدى ۋە ناماز ئوقۇۋېلىشنى ئۆتۈندى دېگەن. ئىبراھىم ئىسمائىلنى ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن سەپدىشى جاپپار ئارقىلىق قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، خىتاي جاپپارنىڭ ئائىلىسىگە مەخسۇس قوغدىغۇچى قويۇپ قوغدىدى. بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ھالدا ئۆز قوماندانىنى تۇتۇپ بەرگەن بۇ خائىننى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن تەشكىللەنگەن بىر گۇرۇپپا ياش بىر ياز كېچىسى جاپپارنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، قوراللىق قوغدىغۇچى بولغانلىقى سەۋەبىدىن تۇتۇلۇپ قالدى.

شۇنداق قىلىپ، 1991-يىلدىن 1997-يىلى ئاۋغۇست ئايلىرىغىچە بولغان ئالتە يىللىق سەرگەردانلىق ھاياتىدا تۇرۇپمۇ، ئىبراھىم ئىسمائىل غۇلجا شەھىرىدە يۈز بەرگەن خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى نۇرغۇنلىغان پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىگە قوماندانلىق قىلدى (كىتابنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىدا بۇ پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرى ۋە پارتىزانلار توغرىسىدا ئالاھىدە توختىلىمىز). بۇ ھەقتە «توخۇچىيۈزى قانلىق قىرغىنچىلىقى»دا ھايات قالغان ئابدۇلۋەكىل، يەنى ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ ئەڭ يېقىن ھايات سەپدىشى نۇرمۇھەممەت مۆمىنىنىڭ ئوغلى، ئىبراھىم ئىسمائىلغا باھا بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەمىر ئىبراھىم ئىسمائىل تاكى تۇتۇلغانغا قەدەر ۋاقتىنى قىلچە بىكارغا ئۆتكۈزمىدى. گەرچە قېچىپ يۈرسىمۇ، يەنىلا يەر ئاستى تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، شۇ تەشكىلاتقا ئەزا قوبۇل قىلىپ، سىستېمىلىق ھالدا بالا تەربىيەلىگەن ئىدى. جەنۇب تەرەپتىن قېچىپ چىققان، خىتاي تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان مىجىت موللام ۋە خالىت موللام قاتارلىق يىگىتلەرنىمۇ قانات ئاستىغا ئېلىپ، ھەم ئىلىم ئۆگىلەش، ھەم ئىلىم بېرىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ

كەلگەن. دادامنىڭ ئابدۇجاپپار، ئابدۇرېزاق قاتارلىق ئىنىلىرىمۇ، ئەمىر ئىبراھىم ئىسمائىلنى قوللىغان ۋە ئىبراھىم ئىسمائىلغا قورال ئېلىپ بېرىش جەريانلىرىدا قولغا چۈشۈپ تۈرمىلەردە ياتقان».

ئىنقىلاب تارىخلىرىدا ئاز كۆرۈلىدىغان سەركە ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ ئائىلە يىللىق قېچىش ھاياتىدا ئاجايىپ زامانىۋى قورالىلار بىلەن قوراللانغان، غۇلجا شەھرىگە چۈمۈلىدەك يامراپ كەتكەن خىتاي ساقچى-ئەسكەرلىرىگە قارشى، خۇلاسىلىگەندە ھەربىي كۈچ جەھەتتە دۇنياغىمۇ زومىگەرلىك قىلىۋاتقان مۇشۇ دەۋرنىڭ زومىگەر پىرئەۋنىگە قارشى تۇرپانىيۈزى، ئارا كېپەكيۈزى، يۇقىرىقى كېپەكيۈزى، پەنجىم، بايانداي، غۇلجا شەھرىدىكى شەرق مەھەللىسى ۋە تاشكۆۋرۈك يېزىلىرىدىكى نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ئائىلىلىرى بېشىغا كېلىدىغان ھەرقانداق خېيىمخەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، ئىبراھىم ئىسمائىلنى يوشۇرۇشتا دۇنيانى داڭ قالدۇرغۇدەك خىزمەتلەرنى قىلدى.

شۇنداق، 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە بىلمەيدىغانلىرىمىز بىلىدىغانلىرىمىزدىن كۆپ. بۇ سەرخىل كىشىلەرنىڭ ھازىرقى بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىبراھىم ئىسمائىلنى قولدىن-قولغا ئۆتكۈزۈپ ساقلاش جەھەتتە دۇنياغا يېڭى ھېكايە ۋە داستانلارنى ئاپىرىدە قىلغان كىشىلىرىمىز ھەققىدە توختالمىدۇق. ئىشىنىمەنكى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، بۇ ھېكايە ۋە داستانلار دۇنيا بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. بۇ ھەقتە رومانلار ۋە فىلىملار ئىشلىنىدۇ. دەرسلىكلەر تۈزىلىدۇ. شەھەر ۋە كوچىلىرىمىزنىڭ ئىسىملىرى بۇ قىممەتلىك كىشىلىرىمىزنىڭ ناملىرى بىلەن ئاتىلىدۇ. يەنە بىر نەرسىگە چوڭقۇر ئىشىنىمەنكى، كېلەچەكتە يېزىلىدىغان دۇنيادىكى ئەڭ نادىر ھېكايە-رومان ۋە ئىشلىنىدىغان فىلىملار، نوبېل ئەدەبىياتىغا

مۇناسىپ ئەسەرلەر، قەھرىمانلىق داستانلىرى بۇ قەھرىمان شەھەر ۋە ئۇنىڭ كىشىلىرى ھەققىدە بولىدۇ. ھازىرغىچە سىر بولۇپ كۆمۈلۈپ ياتقان بۇ قىممەتلىك ھېكايىلەر، كېلەچەكتە ھۆر شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن بىرلىكتە، ئۇيغۇر خەلقىنى دۇنيا سەھنىسىدە پارلىتىدۇ. يەنە 100 يىللاردىن كېيىنكى دۇنيا فىلىم فېستىۋاللىرىنىڭ ئەڭ نادىر فىلىملىرى، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ ئەڭ نادىر رومانلىرى ئۇيغۇر قەھرىمانلىق داستانلىرىغا ئورۇن بەرگەن بولىدۇ. مەكتەپلەردە، مۇزېيلاردا، خاتىرە سارايلىرىدا، نەۋرە-چەۋرىلىرىمىز پەخىرلەنگەن ھالدا ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ھېكايىلىرىنى بىر-بىرىگە ئېيتىپ بېرىپ، ئۆزئارا تولۇقلىشىدۇ.

ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ يەتتە يىللىق قاچقۇنلۇق ھاياتىدا خەلق تەرەپتە، ھەق-ئادالەت تەرەپتە تۇرغان نۇرغۇن ئۇيغۇر ساقچىلىرىمۇ بار، ئەلۋەتتە. بىز ئۇخشاشلا بۇ ساقچىلارنىڭ خىتاي چاڭگىلىدا تۇرۇۋاتقان ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ كىتابتا تىلغا ئالمىدۇق. بۇ تېمىنى كېلەچەك ئەۋلادلىرىمىزنىڭ قېزىپ، توپلاپ ۋە رەتلەپ چىقىشىغا ھاۋالە قىلىمىز.

ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ ئالتە يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە بۇنداق تار بىر جۇغراپىيەدە چىش-تىرنىقىغا قەدەر قوراللانغان ۋە غالجىرلاشقان، شۇنداقلا پۈتۈن كۈچى بىلەن غۇلجا شەھرى، غۇلجا ناھىيەسىنىڭ ھەرقايسى يېزىلىرى، باياندىي يېزىسى قاتارلىق جايلاردا جىددىي تىنتىش، ئاختۇرۇش ۋە ئايغاقچى قويۇشىغا قارىماي، ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قېچىپ يۈرۈشى بىر مۆجىزە. دۇنيادىكى داڭلىق تۈرمىدىن قېچىش ناملىق كىنودىنمۇ بەكرەك بىر ھەقىقىي ھايات كىنوسى. ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ بۇنداق مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قاچالىشىدىكى

ئەڭ مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى، سانجاق-سانجاق ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بىرمۇ خىتاي ئارىلاشمىغان بۇنداق ساپ ئۇيغۇر مەھەللىلىرى، شۇنداقلا بۇ يېزىلارنىڭ خىتاينىڭ تەرەققىيات پىلانىدا ئانچە يەر ئالمىغانلىقى، يەنى مەھەللىلەر ئارىسىدىكى يوللارنىڭ تار ۋە ئەگرى-بۈگرى بولغانلىقى مۇھىم ئامىل بولۇپ، خىتاينىڭ ھەربىي ماشىنىلىرىنىڭ كىرىشى قۇلايسىز بولغان ھەمدە خىتاي ئەسكەرلىرى بۇ يېزىلارنىڭ يەر شەكلىنى تازا ياخشى بىلمىگەنلىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىجەزىنىڭ «ياۋايى» ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلگەنلىكى سەۋەبىدىن، بۇنداق زىچ ئۇيغۇر مەھەللىرىگە بېرىپ قېلىشنى بارسا-كەلمەس يولغا راۋان بولغانلىق دەپ چۈشەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر ساقچىلارنى ۋە ئۇيغۇر ئايغاقچىلارنى بۇ مەھەللىلەرگە قويغان بولسىمۇ، غۇلجادا ئاشكارا دەۋەت، يەنى 5-فېۋرال نامايىشى بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۇيغۇر مەھەللىرىگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىغان. نەتىجىدە ھېچكىم ئايغاقچىلىق قىلىشقا پېتىنالمىغان.

1998-يىلى 4-ئاينىڭ 19-كۈنى خۇدىيارىيۈزىدە يۈز بەرگەن، پارتىزان ھامىمات ۋە تېيىپلار شېھىت بولغان خۇدىيارىيۈزى توقۇنۇشىدا، شۇنداقلا 1998-يىلى 6-ئاينىڭ 22-كۈنى ئۇچئۇندا يۈز بەرگەن قەھرىمان پارتىزان تۇرسۇن سەلەي ۋە مەتمىنلەر شېھىت بولغان، خەمىت، ئىلياس زوردۇن ۋە قاسىم مەقبىر قاتارلىق پارتىزانلار دۈم يېتىۋالغان خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ دۈمبىسىنى دەسسەپ، خىتاينىڭ قاتمۇ قات مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، تاكى قازاقىستانغا قەدەر قېچىپ چىقالىغان «ئۇچئۇن توقۇنۇشى»دا بولسۇن، خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ يېزىلارنىڭ يەر شەكلىنى ياخشى بىلمىگەنلىكى ھەمدە ئىنتايىن قورققان ھالەتتە بۇ كۈرەشكە كىرگەنلىكى سەۋەبىدىن ھەربىي ماشىنىلىرى ئۆرۈلۈپ كەتكەن. شۇنداقلا تار مەھەللە يوللىرىغا كىرىشى ئەپسىز بولغان.

غۇلجا ناھىيەسىنىڭ يېزىلاردىن يېزىلارغا تۇتاشقان بۇ ئەۋزەل جۇغراپىيەسى، شۇنداقلا بۈككىدە قوناقزارلىقلار، ياپ-يېشىل باغ-ۋارانلار، ئورمانلىقلار ئۇيغۇر پارتىزانلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك قىممەت يارىتىپ بەرگەن بولۇپ، بۇ ئەۋزەللىكتىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان ۋە پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنى غۇلجا شەھىرىگە قارىغاندا، غۇلجا ناھىيەسىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىش ۋە بۇ ئارقىلىق خىتاينىڭ ئەدىپىنى بېرىش پىلانىنى تۈزگەن ئەمىر ئىبراھىم ئىسمائىلغا رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايمىز.

5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىدە غۇلجا شەھىرىدىكىگە قارىغاندا غۇلجا يېزىلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىدە خىتاي ئىنتايىن ئېغىر زىيان تارتقان. شۇڭا خىتاي 2000-يىلىدىن ئېتىبارەن «تەرەققىيات رايونى بەرپا قىلىش» نامى بىلەن ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى چېقىپ، ناۋادا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا خىتاي ھەربىي ماشىنىلىرى، تانكا-برونىۋىك قاتارلىقلىرى قاتناش ۋاستىلىرى بىمالال كىرەلەيدىغان تەرەققىيات رايونلىرىنى بەرپا قىلىش قەدىمىنى ئىنتايىن تېزلەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ قورۇ-جايلىرىنى بۇزۇنقىدەك ئازراق پۇل بېرىپ جېدەل-ماجىرا بىلەن تارتىۋېلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىزىدىن چىققانغا سېتىۋالدىغان سىياسەتنى يولغا قويدى. ئۇيغۇرلارغا جايىنى ھۆكۈمەتكە ساتقانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل بەرگەندىن باشقا يەنە، ئېگىز بىنالاردىن بىر دائىرە ئۆي بېرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت «زەھەرلىك باكلاۋا»نى ئالتۇن تاۋاقتا سۇنۇش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىنى خۇددى سەرەڭگە قېپىدەك سېلىنغان ئېگىز بىنالارنىڭ ئىچىگە، شۇنداقلا نۇقتىلىق بىر رايونلارغا تىقىۋەتتى. بۇنداق بولغاندا ئۇيغۇرلارنى ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك

نازارەت قىلالايتتى. ئەگەر بىر ئىش چىقىپ قالغان تەقدىردىمۇ ناھايىتى تېز ۋە ئۈنۈملۈك بېسىقتۇرالايتتى. مەھەللە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس بايلىقى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى، ئۇيغۇر مەشرىپى، ئۇيغۇر پۇتبولى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئانا تىلى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر كىملىكى تۇغۇلغان جاي. مەن ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىدا ئوينىغان مۇھىم رولى ھەققىدە ئالدىنقى 5-فېۋرال ئارخىپلىرى ناملىق كىتابىمدا يېتەرلىك توختالغان ئىدىم.

ئىلاۋە: ئارىدىن 24 يىل ئۆتتى. بىز يۇقىرىدىكى بۇ قىممەتلىك ھېكايىلەرنى ئاڭلىغان ۋاقتىمىزدا خۇددى قاباھەتلىك بىر چۈشتىن ئويغانغاندەك بولىمىز. ئەمما بۇ چۈش ئەمەس، بەلكى بىر رېئال تارىخ ئىدى. ئەينى چاغدىكى ۋەقەلەر ھەققىدە مۇلاھىزىلەر بولغاندا، 24 يىلدىن كېيىن چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئېلىپ بارغان 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش ئۈچۈن قۇرۇلغان گۇرۇپپىمىزغا، تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئىمام ھەسەن مۇنداق بىر يازمىنى يېزىپ قالدۇرىدۇ (بۇ كىتابتا قېرىنداشلىرىمىزنىڭ كۆز قاراشلىرىغا، شۇنداقلا ئەينى يىللاردا بۇ ئىنقىلابنى باشلاتقانلارنىڭ پىكىرلىرىگىمۇ ئورۇن بەردۇق. بۇ ئەلۋەتتە 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە تېخىمۇ كۆپلىگەن قېزىشلارغا ئىگە بولۇش ئۈچۈندۇر):

ئىمام ھەسەن مۇنداق يازىدۇ: «مەن مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى ئاڭلىغان ئىدىم (گەرچە چەتئەلدە بۇنىڭ بىر نەچچە خىل ۋارىيانتىنى ئاڭلىغان بولساممۇ، ئەمما بۇ دەسلەپ ئاڭلىغىنىم) 2-ئاينىڭ 5-كۈنى نامايىش بولۇشتىن ئىلگىرىدىكى مەلۇم بىر كۈنى، ئابدۇخېلىل قاتارلىقلار غۇلجا شەھەر يېڭى ھاياتتىكى بىر قورۇدا ئىبراھىم ئىسمائىل بىلەن بىر قېتىملىق مەخپىي سۆھبەت

ئۆتكۈزگەن. شۇ قېتىملىق سۆھبەتتە ئابدۇخېلىل ئاشكارا دەۋەتكە چىقىش، يەنى ئومۇمىيۈزلۈك نامايىشقا چىقىش توغرىسىدىكى پىكىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان...

بۇنىڭغا قارىتا ئىبراھىم ئىسمائىل ئەگەر نامايىشقا چىقسا، كۆپ باللارنىڭ تالاپەتكە ئۇچرايدىغانلىقىنى، شۇڭا نامايىشقا چىقماي بىر مەزگىل تەييارلىق قىلىپ، بىراقلا جىھادقا چىقىش پىكىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئابدۇخېلىل قاتارلىقلار بولسا، شۇ چاغلاردا خىلى كۆپ باللارنىڭ تۇتۇلۇپ كەتكەنلىكىنى، ئەگەر بۇ ئىش كېچىكسە، تېخىمۇ كۆپ ئىلغار باللارنىڭ تۇتۇلۇپ كېتىشى مۇمكىنلىكىنى، خەلقنىڭ بۇ ئىسلاھات ئىشىدىن بىخەۋەر قالىدىغانلىقى، شۇنداقلا بۇ ئىشنىڭ خەلقنى ئويغىتىشتىكى مۇھىم تەرەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ تېمىدا ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز پىكىرىنى ساقلاپ، بۇ سورۇندىن ئايرىلغان. 2-ئاينىڭ 5-كۈنىدىكى نامايىشقا 300 دىن كۆپرەك ئۇيغۇر ياش قاتناشقان. ئەگەر شۇ چاغدا بارلىق مەشرەپ گۇرۇپپىلىرىغا خەۋەر قىلىنسا، بۇ سانىنىڭ ئون ھەسسە كۆپىيىشى ئادەتتىكىدەك ئىش بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

مەن ئويلايمەن، بەلكى شۇ كۈندىكى نامايىشنى تەشكىل-لىگۈچىلەر، پۈتۈن باللارنىڭ نامايىشقا چىقىشىنىڭ ھاجىتى يوقلىقى، بىر قىسىم باللار ئاشكارا چىقىپ خەلقنى ئويغىتىشنى، قالغانلارنىڭ داۋاملىق يوشۇرۇن خىزمەت قىلىشىنى ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى بۇ ئىشنىڭ زورىيىپ ئاخىرى خىتايغا قارشى ھەرىكەتكە ئايلىنىشى ھەممىمىزگە ئايان بولۇپ، بۇ پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى ئىدى.

شۇ كۈنى بىر قىسىم بالىلار ئابدۇخېلىلنىڭ نامايىشقا قاتناشماسلىقنى، سىرتتا قالغان بالىلارغا يېتەكچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئابدۇخېلىل بۇ قاراشقا قوشۇلمىغان ۋە مېنىڭ بۇ ئاشكارا دەۋەتكە قېتىلىشىمنىڭ پايدىسى نامايىشتىن ئايرىلىپ قالغاندىن كۆپ ياخشى، دېگەنىكەن».

ئىبراھىم ئىسمائىلمۇ شۇ ئىشتىن كېيىن ئۆزىنىڭ پىلانى بويىچە ھەرىكەت قىلغان ۋە قوراللىق ھەرىكەت ئۈچۈن تەييارلىق قىلغان. شۇ چاغلاردا غۇلجىنىڭ ھەرقايسى ناھىيە، يېزىلىرىدا كىچىك كۆلەمدە قوراللىق ھەرىكەتلەر بولغان. شۇ يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى ئەنگلىيە شىياڭگاڭنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان بولغاچقا، كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كاللىسىدا شۇ چاغدا جۇڭگودا چوقۇم چوڭ بىر ئۆزگىرىش بولىدۇ، دېگەن ئۇقۇم بار ئىدى.

مەن چەتئەلگە چىققاندىن كېيىن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ: «ئابدۇخېلىلنىڭ ئېلىپ بارغان ھەرىكىتى توغرا، ئىبراھىم ئىسمائىل ئالدىراپ قالدى» دەپ بىر قانچە سەۋەب كۆرسەتكەنلىكىنى، يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بولسا: «ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ قىلغىنى توغرا، ئابدۇخېلىل قاتارلىقلار ئالدىراپ قالدى» دەپ بەزى سەۋەبلەرنى كۆرسەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

مېنىڭچە بولغاندا، بۇ يەردە چوقۇم ئىككىسىنىڭ بىرى توغرا بولۇشى كېرەك ئەمەس. چۈنكى شۇ چاغدىكى ئەمەلىي شارائىت، خەلقنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئويغىنىشىنى، ئۆزىنى تەربىيەلىشىنى ۋە جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتۈشىنى تەقەززا قىلاتتى، شۇڭا بۇ ئىككى خىل ئۇسلۇبتا تەڭ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش شۇ ۋاقتىنىڭ ئېھتىياجى ئىدى. بۇ سەۋەبتىن بۇ ئىككى ھەرىكەتنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋەتمەي چۈشىنىش توغرا بولسا كېرەك.

ئىبراھىم ئىسمائىل غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن شەرقىي جەنۇبىغا قەدەر پەلەمپەي شەكىلدە سوزۇلغان، تارىختا يۈز بېشى بولۇپ ئەجدادلىرى يۇرت سورىغان، شۇ ۋەجىدىن يېزىلارنىڭ ئارقىسىغا «يۈزى» نامىنى تارىخلاردىن بۇيان بىللە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان، بۇ سېخى، مەرد ـ مەردانە يۇرتتىن مەڭگۈلۈك خوشلاشقان ئىدى. ئالتە يىلدىن بۇيان ئۇنى قوغدىغان، ھىمايە قىلغان، مېھرى ئىسسىق، بەرىكەتلىك، قايماقلىق ئەتكەن چېيى، نېپىز تونۇر نېنى بىلەن ساھىبخانىلىق قىلغان، ئۇنىڭ ھەممە ئىش ـ ئىزلىرىنى بىلمىسىمۇ، ئەمما ئۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ بۆگۈنكى «سادىر پالۋان»ى دەپ بىلگەن، ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلەنگەن، ئۇنى خىتايدىن قۇتۇلۇشىمىز ئۈچۈن بىر ئىشلار قىلىۋاتقان قەھرىمان، دەپ بىلگەن بۇ خەلق مۇسىبەتكە چۆمگەن ئىدى. سەھەردە ھويلا ـ ئاراملىرىنى سۈپۈرۈش، ئات ـ ئۇلاقلىرىغا ھەلەپ بېرىش ئۈچۈن تۇرغان دېھقانلار بىر ـ بىرلىرىگە پەس ئاۋازدا: «ئىبراھىم ئىسمائىل تۇتۇلۇپ قاپتۇ» دېيىشىپ ئۇھ سىنىشاتتى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆلمەس بايلىقى ھېسابلانغان، سادىر ئات چاپتۇرغان بۇ بىپايان يېزا ۋە مەھەللىلەردە ئۆلمەس بىر ناخشا ھازىرغا قەدەر ئېيتىلماقتا ئىدى:

*سادىرنى تۇتۇپ بېرىپ،*
*كۆڭلۈڭ تىنىدىمۇ شەنگەن...*

بۇ ناخشا ھازىرمۇ قىممىتىنى يوقاتمىغان ئىدى. شۇنداق، سادىرنى شەنگەن تۇتۇپ بەرگەن بولسا، ئەمىر ئىبراھىم ئىسمائىلنى ئۇيغۇر تۇتۇپ بەرگەن ئىدى.

ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ ئالتە يىل خىتاي ساقچىلىرىغا تۇتۇلۇپ

قالماي، ئەنە ئاشۇنداق تار بىر جۇغراپىيەدە ياشىيالىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب، ئۇنىڭ رەسىمگە چۈشمىگەنلىكىدىن دەپ قارايدۇ كۆپلىگەن دوستلار. گەرچە ختاي تەرەپ ئىبراھىم ئىسمائىلغا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ رەسىمنى ھەرقايسى بازار-رەستىلەرگە، مەھەللىلەرگە چاپلاشقا ئامالسىز قالغان. شۇڭا ختاي تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان كۈنلەردە ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ غۇلجا شەھەر ختاي بازىرىدا بىمالال كاۋاپچىلىق قىلىپ يۈرگەنلىكى مەلۇم. چۈنكى ختاي ساقچىلىرىنىڭ قولىدا ئۇنىڭ رەسىمى بولمىغان. ختاي ساقچىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك تىنتىش ئېلىپ بارغان چاغلاردا، ئۇنى تۇتۇپ مەھەللە ساقچىخانىلىرىغا ئاپىرىپ سوراق قىلغانلىقىنى ۋە ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قويۇپ بەرگەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۆزىدىن: «ئىبراھىم ئىسمائىلنى تونۇمسەن؟» دەپ سورىغانلىقى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا رىۋايەت تۈسىنى ئالغان ۋەقەلىكلەرنىڭ بىرى.

ئىبراھىم ئىسمائىل شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن، ختاي تارىختىن قالغان «ئۇرۇق ئەۋلادىغىچە جازالاش» ھىيلىسىنى قوللىنىپ، ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ ياشىنىپ قالغان ئانىسىدىن باشقا ھەممە ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى قولغا ئالغان. ئەھۋالدىن خەۋەردار كىشىلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە شۇ چاغدا ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ 30 دىن ئارتۇق ئۇرۇق-تۇغقىنىنى قولغا ئالغان. توخۇچىيۈزى قانلىق قىرغىنچىلىقىدا ساق قالغان، ھازىر چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئابدۇلۋەكىل مۆمىن، ئىبراھىم ئىسمائىل شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئائىلىسىگە كەلگەن پاجىئەلەر ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىبراھىم ئاكىنىڭ كەينىدىكى ئۇكىسى ئابدۇراخماننى ختاي قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئىنتايىن قاتتىق تەن جازاسى بېرىپ بەلنىڭ تۆۋەن قىسمىنى ئىشلىمەيدىغان پارالىچ قىلىپ قويۇۋەتكەن. يەنە بىر ئىنىسى (ئىسمىنى ئۇنتۇپ

قاپتىمەن) كۆزى قارىغۇ بولۇپ قالغان».

ئەسكەرتىش: 5 ـ فېۋرال ئارخىپلىرى ناملىق بىرىنچى كىتابتا، بەزى شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەن ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ تۇتۇلغان ۋاقتىنى 1998 ـ يىلى 4 ـ ئاي دەپ يازغان ئىدۇق. بۇ قېتىم ئىبلىپ بېرىلگەن قېزىش، تولپاش ۋە رەتلەش جەريانىدا، سەركە ئىبراھىم ئىسمائىل ھەققىدە تېخىمۇ كەڭرى مەلۇماتلارغا ئېرىشتۇق.

ئەڭ ئاخىرىدا ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ 1997 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى غۇلجا شەھەر تاشكۆۋرۈك يېزا بەشكېرەم مەھەللىسى يېشىلنۇر كوچىسىدا تۇتۇلغانلىقىنى توغرا دەپ قارىدۇق. يەنە شۇنداقلا، جەسۇر، قورقماس سەركە ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ 1998 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى شېھىت قىلىنغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۇردۇق.

## يەنە بىر قېتىم توخۇچىيۈزى قانلىق قىرغىنچىلىقى

ئىلاۋە: توخۇچىيۈزى قانلىق قىرغىنچىلىقى ھەققىدە 5 ـ فېۋرال ئارخىپلىرى ناملىق 1 ـ كىتابتا توختالغان ئىدىم. بۇ قېتىم ئىبلىپ بارغان قېزىش، تولپاش ۋە رەتلەش خىزمىتى جەريانىدا توخۇچىيۈزى قانلىق قىرغىنچىلىقىغا ئائىت تېخىمۇ ئېنىق ۋە كەڭ كۆلەملىك ئۇچۇرلارغا ئېرىشتۇق. شۇ ۋەجىدىن بۇ قانلىق قىرغىنچىلىق ھەققىدە تېخىمۇ تولۇق مەلۇمات بېرىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

توخۇچىيۈزى كەنتى غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبى قىسمىغا جايلاشقان، غۇلجا ناھىيەسىگە قاراشلىق ئەڭ چوڭ يېزىلارنىڭ بىرى بولغان ئۇچئۇن خۇيزۇ يېزىسىدىكى بىر كەنت.

ئۈچئۈن خۇيزۇ يېزىسىنىڭ ھازىرقى نوپۇسى 64 مىڭ 957. بۇ كەنتتە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ چىڭلىقى، خىتايغا بولغان غەزەپ-نەپرىتىنىڭ ئېنىقلىقى، شۇنداقلا خىتاينى قىلچە مەنسىتمەي ياشىغانلىقى سەۋەبىدىن، خىتاينىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بولۇپ كەلگەن بىر جەمەت بار، ئۇ بولسىمۇ مۆمىنجان ئاكا جەمەتى. ئۈچئۈن خۇيزۇ يېزىسىنىڭ تارىخىنى سۈرۈشتە قىلىپ كەلسەك، مۆمىنجان ئۆمەر ئاكىنىڭ دادىسى مۇشۇ يېزىغا شاڭيو بولغان ئۆمەر شاڭيو ئىسىملىك كىشى بولۇپ، خىتاي كومپارتىيەسى كېلىشتىن بۇرۇن، بۇ جەمەتنىڭ يەر-زېمىنلىرى پۈتۈن يېزىنى قاپلايتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا توخۇچىيۈزى كەنتى پەقەت ئۆمەر شاڭيۇنىڭ ئالتە ئۇرۇق-تۇغقىنىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئىدى. ئۈچئۈن دېھقانلىرى ئۆمەر شاڭيو ھەققىدە گەپ بولغاندا: «ئېسىل شاڭيو ئىدى، ئېتىزدىن قايتقان چاغلاردا ئاتقا ئۆزى مىنمەي، ئېتىزلىقىغا ئىشلىگەن ئىشچىلىرىنى مىندۈرۈپ ماڭاتتى» دەپ تەرىپلەيتتى. دېمەككى، نۇرمۇھەممەت مۆمىن ئاكا ئائىلىسى ئۈچئۈن ۋە توخۇچىيۈزلەرنىڭ ھەقلىق ئىگىلىرى بولۇپ، ئەسىرلەردىن بۇيان ھەققانىيەتچى ۋە ئادالەتپەرۋەرلىكى بىلەن داڭ چىقىرىپ، مەغرۇر ھالەتتە بۇ زېمىندا ياشاپ كەلگەن.

توخۇچىيۈزى خەلقى مۆمىنجان ئۆمەر ئاكىنى ۋە ئائىلىسىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى ۋە ھۆرمەتلەيتتى. شۇڭا بەزىلىرى ھۆرمەتلەپ مۆمىنجان قارىم دەپمۇ ئاتايتتى. ئۇنىڭ يېقىن ئاغىنىلىرى بولسا، باشقا مۆمىنجانلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، «بومبا ساقال» دەپمۇ ئاتاپ قوياتتى. مۆمىنجان ئاكا يەنە توخۇچىيۈزى يېزىسى ئەتراپىدىكى ساي مەھەللە جامەسىنىڭ ئىمامى ئىدى. خىتاي بۇ زېمىننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئاۋۋال بۇ جەمەتنىكى كىشىلەرنى باي پومېشچىك دەپ ئۇرۇپ-دۇمبالاپ زېمىنلىرىنى

تارتىۋالدى. كېيىن بولسا ئىسلام دىنىغا ئەقىدىسى بولغانلىقى، شۇنداقلا مەكتەپ-مەدرىسە ئىچىپ بالا تەربىيەلىگەنلىكى ئۈچۈن ئازامچىلىق بەرمىدى. مۆمىنجان ئاكىنىڭ 11 پەرزەنتى بار بولۇپ، كېلىن-كۈيئوغۇل ۋە نەۋرە-چەۋرىلەرنى قوشقاندا توخۇچىيۈزى كەنتىدىكى ئەڭ ئاۋات ئائىلىلەر ھېسابلىناتتى. مۆمىنجان ئۆمەر ئاكىنىڭ پەرزەنتلىرى: نۇرمۇھەممەت (نۇرتاي) مۆمىن، ئابدۇلئەھەت مۆمىن، مۇسەللىم مۆمىن، مۇتەللىپ مۆمىن، ئابدۇرىزاق مۆمىن، ئابدۇجاپپار مۆمىن، ئابدۇلمەخسۇم مۆمىن، خەلچىبۈۋى مۆمىن، ئايىمبۈۋى مۆمىن، خالىدەم مۆمىن، زاھىدەم مۆمىن... مۆمىنجان ئۆمەر ئاكىنىڭ ئائىلىسى بۇ يېزا ياكى بۇ كەنتنىڭ ھەقدار ئىگىلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن يا يېزىنىڭ سېكرېتارلىرىنى يا ساقچىنىڭ كادىرلىرىنى قىلچە مەنسىتمەي، نېرى تۇر دەپ مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ گاڭگۇڭ ياشىدى.

بۇ ئائىلە ئەزالىرى ئۈچۈن خىتاينىڭ غۇلجىدىكى يېڭى ھايات تۈرمىسى ياكى غۇلجا شەھەرلىك ساقچىخانىسى قوغۇنلۇقنىڭ يولىدەك بولۇپ، غۇلجا شەھىرىدە تىرىكچىدە قىلىپ بىر تال يىڭنە چۈشۈپ كەتسىمۇ، خىتاي ساقچىلىرى ماشىنىسىنى چىقىراتقىنىچە مۆمىنجان ئائىلىسىگە كېلىپ يەتتە ئوغۇلدىن بىرىنى تۇتۇپ كېتەتتى. تۈرمە بۇ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىرى چىقسا، بىرى كىرىپ تۇرىدىغان جايغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

ئۇنداقتا خىتاي نېمە ئۈچۈن بۇ ئائىلىگە نۇقتىلىق قادىلىپ قالىدۇ ۋە كۆزىگە قادالغان مىخ دەپ قارايدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبلىرى مۇنداق:

بۇ ئائىلىنىڭ چوڭ ئوغلى نۇرمۇھەممەت قارىم بارىن ئىنقىلابىنىڭ سەركىسى زەيدىن يۈسۈپنىڭ غۇلجىغا تەيىنلىگەن ئەڭ ئاساسلىق تەشكىلاتچىسى ۋە مالىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل

خادىمى. ئۇ غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي، شەرقىي شىمالى ۋە شەرقىي جەنۇبىنى ئوراپ تۇرغان، ئاندا-ساندا خىتايىنى ھېسابقا ئالمىغاندا زىچچىدە ئۇيغۇر يېزىلىرى ھساپلانغان ئارا ئۆستەڭ، ئۇچئۇن، سادىقيۈزى، جىلىلىيۈزى، كېپەكيۈزى، پەنجىم، قارىياغاچ مازار... قاتارلىق يېزىلارنىڭ ھازىرقى دەۋردىكى «يۈز بېشى» ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، بۇ يۇرتلاردا ئىنتايىن يۇقىرى يۈز-ئابرۇيغا ئىگە ئىدى.

نۇرمۇھەممەت مۆمىن بىلەن زەينىدىن يۈسۈپنىڭ غۇلجىغا تەيىنلىگەن ئەمرى، مۇنداقچە ئېيتقاندا ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل قۇماندانى مەمەيۈزلىك ئىبراھىم ئىسمائىل قارىم ئىنتايىن يېقىن جان-جىگەر ئاغىنىلەردىن ۋە قىيامەتلىك دوستلاردىن ئىدى. نۇرمۇھەممەت مۆمىن بىلەن ئىبراھىم ئىسمائىل دىنىي سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرىلىقى، تەبلىغ ۋە دەۋەت ئىشلىرىدىكى ناتىقلىقى بىلەن غۇلجا شەھىرى ئەتراپىدىكى يۇقىرىدىكى يېزا ۋە مەھەللىلەردە، شۇنداقلا غۇلجا شەھىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن بىر جۈپ قوشماقلار ئىدى. جان-جىگەر ئاغىنىسى ئىبراھىم ئىسمائىلغا خىتاي تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغاندا، تونجى بولۇپ ئۇنى قانات ئاستىغا ئېلىپ يوشۇرغان، يېنىدىن ئايرىلماي كۆز-قۇلاق بولغان كىشى نۇرمۇھەممەت مۆمىن ئىدى. ھەتتا ئاشۇنداق خەتەرلىك يىللاردىمۇ، ئىبراھىم ئىسمائىلنى ئۆزى باققاللىق قىلغان ئۈرۈمچىگە قەدەر ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، خىتاي ساقچىلىرىغا ھېچقانداق تىنىش چىقارمىغان ئىدى. ئۇ خىتاي ساقچىلىرىنىڭ دىققىتىنى بۇراش ۋە قايمۇقتۇرۇش جەھەتتە ئىنتايىن ئۇستا تاكتىكىلىق بىرى ئىدى. ئىبراھىم ئىسمائىل قولغا چۈشۈپ قالغان چاغلاردا نۇرمۇھەممەت مۆمىن تۈرمىدە بولۇپ قالدى. ئەگەر تۈرمىدە بولمىغان بولسا ئىدى، خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ قانچىلىك ۋەھشىي، ئادەم سانىنىڭ قانچىلىك

كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جان-جىگەر ئاغىنىسىنى جان تىكىپ قوغدىغان، تاك قىلىپ چەكتۈرمىگەن بولاتتى.

خىتاينىڭ بۇ ئائىلىدىن ئەنسىرەيدىغان يەنە بىر تەرىپى، قورقۇمسىز، ئۆلۈمگە پىسەنتمۇ قىلمايدىغان يەتتە چىناردەك ئوغۇلنىڭ بولغانلىقى، شۇنداقلا بۇلاردىكى ئىمان-ئېتىقادنىڭ كۈچلۈكلۈكى، خىتاينى قىلچە مەنسىتمەسلىكى، بۇ زېمىننىڭ ھەقلىق ئىگىسى مەن دەيدىغان بىر خىل ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنىڭ بولغانلىقى ئىدى. خىتاينىڭ بۇ ئائىلىدىن بەك ئەندىشە قىلىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب، نۇرمۇھەممەت مۆمىنىنىڭ مەدرىسە ۋە مەكتەپ ئېچىپ بالا ئوقۇتۇشى، يەنى ئۆز دىنىي ئېتىقادىنى ياخشى بىلىدىغان بىر ئەۋلاد ياشلارنى تەربىيەلىمەكچى بولغانلىقى ئىدى.

گەرچە غۇلجا 5-فېۋرال نامايىشىنى باھانە قىلىپ خىتاي مۇشۇ بىر دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۇن مىڭلارچە ياشنى تۇتقۇن قىلغان بولسىمۇ، ئەمما مۆمىنجان ئۆمەر ئائىلىسىگە قارىتىلغان تۇتقۇننى 1992-يىلىلا باشلاپ بولغان ئىدى.

مۆمىنجان ئائىلىسىنىڭ چوڭ ئوغلى نۇرمۇھەممەت مۆمىن، 1956-يىلى غۇلجا شەھەر ئۇچئۇن يېزىسى توخۇچىيۈزى كەنتىدە تۇغۇلغان. خىتاي 1980-يىللاردىن كېيىن بىر مەزگىل ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئۇيغۇر خەلقىگە دىنىي جەھەتتە بەزى ئەركىنلىكلەرنى بەرگەن مەزگىللەردە، ئۇ ئالدى بىلەن غۇلجىدىكى داڭلىق دىنىي ئۆلىما ئابلەت قارىھاجىمنىڭ قولىدا قۇرئان دەرسى ئالدى. غۇلجىدىكى ئىسمائىل قارى ھاجىم بىلەنمۇ كۆپلىگەن ھەمسۆھبەتتە بولدى ۋە بۇ زېھنى ئوچۇق ئىلغار دىنى زاتتىن كۆپلىگەن بىلىملەرنىمۇ ئالدى. ئاندىن ئۇ تەرىپى خوتەن، قەشقەر، ئاتۇش؛ بۇ تەرىپى

تۇرپانغىچە بولغان يۇرتلارنى كېزىپ، دىنىي بىلىملىرىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ ماڭدى. ئاندىن تۇرپاندىكى داڭلىق دىنىي ئۆلىما شاھىمەردان داموللامدا، كېيىن يەنە قەشقەر قاغىلىقتىكى ئابلىكىم مەخسۇم ھاجىمدا دىن ئوقۇدى. بۇ جەرياندا تۇرپان ۋە قاغىلىققا يىغىلغان شۇ دەۋردىكى ئالدىن كۆرەر، مىللەتنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئويلىنىدىغان ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق نۇرغۇنلىغان دىنىي ئۆلىما ۋە ئالىملار بىلەن تونۇشتى ۋە پىكىر ئالماشتۇردى. بارىن ئىنقىلابىنىڭ سەركەردىسى زەيىنىدىن يۈسۈپ بىلەن تونۇشۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەقدىرى ھەققىدە كۆپلىگەن ئويلىنىشلاردا بولدى. ئۇلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممە يېرىدە بىرلا ۋاقىتتا ئىنقىلاب مەشئىلىنى ياندۇرۇش پىلانلىرىنى تۈزۈشكەن ئىدى. بۇ جەرياندا نۇرمۇھەممەت مۆمىنىنىڭ ۋەتەن، مىللەتكە بولغان سۆيگۈ-مۇھەببىتى تېخىمۇ ئېشىپ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا بولغان نەپرىتى تېخىمۇ ئۇلغايغان ئىدى. ئۇ 1989-يىلى قاغىلىقتىكى ئابلىكىمخان مەخسۇمنىڭ مەدرىسى تاقالغاندىن كېيىن، غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن.

نۇرمۇھەممەت مۆمىنىنىڭ سىياسىي ھاياتى ئۇ تېخى 18 ياشقا توشماي تۇرۇپلا باشلانغان. ئەينى يىللاردا نۇرمۇھەممەت مۆمىن 17 يېشىدا خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى غۇلجىدا قۇرۇلغان زەنجىر تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەن. كېيىنكى چاغلاردا بولسا ئۇنىڭ توخۇچىيۈزى يېزىسىدىكى چوڭ جەمەتى مەيلى بارىن ئىنقىلابىدا بولسۇن، مەيلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدە بولسۇن، خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى قوراللىق پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىپ قاچقان ئەزىمەتلەرنىڭ پاناھگاھىغا ئايلانغان. 1991-يىلى بۇ شەرقىي تۈركىستان جەڭچىسى خۇددى نورمال كىشىلەرگە ئوخشاشلا خىتاينىڭ گۇاڭجۇ ئۆلكىسىگە كىرىپ پىلاستىنكا سودىسى قىلدى. بەزىدە يازدا باغ ئېلىپ

قىشتا باققالچىلىق قىلىدىغان باغۋەنمۇ بولغان. ھايات تاكى 1992-يىلىغا قەدەر نورمال داۋام قىلماقتا ئىدى. 1992-يىلى 2-ئاينىڭ 19-كۈنى نۇرمۇھەممەت مۆمىن، ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ سىڭلىسىنىڭ تويىغا قاتنىشىپ قايتقاندا غۇلجا ناھىيەسىنىڭ ساقچىلىرى ئۇنى يول ئۈستىدىلا قولغا ئالدى.

1992-يىلى يۈز بەرگەن بانكا بۇلاش ۋە ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن ئاپتوبۇس پارتلىتىش ۋەقەلىرىنى سادىر قىلىپ قاچقان كۈچا، قارا شەھەرلىك، پارتىزان جەڭچىلەر نۇرمۇھەممەت مۆمىننىڭ ئۆيىگە كېلىپ پاناھلانغان بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن نۇرمۇھەممەت مۆمىن سەككىز يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدى. نۇرمۇھەممەت مۆمىنگە يەنە قورال-ياراق توشىغان ۋە پارتىزان تەربىيەلىگەن دېگەن جىنايەتلەرمۇ ئارتىلغان. نۇرمۇھەممەت مۆمىن تۈرمىگە تاشلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قالغان قېرىنداشلىرى ئىبراھىم ئىسمائىلنى ھىمايىسىگە ئالغان.

1995-يىلى غۇلجا شەھىرىدە قانات يايغان مەشرەپ ھەرىكىتىدە نۇرمۇھەممەت مۆمىننىڭ ئالتە قېرىندىشى، يوشۇرۇن دىنىي دەۋەت خىزمەتلىرى ئارقىلىق زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ھاراق-شارابقا خۇمار بولۇپ قالغان ياشلارنى قۇتۇلدۇرۇش ئىشلىرىدا ئالدىنقى سەپتە خىزمەت قىلدى. بۇنىڭ بىلەن توخۇچىيۈزىدىكى بۇ جەمەت خىتاي ھاكىمىيىتى نەزىرىدە تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان سىرلىق بىر تەشكىلاتتەك بىلىنىشكە باشلىدى. نۇرمۇھەممەت مۆمىننىڭ ئابدۇرېزاق مۆمىن ۋە مۇتەللىپ مۆمىن ئىسىملىك ئىككى ئىنىسى غۇلجىدىكى مەشھۇر دىنىي ئۆلىما ئابلەت قارىھاجىمنىڭ 1986-يىللىرىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى. يۇقىرىقىدەك بىر قاتار جەريانلار سەۋەبىدىن خىتاي بۇ كىشىلەرنى ھېچقانداق سەۋەبسىزلا تاراۋى نامىزى

ئوقۇۋاتقان يەرلىرىدىن تۇتۇپ كېتىپ، يەنە ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن قويۇپ بېرىپ دېگەندەك قىلىپ يۈرەتتى.

1996-يىلىنىڭ باشلىرى خىتاي ساقچىلىرى ئابدۇرېزاق مۆمىننى ھېچقانداق سەۋەبسىزلا ئەكىرىپ كېتىپ بىر يىل تۈرمىگە تاشلىدى. 1997-يىلى 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشى بولغان كۈنى دەل رامىزاننىڭ 27-كۈنى ئىدى. بۇنىڭدىن بىرەر ھەپتە ئىلگىرى مۆمىنجان ئۆمەر ئاكا تۈرمىدىكى ئوغلى ئابدۇرېزاقنى ھېيتنى بىز بىلەن بىرگە ئۆتكۈزسۇن دېگەن مەقسەتتە، خىتاي ساقچىلىرىغا 10 مىڭ يۈەن كاپالەت سوممىسى تۆلەپ، ئۆيگە كېپىللىككە ئېلىپ چىققان ئىدى. ئۇنىڭغىچە ئابدۇخېلىل ئابدۇمىجىت باشچىلىقىدىكى غۇلجا ياشلىرى 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشىغا، يەنى ئۇلارنىڭ ئېغىزى بىلەن ئېيتقاندا ئاشكارا دەۋەتكە چىقتى.

غۇلجىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى خۇددى ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن دەۋرىدىكىدىنمۇ بەتتەر كەسكىن بولۇشقا باشلىغان ئىدى. كېچە-كېچىلەردە خىتاي ساقچىلىرى ئاپشارىكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆي-ئۆيلەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، ياشلارنى تۇتقۇن قىلىشقا باشلىغان ئىدى. 3-فېۋرال كۈنى خىتاي ساقچىلىرى مۆمىنجان ئۆمەر ئاكىنىڭ نەۋرىسى نۇرمۇھەممەت مۆمىننىڭ قىزى مەۋلۇدەنى تۇتۇپ كەتتى. شۇ كۈنى يەنە ئابدۇرېزاق مۆمىننىڭ ئۇستازى ئابلەت قارىھاجىمنى تۇتقۇن قىلدى. غۇلجىدىكى داڭلىق مۆتىۋەر دىنىي ئۆلىما، ئىلى خەلقىنىڭ دىنىي يېتەكچىسى ئابلەت قارىھاجىمنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى، خىتاينىڭ غۇلجىدا بىر قارا تېررورنى باشلايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشى بولۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، يەنى 8-فېۋرال كەچ، مۆمىنجان ئۆمەر ئاكا ئائىلىسىدىكىلەر بالا-چاقا، كېلىن، نەۋرە ھەم ئايەم قىلماقچى، ھەم ئوغلى ئابدۇرېزاقنىڭ كېپىللىككە

چىققانلىقىنى تەبرىكلىمەكچى بولۇشۇپ جەم بولۇشقان ئىدى. ئائىلە ئەزالىرى ئىپتار قىلىپ، دۇئالىرىنى ئوقۇپ بولۇشۇپ خۇپتەن نامىزىغا تەرەت ئېلىشقا تەرەددۇت قىلىشىۋاتقان ئىدى.

تۇيۇقسىز قورۇغا يەتتە ـ سەككىز ساقچىنىڭ كىرىپ كېلىشى ۋە ئابدۇرېزاقنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ ئېلىپ مېڭىشقا تەمشىلىشى، بۇ قورۇدا ئۇزۇندىن بۇيان ناھايىتى ئاز كۆرۈلگەن خۇشاللىقلارنى بەربات قىلىۋەتكەن ئىدى. بۇ ئارىلىقتا مۆمىنجان ئۆمەرنىڭ خانىمى خەلىمە ھاشىر يۈگۈرۈپ كېلىپ ساقچىلارنىڭ ئالدىنى توستى ۋە: «نەگە ئېلىپ ماڭىسىلەر بالامنى؟ بىز تېخى بىرقانچە كۈن ئىلگىرى 10 مىڭ سوم تاپشۇرۇپ، ئوغلۇم بىلەن ھېيتنى بىرلىكتە ئۆتكۈزەيلى دەپ كېپىللىككە ئېلىپ چىقمىدۇقمۇ؟» دېگەندە، ساقچىدىن بىرى ھەلىمە ھاشىر ئانىنى بىر تېپىپ سۇپىنىڭ ئۈستىدىن يەرگە يىقىتىۋەتتى. ئانىسىغا قىلىنغان بۇ قوپاللىققا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئالتە ئوغۇل ساقچىلارنىڭ ئالدىغا ھۈرپىيىپ كېلىشتى. ئابدۇجاپپار مۆمىن قولىغا چەيدودىن بىرنى ئېلىپ ساقچىلارنى قوغلاشقا باشلىدى. بۇ ئەسنادا مۆمىنجان ئاكا خۇپتەنگە تاھارەت ئېلىپ ئۆي تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقاندا، ئابدۇجاپپارنىڭ چەيدو بىلەن قوغلىشىدىن قاچقان خىتاي ساقچىلىرى مۆمىنجان ئاكىنى ئېتىۋەتتى. ئارقىدىن دەرۋازىدىن كىرىۋاتقان ئابدۇلمۇخسىننى ئېتىۋەتتى. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن باشقا ئوغۇللار قوللىرىغا چەيدو ـ قىڭراق دېگەنگە ئوخشاش نەرسىلەرنى ئېلىپ ساقچىلارغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە باشلىدى. ئەسلىدە، ئابدۇرېزاقنى ئىلى ئوبلاستلىق ساقچىدىكى ئەنۋەربېك دېگەن قازاق ساقچىدىن كېپىللىككە ئېلىپ چىققان بولۇپ، بۇ ئەنۋەربېك ساقچى باشلاپ ئابدۇرېزاقنى قايتا تۈرمىگە ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كېلىشىدىكى سەۋەب مۇنداق ئىدى:

غۇلجىدا 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشى بولغاندىن كېيىن، شۇ كۈنى نامايىشقا چىققان ۋە چىقمىغان بارلىق ياشلاردىن بولۇپ مىڭغا يېقىن كىشىنى قولغا ئالغاندىن باشقا، 6-فېۋرال كۈنى ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋە پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسىگە چېتىشلىق دەپ، يەنە نۇرغۇن ياشلارنى قولغا ئېلىپ، غۇلجا كوچىلىرى قۇرۇقدىلىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، خىتاي 5-فېۋرال نامايىشىدىن ئىلگىرى ئابدۇخېلىل مىجىت قاتارلىق 5-فېۋرال سەركىلىرىنىڭ مەشرەپ ئويناش ئارقىلىق دىنىي تەبلىغ قىلىشى ۋە ئىسلام دىنىغا تايىنىپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئاق تاماكا ۋە هاراق-شارابنى تاشلاش هەرىكەتلىرىنىڭ ئارقىسىدا، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ هەرقايسى ناهىيە-شەهەرلىرىدىكى ئابلەت قارىهاجىغا ئوخشاش دىنىي زاتلارنىڭ قولى بار دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، ئىلى ئوبلاستى، ئىلى ۋىلايىتى ۋە غۇلجا شەهرىدىن جىددىي هۆججەت چىقىرىپ، ئىلى ۋىلايىتى دائىرىسىدە تەسىرى زور بولغان بارلىق دىنىي زاتلارنى دەرهال قولغا ئېلىشنى بۇيرۇق قىلغان ئىدى. مانا بۇ سەۋەبتىن خىتايلار ئەن چۈجاڭ دەپ ئاتايدىغان ساقچى ئەنۋەربېكنىڭ تېخى بىرقانچە كۈن ئىلگىرىلا 10 مىڭ يۈەنگە بىر ئايلىق كېپىللىككە قويۇپ بېرىلگەن ئابدۇرېزاقنى قايتا تۈرمىگە ئەكېتىش ئۈچۈن بۇ ئائىلىگە كېلىشكەن ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، 1997-يىلى 2-ئاينىڭ 8-كۈنى (يالغان ئايەم كۈنى)، يەنى غۇلجا 5-فېۋرال نامايىشى يۈز بېرىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، غۇلجا شەهەر ئۈچئۈن خۇيزۇ يېزا توخۇچىيۈزى كەنتىدىكى ئۆمەرجان مۆمىن قورۇسىدا ساقچىلار بىلەن بۇ ئائىلىدىكى كىشىلەرنىڭ توقۇنۇشى قانلىق قىرغىنچىلىققا يۈزلەندى. هاياتىنى خىتايغا قارشى كۈرەشلەر بىلەن ئۆتكۈزگەن بۇ ئائىلىدىكى ئالتە ئوغۇل خىتاي ساقچىلىرىغا بوزەك بولۇپ قالمىدى. بىرقانچە ساقچىنى چاناپ ئۇ مەشھۇر ئەن چۈجاڭ

دەيدىغان ئەنۋەربېكنىڭمۇ قولاقلىرىنى چانىۋەتتى. بۇ قورۇدىن ئاران قېچىپ چىققان خىتاي ساقچىلىرى دەرھال تېلېفون قىلىپ ياردەم تەلەپ قىلدى. خىتاي ساقچى ۋە ئەسكەرلىرى دائىملىق ئادىتى بويىچە، بۇ كىچىككىنە بىر توقۇنۇش ئۈچۈن 40 ماشىنا ئەسكەر ئەۋەتىپ توخۇچىيۈزى كەنتى، ئۈچئۈن يېزىسى، شۇنداقلا غۇلجا ناھىيەسىگە تۇتىشىدىغان يوللارنى قامال قىلدى.

توقۇنۇش جەريانىدا مۆمىنجان ئاكىنىڭ «ئەسكەرلىرى» خىتاي ساقچىلىرىنىڭ قولىدىكى قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ، ساقچىلار بىلەن باتۇرلارچە ئېتىشىپ، ئاپتوبۇس ۋە ساقچى ماشىنىلىرىنى ئۆرۈپ ئوت قويىۋەتكەن. سىرتتىكى قوراللىق ساقچىلار بولسا، ئۆي ئىچىگە قارىتىپ قالايمىقان ئوق ئېتىشقا باشلىغان. ئۆينىڭ دېرىزىلىرى چېقىلىپ، تاملار ئۆتمە تۆشۈك بولۇپ كەتكەن.

تاڭ ئاتقىچە داۋاملاشقان ئېتىشىشتىن كېيىن، 1997-يىلى 2-ئاينىڭ 9-كۈنىدىكى توخۇچىيۈزى بىر قاباھەتلىك سەھەر بىلەن ئويغاندى. پۈتۈن يېزا-كەنت خەلقى ئۆيلىرىدىن تالاغىمۇ چىقالمىغان بولۇپ، جىددىي تىنتىش ۋە ئاختۇرۇش باشلىنىپ كەتكەن ئىدى. غۇلجا ناھىيەسى بىلەن غۇلجا شەھىرى، شۇنداقلا ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق سەككىز ناھىيە بىر شەھەرگە قارىتا جىددىي ھەربىي ھالەت يولغا قويۇلغان ئىدى. ئۆمەرجان مۆمىننىڭ قورۇسى قان ئىچىدە قالغان بولۇپ، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان باتۇر ۋە جەسۇرلۇقى بىلەن خىتاينىڭ بۇ يېزىدىكى ھاكىمىيىتىنى مەنسىتمەي كەلگەن مۆمىنجان ئۆمەر، مۇسەللىم مۆمىن، مۇتەللىپ مۆمىن، ئابدۇرېزاق مۆمىن، ئابدۇلمۇھسىن مۆمىن، جاپپار مۆمىن، ئابدۇلئەھەد مۆمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئايەملەپ كەلگەن بىر تۇغقىنى دىلشات قاتارلىقلارنىڭ جەستى قېرىلىرىنىڭ جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇقىدا قار-مۇز قاپلىغان قورۇ ئىچىدە سوزۇلۇپ ياتاتتى.

فېۋرالنىڭ ئاچچىق سوغۇقىنى چىلىڭ قۇچاقلىغان ئاپئاق قارلار قىزىل رەڭدە بويالغان ئىدى.

ھەلىمە ھاشىرئانا، كېلىنلەردىن مېھمانقىز (نۇرمۇھەممەت مۆمىنىنىڭ ئايالى)، مەريەمبۈۋى، مۇبارەم قاتارلىقلار غۇلجا ناھىيەسىنىڭ يەر ئاستى تۈرمىسىگە سولاندى. بۇنىڭ ئىچىدە كىمنىڭدۇر بىرىنىڭ پۇتىغا ئوق تەگكەن ئىدى.

مېھمانقىز ئالتە ئايدىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى. مەريەمبۈۋى بىلەن مۇبارەم بەش ئايدىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى. بۇ ئۈچ ئانا غۇلجا ناھىيەسىنىڭ يەر ئاستى تۈرمىسىدە ئالتە ئاي يېتىش جەريانىدا، ئۈستۈنكى قەۋەتكە سولانغان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئېغىر تەن جازاسى ۋە قىيىن-قىستاققا چىدىماي ۋارقىرىغان، چىرقىرىغان نالىلىرى ئىچىدە يۈرەكلىرى لەختە بولۇپ، ئالتە ئاينى خۇددى ئالتە يىلدەك ئۆتكۈزگەن. مېھمانقىز تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن بىردىن بىر ئوغلى ئابدۇلۋەكىلگە: «جېنىم بالام ھەرگىزمۇ خىتاينىڭ قولىغا تىرىك چۈشۈپ قالما. تىرىك چۈشكەندىن ئۆلار بىلەن ئېتىشىپ بىر خىتاي ئەسكىرىنى بولسىمۇ ئۆلتۈرۈپ شېھىت بولغىنىڭ، تىرىك قولغا چۈشۈش يولىنى تاللىما، چۈنكى مەن ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىمكى، تىرىك قولغا چۈشكەنلەرنى ۋەھشىلىك بىلەن قاتتىق قىينايدىكەن. كىچىك دادىلىرىڭنىڭ نېمە ئۈچۈن خىتايلار بىلەن ئېتىشىش يولىنى تاللىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى مەن تۈرمىدە يېتىش جەريانىدا بىلدىم» دېگەن.

70 ياشقا تاقاپ قالغان ھەلىمە ھاشىر ئانىنى «پەرزەنتلىرىنى خىتايغا قارشى تەربىيەلىگەن، كۈشكۈرتكەن، قولىغا چەيدو تاشلاپ بەرگەن» دېگەن جىنايەت بىلەن غۇلجا ناھىيەسىدىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوچۇق سوت ئېچىپ ئىككى يېرىم يىل كەسكەن. ھەلىمە ھاشىر ئۈرۈمچى باجاخۇ تۈرمىسىدە ياتقان.

ئەينى چاغدا باجاخۇ تۈرمىسىگە ئۇنى يوقلاش ئۈچۈن بارغان بىر تۇغقىنىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، تۈرمە ساقچىلىرى بۇ ئانىنىڭ چاچلىرىنى چۈشۈرۈپ تونۇيالماس ھالەتكە ئەكېلىپ قويغان.

ھەلىمە ھاشىر ئانا ئىككى يېرىم يىللىق تۈرمە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، 1999-يىلى 8-ئاينىڭ 7-كۈنى تۈرمىدىن چىقىپ ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتى توخۇچىيۈزىگە قايتىپ كەلگەن. ئۇ تۈرمىدىن چىققانىدا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەن ھايات قالغان قىزلىرى كۆز يېشى قىلغانىدا بۇ ئانا: «ھەرگىز يىغلىماڭلار، بۇلارغا ھەرگىزمۇ كۆز يېشىمىزنى كۆرسەتمەسلىكىمىز كېرەك» دەپ خىتاي تۈرمە خادىملىرىنى شەرەت قىلغان. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، ئائىلىسىدىكىلەرگە، ئۆزىنى تۈرمىدىكى جىنايەتچىلەرنى ئىشلىتىدىغان سېخلاردا پوپايكىلارنىڭ ئالدىغا گۈل تىكىشكە سالغانلىقىنى، يىڭنىگە يىپ ئۆتكۈزەلمەي قىينالغانىدا، شۇنداقلا خىتايچە گەپنى چۈشەندۈرەلمەي قىينالغانىدا، گۇندىپايلار تەرىپىدىن قاتتىق تاياق يېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن. بۇ قەيسەر ئانا 2003-يىلى 10-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا توخۇچىيۈزى يېزىسىدا ۋاپات بولغان.

ئەمما بۇ ئائىلىدە مۇنداق بىر مۆجىزىمۇ يۈز بەرگەن. فېۋرالنىڭ قاتتىق سوغۇقىدىمۇ بەتتەر خىتاي جاللاتلىرىنىڭ قارا تېررورلۇق تۇتقۇنى باشلانغان بۇ كېچىدە، ئۆي ئىچىدىكى بۆشۈككە بۆلەپ قويۇلغان سەككىز ئايلىق بىر بوۋاقنىڭ يىغا ئاۋازى ئىمتاس توخۇچىيۈزى يېزىسىنىڭ كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇۋەتكەن. شۇ كۈندىكى قاتتىق ئېتىششلاردا، بۇ قورۇدىكى بارلىق ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرى چېقىلىپ، تاملىرى ئۆتمە-تۆشۈك بولۇپ، بۇ بوۋاق ياتقان بۆشۈكنى چاچرىغان قان بىلەن بۇلغىۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بوۋاققا ئوق تەگمىگەن. بۇ شېھىت ئابدۇرىزاق مۆمىنىنىڭ

ئوغلى ئىدى. ئۇ ھازىر 24 ياشقا كىردى. ئۇنىڭ ئىسمى ئابدۇراخمان بولۇپ، ئۇ 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ يادنامىسى، شۇنداقلا توخۇچىيۇزى قانلىق قىرغىنچىلىقىنىڭ تىرىك شاھىتى سۈپىتىدە ھازىرمۇ توخۇچىيۇزىدە ياشىماقتا.

توخۇچىيۇزى قانلىق قىرغىنچىلىقى يۈز بەرگەندىن كېيىن، توخۇچىيۇزىدىكى كومپارتىيەنىڭ سادىق شۇجى ۋە ساقچىلىرىنىڭ كۆزىمىزگە قادالغان بىر مىختىن، يەنى مۆمىنجان ئۆمەر ئائىلىسىدىن قۇتۇلدۇق دەپ بايرام قىلغانلىقى مەلۇم.

1992-يىلى سەككىز يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بۇ ئائىلىنىڭ ئەڭ چوڭ ئوغلى نۇرمۇھەممەت مۆمىن، جازا مۇددىتىنى توشقۇزۇپ 2000-يىلى 2-ئاينىڭ 19-كۈنى تۈرمىدىن چىققان بولسىمۇ، ئۇنى 2002-ۋە 2003-يىللىرى ئەتراپىدا «بالا ئوقۇتتۇڭ» دېگەن باھانە بىلەن يەنە ئۈچ يىل كەسكەن. شۇنداق قىلىپ، جەمئىي 11 يىللىق ھاياتىنى خىتاي تۈرمىسىدە ئۆتكۈزگەن نۇرمۇھەممەت مۆمىننىڭ ھازىر ئىز-دېرىكى يوق. بەلكىم ئۇ ھازىر جازا لاگېرلىرىدا ياكى ئىچكىرىگە يۆتكەلگەن جىنايەتچىلەر ئارىسىدا بولۇشى مۇمكىن.

### توخۇچىيۇزى قانلىق قىرغىنچىلىقىنىڭ تىرىك شاھىتى ئابدۇلۋەكىل نۇرمۇھەممەت

پارتىزان ئابدۇلۋەكىل 1978-يىلى 4-ئاينىڭ 4-كۈنى غۇلجا ناھىيە ئۈچئۈن خۇيزۇ يېزىسى توخۇچىيۇزى كەنتىدە خىتايغا قارشى كۈرەشچان بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. پارتىزان ئابدۇلۋەكىل، توخۇچىيۇزى كەنتىدىكى خىتايغا قارشى كۈرەشلىرى بىلەن ئېلى ۋادىسىدا داڭ چىقارغان ۋە 1997-يىلى قۇربان

ھېيتىنىڭ ھارپا كۈنىدە، شۇنداقلا 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشى بولۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن يۈز بەرگەن «توخۇچىيۈزى قانلىق قىرغىنچىلىقى»دا قىربۇېتىلگەن مۆمىنجان ئۆمەر جەمەتىنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، بۇ ئائىلىنىڭ چوڭ ئوغلى، شېھىت ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ ئەڭ يېقىن ئىنقىلابى سەپدىشى نۇرمۇھەممەت (نۇرتاي) مۆمىنىنىڭ كەنجى ئوغلى.

ئابدۇلۋەكىل، 5-فېۋرال پارتىزانلىق كۈرەشلىرىدە بىردىنبىر ئامان قالغان، ھازىر چەتئەلدە ياشاۋاتقان پارتىزان.

5-فېۋرال غۇلجا ئىنقلابى يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىدىكى مەشرەپ ھەركىتى مەزگىللىرىدە ئابدۇلۋەكىل 15-16 ياشلاردا بولۇپ، ئەمىر ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ ئەڭ كىچىك پارتىزانى ئىدى. «توخۇچىيۈزى قىرغىنچىلىقى» يۈز بەرگەندە ئۇ ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ ئامان قالغان، نەق مەيداننى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن تىرىك شاھىتلارنىڭ بىرى. ئۇ شۇ چاغدا تەخمىنەن 18 ياشتا ئىدى. ئۇ شۇ كۈندىكى قىرغىنچىلىقتا ئۆزىگە قاتتىق تەسىر قىلغان نەق مەيداندىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋاللارنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئەنۋەربېك ۋە ئۇ باشلاپ كەلگەن يەتتە-سەككىز ساقچى بىلەن بولغان توقۇنۇشتا، قولاقلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ۋە ئېغىر يارىلانغان بۇ دەيۈزلەر مەھەللىگە قېچىپ چىقىپ ياردەم تەلەپ قىلغاندىن كېيىن، ياردەمگە ساقچىلار كەلگۈچە مەن، تۇغقىنىمىزنىڭ ئوغلى دىلشاتكام ۋە دادامنىڭ ئىنىسى ئابدۇرىزاق ئاكام ئۈچىمىز ئۆگزىگە چىقىۋالغان ئىدۇق. خىتاي ساقچىلىرى بۇ قورۇدا قورال بار دەپ ئويلاپ يېقىنلىشالمىغان ئىدى. بۇ تۈن نىسپى بولغان چاغ ئىدى. ئابدۇرىزاق ئاكام: ‹دىلشات جىمىپ كەتتىغۇ قاراپ باقە› دېدى. مەن ئۆگزىنىڭ ئۈستىنى بېغىرلاپ

دىلشاتكامنىڭ يېنىغا بارسام، ئۇ ئاللىقاچان ئۆگزىدىكى تۇرخۇنغا يۆلەنگەنچە شېھىت بولۇپ كەتكەن ئىكەن. مەن قايتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا: «دىلشاتكام شېھىت بولۇپ كېتىپتۇ» دېدىم. بۇ گېپىمنى ئاڭلىغان ئابدۇرېزاق ئاكام، «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ توۋلىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشى بىلەنلا، پەستىكى خىتاي ئەسكەرلىرى ئۇنىڭغا قارىتىپ بىر تىزىق ئوقنى تاتاتلىتىپ ئېتىشقا باشلىدى. دەل بىر تىزىق ئوق ئۇنىڭ مەيدىسىگە كېلىپ تەگكەندە، ئۇنىڭ بەدىنى ھاۋاغا بىرەر مېتىردەك كۆتۈرۈلۈپ كەتتى ۋە قايتا ئۆگدىسىغا چۈشتى. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تىنىقى «ئەشھەدۇ ئەن لائىلاھە ئىللاللاھ» دېگەن شاھادەت بىلەن توختىدى. ئەتىسى مەھەللىدە يەتتە يەرلىك قېزىلدى. يەرلىكنى ئەسكەرلەر ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ بېشىغا مىلتىق تەڭلەپ تۇرۇپ كولاتتى. ئىككى مېيىت تاۋۇتقا سېلىنغان، قالغان بەش مېيىت ھارۋىغا بېسىلغان ھالەتتە يەرلىككە قويۇلدى. توخۇچىيۈزىدىن ناھىيە ۋە شەھەرگە بارىدىغان يوللار قاتتىق قامال قىلىندى. خىتاي قوراللىق ساقچى-ئەسكەرلىرى دېھقانلارنىڭ قوناق شاخلىرىدىن چازىلارنى قۇرۇپ، پىلموتلىرى بىلەن توخۇچىيۈزى يېزىسىنى قاتتىق تەقىب ئاستىغا ئالدى».

شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇلۋەكىل توخۇچىيۈزىنى تەرك ئەتتى. ئۇنىڭ مۈكۈنۈش ۋە قېچىش ھاياتى يەنە باشلاندى. ئۇ ئىشكىنى چەككەن دېھقانلارنىڭ بەزىلىرى: «بالام بىزنى ياشىغىلى قويغان بولساڭ» دېدى. بەزىلىرى دەرۋازىنى يۈزىگە يېپىۋەتتى. بەزى ئائىلىلەر ئۇنى ئۆز ئوغلى قاتارىدا باغرىغا باستى. ئانىلار غۇلجا ئۇسلۇبىدىكى پىلتا ئوچاقلارغا كۆمۈرنى بولۇشىغا سېلىپ، ئۇنىڭ مۇزلاپ قېتىپ، پۇتلىرىغا چاپلىشىپ كەتكەن پايپاقلىرىنى پۇتىدىن ئايرىپ قۇرۇتتى...

ئابدۇلۋەكىل «ئەمدى مەن تولگەشتىم» دېگەن چاغدا ئاللاھنىڭ يېڭى بىر ئۈمىد نۇرىنى بەندىلىرىگە بەخش ئېتىدىغانلىقىغا چەكسىز ئىشەنگەن جەڭچىلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئاجايىپ قىزىق، ئەگرى-توقاي ھايات ھېكايىلىرى بار. ئۇ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆز مەھەللىسىگە، ئۆز يېزىسىغا پاتماي، خىتاي تاشلىغان «ئاسماندا تور، يەردە قاپقان» ھەرىكىتىگە ئىلىشىپ قالاي دېگەندە، ئىشەنمەك تەس بولغان يېڭى بىر ئۈمىد نۇرى پەيدا بولۇپ، باشقىلارنىڭ پاسپورتىغا ئۇنىڭ رەسىمىنى چاپلاش ئارقىلىق، خىتاينىڭ ئىنتايىن قاتتىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدىغان چېگرالىرىدىن ساق-سالامەت ئۆتۈپ، ئاۋۋال دۇبەيگە، ئاندىن تۈركىيەگە، ئاندىن يەنە باشقا بىر جەڭگاھلارغا بېرىپ قېلىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر مۆجىزە.

ئابدۇلۋەكىل ئەينى يىللاردا چەكسىز كەتكەن غۇلجا ناھىيەسىنىڭ يېزا-يېزىلىرىدا قاتراپ يۈرۈپ ئېلىپ بارغان پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «سەپداشلىرىم ۋە ئاغىنىلىرىمدىن پەنجىمدىكى ئەمىن، خەمتلەر خىتاي تەرىپىدىن ئېتىپ تاشلاندى. ئۇلار بەك چوڭ بولسا 20 ياكى 21 ياشتا ئىدى. ئۇلار نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان قاسىم دېگەن ئاكتىپ خىتاي غالچىسى ساقچىنى بوغۇزلاپ، ئىسسىق جېنى بەدىلىگە ئۇيغۇر روھىنىڭ تېخى ئۆلمىگەنلىكىنى بىلدۈرگەن ئىدى. يەنە ئىككى ئاغىنەم ۋە سەپدىشىم مۇددەتسىز كېسىلدى، ئۇلار ھازىرغىچە خىتاي تۈرمىسىدە يېتىۋاتىدۇ. تۇرسۇنمەمەت ئىسلام ئىسىملىك مەن بىلەن بىر مەدرىسىدە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم بار ئىدى. ئۇنىمۇ خىتاي ئوچۇق سوت ئېچىپ ئاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئاللاھقا بولغان سەممىيىتى، ئەمرلەرگە بولغان ساداقىتىنى، بۇيرۇققا ۋە ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىدىغان،

ھەرقانداق ئېغىر قىيىن-قىستاق ئالدىدىمۇ سەپداشلىرىنى پاش قىلمايدىغان يېتىشكەن جەڭچىگە خاس روھنى نامايان قىلدى. نۇرغۇنلىغان قېرىنداش، سەپداش، دوست-بۇرادەرلىرىم خىتاي تۈرمىسىدە تۆت يىل، بەش يىل، ئون يىلدىن يېتىپ چىققانمۇ بولدى. ئەمما ئۇلار ھېچقاچان ئۆزلىرى قىلغان ئىشتىن پۇشايمان قىلىپ باققان ئەمەس. ھەممىمىز ئەمىر ئىبراھىم ئىسمائىل رەھمۇللاھنىڭ ئەسكەرلىرى ئىدۇق. يۇقىرىدىن بۇيرۇق كېلىپتۇ، دېسە تىك تۇراتتۇق. بۇ بۇيرۇق ئىبراھىم ئىسمائىل رەھمۇللاھتىن كېلەتتى. بىز ئىنتايىن تەشكىللىك ۋە ئىنتىزامچان ئىدۇق. ئەمىرنىڭ بۇيرۇقىغا ئىنتايىن ئىتائەت قىلاتتۇق. قورال-ياراق، ئوق-دورا ئالدىغانغا پۇل ھازىرلاش تەشۋىقاتنى يوشۇرۇن قانات يايدۇرۇش خىزمىتىدە، تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى تارقىتىش خىزمەتلىرىدە ناھايىتى جەڭگىۋار قىزلارمۇ بار ئىدى ئارىمىزدا. شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق جىھادى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان مەبلەغنى تەييارلاشتا ئۇلار ئۆزلىرى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان زىبۇ-زىننەتلىرىنى ئوتتۇرىغا تاشلىغان ئىدى.

ئەمىر ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ يۇقىرىسى قارىياغاچ يېزىسىدىن تاكى بايتوقاي، مازار ۋە سۈپتاي قاتارلىقلارغىچە بولغان 15 كە يېقىن يېزىدا تەسىر دائىرىسى ئىنتايىن زور ئىدى. مەن يېشىمنىڭ ئەڭ كىچىك بولۇشىغا قارىماي ئەمىر ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ تەشۋىقاتچىسى، شۇنداقلا ئىئانە توپلىغۇچىسى بولۇپ، تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى تارقىتىشقىمۇ مەسئۇل ئىدىم. ئەمىر ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ: «ئەمدى جېنىنى، مېلىنى ۋە ئىقتىسادىنى ۋەتەن، مىللەت يولىدا ئاتىمىغانلار بىزدىن ئەمەس» دېگەن چاقىرىقلىرىنى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ، ئۇلاردىن جاۋابلار ئېلىپ كېلەتتىم. ئەمىر ئىبراھىم ئىسمائىل غۇلجا شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلاردا بىر زەنجىرسىمان

باغ ھاسىل قىلىۋاتقان بولۇپ، موللا توختىيۈزلۈك زىيائىدىن خەلپىتىم، جىلىلىيۈزى بازىرىنىڭ يەكەن مەھەللىسىدىكى ئابدۇمىجىت ئاكا دەيمىز (ئابدۇمىجىت زىيائىدىن خەلپىتىمنىڭ ئاكىسى بولۇپ، ئەينى يىللاردا غۇلجىدا ناھايىتى يۈز تاپقان دىنىي زاتلاردىن ئىدى)، 1997-يىلى 6-ئاينىڭ 23-كۈنى ئەمىر ئىبراھىم ئىسمائىلدىن كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇمغا ئۆتۈش بۇيرۇقى كەلگەن كۈنگە قەدەر، بىز نۇرغۇنلىغان تەييارلىقلارنى قىلدۇق. پىچاق، چەيدو، خەنجەر ياسايدىغانلار نۇرغۇن پىچاق، چەيدو ۋە قىڭراقلارنى تەييار قىلدى. نۇرغۇنلىغان قېرىنداشلار قول بومبىلىرى ۋە سائەتلىك بومبىلارنى ياساپ تەييار قىلدى. ھامىمات، خەمىت دېگەنگە ئوخشاش چەتئەللەردە تەربىيەلەنگەن پارتىزانلارمۇ غۇلجا شەھىرىگە كىرگەن ئىكەن.

ئۇ چاغلار مېنىڭمۇ قاچقۇنلۇق ھاياتىم باشلانغان، ساقچىلار مېنى ئىزدەپ يۈرگەن مەزگىللەر ئىدى. بۇيرۇق بويىچە قېچىپ يۈرگەن جايىم پەنجىمدىن ئۆز تەۋەلىكىمگە كەلدىم. 6-ئاينىڭ 23-كۈنى خىتايغا قارشى كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات ۋەرەقىسى تارقىتىش، خىتايغا ئىشلەيدىغان مۇناپىقلارنى يوق قىلىش، شۇنداقلا تېلېفون، ئېلېكتىر كابېللىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش، ساقچىخانىلارغا ھۇجۇم قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق كەلدى. مەن ۋە مەن بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇۋاتقان ئالتە قېرىنداش شۇ كۈنى كېچىچە ئۆز زىممىمىزگە چۈشكەن تەشۋىقات ۋەرەقىسى تارقىتىش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىدۇق. چۈلۈكقاي، سۇپتاي، تار، پەنجىم، كېپەكيۈزى دېگەن مەھەللىلەردىكى باللار سەل بالدۇرراق چىقىپ، ساقچىلارنى بوغۇزلاش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان ئىدى. چۈنكى بۇ ساقچىلار ئۇيغۇر ياشلىرىنى خىتايغا تۇتۇپ بېرىش بەدىلىگە خىتاي تەرىپىدىن «ئىلغار ساقچى» دەپ باھالىنىپ، خورىكى ئىنتايىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى.

ئەمىر ئىبراھىم ئىسمائىلدىن كەلگەن جىددىي بۇيرۇقتا «ھەر بىر مەھەللىدە ئالتىدىن بالا قالسۇن، قالغان پارتىزانلار غۇلجا شەھەر ئىچىگە قاراپ يۈرۈش قىلىشى كېرەك، غۇلجا شەھىرىدىن تۆرملەرگە ھۇجۇم باشلىنىدۇ ۋە غۇلجا شەھىرى ئەتراپىدا قورال- ياراق تارقىتىلىدۇ» دېيىلگەن ئىدى. بىزگىمۇ قېرىنداشلار ئۆزلىرى ياسىغان ئاددىي پىلىكلىك قول بومبا-گراناتلارنى، ئۆزلىرى سوققان پىچاق، شۇنداقلا بېرە تالدىن تاپانچا تارقىتىپ بېرىلگەن ئىدى. قوناقلىقلار ئارىسىغا مۆكۈنۈپ يۈرۈپ سەھەرگە ئاز قالغان چاغدا غۇلجا شەھىرىگە يېقىنلاپ بارغان بولساقمۇ، لېكىن غۇلجا شەھىرىدىن ھېچقانداق شەپە چىقمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ «قاچقۇن»لۇق ھاياتىمىز يەنە باشلىنىپ كەتتى.

ئالتىنچى، يەتتىنچى ۋە سەككىزىنچى ئايدا سەھرالاردىكى قوناقلىقلار بىزنىڭ ئەڭ ياخشى پاناھگاھىمىز ئىدى. بىز بىرقانچە قېرىنداش (ئارىمىزدا بىر كۇچالىق قېرىندىشىمىزمۇ بار ئىدى) يوشۇرۇنغان بىر باغ ۋە قوناقلىقنى ساقچىلار قورشاپ كەلگەن چاغلاردا، قوناقلىقنىڭ ئىچىدە تۈرۈپ ساقچىلارنى كۆرگەن ۋە ئارىلىقىمىز يەتتە-سەككىز مېتىر بولغان چاغلار بولدى. قوراللىرىمىز بەك ئاددىي بولغانلىقى ئۈچۈن تازا ياخشى تەگمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئاتمىغان چاغلىرىمىز بولدى. ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن ئۇ بەدبەخلەرنىڭ قولىغىمۇ چۈشمەي ساق قالدۇق. بۇ پەقەت مېنىڭلا تارىخىم، ماڭا ئوخشاش مىڭلىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ يەنە خىتايغا قارشى نۇرغۇن كۈرەش ھېكايىلىرى بولۇشى مۇمكىن. قوناقلىقلاردا قېچىپ يۈرگەن چاغلىرىمىزدا ئاچ قالغان، تومۇز ئىسسىقلاردا ئۇسساپ چاڭقاپ كەتكەن چاغلىرىمىزمۇ بولدى. ئاپام مېھمانىقىز تالقان قورۇپ خالتىلارغا قاچىلاپ، قۇرۇتلارنى ياساپ مېنىڭ بىر ئاغىنەمدىن ئەۋەتىپتىكەن. شۇنداق ئانىلارمۇ ئۆتكەن، ئۆزىنىڭ بالىلىرىنى ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى يولىغا ئاتاپ، ئۆيدە

ئۈلتۈرۈپ ئارقىسىدىن دۇئا قىلىدىغان. شۇنداق پارتىزانلارمۇ بولغان ئايلارچە شۇ تالقانلارنى يەپ، سۇ بار يەرلەرگە چىقىپ سۇلارنى ئىچىپ، شۇنداق ياشاپ كۆچىنىڭ ئاجىز بولۇشىغا قارىماي، خىتايغا قارشى ھەرىكەتلىرىنى قەتئىي توختاتماي، ئۈمىدسىزلەنمەي ئۆتكەن.

چۇلۇقاينىڭ باللىرى ۋەزىيەتنى ئوروۇنلاپ بولغاندىن كېيىن، تاغلارغا قېچىپ چىقىپ، ساقچى ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەندە، تاغ چوققىسىدىن سەكرەپ يەنە تىرىك قېلىپ دېگەندەك... بولۇپمۇ 1997-يىلى پۈتكۈل تۈرمىلەر ئاشۇ قېرىنداشلىرىمىز بىلەن توشۇپ كەتتى. خەنبىڭلىق ئابدۇۋەلى دېگەن قېرىندىشىمىزمۇ ئىلى دەرياسى بويىدىكى بىر قورۇدا قورال-ياراق ياسىغان قېرىندىشىمىز ئىدى. ئۇ قېرىندىشىمىزمۇ قېچىپ يۈرۈپ ئاخىرى ماي گۈڭشىنىڭ مەمەيۈز دېگەن يېزىسىغا كېلىپ، ئەخمەتجان ئىسىملىك نەۋرە ئاكامنىڭ ئۆيىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئىدى. كېيىن ساقچى قورشاپ كېلىپ تۇتىمىز دېگەندە، ئۆزى ياسىغان گىراناتلىرىنى ئەسكەرلەرگە ئېتىپ، كۆپلىگەن خىتاي ساقچى-ئەسكەرلىرىنى يارىلاندۇرۇپ ۋە ئۆلتۈرۈپ، ئاخىرىدا ئۆزىمۇ شۇ توقۇنۇشتا شېھىت بولدى. ئۇ بۇرادىرىمىزنىڭ شۇ چاغدا بىر ئوغلى بار ئىدى. كېيىن خۇدىيار يۈزىلىق ساۋاقدىشىم، يەنى بىز بىر مەدرىسىدە ئوقۇغان تېيىپجان، مىسىردىن قورallıq تەلىم تەربىيە ئېلىپ غۇلجىغا كىرگەن ھامىمات ئىسىملىك بىر كاتتا پارتىزان بىلەن بىرلىكتە خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن ئېتىشىپ شېھىت بولدى.

1997-يىلى 2-ئاينىڭ 8-كۈنى بىزنىڭ چوڭ ئۆيدە «توخۇچىيۈزى قانلىق قىرغىنچىلىقى» يۈز بەرگەندىن كېيىن، مېنىڭ قاچقۇنلۇق ھاياتىم يەنە باشلاندى. نەگە قاچىمەن

دەيسىلەر؟ ھەممە يەرنى خىتاي ساقچى-ئاپشاركىلىرى ۋە ئەسكەرلىرى قاپلاپ كەتكەن تۇرسا. مېنى يەنە دادامنىڭ سەپداشلىرى ئەمەر ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ يېنىدىكى بۇرادەرلەر ئۆز يېنىغا ئالدى. تۇرپانيىۈزى، پەنجىم، روزىمەتيىۈزى، قارىياغاچ قاتارلىق جايلاردا مۆكۈپ يۈرۈپ، ئەمەر ئىبراھىم ئىسمائىل كۆرۈشمەكچى بولغان كىشىلەرنى چاقىرىپ بېرىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندىم. 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى يۈز بەرگەندىن كېيىن، تۈرمىلەر پۈتۈنلەي ئۇيغۇر ياشلىرى بىلەن تولۇپ كەتتى. قىيناش ئۇسۇللىرى ئىنتايىن ۋەھشىي بولۇپ، قىش كۈنىدىكى قاتتىق سوغۇقتا سەپداشلىرىمىزغا مۇزدەك سۇلارنى چاچتى. بىز ياشلار بۇنداق ناھەقچىلىككە چىداپ تۇرالماي، «بىز بۇيرۇق كۈتۈپ يېتىۋېرەمدۇق، تۈرمىلەرگە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ سەپداشلىرىمىزنى قۇتۇلدۇرمامدۇق؟» دەپ ئالدىرىغان چاغلىرىمىزمۇ بولدى.

بىر كۈنى ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ قوغدىغۇچىسى دادامنىڭ ئىنىسى ئابدۇجاپپار «توختاپ تۇرۇڭلار، مەن ئىبراھىم ئىسمائىل بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەي» دەپ كېتىپ، ئەتىسى قايتىپ كەلدى ۋە ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ ھازىرچە سەۋر قىلىشلىرىمىزنى ئۆتۈنگەنلىكىنى، چۈنكى ھازىر تازا قاتتىق قارا قىش سوغۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭ بىزگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى، يەرلەر كۆكىرىپ، قوناقلار ئادەم بويىدىن ئېگىز ئۆسكەن چاغلار ھۇجۇم ئۈچۈن ياخشى ۋاقىت ئىكەنلىكىنى، بۇنداق چاغدا يوشۇرۇنۇشقا شارائىت بولىدىغانلىقىنى، ئۇنداق قىلمىغاندا قاتتىق زىيان تارتىدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ، بىزگە تەسەللى بېرىپتۇ ۋە سەۋر قىلىشىمىزنىڭ كېرەكلىكىنى بۇيرۇپتۇ. شۇ چاغدا دادامتۇلۇق ئابدۇرېھىمجان ئىسىملىك بىر قەيسەر ئاكىمىز بار ئىدى. ئۇ ئاكىمىز ئاللاھ خالىسا يېقىندا تۈرمىلەرگە ھۇجۇم باشلايمىز، تۈرمىلەردىكى پۈتۈن ئەسىر قېرىنداشلىرىمىزنى قۇتۇلدۇرۇپ

چىقىمىز ئىنشائاللاھ، خالىسا بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ تۇرسۇن، دەپ چاقىرتىپتىكەن، مەنمۇ يوشۇرۇنۇپ تۇرغان جايىمدىن بارغان بولدۇم. مىڭ ئەپسۇس، بۇ قېرىنداشىمىز قورال بىلەن خىتاينىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، 2007-يىلى 5-ئايدا ئېتىلىپ كەتتى. ئەمىر ئىبراھىم ئىسمائىل تەربىيەلىگەن باللارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن خىتايىنى تىترەتكۈدەك ئىشلارنى قىلغان ئىدى.

# ئۈچىنچى باب

## ئەيدىز شەھىرىنى ئىنقىلاب شەھىرىگە ئايلاندۇرۇشتا تۆھپە قوشقان ئۇلۇغ دىنىي زاتلار ۋە تەقدىرى

تارىختىن بۇيان ئىشچان ۋە پاكىزلىقى، خۇشچاقچاقلىقى، مەدەنىيەتنى تېز قوبۇل قىلىدىغانلىقى ۋە مائارىپ جەھەتتە ئىلغارلىقى، شۇنداقلا 1944-يىلى غۇلجىدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى بولغانلىقىدەك غۇرۇر ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن ياشىغان غۇلجا شەھىرى، ھېچبىر زامان بۆگۈنكىدەك چۈشكۈن بىر شەھەرگە ئايلىنىپ قالمىغان ئىدى. غۇلجا شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخلاردىن بۇيان ھالال ئەمگىكى بىلەن ياشاپ كەلگەن بولۇپ، ھېچبىر زامان بۈگۈنكىدەك جىنايەتلەر ۋە گۇناھلار پاتقىقىغا پېتىپ قالمىغان ئىدى. بۇ گۈزەل، پاكىز، مەدەنىيەتلىك، خۇشچاقچاق، ئالمىزار شەھەرنىڭ ئاستا-ئاستا زەھەرلىك چېكىملىك شەھىرى، ئەيدىز شەھىرى، ئوغرى-قىمارۋازلار شەھىرى، ھاراقكەشلەر شەھىرىگە ئايلىنىپ قېلىشىۋاتقانلىقى، ھۆكۈمەتنىڭ بۇنداق ئىشلارغا قىلچە پەرۋا قىلماي، كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىۋاتقانلىقى، بۇ شەھەردىكى ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلار، ئالدىن بېيىغان سودىگەرلەر ۋە دىنىي زاتلارنى ئىنتايىن بىئارام قىلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئاخىرى غۇلجىنى مەركەز قىلغان ھەرقايسى ناھىيە-شەھەرلەردىكى دىنىي زاتلار، ئۆزلىرىنىڭ مىللەتنى بۇنداق ئەبگارلىقتىن قۇتۇل-

دۇرۇشتىكى باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشىنىڭ ۋاقتى ۋە سائىتىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئالدى بىلەن ئۇلار ئورنىدىن دەس تۇردى. ئۇلار ياشلارنى پەقەت ئىككى نەرسىگە تايىنىپلا قۇتۇلدۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى تولۇق تونۇپ يەتكەن ئىدى. بۇنىڭ بىرى ئىسلام دىنىغا قايتۇرۇپ ئەكېلىش، يەنە بىرى مەشرەپ ئىدى. ئۇنداقتا بۇنداق بىر ئېغىر مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغان دىنىي زاتلار كىملەر؟ بۇ زاتلار بىلەن تونۇشۇشتىن بۇرۇن شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي يولغا قويغان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈركىستاندا ئازراق بولسىمۇ ئازادىلىككە ئېرىشكەن، دىنىي ساھەنىڭ 1990-يىللاردىكى ئەھۋالىغا نەزەر سېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

خىتاي يولغا قويغان ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈركىستاندا، خىتاي دىنىي سىياسەتتىمۇ بىر ئاز يۇمشاپ، ھەرقايسى يۇرتلاردا دىنىي مەدرىسىلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشىغا ۋە بۇ مەدرىسىلەردە قارىم، دىنىي ئۆلىما، شۇنداقلا داموللاملارنىڭ يېتىشىپ چىقىپ ئىسلام دىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىغا مەلۇم دەرىجىدە يول قويغان ئىدى. بۇنداق مەدرىسىلەردىن ئەينى يىللاردا ئەڭ داڭلىق بولغانلىرى تۇرپان شەھىرىنىڭ قارىغۇجا يېزىسىدىكى شاھىمەردان داموللام مەدرىسسى ۋە قەشقەر قاغىلىقتىكى ئابلىكىمخان مەخسۇم مەدرىسسى ئىدى. تۇرپاندىكى شاھىمەردان داموللام مەدرىسسىدە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندىن جەمئىي 450 ئەتراپىدا ئوقۇغۇچى كېلىپ ئوقۇيدىغان بولۇپ، پۈتۈنلەي ياتاقلىق ئىدى. 1981-يىلى بۇ مەدرىسىگە دىنىي تەلىم-تەربىيە ئېلىش ئۈچۈن ئىلى ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي بەش ناھىيەسى ۋە غۇلجا شەھىرىدىن بولۇپ جەمئىي 84 كىشى ئوقۇشقا بارغان ئىدى.

غۇلجا ناھىيەسىنىڭ موللاتوختىيۈزى يېزىسىدىن كەلگەن شاكىرجان، ئابدۇغاپپار، زىيائىدىن، مۇھەممەت ئەمىن قاتارلىق تۆت كىشى بىر ياتاقتا ياتىدىغان بولۇپ، بۇلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر نوپۇسى ئىنتايىن زىچ ئولتۇراقلاشقان غۇلجا ناھىيەسىنى مەركەز قىلغان ھالدا، غۇلجىنىڭ ھەرقايسى يېزىلىرىدا ئىسلام دىنىنى توغرا تەشۋىق قىلىپ، ياشلارنى خىتاينىڭ پىلانلىق ھالدا ئېلىپ بېرىۋاتقان زەھەرلىك چېكىملىك، ھاراق-شارابقا خۇمار، ئەيدىزدىن يۇقۇملانغان خامۇش ياشلار قىلىپ ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ئاسسىمىلياتسىيە ۋە يوق قىلىش سىياسىتىدىن قوغداپ قېلىشتا ئىنتايىن مۇھىم روللارنى ئوينىدى ۋە ئىسسىق جانلىرىنى ئاتىدى.

شۇنداق قىلىپ، خىتاي 90-80 يىللار دىني سىياسەتنى بىر ئاز كەڭرى قويۇۋەتكەندەك قىلغاندا، تۇرپاندىكى شاھمەردان داموللامدا ئوقۇشقا بارغانلار ئىچىدە يەنە، غۇلجا شەھەر خۇدىيارىيۈزى (مەمەيۈزى)دىن ئىبراھىم ئىسمائىل، توخۇچىيۈزىدىن نۇرمۇھەممەت مۆمىن، غۇلجا ئالما بازارلىق ئابدۇۋايىت[3] ۋە غۇلجا شەھەر دۆڭ مەھەللە گۈللۈك مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابدۇشۈكۈر ھاجىم قاتارلىقلار بار ئىدى.

قەشقەر قاغىلىقتىكى ئابلىكىمخان مەخسۇمنىڭ مەدرىسىدە بولسا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن 500 گە يېقىن كىشى كېلىپ ئوقۇيدىغان بولۇپ، مۇنتىزىملاشقان ياتاقلىق مەكتەپ ئىدى. ئەينى يىللاردا ئابلىكىمخان مەخسۇمدا ئەڭ ئالدىنقى سەپتە ئوقۇۋاتقانلاردىن تۈركىيەدە ۋاپات بولغان ئابلىكىم مەخسۇم، غۇلجا بايانداي يېڭىيەرلىك ئابدۇرېشىت داموللام،

[3] ئابدۇۋايىت كېيىن غۇلجا شەھەرلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىدە ئىشلىگەن، «5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ھۆكۈمەت ئۈچۈن ئىنتايىن ئاكتىپ خىزمەت قىلغان. شۇنداقلا خىزمىتى ئۆسۈپ ئاپتونوم رايونغا يۆتكەپ كېتىلگەن

ئافغانىستاندا شېھىت بولغان ھەسەن مەخسۇم، ئىدرىسخان (ھازىرقى ئىسلام شۆيۈەنىگە مۇدىر بولغان)، خىتاينىڭ 1 ـ نومۇرلۇق ياللاقچىسىغا ئايلانغان رىقىپ خىتاي (تۇرپان پىچانلىق) قاتارلىقلار بار ئىدى. غۇلجا شەھىرىدىكى تەسىرى زور دىنىي ئالىملاردىن دۆگمەھەللىدىكى لۇتپۇللا قارىھاجىممۇ بار ئىدى.

### ئابدۇرېشىت داموللام

شۇنداق قىلىپ، تۇرپاندىكى شاھمەردان دامولللام ۋە قەشقەر قاغىلىقتىكى ئابلىكىمخان مەخسۇمدىن دەرس ئېلىپ 1991 ـ يىلى كۈزدە غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن، غۇلجا شەھەر بايانداي يېزا يېڭىيەر كەنتىدىكى ئابدۇرېشىت دامولللامنى يېڭى ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىلەر كۈتۈپ تۇراتتى. غۇلجىدىكى مىللەتنىڭ غېمىنى يەيدىغان سودىگەر، باي تىجارەتچىلەردىن تەشكىللەنگەن بىر گۇرۇپپا كىشى، ئالايتەن ئابدۇرېشىت دامولللامنىڭ ئۆيىگە چىقىپ، دامولللامنى غۇلجا شەھەر قارىدۆڭ يېزىسىدىكى مەسچىتكە ئىمام قىلىپ يۆتكەپ كېلىش تەكلىپىدە بولۇشتى. چۈنكى ئەينى چاغلاردا غۇلجا شەھەر قارىدۆڭ يېزىسى زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغانلار ۋە ئەيدىز بىلەن يۇقۇملانغانلار ئەڭ كۆپ بولغان بىر يېزىغا ئايلانغان بولۇپ، قارىدۆڭ يېزىسىغا قاراشلىق ئازاتيۇز، قارىۋاي مەھەللە... قاتارلىقلار مەملىكەت بويىچە «ئەيدىز كەنتى» دەپ نام ئالغان ئورۇنلارنىڭ بىرى ئىدى. يۇقىرى گىرادۇسلۇق ھاراق ـ شارابلارنى ئىچىش، ئەيش ـ ئىشرەت، زەھەرلىك چېكىملىك، ئەيدىز، ئوغرى ـ قىمارۋاز... قاتارلىق قانداقلا يامان ئىللەت بار بولسا ھەممىسىنى مۇشۇ قارىدۆڭ يېزىسىدىن تاپقىلى بولاتتى. شۇنداق قىلىپ، 1991 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى بولسا كېرەك ئابدۇرېشىت دامولللام بۇ نامى پۇر كەتكەن قارىدۆڭ

يېزىسىدىكى مەركىزىي جامەگە ئىمام بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرق ۋە شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان تۆۋىنى خىتاي بازىرىدىن باشلىنىپ تاكى يۇقىرىدا ئازاتيول، پۇشمان مەھەللە، قارىۋاي مەھەللە، تۆپىچى مەھەللە قاتارلىق مەھەللىلەرگە تۇتىشىدىغان پۈتكۈل غۇلجا شەھىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولۇشقا باشلىدى. تۇنجى بولۇپ ئابدۇرېشىت داموللامدىن دىنىي دەرس ئېلىشقا كەلگەن كىشى غۇلجا شەھەر تۆپىچى مەھەللىسىدىكى روزىمۇھەممەت بولدى (روزىمۇھەممەت 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدىكى تۆت سەركىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى ئۈچۈن ئايرىم توختىلىمىز). ئاندىن ئابدۇخېلىل مجىت قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ياشلار بۇ جامەگە كېلىپ ناماز ئوقۇيدىغان ۋە ئابدۇرېشىت داموللامدىن دىنىي دەرس ئالىدىغان بولغان.

ئابدۇرېشىت داموللامنىڭ دىنىي دەرسلىرىنى تۇنجى بولۇپ ئاڭلاشقا كەلگەنلەر ئىچىدە پارتىزان شۆھرەت، جىگدىلىك مەھەللىسىدىكى هايات، غۇلجا شەھەر دۆڭ مەھەللىدىكى ئابدۇمجىت ئابدۇراخمان قاتارلىقلار بولغان بولسا، كېيىنچە غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي ۋە شەرقىي جەنۇبىدىكى زەھەر چېكىدىغان، ساتىدىغان ۋە ئەيدىز بىلەن يۇقۇملانغان، شۇنىڭدەك زەھەرنى ئىشپىرىس بىلەن بىلىكىگە ئۇرىدىغان ياشلارنىڭ ھەممىسى قارىدۆڭ مەركىزىي جامەسىگە ئاقىدىغان بولغان. ئابدۇرېشىت داموللام 5-فېۋرال نامايىشى بولۇپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا تۇيۇقسىز ئاغرىپ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغان ۋە ئەتىسى شۇ دوختۇرخانىدا جان ئۈزگەن. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئابدۇرېشىت داموللامنىڭ بۇ تۇيۇقسىز ئۆلىمىدىن گۇمان قىلىشىدۇ.

ئابدۇرېشىت داموللام ۋاپات بولۇپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي،

خىتاي ئابدۇرېشىت داموللامنىڭ غۇلجىدا ئەڭ ئەقىللىق، ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر شاگىرتى ۋە كۈيئوغلى ماخمۇتجاننى قولغا ئالدى. خىتاي فاشىستلىرى تۈرمىدە ناھايىتى ئېغىر قىيىن-قىستاق بىلەن ماخمۇتجاننىمۇ شېھىت قىلدى.

ئابدۇرېشىت داموللامنىڭ ۋە ئۇنىڭ كۈيئوغلى ماخمۇتجاننىڭ، شۇنداقلا غۇلجىدا ياشاپ ئۆتكەن ھەرقانداق بىر دىنىي زاتنىڭ ئىسلام دىنى تەشۋىقاتى قىلىش ۋە بالا ئوقۇتۇشتىن باشقا ھېچقانداق «جىنايىتى» يوق ئىدى. خىتاي قانۇن دۆلىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بىرى بىر جىنايەت ئۆتكۈزسە خۇددى ئۇنىڭ ئائىلىسىنىمۇ قوشۇپ جازالىغاندەك، خىتايغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان پارتىزانلارنىڭ دىنىي ئۇستازى بولغانلىقى ئۈچۈنلا بۇ ئۇستازلار مانا مۇشۇنداق ئېغىر ئاقىۋەتكە دۇچار بولغان.

دېمەك، ئابدۇرېشىت قارى ھاجىم داموللام غۇلجا شەھىرىنىڭ قارىدۆڭ يېزىسىدىكى مەركىزىي جامەگە ئىمام بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، غۇلجىدا ئەۋج ئالغان زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئەيدىزدىن ئىبارەت بۇ بوھراندىن قۇتۇلۇشنىڭ يول خەرىتىسى ئاستا-ئاستا سىزىلىشقا باشلىغان بولۇپ، بۇ خەرىتە ئىسلام دىنىغا قايتىش ۋە ئۇيغۇرلار تاشلىۋەتكەن ياكى ئۇنتۇپ قېلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ئەنئەنىۋى مەشرەپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىدى.

يەرگە قاتتىق يىقىلغان كىشى ئورنىدىن دەس تۇرۇش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئۇنى بىرلىرى قولىدىن تارتىپ تۇرغۇزۇپ قويۇشى ياكى ئۆزى بىر نەرسىگە تايىنىپ ئورنىدىن دەس تۇرۇشى كېرەك ئىدى. زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئەيدىز شەھىرى غۇلجىنىڭ، شۇنداقلا بۇ ئىللەتكە دۇچار بولغان غۇلجا ياشلىرىنىڭ قولىدىن تارتىپ تۇرغۇزۇپ قويىدىغان ھېچقانداق بىر كۈچ مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

غۇلجا ياشلىرى ئىككى نەرسىگە تايىنىپ ئورنىدىن دەس تۇرماقچى بولدى. بىرى، ئىسلام دىنىغا قايتىش، يەنە بىرى ئەنئەنىۋى مەشرەپلىرىگە قايتىش. ئىسلام دىنىغا ھەقىقىي مەنىسى بىلەن قايتىشتا ئابدۇرېشىت داموللام ۋە تۆۋەندە بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتمەكچى بولغان دىني زاتلار ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى.

ئابدۇرېشىت داموللامنىڭ دەرسلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غۇلجا ياشلىرى ئارىسىدا «بىز كىم؟ بىز بۇ دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلدۇق؟ بىز مۇشۇنداق زەھەر چېكىپ ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتىدىغان مىللەتمىدۇق؟» دەيدىغان ئويلىنىش مەيدانغا كەلدى.

يۇقىرىدىكى سوئالنىڭ تۈرتكىسىدە مەھەللە-مەھەللىلەردە مەشرەپ گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇشقا باشلاپ، قىسقىغىنا بىرقانچە يىل ئىچىدە پۈتۈن غۇلجا شەھىرىنى قاپلىدى.

ياشلار ئارىسىدا دىن ئۆگىنىش ۋە ناماز ئوقۇش باشلىنىپ، ھاراق-شارابسىز توي-تۆكۈن قىلىش ئادەتكە ئايلاندى. نەتىجىدە ئۇيغۇر ياشلىرى ئارىسىدا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تارىخىدىكى مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتى مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. غۇلجا خەلقى، ئاتا-ئانىلار روھلۇق ۋە جەڭگىۋارلىققا تولغان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ قايتا سىماسىنى كۆردى. بۇ خىل ۋەزىيەتنى كۆرگەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئولتۇرالماي قالدى. چۈنكى ئۆزلىرىنىڭ غۇلجا ياشلىرىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستى مەغلۇپ بولۇۋاتاتتى.

شۇنىڭ بىلەن، زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئەيدىز ئىللىتىگە گىرىپتار ياشلار بىلەن تولۇپ كەتكەن مەھەللىلەرگە نەزەرمۇ سېلىپ قويمىغان خىتاي، ئايغاقچىلىرىنى مەھەللىلەرگە قويۇپ تىڭتىڭلاشقا ۋە تۇيدۇرماستىن تۇتقۇن قىلىشقا باشلىدى.

## زىيائىدىن قارى ھاجىم

زىيائىدىن قارى ھاجىم ئەسلى غۇلجا ناھىيەسىنىڭ چولۇقاي يېزىسىدىن. چولۇقايدا شەرىپىدىن داموللام دەپ ئىنتايىن كاتتا بىر دىنىي ئالىم ئۆتكەن بولۇپ، شەرىپىدىن داموللام مەدرىسىسى دېگەن داڭلىق دىنىي مەدرىسىمۇ بار ئىدى. چولۇقايدا مېۋىلىك باغلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئەتىياز كىرىشى بىلەن بۇ باغلاردا ئېچىلغان ئۆرۈك ۋە ئالما چېچەكلىرى چولۇقاي يېزىسىنى بىر جەننەتكە ئايلاندۇرۇپ تۇراتتى. بۇ باغلار ئاساسلىقى شەرىپىدىن داموللام بېغى، مۇتائالا خەلپىتىم بېغى، خەلپەم ھەزرەت بېغى قاتارلىق چوڭ باغلاردىن ئىبارەت بولۇپ، مۇتائالا خەلپىتىم غۇلجا شەھەر 4-باشلانغۇچ مەكتەپنى سالدۇرغان ۋە 1944-يىلى غۇلجىدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دىنىي ئىشلار نازىرى بولغان كىشى ئىدى. خەلپەم ھەزرەتنىڭ بېغى شەرىپىدىن داموللامنىڭ بېغىغا يانداش سېلىنغان ئىدى.

غۇلجا ناھىيەسىنىڭ پەنجىم يېزىسىدا سابىت داموللام دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر ئالىم بار ئىدى. بۇ كىشى قازاقىستان ياركەنتتىن كەلگەن بولۇپ، بۇخارادا ئوقۇغان ئىكەن. دېمەك، چولۇقاي ئۇزاق تارىختىن بۇيان ھەم دىندا، ھەم پەندە يېتىشكەن، ھەم ۋەتەن، مىللەتنىڭ غېمىنى يەيدىغان، ساخاۋەت ئىشلىرى ئۈچۈن قولنى كەڭ ئېچىۋەتكەن، قول ئىلكىدە بار باي، ئالدىن كۆرەر ئىلىم ئەھلىلىرى يىغىلغان جاي ئىدى. مانا مۇشۇنداق قىممەتلىك كىشىلەر تەرىپىدىن خۇددى ئىلى خەلق ناخشىلىرىدا جېلىلىيۈزىنى دەيمۇ؟ تۇرپانىيۈزىنى دەيمۇ؟ ئاق ئالما ناۋات تۇرسا، كىشىدىن قەنت تېنەپ يەيمۇ؟

دەپ تەرىپلەنگەنىدەك، غۇلجا ناھىيەسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن شەرقىي جەنۇبىغا قەدەر سوزۇلغان ناھايىتى چوڭ باغلارنى بەرپا قىلغان، باغۋارانلار بىلەن بىللە يەنە مەكتەپلەرنى تەسىس قىلغان ئىدى. ياز كۈنلىرى مەكتەپ بالىلىرىغا مۇشۇ باغدا دەرس ئۆتتۈلەتتى. زىيائىدىن قارىھاجىم ئەنە شۇ شەرىپىدىن قارىمنىڭ ئوغلى بولىدۇ.

شەرىپىدىن داموللامنىڭ زىيائىدىن، ئابدۇمجىت، ئابابەكرى ئىسمىلىك ئۈچ ئوغلى ۋە بىر قىزى بولغان. زىيائىدىن قارىم، ئابدۇمجىت قارىم، ئىبراھىم ئىسمائىل، ئابلەت قارى ھاجىم، غۇلجا شەھەر يېڭىھايات سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئالدىدىكى مەسچىتنىڭ ئىمامى ئابدۇلھەپىز مەخسۇم قاتارلىقلار غۇلجىنىڭ ئەيدىز ۋە زەھەرلىك چېكىملىك شەھىرىدىن، ئىنقىلاب شەھىرىگە ئايلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئىلغار، ئالدىن كۆرەر كىشىلەر ئىدى. ئابدۇلھەپىز مەخسۇممۇ قاغىلىقتىكى ئابلىكىمخان مەخسۇمنىڭ ھەم بۇرادىرى، ھەم شاگىرتى ئىدى. 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدىن كېيىن، زىيائىدىن قارى ھاجىم قولغا ئېلىنىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى زىيائىدىن قارى ھاجىمنىڭ ئاكىسى ئابدۇمجىت قارى ھاجىم ۋە زىيائىدىن قارى ھاجىمغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، بىر يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىشقا ھۆكۈم قىلدى. ئابدۇمجىت ئاكا ئەسلىدە بىر دىنىي زات بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە پىشقان ئىنقىلابچى بولۇپ، ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستان) ئاتالمىش ئۈچ ۋىلايەت) ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ بىر ھەربىي ئەمەل تۇتقانلىقى مەلۇم.

5-فېۋرالدىن كېيىن زىيائىدىن ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى ئابدۇمجىت ئائىلىسىدىن 41 كىشى تۇتقۇن قىلىنغان. تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ ئەڭ چوڭى 24 ياش، كىچىكى 14 ياش بولغان. بۇ 41 كىشىنىڭ ئەڭ ئالدى 20 يىل كەينى 14 يىلدىن كېسىلگەن. ئابدۇمجىت

قارى هاجىم تۇرمىدە سەككىز ئاي ياتقاندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن. زىيائىدىن قارى هاجىمنىمۇ خىتاي 2003-يىلى تۇرمىدە ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. زىيائىدىن قارىم ۋە ئابدۇمجىت قارىملار ئىلىمدە يېتىشكەن، ئاز كۆرۈلىدىغان كاتتا ئۆلىمالاردىن ئىدى.

## 5-فېۋرالدىن جازا لاگېرىغىچە ئىلقىلىق ئابدۇرېشىت هاجىم

ئابدۇرېشىت هاجىم 1955-يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. خىتاي يولغا قويغان يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە باي-پومېشچىك دېگەن قالپاق بىلەن خىتاينىڭ ئېغىر زۇلۇملىرىغا ئۇچرىغان، 1980-يىللارغا قەدەر غۇلجا شەھەر خەنبىڭ يېزىسىدا ئولتۇرۇپ، ئاندىن تۈركىيەگە كېلىپ شۇيەردە ۋاپات بولغان ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات.

يېقىنقى يىللارغىچە، 1930-يىللىرى ئاتۇشتا مەكتەپ ئاچقان مەمەتئېلى تەۋپىق ئەپەندىنىڭ ئارىمىزدىكى تەۋرىرۈك ئوقۇغۇچىسى بولۇپ ئىستانبۇلدا ياشىغان سەلەي هاجىم ئارتۇشنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى بولىدۇ. سەلەي هاجىمنىڭ خانىمى بۇسارىخان ئانىنىڭ ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئىلقا ناھىيەسىدە روزىمۇھەممەت مەخسۇم ئىسىملىك بىر ئاكىسى، ئابلەي مەخسۇم ئىسىملىك بىر ئىنىسى بار بولۇپ، بۇ ئاكا-ئۇكىلار ئىنتايىن بىلىملىك دىنىي ئۆلىما، شۇنداقلا خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەۋجۇتلۇقىغا قارشى، ئىلغار پىكىرلىك، ئالدىن كۆرەر زاتلار ئىدى. ئابدۇرېشىت هاجىم ئەنە شۇ روزىمۇھەممەت مەخسۇمنىڭ تەربىيەسىدە چوڭ بولغان بولۇپ، بەش قىزى، بىر ئوغلى بار ئىدى. بۇ ئائىلە غۇلجا «5-فېۋرال ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئىلقىنىڭ ئاكتىپ بولۇشى، قوزغىلىشى ۋە ھەرىكەتكە ئۆتۈشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان ئائىلىلەرنىڭ بىرى. 5-فېۋرال

نامايىشى بولغان كۈنى ئابدۇرېشىت ھاجىمغا ئەگىشىپ نىلقىدىن ناھايىتى نۇرغۇن ياشلارنىڭ غۇلجا شەھرىگە نامايىش ئۈچۈن كىرگەنلىكى ۋە تۈرمىلەردە ياتقانلىقى مەلۇم.

ئابدۇرېشىت ھاجىم «5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى» بولۇشتىن ئىلگىرى، غۇلجا شەھەر خەنبىڭ يېزىسىغا كۆچۈپ كىرگەن بولۇپ، 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشى بولىدىغان ھارپا كۈنى، غۇلجا شەھرىگە مەسئۇل يەنە بىر گۇرۇپپا ئابدۇرېشىت ھاجىم، ئابدۇخېلىل مىجىت، تۆپىچى مەھەللىلىك روزىمۇھەممەت، ئىنىسى تۇرسۇنمۇھەممەت، ئابدۇرېشىت ھاجىمنىڭ ئۆغلى سەيپىدىن قاتارلىقلار، ئەينى چاغدا غۇلجا شەھەر داشىچى (چوڭ قاتناش) دەپ ئاتىلىدىغان قاتناش بېكىتىنىڭ ئارقا تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان بىر ئائىلىلىكلەر بىناسىدا ئەتىسى بولىدىغان، يەنى 5-فېۋرال كۈنى بولىدىغان نامايىشنىڭ مەسلىھەتىنى قىلىشقان. ئۇلار ئاساسەن نامايىشنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋە نامايىش سېپىگە باشقا غەيرىي مەقسەتتىكى كىشىلەرنىڭ قوشۇلۇپ ۋەقە چىقىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قانداق تەدبىرلەرنى ئېلىش كېرەكلىكى ھەققىدە مەسلىھەتلەر قىلىشقان ئىدى. ئابدۇرېشىت ھاجىمنىڭ قىزى مەھبۇبەمۇ 5-فېۋرال كۈنى تۇتۇلۇپ، غۇلجىدىكى ياشلار بىلەن بىرلىكتە غۇلجا شەھەر يېڭى ھايات تۈرمىسىگە تاشلانغان ۋە بۇ تۈرمىدە تۆت ئاي ياتقان.

5-فېۋرال غۇلجا نامايىشىدىن كېيىن، بىر مەزگىل غۇلجا شەھەرلىك يېڭىھايات تۈرمىسىدە ئابدۇرېشىت ھاجىم بىلەن بىللە بولغان، ھازىر تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئىمام ھەسەن مۇنداق دەيدۇ:

« ئابدۇرېشىت ھاجىكام بۇ يولدا خىلى كۆپ دەرد تارتقان

كىشى. 5 ـ فېۋرال كۈنى بىز ئۆيدىن ئارتۇق ئادەمنى بىر ماشىنىدا يېڭىهايات تۈرمىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى تۈرمىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا مەسئۇل بىر ھەربىي گازارمىغا ئەكىردى ۋە بىزنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ سېمونت مەيدانىدا قولىمىزنى بېشىمىزغا قويغۇزۇپ دۈم ياتقۇزۇپ قويدى. مەيداندا قارلار تولۇق تازىلانمىغان چاغ ئىدى. مەن ماشىنىدىن چۈشكەندە بىزدىن بۇرۇن ئەكىرگەن باللارنى چەمبەر شەكلىدە ياتقۇزۇپ قويۇلغانلىقىنى كۆردۈم، ھەربىيلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قولىدا كالتەك بار بولۇپ، باللارنى توختىماي ئۇراتتى.

بىر چاغدا مېنىڭ قېشىمغا بىرەيلەننى چېچىدىن سۆرىگەن پېتى ئەكېلىپ تاشلىدى، قارىسام 17 ياشلار ئەتراپىدىكى بىر قىز ئىكەن، شۇ چاغدا بىر خىتاي مېنىڭ قارشى تەرىپىمدىكى بىرەيلەننىڭ گەجگىسىدىن كۆتۈرۈپ خىتايچە: «ماۋۇ قەشقەرلىك ئىكەن» دەپ ۋارقىرىدى. خىتاي گەجگىسىدىن كۆتۈرگەن كىشى ئابدۇرېشىت ھاجىكام، يېنىمدا ياتقىنى ھاجىكامنىڭ قىزى ئىكەن. كېيىن بىلسەم بۇ مەقسەتلىك قىلىنغان ئىش بولۇپ، ھاجىكامنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ مېنىڭ يېنىمدىكى قىزىنى كۆرسىتىش، قىزىغا دادىسىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئىككەيلەندىن ئايرىم ـ ئايرىم گەپ ئالماقچى بولغان بولسا كېرەك».

«بىزنى كامېرغا ئەكىرىپ 40 كۈندىن ئاشقاندا، بىر كېچىسى سائەت بىرلەر ئەتراپىدا كامېرنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، بىر نەچچە گۇندىپاي ھاجىكامنى ئالدىراتقىنىچە ئېلىپ چىقىپ كەتتى. لېكىن ئۇلار ھاجىكامنى سىرتقا ئەمەس، ئارقا تەرەپتىكى تۇڭگان ئاشپەز تۇرىدىغان ياتاق تەرەپكە ئەكەتتى. ئارىدىن ئون مىنوتچە ئۆتكەندىن كېيىن بىز تۇرغان كامېرنىڭ ئىشىكى قايتا ئېچىلىپ ساقچىلار ھاجىكامنىڭ قىزىنى ئەكىردى. شۇ چاغدا ئەزىز سوسكا

دەيدىغان تۇرمە ساقچىسى «قاراڭ دادىڭىز بارمىكەن، بىز دادىڭىزنى قويۇۋەتتۇق، دادىڭىز بۇ يەردە يوق» دېگەنچە ئۇ قىزنى ئاچچىقىپ كەتتى، ئارىدىن يەنە ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ھاجىكامنى بىزنىڭ كامېرغا ئەكىرىپ قويدى.

بىز بولغان ئەھۋالنى ھاجىكامغا دېسەك، ھاجىكام: «دادىڭىزنى قويۇۋەتتۇق دېيىش ئارقىلىق، بىزنىڭ ئۆيگە ئىلقىدىن كەلگەن باللارنىڭ خەۋىرىنى ئالماقچى ئوخشايدۇ» دېدى. چۈنكى ئەينى چاغدا ئىلقا ناھىيەسىدىنمۇ نامايىشقا قاتنىششىش ئۈچۈن كۆپلىگەن باللارنىڭ ئابدۇرېشىت ھاجىمنىڭ ئۆيگە كېلىپ قونغانلىقى مەلۇم».

5-فېۋرال ئاشكارا دەۋەت، يەنى نامايىشتىن كېيىن، ئابدۇرېشىت ھاجىم بەش يىللىق كېسىلىپ ئۇرۇمچى سىياسىي جىنايەتچىلەر بىرىنچى تۈرمىسىدە ياتتى. ئوغلى سەيپىدىن ئۈچ يىللىق كېسىلدى.

ھازىر ئاۋستىرالىيەدە ياشاۋاتقان 74 ياشلىق ياقۇپ ھاجى ئاكا ئابدۇرېشىت ھاجىم ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىپ، خىتاي بىخەتەرلىك ئىدارىسىگە ئائىت بەزى ئۇچۇرلارنى ئاشكارىلايدۇ. ياقۇپ ھاجى ئاكا 1997-يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا تاغلارغا چىقىپ چېنىققان ئۇيغۇر ياشلىرىغا ئاشپەزلىك قىلغان بولۇپ، كېيىن غۇلجىغا قايتىپ كىرگەن ئىكەن. ئۇنىڭ ئاشۇ ئاشپەزلىك قىلغان ئىشلىرىدىن خىتاي تەرەپ خەۋەر تېپىپ قالغان بولسا كېرەك، ئارىدىن ئون يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر كۈنى، يەنى 2007-يىلى ياقۇپ ھاجى ئاكا بازاردىن ۋېلىسىپىت بىلەن ئۆيگە قايتىۋاتقاندا ساقچىلار ئۇنىڭ بېشىغا قارا خالتا كىيدۈرۈپ تۇتۇپ كەتكەن. كېيىن ياقۇپ ھاجى ئاكا ئۆزىنىڭ شىخەنزىگە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلگەن. ئۈچ ئۇيغۇر، ئىككى قازاق، ئىككى

خىتاي ساقچى 13 كۈن سوراق قىلغان ۋە ئارىدىن ئون يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكىنىگە قارىماي، ئوتتۇرا ئاسىيادا بولغان ئەھۋاللار ھەققىدە تىلك-تىڭلاش ئېلىپ بارغان. ئاخىرىدا ساقچىلار ياقۇپ ھاجى ئاكىنى، چىققاندىن كېيىن ئابدۇرېشىت ھاجىم بىلەن بىر تەشكىلات قۇرۇشقا قىستىغان ۋە ئابدۇرېشىت ھاجىمنى تەشكىلات قۇرۇشقا ماقۇل كەلتۈرۈش ھەققىدە ۋەدە ئېلىش ئۈچۈن كۆپلىگەن قىيىن-قىستاقلاردا بولغان. ياقۇپ ھاجى ئاكا، ئۆزىنىڭ ئابدۇرېشىت ھاجىمنى تونۇمايدىغانلىقى ھەمدە بىلىم سەۋىيەسىنىڭمۇ تەشكىلات قۇرۇشقا يەتمەيدىغانلىقنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ كار قىلمىغان. ئاخىرى ياقۇپ ھاجى ئاكا: «بولىدۇ، مەن بىر ئامالىنى قىلاي» دېگەن ۋەدىنى بېرىپ، ساقچىلارنىڭ گۆرۈگە ئېلىۋېلىشىدىن قۇتۇلغان.

ياقۇپ ھاجى ئاكىنىڭ ئاۋستىرالىيەدە تۇرۇشلۇق بىر ئوغلى بولۇپ، دەل شۇ كۈنلەردە ئايالى بىلەن ئۇنىڭغا ئاۋستىرالىيەگە كېلىپ ساياھەت قىلىپ كېتىش چاقىرىقنامەسى ئەۋەتكەن كۈنگە توغرا كەلگەن بولغاچقا، ساقچىدىن چىققاندىن كېيىن دەرھال تۇتۇش قىلىپ، ئىچكىرىگە بېرىپ ئاۋستىرالىيەگە قېچىپ چىقىۋالغان. 5-فېۋرالدىن جازا لاگېرلىرىغىچە بولغان بۇ يىگىرمە نەچچە يىل جەريانىدا، خىتاينىڭ نۇقتىلىق كۆزىتىش ئوبيېكتى بولغان ئابدۇرېشىت ھاجىم، كۆپ قېتىم خىتاي زىندانلىرىغا تاشلىنىپ، ئاخىرىدا 2016-يىلى جازا لاگېرىغا سولانغانلىق خەۋىرى كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 2018-يىلى 6-ئاينىڭ 6-كۈنى بېشى يەنچىلگەن ھالەتتە جازا لاگېرىدا شېھىت بولغان.

## غۇلجا شەھەر دۆڭمەھەللە گۈللۈك مەسچىت ئىمامى ئابدۇشۈكۈر هاجىم

ئابدۇشۈكۈر ھاجىم 1980-يىللارنىڭ باشلىرىدا تۇرپاندىكى شايىمەردان داموللامدىن دىنىي بىلىم ئېلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، غۇلجا شەھەر دۆڭ مەھەللىدىكى گۈللۈك مەسچىتكە ئىمام بولغان. ئابدۇشۈكۈر ھاجىمنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ئابلىز، بوۋىسىنىڭ ئىسمى قەمبەر قارىم بولۇپ، قەمبەر قارىم شەرقىي تۈركىستان (ئاتالمىش ئۈچ ۋىلايەت) ئىنقىلابى مەزگىلىدە خەلق ئىچىدە يۈز تاپقان كىشىلىرىمىزنىڭ بىرى ئىدى. ئابدۇشۈكۈر ھاجىمنىڭ 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ ئالدى-كەينىدە يۈز بەرگەن مۇھىم ۋەقەلەردە ياشلارغا نەسىھەت قىلىش ۋە يول كۆرسىتىش جەھەتتە ئوينىغان رولى ئىنتايىن زور بولغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ بىر دىنىي زات بولۇشقا تېگىشلىك ۋەزىپىسىنى ئىسلام دىنىنىڭ پىرىنسىپلىرى بويىچە ئادىل يۈرگۈزۈشكە تىرىشقانلىقىغا قارىماي، يەنىلا خىتاي نەزىرىدىكى دۈشمەن دەپ قارالغان.

خىتاي ئالدى بىلەن ئۇنىڭ يۇرت-جامائەت ئىچىدىكى يۈز-ئابرۇيىنى خۇنۈكلەشتۈرۈش ئۈچۈن، «5-فېۋرال غۇلجا ئىنقلابى» يۈز بېرىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، «ئىستىل ۋە ئەخلاقىدىن چاتاق چىقتى» دېگەن تۆھمەت بىلەن قولغا ئالغان. ئەمما خىتاينىڭ بۇ تۆھمەتلىرىگە ھېچكىم ئىشەنمەيتتى. ئابدۇشۈكۈر ھاجىم 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقلابى يۈز بېرىشىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا دەۋەتلەردە، غۇلجا شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن ياشلار ئوتتۇرىسىدا مۇرەسسەچىلىك قىلىش خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ

بىگۇناھ تۇتۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشقان. بۇنىڭ بىرى، 1995-يىلى 8-ئاينىڭ 14- ۋە 15-كۈنلىرى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ دۆڭمەھەللە گۈللۈك مەسچىتى ئالدىدا ئېلىپ بارغان ئابدۇخېلىل ئابدۇمىجىتنى قويۇپ بېرىش نامايىش ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا روشەن ئىپادىلىنىدۇ. 1995-يىلى ئىلى ياشلىرى ئابدۇخېلىل مىجىت باشچىلىقىدا مەشرەپ ئويناشنى باشلاپ زەھەرلىك چېكىملىكتىن ئۇزاقلىششقا باشلىغاندا، بۇنداق بىر ياخشىلىنىشنى ھەزىم قىلالمىغان خىتاي ھۆكۈمىتى، بىر كېچىدە ئابدۇخېلىل مىجىتنى تۇتۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن نارازى بولغان ئىلى ياشلىرى دەل ئابدۇشۈكۈر ھاجىم ئىماملىق قىلىۋاتقان غۇلجا شەھەر دۆڭ مەھەللىدىكى گۈللۈك مەسچىت ئالدىغا يىغىلىپ نامايىش قىلىدۇ. نامايىشنىڭ بىر قوزغىلاڭغا ئايلىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئابدۇشۈكۈر ھاجىم ياشلارغا كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ.

يەنە بىر مىسالى، 1997-يىلى كۈز ئايلىرى بولسا كېرەك، غۇلجا شەھەردۆڭ مەھەللىلىك ئابدۇسالام قارىمنى خىتاي ساقچىلىرى سوراق قىلىمىز، دەپ ئەكېتىپ ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، «ئۆزىنى بىنادىن تاشلىۋالدى» دەپ جەسىتىنى ئائىلىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن 10 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر ياش ئابدۇسالام قارىمنىڭ جىنازىسىنى ماشىنىغا سالماي، «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئېيتقانچە غۇلجا شەھىرىدىكى قارىدۆڭ قەبرىستانلىقىغا قەدەر كۆتۈرۈپ بېرىشنى قارار قىلىشىدۇ. نەتىجىدە، ساقچىلار بىلەن ئۇيغۇر ياشلىرى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىش خەۋپى كۆرۈلىدۇ. بۇنداق بىر توقۇنۇش كۆرۈلگەن ئەھۋالدا خىتاي ئوق چىقىرىشى ۋە يەنىمۇ نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ياشلىرى قۇربان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بۇنداق بىر شارائىتتا، ئابدۇشۈكۈر ھاجىم ۋە باشقا يۇرت ئاقساقاللىرى ئۇيغۇر ياشلىرىغا

ئىدىيەۋى خىزمەت ئىشلەپ، بۇنداق بىر توقۇنۇش يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالدۇ.

گەرچە ئابدۇشۈكۈر ھاجىمنىڭ ھېچقانداق جىنايىتى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنى «5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى» يۈز بەرگەن 23 يىلدىن بۇيان خىتاي ھۆكۈمىتى توختىماي تۈرمىگە ئەكىرىپ، قويۇۋېتىپ دېگەندەك مۈشۈك-چاشقان ئويۇنىدەك بوزەك قىلماقتا... خىتاي جازا لاگېرلىرىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، ئابدۇشۈكۈر ھاجىمنىڭ مىسىردا ئوقۇۋاتقان كۈيئوغلى بىلەن قىزىنى قولغا ئېلىپ، كۈيئوغلىنى 14 يىل، قىزىنى ئون يىل كېسىۋەتتى.

# تۆتىنچى باب

## 5-فېۋرال سەركىلىرى، مەشرەپ (يوشۇرۇن دەۋەت) ۋە نامايىش (ئاشكارا دەۋەت)

### سەركە ئابدۇخېلىل مىجىت

*ياشاش ئۈچۈنمۇ يالۋۇرمىدۇق، ئۆلۈم ئالدىدىمۇ يالۋۇرمايمىز.*

*-تۈركىيە، «كۇرد (بۆرە)لار ۋادىسى» فىلىمىدىن*

ئىلاۋە: «5-فېۋرال ئارخىپلىرى» ناملىق تۇنجى كىتابتا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك ئوغلى، شېھىت ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ قىسقا، ئەمما ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك هاياتى ۋە قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرى ئۈستىدە توختالغان ئىدۇق. بۇ قېتىمقى توپلاش، رەتلەش ۋە قېزىش خىزمىتى جەريانىدا ئابدۇخېلىل مىجىت ھەققىدە يەنىمۇ چوڭقۇر مەلۇماتلارغا ئېرىشتۇق.

شۇنداق قىلىپ، كىتابىمىزنىڭ يۇقىرىقى قىسمىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، گۈل-گۈلىستان مەدەنىيەتلىك شەھەر غۇلجىنىڭ خىتاي زۇلۇمىدىن خاراب، چۆشكۈن، ئەبگار، ھۇرۇن بىر ھالەتكە كېلىپ قالغانلىقى ۋە بۇنىڭ ئاستىدىكى يوشۇرۇن سۈيىقەستتىن ئىنتايىن ئەندىشە قىلغان غۇلجا شەھرىدىكى ئالدىن كۆرەر، مىللەتنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئويلىنىدىغان دىنىي زاتلار، باي

سودىگەرلەر، شۇنداقلا زىيالىيلار بۇ خىل ھالەتنى قانداق قىلىپ ئۆزگەرتىش ھەققىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىدى. بۇ خىل خامۇشلۇقتىن مىللەتنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ پەقەت ئىككىلا يولى بار ئىدى. بىرى ئىسلام دىنىغا قايتىش، يەنە بىرى مەشرەپ ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سەرخىل ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئىزدەش ۋە تېپىش، ھەم ئۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلىش. بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق بىر يول ئۇيغۇر خەلقىنى بۇ خامۇشلۇقتىن قۇتۇلدۇرالمايتتى. بۇ ئۇلۇغ مەقسەتنى كۆڭلىگە پۈككەن غۇلجا شەھىرىدىكى باي سودىگەرلەر 1994-يىللىرى بولسا كېرەك، غۇلجا شەھەر باياندايى يېزا يېڭى يەر كەنتىدە ئىمالىق قىلىۋاتقان ئابدۇرېشىت ھاجىمنى، غۇلجا شەھىرىدىكى بۇ قالايمىقان، ئاق تاماكا، ئەيدىز ۋەھاكازا... نىڭ ئۇۋىسى بولغان غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى قارىدۆڭ، ئازاتيۈزى، قارىۋاي مەھەللىسى، دۆلەت باغ مەھەللىسى، تۆپىچى مەھەللىسى، كۆكچىلىك قاتارلىق مەھەللىلەر زەنجىرى ھاسىل قىلىدىغان قارىدۆڭ يېزىلىق جامەنىڭ ئىمامى قىلىپ، ئائىلىسى بىلەن كۆچۈرۈپ ئەكەلدى.

دەل بۇ چاغدا ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ سەركىسى، ئۇيغۇر ئۇيغىنىش ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىسى ئابدۇخېلىل مىجىت، خىتاينىڭ ئۇيغۇر ياشلىرىنى زەھەرلەپ يوقىتىش سۇيىقەستىنىڭ قۇربانى بولۇپ ئاق تاماكىغا خۇمار بولغان ياشلارنىڭ بىرى ئىدى. قارىدۆڭ يېزىلىق جامەگە ناھايىتى بىلىملىك بىر ئۆلىما ئىمام بولۇپ كەپتۇ، دېگەن خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، ئابدۇخېلىل مىجىت بۇ مەسچىتكە يېڭىدىن تەيىنلەنگەن بۇ ئىمامنى كۆرۈپ پاراڭلىشىپ بېقىش ئارزۇسىدا جۈمە نامىزى ئوقۇغىلى كەلدى. ئۇنىڭ قەلبىگە ھىدايەت نۇرى دەل مۇشۇ چاغدا سېپىلدى. ئىمام ئابدۇرېشىت ھاجىمنىڭ يۇقىرى سەۋىيەلىك دىنىي تەبلىغلىرى ئاستا-ئاستا ئۇنىڭ قەلبىنى ئەسىر قىلىشقا باشلىدى. ئىلى ياشلىرىنىڭ

لىدىرى بولۇش، ئورنىدىن دەس تۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى قەدىمى دەل مۇشۇ يەردە بېسىلدى. خىتاي مەكتىپىدە ئوقۇغان بىر ئۇيغۇر ياشىنىڭ ناتىققا، روھلارنى تازىلىغۇچى نۇتۇقچىغا ئايلىنىشى دەل مۇشۇ يەردىن باشلاندى.

سەركە ئابدۇخېلىل مجىت، 1968-يىلى 12-ئاينىڭ 1-كۈنى غۇلجا شەھەر بايانداي يېزا 4-كەنت 5-گۇرۇپپىدىكى سەندەن دېگەن تۇڭگانلار مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ئەينى يىللاردا سەندەن مەھەللىسىدە ئونغىمۇ يەتمەيدىغان ئۇيغۇر ئائىلىسى ياشايتتى. سەندەن مەھەللىسىدە ئۇيغۇرچە مەكتەپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئابدۇخېلىل باشلانغۇچ مەكتەپنى خىتايچە ئوقۇشقا مەجبۇر بولدى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى غۇلجا شەھەر بايانداي يېزىسىدىكى 17-ئوتتۇرا خىتاي ۋە ئۇيغۇر بىرلەشمە مەكتىپىدە تاماملىدى.

1980-يىللاردا غۇلجا شەھەر قارىدۆڭ يېزا قارىۋاي مەھەللىسىگە كۆچۈپ كىرىپ، خۇسۇسىي ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللاندى. ئابدۇخېلىلنىڭ دادىسىنى كىشىلەر مجىت قارىم دەپ ئاتايدىغان بولۇپ، كىيىم تىكىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىناتتى.

ئابدۇخېلىل مجىت ئېگىز بويلۇق، قاشلىرى قويۇق، كېلىشكەن يىگىتى ئىدى. ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئىسمى پاتىگۈل بولۇپ، غۇلجا شەھەر قارىدۆڭ يېزىسىدىكى ياسىن پولۇ دېگەن كىشىنىڭ قىزى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىككى بالىسى بار ئىدى.

1995-يىلىدىن ئېتىبارەن ئابدۇخېلىل مجىت باشچىلىقىدىكى ھەرقايسى مەھەللىلەردىكى مەشرەپ گۇرۇپپىلىرى تېز تەرەققىي قىلىپ، ھەرقايسى ناھىيەلەرگە قەدەر تارقالغان بولۇپ، غۇلجا بىلەن چەكلىنىپ قالمىغاندى. مەشرەپ ھەرقايسى مەھەللىلەر

بويىچە ناھايىتى سىستېمىلىق تەشكىللەنگەن بولۇپ، غۇلجا ياشلىرى 20ـ10 دىن، 40ـ30 تىن بولۇپ مەشرەپ ئويناشنى باشلاپ كەتكەن ئىدى.

كىتابنىڭ باش قىسمىدا ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتكىنىمىزدەك، ئەينى يىللاردا غۇلجىدا بولۇپمۇ ياشلار ئارىسىدا ئىسلام دىنىدىن چەتنەپ، ھاراق ـ شاراب، ئەيش ـ ئىشرەت، ئاق تاماكا ۋە بۇنىڭغا ئانداش ھالدا ئەيدىز بىلەن يۇقۇملىنىش ئەۋج ئېلىپ كەتكەن ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئابدۇخېلىل مجىتمۇ ئاق تاماكىغا خۇمار بولۇپ قالغان ياشلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ دەل دۇنيانىڭ «پاتماس قۇياشى» دەپ تەرىپلەنگەن سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغان، ئوتتۇرا ئاسىيادا بىرقانچە مۇستەقىل دۆلەتلەر مەيدانغا كېلىپ، غۇلجىنىڭ تام قوشنىسى بولغان ئالمۇتا ۋە بىشكەكلەردىن ناھايىتى نۇرغۇن ساياھەتچىلەر كېلىۋاتقان؛ ئۇيغۇر ياشلىرى ئىسلام دىنىدىن ئاساسەن چەتنەپ كەتكەن، قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىسەن؟ دېيىلسە، پەقەت «ئىسلام»غا دەيدىغان، ئەمما ھېچقانداق ئىسلام ئەقىدىسى قالمىغان بىر مەزگىل ئىدى. مەشرەپ باشلانغاندىن كېيىن، مەشرەپ ئوينىغان ياشلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشۈشلىرىدىمۇ ئۆزگىرىشلەر بولغان، يىگىتلەر ساقال قويۇشقا، قىزلار ياغلىق چىگىشكە باشلىغان ىدى.

1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى دەل رامىزاننىڭ 27 ـ كۈنى بولۇپ، يەنى شىبى قەدر كېچىسى دەپ قارىلىدىغان بۇ كۈن شۇ يىلى چارشەنبە كۈنى ئىدى. ياشلار ئەتىگەن سائەت ئوندا غۇلجا شەھەر تاشلەپكە بازىرىنىڭ دوقمۇشىغا يىغىلغان بولۇپ، ئابدۇخېلىل ئابدۇمجىت، ئابدۇمجىت ئابدۇراخمان، روزىمۇھەممەت ۋە ئابدۇكېرىم ئەخمەت قاتارلىق سەركىلەر نامايىشنىڭ ئالدىدا ماڭغان.

شۇ كۈندىكى نامايىشتا 4-رەتتىن ئورۇن ئېلىپ نامايىشقا قاتناشقان ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنىسى، ھازىر گېرمانىيەدە ياشاۋاتقان ئابدۇسالام ئەپەندى 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشى، يەنى ئاشكارا دەۋەت بولغان شۇ كۈننى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ:

«بىز غۇلجا شەھرىدىكى ئاساسلىق كوچىلاردىن قىزىل بايراق، پىقىراتما قاتارلىق جايلاردىن ۋە ئۈچدەرۋازا 10-ماگىزىننىڭ ئالدىدىن ئۆتتۈپ، ۋاڭ قادىرنىڭ بېغى، يەنى ئىلى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تەرەپكە قاراپ ئايلانغاندىن كېيىن، ئەسكەر ۋە ساقچىلار ئەتراپىمىزغا يېغىپ كەتتى. ئاساسلىق دىققىتىمنى تارتقىنى كۆزدىن ياش ئاققۇزىدىغان دورا چاچقاندا، باللار ئۈنى تېپىپ ئەسكەرلەرنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇۋەتكەن ئەھۋاللار بولدى. دەل شۇ چاغدا خىتاي ساقچىلىرى ئوقمۇ چىقاردى. پەنجىم يېزىسىدىن كەلگەن بىر قېرىندىشىمىزنىڭ ئوشۇقىغا ئوق تەگكەن ئىكەن. ئوق ئۇ تەرەپتىن كىرىپ، بۇ تەرەپتىن چىقىپ كېتەي دەپ قاپتۇ. كېيىن بىزنى ماشىنىغا بېسىپ تۈرمىگە ئېلىپ بارغاندا، ئايىقىنى سالدى. شۇ چاغدا ئاندىن پۇتىغا ئوق تەگكەنلىكىنى بىلدى. ئوق تورۇكلاپ ئاياقنىڭ ئىچىگە چۈشكەن ئىدى.

نامايىش سېپى ئىنتايىن مۇستەھكەم ۋە رەتلىك بولۇپ، ئۇيغۇر يىگىتلىرىدىن تەشكىللەنگەن نامايىش سېپىنى قوغداش ئەترەتلىرى سەپلەنگەن ئىدى. ئۇلار خىتاي پۇقرالىرىنى ئۇرماسلىق، قالايمىقانچىلىق چىقارماسلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى.

ساقچىلار نامايىشچىلارنى تارقىتىۋېتىش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتكەن ئىدى. ساقچىلار مېنى ۋە مەن بىلەن بىرلىكتە يەنە بىر قىسىم باللارنىڭ قوللىرىمىزنى ئارقىمىزغا قايرىپ كويزا سېلىپ، سۆرىگەنچە ماشىنىغا بېسىپ، ئوبلاستلىق ساقچىغا

ئېلىپ كەلدى. بىز كېلىپ ئون مىنوتتەك ئۆتكەندىن كېيىن ئابدۇخېلىل مىجىتنى قولىدا كويزا، پۇتىدا كىشەن ھالەتتە ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ پېشانىسىنى ئەسكەرلەر توقماق بىلەن ئۇرۇپ يېرىۋەتكەن بولسا كېرەك، قان ئېقىپ تۇراتتى. ئۇ شۇنداق ھالەتتە بىز تەرەپكە قاراپ: «قورقماڭلار، ئاللاھ بىز تەرەپتە، بىز غەلىبە قىلىمىز» دەپ سۆزلەپ تۇراتتى. كېيىن ساقچىلار ئۇنى ئېتتەرگىنىچە باشقا بىر تەرەپكە، يەنى ئارىلىقىمىز ئانچە يىراق بولمىغان بىر تەرەپكە ئېلىپ كەتتى، ئارىمىزدا توسۇق بار ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ساقچىلار بىلەن بىز خاتا قىلمىدۇق دەپ تاكاللىشىپ تۇرغانلىقىنى خىرە-شىرە ئاڭلاپ تۇراتتۇق. ئابدۇخېلىلنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتى ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدا بولۇپ، خۇددى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ جادۇ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلغان چاغدىكى سىماسى كېلەتتى. شۇ كۈن ئاغىنەم ئابدۇخېلىلنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈم بولۇپ قالدى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن خىتايلار بىزنى ئايرىۋەتتى. شۇ كۈنى كېچە سائەت سەككىزدە مېنى ۋە يەنە 40 نەپەر ئۇيغۇر ياشنى بېشىمىزنى يەرگە قارىتىپ، پۇتىمىزنى ئاپتوبۇسنىڭ ئورۇندۇقىغا باغلاپ سۇيدۇڭ تۈرمىسىگە ئېلىپ كەتتى. يەتتە ئاي تۈرمىدە ياتقاندىن كېيىن، تۈرمىدىن چىقىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىپ كەتتىم.

ئابدۇخېلىل كېلىشكەن، كۆك كۆز، بۇدۇر چاچ، قەھرىمان ۋە قەيسەر يىگىت بولۇپ، بويى 1.70 مېتىر ئەتراپىدا ئىدى. ئۇ ئائىلىنىڭ 2-پەرزەنتى بولۇپ، بۇلار ئائىلىسى بويىچە ئىنتايىن جەڭگىۋار، قەيسەر، خىتايغا پىسەنت قىلمايدىغان ئائىلە ئىدى. ئاكىسى ئابلىز غۇلجىدىكى قاسىمھاجى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ئەنگلىيەلىك بىر مۇخبىرغا 5-فېۋرال غۇلجا ۋەقەسى ھەققىدە ئۇچۇر بەرگەنلىكى ئۈچۈن 12 يىل تۈرمىدە يېتىپ چىقتى. نۇرمۇھەممەت دېگەن ئىنىسى يەتتە يىل، نۇرئەخمەت دېگەن ئىنىسى بىر يېرىم

يىل ياتتى. 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى سەۋەبىدىن، ئابدۇخېلىل مىجىت ئائىلىسىدىن تۆت ئوغۇل تۈرمىدە ياتتى. ئاخىرىدا بولسا ئابدۇخېلىلنى تۈرمىدە ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئابدۇخېلىلنىڭ ئابلىز، نۇرئەخمەت، نۇرمەمەت، ھاجىم، مېھرىنىسا، شەمشىقەمەر قاتارلىق ئالتە قېرىندىشى بار ئىدى.

ئابدۇخېلىلدىكى جاسارەت ۋە ئىرادىنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. ئابدۇخېلىلنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردە پەۋقۇلئاددە بىر جاسارەت ۋە قەھرىمانلىق بار بولۇپ، ئانىسى نۇرىمانقىز ھەدىمۇ تۆت بالىسى تۈرمىدە، بىر ئوغلىنى خىتاي ئۆلتۈرۈۋەتكەن شارائىتتىمۇ «مەن ئوغۇللىرىمنى ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن تۇغقان ۋە ئاتىغان» دەپ كۆزىدىن بىر تامچە ياش چىقارمىغان پەۋقۇلئاددە قەھرىمان ئايال ئىدى، دەيدۇ ھازىر گېرمانىيەدە ياشاۋاتقان، ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ باللىق ئاغىنىسى، مەھەللىدىشى ئابدۇسالام ئەپەندىم. بۇ ئائىلىنى ۋە ئاتا ـ ئانىنى ئەل ـ جامائەت ئىنتايىن قەدىرلىگەن بولغاچقا، ئۇلار بېشىغا كەلگەن بۇ ئېغىر كۈنلەرنى خەلقتىن ئىبارەت بۇ قۇدرەتلىك كۈچ ئارقىلىق يەڭگەن. گەرچە خىتاي ھاكىمىيىتى بۇ ئائىلىنى تولا سوراق قىلىپ، تولا ئاختۇرۇپ، تېرە ـ پىرەن قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما خەلق، مەھەللە كوي، يۇرت ـ جامائەت بۇلارنى ئىقتىسادىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدە قوغدىغان. ھەتتا ھويلىسىنىڭ تاملىرىدىن پۇل، نەرسە ـ كېرەك تاشلاپ بېرىپ قەدىرلىگەن.

گەرچە ئابدۇخېلىلنىڭ كېلەچىكىدىن ئەندىشە قىلغان دوستلىرى ئۇنىڭغا پاسپورت ئىشلىتىپ، ئۇنى چەتئەلگە قاچۇرۇۋېتىشنى ئويلاشقان بولسىمۇ، ئۇ بۇ تەكلىپنى رەت قىلغان ۋە «بېشىمغا نېمە كۈن كەلسە ۋەتەندە ئانا تۇپرىقىمدا كەلسۇن» دەپ جاۋاب

بەرگەن. ئەمما ئۇ خىتاينىڭ بۇنچىلىك رەزىل، بۇنچىلىك تۆھمەتخور، بۇنچىلىك دەرىجىدە قىرغىنچى، ھەتتا بىر شەھەر ياشلىرىنى قىرىۋەتكۈدەك دەرىجىدە رەزىل ئىكەنلىكىنى بەلكىم ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا، چاپچال تۈرمىسىدە ياتقان چاغلىرىدا ھېس قىلغان بولسا كېرەك.

1980 ـ يىللاردىن كېيىن خىتاي ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويغان چاغلاردا، تۇنجى بولۇپ خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىكى گۈاڭجۇ، شاڭخەي قاتارلىق چوڭ سودا شەھەرلىرىنىڭ ئىشىكنى چەككەن ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئارىسىدا ئابدۇخېلىل مىجىتمۇ بار ئىدى. ئەينى چاغدا ئابدۇخېلىل مىجىت بىلەن بىللە گۈاڭجۇنىڭ شاسەن دەپ ئاتىلىدىغان يېزىلىرىغا بېرىپ سىنئالغۇ (لۇشاڭچىلىق) تىجارىتى قىلغان، ھازىر چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ئاغىنىلىرى ئەسلەپ مۇنداق دېيىشىدۇ: «ئابدۇخېلىل تىجارەتكىمۇ بەك ماھىر ئىدى، ھەر قېتىم گۈاڭجۇنىڭ يېزىلىرىغا بېرىپ مال ئەكىرگەن ۋاقتىمىزدا گۈاڭجۇ ساقچىلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئۇچرايتتۇق. بۇنداق چاغلاردا ساقچىلارغا تەمكىن جاۋاب بېرىپ، ھېچ مەسىلە كۆرۈلمەي ئۆتۈپ كېتىدىغىنى ئابدۇخېلىل ئىدى. ئۇ بىزگە داۋاملىق ‹خىتاي تەرەپ تەكشۈرگەندە ھېچ قورقماي تۇرۇش كېرەك، بۇ گۈيلار ئازراقلا قورقۇپ قالغىنىڭنى بىلىپ قالغان زاماتىلا سېنى بوزەك قىلىشقا باشلايدۇ› دەيتتى».

ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ سەپداشلىرى يەنە ئەسلىشىپ: «1989 ـ يىللىرى بولسا كېرەك، ئابدۇخېلىل تۇنجى بولۇپ بىر نەچچە ئاغىنىسى بىلەن خوندا ماركىلىق موتسىكلىتنى غۇلجىغا ئېلىپ كەلگەن ئىدى» دېيىشىدۇ.

ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ ئاغىنىلىرىدىن ھازىر گېرمانىيەدە

ياشاۋاتقان ئابدۇسالام ئەپەندى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئەينى يىللاردا ئالمۇتاغا چىقىپ كېتىپ، ئون ئاي تۇرۇپ قايتىپ كەلگەن ۋاقتىمدا ئابدۇخېلىلدا ئىنتايىن چوڭ ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى كۆردۈم. تىجارەت قىلىپ ئويناپ ـ كۈلۈپلا يۈرىدىغان، ئۇنى ئاز دەپ كېيىنكى چاغلاردا زەھەرلىك چېكىملىككە ئۆگىنىپ قالغان ئابدۇخېلىل بىردىنلا ئىسلام ئەقىدىلىرى بويىچە ئىش قىلىدىغان، بەش ۋاق ناماز ئوقۇيدىغان، ئىنتايىن تەقۋا، ئېغىزىدىن ئىسلامغا دەۋەت قىلىشنى چۈشۈرمەيدىغان ئىنتايىن ئېسىل بىر يىگىتكە، بىر ناتىقۇقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. ئۇنى كۆرۈپ كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. ئۇ شۇ چاغدا مەھەللە ـ مەھەللىلەردىكى مەشرەپ گۇرۇپپىلىرىغا بېرىپ، ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى ھەققىدە نۇتۇق سۆزلەپ ، غۇلجا ياشلىرىنىڭ قەلبىگە ئىمان نۇرى سېپىش ئىشىنى ئاللىقاچان مۇۋەپپەقىيەتلىك باشلاپ بولغان ئىدى».

1990 ـ يىللاردىن ئېتىبارەن خىتاي بىر تەرەپتىن مەقسەتلىك ھالدا غۇلجا شەھرىدە ئاق تاماكىنى كەڭرى ۋە ئەرزان باھادا قويۇۋەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن خەلققە ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن، غۇلجا شەھەرلىك يېڭى ھايات تۈرمىسىدە «زەھەرلىك چېكىملىكنى تاشلاتقۇزۇش مەركىزى» دېگەن بىر مەركەزنى قۇرغان بولۇپ، ئەينى يىللاردا بۇ مەركەز ئاق تاماكىنى تاشلاش ئۈچۈن كەلگەن ئۇيغۇر ياشلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى. ئەمما ئەينى چاغدىكى غۇلجىنىڭ ۋەزىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇنداق مەركەزدىن 20 ـ 10 سى بولغان تەقدىردىمۇ مەسىلىنى ھەل قىلالمايتتى. ئۇنى ئاز دەپ بۇ ئورۇن بىچارە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئىقتىسادىنى شىلىپ يېسىمۇ، ئەمما پەرزەنتلىرى زەھەرلىك چېكىملىك دېگەن بۇ ئالۋاستىنىڭ چاڭگىلىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ كېتەلمەيتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، خىتاي ئورمانغا ئوتنى

ئۆزى قويۇۋېتىپ، يەنە ئۆزى ئوت ئۆچۈرىدىغان قەھرىمان بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققاندەك بىر ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈپ، گېزىت، رادىيو-تېلېۋىزىيەلىرىدە بۇ ئاتالمىش زەھەر تاشلاتقۇزۇش مەركىزىنى «پارتىيەنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە كۆرسەتكەن زور غەمخورلۇقى» دەپ تەشۋىق قىلاتتى. ئەمما مەشرەپ (يوشۇرۇن دەۋەت) بۇ مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلىشتەك ئىدى. مەشرەپ ئوينىغان ياشلار ناھايىتى تېز ۋاقىت ئىچىدە ئاق تاماكىدىن قول ئۈزۈشكە باشلاپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىدا مۆجىزە خاراكتېرلىك زور ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىغان ئىدى. مەشرەپ ئىشلىرىنىڭ باشلىنىشى بىلەن، ئابدۇخېلىل مىجىت تۇنجى بولۇپ ئاق تاماكا (زەھەرلىك چېكىملىك)نى تاشلىغان ياشلارنىڭ، شۇنداقلا ياشلارنى ئىمان ۋە ئىسلامغا يېتەكلەشنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ قالدى.

گۇەنتانامو تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلىپ ھازىر شۋېتسىيەدە ياشاۋاتقان، 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ شاھىتى ئادىلجان ھاكىم ئابدۇخېلىل مىجىتنىكى ناتىقلىق ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەينى چاغدا جەنۇبتىن (ئاتالمىش جەنۇبى شىنجاڭدىن) غۇلجىغا تەبلىغ ئىشلىرى ئۈچۈن چىققان مىجىت موللام، خالىت موللام ۋە ئابابەكرى موللام قاتارلىقلار غۇلجىدىكى ئومۇمى ئىجتىمائىي ۋەزىيەتنىڭ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ئىدى. بۇلار ئالىم باللار بولۇپ، ئابابەكرى موللام خوتەنلىك ئىدى. ئابدۇخېلىل مىجىت بۇ باللاردىن دەرس ئالغان ئىدى. ئابدۇخېلىل ئىنتايىن ناتىق بولغاچقا، مەشرەپ سورۇنلىرىدا تەبلىغنى ئۇ قىلاتتى. بۇلار بىر-بىرىنى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلاتتى ۋە ئىززەتلەيتتى. ئابدۇخېلىل تەبلىغ قىلغاندا مىجىت موللام ئىنتايىن كىچىك پېئىللىق بىلەن جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلايتتى. پەقەت سوئال-جاۋاب قىسمىغا كەلگەندىلا مىجىت

موللام سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بېرەتتى. دەۋەت ۋە ئەقىدە جەھەتلەردە ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ ئىپادىلەپ قايىل قىلىش كۈچى زور بولۇپ، بىر قېتىم ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلىغان كىشىلەردە زور ئۆزگىرىش بولاتتى. كېيىن بۇ ئۈچ ئۇستازنىڭ ئىچىدىكى خالىت ئابدۇخېلىل مىجىتلاردىن يولىنى ئايرىغان بولۇپ، ئۇلار (قوراللىق كۈرەش) يولىنى تاللىغان. غۇلجىدىكى مەشرەپ ئىشلىرىغا تەسىر كۆرسەتكەن بۇ ئۈچ نەپەر ئالىم، ئىنتايىن ھوشيار ۋە چېنىققان بولۇپ، غۇلجىدىكى ساقچىلار ئۇلارنىڭ پېيىغا چۈشكەندە، ئۇلارنىڭ ساقچىلارنىڭ دەككىسىنى قانداق بەرگەنلىكىگە ئائىت ھەر خىل رىۋايەت تۈسىنى ئالغان ۋەقەلىكلەر بار».

5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ سەركىلىرىدىن ئابدۇخېلىل مىجىت ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن، ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ يېقىنلىرىدىن ھازىر تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئەنۋەر ھاجىم ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەينى يىللاردا مەن ئۈرۈمچىدە ئىدىم. ئابدۇخېلىل قەشقەر تەرەپتە مەشرەپنى قانات يايدۇرۇش مەقسىتىدە جەنۇبقا سەپەرگە چىقىپ قالدى. لېكىن قەشقەردە بەكمۇ ئۇزۇن تۇرماي قايتىپ كەلدى. ئابدۇخېلىل جەنۇبى شىنجاڭدىن، يەنى قەشقەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خەلقىمىزنىڭ ئۇ تەرەپلەردە دىنىي جەھەتتە ئىنتايىن ئارقىدا قالغانلىقىنى، نۇرغۇنلىغان يامان ئىللەتلەرنى ئۆزگە يۇقتۇرۇۋالغانلىقىنى شىكايەت قىلىپ قايتىپ كەلگەن ئىدى. ئابدۇخېلىل مىجىت غۇلجىغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ ئۈچ ئاي ئىچىدە ئاشكارا دەۋەت (5 ـ فېۋرال نامايىش) ئىشىنى باشلىدى. بىز ھىدايەتنى ئاشۇ قېرىنداشلىرىمىز بار سورۇنلاردا ھەمداستىخان بولۇش جەريانىدا ئۆگەندۇق. ئاشۇ قېرىنداشلىرىمىز بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ قوپقان سورۇنلار ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىپ، توغرا يولغا مېڭىشىمىزغا ۋەسىلە بولغان ئىدى».

ئەنۋەر ھاجىم ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ ئۈرۈمچىدىكى پائالىيەتلىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇخېلىل ئۈرۈمچىگە كېلىپ ماڭا تېلېفون قىلدى. بۇ دەل 1996-يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئىدى. مەن ئالدىغا چىقىپ، خېرىدارلىقىنى قىلىپ چوڭ ئۆيگە باشلىدىم. ئۇن كۈنگە يېقىن ئابدۇخېلىل بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇپ كۆپ مۇڭداشتۇق، شۇ چاغدا ئابدۇخېلىل ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، ئاتالمىش ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام ئىنستىتۇتى قاتارلىق جايلاردا، شۇنىڭدەك جەمئىيەتتىكى ياشلار، سودىگەر، تىجارەتچىلەر ئارىسىدا سورۇن تۈزۈپ نۇتۇق سۆزلەش ئېلىپ باردى. ئەينى يىللاردىمۇ ھازىرقىغا ئوخشاشلا، دىن پارتىيە ۋە سوتسىيالىزمغا خىزمەت قىلاتتى. ئاتالمىش ئىسلام ئىنستىتۇتىمۇ ئەلۋەتتە سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ئىسمى ئۇلۇغ ئىچى قۇرۇق جاي ئىدى. ئابدۇخېلىل ئىسلام ئىنستىتۇتىدا ئېلىپ بارغان شۇ قېتىملىق دەۋىتىدە، بۇ نۇقتىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان ئىدى. ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ شۇ قېتىملىق دەۋىتىنى ئاڭلىغان ئىسلام ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ۋە مۇھەممەت ئابلا داموللام ، ئابدۇللا قارى قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىدىيەسىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، بۇ مەكتەپتىكى خىزمەتلىرىنى تاشلاپ باشقىچە ھايات يوللىرىغا قەدەم باسقان ئىدى. ئۇلار خىتاينىڭ ئىسلام دىنىغا قوللانغان ھىيلە-مىكرى ئاساسىدا قۇرۇلغان بۇنداق مەكتەپلەردە، قۇرئان كەرىمنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى خەلققە تونۇشتۇرۇشتا ئاجىز كېلىپ قالىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتنى تونۇپ يەتكەن ئىدى.

مەن يەنە ئابدۇخېلىل مىجىت بىلەن بىرلىكتە، ئۈرۈمچىدىكى بىر قىسىم ياشلار ئارىسىدا ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق دەۋەتتە بىللە بولغان ئىدىم. ئابدۇخېلىل سورۇنغا كىرىپلا، ۋەتەن تەۋەسىدە

ختايىنىڭ مائاشىغا باغلانغان، ئىمام ۋە خىزمەتچىلەرنى ھەق گەپ قىلىشتىن ئاجىز كېلىدىغان كىشىلەر دېيىشكە بولىدىغانلىقى ھەققىدە توختالغان ئىدى. ئۇرۇمچىدە مۇشۇ بىر قاتار تەبلىغلەر بولغاندىن كېيىن، ئابدۇخېلىل غۇلجىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئارىدىن 20 كۈندەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئابدۇخېلىل ماڭا بىر تېلېفون قىلدى ۋە غۇلجىغا كېلىشىمنى تەۋسىيە قىلدى. مەن ئۇرۇمچىدىكى سودا ئىشلىرىمنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئاندىن يولغا چىقىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. ئاشۇ تېلېفون ئالاقىسى بولۇپ ئىككى كۈندىن كېيىن، غۇلجا ياشلىرىنىڭ ئابدۇخېلىل مىجىت باشچىلىقىدا ئاشكارا دەۋەت، يەنى 5- فېۋرال نامايىشىغا چىققانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم».

ئەنۋەر ھاجىم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇرۇمچىدە بىر قېرىنداشىمىز بار بولۇپ، بۇ قېرىنداشىمىز ئابدۇخېلىل مەشرەپنى يولغا قويغاندىن ئېتىبارەن بارلىق ئىش-ئوقەتلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئابدۇخېلىلنىڭ يېنىدا تۇرغان ۋە ئابدۇخېلىلنىڭ ياردەمچىسى بولغان ئىدى. ئابدۇخېلىل غۇلجىغا قايتقاندا ئاشۇ قېرىنداشىمىزمۇ ئابدۇخېلىلغا ھەمراھ بولۇپ غۇلجىغا بارغان ئىدى. بۇ قېرىنداشىمىزنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئابدۇخېلىل غۇلجىغا بېرىپلا نامايىشنىڭ تەييارلىقىغا جىددىي كىرىشىپ كەتكەن. بىر ياقتىن نامايىشقا چىقىدىغان ياشلارنى تەشكىللەپ تىزىملىكلىرىنى رەتلەپ تۇرغۇزسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىبراھىم ئىسمائىل قاتارلىق كىشىلەر بىلەن مەخپىي كۆرۈشۈپ، ئىدىيە ۋە پىكىر بىرلىككە كەلگەن.

ئابدۇخېلىل مىجىت ۋە نامايىشقا چىقىدىغان ياشلار، شۇ كۈنى دۈشمەننىڭ ئۆزلىرىگە خۇددى غالجىر ئىتلاردەك ئېتىلىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار غۇسۇل تەھەرەت

ئالغان، ھەتتا ئۆزىنىڭ نامىزىنى ئۆزى چۈشۈرگەن ھالدا ئاشكارا دەۋەت يۈرۈشىنى، يەنى غەپلەتتە قالدۇرۇلغان، ئىسلام دىنىدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىلگەن ئۇيغۇر خەلقىنى ئويغىتىش مەقسەت قىلىنغان نامايىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارغان ئىدى.

نامايىش ئىنتايىن قاتتىق باستۇرۇلدى. نامايىشتا ئالدىنقى قاتاردا ماڭغان ئابدۇخېلىل مجىت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ پۇتلىرىغا، ھەتتا بېلىنىڭ تۆۋىنىگە ئوق تەككەن ئەھۋاللار بولغان، كالتەك-توقماقلار بىلەن دۇمبالىنىش نەتىجىسىدە نامايىشچىلارنىڭ يۈز-كۆزلىرى يېرىلغان ئىدى. خىتاي ئەسكەرلىرى تاياق زەربىسىدىن ھالسىرىغان باللارنى ئۈستى ئوچۇق ھەربىي ماشىنىغا، خۇددى چالا ئۆلۈكلەرنى تاشلىغاندەك تاشلاپ يۆتكەپ ماڭغان. ئابدۇخېلىلنىڭ ياردەمچىسىمۇ تاياق-توقماقلار زەربىسىدە ھال-سىرىتىلغاندىن كېيىن، ھەربىي ماشىنىغا تاشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە ماشىنا كوزۇپىنىڭ ئىچىدە ئۆرە تۇرغان ۋە ئورنىدىن تۇرغىدەك مادارى قالمىغان ياشلاردىن ئاققان قانلار ماشىنا ئىچىنى قىپقىزىل بويىۋەتكەن ئىدى» .

ئابدۇخېلىل مجىتنىڭ ياردەمچىسىنىڭ ئەنۋەر ھاجىمغا ئېيتىپ بېرىشىچە، نامايىشچىلار ھەرقايسى تۈرمىلەرگە يۆتكەلگەندىن كېيىنمۇ، ئاشۇ قاتتىق سوغۇقتا تۈرمىلەرنىڭ مەيدانلىرىدىكى قار ئۈستىدە قولىغا كويزا سېلىنغان ھالەتتە تاشلاپ قويغاننى ئاز دەپ، كالتەك-توقماق بىلەن قاتتىق دۇمبالاشقا دۇچ كەلگەن ئىكەن.

ئەنۋەر ھاجىم يەنە ئابدۇخېلىلنىڭ جاسارىتى ۋە قەھرىمان-لىقى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سوراق جەريانىدا ئابدۇخېلىلدىن ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن ئىلى ئوبلاستلىق ساقچىنىڭ سوراقچىلىرى، تىرىككىنىدىن ئابدۇخېلىل-

نىڭ مېڭىسىگە تاپانچىنى تەڭلەپ پوپوزا قىلغان. ئابدۇخېلىل: «سەنلەر شۇنچىلىك قورقۇنچاق نېمىلەرسەنكى، تاپانچىدىن ئوق چىقىرىشقا جۈرئەت قىلىشالامسەن؟ بىڭسىڭ بولسا قېنى ئاتامسەن» دەپ ئىنتايىن قەيسەرلىك بىلەن جاۋاب بەرگەن».

2001- ياكى 2002- يىللىرىدىكى بىر كۈز مەزگىلى بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئابدۇخېلىلنىڭ جەسىتىنى تۈرمىدىن ئاچىقىپ بەردى. خىتايلار ئابدۇخېلىلنىڭ مېيىتىنى پەقەت ئانىسى نۇرىمانقىز، دادىسى مىجىت قارىم ۋە تاغىسى ئىبراھىم داموللامنىڭ تۇپراق بېشىدا قىسقا ۋاقىت كۆرۈشىگە رۇخسەت قىلىپ كۆمۈۋەتتى. ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ ئانىسى نۇرىمانقىز خانىم ئوغلىنىڭ تاياق ۋە ھەر خىل تەن جازاسى زەربىسىدىن ئىنتايىن كىچىكلەپ كەتكەن بەدىنىنى كۆرۈپ ئىنتايىن ئېچىنغان، ئەمما ئوغلىنىڭ «مەن ئۆلگەندىن كېيىن نەزىر- چىراغ ئۆتكۈزۈپ ئاۋارە بولماڭلار، يىغازارە قىلماڭلار، مەن بۇ يولنىڭ ئۆلۈم يولى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ماڭدىم. ھەرگىز پۇشايمان قىلمايمەن. سىلەرنىڭمۇ مەن شېھىت بولغاندىن كېيىن قەيسەر ياشىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن سۆزلىرىنىڭ تەسىرىدە، دۇئا- تىلاۋەتلەر قىلىپ قايتقان. بۇ كۆرۈنۈشلەر ئەينى يىللاردا ئۆز پەرزەنتلىرىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان مىڭلىغان ھەسرەتلىك كۆرۈنۈشلەر ئىچىدىكى پەقەتلا بىر كۆرۈنۈش ئىدى. شاھىتلار ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ مازىرىنىڭ غۇلجا شەھەر چاپچال ناھىيەسىدىكى سۈت پاراشۇكى زاۋۇتىنىڭ ئەتراپىقا توغرا كېلىدىغان بىر زاراتگاھلىقتا ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. چاپچال ناھىيەلىك سۈت پاراشۇكى زاۋۇتىنىڭ خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا شېھىت ئابدۇخېلىل مىجىت ھەققىدە مۇنداق ھېكايىلەر يىللاردىن بۇيان تاراپ يۈرمەكتە:

خىتاي ھۆكۈمىتى ئابدۇخېلىل مىجىتنى تۈرمىدە قىيناپ

ئۆلتۈرگەندىن كېيىنمۇ خاتىرجەم بولالمىغان. نەق بىر ماشىنا ئەسكەر ئابدۇخېلىلنىڭ مازىرىنى 20 كۈن قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئالغان بولۇپ، ئۇلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرغان بىر يىگىت ئابدۇخېلىلنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىغا بىر تال دەرەخ تىكىپ قويغان ۋە دەرەخنى ئىنتايىن ياخشى پەرۋىش قىلغان. دەرەخ كۆكلەپ بۈك-باراقسان بولۇشقا باشلىغان. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان خىتاي ساقچىلىرى ئۇ يىگىتنى قولغا ئېلىپ سوراق قىلغان ۋە خىزمەتتىن ھەيدىۋەتكەن.

ئابدۇخېلىل مىجىت قىسقىغىنا ئوتتۇز نەچچە يىللىق ھاياتىنى ۋەتەن-مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئويلىنىش، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان، كېلەچەكتىكى مەلۇم شۇم پىلانلىرىنىڭ بىرى بولغان ئۇيغۇر خەلقىنى زەھەرلىك چېكىملىككە ئامراق، ئەيدىز كېسەل كۆرپىلىرى، ئىشلەشنى خالىمايدىغان ھورۇن، ئەبگار دېگەن تەشۋىقاتلىرىغا قارشى ئۆزىنىڭ ياش جېنىنى قالقان قىلغان، ئۆزىنىڭ ھاياتى بەدىلىگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خىتاي ئېيتقاندەك ھەممە ناچار ئىللەتلەرنى يۇقتۇرۇۋالغان مىللەت ئەمەس، بەلكى سەممىي، ئەمگەكچان، ئىمانلىق، تارىختا نۇرغۇن سەلتەنەتلىك خانلىقلارنى قۇرغان مىللەت ئىكەنلىكىنى دۇنياغا جاكارلىغان.

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ كىم ۋە قانداق مىللەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشى ئۈچۈنمۇ مانا مۇشۇنداق ئېغىر بەدەللەر تۆلەشكە توغرا كېلەتتى. 2016-يىلىدىن كېيىن بۇ ۋەزىيەت تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. ئۇيغۇر خەلقى خۇددى قانچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى تاش قوراللار دەۋرىدىكىدەك تېلېفون، ئىنتېرنېت دېگەنلەردىن مەھرۇم قالدۇرۇلدى. چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تېلېفون ئارقىلىق ئائىلىسى بىلەن كۆرۈشۈشىنىمۇ ئارتۇق كۆرگەن

ختاي ئەجدىھاسى 1990 ـ يىللاردا چېشىنى كۆرسەتكەن بولسا، ئارىدىن 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇتىنى پۈركۈشكە باشلىدى.

ختاي 3 مىليوندىن 5 مىليونغىچە ئۇيغۇرنى گىتلېر گېرمانىيەسىنىڭ جازا لاگېرلىرىغا ئوخشايدىغان جازا لاگېرلىرىغا تاشلاپ، دۇنيا «قايتا تەكرارلىنىشى مۇمكىن ئەمەس» دېگەن جازا لاگېرلىرىنى قايتا قۇرۇپ چىقتى. ئۇيغۇرلار ۋەزىيىتىنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇۋاتقىنىغا قارىماي، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسۇلمان ۋە تۈركىي مىللەتلىك قېرىنداشلىرىمۇ سۈكۈت قىلىشقا باشلىدى. چۈنكى ختايدىن كېلىدىغان مەنپەئەت ئالدىدا ئۇلار دۇنيا ئادالىتىنى دەسسەپ يانجىپ، ئاياق ئاستى قىلىۋاتاتتى. ئۇيغۇرلار «ئەمدى تۈگىشىدىغان بولدۇق» دەپ ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىغاندا، خۇددى قۇرئان قىسسەلىرىدە ئېيتىلغان ئۈمىد قىسسىلىرىدەك «كورونا ۋىرۇسى» دېگەن بۇ كىچىككىنە ۋىرۇس ختاينىڭ نەقەدەر ئىشەنچسىز، نەقەدەر ئالدامچى، نەقەدەر ياۋۇز بىر دۆلەت ئىكەنلىكىنى دۇنياغا بىلدۈرۈشكە يەتتى. دۇنيا بۇ ۋىرۇس ۋە تۆلىگەن نۇرغۇن بەدەللىرى ئارقىلىق ئاخىرىدا ختاينىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يەتتى.

دېمەك، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ختاي بېسىۋالغان 70 يىلدىن بۇيان مىليونلىغان ئېسىل، ئىلغار كىشىلىرىنى قۇربان قىلىشى بەدىلىگىمۇ، ختاينىڭ رەزىللىكى ھەققىدە دۇنياغا ئاڭلىتالمىغان نىدالىرىنى ئاشۇ كىچىككىنە ۋىرۇس ئاڭلىتىشقا يەتتى. بىز بۇ يەردە ختاي ۋىرۇسى سەۋەبىدىن جانلىرىدىن ئايرىلغان دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەت ئەزالىرىغا چوڭقۇر قايغۇلىرىمىزنى بىلدۈرىمىز. شۇنداق، دۇنيا بىر ۋىرۇس بىلەن سىلكىنىشكە باشلىدى. دۇنيانىڭ دىققىتى ختايغا مەركەزلەشتى. دۇنيا خۇددى نەپەس ئېلىشى بىرنەچچە سېكۇنت توختاپ قېلىپ

قايتا ھاياتلىققا ئېرىشكەن كىشىدەك ھەممىنى باشتىن باشلاشقا باشلىدى. دۇنيا دۆلەتلىرى نۆۋەتتە ئارقا-ئارقىدىن خىتايغا تۆلەم تۆلەتكۈزۈش خامچوتلىرىنى تۈزۈشكە باشلىدى. ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى خىتاينى خەلقئارا سوتقا تارتىش توغرىسىدا قارار ئېلىش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتتى. مانا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بۇيان دۇنياغا بىلدۈرەلمەيۋاتقان ۋە ئەمەلگە ئاشۇرالمايۋاتقان ئۈمىدى ئىدى.

ئابدۇخېلىل مىجىت قاتارلىق سانسىزلىغان نامى مەلۇم ۋە نامسىز كىشىلەر ياشىغاندىمۇ خىتايغا يالۋۇرۇپ ياشىمىدى، ئۆلۈم ئالدىدىمۇ ھەم يالۋۇرمىدى. مانا بۇنى جاسارەت دەيمىز. مانا بۇنى روھ دەيمىز. ئۇيغۇرلار ھەر ۋاقىت ئۈمىد بىلەن ياشاپ كەلدى. ئۇلار ئۈمىدنى ئىمان دەپ چۈشىنىپ ياشىدى. ئۈمىد ۋە روھ كۆكلەيدۇ، خۇددى قارا قىش كېتىپ ئەتىيازدا كۆكلىگەن دەرەخلەردەك.

خىتاينىڭ ئەڭ ئېغىر جىنايەتچىلەرنى سولايدىغان چاپچال ناھىيەلىك سۇ تۈرمىسىدە، ئىمان مەسىلىسىدە خىتاي بىلەن قىلچە مۇرەسسە ئۈستىلىدە ئولتۇرمىغان، ئەي... ئاللاھ دەپ نىدا قىلىش ئارقىلىق ئاللاھتىن كۈچ-قۇۋۋەت ئالغان شېھىت ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ روھى ۋە ئۈمىدىمۇ كۆكلەيدۇ. خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا مەڭگۈ ئاتالمىش «بىخەتەر رايون» بەرپا قىلالمايدۇ. چۈنكى ئەڭ ئاخىردا غالىب كېلىدىغىنى روھلار ۋە ئىدېئولوگىيە بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا بولغان قارىشىنى خىتاينىڭ دەھشەتلىك كۈچلۈك قوراللىرى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. «ئىدىيەلەرنى قىلىچ بىلەن باستۇرغىلى بولمايدۇ» دەيدۇ ئامېرىكىلىق يازغۇچى ئاۋگۇست سترىنبەرگ (August Strindberg) بۇ كىتاب كېلەچەكتە خىرەلىشىپ قالىدىغان 5-فېۋرال غۇلجا

ئىنقىلابى ئىدېئولوگىيەسىنى جانلاندۇرىدىغان، روھلارنى قايتا كۆكلىتىشكە يېتەكلەيدىغان بىر مەنىۋى ئوغۇت بولۇپ قالسا دېگەن ئۈمىدتىمىز.

ئابدۇخېلىل مىجىت باشلىق بارلىق 5-فېۋرال سەركىلىرى ۋە قۇربانلىرى خەلقىنىڭ ئۈمىدى بولۇپ ياشىدى ۋە بۇ يولدا ھاياتىنى پىدا قىلدى. ئەگەر ئابدۇخېلىل مىجىت، ئابدۇمىجىت ئابدۇراخمان ۋە ئابدۇكېرىم ئەخمەت ۋە 10 مىڭغا يېقىن 5-فېۋرال شېھىتلىرى 5-فېۋرال كۈنى نامايىشقا چىققىنىمىز خاتا، بىز ئاللاھنىڭ قانۇنىغا ئەمەس، بەلكى سېنىڭ قانۇنىڭغا ئىتائەت قىلىمىز، دەپ تەۋبىنامە يازغان ياكى قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ يالۋۇرغان بولسا ئىدى ھاياتىدىن ئايرىلمىغان بولاتتى. ئەمما خەلقنى مەڭگۈ ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پاتۇرۇپ قوياتتى. ئۇلار ياشاش ئۈچۈنمۇ خىتايغا يالۋۇرۇپ ياشىمىدى، ئۆلگەندىمۇ يالۋۇرۇپ ئۆلمىدى. ئەگەر ئۇلار ھاياتلىق ۋە ئۆلۈم ئالدىدا دۈشمىنىگە يالۋۇرغان بولسا ئىدى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاسارىتىنى سۇندۇرۇپ قوياتتى. يەنە بىر قېتىم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئويغىنىشى تەسكە توختىغان بولاتتى. ئابدۇخېلىل ئۆزىنىڭ مىللەتنىڭ ئۈمىدى بولىدىغانلىقىغا چەكسىز ئىشىنەتتى ۋە ئۈمىدى بولدى.

5-فېۋرال ئىنقىلابى ئۈمىد ئىنقىلابى بولدى. ئۈمىد بەدەل دېمەكتۇر. ئۈمىدنىڭ ئۇرۇقى بولىدۇ، كۆكلەيدۇ، ئۈمىد بىزنى مەۋجۇت قىلىدۇ.

ئۈمىد نېمە؟ ئۈمىد قەھرىمانلار، ئۈمىد دىنىمىزدا ئىمان.

### سەركە ئابدۇمجىت ئابدۇراخمان

ئاقىۋىتىنى ئويلاشقان ئادەم قەھرىمان بولالماس.

- «كۇردلار ۋادىسى» فىلىمىدىن

گەرچە يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلىرىنىڭ موللىقى بىلەن جاھانغا مەشھۇر بولۇۋاتقىنىغا قارىماي، بۇ بايلىقلارنىڭ ھەقلىق ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھەتتا مەشرەپ ئويناشقىمۇ، پۇتبول ئويناشقىمۇ، ئۆزىنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىنى كۆچەيتىشكىمۇ قادىر بولالماي، مۇشۇنداق ئاددىي ھەق - ھوقۇقلىرى ئۈچۈن ياش جانلىرىدىن ئايرىلىپ ئېغىر بەدەللەر تۆلەشكە مەجبۇر بولۇش، خىتاي ئۇيغۇرلارنى مۇستەملىكە قىلىۋالغان 70 يىلدىن بۇيان ئىزچىل كۆرۈلۈپ كەلگەن ھەقىقەت. بۇ ئېغىر كۈنلەرنى پەقەت ئۇيغۇرلار ۋە بۇ بەندىلىرىنى ياراتقان بىر ئاللاھ ئىگەملا بىلىپ كەلدى. بۇ زۇلۇملارغا ئۇيغۇرلار دۇنيا ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزى بىلەن قانداش مىللەتلەرنىمۇ ئىشەندۈرەلمەي كەلدى.

شەرقىي تۈركىستاندىكى نېفىت ۋە تەبىئىي گاز زاپىسى، خىتايدىكى نېفىت ۋە تەبىئىي گاز زاپىسىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. شەرقىي تۈركىستان تۈرلۈك مىنېرال ماددىلارغا ئىنتايىن باي. شەرقىي تۈركىستاندىن ئىنتايىن يۇقىرى سورتلۇق پاختا چىقىدىغان بولۇپ، خىتايدىكى ئومۇمىي پاختا مىقدارىنىڭ 60% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئەمما بۇ پاختىلارنىڭ ھەقدار ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇر زېمىنلىرى پەقەت خام ئەشيا بازىسىلا بولۇپ، ئۇلار تېرىغان كېۋەزلىرىنىڭ ھەممىسىنى خىتاي بەلگىلەپ بەرگەن ئەڭ تۆۋەن باھادا سېتىشقا مەجبۇر. خىتايلار بۇ پاختىلارنى

پىششىقلاپ ئىشلەپ دۇنياغا ئېكسپورت قىلىش بىلەن بىرگە، يەنە نۇرغۇنلىغان قىممەت باھالىق توقۇلما بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىپ سېتىپ، ئۇيغۇرلارنى قۇل قىلىش بەدىلىگە نۇرغۇن مەنپەئەتكە ئېرىشىدۇ. ئەمما پاختىنىڭ ھەقلىق ئىگىسى بولغان ئۇيغۇرنىڭ بۇ قىممەت باھالىق توقۇلمىلارنى ئېلىشقا پۇلى يەتمەيدۇ. شەرقىي تۈركىستان خىتاي بېسىۋالغان زېمىننى ئەڭ چوڭ دىيارلارنىڭ بىرى بولۇپ، خىتاي ئومۇمىي زېمىننىڭ ئالتىدەن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. شەرقىي تۈركىستان جۇغراپىيەلىك جەھەتتە خىتاينى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ۋە ياۋروپاغا تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم تۈگۈن بولۇپ، خىتاي 60 مىليارد دوللار مەبلەغ سېلىپ قۇرۇپ چىققان خىتاي - پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى، خىتاينى قەشقەر ئارقىلىق پاكىستاننىڭ جەنۇبىدىكى گۋادار پورتى ئارقىلىق ھىندى ئوكيانغا تۇتاشتۇرىدۇ. قورغاس تۆمۈر يولى خىتاينى قازاقىستانغا، يەنى مەركىزى ئاسىياغا، رۇسىيە ئارقىلىق ياۋروپاغا تۇتاشتۇرىدۇ. شەرقىي تۈركىستان خىتاينىڭ ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىنى قوغداشتىكى ئەڭ مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك جاي.

ئۇندىن باشقا شەرقىي تۈركىستاننىڭ مېۋە-چېۋىلىرىمۇ ئىنتايىن شىرىنلىك بولۇپ، خىتاي تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى، قۇمۇلنىڭ قوغۇنى، قەشقەرنىڭ چىلان ۋە باداملىرىنى ئېكسپورت قىلغاندىن باشقا، شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىدىغان پەمىدۇر ۋە پەمىدۇردىن ياسالغان ھەرخىل مەھسۇلاتلارنىمۇ چەتئەلگە ئېكسپورت قىلىدۇ. دۇنيادا ئىشلەپچىقىرىلغان تۆت دانە پەمىدۇر قىيامىنىڭ بىرى شەرقىي تۈركىستاندا ياسالغان. ئۇنىڭدىن باشقا دۇنيادىكى داڭلىق زەنجىرسىمان ھازىر تاماق سېتىش رېستورانى ھېسابلانغان ماكدونالد قاتارلىق رېستورانلاردا ئىشلىتىلىدىغان «كەتچاپ» دېگەن ئالاھىدە پەمىدۇر قىيامىنىڭمۇ شەرقىي تۈركىستاندا ياسالغانلىقى مەلۇم. خىتاي 2019-يىلى بىر يىلدا

ئامېرىكا، رۇسىيە، ئىتالىيە ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى بولۇپ 100دىن ئارتۇق دۆلەتكە 73 مىڭ توننا شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان پەمدۇر قىيامى ساتقان. شەرقىي تۈركىستان ھاۋا كىلىماتىنىڭ قۇرغاق، يامغۇر مىقدارىنىڭ ئاز، كۈن نۇرى چۈشۈش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقىنىڭ چوڭ بولۇشى قاتارلىق ئەۋزەللىكلىرى بىلەن پەمدۇرى داڭلىق ماگانغا، يەنى خىتاينىڭ دۇنياغا پەمدۇر ئېكسپورت قىلىدىغان مۇھىم بازىسغا ئايلانغان. ئەمما بۇنداق ئەۋزەللىكلەرنىڭ ھېچبىرىدىن ئۇيغۇر خەلقى مەنپەئەت ئالالمايدىغان بولۇپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىدىن پەمدۇرنى ئىنتايىن ئەرزان باھادا سېتىۋالغان خىتاي، ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەپ چەتئەلگە ئېكسپورت قىلىپ ناھايىتى نۇرغۇن پايدا ئالىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاندا قولغا چىققانلىكى ھەرقانداق نەرسە بايلىق بولۇپ، بىر ئۇيغۇر ئالىقانچىلىك يەر سېتىۋېلىپ، بىر ئائىلە بەرپا قىلماقچى بولسا ئاۋۋال قورۇسىغا ئوسما بىلەن خىنە، ئاشكۆكى بىلەن رەيھاننى تېرىۋېتىپ ئىش باشلايدۇ. كېيىنكى يىللارغا كەلگەندە خىتاي بۇ ئوسمىلارنى كۆرۈپمۇ ئىچى ئاداپ ئولتۇرالماي قالدى. ئاندىن ئۇيغۇرلارنىڭ قورۇلىرىنى دەسسەپ يانجىپ ئوسمىلارنى يىغىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن قىممەت باھالىق، يەنى ئەڭ ئەرزىنى 100 دوللاردىن 400 دوللارغىچە بولغان قاش قەلەم ۋە باشقا چاچ ئۆستۈرىدىغان مەھسۇلاتلار ۋە گىرىم بۇيۇملىرى ياساپ ساتتى. خۇلاسىلىگەندە، ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ تەبىئىي قاش ئۇزۇقلۇقى بولغان ئوسمىنىمۇ ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن تارتىۋالدى. نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان، «ئاناڭنى داداڭغا پەردازسىز كۆرسەتمە» دېگەن ئۇدۇم بويىچە ئۈزۈم باراڭلىرى ئاستىدا، قۇچاق يەتكۈسىز مەدەنىي تېرەكلەرنىڭ سايىسىدا بىر-بىرلىرى بىلەن ئوسما قويۇشۇپ، ئاللاھ بەرگەن بۇ تەبىئىي گۈزەللىك

نېمىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر قىز-چوكانلىرىغا خىتاي بۇنىمۇ راۋا كۆرمىدى. شۇنداق بولغىنىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ئىنسانلىق ھەقلىرى بولغان مەشرەپ ئوينىشىنىمۇ، ناماز ئوقۇشىنىمۇ، ئۆز دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىنىمۇ راۋا كۆرمىدى. بۇ بىر قارىسا ئىنتايىن ئاددىي، بىر قارىسا ھايات-مامات مەسىلىسى سەۋەبىدىن غۇلجىدىكى مۇشۇ بىر دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان نى-نى قىران يىگىتلەر خىتاي تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇلارنىڭ بىرى 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن سەركە ئابدۇمىجىت ئابدۇراخمان ئىدى. ئابدۇمىجىت ئابدۇراخمانىنىڭ دىنىي تەبلىغلىرىنى ئاڭلىغان چەتئەللەردىكى يېقىنلىرى ئۇنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئابدۇمىجىت ئابدۇراخمان، ئوتتۇرا بوي، ئورۇق كەلگەن كۆزلىرىدىن جەڭگىۋارلىقى چىقىپ تۇرىدىغان بىر ئۇيغۇر ياش بولۇپ، ئۇنىڭ ئائىلىسى بىر نەچچە ئەۋلاد خىتاينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ كەلگەن. شۇ سەۋەبتىن ئابدۇمىجىت ئابدۇراخمان خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەۋجۇتلۇقىنى روھىدا ۋە قەلبىدە قىلچە ئېتىراپ قىلماي ياشاپ كەلگەن ئىدى. ئۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئەخلاقى پەزىلەت يولىغا، ياخشى ئادەم يولىغا مېڭىشىغىمۇ رۇخسەت قىلماسلىقتەك بۇنداق ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىلمىشلىرىغا قارشى جېنىنى تىكىپ كۈرەشكە چىققان ياشلارنىڭ بىرى». خىتاي بۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلارنى پەس كۆرۈشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن ئىدى. بىر مىللەت ئۇرۇشتا قىرىلغانغا تۈگەپ كەتمەيدۇ، بەلكى پەس كۆرۈلگەندە، كەمسىتىلگەندە تۈگەپ كېتىدۇ.

ئابدۇمىجىت ئابدۇراخمانىنىڭ دوستلىرى ئۇنى يەنە ئاق يۈزلۈك، پېشانىسى كەڭ، قاڭشارلىق، ئېگىكى ئۇچلۇق كەلگەن،

قارا چاچلىرىنى قىسقا ۋە رەتلىك ياسىتىۋالىدىغان قورقۇمسىز ۋە ئەقىللىق بىر يىگىت ئىدى دەپ تەسۋىرلەيدۇ.

ئابدۇمجىت 1971-ياكى 1972-يىللىرى غۇلجا شەھەر دۆڭ مەھەللىدە تۇغۇلغان. ئابدۇمجىتنىڭ ئۆيى غۇلجا شەھەر دۆڭ مەھەللىدىكى 3-دادۈينىڭ كوچىسىمۇ دەپ قويىمىز، 12-خاڭ (كوچىغا) توغرا كېلىدۇ.

ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە. مەشرەپ، يەنى يوشۇرۇن دەۋەت باشلىنىشتىن ئىلگىرى غۇلجا شەھەر توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا ئىشلىگەن. ئابدۇمجىت ھازىر شىۋېتسىيەدە ياشاۋاتقان ئادىلجان ھاكىمنىڭ قېيىنئىنىسى بولىدۇ. ئابدۇمجىت ئابدۇراخمان 1995-يىلى مەشرەپ باشلانغاندىن ئېتىبارەن ئابدۇخېلىل مجىت بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ دەۋەت ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان بولۇپ، غۇلجا شەھىرىدىكى ئۇيغۇر ئويغىنىش ۋە زەھەرلىك چېكىملىكتىن قول ئۈزۈش ھەرىكىتىدە باشلامچىلىق رول ئوينىغان ئىدى.

ئادىلجان ھاكىم ئابدۇمجىت ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇمجىت بىلەن مەن 1995-يىلى مەشرەپ باشلانغاندا تونۇشقان ئىدىم. مەشرەپ باشلانغاندىن كېيىن، ئابدۇمجىت مەشرەپتىكى دەۋەت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان. ئۆزى دەۋەت ئىشلىرىغا بەك قىزىقاتتىكەنتۇق. كىچىككىدىن ناھايىتى ئەخلاقلىق يېتىشكەن بالا ئىدى. ئاتالمىش ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا بولسۇن ياكى ئۇنىڭ ئالدىدا بولسۇن ئاتا-بوۋىلىرىدىن شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابلىرىغا قاتناشقان كىشىلەر بار ئىكەن. بۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ قېنىدا خىتاي ھاكىمىيىتىگە بولغان ئۆچمەنلىك مەۋجۇت بولۇپ، ئابدۇمجىت خىتاينىڭ ۋەتىنىمىزنى بېسىۋالغانلىقىنى بىلىدىغان بىر ئائىلىدە چوڭ بولغان ئىدى. شۇڭا خىتايغا بولغان مەيدانى

ئىنتايىن ئېنىق ئىدى.

ئابدۇمجىت 1995 ـ يىلى ئابدۇخېلىل بىلەن تونۇشۇپ، دىنىي جەھەتتىكى پىكرى ئىلغار بىر تۈركۈم ياش داموللامىلار بىلەن بۇرادەر بولۇپ، شۇلارنىڭ ئىلغار پىكىرلىرىدىن ئۆزىگە ئوزۇق ئالغان. شۇڭا ئەينى يىللاردا غۇلجىدا ئېلىپ بېرىلغان دىنىي دەۋەت ئىشلىرى بىلەن داڭقى چىققان. ئابدۇمجىت ئۆزى تۇغما ناتىق بولۇپ، گەپكە بەك ئۇستا، ئىنتايىن ئەقىللىق، زېرەك ئىدى. ئەينى يىللاردا مەھەللىلەردە مەشرەپ ئويناش باشلىنىپ كەتتى. مەشرەپنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى ئارقىلىق ياشلارنى ئەخلاقلىق يېتەكلەش ئىدى. ئەڭ ئاخىرىدا دۇتار ـ تەمبۇرلارمۇ چېلىناتتى».

ئادىلجان ھاكىم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەينى چاغدا، غۇلجا ئوقۇغان ئوقۇمۇشلۇق ئادەملىرى كۆپ، مەدەنىيەت سەۋىيەسى يۇقىرى دەپ قارالغان بىلەن، دىنىي سەۋىيەسى ئىنتايىن ئاجىزلاپ كەتكەن ئىكەن. بىزدە مۇسۇلمان دېگەن سۆزلا قالغان بولۇپ، دىنىنىڭ ئاددىي ئەھكاملىرىنىمۇ بىلمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىكەنمىز. دىنىي سەۋىيە ئىنتايىن چېكىنىپ كېتىپتىكەن غۇلجىدا. شۇڭا ئابدۇمجىت قاتارلىق ئىلغار ياشلار دىنىي سەۋىيەسى يۇقىرى بىلىملىك ئىلغار داموللاملاردىن دەرس ئېلىپ، ئاندىن ياشلارغا يەتكۈزۈپ دىنىي جەھەتتە چوڭ بىر بۇرۇلۇش بولغان، ئىسلامغا بولغان قىزغىنلىق كۆتۈرۈلگەن ئىدى. ھەرقايسى يېزا ۋە مەھەللىلەردە پۇتبول ئويناش قىزغىنلىقىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، پۇتبول كوماندىلىرى قۇرۇلغان. مەقسەت مىللەتنى چېنىقتۇرۇش ۋە بەدەن ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىكەنلىكىنى بىز كېيىن تونۇپ يەتكەن ئىدۇق. خىتايلار ئەزەلدىن ئۇيغۇرلار چېنىقسىلا گۇمان قىلىپ كەلگەن ئىدى. شۇڭا

پۇتبول مەيدانلىرىغا سۇ قويۇپ بىرىپ بۇزغۇنچىلىق قىلدى.

شۇ چاغلاردا ئابدۇخېلىل، ئابدۇمجىت، ئابدۇكېرىمكام، روزىمەمەت، كېپەكيۈزدىكى ئابدۇۋەلى قاتارلىقلار غۇلجا شەھىرىدىكى ھەرقايسى مەھەللىلەرگە مەسئۇل بولۇپ، مەشرەپنى باشلايدۇ. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدە يۈرگۈزگەن دەۋەت ئىشلىرىنى، يەنى ئىشنى نۆلدىن باشلاش مېتودىنى ئۈلگە قىلىدۇ.

ئابدۇمجىت ئىنتايىن ناتىق بولۇپ، ئۇنىڭ نۇتۇقلىرىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق بىر ياشتا جىددىي ئۆزگىرىش ۋە ياخشىلىنىشلار بولغان. چۈنكى ئۇنىڭ دەۋاتقان گەپلىرى قايىل قىلارلىق ھەق گەپلەر، شۇنداقلا يۈرىكىدىن چىقىرىلىپ دېيىلگەن سۆزلەر بولغاچقا، نۇرغۇنلىغان ياشلار ھىدايەت تاپقان. ئابدۇمجىتنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ئالدىدا ھېچقانداق كىتابمۇ يوق ھالەتتە، قىلچە ھودۇقماي ئىككى سائەت ئەتراپىدا دەۋەت قىلالايتتى. بۇلار ئىنتايىن ئەقىللىق باللار ئىدى. دەۋەت قىلىش سەۋىيەسىمۇ ئىنتايىن يۇقىرى ئىدى. ئابدۇمجىتنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى خىتايلارغا قەتئىي ئىتائەت قىلماسلىق. ئۇ «ئەگەر بىز ئۆزىمىزنى مۇسۇلمان دەپ قارايدىكەنمىز، زېمىنىمىزنى بېسىۋالغان خىتاي كاپىرلىرىغا قەتئىي ئىتائەت قىلماسلىقىمىز كېرەك» دېگەن ئىدېئولوگىيەنى ئىلگىرى سۈرەتتى. «خىتاينىڭ قانۇن پىرىنسىپلىرىغا قەتئىي ئىتائەت قىلمايمىز. بىز مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلىق پىرىنسىپلىرى بويىچە ياشايمىز ۋە مۇسۇلمانلىق پىرىنسىپلىرى بويىچە ئۆلىمىز» دېگەن پىرىنسىپتا چىڭ تۇراتتى. خىتاي بىلەن بولغان ھەرقانداق ئالاقىنى ئۈزۈشنى تەرغىب قىلاتتى. ئۆز ئالدىمىزغا ئىش قىلىمىز دەيتتى ۋە قۇرئان، ھەدىسلەردىن سۆزلەيتتى. 5-فېۋرال نامايىش كۈنى ئابدۇمجىت

ناмайىشقا چىققان بولۇپ، شۇ كۈنى قولغا ئېلىنىدى. خىتايلار ئۇنى شۇ كۈنى توققۇزتارا تۈرمىسىگە سولىغان ئىكەن. كېيىن چاپچال تۈرمىسىگە يۆتكىگەن ئوخشايدۇ.

مەن 1999-يىلى 11-ئايدا ۋەتەندىن ئايرىلدىم. شۇ چاغقىچە توققۇزتارا تۈرمىسىدە ئىكەنتۇق. بىز ئابدۇمىجىتنىڭ ئاپىسى بىلەن بىرگە بىرقانچە قېتىم تۈرمىگە بېرىپ كۆرۈشەلمىگەن ئىدۇق. ئاپارغان نەرسىلىرىمىزنى ئالغان، ئەمما ئۆزى بىلەن كۆرۈشتۈرمىگەن ئىدى. كېيىن مەن چەتئەلگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئاپىسىغا يىراقتىن كۆرسىتىپتۇ دەپ ئاڭلىغان ئىدىم. پەقەت گەپ قىلدۇرماي يىراقتىن بىر قېتىم كۆرسەتكەن ئىكەن. كېيىن 2001-ياكى 2002-يىللىرى بولسا كېرەك، ئابدۇكېرىمكام، ئابدۇخېلىل ۋە ئابدۇمىجىت ئۈچىگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلغان ۋە ئابدۇكېرىمكام بىلەن ئابدۇمىجىت ئىككىسىنى ئوق بىلەن ئېتىپ ئىجرا قىلدى. جىنازىسىغا ئائىلىسىدىن پەقەتلا بىر ئادەمنى قاتناشتۇرغان ئىدى. ئابدۇمىجىتنىڭ مېيىتنى ئاكىسىغا بەرگەن. ئاكىسى ئۆزى دەپنە قىلىپ باشقا تۇغقانلارغا كۆرسەتمىگەن. ئېتىپ ئۆلتۈرۈشنى چاپچال تۈرمىسىدە ئىجرا قىلغان. ئابدۇمىجىت 1996-يىلى مەشرەپ ھەركىتى جەريانىدا توي قىلغان بولۇپ، ئايالى بىلەن قىسقا مۇددەت بىللە ياشىغانلىقتىن، پەرزەنتى بولمىغانىدى».

## 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى شاھىتىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى

ھازىر تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئىمام ھەسەن ئەينى يىللاردا غۇلجا شەھىرىدە قانات يايغان مەشرەپنى كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق يازغان ئىدى: «1996-يىلى مېنىڭ ئۈچۈن ئالدىنقى يىللاردىكىدەكلا ئادەتتىكىدەك باشلاندى. ئەتراپىمدىكى مۇھىت،

ئادەملەر ھەتتا قىلىشۋاتقان ئىشىمدىن ھېچ بىر نەرسە ئۆزگەرمىگەن ئىدى. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي ئەتراپىمدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى، ئۇلار كېيىنىشتە، مېڭىش-تۇرۇشتا ھەتتا ئۆزئارا كۆرۈشۈشتە بولسۇن بۇرۇنقىغا ئوخشىمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. شۇ يىلى 5-ئايلاردا مېنىڭ يېقىن ئاغىنىلىرىمدىن بىر قانچىسى ناماز ئوقۇشقا باشلاپ تاماكا چېكىشنى تاشلىدى، داۋاملىق مېھرىنى ئۇزەلمەيدىغان ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانا، ماجاڭخانىلاردىن ئۆزىنى تارتىشقا باشلىدى.

بىر كۈنى مەن بىر ئاغىنەمدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىسام، مەن ساڭا چۈشەندۈرۈپ بولالمايمەن، باشقا كۈنى مەن سېنى بىر يەرگە باشلاپ باراي، دېدى. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ مېنى ئىزدەپ ئۆيگە كەلدى ۋە كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە ئاكامنىڭ ئاغىنىلىرى كەلمەكچى، ماڭا ئاغىنىلىرىڭنى چاقىر، دېدى، كەچتە بىزنىڭ ئۆيدە كۆرۈشەيلى، دەپ كېتىپ قالدى.

شۇ كۈنى كەچتە مەن ئۇنىڭ ئۆيگە باردىم. ئۆيدە بىر قانچە بالا باركەن، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئولتۇردۇم، باشقىلارمۇ بىردىن-ئىككىدىن كېلىشكە باشلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۆيگە 20 دىن ئارتۇق ئادەم يىغىلدۇق، ئاخىرىدا 27 ياشلار چامىسىدا ئىككى بالا كىردى ۋە ھەر بىرىمىز بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋال سورىدى، ئاندىن بىرى چاپىنىنىڭ ئالدىنى ئېچىپ، ئەپچىل تىكىلگەن سومكىدىن بىر قۇرئاننى ئالدى ۋە بىزگە لېكسىيە قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئېغىزدىن چىقىۋاتقان سۆزلەر شۇنچە گۈزەل ئىدىكى، نەق قەلبىمىزگىلا تېگىپ بىزنى ھاياجانلاندۇراتتى. ئۇ بالا قۇرئاندىكى «ھەرقانداق بىر قوۋم ئۆزىنىڭ (ناچار ۋە قالاق) ھالىتىنى ئۆزى ئۆزگەرتمىگۈچە ئاللاھ ئۇنى ئۆزگەرتىپ بەرمەيدۇ» دېگەن رەئىد سۈرىسى 11-ئايەتنى تەپسىر قىلىۋاتقان ئىدى.

ئۇ بۇ ئايەتنى شۇنچىلىك تەسىرلىك ۋە گۈزەل تەپسىر قىلىپ ئاخىرىدا، بىزنىڭ ئىتتىن خار، پوقتىن سېسىق كۈنگە قېلىشىمىزغا، مانا بۇ مۇبارەك كىتابقا ئېسىلمىغانلىقىمىز سەۋەب بولدى، ئەمدى بىز قاچانكى مۇشۇ يولغا قايتمىغۇچە بۇ خارلىقىمىز يەنە داۋاملىشىدۇ، دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى.

راستىنى دېسەم، مەن شۇ كۈندىكى ھېسسىياتىمنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. قەلبىمنىڭ بىر قىسمىنى قاراڭغۇ، يەنە بىر قىسمىنى يورۇق ھېس قىلاتتىم. ئەمما سەۋەبىنى بىلمەيتتىم. ئەتىسى سەھەر ئورنۇمدىن بالدۇرراق تۇردۇم ۋە ئۆزۈم بىلگىنىمچە تاھارەت ئېلىپ، ئۆزۈم يادلىۋالغان سۈرىلەر ۋە ئاپامنىڭ كۆرسىتىپ قويۇشى بىلەن، بامدات نامىزىنى ئوقۇدۇم. ئاپامنىڭمۇ ئەقلى ھەيران قالدى. چۈنكى ئۇ شۇنچە دەپمۇ مېنى نامازغا كۆندۈرەلمىگەنىدى. ئەمدىلىكتە بىر كېچىدىلا مەن باشقا ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان ئىدىم. مەن تېخى تۈنۈگۈنلا باشقىلارنىڭ ئاستا-ئاستا ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى سەزگەن بولسام، ئەمدى ئۆزۈم بىراقلا ئۆزگەرگەن ئىدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ خىلدىكى يىغىلىشلارغا بىر نەچچە قېتىم باردىم. ھەر قېتىم شۇ سورۇندىن قايتقىنىمدا ئۆزۈمنى تېخىمۇ كۈچلەنگەندەك ھېس قىلاتتىم ۋە ئۆزۈمگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قوياتتىم. ئۆزۈمنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشاتتىم. بۇ يىغىلىشلاردا مېنىڭ دىققىتىمنى تارتقىنى، بىرىنچىسى، بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى 17 بىلەن 30 ياش ئەتراپىدىكى ياشلار ئىدى. ئىككىنچىسى، مەن تونۇيدىغان ياشلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىلگىرى زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولغانلار ئىدى.

شۇ چاغدا بىز ئۆزئارا يېقىن ئارىلىشىدىغان 17-18 ياشلار ئەتراپىدىكى بالىلار بىر گۇرۇپپا بولۇپ ئىزدىشىپ تۇراتتۇق،

شۇنداقلا ئۆز ئىچىمىزدە تۈزۈلمەرنى يولغا قويغانىدۇق. يەنى، كىم تاماكا چەكسە ياكى ئۆيىدىن تاماكا قالدۇقى بايقالسا بىر سوم جەرىمانە، كىم ئىچىمىنى بۇزسا بىر سوم جەرىمانە، كىم ختتايچىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلىسە بىر سوم جەرىمانە... ئېلىناتتى.

شۇ مەزگىللەردە مەشرەپ ئويناۋاتقان باللارنىڭ بەزىلىرىنىڭ كېچىلەردە، كوممۇنىستلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ كېتىلگەنلىكىنى ئاڭلايتتۇق، بۇ ئەھۋال يىل ئاخىرىغىچە تېخىمۇ ئېغىرلاشتى ۋە كۆپ باللار تۇتۇلۇپ كەتتى».

يۇقىرىدىكى بۇ كۈندىلىك خاتىرە ئەينى يىللاردا مەشرەپكە قاتنىشىپ هاياتىدا زور ئۆزگىرىشلەر هاسىل قىلغان ۋە ئەتراپىدىكىلەردىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بولغانلىقىنى كۆرگەن ئىمام ھەسەننىڭ ھەقىقىي كۈندىلىك خاتىرىسى. ياشلاردىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلغۇچىلار، هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ سەركىلىرىدىن ئابدۇخېلىل مجىت، ئابدۇمجىت ئابدۇراخمان... قاتارلىق ياشلار ئىدى.

ئابدۇخېلىل مجىت ۋە ئابدۇمجىت ئابدۇراخمان قاتارلىق بۇ سەركىلەر بىر-بىرىنى ئىنتايىن هۆرمەت قىلىدىغان ۋە ئۆزئارا ئىززەتلىشىدىغان بولۇپ، بۇ ھەقتە توختالغان ئادىلجان هاكىم ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «1996-يىللىرى بولسا كېرەك، ئابدۇمجىت يېڭى توي قىلغان چاغلار ئىدى. بىر كۈنى مەلۇم مەھەللىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر لىكسىيەدە، ئابدۇخېلىل مجىت قاتارلىق سەركىلەر يىغىلىشقان ئىدى. ئۇنىڭغىچە ئابدۇمجىتمۇ يېتىپ كەلدى. ئابدۇخېلىل ئۇنىڭغا يېڭى توي قىلغانلىقىنى، يەڭگىمىزنى يالغۇز تاشلاپ قويماسلىقى كېرەكلىكىنى چاقچاق ئارىلاش چۈشەندۈرۈپ ئۆيگە قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلغان ئىدى. دېمەك، مەشرەپ ئىنتايىن قىزغىن، ئىنتايىن مېھرىبان ۋە

ئىناق ئىتتىپاق ھالەتتە داۋاملىشىۋاتقان ئىدى. ئەينى يىللاردىكى مەشرەپ بىزنىڭ مېھرىبان ئائىلىمىز بولۇپ، ھېچبىر زامان ئەمەلگە ئاشۇرالماي كەلگەن ئۇيۇشۇش، ئىتتىپاقلىشىش، ئۆزئارا كۆيۈنۈش، قوللاش دېگەنلەر ئۆز مەنىسىنى تاپقان جاي ئىدى. ياشلارنىڭ بۇ مەشرەپتىن تالاڭ ئاتقىچە قايتقۇسى كەلمەيتتى».

ئابدۇمجىت بېشىغا قانداق بالايىقازالارنىڭ كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، مەيدانى ئېنىق ۋە كەسكىن ھالدا خىتاينى رەت قىلغان ياشلاردىن ئىدى.

خىتاي رەئىسى ماۋ زېدۇڭ «سەۋەبسىز ئۆچمەنلىك يوق» دەيدۇ. شۇنداق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خىتايغا چىش-تىرنىقىغا قەدەر ئۆچ بولۇپ كېتىشىنىڭ ئىنتايىن چوڭ سەۋەبلىرى بار، ئەلۋەتتە.

## سەركە ئابدۇكېرىم ئەخمەت

شۇنداق بىر ئىنسانلار باركى، ئۆلۈمدىن قاچماس، ئەكسىچە ئۆلۈم بىلەن ياشايدۇ.

- «كۇردلار ۋادىسى» فىلىمىدىن

شۇنداق، 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان، بەلكى ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلىپ ياشايدىغان نۇرغۇنلىغان نامسىز قەھرىمانلارنىڭ ھېكايىلىرىگە شاھىت بولدۇق. بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەنلىرى ناھايىتى ئاز بىر قىسىم قەھرىمانلارنىڭ مۇبارەك نام-شەرىپىدىن ئىبارەتتۇر. 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە بىلمەيدىغانلىرىمىز بىلىدىغانلىرىمىزدىن كۆپ. بىز پەقەت قۇدۇق ئاستىدىكى بىر شەھەرنىڭ ھېكايىسىنى قۇدۇق سىرتىغا بىر ئاماللارنى قىلىپ قېچىپ چىققانلارنىڭ

ئېغىزىدىن قېزىشقا، توپلاشقا مەجبۇر بولدۇق. ھەقىقىي قېزىش، توپلاش ۋە رەتلەش ئىشىنى ۋەتىنىمىز مۇستەقىل بولغاندا بىرمۇ بىر ئىلىپ بارىمىز. ھېچ بولمىغاندا خىتاي يەنە چىشىنى كۆرسىتىپ ھىجاراپ، ئەينى چاغدىكىدەك بوۋاي-مومايلارنىڭ چاچلىرىنى ياساپ تاراپ، قارلىرىنى سۆيۈپ بىرىپ، دەرۋازا ئالدىمىزدا ياكى بوسۇغىمىزدا پەيدا بولغاندەك ئەھۋاللارنى قايتا سادىر قىلماقچى بولغاندا، كېلەچەك ئەۋلادلىرىمىز خىتاينىڭ ياقىسىنى سىقىپ تۇرۇپ، بىز سەن بىلەن مەڭگۇ بىرلىكتە ياشىيالمايمىز، دەپ مۇشۇ پاكىتلارنى خىتاينىڭ كۆزىگە تىقىپ قويىدۇ، ئەلۋەتتە.

5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ سەركىلىرىدىن ئابدۇكېرىم ئەخمەت، خىتاي ئالدىدا ئۆلۈمدىن قىلچە قورقمىغان، ئەكسىچە ھەر زامان ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلىپ ياشىغان كىشىلەرنىڭ بىرى.

ئابدۇكېرىم ئەخمەت 1965-يىلى تۇغۇلغان. ئابدۇكېرىمنىڭ دادىسىنى كىشىلەر ئەخمەت قارىم دەپ ئاتىشىدىغان بولۇپ، قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئەخمەت قارىم ئىلگىرى بىر مەزگىل ھەربىي سەپتە تۇرغان بولۇپ، خىتاي ھەربىي سەپتىن قايتقانلارنى ئىلىدىكى 734 دېگەن ئۇران كانىغا ئىشچىلىققا ئورۇنلاشتۇرغان. كېيىن بۇ ئىشچىلارغا 40-30 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا پۇل بىرىپ، ئىشچىلىقتىن چېكىندۇرگەن. ئەخمەت قارىم 1980-يىللاردىن كېيىن تۇرپانغا بىرىپ تۇرپاندىكى شاھىمەردان داموللام ئاچقان قارىغۇجا مەدرىسىدە دىنىي بىلىملەرنى ئوقۇغان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئۇنى ئەخمەت قارىم دەپ ئاتايدىغان بولغان. ئەخمەت قارىم ناھايىتى بەستلىك، قاملاشقان كىشى بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئىنتايىن ئۆچلۈكى بىلەن تونۇلغان. ئابدۇكېرىممۇ دادىسىدەك ئىنتايىن

ھەققانىيەتچى يىگىت ئىدى. دادىسىغا ئوخشاشلا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغانلىقى، خىتايلارنىڭ بۇ زېمىندا كۈندىن-كۈنگە يامراپ، ئۇيغۇر خەلقىنى نەپەسىمۇ ئالالمىغۇدەك ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇۋاتقانلىقىدىن ئىنتايىن ئەندىشە قىلىدىغان، بالدۇر ئويغانغان يىگىتلىرىمىزنىڭ بىرى ئىدى. ئابدۇكېرىم 1993-يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەندىن كېيىن، يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ تۈرپانغا بېرىپ شاھىمەردان داموللامدىن ئىككى ئايغا يېقىن دىنىي دەرس ئالغان. 1995-1996-يىللىرى بولسا كېرەك، ئابدۇكېرىم غۇلجا شەھەرلىك قاتناش (داشىجىي)نىڭ ئارقا تەرەپ ھويلىسىدا ئىنىسى ئابلىكىم بىلەن بىللە ئاشخانا ئاچقان. غۇلجىدا مەشرەپ، يەنى يوشۇرۇن دەۋەت باشلانغاندا ئۇ ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئاكتىپلىق ھالدا دىنىي دەۋەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، غۇلجا ياشلىرىنىڭ زەھەرلىك چېكىملىك ئاپىتىدىن قۇتۇلۇشىدا مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن ئىدى.

ھازىر تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئەنۋەر ھاجىم سەركە ئابدۇكېرىمنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇكېرىم ئاكا ھازىر ھايات بولغان بولسا 55 ياشلار ئەتراپىدا بولغان بولاتتى. بىز شېھىت ئابدۇخېلىلنىڭ ھاۋلىسى بىلەن ئۆرۈمچىدە تونۇشقان. ئۇ ئاق يۈزلۈك ئوتتۇرا بوي، بۆدرە چاچ بىر كىشى ئىدى. ئابدۇكېرىم ئەينى يىللاردا مەشرەپ ھەرىكىتىدە ئاكتىپ كىشى ئىدى. مەركەزدە ئابدۇخېلىل، ئىجرا ئىشلىرىدا ئابدۇكېرىم ئاكا ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنى قىلاتتى. ئۆرۈمچىدە بىز بىر-ئىككى ھەپتە بىللە بولدۇق. بۇ 1996-يىللىرى ئىدى. ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ مەشرەپ ھەرىكىتىنىڭ ئالدى كەينىدىكى تەشكىللەش ئىشلىرىدا ئوينىغان رولى ئىنتايىن زور. ئۆزىمۇ ناھايىتى بىلىملىك، قابىلىيەتلىك،

ناتىق بىر كىشى بولۇپ، قايىل قىلارلىق لىكسىيەلىرى بىلەن، غۇلجا ياشلىرى ئارىسىدا زور شۆھرەت قازانغان ۋە ھۆرمەتكە ئېرىشكەن ئىدى».

5-فېۋرال غۇلجا نامايىشىدىن كېيىن، خىتاي ئابدۇكېرىمنى ئەڭ ئېغىر سىياسىي جىنايەتچىلەرنى سولايدىغان چاپچال سۇ تۈرمىسىگە قامىغان ئىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئابدۇكېرىمغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىپ، چاپچال تۈرمىسىدە ئېتىپ تاشلىدى.

شۇنداق، غۇلجا خەلقى ئۈچۈن 2000-2002-يىللىرى ئەڭ قاباھەتلىك يىللار بولدى. بۇ يىللاردا خىتاي غۇلجا شەھىرى، غۇلجا ناھىيەسى، قورغاس، نىلقا قاتارلىق ناھىيە-شەھەرلەردىكى ناھايىتى نۇرغۇن ئۇيغۇر ياشلىرىغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى. ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ جەسىتى چاپچا تۈرمىسىدىن ئائىلىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىشىنىڭ ئالدى كەينىدە، خىتاي چاپچالدا ئابدۇمىجىت ئابدۇراخمان بىلەن ئابدۇكېرىم ئەخمەتنىمۇ ئېتىپ تاشلىدى. ياشاش ئۈچۈنمۇ خىتايغا قىلچە يالۋۇرمىغان، ئۆلۈم ئالدىدىمۇ يالۋۇرمىغان، ئۆلۈمدىن قورقمىغان، ئەكسىچە ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلىپ ياشىغان، ئۆز ھاياتى بەدىلىگە خەلقىنىڭ ئۈمىدى، ئىشەنچى بولغان بۇ ئۈچ ئەزىمەت، ھاياتلىقىدا ئىمان-ئېتىقادتىن ئىبارەت بۇ ئۇيۇشۇش كۈچىگە تەسلىم بولۇپ، ھاياتىغا ئىمان نۇرىنى سىڭدۈرگەن بولسا، شېھىت بولغاندىن كېيىن ئۆزى سۆيگەن، يېقىن تۇرۇپ خىتايغا قارشى داۋاسىنى قىلغان بۇ ئەزىزانە ۋەتەنىنىڭ تۇپراقلىرىغا سىڭىپ كەتكەن ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ 3 قەھرىماننىڭ قەبرىسى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ چاپچال ناھىيەسىدە ئىكەن.

ھازىر تۈركىيەدە ياشاۋاتقان، 5-فېۋرال نامايىشى كۈنى سەۋەبسىزلا قولغا ئېلىنىپ، غۇلجا شەھەرلىك يېڭىھايات

تۈرمىسىگە تاشلانغان ئىمام ھەسەن ئابدۇكېرىم ئەخمەت ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇكېرىمكام نىلقىلىق بولۇپ، كېيىن خاگوسەندىكى 734 ئوران كان ئىشچىلىرى ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا كۆچۈپ كىرگەنكەن. شۇ چاغلاردا 8ـ7 ياشلار چامىسىدا ئابدۇۋارىس ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىدى. مەن ئابدۇكېرىمكامنى تۇنجى ۋە ئاخىرقى قېتىم 1997ـ يىلى 2ـ ئاينىڭ 5ـ كۈنى غۇلجا شەھەر يېڭىھايات تۈرمىسىدە كۆرگەن ئىدىم. شۇ كۈنى كەچتە ئابدۇكېرىمكامنى بىز تۇرغان كامېرغا ئەكىرگەن ئىدى. 40 ياشلار ئەتراپىدا، ئېگىز بويلۇق، ئاقسېرىق كەلگەن، ناتىق ئادەم ئىكەنتۇق. شۇ كۈنى بىزنىڭ يېنىمىزدا پەقەت يېرىم سائەتچە تۇردى، بەك ئەرزىيەت تارتقان بولسا كېرەك ئەكىرگەندە ئىككى خىتاي ئەسكىرى سۆرەپ ئەكىرگەن ئىدى. ئۆرە تۇرغۇدەك ھالى يوقتى. شۇنداقتىمۇ كۆزلىرىدىن قەيسەرلىك چىقىپ تۇراتتى. شۇ قىسقىغىنا يېرىم سائەتتە بىزگە كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلغان. كېيىن تەقدىرى قانداق بولدى بىلمىدىم».

### سەركە روزىمۇھەممەت

دۈشمىنىمنى كۈچلۈك قىلغىنىڭ، مەغلۇپ بولسام نومۇس قىلماي!

ـ ئىندىيان ماقاللىرى

5ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ سەركىلىرىدىن بىرى ھېسابلانغان روزىمۇھەممەت، 1968ـ يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ئىنتايىن زىچ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چوڭ مەھەللىلىرىنىڭ بىرى بولغان تۆپىچى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ غۇلجا شەھىرىدە كۈندىن كۈنگە يامراپ كېتىۋاتقان ئەرزان باھالىق زەھەرلىك چېكىملىك

ۋە ئەيدىز سەۋەبىدىن ئۆز مىللىتىنىڭ كېلەچىكى ھەققىدە زور ئەندىشىلەردە بولغان. قانداق قىلغاندا بۇ قورقۇنچلۇق ۋەھىمىدىن غۇلجا ياشلىرىنى قۇتۇلدۇرغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە كۆپ باش قاتۇرغان روزىمۇھەممەت، غۇلجا شەھەر قارىدۆۋەك يېزىلىق جامىغا ئىمام بولۇپ كەلگەن ئابدۇرېشىت ھاجىمنىڭ جۈمە خۇتبىلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئابدۇخېلىل مىجىت قاتارلىق ئىلغار ياشلار بىلەن بىرلىكتە، ئىسلام دىنىغا قايتىش ۋە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادىتى بولغان مەشرەپنى قايتا ئىزدەپ تېپىشتىن ئىبارەت بۇ بىر قارىسا ئادەدىي، ئەمما ناھايىتى نۇرغۇن يوشۇرۇن ھېكمەتلەر مۇجەسسەملەشكەن يول خەرىتىسىنى تېپىۋالغان ئىدى. روزىمۇھەممەت غۇلجا شەھىرىدە قانات يايغان مەشرەپ ھەرىكىتىنى تەشكىللىگەن، ئۇيغۇر ياشلىرىنى تەربىيەلەش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان سەركىلەرنىڭ بىرى.

روزىمۇھەممەت مەشرەپ ھەرىكىتى باشلىنىشتىن بۇرۇن، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيەلىرىدىكى قازاق چارۋىچىلارغا ماس كېلىدىغان ئېگەر، توقام، شۇنداقلا كىيىم-كېچەك، يىپ-يىڭنە قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ساتىدىغان تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، روزىمۇھەممەتنى تونۇيدىغان كىشىلەر ئۇنىڭ خاراكتېرىنى تىجارەتكە ماھىرلىقى، خەير-ساخاۋەت ئىشلىرىنى كۆپ قىلىدىغانلىقى بىلەن تەرىپلەيدۇ. روزىمۇھەممەت ئوتتۇرا ئاسىيا، يەنى ئالمۇتاغا مال چىقىرىش تىجارىتى باشلانغان مەزگىللەردە، غۇلجا شەھەر ياشلار بازىرىدا بىر مال يۆتكەش ئىسكىلاتى قۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا مال چىقىرىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. سەركە روزىمۇھەممەت بىلەن سەركە ئابدۇخېلىل مىجىت ئىككىسى يېقىن ئاغىنىلەردىن بولۇپ، ئەينى يىللاردا روزىمۇھەممەت بىلەن ئابدۇخېلىل بۇ مال سېلىش ئىسكىلاتىدا بىللە ئىشلىگەن شېرىكلەردىن ئىدى. ئابدۇخېلىل مىجىت مال

قاچىلاش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان.

1995 ـ يىلى غۇلجىدا مەشرەپ ھەرىكىتى سىستېمىلاشقان كېيىن، روزىمۇھەممەت دۇكانلىرىنى ۋە بارلىق تىجارەت ئىشلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن توختىتىپ، ئۆزىنى غۇلجا شەھىرىنى پاكىزلاش، ئۇيغۇر ياشلىرىنى خامۇش، چۈشكۈن، پاسسىپ ھالەتتىن ئاكتىپ ھالەتكە يېتەكلەش خىزمەتلىرىگە ئاتىغان. روزىمۇھەممەتنى ياخشى تونۇيدىغان دوستلىرى ئۇنىڭ مەشرەپ، يەنى يوشۇرۇن دەۋەت مەزگىللىرىدە ئۆيىدىكى گىلەم ۋە ئالتۇن زىبۇ ـ زىننەت بويۇملىرىنى سېتىپ، ھەرقايسى يېزا ـ قىشلاقلاردىكى نامرات ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بەرگەنلىكىنى، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئىنتايىن زور مېھرىبانلىق، ئىتتىپاقلىق ۋە ئۆزئارا كۆيۈنۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشقانلىقىنى تىلغا ئېلىشىدۇ. خىتاي بۇ خىل ئىتتىپاقلىق ۋە مېھرى ـ مۇھەببەت يەتكۈزۈشنى كۆرۈپ ئولتۇرالماي قالدى. چۈنكى خىتاي ئىستراتېگىيەسى بويىچە ئۇيغۇرلارنى پارچىلاپ ـ بۆلۈپ، بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەيدىغان ھالەتكە ئەكېلىپ قويغاندا ياخشى باشقۇرغىلى بولاتتى. بىرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىق ئورنىتىشى خىتايغا نىسبەتەن يوشۇرۇن تەھدىت ھېسابلىناتتى.

1996 ـ يىلدىن ئېتىبارەن مەشرەپ ئوينىغان ياشلارنىڭ ھەر كۈنى بىردىن، ئىككىدىن تۇتقۇن قىلىنىشى نەتىجىسىدە، روزىمۇھەممەت، ئابدۇخېلىل مىجىت، ئابدۇمىجىت ئابدۇراخمان، ئابدۇكېرىم ئەخمەت قاتارلىق 5 ـ فېۋرال نامايىشىدىكى تۆت سەركە نامايىشقا چىقىش، يەنى ئاشكارا دەۋەتكە چىقىش ئارقىلىق خىتايغا، شۇنداقلا دۇنياغا ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى، شۇ ۋەجىدىن ئىسلام دىنىنى ئۆگىنىدىغانلىقىنى، مەشرەپ ئويناش ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى، مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتى

ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىتتىن بەتتەر خارلىق ئىچىدە ياشاشتىن، ئۆلۈمنى تاللاشنى ئەۋزەل بىلىدىغان بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن نامايىشقا چىقىش، يەنى ئاشكارا دەۋەت دەۋرىگە كىرىشنى مۇۋاپىق كۆرگەن ئىدى.

1997-يىلى 2-ئاينىڭ 5-كۈنىدىكى نامايىشتا روزىمۇھەممەت، ئىنىلىرىدىن تۇرسۇن مۇھەممەت، شىرمۇھەممەت ۋە نۇرمۇھەممەتلەر بىراقلا قولغا ئېلىنىدى. تۇرسۇنمۇھەممەت تۆت-بەش ئايدىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى. شىرمۇھەممەت ئۈچ-تۆت يىل تۈرمىدە ياتتى. روزىمۇھەممەت بىلەن نۇرمۇھەممەت مۇددەتسىز قاماق جازىسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بولۇپ، ھازىر ئۈرۈمچىدىكى 1- ياكى 5-تۈرمىدە بولۇشى مۇمكىن.

2016-يىلىغا قەدەر بۇ بىر جۈپ ئاكا-ئۇكىنىڭ ئەھۋالىدىن ئائىلىسى ئانچە-مۇنچە خەۋەردار بولۇپ ئايدا بىر قېتىم كۆرۈشۈپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما 2016-يىلى جازا لاگېرلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئىز-دېرىكىنى ئالالمىغان. ئىگىلىگەن مەلۇماتىمىزغا ئاساسلانغاندا، روزىمۇھەممەتنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى ياخشى ئەمەس بولۇپ، ئېغىر رېماتىزم كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان.

نۇرمۇھەممەتنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات ئالالمىدۇق. بۇ بىر جۈپ ئاكا-ئۇكا ھېچقانداق جىنايەت سادىر قىلمىغان. ئۇلار پەقەت مەشرەپ ئوينىغانلىقى، شۇنداقلا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى، دىنىي كىملىكىنى ئاشكارىلىغانلىقىدىن ئىبارەت ئەڭ ئەقەللىي ياشاش ھوقۇقىنى قوللانغانلىقى ئۈچۈنلا مۇددەتسىز كېسىلىپ، خىتاينىڭ قاراڭغۇ زىندانلىرىغا مەڭگۈلۈك بەند قىلىنماقتا. بۇنى خەلقىمىز ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك.

## ئەمىر ئىبراھىم ئىسمائىل بىلەن سەركە ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ دىيالوگى

شۇنداق قىلىپ، 1997 ـ يىلىغا كەلگەندە غۇلجا شەھىرىدىكى مەشرەپ گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئادەم سانى كۆرۈنەرلىك ئازلاشقا باشلىدى. بولۇپمۇ ئابدۇخېلىل مىجىت باشچىلىقىدىكى مەشرەپ گۇرۇپپىلىرىدىكى ياشلارنىڭ سانى كۈندىن ـ كۈنگە ئازلاپ كېتىۋاتاتتى. سەۋەبى خىتاي ھەر كۈنى ياشلارنى بىردىن، ئىككىدىن تۇتقۇن قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى بەرمەيۋاتاتتى. بۇ ئەھۋال مەشرەپ ئەھلىنى بىئارام قىلىشقا باشلىدى. ھېچكىم ئۆزىنىڭ قايسى كۈنى تۇتۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، ئەمما ھامان بىر كۈنى تۇتقۇن قىلىناتتى ۋە ئىز ـ دېرىكىنى ئالغىلى بولمايتتى. نەتىجىدە ئابدۇخېلىل مىجىت ئوچۇق ئاشكارا ھالدا نامايىشقا چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇسۇلمان، مەشرەپ ئوينايدىغان ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى؛ يا قەدىر ـ قىممىتى بار ئىنساندەك ياشايدىغانلىقىنى، ياكى ئۆلۈم يولىنى تاللايدىغانلىقىنى؛ ئىت ـ مۈشۈكلەردىنمۇ خار ـ زەبۇن ھالدا ياشاشنىڭ ئورنىغا ئۆلۈم يولىنى تاللايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئېنىق مەيدانىنى خىتايغا، شۇنداقلا پۈتۈن دۇنياغا بىلدۈرۈپ قويۇش يولىنى تاللىغان ئىدى. ئابدۇخېلىل مىجىت بىر ياقتىن نامايىشقا، يەنى ئاشكارا دەۋەتكە قاتنىشىدىغان ياشلارنى تىزىملىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەمىر ئىبراھىم ئىسمائىل بىلەن مەخپىي كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى يەتكۈزۈش خىيالىدا بولۇپ يۈرۈۋاتاتتى.

نامايىشقا بىر ھەپتە قالغان مەزگىللەر بولسا كېرەك، ئابدۇخېلىل

بىلەن ئىبراھىم ئىسمائىل غۇلجا شەھىرىنىڭ يېڭى ھايات مەھەللىسى ئەتراپىدىكى بىر جايدا مەخپىي كۆرۈشتى. بۇ ئىككىسىنىڭ بىرى يۇمشاق يول بىلەن خىتايغا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىرادىسىنى بىلدۈرۈپ قويۇش يولىنى تاللىغان سەركە، يەنە بىرى قورallıق قارشىلىق كۆرسىتىش يولىنى تاللىغان سەركە ئىدى.

كۆرۈشۈشتە ئىبراھىم ئىسمائىل ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ نامايىشقا، يەنى ئاشكارا دەۋەتكە چىقىش ھەققىدىكى پىلانىغا قوشۇلمىدى. ئىبراھىم ئىسمائىل ئابدۇخېلىلغا مۇنداق دېدى: «ئەگەر سىلەر ئوچۇق ئاشكارا نامايىشقا چىقساڭلار خىتاي تەرەپ نامايىشچىلارنى ئوققا تۇتۇشى، شۇنداقلا نامايىشقا چىققان ياشلارنىڭ ھەممىسىنى قولغا ئالغاندىن باشقا، يەنە شۇ نامايىشنى باھانە قىلىپ كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىشى مۇمكىن. نامايىشچىلارنىڭ قولىدا ھېچقانداق قورال بولمىغانلىقى ئۈچۈن، خىتايغا قارشى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتەلمىگەننى ئاز دەپ مۇشۇ بىر دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان ياشلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. قۇرۇق قول ھالەتتە نامايىشقا چىقىش توغرا ئەمەس. ئۇندىن باشقا تۇتقۇن قىلىنغان ياشلارغا خىتاي ئىنتايىن ۋەھشىي تەن جازالىرىنى قوللىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بۇ تەن جازالىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، نۇرغۇن ئىشلارنى ئاشكارىلاپ قويۇشى مۇمكىن». ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ يولى، ئۇزۇن مەزگىللىك مەخپىي تەييارلىق ئارقىلىق خىتايغا قارشى قوراللىق كۈرەش يولىنى تېپىش ئىدى.

ئابدۇخېلىل مىجىت بولسا نامايىشقا چىقمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، خىتاي تىپ-تىنچ ھالەتتە تۇتقۇن قىلىپ، بۇ بىر دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ياشلارنى ئاللىقاچان قىرىپ تۈگىتىش ئىشىنى باشلىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كۆرە نامايىشقا

چىقىپ ئۆلسەكمۇ، دۇنيادىن ئىنتايىن ئۇزاق ۋە يىپىق ھالەتتە قالغان غۇلجا دېگەن كىچىككىنە بۇ شەھەردىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خىتاي بىلەن مەڭگۇ بىللە ياشىيالمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت مەيدانىنى ئىپادىلەپ بەرگەندىن باشقا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەڭگۇ خىتايغا قۇل بولمايدىغان مەيدانىنىمۇ ئىپادىلەپ بېرىمىز، دېگەن.

نەتىجىدە ھەر ئىككى سەركە بىر-بىرىنىڭ قاراشلىرىغا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا قوللىرىنى چىڭ سىقىشىپ ئايرىلدى. بۇ كۆرۈشۈش بۇ ئىككى سەركىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇچرىشىشى بولۇپ قالدى. ئارىدىن ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە خىتاي ئۇيغۇر تارىخىدا ئاز كۆرۈلىدىغان سەركە ئىبراھىم ئىسمائىلغا ئۆلۈم جازاسى بەردى. ئۆلۈم جازاسىنى 1998-يىلى 1-ئاينىڭ 26-كۈنى غۇلجا شەھەر بايانداي يېزىسىدىكى بىر بىنەملىكتە ئىجرا قىلدى.

ئابدۇخېلىلنى بولسا 2002-2001-يىللىرىنىڭ ئارىسىدا چاپچال ناھىيەلىك سۇ تۈرمىسىدە ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

## ئۇيغۇر سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ 5-فېۋرال نامايىشى ھەققىدە بەرگەن باھالىرى

5-فېۋرال نامايىشى يۈز بەرگەن كۈنلەردە، رادىيو-تېلېۋىزورلاردا ئابدۇخېلىل مىجىت قانداق نېمە؟ دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا ئۇنى قارىلاش خاراكتېرىدىكى ماقالىلەر ئوقۇلۇپ تۇردى. خىتاي بۇ نۆۋەت ئۇيغۇر باشلىقلىرىنى بەكرەك ئىتتىرىپ ئالدىغا چىقىرىپ قويدى. ئەينى يىللاردىكى ئىلى ۋىلايەتلىك مەھۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىسى قۇربانجان مۇھەممەت، غۇلجا شەھرىنىڭ

باشلىقى پولات ئۆمەر قاتارلىقلار تېلېۋىزىيە نۇتقى سۆزلەپ، 5-فېۋرال نامايىشىنى، يەنى ئاشكارا دەۋەتنى قارىلىدى. بۇ دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇھىم ۋەقەلەرنىڭ بىرى، شەھەر باشلىقى پولات ئۆمەرنىڭ تېلېۋىزىيە نۇتقى سۆزلەۋاتقاندا: «بىز 5- ۋە 6-فېۋرال ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋە پاراكەندىچىلىك سېلىش ھەرىكىتىگە قاتناشقان ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنى خۇددى كوچىدىن ئۆتكەن چاشقاننى ئۇر-ئۇر قىلغاندەك ھالەتكە كەلتۈرىمىز ۋە تۆمۈر مۇشتىمىز بىلەن يانجىپ تاشلايمىز» دېگەن سۆزلەردىن كېيىن مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويۇشى بولدى.

ئۇ كۈنلەردە ئىشچى خىزمەتچىلەرگە كۈن يوق ئىدى. 5-فېۋرال ھەققىدە، ئۆز جان-جىگەرلىرى ھەققىدە تۆھمەتلەر ياغدۇر دەپ زورلىناتتى. شۇ كۈنلەردە ئىنسان تىلى بىلەن دىلى چەك-چېگرانى ئايرىغان ئىدى. ئىنسانلار تىل بىلەن دىلنى قوشماقلار دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشىدۇ. دىلىڭدا نېمە بولسا تىلىڭغا شۇ چىقىدۇ، دېيىشىدۇ. شۇ ۋەجىدىن خائىنلارنى، ئىككى يۈزلىمچىلەرنى كىشىلەر تىلى بىلەن دىلى بىر بولمىغان نائەھلى دېيىشىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ كۈنلەردە ئۇيغۇر خەلقىنى دىلى بىلەن تىلى بىر بولمىغان نائەھلىلەرگە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇناتتى ئىدى. گەرچە 5-فېۋرال شېھىتلىرى ياكى 5-فېۋرال يىگىتلىرى خەلق قەلبىدە ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەر، سۆيۈملۈك كىشىلەر بولسىمۇ، قاتمۇقات بېسىم، قاتمۇ-قات ھەربىي قورشاۋ ئاستىدا ئۇلارنى گۇناھسىز دېيىشكە چارىسىز ئىدى. دېمەككى، دىل بىلەن تىل ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن مۇساپىلەر تاشلىنىپ ياتماقتا ئىدى.

بۇ شۇنداق جاھانكى، ھۆكۈمدارلار تېرروچى، مىللىي بۆلگۈنچى ۋە ياكى دىنىي ئەسەبىي دېگەنلەرنى خەلق «قەھرىمانىم»

دەپ يۈرىكىگە ياقىدۇ. ھۆكۈمدارلار قەھرىمان دەپ كۆككە كۆتۈرگەننى خەلق «خائىن» دەپ نەپرەت بىلەن تۈكۈرۈپ ئۆتىدۇ. مەسىلەن، خىتاي مىللىي بۆلگۈنچى، تېررورىست دېگەن ئابدۇخېلىل مىجىت، تۇرسۇن سەلەي ۋە باشقا نۇرغۇن كىشىلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمانلىرىدۇر.

5 ـ فېۋرال نامايىشىدىن كېيىن ھەر كۈنى تېلېۋىزورلاردا قېرى ئۇيغۇر سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ 5 ـ فېۋرال ھەققىدە بەرگەن باھالىرى كۆرسىتىلدى. گەرچە قېرىلىق ئۆلۈمدەك شەرەپلىك بولمىسىمۇ، ئەمما كىشىلەر ئۆلۈم بىلەن قېرىلىق ئوتتۇرىسىدىكى تاللاشتا قېرىلىقنى تاللاپ كەلدى.

قېرىلاردىن تەشكىللەنگەن 5 ـ فېۋرال غۇلجا نامايىشى ۋە 6 ـ فېۋرال ئاتالمىش ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ھەرىكىتىگە باھا بېرىش گۇرۇپپىسى ئىچىدە ئەينى يىللاردىكى ئىلى ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى ئىبراھىم شۇجى، ئەمەلدارلاردىن مەمەت نامەت، تۇرسۇن ئىلى، مالىك كېۋىر قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە باللارغا تەربىيە بېرىش كېرەك، ئۇلار بەك ياش دېگەندىن باشقا، ئۇيغۇر خەلقىگە ئۈمىد بېغىشلىغۇدەك گەپ ـ سۆزلەر يوق ئىدى. ھەم ئۇلارمۇ بۇنداق قىلالمايتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھوقۇق تەمەسىدە: «بۇ مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە بېرىلگەن جازا يېنىك بولۇپ قالدى، تېخىمۇ قاتتىق جازالىنىشى كېرەك ئىدى» دېگۈچىلەرمۇ؛ مەسچىتلەر كۆپىيىپ سېلىنىپ، دىنىي تەلىم ـ تەربىيە كۈچىيىپ كېتىۋاتىدۇ، بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك، دېگۈچىلەرمۇ بولدى.

دېمەك، قېرى سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى قېرىلىق بىلەن ھەق ـ ئادالەت تارازىسى ئالدىدا ئۇلار يەنىلا قېرىلىقنى تاللىدى. بۇ قېرى سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ بەزىلىرى شۇ ۋەقە يۈز

بىرىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتتى. بەزىلىرى بەش-ئالتە يىل ياشاپ ئۆلۈپ كەتتى. ئۆزگىنىڭ ئاتقان تېشىدىن ئۆزىنىڭ ئاتقان پاختىسى ھەممىدىن قاتتىق تېگەتتى، ئەلۋەتتە. نە ئادۋوكات، نە ئۆزىنى ئاقلاش پۇرسىتىسىز ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان، ئېغىر تەن جازاسى سەۋەبىدىن تۈرمىلەردە ئۆلۈپ قالغان، ئىز-دېرەكسىز غايىب بولغان، مۇددەتسىز، مۇددەتلىك كېسىلگەن پەرزەنتلىرى ئۈچۈن يۈرەكلىرى قان-زەرداب بولۇۋاتقان ئائىلىلەر ئۈچۈن، خىتاينىڭ زۇلۇمىدىن بەكىرەك ئۇيغۇر سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك باھالىرى ئېغىر كەلگەن ئىدى. بۇ ئاھانەت ۋە ئاھانەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئېغىر ئاھانەت ئىدى. شۇڭا ھازىر جاۋاب چاقچاقچىلىق ئالاھىدىلىكى بىلەن تونۇلغان غۇلجا خەلقى، دەرھاللا بۇ ۋەزىيەتنى ئىنتايىن ياخشى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بىر چاقچاقنى ئىجاد قىلدى. ئۇ بولسىمۇ «قېرىلار يالاقتا، ئوتتۇرا ياشلىقلار قاماقتا، ياشلار سولاقتا» ئىدى. خەلق چارىسىز بولۇپ، چارە ئۈچۈن يوللار ئىزدىدى. بىر چارە خىرە-شىرە يورۇپ تۇراتتى. ئۇ بولسىمۇ چەتئەللەرگە چىقىپ كېتىپ دېموكراتىك ئەللەرگە ئورۇنلىشىپ، كېلەچەكنى قۇرۇش ۋە بۇ قىرغىنچىلىقنى دۇنياغا ئاڭلىتىش. بۇ خىرە-شىرە ئۈمىد ئۇيغۇر خەلقىگە ئازراق بولسىمۇ نەپ يەتكۈزدى.

خەلق بىر قارىسىڭىز ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك، خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك سۈكۈناتتا. ئەمما قازانغا قۇيۇلغان سوغۇق سۇ قايناشنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنىڭ بېشارىتى ئەمەس. بۇ سۇ يەنە پۇرۇقداشقا باشلايدۇ ۋە يەنە قايناپدۇ. سۈكۈت بۇ جايدا چوڭقۇر چۈشىنىش، ئىچ-ئىچىدىن ئۆرتەۋاتقان غەزەپ-نەپرەت ۋە ئويلىنىشنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنىڭ بېشارىتى. شۇنداقلا سۈكۈت چەك-چېگرانى ئېنىق ئايرىش ۋە يېڭى كۈرەش يوللىرىنى ئىزدەشكە ھامىلدارلىقنىڭ ئىپادىسى.

يەھۇدىيلار ئۇزۇنغا سوزۇلغان سۈكۈتلەردىن كېيىن مۇستەقىل ۋە كۈچلۈك ئىسرائىل دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقالىدى. تارىخ ئۈچۈن 50 يىل، 100 يىل ۋە 200 يىل دېگەنلەر ھېچگەپ ئەمەس، خۇددى تۈنۈگۈن، بۈگۈن ۋە ئەتىگە ئوخشايدۇ.

شۇنداق ئېغىر قىرغىنچىلىق بولغىنىغا قارىماي، ھايات يەنە داۋام ئەتمەكتە. فېۋرالنىڭ جاندىن ئۆتكۈدەك قاتتىق سوغۇقلىرى ھەم داۋام ئەتمەكتە. نوركا قۇلاقچا، سۆكنى پەلتو كىيىشكەن دادىلار، يۇڭ پوكوۋاي ياغلىقنى مەھكەم ئارتقان ئانىلار پەرزەنت ھەسرىتىدە چوغلانغان يۈرىكىگە ئېغىر تاش بېسىپ، ياشاشنى داۋام ئەتتۈرمەكتە. فېۋرالنىڭ ئارقىسىدىن باھارنىڭ ئەلچىسى مارت، ئاندىن ئاپرېل، ماي قاتارلىقلار ئەگىشىپ كەلدى. يەرنىڭ ئېرىگىنى، دەرخلەرنىڭ پوتلا-بىخ چىقارغىنى، گۈللەرنىڭ چېچەكلىشى ۋە بىخ چىقىرىشى، بۇلبۇللارنىڭ خەندان ئۇرۇپ سايرىشى، باھار يامغۇرىنىڭ شارقىراپ يېغىشى ۋە ھەسەن-ھۈسەنىنىڭ جۇلا قىلىشى، ھەقىقىي مەنىدىكى باھار ئەمەس. بۇ پەقەت پەسىللەرنىڭ رىتىملىق تەكرارلىنىشى، خالاس.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەلب باھارى ئارزۇ-ئارمانلار بىلەن كۈتۈلمەكتە. غۇلجا كوچىلىرىغا ھۆسن قوشقان، شەرقتە بىر ئېغىز خىتايچە بىلمىگىنىگە قارىماي گۈاڭجۇ، شاڭخەي قاتارلىق قايناق سودا مەركەزلىرىنىڭ ئىشىكىنى مەردانە چەككەن، غەربتە ئالماتا، بىشكەك، تاشكەنتلەردە موكىدەك قاتراپ، تىجارەت قىلغان ئۇيغۇر يىگىتلىرىنى غۇلجا كوچىلىرىدا كۆرگىلى بولمايدىغان مەنزىرە شەكىللەندى. ئۇلار نەدە؟ خىتاي 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ ئاتتى. بىر قىسىملىرى تۈرمىدە، بىر قىسىملىرى ئىز-دېرەكسىز. بۇ خىتاي ساقچىلىرىنىڭ پارا ئېلىپ بېيىشى ئۈچۈن ئالتۇن

پۇرسەت بولغان بولۇپ، خىتاي ساقچىلىرىغا نۇرغۇن پارا بېرىپمۇ ئىلى ۋىلايىتىدىكى تۈرمىلەردىن پەرزەنتلىرىنى ئىزدەپ تاپالمايۋاتقان كىشىلەر ئىنتايىن كۆپ ئىدى. دېمەك، مۈشۈككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن بولۇۋاتاتتى. ئۇلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھاراق-شاراب، ئاق تاماكا ۋە ئەيش-ئىشرەت بىلەن زەھەرلەپ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوقىتىش ھىيلىسىنى بىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئەجدادتىن - ئەۋلادقىچە ياشاپ كەلگەن بۇ مۇقەددەس ئانا تۇپراق ئۇلارغا تار كەلدى.

ئىدارە-جەمئىيەتلەردە 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشىنى قارىلاش سىياسىي ئۆگىنىشلىرى ئەۋج ئالدى. تېلېۋىزورلاردا ھەر ساھەدىكى، بولۇپمۇ سىياسىي كېڭەش ۋە خەلق قۇرۇلتىيىدىكى ئۇيغۇر ۋەكىللەرنىڭ 5-فېۋرال نامايىشىنى قارىلاپ ئىپادە بىلدۈرۈشلىرى داۋام ئەتمەكتە. 5-فېۋرال نامايىشىغا قاتناشقان ياشلار، ئىنتايىن ياش بولغىنىغا قارىماي شەرەپ بىلەن ئۆلۈش يولىنى تاللىدى. ئەمما 70 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان قېرى «ۋەكىللەر» ياشاش ئۈچۈن ساختىپەزلىك قىلماقتا. ئۇلاردا نە روھ، نە ئۈمىد بار ئىدى. روھسىزلىق ۋە ئۈمىدسىزلىك ھايات ئەمەس، بەلكى ۋاقىت ئۆتكۈزۈشتۇر، خالاس.

غۇلجا ئاللىقاچان ۋەھىمىلىك بىر شەھەرگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ھەر يەرگە يامراپ كەتكەن غالجىرلاشقان خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ تۈن نىسبىدە مەھەللىلەرنى قورشاۋغا ئېلىشلىرى، خىتاي ئىتلىرىنىڭ ئەنسىز قاۋاشلىرى، شەھەردە تىنتىش ئېلىپ بېرىۋاتقان خىتاي ساقچى ماشىنىلىرىنىڭ ئەنسىز چىرقىراشلىرى، ئاپتوماتنىڭ پايىنكى بىلەن ئەنسىز ئۇرۇلۇۋاتقان دەرۋازىلار، يوتقان ئىچىدىن سۆرەپ چىقىپ قار ئۈستىگە ياتقۇزۇۋېتىلگەن ئۇيغۇر يىگىتلىرى، قىيا-چىيا يىغلاۋاتقان باللار،... دۇنيا

بۇنىڭدىن خەۋەرسىز. دۇنيا ئەمەس، ئۆزىگە قوشنا بولغان يەنە بىر شەھەر خەۋەرسىز. ھەممە كىشى ئۆز جان قايغۇسىدا قورقۇنچلۇق بىر تىراگېدىيەگە شاھىت بولماقتا. پەلەستىن ۋە ئىراقتا بىر كىشىنىڭ بۇرنى قاناپ كەتسە دۇنيا خەۋەر تاپىدۇ. ئەمما 21 ـ ئەسىردە نە خەلقئارانىڭ بىر مۇخبىرى، نە ئۈچۈر ۋاستىلىرى بولمىغان غۇلجا شەھىرىنى ئەگەر خىتاي تولۇق قىلىۋەتسە ھېچكىم بىلمەي قېلىشى مۇمكىن. غۇلجا خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاشۇ كۆلپەتلىك كۈنلەردە، ئۇلارغا دۈشمەننىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىدىنمۇ بەتتەر ئېغىر كەلگىنى ئۆز مىللىتىدىن بولغان كىشىلەرنىڭ قارىلاشلىرى، دۈشمەننىڭ نېنىغا قايماق سۈركەپ بېرىشلىرى بولدى. ئەلۋەتتە سېنى ئەڭ قىينايدىغىنى، دۈشمەننىڭ ئاتوم بومبىلىرى ئەمەس، بەلكى ئۆز مىللىتىڭ ئىچىدىن چىققان كىشىلەرنىڭ ساڭا ئاتقان پاختىسى.

ئەمما غۇلجا خەلقى ئۆز قېرىنداشلىرى تەرەپتە تۇرماي، دۈشمەن تەرەپتە تۇرغان كىشىلەرنى جامائەت ئارىسىدا قانداق جازالاشنى بەك ياخشى بىلەتتى.

5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە، مەنسىپىنىڭ ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپ ... 

5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە، مەنسىپىنىڭ ئۆسۈشى ئەمەسىدە ھۆكۈمەت تەرەپتە تۇرۇپ تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدا پەيدا بولۇپ، نامايىشقا چىققان ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئەيىبلىگەن، ئۆزىنىڭ دىنىي ساھەدە ھېچقانداق بىلىمى يوق بولغىنىغا قارىماي، ھالال ۋە ھارام ھەققىدە ۋەز ـ نەسىھەت بەرگەن بىر كىشىگە، غۇلجا خەلقى «مەۋلان 5 ھارام» دەپ لەقەم قويۇپ قويغان ئىدى.

1997 ـ يىلى كۈز ئايلىرىدا خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىسىدىن 8660 ـ قىسىم دەيدىغان 10 مىڭ كىشىلىك بىر ھەربىي قىسىمنى يۆتكەپ كېلىشى بىلەن، غۇلجىدا خىتايلارنىڭ خورىكى تېخىمۇ يوغىناپ كەتتى. ئۇيغۇرلار بولسا ئۆزلىرىنىڭ 2 ـ دەرىجىلىك پۇقرا

ئورنىغا تېخىمۇ چۇشۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ ھېس قىلماقتا ئىدى.

## «كېپەكىستان» ھەققىدە ھېكايە

1997-يىلى، ئۇ كۈنلەرنى ياشىغانلار ئۈچۈن ئىنتايىن ئېغىر كۈنلەر ئىدى. بۈگۈن يېرىم كېچىدە مېنىڭ دەرۋازام قېقىلارمۇ دېگەن ئەندىشە ۋە ۋەھىمە ئىچىدە ئۇخلايدىغان كۈن ئىدى. ھازىر بولسا ئۇ كۈنلەر ھازىرقى كۈنلەرگە سېلىشتۇرغاندا خېلى ياخشى كۈنلەر ئىكەن دېيىشىۋاتىمىز. ئۇ كۈنلەر بىرلىرىنىڭ ئېغىزىدا ئەقىل ھاكىم بولغان چاغلار دېيىلسە، يەنە بىرلىرىنىڭ ئېغىزىدا ئەخمەقلىق ھاكىم بولغان چاغلار دېيىلەتتى. ئەمما ئۇ كۈنلەر ھازىرغا قالقان بولغان كۈنلەر ئىكەن.

ئۇ كۈنلەر ئېتىقاد بىلەن ئېتىقادسىزلىق يۈزلەشكەن چاغلار ئىدى. ئۇ كۈنلەر يورۇق چاغلار ۋە قاراڭغۇ چاغلار ئىدى. بىر قارىسىڭىز ئۈمىد باھارى، بىر قارىسىڭىز ئۈمىدسىز زىمىستان ئىدى. بىر قارىسىڭىز ياشاش ئۈچۈن ھەممە نەرسە باردەك، يەنە بىر قېتىم سىنچىلاپ قارىسىڭىز، ياشاشقا كېرەكلىك ھېچنەرسە يوقتەك بىر چاغ ئىدى. ئۇ چاغلار خۇددى قازانغا سېلىنغان بىر قوشۇق تۇز، قازاندىكى سۇيۇقلۇقنىڭ تەمىنى بىراقلا ئۆزگەرتىۋەتكەنگە ئوخشايدىغان كۈنلەر ئىدى. ئۇ كۈنلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى مۇستەقىل دۆلىتى ھېسابلانغان «كېپەكىستان»نىڭ پەيزىنى سۈرگەن كۈنلەر ئىدى. ھازىر «كېپەكىستان»نى تاپقىلى بولمايدىغان بىر زامان بولدى. «كېپەكىستان» دېگەن بۇ دۆلەت نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ ھۆرمەتلىك شېھىت ۋە غازىلىرى غۇلجا شەھەر كېپەكيۈزى يېزىسىغا بەرگەن ھۆرمەت نامى. كېپەكيۈزى يېزىسى، تۆۋەنكى

كېپەكيۈزى، ئارا كېپەكيۈزى ۋە يۇقىرىقى كېپەكيۈزى دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. ئارا كېپەكيۈزى يېزىسى بىلەن يۇقىرىقى كېپەكيۈزى يېزىسى غۇلجا ناھىيەسىگە، تۆۋەنكى كېپەكيۈزى يېزىسى بولسا غۇلجا شەھىرىگە قارايدۇ. كېپەكيۈزى يېزىسىنىڭ نوپۇسى 8699 بولۇپ، ئەينى يىللاردا ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ساپ ئۇيغۇر يېزىسى ئىدى. كېپەكيۈزى يېزىسى ئىلى ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىگە، غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. ئاق ئۆستەڭ يېزىنىڭ شەرقىدىن غەربىگە كېسىپ ئۆتىدۇ. يېزىنىڭ ئومۇمى كۆلىمى 42 مىڭ مو بولۇپ، 19 مىڭ 976 مو تېرىلغۇ يېرى، 9 مىڭ مو ئوتلۇقى بار. تارىختىن بۇيان توختىماي ئېقىپ كېلىۋاتقان ئاق ئۆستەڭ، يېزىغا بەرىكەتلىك تۇپراق، ئابىناۋات مېۋىلەر، بوستانلىق باغلار ئاپىرىدە قىلغان. كېپەكيۈزىنىڭ يېرى مۇنبەت، قۇياش نۇرى ئۇزۇن، كېچە بىلەن كۈندۈزىنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ بولغاچقا، قوغۇن-تاۋۇز، مېۋە-چىۋىلىرى قەنتتەك تاتلىق. بولۇپمۇ قىزىل يەر شارى ئۆزۈمى يېتىلدۈرۈشكە مۇۋاپىق. ئۇنىڭدىن باشقا ئاشلىق ۋە قىزىلچىغا مول مۇنبەت ماكان.

كېپەكيۈزى يېزىسى 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە خىتاي قوغلىغان پارتىزان يىگىتلەرنىڭ ئىستىھكامى، پاناھلىنىدىغان پاناھگاھى، ئارقا ھويلىسى، دۆلىتى ۋە ھەممە نېمىسى بولغان ئىدى. كېپەكيۈزى يېزىسى ساپ ئۇيغۇر دېھقانلىرى يېزىسى، شۇنداقلا ياشلار ئارىسىدا زور شۆھرەت ۋە يۈز-ئابرۇيغا ئېرىشكەن ھامىمات قارىم، سەدىردىن قارىم، ئابدۇرېزاق قارىم قاتارلىق ئوت يۈرەك ياشلار ياشىغان يېزا بولغانلىقى ئۈچۈن، خىتاي قوغلىغان ھەرقانداق بىر ياش كېپەكيۈزى يېزىسىغا ئۇلىشىۋالغان ھامان، خۇددى قۇمغا سىڭگەن سۇدەك يېزىغا سىڭىپ كېتەتتى. ياكى خۇددى رىۋايەتلەردىكى يېرىلىك تاشىم يېرىلىپ دەرتمەننى

قويىنغا ئالغانىدەك، كىيەكيۈزىمۇ يېرىلىپ خىتاي قوغلىغان ھەر بىر ياشنى قويىنغا ئالاتتى.

مېھرى ئىللىق، كەڭ قورساق كىيەكيۈزى دېھقانلىرى ناماز ئىبادەتلىرى، خىتايغا قارشى بىرلەشكەن روھلىرى بىلەن، خۇددى تاشقىنلاپ كەلگەن دەرياغا سېلىنغان توغاندەك كۈچىنىڭ يېتىشىچە، ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلارغىچە، خىتاي غالجىرلىشىپ ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغانغا قەدەر، 5-فېۋرال پارتىزانلىرىنى قوغداش ۋە ئاسراشتا مۇستەھكەم ئىستىھكام، قورغان بولۇشتەك قىممەتلىك ۋە مۈشكۈل ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئۇيغۇر مىللىي روھىنىڭ مەڭگۈ يېڭىلمەيدىغانلىقىنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەڭگۈ خىتايىنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى، بۇ يەردىكى سېلىشتۇرمىنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسى ئەمەس، بەلكى روھ سېلىشتۇرمىسى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغان ئىدى. ئەگەر قورساق كەڭ بولسا تار يەرگىمۇ نۇرغۇن ئادەم سىغىپ كېتىدۇ. مەسىلە قورساقنىڭ كەڭ-تارلىقى، روھنىڭ پاك-ناپاكلىقى مەسىلىسى ئىدى. روھى پاك، قورساق كەڭ زېمىندا خائىنلىق بولمايدۇ. ئۆز پەرزەنتلىرىنى دۈشمەنگە تۇتۇپ بېرىش بولمايدۇ. كىيەكيۈزى روھى 5-فېۋرال روھىدەك قىممەتلىك.

بىر ئۇچى غۇلجا شەھىرىگە، يەنە بىر ئۇچى غۇلجا ناھىيەسىگە تۇتاشقان كىيەكيۈزى يېزىسى، ئەينى يىللاردا خىتايغا قارشى ئۇيغۇر مىللىي روھىنىڭ مەنىۋى قەلئەسىنى ئاللىقاچان شەكىللەندۈرۈپ بولغان ئىدى. خىتاي ساقچىلىرى قوغلىغان ھەر بىر ئۇيغۇر ياشنىڭ قەلبىدە پەقەت كىيەكيۈزىگە بېرىۋېلىش ئارزۇسىلا ھۆكۈم سۈرەتتى.

تۆمۈردىن ياسالغان پىلتا ئوچاقتىن كېلىۋاتقان ئوت تەپتى، چوغدەك گىلەم ئۈستىگە تىزىلغان يېكەنداز يوتقان ۋە ياستۇق،

نىپىز يېقىلغان چوڭ نان، قاچانلا قارىسىڭىز ئىرىنمەي قاپاق چۆمۈچتە ئۈزۈن-ئۈزۈن سورۇلۇپ ئىچىلىدىغان، ئوت ئۈستىدە تۇرۇپ تاۋلانغان پىششىق قايماقنىڭ مېھرى ئىسسىق ئەتكەن چېيى، فېۋرالنىڭ جاندىن ئۆتكۈدەك قاتتىق سوغۇقلىرىدا خىتاي ساقچى ۋە ئەسكەرلىرىدىن قاچقان ھەر بىر ئۇيغۇر پارتىزان ئۈچۈن، خۇددى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بېرىدىغان سىياسىي پاناھلىقىدىنمۇ بەكرەك مېھىر ۋە مۇھەببەت ئاتا قىلاتتى. ياز كۈنلىرى كېپەكيۈزى خۇددى بىر جەننەت. كۆز يەتكىسىز قوناقلىقلار، قورۇلارغا دۆۋىلەپ قويۇلغان سامان-مەڭگەنلەر، قوي-كالا قوتانلىرى... ھەر نەرسە پارتىزانلارغا باش پاناھ بولاتتى.

خىتاي ساقچى ۋە ئەسكەرلىرى قولىدا زامانىۋى قوراللىرى بولمىغان ھالەتتە دۇنيادىكى ئەڭ ھاماقەت قورقۇنچاقلار بولۇپ، ساپ ئۇيغۇر ۋە ساپ ئۇيغۇر روھى بىلەن بەرپا قىلىنغان بۇ يېزىنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ. شۇڭا خىتاي كېپەكيۈزىنى تىنچىتىشلاش ئۈچۈن ئۇيغۇر ساقچىلىرىنى كۆپ قېتىم كېپەكيۈزىگە ئەۋەتكەن ئىدى. بۇنىڭ بىرى غۇلجا شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسى جىنايى ئىشلار بۆلۈمىدىكى خالمۇرات ئىدى. خالمۇرات 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ ئالدى كەينىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنى باستۇرۇشى ئۈچۈن، ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن خىتاي ئىلغار ساقچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ پات-پات ئۈچ چاقلىق موتوسىكلىتى بىلەن كېپەكيۈزىدە پەيدا بولۇپ قالغاندا، كوچا دوقمۇشلىرىدا پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرغان دېھقانلار «ئىت كەلدى، دىققەت قىلىڭلار!» دېيىشەتتى بىر-بىرىگە. كېپەكيۈزى يېزىسى تارىختىن بۇيان ئۆز خەلقى ئۈچۈن جانلىرىنى ئايىمىغان مەرىپەتپەرۋەر، ھەق-ئادالەتپەرۋەر ئىنسانلارنىڭ، شۇنداقلا شېھىتلارنىڭ قانلىرى تۆكۈلگەن

مۇقەددەس تۇپراق بولغاچقىمۇ ئەيتاۋۇر، بىر كۈنى خالمۇرات ئۈچ چاقلىق موتوسىكلىتىنى كۆرەڭلەپ ھەيدەپ كېپەكيۈزىدە پەيدا بولۇشى بىلەنلا قازاغا ئۇچراپ، موتوسىكلىتى بىلەن كېپەكيۈزىدىكى بىر ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپ بىر پۇتى يانپاشتىن سۇنۇپ، غۇلجىدىكى داۋالاشلار مۇۋەپپەقىيەتلىك بولماي بېيجىڭغا يۆتكەشكە مەجبۇر بولغان ئىدى.

يىراقتىن قارىغاندا بىر-بىرىگە يانداش قىلىپ سېلىنغان قورۇلار، سانجاق-سانجاق مەھەللىلەر مۇستەھكەم پولات قورغانغا ئوخشايدۇ. ھەرقانداق بىر دېھقان قورۇسىغا كىرسىڭىز، ئۇيغۇر قىزلىرى بېغىدىن تېخى يېڭىلا ئۈزۈپ ئېتەكلىرىنى تولدۇرۇپ ئېلىپ چىققان پىدىگەن، ئاچچىق كۆك مۇچ ۋە قىزىل مۇچلار بىلەن قورۇلغان قورۇما سېلىنغان، ئىنچىكە سوزۇلغان لەڭمەننىڭ ھىدى مەھەللىنى بىر ئالىدۇ. قولۇم-قوشنا بىلەن بىرلىكتە ئىچىلگەن بىر پىيالە سىنچاي، بىر چىنە ئەتكەن چاي، بىر تەخسە لەڭمەن، بىر پەدە خانلەيلۇن، ئەڭ ئېغىر كۈنلەردىمۇ بىر-بىرىگە قىلىدىغان چاقچاقلار ۋە پىخىلداپ كۈلۈشلەر بۇ خاسىيەتلىك زېمىندىكى خىتاي زۇلۇمىنى ئازراق بولسىمۇ يېنىكلىتىدىغان دورىلار ئىدى. غۇلجا خەلقى مانا مۇشۇنداق قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقلىرى بىلەن بېشىغا كەلگەن ئەڭ ئېغىر كۈنلەرنى يېڭىپ، تارىخلارنى بۈگۈنگە ئۇلاشتۇرۇپ كەلگەن ئىدى.

كېپەكيۈزى يېزىسىدىكى ھەممە ئۇيغۇر گەرچە ئۆز ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما يېزىغا كېلىپ قالغان بىرەر يوچۇن ئادەمنى دەرھال سېزىۋالىدۇ. كوچىلاردا ئويناۋاتقان ئۇششاق باللارغىچە شۇنداق ئىدى. بۇ قورۇدا پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرغان بىر پارتىزان ساقچى كەلگەنلىكىنىڭ شەپىسىنى ئېلىشى بىلەنلا، تامدىن بىر ئارتىلىپ يەنە بىر قورۇغا، ئۇ

قورۇدىن يەنە بىر قورۇغا سەكرەپ نەق مەيداندىن ئۇزاقلىشىپ كېتەلەيدۇ. چۈنكى بۇ يېزىدا خىتايغا قارشى غەزەپ-نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىك ئىنتايىن ئېنىق ۋە كەسكىن. كېيەكىيۈزىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە سانجاق-سانجاق ئۇيغۇر مەھەللىلىرى ئۇرۇش ۋە جەڭلەردە سەپ تارتقان قوشۇنلارغا ئوخشايدۇ. خىتايدىن قاچقان ھەرقانداق بىر ئۇيغۇرنى ئۆز قوينىغا ئىشەنچ بىلەن ئالالايدۇ. خىتاي ساقچىلىرىنى «قۇيرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە سېتىش» ھىيلىسى بىلەن يولغا سالالايدۇ. كېيەكىيۈزى مانا مۇشۇنداق ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە بولغاچقا، 5-فېۋرال پارتىزانلىرى بۇ يېزىنى خۇددى ئۆزلىرىنىڭ ئەركىن، مۇستەقىل دۆلىتىگە تەقلىد قىلىپ «كېيەكىستان» دەۋېلىشقان ئىدى.

دەرھەقىقەت، ئۇيغۇر پارتىزانلىرىنىڭ «كېيەكىستان»دىن باشقا قاچىدىغان يېرى يوق ئىدى. تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلار بىلەن ھېچقانداق سۈركىلىش پەيدا قىلماي بىرلىكتە ياشاپ كەلگەن كەڭرى كەتكەن ئوتتۇرا ئاسىيا جۇغراپىيەسى، ئەمدىلىكتە خىتايدىن كېلىدىغان مەنپەئەت ئالدىدا، كۈچ ئالدىدا ئۇيغۇرلارغا خائىنلىق قىلىۋاتقان ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىنى كۇردلارنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. تۈركىيەدە 14 مىليون 500 مىڭ، ئىراندا 8 مىليون، ئىراقتا 5 مىليون 500 مىڭ، سۈرىيەدە 2 مىليون نوپۇسقا ئىگە كۇردلار ئىران، ئىراق، سۈرىيە ۋە تۈركىيەدىن ئىبارەت بۇ 500 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق دائىرىدە قېچىپ يۈرۈپ ئىستىھكام قۇرۇپ، قوراللىق كۈرەش قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قاچىدىغان «كېيەكىستان»دىن باشقا ھېچ بىر يېرى يوق.

شۇنداق، ئۇيغۇر پارتىزانلىرىنىڭ قىسقا مۇددەت بولسىمۇ

پاناھلىنالايدىغان پاناھگاھى «كېپەكىستان»، خىتايغا قارشى 100% ئىشەنچلىك ئۇيغۇر مىللىي روھى تاۋلانغان ئىنقىلاب بازىسى ئىدى. ئەمما خىتايغا قارشى ئۇ قەدەر ساپ كۈچلۈك ئىرادە بولغىنى بىلەن، كۈچ سېلىشتۇرمىسى جەھەتتە خىتاي مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەيدىغان بولغاچقا، خىتاي بۇ يېزىنى بىر كېچىدە تۈپتۈز قىلىۋېتىش ئارقىلىق، خىتايغا قارشى «كېپەكىستان» روھىنى تارمار قىلىۋېتىشكە تەييار ئىدى.

«كېپەكىستان»دا مەكتەپ سالغان، قۇدۇق قېزىپ پاكىز سۇ بىلەن تەمىنلىگەن مۇنەۋۋەر ئەمىن، ئادالەت مەكتىپى سالغان قازاقىستانىنىڭ ياركەنتتىن كەلگەن ئەنسەر ئەپەندى، مەسۇم شاڭيو؛ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە «كېپەكىستان»نى بازا قىلىپ خىتايغا قارشى قوراللىق سىياسىي ئۆزگىرىش ئېلىپ بارغان تۇرسۇن ئابىت؛ مەدرىسەلەرنى، ئۆرۈكلۈك باغلارنى بەرپا قىلغان باشقا نامسىز قەھرىمانلار كېپەكيۈزى يېزىسىدا ئاجايىپ مۇستەھكەم ۋە چوڭقۇر ئۇيغۇر مىللىي روھىيىتىنى يىلتىز تارتقۇزغان ئىدى. شۇ ۋەجىدىن كېپەكيۈزى يېزىسى 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدا ئەڭ ئېغىر بەدەل تۆلىگەن يېزىلارنىڭ بىرىگە، شۇنداقلا خىتايغا قارشى ئاجايىپ قەھرىمانلىق ۋەقەلىرى يۈز بەرگەن بازىغا ئايلانغان ئىدى.

كېپەكيۈزى خىتاي تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ياشلىرىغا پاناھلىق بەرگەن مېھرى ئىللىق جەننەت ماكان ئىدى. ئەينى چاغدا خىتاي تەرەپ تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىپ ھەر تەرەپتە ئىزدىگەن، خىتاينىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ سەركە ئىبراھىم ئىسمائىلنىمۇ كېپەكيۈزى خەلقى قوينىغا ئالغان ئىدى. كىشىلەر ئابدۇخېلىل ئابدۇمىجىتنىمۇ بىر مەزگىل كېپەكيۈزىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقا دەۋەت قىلغان، ئاندىن ئاستا پاسپورت

ئىشلىتىپ چەتئەلگە قاچۇرۇۋېتىش ھەققىدە مەسلىھەتلەر بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئابدۇخېلىل مىجىت «مەرد بەرداشلىق بېرىدۇ، نامەرد قاچىدۇ» دېگەن جاۋابنى بەرگەن ۋە ئانا ۋەتەننى تەرك ئېتىشقا قوشۇلمىغان ئىدى.

5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى يۈز بەرگەن مەزگىللەردە خىتاي ئۇيغۇر خەلقىگە تەۋە ھەممە نېمىنى تارتىۋېلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، ئەمما مەھەللىلەرنى ۋە يۇرت ـ جامائەتنى ئالالمىغان ئىدى. 2016 ـ يىلىغا كەلگەندە بولسا ئۇيغۇر خەلقىگە تەۋە ھەممە نەرسىنى تارتىۋېلىپ، ئۆلارنىڭ ئىسسىق جانلىرى ساقلانغان بەدەنلىرىنى جازا لاگېرلىرىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تاشلاشقا قادىر بولدى. دۇنيا بۇ رېئاللىققا قاراپ تۇردى.

# بەشىنچى باب

## ئارابوز ۋەقەسى ۋە زور كۆلەملىك تۇتقۇن

ھازىر غۇلجا ناھىيەسىگە تەۋە غۇلجا ناھىيەلىك ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، يەر بايلىقى، سودا-سانائەت بىرلەشتۈرۈلگەن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدىكى دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان مەيدان ئىدى. تۇنجى قېتىم 1959-يىلى 1-ئايدا شىنجاڭ دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تارمىقى، ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق ئىدارىسى، ئىلى ۋىلايەتلىك ئېتىزلارنى باشقۇرۇش ئىدارىسى تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، 1970-يىلى غۇلجا ناھىيەسىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. 1978-يىلى ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ نامى، غۇلجا ناھىيەسىگە تەۋە ئارابوز يېزىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىشقا باشلاپ، ئارابوز دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئۆزگەرتىلگەن. دېھقانلار زاغىر تىلدا «ئاروزا دېھقانچىلىق مەيدانى» دەپ ئاتاشقان. 1997-يىلى 4-ئاينىڭ 22-كۈنى غۇلجا ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن غۇلجا ناھىيەلىك ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن.

ئۇيغۇر خەلقى تەرىپىدىن ئارابوز دېھقانچىلىق مەيدانى دەپ ئومۇملاشقان بۇ مەيدان ئىنتايىن مۇنبەت دېھقانچىلىق مەيدانى بولۇپ، غۇلجا ناھىيەسى بىلەن بولغان ئارىلىقى 23 كىلومېتىر، غۇلجا شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 28 كىلومېتىر كېلىدۇ.

218 ـ نومۇرلۇق يۇقىرى سۈرەتلىك تاشيولنىڭ كۈنەس بۆلىكى مەيدانىنىڭ جەنۇبىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ئاروزا ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانى، دېھقانچىلىق 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ ، 4 ـ ئەترەت ۋە 5 ـ ئۇرۇقچىلىق ئەترىتى قاتارلىقلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، هازىرقى نوپۇسى 8551 نەپەر. 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە تەخمىنەن 5000 ـ 4500 نەپەر ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن. ئاروزا ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئۇيغۇرلار زىچ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان.

5 ـ فېۋرال غۇلجا نامايىشى بولغاندىن كېيىن، خىتاي بۇ ۋەقەنى باهانە قىلىپ، غۇلجا شەهىرى ۋە هەرقايسى ناهىيەلەردە كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن ۋە تىنتىش ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى. تۇتقۇن ئىنتايىن رەهىمسىزلەرچە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، فېۋرالنىڭ قاتتىق سوغۇقلىرىغا قارىماي، مەهەللىمۇ مەهەللە ئاپشاركىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيمۇ ئۆي ئاختۇرۇپ، ياشلار چېلىقسىلا تۇتقۇن قىلىشقا باشلىدى. بۇ خىل ۋەزىيەتكە قارىتا ئەمىر ئىبراهىم ئىسمائىل غۇلجا ناهىيەسىنىڭ چولۇقاي، پەنجىم، كېپەكيۈزى، سۇپتاي، تار، ئاروزى قاتارلىق هەرقايسى يېزىلىرىدىكى ئۆزىگە ئەگەشكەن بارلىق ياشلارغا، شۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى بار ئىمكانىيەتلەرنى ئىشقا سېلىپ خىتايغا قارشى ئومۇمىيۈزلۈك هۇجۇمغا ئۆتۈش بۇيرۇقى بەردى. هۇجۇم نىشانى ئىچىدە خىتاينىڭ غۇلجا ناهىيەسى ۋە غۇلجا شەهىرىگە تۇتىشىدىغان نۇر كابېل يوللىرىنى كېسىپ تاشلاش بۇيرۇقىمۇ بار ئىدى.

ئەمىر ئىبراهىم ئىسمائىلنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، نۇر كابېل يولىنى ئۈزۈپ تاشلاش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ئاروزىلىق سىدىق هەسەنجان، جالالىدىن ئابلىكىم، تۇرسۇن غوجا، ئەمتاخۇن ئاكىنىڭ ئوغلى (ئىسمى ئۇنتۇلۇپ قالغان)، ئابدۇلبارى، جارۇللا، ئىمام هەسەن، ئابدۇساتتار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىسمى تىلغا

ئېلىنمىغان بىرقانچە ياش بىرلىكتە نۇر كابىل ئۆتۈشىدىغان جاينى تېپىپ، يەرنى كولاپ نۇر كابۇلنى ئۈزۈپ تاشلاشقا ئازراقلا قالغاندا باشقىلارنىڭ پاش قىلىپ قويۇشى بىلەن قولغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ ياشلارنىڭ ئۈچىنى خىتاي جاللاتلىرى ئاروزا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ساقچىخانىسىغا ئېلىپ بېرىپ، ساقچىلار ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، جەسەتنى تىرناقلىرى يۇلۇپ تاشلىغان هالەتتە ئائىلىسىگە تاشلاپ بەرگەن.

بۇ ۋەقەگە قاتناشقان سىدىق سەلەي 25 ياش بولۇپ، ئۇنى غۇلجا ناهىيەلىك ساقچىخانىغا يۆتكەش ئۈچۈن هەربىي ماشىنىغا سېلىپ ماڭغاندا، ئالتە ئۆي بىلەن ئاروزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاق ئۆستەڭنىڭ كۆۋرۈكىگە كەلگەندە، سىدىق سەلەي تۇيۇقسىز ماشىنىدىكى خىتاي ئەسكەرلىرىگە هۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى زەخىملەندۈرۈپ، ماشىنىدىن پەسكە چۈشۈپ قېچىش ئالدىدا تۇرغاندا، خىتاي ئەسكىرى تەرىپىدىن ئېتىپ تاشلىنىدۇ. غۇلجا ناهىيەلىك ساقچىخانىغا قاراپ ماڭغان خىتاي جاللاتلىرىنىڭ بۇ ماشىنىسى ئارقىسىغا يېنىپ ئۇدۇل سىدىقنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ، پارتىزان سىدىقنىڭ جەسىتىنى ئائىلىسىگە تاشلاپ بېرىدۇ ۋە ئوغلۇڭ ئەسكىرىمىزنىڭ قورالىغا ئېسىلغانلىقى ئۈچۈن نەق مەيداندا ئېتىپ تاشلاندى دەپ چۈشەندۈرۈش بېرىدۇ.

نۇر كابىل يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش ۋەقەسىدىن كېيىن، مۇۋەپپەقىيەتلىك هالدا قاچقان ئۇيغۇر پارتىزانلىرىنىڭ بىرى جالالىدىن ئابلىكىم بولۇپ، ئۇ شۇ قاچقانچە بېيجىڭغا ساق-سالامەت يېتىپ بارغان بولسىمۇ، ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن جالالىدىن ئابلىكىم بېيجىڭدا تۇتۇلۇپ قالغان. خىتاي هۆكۈمىتى بېيجىڭدا ئوچۇق سوت ئېچىپ جالالىدىن ئابلىكىمگە ئۆلۈم جازاسى هۆكۈم قىلغان. بۇ ۋەقەگە قاتناشقان باشقا ياشلارغا

10 يىلدىن 20 يىلغا قەدەر مۇددەتلىك قاماق جازاسى بەرگەن.

6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى كېچىدە غۇلجا ناھىيەسىنىڭ ھەرقايىسى يېزىلىرى، جۈملىدىن ئاروزا يېزىسىدا خىتاينىڭ بىگۇناھ ياشلارنى تۇتقۇن قىلىشى قاتارلىق چەكتىن ئاشقان جىنايەتلىرىنى پاش قىلغان تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى تاملارغا چاپلىنىپ، ئۇيغۇر خەلقىنى خىتايغا قارشى ئومۇميۈزلۈك ھالدا پارتىزانلىق ئۇرۇشىغا ئۆتۈشكە چاقىرىق قىلىنغان. خىتاي بۇ ۋەقەنى باھانە قىلىپ ئاروزىدىكى ناھايىتى نۇرغۇن ياشلارنى تۇتقۇن قىلغان بولۇپ، ئاروزا يېزىسى چۆلدەرەپ قالغان. ئاروزا ۋەقەسى غۇلجا 5 ـ فېۋرال نامايىشىدىن كېيىن يۈز بەرگەن زەنجىرسىمان پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرى ئىچىدىكى مەلۇم بىرىدىن ئىبارەت. 2017 ـ يىلىغا كەلگەندە خىتاي ئاشۇ ۋەقە يۈز بەرگەن بىر داۋىدىن 420 ئۇيغۇر ياشنى بىراقلا تۇتقۇن قىلغان. خىتاي ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن مەلۇم ۋەقەلەرنى باھانە قىلىپ، ھەر 10 ياكى 20 يىلدا بىر قېتىم شۇ رايونلاردا يېتىشكەن يېڭى ئەۋلاد ياشلارنى تۇتقۇن قىلىپ، مىللەتنىڭ روھىنى سۇندۇرۇپ باشقۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللانغان.

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ پەخىرلىك ئوغلى، شېھىت ھامىت مەمتىمىننىڭ ھاياتى

دۇنياغا داڭلىق گۈل خانىشى لاۋەندىر (لاۋېندېر)نى ۋەتەندە ئۇيغۇرلار ئۇستىقۇددۇس دەپ ئاتىسا كېرەك. لاۋەندېر دۇنيادىكى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان يۇقىرى تەبىقە ھۆسن تۈزەش مەھسۇلاتلىرى ياسىلىدىغان زەڭگەر رەڭ چېچەك بولۇپ، ئۇستىقۇددۇستىن ياسالغان ھۆسن تۈزەش مەھسۇلاتلىرى خەلقئارا بازاردا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. خەلقئارا بازاردا ئۇستىقۇددۇس ۋە ئۇستىقۇددۇس مېيىدىن ياسالغان تېرە ۋە چاچقا پايدىلىق،

ھارغىنلىق ۋە چۈشكۈنلىشىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان 100 خىلدىن ئارتۇق مەھسۇلات، ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا سېتىلىدىغان تەبىئىي مەھسۇلاتلار قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

لاۋېندار گۈلى پەقەت دۇنيانىڭ ئىككىلا يېرىدە بار بولۇپ،



ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇست قۇددۇسزارلىق

بىرى فرانسىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى پروۋېنسىي رايونى، يەنە بىرى ياپونىيەنىڭ فۇرانو، خوككايدۇ قاتارلىق جايلىرىدىن تېپىلىدۇ. ئەمما تەڭرى تاغلىرىنىڭ غەربىي ئېتەكلىرىگە جايلاشقان ئىلى ۋادىسىنىڭ قورغاس ناھىيەسى ئەتراپلىرىدا، 3000 ئىنگلىز موسى كېلىدىغان تەبىئىي ئۇستقۇددۇسزارلىق خۇددى شەرقىي تۈركىستاننىڭ زەڭگەر رەڭ بايرىقىدەك سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ئۈچ تەرىپى گۈزەل تەڭرى تاغلىرى بىلەن ئورۇنۇپ، لاۋېندېرنى يېتەرلىك قۇياش نۇرى، مول ئوت-چۆپ، تاتلىق سۇ بىلەن تەمىنلىگەن ئىلى يايلاقلىرى، شۇنداقلا بۇ زېمىننىڭ ھەقلىق ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇرلار، بۇ قىممەت باھالىق زەڭگەر چېچەكنىڭ ھەقلىق ئىگىلىرى ئىدى.

ئىلى ۋادىسى مۇنبەتلىكى بىلەن فرانسىيەنىڭ پروۋېنسىي

رايونىغا بەك ئوخشايتتى. ئەمما ئايىغى قەيەرگە تەگسە شۇ يەردىكى باغۇ-بوستانلىقلارنى دەسسەپ-چەيلەپ ئەخلەتخانا ۋە نىجاسەتخانىلارغا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان خىتاي ئاققۇنلىرى، 1990-يىلدىن ئېتىبارەن بۇ تەبىئىي ئېكىنزارلىقلىرىمىزنى خۇددى يەر ئاستى بايلىقلىرىمىزنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغاندەك بۇلاشقا باشلىدى. لەيلىقازاق (پوپى) ۋە لەيلىقازاق ئۇرۇقى (پوپى سېد)، كۆك تاماكا، چوغلۇق، نوقۇت، بۆلجۈرگەن، قارىقات... قاتارلىق تەبىئىي ئورمانزارلىقلىرىمىزنى دەسسەپ-چەيلەپ، ھەتتا ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ تەبىئىي پەرداز بۇيۇمى بولغان ئوسما ۋە خېنىلارغىمۇ ئارامچىلىق بەرمەي بۇلاپ كەتتى. ئاخىرىدا ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا ئاڭلاپمۇ باقمىغان ئەيدىز دېگەنگە ئوخشاش كېسەللەرنى غۇلجا شەھىرىگە، شۇنداقلا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانغا تاشلاپ بەرمەكچى، بۇ ئارقىلىق كېلەچەكنىڭ ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇر ياشلىرىنى كاردىن چىقارماقچى بولدى. غۇلجا ياشلىرى خىتاينىڭ باغۇ-بوستانلىقلىرىمىزنى، تەبىئىي قوغدىلىدىغان جايلىرىمىزنى دەسسەپ-چەيلەپ بولغاندىن كېيىن، قىزلىرىمىزنى ئاياق ئاستى قىلىدىغانلىقى، شۇنداقلا ئۆيلىرىمىزگىچە كىرىپ قازان-چۆمۈچلىرىمىزنىمۇ قولىغا ئېلىشتىن ئەيمەنمەيدىغانلىقىنى تازا ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ئارقىلىق ئىسسىق قانلىرى ۋە جانلىرىنى قالقان قىلىپ، بۇ قاباھەتتىن يۇرت-جامائەتنى قوغداپ قالماقچى بولغان ئىدى. دەل 20 يىلدىن كېيىن خىتاي جازا لاگېرلىرىنى قۇرۇپ، ياشلارنى ۋە كۈچى بار ئەرلەرنى لاگېرلارغا سولاپ، ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇرۇق-تۇغقان بولماقچى بولۇپ ئۆيلىرىمىزگىچە كىرىپ، قازان-چۆمۈچنى قولىغا ئالدى.

غۇلجا شەھىرىدە 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشى شۇنداقلا

6-فېۋرال[4] ئۇيغۇرلار نەزىرىدىكى پەرزەنتلىرىنى ئىزدەش كۈنىدىن كېيىنكى غۇلجا شەھىرىدىكى خىتايلارنىڭ كارتىنىسىنى سىزىپ باقايلى.

غۇلجا شەھىرىدە تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان زور تۇتقۇن بولغىنىغا قارىماي، غۇلجىدىكى خىتايلار قېچىش ئۈچۈن غۇلجىدىكى «داشىجى» دەپ ئاتىلىدىغان قاتناش بېكىتىنى تىقما-تىقماق قىلىۋەتكەن ئىدى. ئۈرۈمچىگە قاتنايدىغان ئاپتوبۇسلارنىڭ بېلىتى ئۆرلەپ كەتكەن ئىدى. غۇلجىدا ئىشچىلىق قىلىپ جان بېقىۋاتقان ئاققۇن خىتايلار، ئۈستىگە ئازراق مايلىق يېسىۋىلەك تاشلاپ قويۇلغان، پىشۇرۇلغان ئاق گۈرۈچلەرنى تۈۋرۈكلەرگە يۆلەنگىنىچە، بىر تەرەپتىن ۋاتىلدىشىپ ئۆز شېۋىسىدە سۆزلەشكەنچە يېيىشمەكتە ئىدى. ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن 8660-قىسىم دەپ ئاتىلىدىغان ھەربىي قىسىم غۇلجىدىكى خىتايلارنى ئۇيغۇرلاردىن قوغداش ئۈچۈن غۇلجا شەھىرىگە كىرىپ كەلدى. شۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلار كۆرىدىغان، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان كىنولار كۆپ ئەمەس ئىدى. كۆۋرۈك، 5-باشقارما ھەرىكەتتە، ھالاكەت ئارخىپى، قارا تىزىملىكتىكى كىشىلەر قاتارلىق گېرمانىيە، ئەنگلىيە ۋە يۇگوسلاۋىيەدە ئىشلەنگەن بۇ قىسىملىق كىنو سېنارىيەلىرى ئۇيغۇرلار ياقتۇرۇپ كۆرىدىغان فىلىملەر ئىدى.

«ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ كاۋلى، دول ۋە بودىدەك ئۈچلا ئادىمى بولسا ئىدى، ھاجەتخانىنىمۇ ئۆيىگە ئەكىرىۋالىدۇ بۇ خەق» دەپ خىتايلارنى مازاق قىلىشاتتى ئىدارە جەمئىيەتلەردە ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇرلار، ئىشخانىلاردىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان سىياسىي ئۆگىنىشلەردىن كېيىن بىر-بىرىگە پىچىرلىشىپ:

---

[4] خىتاينىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، پاراكەندىچىلىك سېلىش ھەرىكىتى دەپ ئاتىغان

ـ خۇدايىم بۇيرۇسا كاۋلى، بۇدى ۋە دوللىرىمۇ بولۇپ قالار ئۇيغۇرلارنىڭ، يىراقلاردا بىر يەرلەردە ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى تەربىيەلىنىۋېتىپتۇ دېگەن مىش ـ مىش گەپلەرمۇ بار، دەيتتى يەنە بىرلىرى.

ـ سېنىڭ مەمەيۈزلىكىڭ جىمدۇ ـ ھە؟ ـ دەيتتى يەنە بىرى ئىدارىمىزدىكى مەمەيۈزلۈك جالالغا قاراپ.

ـ جىم، دېگەن جاۋاب بىلەن تەڭ بۆلۈم ئىچى يەنە تىمتاسلىققا چۆمەتتى. ئۇلارنىڭ «مەمەيۈزلىكىڭ» دېگىنى ئىبراھىم ئىسمائىل ئىدى.

قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا تەرەپلەردە ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى تەربىيە ـ لىنىۋېتىپتۇ. ئەمدى خىتايلار بىزنى بوزەك قىلالمىغۇدەك، ئۇلار باستۇرۇپ كىرىدىكەن دېگەنگە ئوخشاش گەپ ـ سۆزلەرمۇ خېلى كەڭرى تارقىلىپ كەتكەن ئىدى.

1995 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بولغان بىر ئىش ئېسىمدىن چىقمايدۇ. بۇ كۈن ئوغلۇم سۈبھى دۇنياغا كەلگەن كۈن ئىدى. يانۋارنىڭ قاتتىق سوغۇق بولغىنى، شۇنداقلا خىتاي بازىرى تەرەپلەرنىڭ ئىنتايىن پاتقاق بولغىنىغا قارىماي، دادام رەھمەتلىك ئوغلۇمنىڭ ئىسمىنى قويۇپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، ماڭا مۇنداق دېگەن ئىدى: «قىزىم بىزگىمۇ سۈبھى تاڭلار ئاتىدىغانغا ئاز قالغان ئوخشايدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپلەردە ئۇيغۇرلارغا ئۈمىد بېرىدىغان ئىنتايىن ياخشى ئىشلار بولۇۋېتىپتۇ. شۇڭا ئوغلۇڭنىڭ ئىسمىنى سۈبھى قويايلى قانداق دەيسەن؟» دېدى دادام ماڭا تىكىلىپ خۇشاللىق بىلەن.

مەن دادامدا ئاز كۆرۈلىدىغان بۇنداق ھاياجاندىن ھەيران قالدىم. چۈنكى دادام خىتاينىڭ ھەر خىل زۇلۇملىرىغا كۆپ

ئۇچۇرغان بىر كىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنتايىن سوغۇققان، ئالدىراپ يەكۈن چىقارمايدىغان بىر كىشى ئىدى. شۇنداقمۇ؟؟؟...

مەن سەل جىم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە سەل ئەندىشە بىلەن: «ختاي بەك كۈچلىنىپ كېتىۋاتىدۇ مۇمكىن بولارمۇ؟» دېدىم.

شۇنداق قىلىپ ئوغلۇمنىڭ ئىسمىنى سۈبھى قويدۇق. سۈبھى تاڭنىڭ ئېتىشى، بىزنىڭ ئائىلىنىڭلا ئەمەس، بەلكى غۇلجا خەلقىنىڭ ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئارزۇ ئۈمىدى ئىدى. دېمەك، ئەينى يىللاردا ئۇيغۇر خەلقى ئوتتۇرا ئاسىيادا شەكىللىنىۋاتقان مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىدىن ئىنتايىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتكەن ئىدى.

شۇنداق قىلىپ ئوغلۇم تۇغۇلۇپ ئىككى ياشقا كىرگەندە، يەنى 1997-يىلى قىشتا، غۇلجا تۈرمىلىرى ئۇيغۇر ياشلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن، ئىز-دېرەكسىز غايىب بولغانلار ساناقسىز، ئائىلىلىرى ئوغلۇم نەدە دېيىشكىمۇ پېتىنالمىغۇدەك دەرىجىدە ۋەھىمىگە چۈمگەن پەيتتە، خۇددى 1944-يىلى گېنتلېرنىڭ قىرغىنچىلىقىدىن پولشانى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن پاراشۇت بىلەن پولشا تۇپراقلىرىغا سەكرىگەن گېئورگى، بورىس، ئېرنىس، ھېنرى ۋە يانىكقا ئوخشاش 50 مۇنتىزىم تەربىيەلەنگەن پارتىزان، شياڭگاڭ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستانغا كەلدى. غۇلجىغا قايتىپ كەلگەنلىرى ھامىمات، خەمىت، زۇلپىقار، قەيسەر قاتارلىق 17 كىشىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ دەل 1998-يىلى يانۋار ئايلىرىنىڭ ئاخىرى ئىدى.

ئەگەر بىر كىشى 24 يىللىق قىسقىغىنە ھاياتىدا ئۆزى دۈشمىنىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، بۇ دۈشمەننىڭ ئۇنىڭ ۋەتىنىنى، ئەزىز تۇپراقلىرىنى، ئەجدادلىرىنى قانداق ئاياق-ئاستى قىلغانلىقلىرىنى ئېنىق بىلىپ، دۈشمەن بىلەن بولغان چەك-

چېگرانى ئېنىق ئايرىغان، دۈشمەن بىلەن بىر يەردە مۇرەسسە قىلىپ ياشىغلى بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگەن، يۈرىكىدە ھەر ۋاقىت دۈشمەنگە بولغان ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەت بىلەن ياشىغان، ھاياتىنى بۇ يولدا قۇربان قىلغان بولسا، ئالدى بىلەن بۇ قەھرىمانىنىڭ نەسەب كېلىپ چىقىشىنى سۈرۈشتە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

گۈلىستان شەھەر غۇلجىنىڭ ئىنقىلاب تارىخلىرىغا ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا ھاياتى ئارقىلىق غەلبىنىڭ سان ۋە كۈچ بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىرادە، جاسارەت ۋە دۈشمەنگە بولغان مەيدانىنىڭ ئېنىق بولۇشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر مۆھۈرنى بېسىپ قالدۇرغان ھامىمات مەمتىمىن، غۇلجا شەھەر كېپەكيۈزى يېزىسىدىكى مۇنەۋۋەر ئەمىن جەمەتىنىڭ ئەتىۋارلىق نەۋرىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. باشقا تارىخلارنى ۋاراقلىمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، مۇنەۋۋەر ئەمىن جەمەتىدىن 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدىلا خىتاينىڭ كۆزىگە مىخ بولۇپ قادالغانلىقى سەۋەبىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، مۇددەتسىز كېسىلگەن، سولانغان، تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان، چەتئەللەردىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ شايكىسى، تېررورىست دېگەن قالپاقلار كىيگۈزۈلگەن كىشىلەر خېلى بار. بۇلار ھامىمات مەمتىمىن، سەدىردىن شەمسىدىن، ئابدۇرىزاق شەمسىدىن، سالىھە شەمسىدىن، ئابدۇخالىق ئابدۇرېشىت، سەيپىدىن شەمسىدىن، زۇبەيرە شەمسىدىنلەردىن ئىبارەت.

ھاماتىنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى رازىيە بولۇپ، ئانا تەرەپ بوۋىسى شەمسىددىن خەلپىتىم كېپەكيۈزىدە تونۇلغان دىنىي زاتلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا كېپەكيۈزى ئارا مەھەللە جامەسىنىڭ ئىمامى ئىدى.

شەمسىدىن خەلپىتىمنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى مۇنەۋۋەر ئەمىن،

مۇنەۋۋەر ئەمىننىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ئەمىن قارىھاجىم، ئەمىن قارىھاجىمنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى چوڭ خوجا، چوڭ خوجىنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى مۇنەۋۋەر، مۇنەۋۋەر بوۋىنىڭ چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمى سەنەۋۋەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتۇشتا باي ئۆتكەن، شۇنداقلا تەقۋادار، تەرەققىيپەرۋەر، ھەم دىندا، ھەم ئىلىمدە يېتىشكەن كىشىلەر ئىدى. ئىمىن قارىھاجىم غۇلجىغا كېلىپ، غۇلجا ناھىيەسىگە قاراشلىق كېپەكيۈزى يېزىسىغا يەرلەشكەن.

ئىمىن قارىھاجىم بەش قېرىنداش بولۇپ، بۇلار ئۆز دەۋرىدىكى تەسىرى كۈچلۈك، باي ئائىلە-ئۇكا دىنىي زاتلار ئىدى. ئۇلار ماخمۇت قارى ھاجىم، مەسئۇت قارىم، مەھپىز ھاجىم، مۇھەممەت قارىملار ئىدى. بۇ بەش قېرىنداشنىڭ تۆتى چۆچەككە چىقىپ، ئىمىن قارىھاجىم چوڭ بوۋىمىز غۇلجىغا كەلگەن ئىكەن دەپ ھېكايە قىلىدۇ بۇ كاتتا جەمەتنىڭ ھازىر ئاۋستىرالىيەدە ياشاۋاتقان، ئەينى يىللاردا ۋەتەن ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدە تۇتتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان نەۋرىسى سەيپىدىن شەمسىددىن ھاجىم. چۆچەككە يەرلەشكەن مۇھەممەت قارىم چوڭ دىنىي ئالىم بولۇپ، گومىنداڭ ۋاقتىدا جادۇغا بېسىلغان. ماخمۇت قارىم، مەسئۇت قارىم، مەھپىز قارىم قاتارلىقلارنى شىڭ شىسەي تۈرمىدە ئۆلتۈرگەن ئىكەن. ئىمىن قارىھاجىم غۇلجا شەھەر كېپەكيۈزى يېزىسىغا يەرلەشكەندىن كېيىن، ئۇ يەردىن 8000 مو يەر سېتىۋېلىپ، كۆل ئېچىپ، قۇدۇق قېزىپ كېپەكيۈزى خەلقىنى پاكىز سۇ بىلەن تەمىنلىگەن، كېپەكيۈزى يېزىسىنى ئاۋات قىلغان.

مىنەۋۋەر ئەمىن ئەينى يىللاردا بۇخارادا ئوقۇپ، غۇلجا شەھرىدە مەدرىسە ئاچقان سىيىت ئەلەم ئاخۇنۇم دېگەن دىنىي ئالىمدىن دىنىي تەلىم-تەربىيە ئالغان ۋە رەسمىي ئالىملىق

دەرىجىسىگە يەتكەندىن كېيىن، كېپەكيۈزىگە چىقىپ كېپەكيۈزى يېزىسىدا ئىمام بولغان. مىنەۋۋەر ئەمىن 18 يېشىدىن ئېتىبارەن كېپەكيۈزى يېزىسىدا ئىمامەتچىلىك قىلىشنى باشلىغان بولۇپ، 70 يىللىق ھاياتى يۇرتىنىڭ ئىمامى، مۆتىۋىرى بولۇش بىلەن ئۆتكەن. مۇنەۋۋەر ئىمىن 1981-يىلى ۋاپات بولغان. پۈتۈن ھاياتىدا كېپەكيۈزى يېزىسىدا ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن بىرگە، تۆۋەنكى كېپەكيۈزى، ئارا كېپەكيۈزى ۋە يۇقىرىقى كېپەكيۈزىلەردە «ئەمىن باشلانغۇچ مەكتىپى»نى ئاچقان. 1997-يىلى غۇلجا «5-فېۋرال ئىنقىلابى» يۈز بەرگەن ۋە بىز ۋەتەندىن ئايرىلغانغا قەدەر بۇ مەكتەپ مۇنەۋۋەر ئەمىن مەكتىپى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئارا كېپەكيۈزى يېزىسىمۇ ئۇ ھايات ۋاقىتلىرىدىن باشلاپلا «مىنەۋۋەر ئەمىن مەھەللىسى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان.

خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، مۇنەۋۋەر ئەمىن «باي پومېشچىك» دېگەن قالپاقنى كىيىپ، ئىنتايىن ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولغان. خىتاي دىنىي ئالىم مۇنەۋۋەر ئىمىن قارىمنى «مەسىلەڭنى تاپشۇر» دەپ، قاتتىق قىيىن-قىستاققا ئالغان ۋە ئۇرۇپ-دۇمبالىغاندىن باشقا، نەۋرە-چەۋرىلىرى مەكتەپلەردە باي پومېشچىكنىڭ بالىسى دەپ قاتتىق يەكلەنگەن. ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇپ باھالىنىش، ئەلاچى تاللاش قاتارلىقلاردا چەتكە قېقىلغان. بۇنداق يەكلىنىشلەردىن ھاماتىنىڭ ئانىسى رازىيە خانىم ۋە ئۇنىڭ باشقا قېرىنداشلىرىمۇ خالىي بولالمىغان ئىدى. ھامات مانا مۇشۇنداق بىر ئائىلىدە يېتىشىپ چىققان ئىدى.

## قارىم ھاماتتىن پارتىزان ھاماتقىچە

ھامات مەمتىمىن 1974-يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ كېپەكيۈزى يېزىسىدا تۇغۇلدى. 1983-يىلى توققۇز ياش ۋاقتىدا تۇرپاننىڭ قاراغوجا يېزىسىدىكى شاھىمەردان داموللامدىن دىنىي تەربىيە ئېلىشقا باردى. تۆت يىل شاھىمەردان داموللامدىن دىنىي تەربىيە ئېلىپ، قۇرئان كەرىمنى تولۇق يادلىغاندىن كېيىن غۇلجىغا قايتتى. ھامات باللىق ۋاقتلىرىدىن باشلاپلا شەرقىي تۈركىستان تۇپراقلىرىنى ئاياق-ئاستى قىلىۋاتقان خىتايغا قارشى بىر خىل ئۆچمەنلىك ۋە قارشىلىق تۇيغۇسى بىلەن يېتىلگەن بولۇپ، تۇرپاندا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا، يەنى 13-12 ياش مەزگىللىرىدە تۇرپاندىكى ياشلار ئېلىپ بارغان خىتايغا قارشى پويىز يولىنى پارتلىتىش ۋەقەسىگە چېتىلىپ، ئۆرۈمچىدە بىر مەزگىل سولاقتا ياتقان بولغاچقا، ئۇنىڭ كىملىكىگە خىتاي تەرىپىدىن قارا تامغا بېسىلغان ئىدى.

ھامات 1990 ۋە 1994-يىللىرى ئارىسىدا غۇلجىدا يەنە دىنىي ئۆلىمالاردىن داۋاملىق دەرس ئېلىپ تۇردى. 1993-يىلى ئاپىسىنىڭ ئىنىسى سەدىردىن شەمسىددىن بىلەن بىرلىكتە غۇلجىدا ئەۋج ئالغان يوشۇرۇن دەۋەت، يەنى مەشرەپ پائالىيەتلىرىدە ئابدۇخېلىل مىجىت قاتارلىق يول باشچىلار بىلەن بىرلىكتە كېپەكيۈزىدىكى ياشلارنى تەربىيەلەش ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئوينىدى. ھامات قارىم ۋە ئۇنىڭ تاغىسى سەدىردىن قارىملار كېپەكيۈزى تەۋەسىدە ئىنتايىن يۇقىرى يۈز-ئابرۇيغا ئىگە بولۇپ، كېپەكيۈزىنى مەركەز قىلغان بارلىق غۇلجا ناھىيەسىنىڭ يېزىلىرىدىكى ياشلار ئارىسىدا تەسىرى چوڭ ئىدى. بۇ جەرياندا

ساقچىلار ھاماتنى كۆپ ئىزدەپ كېلىپ ئاۋارە قىلىشقا باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا ھاماتنىڭ يەنە بىر تاغىسى سەيپىدىن شەمسىددىن ھاماتقا پاسپورت ئىشلىتىپ ئوتتۇرا ئاسىيا چىقىرىۋېتىش نىيىتىدە بولغان بولسىمۇ، ئەمما ھاماتنىڭ كىملىكىگە ئۇرۇلغان يۇقىرىدىكى قارا تامغا سەۋەبىدىن پاسپورت ئىشلىتەلمىدى.

ھامات، 1987 ـ يىلىدىن 1995 ـ يىلىغا قەدەر قۇرئان كەرىمنى تۈگىتىش بىلەن بىرلىكتە دىنىي بىلىملىرىنى مۇستەھكەملەپ، يېشىنىڭ كىچىك بولۇشىغا قارىماي يۇرت ـ جامائەت ئىچىدە «ھامات قارىم» دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى. ھامات قارىم بىرقانچە قېتىم غۇلجا شەھەر بەيتۇللا مەدرىسە، دۆڭمەھەللە گۈللۈك مەسچىت، ناغرىچى مەسچىت، شۇنداقلا ئۆزى تۇرۇشلۇق كېپەكيۈزى يېزىسىدىكى مەسچىتلەردە رامىزان مۇناسىۋىتى بىلەن قۇرئان تىلاۋەت قىلىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان ئىدى. بولۇپمۇ ياش ھامات قارىم تۆۋەنكى كېپەكيۈزى، ئارا كېپەكيۈزى، يۇقىرىقى كېپەكيۈزى، تۇرپانيۈزى، خۇدىيارىيۈزى... قاتارلىق غۇلجا ناھىيەسىگە قاراشلىق ھەرقايسى يېزىلاردىكى ياشلار ئارىسىدا تېز يۈز ـ ئابرۇي تېپىپ، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئەمدىلا 22 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ھامات قارىم، 1995 ـ يىلى تۇنجى چەتئەل ھاياتىنى باشلاپ، تاغىسى سەيپىدىن شەمسىدىن، سەدىردىن شەمسىدىنلەر بىلەن ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ ئوتتۇرا ئاسىياغا، يەنى ئالماتىغا چىقتى. ھامات ئەينى يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا يۈز بېرىۋاتقان ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىگە قوراللىق تەييارلىق قىلىش ئىشلىرىنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھاياجانلاندى. ھامات شۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا ئەل ـ ئاغىنىلىرىگە ئوخشاشلا، ئۆزىنى

بىر ئەسكەر سۈپىتىدە خىتايلار بىلەن بولغان كۈرەشكە ئاتىدى.

ئۇ بۇ يولدا چېنىقىشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى ھېس قىلىپ، 1996 ـ يىلى ئاۋۋال مىسىرغا، ئاندىن كەشمىرگە بېرىپ مۇنتىزىم چېنىقىش ۋە ھەربىي تەلىم ـ تەربىيەگە قاتناشتى. ئۇ كەشمىردە قانداق قىلغاندا خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ ئەدىپىنى ياخشى بېرەلەيدىغان بىر مۇنتىزىم ئەسكەر بولۇپ يېتىشكىلى بولىدۇ؟ دېگەنلەر ھەققىدە ئويلىنىپ، كۈنلىرىنى ئەسكىرى چېنىقىش ئورۇنلىرىدا ئۆتكۈزۈپ يۈرگەن چاغلىرىدا، غۇلجىدا 5 ـ فېۋرال قانلىق قىرغىنچىلىقى يۈز بەرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ. خىتاينىڭ غۇلجا خەلقىنى ئىنتايىن بوزەك قىلىپ كەتكەنلىكى، ئادەم ئورنىدىمۇ كۆرمەيۋاتقانلىقى، تۇتقۇن ۋە ئۆلتۈرۈشىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ ئىنتايىن بىئارام بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھامىمات ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى خىتاي تۈرمىلىرىدە ئىنتايىن ئېغىر تەن جازاسى كۆرۈۋاتقان ئابدۇخېلىل ئابدۇمىجىت قاتارلىق نەچچە مىڭلىغان قېرىنداشلىرىغا كىچىككىنە بولسىمۇ ئۈمىد نۇرى بېرىش ۋە ئۇلارنى تۈرمىلەردىن قۇتۇلدۇرۇش مەقسىتىدە ئانا يۇرتى غۇلجا شەھىرىگە قايتىدۇ.

پارتىزان ھامىمات مەتىمىن سەپداشلىرى بىلەن غۇلجا شەھىرىدىكى خىتاينىڭ مۇنتىزىم قوراللانغان ساقچى ـ ئەسكەرلىرى بىلەن باتۇرلارچە ئېتىشىپ، 1998 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى سەھەردە غۇلجا ناھىيەسىنىڭ خۇدىيارىيۈزى يېزىسىدا يۈز بەرگەن «خۇدىيارىيۈزى قانلىق توقۇنۇشىدا» شېھىت بولىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 24 ياشتا ئىدى.

## پارتىزان هامىمات ۋە خۇدىيارىيۇزى قانلىق توقۇنۇشى

5 ـ فېۋرال نامايىشى، يەنى ئاشكارا دەۋەتتىن كېيىن، ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ قارا قويۇق تۇتقۇن قىلىشى نەتىجىسىدە، قېچىپ يۈرگەن ئۇيغۇر ياشلىرى ئومۇمىيۈزلۈك پارتىزانلىق ئۇرۇشىغا ئۆتكەن بولۇپ، ختاي تۈرمىسىدە بىھۇدە ئۆلگەندىن بىرەر ختاي ئەسكىرىنى بولسىمۇ ئۆلتۈرۈپ شېھىت بولۇش ئەۋزەل دەيدىغان ئىدىيەگە ئاللىقاچان كېلىپ بولغان ئىدى. «يا ئادەمدەك ياشايمىز، يا ئۆلىمىز!»، بۇ غۇلجا ياشلىرىنىڭ تاللىشى ئىدى. بۇ خىل بەدەل تۆلەش روھى مۇقىملاشقاندىن كېيىن، بۇنىڭ ئۈچۈن قورال بولۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلغان ياشلار قورالغا ئېرىشىش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن. بۇ جەرياندا ۋەتەن ئىچىدىكى، يەنى ئاساسلىقى غۇلجىدىكى ھەرىكەتلەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇلغىيىۋاتقان مۇستەقىللىق يولىدىكى ھەرىكەتلەر ئۆزئارا ماسلاشقان ئىدى.

شۇ سەۋەبتىن، 1998 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئالماتادىن غۇلجىغا ئىككى ماشىنا يۈكنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنغان قورال ـ ياراق كىرىدۇ. بۇ ئىككى ماشىنا (كۆرۈنۈشتە يۈك، ئەمەلىيەتتە قورال) بولغان ماشىنىدىكى قوراللارنى تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ھامىمات، خەمىت، زۇلپىقار ۋە تۇرسۇن سەلەي تۆت كىشى بىر ماشىنىدا قورغاس تاموژنىسىغا چىقىدۇ. ئاقىۋەتتە قورغاس تاموژنىسىدىكى ختايلار ماشىنىنى تەكشۈرۈپ قورالنى تېپىۋالىدۇ. (نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بۇ قوراللارنىڭ ئالماتادا بېسىلغان چاغدىلا ختاي جاسۇسلىرى تەرىپىدىن ختايغا ئۇچۇر يەتكۈزۈلگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ گۇمان قىلىشىدۇ.) ھامىمات قاتارلىقلارنىڭ شېرىكلىرى

قورالنىڭ پاش بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇلارغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، بۇ تۆت سەپداش ماشىنا بىلەن غۇلجىغا قېچىپ كىرىدۇ. خىتاي دائىرىلىرى شۇ كۈنىلا ھامىمات، خەمىت، زۇلپىقار ۋە تۇرسۇن سەلەيگە تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىدۇ. غۇلجىغا كىرگەندىن كېيىن ھامىمات، خەمىت ۋە تۇرسۇن سەلەي ئۈچى بىللە كېتىدۇ. زۇلپىقار بولسا ئايرىلىپ باشقا يۆنىلىشكە قاراپ كېتىدۇ. ئايرىلىپ چىققان ھامىمات، خەمىت، نۇردۇن ئىبلىياس ۋە تۇرسۇن سەلەي تۆتى غۇلجا ناھىيەسىنىڭ خۇدىيارىيۈزى يېزىسىدىكى تېيىپ ئىسىملىك ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. 4-ئاينىڭ 18-كۈنى بۇ تۆتەيلەن يوشۇرۇنغان ئۆينىڭ يېنىدىكى مەسچىتكە نامازشام ئوقۇغىلى چىقىدۇ. ھامىمات جامەگە كىرىپ چاپىنىنى سېلىپ تۈۋرۈككە ئاسقان ۋاقتىدا، ھاماتىنىڭ يانچۇقىدىكى تاپانچا تاراققىدە قىلىپ تۈۋرۈككە تېگىدۇ. بۇنىڭدىن گۇمان قىلغان جامەنىڭ مەزىنى ساقچىغا مەلۇم قىلىدۇ. بۇ پارتىزانلارنىڭ ئارىسىدا غۇلجا ناھىيەسىنىڭ يۇقىرىقى كېپەكيۈزى يېزىسىدىن مەمتىمىن ئىسىملىك بىر پارتىزانمۇ بار ئىدى.

5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدا بولسۇن ياكى باشقا ۋەقەلەردە بولسۇن بەك كەڭرى ۋە ئازادە كۆزگە چېلىقىدىغىنى ئىككى-ئۈچ ياكى بەك كۆپ بولۇپ كەتسە تۆت ئۇيغۇر پارتىزان يىغىلغان بىر يەردىكى مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئىككى ياكى ئۈچ ماشىنا ئەسكەرنىڭ كېلىشى، ناھايىتى نۇرغۇن ئەسكىرى كۈچ سەرپ قىلىپ، نەق مەيداندىكى ۋەزىيەتتىن 50 ياكى 100 ھەسسە كۈچلۈك ھالەتكە ئۆتكەندىن كېيىن ھۇجۇم قىلىش، مەھەللە، يەنە بىر مەھەللە، ھەتتا يېزا، ناھىيەلەرنى قامال قىلىش ئىدى. بۇنداق ۋاقىتلاردا كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان بىر نەرسە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئىسمى جاسارەت. ئۇيغۇر پارتىزانلىرى بىلەن خىتاي ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدا قورقۇشقا تېگىشلىك بىر

نەرسە بار دەپ قارالسا بۇ كۆچ ئەندىشىسى ئەمەس، بەلكى جاسارەت ئەندىشىسىدۇر. ئەگەر ئۇيغۇر پارتىزان يىگىتلىرى كۆچتىن قورققان ياكى كۆچكە پىسەنت قىلغان بولسا ئىدى، بۇنداق چىش-تىرنىقىغىچە زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ ئۈۋىسىغا چالما ئاتمىغان بولاتتى. خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ بۇنچىۋالا ئۈۋىسىدىن چۈۋۈلۈپ كېتىشىدىكى ئاساسى سەۋەب ئۇيغۇرلارنىڭ سانىدىن، ئەسلا كۆچلۈكلۈكىدىن ئەمەس، بەلكى جاسارىتىدىن قورققانلىق ئىدى. بۇ يەرگە قويۇلىدىغان سوئال شۇ، كېلەچەكتە بۇ جاسارەتكە كۆچ قوشۇلۇپ قالسا، يەنى مۇنتىزىم تەربىيە ۋە زامانىۋى قورال كۆچى قوشۇلغان ئەھۋالدا ۋەزىيەت قانداق بولار؟

ئاردىن يېرىم سائەت ئۆتە-ئۆتمەي نامازشام بىلەن خۇپتەن ئارىلىقىدا 20-10 ماشىنا خىتاي ساقچى ۋە ئەسكەرلىرى تېپىپجاننىڭ ئۆيىنى قورشاپ، ئاندىن قورۇغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئۆيگە قارا-قويۇق ئوق ئېتىشقا باشلايدۇ. هامىمات ۋە سەپداشلىرى ئۆيدىن چىقماي تۇرۇۋالىدۇ. ئاندىن خىتاي ساقچىلىرى ئۆي ئىچىگە كۆزدىن ياش ئاققۇزىدىغان بومبا ئاتىدۇ، ئاندىن ئۆي ئىچىگە لوڭ قىيى ئىسىملىك بىر ھەربىي موللاق ئېتىپ كىرىدۇ. مەرگەن ۋە چەبدەس هامىمات ئۇنىڭ پېشانىسىگە ئوق ئېتىپ، ئۇنى دەل شۇ يەردە ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن قالغان خىتاي ساقچى ئەسكەرلىرى قېچىشقا باشلايدۇ. خەمىت، تۇرسۇن سەلەي ۋە مەمتىمىنلەرنىڭ قولىدا ئاپتومات بار بولۇپ تا-تاتلىتىپ خىتاي ئەسكەرلىرىنى ئېتىشقا باشلاپ، نەق مەيداندا 40-30 غا يېقىن خىتاي ئەسكىرىنى ئۆلتۈرىدۇ. بۇ ئېتىشىشلارنى تېپىپنىڭ دادىسى سېيىت ئاكا كۆرۈپ تۇرغان ئىكەن. هامىمات خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن ئېتىشىپ خەمىت، مەمتىمىن ۋە تۇرسۇن سەلەيىنىڭ قورشاۋدىن بۆسۈپ چىقىپ كېتىشىگە ياردەم قىلىدۇ.

هامىمات بىلەن تېيىپ ئىككىسى ئۆي ئىچىدىن ئېتىشىپ هويلىغا چىققاندا خىتاي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئېتىۋېتىلىدۇ. تېيىپ هاماتتىن تۆت بەش ياش كىچىك پارتىزان بولۇپ، هامىماتنىڭ بوۋىسى شەمسىددىن قارىمدىن تەلىم ئالغان ئىدى.

هامىمات مەتتىمىن 1974-يىلى غۇلجا شەهەر كېپەكيۈزى يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ بۇ يېزىدا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شاهمەردان داموللامدىن دىنىي ئىلىم ئېلىش ئۈچۈن تۇرپانغا بارغان بولۇپ، ئۇ يەردە قارى بولغان. هامىمات ناهايىتى ناتىق، چىقىشقاق بالا بولۇپ 1994-يىلى غۇلجىغا قايتقان، ئاپىسىنىڭ ئىنىسى (بىر ئائىلىدە ئاكا-ئۇكىدەك چوڭ بولغان) سەدىردىن قارىم بىلەن بىرلىكتە ئىلى مەشرەپ نامىدىن شۇ يۇرتتىكى باللارنى يىغىپ، دىنىي تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بارغان. بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ ئىلمىنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ يېتىپ، سەدىردىن قارى بىلەن ئىلىم ئېلىش ئۈچۈن 1994-يىلى مىسىرغا چىققان، ئۇ يەردە ئىلىم ئېلىپ، 1997-يىلىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، 5-فېۋرال كۈندىكى ئىشلاردىن تولۇق خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، بىردىنبىر چىقىش يولىنىڭ خىتاي هۆكۈمىتىگە قوراللىق قارشى تۇرۇش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئەتراپىدىكى باللارنى يىغىپ چېنىقتۇرۇش بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن خىتاي هامىماتقا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان، شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئوت يۈرەك قەهرىمان خىزمەتتىن توختاپ قالمىغان.

خۇدىيارىيۈزى توقۇنۇشى، جېلىلىيۈزى ناهىيەسى خۇدىيارىيۈزى يېزا تۈگمەن بېشى مەهەللىسىدە يۈز بەرگەن. ئەينى چاغدا نەق مەيداندا بولغان ۋەقەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن 12 ياشلىق بىر يىگىت مۇنداق دەيدۇ: «شۇ كۈنى خۇدىيارىيۈزى يېزا شاڭيو

كەنتىدىكى قوشنىمىز سىيىت ئاكىنىڭ قورۇسى خىتاي ئەسكىرى تەرىپىدىن قورشاۋغا ئېلىنىدى. بىر ھازادىن كېيىن بىر خىتاي ئەسكىرى تۇيۇقسىز موللاق ئاتقانچە پېشايۋاندا پەيدا بولۇپ، ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىش ئۈچۈن، ئىشىكنى قاتتىق بىر تېپىپ ئېچىشى بىلەنلا ئۆي ئىچىدىن ئېتىلغان بىر پاي ئوق بىلەن پېشايۋانغا يوككىدە يىقىلدى. خىتاي ئەسكەرلىرى ساراسىمىگە چۈشتى. ئەسكەر باشلىقى ئۇ ئۆلگەن ئەسكەرنىڭ جەسىتىنى قايتۇرۇپ ئەكېلىش ئۈچۈن، قالغان خىتاي ئەسكەرلىرىنى بۇيرۇۋېدى، ئۇلار رەت قىلدى. مىلتىق تەڭلەپمۇ باقتى، ئەمما كار قىلمىدى. ئاخىرىدا خىتاي ئەسكىرى تىيىپنىڭ دادىسى، ئانىسى ۋە ئىنىسىنى گۆرۈگە ئېلىۋالدى ۋە تىيىپنىڭ ئىنىسى مۆمىنتايىنى ئۆلگەن خىتاينىڭ جەسىتىنى سۆرەپ ئەكېلىشكە بۇيرۇدى. دەل شۇ چاغدا ئۆي ئىچى قاراڭغۇ بولۇپ، پېشايۋاندىكى يوغان لامپۇچكا قورۇ ئىچىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. خىتاي ئەسكەرلىرى بىر پاي ئوق بىلەن پېشايۋاندىكى لامپۇچكىنى چېقىۋەتتى. قورۇمۇ، ئۆي ئىچىمۇ قاراڭغۇلۇققا چۆمدى. ئۆي ئىچىدىكى پارتىزانلاردىن ھامىمات، خەمىت مۇھەممەت، تۇرسۇن سەلەي، تىيىپ ۋە مەتىمىنلەر ئۆي ئىچىدىن بىراقلا ئېتىلىپ چىقىپ، خىتاي ئەسكەرلىرىگە ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. ھاماتىنىڭ ئىككى قولىدا ئاپتومات بار بولۇپ، بىر ياقتىن خىتاي ئەسكەرلىرىنى ئېتىپ، سەپداشلىرىنىڭ قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىشىگە ياردەمدە بولۇۋاتاتتى. قورقۇپ كەتكەن خىتاي ئەسكەرلىرى يەرگە چاپلىشىپ ياتقاندا، خەمىت، تۇرسۇن سەلەي، مەتىمىن قاتارلىقلار ئەسكەرلەرنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كەتتى. ئاخىرىدا قالغان ھامىمات بىلەن تىيىپ قورۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىن قېچىشقا تەرەددۇت قىلىپ تامغا ئەمدىلا ياماشقاندا، ئۆزىنى ئوڭشىۋالغان خىتاي ئەسكەرلىرى تىيىپنى

تام ئۆستىدە ئېتىۋەتتى. ئارقىدىن قوروُنىڭ ئوتتۇرىسىدا تېخىچە ئېتىشىۋاتقان ھاماتقا ئوق تەگدى...»

ھازىر ئاۋستىرالىيەدە ياشاۋاتقان ھاماتنىڭ تاغىسى سەيپىدىن شەمسىددىن مۇنداق دەيدۇ: «24 ياشلىق قەھرىمان ھامات 1998-يىلى 4-ئاينىڭ 19-كۈنى سەھەرگە يېقىن ئېتىشىش نەتىجىسىدە شېھىت بولدى. ئەتىسى سەھەردە ساقچىدىن ھاماتنىڭ ئائىلىسىگە «بالاڭ ئۆلدى» دەپ خەۋەر قىلدى. ھاماتنىڭ دادىسى، چوڭ دادىسى ۋە بىر قوغداش خادىمى ئۈچى بامدات نامىزىدىن كېيىن نەق مەيدانغا يېتىپ كەلدى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ پەخىرلىك ئوغلىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى. ھاماتنىڭ مېيىتىنى ئۇ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆز مەھەللىسىگە قويۇشقا خىتاي تەرەپ رۇخسەت قىلمىدى. ئاخىرى ھامات بىلەن تېپىشتىن ئىبارەت بۇ قوشماق پارتىزان (تېپىپ شۇ چاغدا 20 ياش ئەتراپىدا ئىدى) خۇدىيارىيۈزىنىڭ زەرەتكارلىقىغا قويۇلدى، جىنازا نامىزى ۋە يەرلىككە قويۇش ئىشلىرىغا ئون نەچچە كىشىنىڭ قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلدى».

بۇ ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن خىتاينىڭ خېلى كەڭچىلىك قىلغان چاغلىرى بولۇپ، كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە جەسەتنىمۇ بەرمەيدىغان بولۇۋالغان.

سەيپىدىن شەمسىدىن يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ قورشاۋدىن ساق چىقىپ كەتكەن خەمىت، تۇرسۇن سەلەي ۋە مەمتىمىن تۇرپانيۈزىگە قېچىپ بارىدۇ. بۇلارنىڭ گۇرۇپپىسىغا كېيىن تۇرپانيۈزىدىن ئېلياس دەپ بىر بالا قېتىلىدۇ. تۇرپانيۈزىدە تۇرۇشلۇق جايى سېزىلىپ قالغاندىن كېيىن، بۇلار مەمەتيۈزىگە قاچىدۇ. مەمەتيۈزىدە بۇلارنىڭ ئارقىسىغا ساقچى چۈشكەنلىكى ئۈچۈن مەمەتيۈزىدىكى بىر قوناقلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ.

خىتاي ئەسكەرلىرى مەھتىمىن بىلەن تۇرسۇن سەلەيىنى تانكا ئاتار بىلەن بىراقلا پارتلىتىپ شېھىت قىلىدۇ».

ئىلاۋە: 5-فېۋرال ئارخىپلىرى ناملىق 1-كىتابتا تۇرسۇن سەلەيىنىڭ پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا تەپسىلىي توختالغان ئىدىم. ئۇ قىسىمدا تۇرسۇن سەلەيىنىڭ ھازىر كانادادا ياشاۋاتقان سىڭلىسى بۇساره سەلەي بىلەن قېيىنئىنىسى تاھىر مىجىتلار، تۇرسۇن سەلەيىنىڭ 1998-يىلى 6-ئاينىڭ 22-كۈنى ئۈچئۈندىكى يوشۇرۇنغان جايىدا پاش بولۇپ قېلىپ، خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن سەھەردىن تاكى كۈن قايرىلغانغا قەدەر ئېتىشىپ شېھىت بولغانلىق ۋەقەسىنى ئاڭلاتقان ئىدى. يۇقىرىدىكىسى بۇ قەھرىمان شېھىتلەرنىڭ قەھرىمانلىقلىرىغا ئائىت ۋەقەنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى.

خەمىت بىلەن ئېلياس زوردۇن ئىككىسى قېچىپ ئاق تۆپە، پەنجىم قاتارلىق يەرلەردە ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئاندىن چاپچالغا ئۆتۈپ، 1998-يىلى 8-، 9-ئاي مەزگىللىرىدە چاپچال چېگراسىدىن ساق-سالامەت قېچىپ ئالماتاغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئالماتاغا ساق-سالامەت يېتىپ بارغان خەمىت بىلەن ئېلياسنىڭ ئۇزۇن مەزگىل قېچىپ يۈرۈش جەريانىدا كىيىملىرى تىتىلىپ كەتكەن بولغاچقا، بىر دۇكانغا كىرىپ دۇكان ئىگىسىگە دوللارنى تەڭگىگە تېگىشىپ بەر دېگەندە، دۇكان ئىگىسى ئۇلاردىن گۇمانلىنىپ، ساقچىغا چېقىپ قويىدۇ. 1998-يىلى 12-ئايلاردا خىتاي خەمىت بىلەن ئېلياسنى ئالمۇتادىن غۇلجىغا ئېلىپ كەتتى (بۇ، ئۇيغۇر دەۋاسىدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋال). ئېلياس بىلەن خەمىت قازاقىستان تۈرمىسىدە ئۈچ ئايدەك ياتتى، 100 مىڭ دوللار بەرسە قويۇپ بېرىدىكەن، دېگەن گەپ-سۆزلەر چىقتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۆت يىگىتنىڭ جەسىتىنىڭ بىر

سايلىقتىن تېپىلىشىدەك ئۇيغۇر سىياسىي تارىخىدىكى تىراگېدىيە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئاساسەن بۇ باللارغا ئىگە چىقىدىغان ئادەم بولمىدى. خەمىت بىلەن ئېلىياسنىڭ ھازىرغا قەدەر ئىز-دېرىكى يوق. ئەينى چاغدا ھامىمات، خەمىت ۋە تۇرسۇن سەلەيدىن ئايرىلىپ چىققان زۇلپىقار، غۇلجا شەھەر بايانداي يېزىسىدىكى ئىنەمجان دېگەن ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنغاندا تۇتۇلۇپ قالدى. زۇلپىقارنى غۇلجا ناھىيەسىدە ئوچۇق سوت ئېچىپ ئېتىۋەتتى. ئىنەمجان ئىسمىلىك باللىنى، يەنى زۇلپىقارنى ساقلىغان باللىنى يېڭىھاياتتا ئىنەمجاننىڭ ئۆزىنىڭ قورۇسىنىڭ ئالدىدا ئېتىۋەتتى.

توخۇچىيۈزى قانلىق قىرغىنچىلىقىدا ئائىلىسىدىكى يەتتە كىشى خىتاي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئېتىۋېتىلگەندىن كېيىن ئۆگزىگە چىقىۋالغان، ئاندىن خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ بىخۇتلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۆگزىمۇ-ئۆگزە ئاتلاپ يۈرۈپ ھايات قالغان، ھازىر چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئابدۇلۋەكىل قەھرىمان شېھىت تۇرسۇن سەلەي ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«شېھىت تۇرسۇن سەلەي، ساقچىلارغا ئىبراھىم ئىسمائىلنى تۇتۇپ بېرىمەن، دەپ يالغان ۋەدە بېرىپ تۈرمىدىن چىققان ئىكەن. شۇ جەرياندا تۇرسۇن سەلەي بىر تاكتىكا ئىشلىتىپتۇ، يەنى چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ دېگەن تاكتىكىنى. ئۇ دەل ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ چوڭ ئۆيى، يەنى ئۇچىئۇندىكى دادىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ. 1998-يىلى 6-ئاينىڭ 22-كۈنىدىكى ئۇچىئۇن قانلىق توقۇنۇشى دەل ئاشۇ قورۇدا يۈز بەرگەن ئىكەن. ماي يېزىسى، خۇدىيارىيۈزى، جىلىلىيۈزى، شۇنداقلا غۇلجا ناھىيەسى ۋە غۇلجا شەھىرىگە بارىدىغان يوللار قاتتىق قامال قىلىنغان بۇ توقۇنۇشتا، بىرنىڭ ئۆيدىكى توقۇنۇشقا

رىياسەتچىلىك قىلغان ۋە بىر قۇلىقى كېسىلىپ كەتكەن ئەنۋەربېك دېگەن قازاق ساقچى باشلىقىنىڭ ئوغلى نۇرتاي (بەزى كىشىلەر نۇرلان دەپمۇ ئۇچۇر بەردى) شېھىت تۇرسۇن سەلەي تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

قاتتىق ئېتىشىشتا ئۆلگەن خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ جەسىتى قورۇ ئىچىگە چۈشىدىكەن، خىتاي ئەسكەرلىرى قورۇ ئىچىدىكى خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ چىقىشقا جۈرئەت قىلالماي، دەرۋازىنىڭ ئاستىدىن شۇ يېزىدىكى ئۇيغۇر دېھقان يىگىتلىرىنى جەسەتنى ئېلىپ چىق دەپ مەجبۇرىي كىرگۈزىدىكەن، تۇرسۇن سەلەي ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بۇ ئۇيغۇر يىگىتلىرىگە ئوق چىقارمايدىكەن. ئېتىشىش سەھەردىن تاكى ئەسىرگىچە داۋاملاشقان بولسىمۇ، لېكىن بىرقانچە ماشىنا خىتاي ئەسكىرى قورۇ ئىچىدىكى ئاشۇ ئۆيگە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئېتىشقان تۇرسۇن سەلەينى تىرىك قولغا چۈشۈرەلمىگەن. ئاشۇ مەھەللىنىڭ ئىمامى ئوسمان مەزىن مېنىڭ چوڭ دادام بولاتتى. چوڭ دادام تۇرسۇن سەلەينىڭ مېيىتىنى دەپنە قىلىش ئىشلىرىغا قاتناشقان ئىدى. چوڭ دادام، ئۇ ئاجايىپ قەھرىمان بالىكەن، بىرقانچە يېرىگە ئوق تېگىپتۇ. ئوق تەككەن قوللىرىنى پەردىلەرنى يىرتىپ باغلاپ تۇرۇپ ئېتىشىپتۇ، دەپ ئېيتىپ بەرگەن ئىدى» دەيدۇ.

خىتاي 2007-يىلى نەشر قىلغان «يېڭى جۇڭگو دەۋرىدىكى بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش» ناملىق كىتابتا، شۇ يىلى قورغاس چېگرىسىدىن كىرگەن قورال-ياراقلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ مۇنداق يازىدۇ: «1998-يىلى 4-ئاينىڭ 6-كۈنى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ قورغاس تاموژنىسىدا چېگرىدىن كىرگەن ماللار ئارىسىغا قورال يوشۇرۇلغانلىق ئەھۋالى بايقالغان. بۇنىڭ ئىچىدىن بىر دانە AK47 تىپلىق ئاپتومات، ئالتە دانە

تاپانچا، 18 مىڭ پاي ئوق، 110 دانە قولبومبىسى، ئارمىيىدە ئىشلىتىلىدىغان بىر تۈركۈم كاپسۇل ۋە پارتىلىتىش دورىلىرى چىققان».

كىتابتا يەنە شۇ يىلى 6-ئاينىڭ 2-كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تورغات تاموژنىسىدىن يوشۇرۇن كىرگۈزۈلگەن 47 سىنارەدىنىڭ پاش بولغانلىقى، 6-ئاينىڭ 24-كۈنى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ باقتۇ تاموژنىسىدا ئارمىيىدە ئىشلىتىلىدىغان بىئوخىمىيىلىك زەھەرلىك سۇيۇقلۇقتىن 68 دانە، زەھەرلىك سۇيۇقلۇق پۈركۈگۈچتىن ئىككى دانە پاش بولغانلىقى يېزىلغان.

## خىتاي ئەسكىرى لوڭ فېي



ئىلى ۋىلايەتلىك زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئالاھىدە ئەترىتىنىڭ ئالاھىدە قوراللىق ساقچىسى لوڭ فېي 1969-يىلى خىتاينىڭ سىچۈەن ئۆلكىسى خەنيۈەن ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1989-يىلى 3-ئايدا خىتاي دۆلەتلىك خەلق قوراللىق قىسمىغا قاتناشقان. 1991-يىلى خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىگە كىرگەن. غۇلجا شەھرىدە 5-فېۋرال ئىنقىلابى يۈز بەرگەندە، ئىلىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئالاھىدە يۆتكەپ كېلىنگەن.

1998-يىلى 4-ئاينىڭ 19-كۈنى يېرىم كېچىدە يۈز بەرگەن خۇدىيارىيۈزى قوراللىق توقۇنۇشىدا مىسىردا تەربىيەلىنىپ كەلگەن ئۇيغۇر پارتىزان ھامىمات مەمتىمىن تەرىپىدىن ئېتىپ تاشلانغان.

## ھاممات شىھىت بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا چېتىپ تۇتقۇن قىلىنغان كېيەكىيۈزىلىك ياشلار

مەيلى ياش زىيالىيلار، مەيلى ياشانغانلار ياكى ئوقۇغۇچىلار بولسۇن، ھەممىسىدە ئورتاق بىر نۇقتا بار، ئۇ بولسىمۇ ئۆزىگە قارشى بىر دۈشمەن تۇتۇلسا ئۇنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن، «شايكىلىرى» دەپ يەنە نۇرغۇن كىشىنى دۈشمەنلىكە باغلاپ تۇتقۇن قىلىش. ئۇلار بۇ ئارقىلىق بۇ زېمىندىكى ئۆزلىرىگە قارشى ئىسيانكارلىق روھىنى قۇرۇتۇۋەتتۇق، دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ، روھنىڭ تەۋرىنىشىنى، روھنىڭ ئورۇق سېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. ھاممات شىھىت قىلىنىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، خىتاي «ھامماتنىڭ شايكىلىرى» دېگەن بەتنام بىلەن تۆۋەندىكى ياشلارنى قولغا ئالدى ۋە تۆۋەندىكىدەك جازالارنى بەردى:

1. ئابدۇرىزاق شەمسىدىن، مۇددەتسىز

2. ئابدۇخالىق ئابدۇرېشىت، ئۆلۈم جازاسى

3. جۈرئەت نۇرى، ئۆلۈم جازاسى

4. سەيدۇللام قۇربان، بىر يىل كېچىكتۈرۈپ ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىش

5. ھەزرىتئەيلى ئەدھەم، 16 يىل قاماق جازاسى

6. ئاتاۋۇللا بەگزات، 14 يىل قاماق جازاسى

7. سۇلتان جالال، 16 يىل قاماق جازاسى

8. ئېلىياس جالال، 18 يىل قاماق جازاسى

9. توختاخۇن يارمۇھەممەت، 12 يىل قاماق جازاسى

10. تۇرسۇنمۇھەممەت زۇنۇن، 14 يىل قاماق جازاسى

11. تۇرسۇنمۇھەممەت زۇنۇننىڭ ئايالى روشەنگۈل مەرۇپ، 12 يىل قاماق جازاسى

12. زەينىدىن ساۋۇت، 9 يىل قاماق جازاسى

ئابدۇخالىق بىلەن جۈرئەتنى غۇلجا شەھەر بايانداي يېزىسىدىكى بىنەملىككە ئېلىپ چىقىپ ئېتىۋەتتى.

غۇلجا ناھىيەسىنىڭ خۇدىيار يۈزى يېزىسىدىن ھاماتقا چېتىپ، «ھاماتنىڭ شايكىسى» دېگەن قالپاق بىلەن سىدىق، ئىبراھىم، ئابدۇمجىت، ھامات بىلەن بىرلىكتە شېھىت بولغان تېيىپنىڭ ئىنىسى سىدىقجان، ئوسمان قاتارلىق يۈزلەرچە ياشلارنى قولغا ئالغان.

ھامات شېھىت بولغاندىن كېيىن كېپەكيۈزى ۋە خۇدىياريۈزى يېزىسىدىن جەمئىي 84 ئۇيغۇر ياش تۇتقۇن قىلىنغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە تۆت يىگىتكە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى.

## پارتىزان تېيىپ سېيىت

پارتىزان تېيىپ سېيىت 1975 ياكى 1976-يىللىرى غۇلجا ناھىيەسىنىڭ خۇدىياريۈزى يېزىسى شاگيو كەنتىدە ئاقكۆگۈل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ پارتىزان شېھىت ھامات تەشكىللىگەن مەشىق ئەترىتىدە چېنىققان. ھاماتنىڭ ئەڭ سادىق ۋە ئىشەنچلىك ئوڭ قولى بولۇپ، غۇلجىدىكى

جەڭگىۋار ياشلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. پارتىزان تېيىپ، هاماتىنىڭ بوۋىسى شەمسىددىن قارىمدا دىنىي تەربىيە ئالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن خىتاي تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان هامات، خەمت، تۇرسۇن سەلەي، مەمتىمىن، ئېلياس زوردۇن... قاتارلىق پارتىزانلار خىتاي ئاسماندا تور يەردە قالقان قۇرۇپ ئىزدەۋاتقان، ئىلى ۋادىسىنىڭ هەرقايسى جايلىرىغا تارالغان 5 ـ فېۋرال پارتىزانلىرى ئەڭ ئېغىر مەزگىللەردە تۇتۇلۇپ قېلىشقا، پاش بولۇپ قېلىشقا تاس ـ تاماس قالغان چاغلىرىدا تېيىپ ئائىلىسى ئۇلارنىڭ قارارگاهى، باشپاناهى بولغان. پارتىزان تېيىپ ۋە دادىسى سېيىت ئاكىلار ئەگەر ئۇلارنى يوشۇرغانلىقى پاش بولۇپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا، هاياتىنىڭ ئۆلۈم بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارغا ئۆز ئائىلىسىدىن پاناهلىق بەرگەن. يەنە بىر قېتىم بۇ روھ ئۈستى ئۈچ ۇق تۈرمىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۈچۈن، خۇددى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىنسانلارغا سىياسىي پاناهلىق بەرگىنىدىنمۇ قىممەتلىك روهتۇر.

مەن 5 ـ فېۋرال ئارخىپلىرى ناملىق كىتابنىڭ دەسلەپكى قىسمىدا، پارتىزانلارنى ئۆز قوينىغا ئالغان ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنىڭ مۇستەھكەم قورغان ئىكەنلىكى ھەققىدە توختالغان ئىدىم. ئۇيغۇر پارتىزانلىرىنىڭ قاچىدىغان، موكىدىغان ئۇيغۇر مەھەللىرىدىن باشقا ھېچبىر يېرى يوق ئىدى. ئەتراپى ۋە قېرىنداش قوشنا دۆلەتلىرى خىتاي غالچىلىرى بولۇپ، تۇتۇپ بېرىشتەك خائىنلىقتىن باشقا ھېچقانداق ئىش قولىدىن كەلمەيتتى. يۇقىرىدا پارتىزان شېھىت هاماتىنىڭ هاياتى ھەققىدە توختالغان ۋاقتىمىزدا 1998 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى كېچىدىن 19 ـ كۈنى سەھەرگە قەدەر داۋاملاشقان خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن بولغان قوراللىق توقۇنۇش ھەققىدە توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. بۇ ۋەقە دەل مانا مۇشۇ

تېيىپنىڭ قورۇسىدا يۈز بەرگەن ئىدى.

شۇ كۈنى پارتىزان ھامىت بىلەن تېيىپ شېھىت بولىدۇ. كۆپلىگەن خىتاي ئەسكەرلىرى ئۆلىدۇ ۋە يارىلىنىدۇ. تۇرسۇن سەلەي، خەمىت مۇھەممەت، مەتىمىن قاتارلىق پارتىزانلار چۆمۈلىدەك يېغىپ كەتكەن خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ قورشاۋىنى بۇزۇپ قېچىپ كېتىدۇ.

تېيىپنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى سېيىت، ئاپىسىنىڭ ئىسمى رەھىمە بولۇپ، ھازىرغا قەدەر غۇلجا خەلقى ئارىسىدا تىللاردا داستان بولۇپ تارقىلىپ يۈرگەن 18-ئاپرېل خۇدىيارىيۈزى توقۇنۇشىدىن كېيىن، خىتاي سېيىت ئاكىنى، رەھىمە ئانىنى ۋە تېيىپنىڭ ئىنىسى مۆمىنتاينى تۈرمىگە تاشلايدۇ. تېيىپنىڭ ئىنىسى مۆمىنتاينى مەھەللىلەر ئارا پارتىزانلارغا قورال توشىغان دېگەن جىنايەت بىلەن 10 يىل كېسىدۇ. سېيىت ئاكا بىر يېرىم يىل يېتىپ چىقىدۇ. رەھىمە ئانىمۇ قولغا ئېلىنىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن قويۇپ بېرىلىدۇ. ھاياتىدىمۇ بىر-بىرىگە سادىق، خىتايغا قارشى كۈرەشلەردە شەخسى مەنپەئەتىنى ئويلىمىغان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ گۆھەردەك ئېسىل بۇ بىر جۈپ قەھرىمانى ئۆزلىرىگە تولىمۇ تونۇشلۇق بولغان خۇدىيارىيۈزى زاراتگاھلىقىغا بىرلىكتە دەپنە قىلىنىدۇ. شۇ چاغلاردىكى ئەڭ قاتتىق سىياسىي ۋەزىيەتتە، 10 كىشىدىن تەشكىللەنگەن بىر كىچىك جامائەت، تاشقى گۆرنى بىر، ئىچكى گۆرنى ئايرىم قىلىپ، بۇ بىر جۈپ قەھرىمانىنىڭ مېيىتىنى ئاستا ئۇشلاپ قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ، ئۇلار ھاياتلىقىدا جېنىدىن ئەزىز كۆرگەن بۇ ئانا تۇپراققا دەپنە قىلىدۇ.

ئەينى يىللاردا تېيىپنىڭ ئىنىسى مۆمىنتاي بىلەن بىر كامېردا ياتقان، ھازىر چەتئەلدە ياشاۋاتقان بىر شاھىت مۆمىنتاي ھەققىدە

توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«مەن تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن شائىيو مەھەللىسىدىكى مۆمىنتاي سىپىتىنىڭ ئۆيىگە ئەھۋال سوراپ باردىم. ئۆيىنىڭ تېمىدىكى ئوق ئىزلىرى، ئەينى چاغدا يۈز بەرگەن قوراللىق توقۇنۇشنىڭ ئىزناسى سۈپىتىدە تېخىچە بار ئىكەن. ئۆيدىكى چوڭلارمۇ ياشىنىپ قالغان بولۇپ، مەن ئۇلارغا مۆمىنتاينىڭ سالىمىنى يەتكۈزدۈم. رەھىمە ئانىمىزنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، مۇشۇ ئائىلىدە يۈز بەرگەن 18-ئاپرېل قوراللىق توقۇنۇشىدىن كېيىن، شۇ كۈنى ساقچىلار مۆمىنتاي بىلەن دادىسى سىيىتكامنى قولغا ئالغان. ئانىمىزنى بولسا چوڭ قىزى ئۆيىگە ئەكەتكەن ئىكەن. شۇ چاغدا قورۇ ئىنتايىن قاراڭغۇ بولغاچقا ئانىمىز ئوغلى تىيىپچاننىڭ شېھىت بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرمىگەن ئىكەن. شۇ كېچىسى بىر ۋاققىچە ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرغان ۋە كۆزى ئۇيقۇغا كەتكەن ئانا، ئوغلى تىيىپچاننى چۈشىدە كۆرگەنىكەن.

ئانىمىز مۇنداق دېگەن ئىدى: ‹چۈشۈمدە، ئۆيدە ئولتۇرسام ئوغلۇم ئاپئاق كىيىنگەن ھالەتتە سالام قىلغىنىچە كىردى، قولىدا ئاق بىر پەتنۇس بار ئىدى، پەتنۇسنى مېنىڭ ئالدىمدىكى ئۈستەلگە قويۇپ، مەن چىقاي، دېگەنچە كەينىچىلەپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى. مەن ئويغىنىپ كېتىپ، چۈشۈمدىن ئوغلۇمنىڭ شېھىت بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ناماز بامداتقا يېقىن كۆزۈم ئۇيقۇغا ئىلىنغاندەك بولۇپ ئوغلۇمنى ئىككىنچى قېتىم ئوخشاش ھالەتتە كۆردۈم. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ مېنىڭ ئىچىمگە بىر خاتىرجەملىكنى سالغاندەك بولۇپ، ئەي ئاللاھ سېنىڭ يولۇڭ بولغان ۋەتەن يولىدا، ھېلىغۇ بىر بالىكەن، مىڭ بالا بولسىمۇ پىدا بولسۇن، دەپ رازىلىق بىلدۈرۈپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ، دۇئا قىلدىم›.

شۇ ئىشتىن كېيىن ئانىمىز ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي، قۇرئاننى قائىدىلىك ئوقۇشنى ئۆگىنىپ، مەھەللىدىكى خىلى كۆپ قىزلارنى تەربىيەلىگەن. تىيىپجاننىڭ دادىسى قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، مەھەللىدىكىلەر ئۇنىڭغا ناھايىتى يۇقىرى ھۆرمەت كۆرسەتكەن. مەسچىتتە جامائەت ئىچىدە ئەگەر سەپنىڭ ئاخىرىدا بولۇپ قالغان بولسىمۇ، شۇ ئاكىمىز دۇئاغا قول كۆتۈرمىگۈچە باشقىلار قول كۆتۈرمەيدىكەندۇق».

مۆمىنتاي شۇ چاغدا 16 ياشقىمۇ توشمىغان بولۇپ، «مەھەللىلەر ئارا قورال توشىغان» دېگەن جىنايەت بىلەن ئون نەچچە يىل كېسىلگەن. تۈرمىدە ئېغىر قىيىن-قىستاققا ئېلىنىپ، تىرناقلىرى يۇلۇۋېتىلگەن. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ تۈز ماڭالمايدىغان، ئالچاڭلاپ پۇتىنى كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان بولۇپ قالغان. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ساقچىلارنىڭ ئاۋارە قىلىشقا ئۇچرىغان.

## پارتىزان ئابدۇسەلىم قاھار

ئابدۇسەلىم قاھار تەخمىنەن 1970-يىللىرى غۇلجا ناھىيە مازار يېزا تار كەنتىدە تۇغۇلغان. ئابدۇسەلىم قاھار ئائىلىسى دىنىي ئەقىدىسى كۈچلۈك، خىتاي بىلەن بولغان چەك-چېگرانى ئاللىقاچان ئېنىق ئايرىغان، ئەخلاق-پەزىلەتلىك ئېسىل ئائىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى. دىنىي جەھەتتە ناھايىتى سىستېمىلىق تەلىم-تەربىيە ئالغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ كورلا قاتارلىق شەھەرلىرىگە بېرىپ، دىنىي ئۆلىما ئۇستازلاردىن سىستېمىلىق ھالدا ئىسلام دىنىي تەربىيەسى ئالغان ئىدى. ئابدۇسېلىم قاھار، ئەمىر ئىبراھىم ئىسمائىل يېتىشتۈرگەن ۋە ئەزالىققا ئالغان پارتىزانلاردىن بىرى ئىدى. 1997-يىلى 6-ئايدا

خىتاينىڭ دەھشەتلىك تۇتقۇن قىلىشى، شۇنداقلا تۈرمىلەرنى ئۇيغۇر ياشلىرى بىلەن تىقىم-تىقىم تولدۇرۇۋېتىشى، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيانە قىيىن-قىستاقلار بىلەن قىينىشىغا قارشى، ئەمىر ئىبراھىم ئىسمائىلىدىن بارلىق پارتىزان جەڭچىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، تۈرمە ۋە ساقچىخانىلارغا ھۇجۇم قىلىش، توك يوللىرى ۋە تېلېفون كابېللىرىنى ئۈزۈۋېتىش، خىتاي ئۈچۈن ئىشلىگەن، ئايغاقچىلىق قىلغان، ئۇيغۇر ياشلىرىنى خىتايغا تۇتۇپ بەرگەن ساقچى، خائىن ۋە مۇناپىقلارنى تازىلاش ئېلىپ بېرىش ھەققىدە بۇيرۇق كېلىدۇ.

پارتىزان ئابدۇسەلىم قاھار بىر تەرەپتىن دىنىي بىلىملىرىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىلى ۋادىسى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى دىنىي ئۆلىمالاردىن دەرس ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز تەۋەلىكىدە دىنىي مەكتەپلەرنى ئېچىپ، ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئەينى چاغدا ھاراق-شاراب، قىمار، ئاق تاماكا قاتارلىقلاردىن خالىي، ئىلىم-مەرىپەت ئىزدەيدىغان، كۆپ خىل تىللارنى ئۆگىنىدىغان، خىتاي فاشىستلىرىنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوق قىلىۋېتىشىگە قەتئىي بويۇن ئەگمەيدىغان قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش ئۈچۈن دىنىي مەكتەپ ئاچقان، بالدۇر ئويغانغان، قول ئىلىكىدە بار، ئوقۇمۇشلۇق، جىگەرلىك ياشلاردىن ئىدى. مازار يېزىسى، شۇنداقلا تار كەنتى ئاساسى نوپۇسىنى ئۇيغۇرلار ئىگىلەيدىغان بىر يېزا بولغىنىغا قارىماي، بۇ يېزىدىكى بىر خىتاي ئائىلىسى خىتاينىڭ قورالىق ساقچىلىرىدىنمۇ بەتتەر ئۇيغۇرلارغا ئۆچمەنلىك قىلاتتى. ئىسلام دىنىي ئەقىدىسى كۈچلۈك بولغان، ساقال قويغان ياشلارنى توختىماي ساقچىغا چېقىپ، بۇ يېزىدىكى ئۇيغۇر ياشلىرى بىرى تۈرمىگە كىرسە، بىرى چىقىپ دېگەندەك ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈپ، مەھەللىنىڭ ھېچ ھۇزۇرى-ھالاۋىتىنى قويماي كەلگەن ئىدى.

ئەمىر ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ بۇ بۇيرۇغىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ئابدۇسەلىم قاھار، بىر كۈنى ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، شۇنداقلا بىر نەۋرە ئىنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 5ـ4 ياش بىلەن بىرلىكتە بۇ چېقىمچى خىتاينىڭ ئۆيىگە كېچىدە باستۇرۇپ كىرىپ، پۈتۈن يېزا ۋە مەھەللە خەلقىنى بوزەك قىلغان بۇ زومىگەر ئائىلىنى كۆزدىن يوقاتقان ئىدى. بۇ دەل 1997ـيىلى 6ـئاينىڭ 23ـكۈنى، يەنى شېھىت تۇرسۇن سەلەي قاتارلىقلار ئۈچ‌ئۈن يېزىسىدا خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن ئېتىشىپ شېھىت قىلىنغاندىن بىر كۈن كېيىن بولغان ئىش ئىدى.

ئابدۇسەلىم قاھار ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى خۇددى سادىر پالۋاننىڭ تاغ يولىنى سورىساڭ ھەممە جاينى بىلىمەن... قوشاقلىرىغا ئوخشاش، غۇلجا ناھىيەسىنىڭ ھەرقايسى يېزىلىرىغا تۇتىشىدىغان ھەممە قىسقا ئۆتۈشمىلەرنى، تاغلار ۋە جىلغىلارنى، قىسقىسى پاناھلانغىلى بولىدىغان ھەممە جاينى بەش قولدەك ياخشى بىلەتتى. چەكسىز كەتكەن غۇلجا ناھىيە يېزىلىرىدىكى قوناقلىقلار، ئېتىزلىقلار، تاغلار، ئېدىرلىقلار بۇلارنىڭ پاناھلىنىدىغان بىردىن بىر جايى بولغان ئىدى. 4ـ3 ئايغا يېقىن قاچقۇن ھاياتىدا، ئۇلارغا ھەر ۋاقىت ۋەتەنىنىڭ ھەقلىق ئىگىسىدىن ئىبارەت بۇ پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ئۈمىد ۋە جاسارەت بېغىشلاپ كەلدى. بۇ جەرياندا خىتاي تەرەپ بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ مەھەللە، مەھەللە... دېگەندەك پۈتۈن يەرنى ئاختۇرۇپ ئىزدىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى تاپالمىدى.

غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى، يەنى ئەڭ يۇقىرىدىن سانىغاندا قارىياغاچ يېزىسىدىن، جەنۇبقا قاراپ سۈرۈلگەندە غەرب تەرەپتىكى پەنجىم يېزىسى، دادامتۇ يېزىسى، كېپەكيۈزى يېزىسى، خۇدىيارىيۈزى يېزىسى خۇددى تۆت پەلەمپەيدەك شەرقىي

شىمالدىن بىر ئاز غەربكە سۈرۈلگەن ھالەتتە جەنۇبقا قاراپ سوزۇلۇپ ياتىدۇ. يۇقىرىقى يېزىلارنىڭ شەرقىدە بولسا شەرقىي شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ جىلىلىيۈزى، سادىقيۈزى، ئۈچئۆن خۇيزۇ يېزىسى، ئونيار يېزىسى، دۆڭمازار يېزىسى، ئۇيغۇر ئۈچئۆن يېزىسى، سامىيۈزى يېزىسى، بايتوقاي يېزىسى سوزۇلۇپ ياتىدۇ. يۇقىرىدىكى يېزىلارغا بىر ياندىش تېخىمۇ شەرق تەرىپىدە بولسا ئاچىماقلارغا ئايرىلغان ھالەتتە مازار يېزىسى، سۈپتاي يېزىسى قاتارلىقلار سوزۇلۇپ ياتىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، قوللىرىدا ئۆزلىرى ياسىۋالغان چەيدو-قىڭراق دېگەنلەر بىلەن قوراللانغان ئابدۇسەلىم قاھار باشلىق بەش پارتىزان ئاخىرىدا يەنە ئۇيغۇرنىڭ قوناقلىقلىرىمىزنىڭ ئارىسىغا غەيرىي ئادەملەر پەيدا بولۇپ قالدى، دەپ ساقچىغا مەلۇم قىلىشى بىلەن، بۇ پەلەمپەي شەكىللىك ناھىيەنىڭ موللىتوختىيۈزى يېزىسىدا خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ پۈتۈن قوناقلىقلارنى ئورىۋېتىشى نەتىجىسىدە تۇتۇلدى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، مۇخبىرلار ئابدۇسەلىم قاھار ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئۇ ياتقان تۈرمىگە چىقىپ مەخسۇس پروگرامما ئىشلىگەن ۋە ئۇلى تېلېۋىزىيەسىدە تارقاتقاندىن كېيىن، ئابدۇسەلىمنىڭ تىز پۈكمەس قەيسەر ئىرادىسى ۋە خىتايلارغا بولغان چەكسىز نەپرىتى غۇلجىدا زور غۇلغۇلا قوزغىغان. شۇ ۋەجىدىن بۇ مەخسۇس فىلىمنى قايتا تارقاتماسلىق بۇيرۇقى چۈشكەن.

**مۇخبىر: نېمە ئۈچۈن بۇ خىتاي ئائىلىسىنى ئۆلتۈردۈڭ؟**

*ئابدۇسەلىم: ئۇلار بىزنىڭ ئانا ۋەتىنىمىزنى ئاياق ئاستى قىلدى. خەلقىمىزنى بوزەك قىلدى. باغۇ-بوستانلىقلىرىمىزنى*

*دەسسەپ چەيلەپ، بايلىقلىرىمىزنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. ئۇنى ئاز دەپ ياشلىرىمىزنى تۇتقۇن قىلىپ خەلقىمىزنى قىردى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار ئاللاھنىڭ ھۆكۈمى بويىچە ئۆلۈمگە مەھكۇم.*

**مۇخبىر: ئەگەر گۇڭچەنداڭ ساڭا كەڭچىلىك بېرىپ ئۆلۈم جازاسىنى كەچۈرۈم قىلسا، سەن قانداق قىلغان بولاتتىڭ؟**

*ئابدۇسەلىم: ئالدىمغا بىر خىتاي چىقسا بىرنى، ئىككى خىتاي چىقسا ئىككىنى ئۆلتۈرگەن بولاتتىم. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ پارتىيە تەرەپدارى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم، دېگەن.*

ھازىر تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئىمام ھەسەن مۇنداق دەيدۇ:

1997-يىلى 6-ئاينىڭ 25-، 26-كۈنلىرى غۇلجىدىكى ھەرقايسى ناھىيە-يېزىلار ئارىسىدا بىر قاتار ۋەقەلەر بولغان. غۇلجا ناھىيە مازار يېزا تار كەنتىدىكى ۋەقەمۇ شۇلارنىڭ قاتاردىن.

شۇ كۈنى كەچتە ئابدۇسەلىم دېگەن بالا (27 ياش ئەتراپىدا) باشچىلىقىدىكى ئوندىن ئارتۇق بالا، شۇ مەھەللىدىكى بالىلارغا زىيىنى بەك چوڭ بولغان ئەر-ئايال ئىككى خىتاينى ئۆلتۈرۈۋېتىپ تاغقا چىقىپ كەتكەن. ۋەقەدىن كېيىن خىتاي تەرەپ ناھايىتى كۆپ ئەسكەر، تىك ئۇچار ئايروپىلانلارنى ئىشقا سېلىپ (ئېسىمدە قىلىشىچە 20 كۈندىن ئاشقاندا) بالىلارنى قورشاۋغا ئېلىپ تۇتقان. بۇ بالىلارمۇ ئېغىر قىيىن-قىستاققا ئۇچرىغان، ئارىدىن بىرەيلەن قىيىن-قىستاقنىڭ زەربىسىدىن تۈرمىدە شېھىت بولغان. ئابدۇسەلىم ۋە ھەسەنتاي دېگەن بالىلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن.

بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئابدۇسەلىمنىڭ ئائىلىسىنى يوقلاپ بارغان بىرەيلەننىڭ دېيىشىچە،

ئابدۇسەلىمنىڭ ئانىسى جىمغۇرلىشىپ كەتكەن بولۇپ ئۇشۇق گەپ قىلمايدىكەن، پەقەت:

*بالا* دەردى *يامان ئىكەن،*
*كىشىگە سۆزلىسەڭ دەرتكەن.*

دېگەن ناخشىنى توختىماي ئېيتىپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالغان.

## *پارتىزان ئابدۇرېھىم ئەيسا*

پارتىزان ئابدۇرېھىم ئەيسانىڭ غۇلجا شەھرىگە بارىن ئىنقىلابى يۈز بەرگەندىن كېيىن، شۇنداقلا قاغىلىقتىكى ئابلىكىمخان مەخسۇمنىڭ مەدرىسى تاقالغاندىن كېيىن، قاغىلىقتىن كەلگەنلىكى مەلۇم.

خىتاي ئابدۇرېھىم ئەيساغا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغاندىن كېيىن، ئۇ يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ ھەرىكەت قىلىشقا باشلىغان. 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى يۈز بېرىپ 6 ئايغا يېقىن يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن ئابدۇرېھىم ئەيسا، شۇ يىلى كۈز ئايلىرىدا ئىلى دەرياسى بويىدا ساقچىلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدۇ.

ئابدۇرېھىم ئەيسا بىلەن خىتاي ساقچىلىرى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن بىر مەيدان جەڭ بولىدۇ. خىتاي ساقچىلىرى ئىنتايىن كۆپ ۋە قوراللىرى سەرخىل ئىدى. ئابدۇرېھىم ئەيسا ئۇستا مەرگەن بولۇپ، ئىلى دەرياسى بويلىرىدىكى يەر-جايلارنىڭ ئورنىنى پۇختا بىلگەنلىكى ئۈچۈن، خىتاي ساقچىلىرىدىن خېلى كۆپ قىسمىنى يەر چىشلىتىدۇ. ئاخىرى ئوقلىرى تۈگىگەن ئابدۇرېھىم ئەيسا، ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى تەرىپىدىكى

توغراق يېزىسىدىن دەرياغا سەكرەپ، دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئېغىر يارىلانغانلىقى ئۈچۈن دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا تىرىك قولغا چۈشۈپ قالىدۇ.

1998-يىلى ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن يوقىتىشلار ئىچىدىكى ئەڭ زور يوقىتىش بولغان بىر يىل بولۇپ، ئابدۇرېھىم ئەيسا شۇ يىلى قىشتا ئەمىر ۋە قوماندان ئىبراھىم ئىسمائىل بىلەن بىرلىكتە باياندايى يېزىسىدىكى بىر بىنەملىكتە شېھىت قىلىنىدۇ. بارىن روھىنى ئىلى ۋادىسىدا يىلتىز تارتقۇزۇش ئۈچۈن غۇلجىغا كەلگەن، ئانا تۇپراق يېتىشتۈرگەن بۇ قورقۇمسىز باتۇر جەڭچى، مۇرىنى-مۇرىگە تىرەپ بىرلىكتە كۈرەش قىلغان، مۇستەقىللىق مەشئىلى ئىبراھىم ئىسمائىل بىلەن بىرلىكتە بۇ ئانا تۇپراقنى مەڭگۈلۈك باغاشلايدۇ.

پارتىزان ئابدۇرېھىم ئەيسا شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سوراق جەريانىدىكى قەيسەرلىكى، شۇنداقلا ئۆزىنى قانات ئاستىغا ئېلىپ يوشۇرغان ھېچقانداق كىشىگە خائىنلىق قىلمىغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈردى.

**ساقچى: ئېيتە كىمنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇندۇڭ؟**

*ئابدۇرېھىم ئەيسا: يازدا ئىلى دەرياسى بويىدىكى بوستانلىقلارغا، قىشنىڭ كۈنى تاشكۆۋرۈك يېزىسىدىكى ختاي بۇرادەرلەر قۇرغان پارنىكزارلىقلارغا يوشۇرۇندۇم. دېمىسىمۇ، سەن مېنى بىرسىنىڭ ئۆيىدىن ئەمەس، بەلكى ئىلى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قولغا ئالمىدىڭمۇ؟ دەپ جاۋاب بەرگەن.*

يەنە نۇرغۇن پارتىزان يىگىتلەر ئۆزلىرى ياسىغان بومبىلارنى سىناق قىلىش جەريانىدا شېھىت بولۇپ كەتتى. چۈنكى دۈشمەن قاپساپ كەلگەن، ۋاقىت ئىنتايىن جىددى بولۇپ، پارتلاتقۇچلارنى

ئۆزلىرى ياسىشى كېرەك. بىر ياقتىن تەجرىبىسىزلىك، يەنە بىر ياقتىن چارىسىزلىك قىينىغان. بۇ ھەقتىكى تولۇقلىما تارىخلارنى ۋەتەن مۇستەقىل بولغاندا بىرمۇ بىر يېزىپ چىقىمىز ئاللاھ خالىسا.

## پارتىزان شۆھرەت ۋە سەپداشلىرىنىڭ تۈرمىدە ياڭراتقان ئەزان ساداسى

پارتىزان شۆھرەت غۇلجا شەھەر ئۈچ دۇكاندىن بولۇپ، 1968 - يىلى تۇغۇلغان. غۇلجا شەھەر تۆت دۇكاندىكى 12 - باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، غۇلجا شەھەر 15 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. شۆھرەت ئورۇق، ئىنچىكە كەلگەن، كۆلۈپلا تۇرىدىغان يىگىت ئىدى.

شۆھرەتنىڭ 1997 - يىلى 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىكى نامايىشقا، يەنى ئاشكارا دەۋەتكە قاتناشمىغانلىقى مەلۇم. ئەسقەر زۇنۇن غۇلجا (شەھەر ئايدۆڭلۈك)، تۇرسۇن مۇھەممەت (بورتالالىق)، ئىلياس ئاباس (خوتەنلىك)، ئابلىز كازىم (كورلىلىق)، ئابلەت قاتارلىق بۇ بىر گۇرۇپپا پارتىزان ھەرىكەتنى ئۈرۈمچىدە ئېلىپ بېرىش پىلانى تۈزگەن. ئۇلار مەبلەغ ھەل قىلىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن قورال سېتىۋېلىش قاتارلىق بىر قاتار جەريانلاردا خىتاينىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئۈرۈمچىنىڭ چەت ياقىسىدىكى بىر جايدىن ئۆي ئىجارە ئېلىپ يوشۇرۇنۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ جەرياندا يېمەك - ئىچمەكلىرى تۈگەپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن، سىرتقا نەرسە كېرەك سېتىۋېلىش ۋە ئالاقە قىلىش ئۈچۈن چىققان ئېلياس ئاباس خىتاي ساقچىلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، ساقچىلار ئۇنى تېلېفون بوتكىسىدا قولغا ئالىدۇ. ئېلياس ئاباسنىڭ سەل كېچىككەنلىكىدىن گۇمان قىلغان



خىتاي ساقچىسى مۇرات رۇستەم

قالغان پارتىزانلار يەنە بىر ئۆيگە يۆتكىلىدۇ. بۇ جەرياندا ساقچىلار ئۇلار تۇرۇۋاتقان ئەتراپنى قاتتىق قورشاۋغا ئالىدۇ. ئۇلار يۆتكەلگەن ئۆينى جەزم قىلغان خىتاي ساقچىلىرى، ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىدۇ. تۇنجى بولۇپ ئىشىكنى تېپىپ ئېچىپ كىرگەن ئاپتونوم رايون بويىچە 10 مۇنەۋۋەر ساقچىنىڭ بىرى دەپ ئاتالغان مۇرات رۇستەمگە ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ ئوق چىقارغان شۆھرەتنىڭ ئوقى كېلىپ تېگىدۇ ۋە نەق مەيداندا جان ئۈزىدۇ. ساقچىلار ساراسىمگە چۈشۈپ، تەمتىرەپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پارتىزانلار ئارقا دېرىزىدىن قاچىدۇ. ئەتىگەندىن كەچكىچە بولغان توقۇنۇشتا، خىتاي ساقچىلىرىنىڭ سان جەھەتتىن ئىنتايىن كۆپ بولۇشى سەۋەبىدىن بۇ بەش پارتىزان قولغا چۈشۈپ قالىدۇ. خىتاي تەرەپ ئۇلارنى لىيۇداۋەن تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا سولايدۇ.

بۇ پارتىزانلارنىڭ ئورتاق ئارتۇقچىلىقى شۇ ئىدىكى، گەرچە ئۇلار خىتاينىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرى قىلىۋاتقان بۇ ئىشتا ئارقىغا چېكىنىپ پاناھلانغۇدەك بىر جاينىڭ يوقلىقىنى، ئاخىرى ئۆزۈنى قالماي ھامان خىتاينىڭ قولىغا چۈشىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۆزلىرىدە قىلچە ئەندىشە يوق ئىدى. ئۇلار داۋاملىق كۈلۈپ تۇرىدىغان بولۇپ، ئىنتايىن تەمكىن ئىدى. روھىدىن، سۆزىدىن ھېچقانداق قايغۇنى كۆرگىلى بولمايتتى. ھەر ۋاقىت كۈلۈپ تۇراتتى.

بۇ پارتىزانلىق گۇرۇپپىسى ئىچىدىكى ئابلىز كازىم، ئاق سېرىق كەلگەن ئوتتۇرا بوي يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى ياش

قۇرامى 18 ياكى 19 ياشتا بولۇپ، پارتىزانلار ئىچىدىكى ئەڭ كىچىكى ھېسابلىناتتى.



sina.com.cn

新浪首页 | 免费邮件 | 用户注册 | 网站地图

新闻中心 新浪首页 > 新闻中心 > 国内新闻 > 中新社网站 > 新闻报道

中国新闻社

## 新疆处决一批暴力恐怖罪犯

http://www.sina.com.cn 2000年06月16日13:15 中新社网站

中新社乌鲁木齐六月十六日电(记者杨东)参与杀害警察木拉提-肉斯坦木的肖克来提-马合木提、买买提吐尔逊-卡德尔等五名案犯六月十四日北京时间十一时在乌鲁木齐被枪决。

记者从新疆维吾尔自治区高级人民法院获悉，一九九八年二月五日，肖克来提-马合木提等人在伊宁市街头制造了震惊中外的暴力恐怖活动后，窜逃至乌鲁木齐纠集艾斯卡尔-祖农、阿不都热依木-买买提依明等人继续进行民族分裂和暴力恐怖犯罪活动。

为给进行民族分裂和暴力恐怖活动筹集资金，一九九九年二月三日，肖克来提-马合木提与艾斯卡尔-祖农等人将商人阿不都外力-卡德尔骗至乌鲁木齐郊区杀害，抢得人民币二十四万元。

一九九九年二月十日傍晚十八时，在追捕这些凶犯时，藏于暗中的凶犯开枪拒捕，冲在最前面的乌鲁木齐市公安局警察木拉提-肉丝坦木不幸被肖克来提-马合木提开枪击中，牺牲于去医院抢救的路上。二月十一日这几名凶犯被抓获。

据悉，以肖克来提-马合木提为主的暴力团伙中，买买提吐尔逊-卡德尔和艾斯卡尔-祖农在某地接受军事训练后，窜回新疆，组织实施了一系列暴力恐怖活动，藏有十八枚爆炸装置和部分违禁化学药品。

六月十四日，新疆高级人民法院以分裂国家罪、非法买卖运输枪支弹药罪、故意杀人罪、抢劫罪判处肖克来提-马合木提、买买提吐尔逊-卡德尔等五人死刑，判处暴力团伙另外两名骨干分子无期徒刑，还有六名骨干分子被判处有期徒刑。(完)

点击此处体验
摩托罗拉6188手机
爱立信R320sc手机
西门子3518i手机
上网遨游之乐趣

【发表评论】【关闭窗口】

شۆھرەت ۋە سەبداشلىرى ھەققىدە ختاي ئاخباراتلىرىدا بېرىلگەن خەۋەر

ئەينى ۋاقىتتا ئابلىز كازىم بىلەن بىر تۈرمىدە ياتقان، ھازىر تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئەنۋەر ئەپەندى، ئابلىز كازىمنىڭ ئۆلۈم مەيدانىغا ئېلىپ چىقىشتىن بۇرۇنقى ئەڭ ئاخىرقى كېچىسى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«شۇ كېچە كويىزا ۋە كىشەنلەرنىڭ شاراقشىغان ئاۋازى بىر ياتقان كامېرغا يېقىنلىشىشقا باشلىدى، گۇندىپايلار ئابلىز كازىمنى بىر نەرسىگە قول قويغۇزۇش ئۈچۈنمۇ، ئائىلىسى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشتۈرۈش ئۈچۈنمۇ، ئىش قىلىپ بىر

سەۋەبتىن ئۇنى سىرتقا ئېلىپ ماڭغان ئىكەن. ئابلىز كازىم بىزنىڭ كامېرنىڭ ئالدىغا كەلگەندە توختىدى ۋە ئۆزىنىڭ ئەتە سەھەردە ئېتىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بىزدىن رازىلىق سورىدى. ئەمما ئۇنىڭ سەبىي چىرايىدا ھېچقانداق قورقۇش ئالامىتى يوق ئىدى. ھەممىمىز ئۇنىڭغا رازىلىق بەردۇق. يۈرەكلىرىمىز لەختە بولدى، كۆز ياشلىرىمىزنى تۇتالمىدۇق. ئۇ ئارىمىزدىكى ئەمدىلا ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغان كىچىك پارتىزان ئىدى. ئەتىسى سەھەردە پۈتۈن تۈرمىنى لەرزىگە سالغان، ئاجايىپ يېقىملىق ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئابلىز كازىمنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئەزان ئاۋازى تۈگىگەندىن كېيىن خىتاي ساقچىلىرى ئۇنى جازا مەيدانىغا ياللاپ ئېلىپ چىقىپ شېھىت قىلدى. شۇ كۈنى سەھەردە، ئاپئاق كېپەندەك كىيىنگەن، شۆھرەت، ئەسقەر زۇنۇن، تۇرسۇنمەمەت قاتارلىقلار قوللىرىغا كىشەن سېلىنغان بولۇپ، ئابلىز كازىم بىلەن بىللە ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ھالدا شېھىت قىلىنغان ئىدى.

### پارتىزان خەمىت مۇھەممەت، قاسىم مەقبىر ۋە ئىلياس زوردۇن

5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە غۇلجىدا ئېلىپ بېرىلغان پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرى ئىچىدە خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن بىر قانچە قېتىم توقۇنۇشۇپ، خىتاينىڭ غۇلجا شەھىرىگە ياغدۇرۇۋەتكەن قۇشمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدىغان مۇستەھكەم قورشاۋلىرىنى بۆسۈپ ئۆتكەن؛ خىتاي تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان تەشۋىقات ۋەرەقلىرىنى قاتمۇ قات چاپلىۋەتكەن غۇلجا مەھەللىرىدە مۆكۈنۈپ، ئاخىرىدا سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە خىتاينىڭ قازاقىستان چېگراسىدىنمۇ بۆسۈپ ئۆتۈپ ئالمۇتاغا قېچىپ چىقالىغان پارتىزان خەمىت مۇھەممەت، 1970-يىلى 2-ئاينىڭ 15-كۈنى غۇلجا شەھەر ئايدۆڭ مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1996-

يىلى 6 ـ ئايدا مىسىرغا ئوقۇشقا بارغان، ئاندىن كەشمىرگە بارغان بولۇپ، ئۇ 1998 ـ يىلى 1 ـ ئايدا پارتىزان ھاممات ۋە ئىنىسى زۇلپىقار قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە شياڭگاڭ ۋە بېيجىڭ ئارقىلىق غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن.

پارتىزان خەمىت، 1998 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى غۇلجا شەھەر خۇدىيارىيۈزى يېزىسىدىكى تېيىپجان ئوسمان ئائىلىسىدە يۈز بەرگەن قورallىق توقۇنۇشتا، 1998 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئۈچئۈندا يۈز بەرگەن قوراللىق توقۇنۇشتا سەپداشلىرى ھاممات، تۇرسۇن سەلەي ۋە مەمتىمىن قاتارلىق شېھىتلار بىلەن بىرلىكتە خىتاي ئەسكەرلىرىگە قارشى ناھايىتى دەھشەتلىك ۋە ئۇزۇنغا سوزۇلغان قوراللىق توقۇنۇشلاردا بولغان. كېيىن تۇرپانىيۈزىلىك ئىلياس زوردۇن بۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلغان.

خەمىت بىلەن ئىلياس ئىككىسى قېچىپ ئاق تۆپە، مەنجىم قاتارلىق يەرلەردە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، ئاندىن چاپچالغا ئۆتۈپ، 1998 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چاپچال ـ قازاقىستان چېگراسىدىن ساق ـ سالامەت قېچىپ ئالمۇتاغا ئۆتىدۇ. ئالمۇتاغا ساق ـ سالامەت ئۆتكەن خەمىت بىلەن ئىلياسنىڭ ئۇزۇن مەزگىل قېچىپ يۈرۈش جەريانىدا كىيىملىرى تىتىلىپ كەتكەن بولغاچقا، بىر دۇكانغا كىرىپ دۇكان ئىگىسىگە دوللارنى تەڭگىگە تېگىشىپ بەر دېگەندە، دۇكان ئىگىسى ئۇلاردىن گۇمان قىلىپ، ساقچىغا مەلۇم قىلىپ قويىدۇ. ئىلياس بىلەن خەمىتنىڭ سېپىگە قاسىم مەقبىرىنىڭ قاچان قوشۇلغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات ئالالمىدۇق، ئەمما بۇ ئۈچەيلەن بىرلىكتە قازاقىستانغا قېچىپ ئۆتۈپ، قازاقىستان تۈرمىسىدە ئۈچ ئايدەك ياتىدۇ.

1999 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى قازاقىستان تەرەپ خەلقئارا ئەھدىنامىلەرگە رىئايە قىلمىغان ھالدا خەمىت مۇھەممەت،

ئىلىياس زوردۇن ۋە قاسىم مەقبىرنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. خىتاي تەرەپ خەمىت مۇھەممەت قاتارلىق بۇ 3 نەپەر سەپداشقا ئاۋۋال ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، كېيىن مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا چۈشۈرگەن. ھازىر خەمىت مۇھەممەت ۋە ئۇنىڭ ئىككى سەپدىشى قاسىم مەقبىر بىلەن ئىلىياس زوردۇن ئۈرۈمچى 5-تۈرمە 4-ئەترەتتە تۇرماقتا.

2016-يىلىغا قەدەر بۇ ئۈچ نەپەر ھۆرلۈك جەڭچىسىنىڭ ئىز-دېرىكى مەلۇم بولغان بولسىمۇ، ئەمما 2016-يىلى خىتاي جازا لاگېرلىرىنى قۇرۇپ، 3 مىليوندىن 5 مىليونغا قەدەر ئۇيغۇرنى جازا لاگېرلىرىغا تاشلىغاندىن كېيىن، بۇلارنىڭ ھېچقانداق ئىز-دېرىكى بولمىغان.

خىتاي ئەسكەرلىرى قولىدا قورالى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ھايۋانغا ئوخشاش ئەخمەق ۋە ھاماقەت نېمىلەردۇر. ئەينى چاغدا غۇلجا ناھىيەسىنىڭ ھەرقايسى يېزىلىرىدا خىتاي مۇنتىزىم ئەسكەرلىرى بىلەن بولغان توقۇنۇشلار ھەققىدە غۇلجا خەلقى ئارىسىدا مۇنداق رىۋايەتلەر تارقالغان ئىدى:

«تۇرسۇن سەلەي، خەمىت مۇھەممەت ۋە ئىلىياس زوردۇن قاتارلىق پارتىزانلار يوشۇرۇنغان ئۆيىنى خىتايلار قورشىۋاپتۇ. ئېتىشىش ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، خىتاي ئەسكەرلىرى مەھەللىدىكى دېھقان ياشلارنى گۆرۈگە ئېلىۋېلىپ ئۆي ئىچىگە يېقىنلىشىپتۇ. پارتىزانلىرىمىز دېھقان يىگىتكە: بېشىڭنى تۆۋەن قىل دېگەن بۇيرۇقنى بېرىپتۇ. دېھقان يىگىتى بېشىنى تۆۋەن قىلىشى بىلەن، پارتىزانلىرىمىز خىتاي ئەسكىرىنىڭ مېڭىسىگە ئېتىپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن ساراسىمىگە چۈشكەن خىتاي ئەسكەرلىرى يەرگە چاپلىشىپ يېتىۋاپتۇ. پارتىزانلىرىمىز خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ ئۈستىدىن دەسسەپ قېچىپتۇ. ئىلى ئوبلاستلىق ساقچىدىكى

خىتاي ئەسكەرلىرىگە يول باشلىغۇچى بولغان ئابدۇراخمان ئىسىملىك خائىننى ئاتقان ئىكەن، ئوق قوۋۇرغىسىنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ».

## پارتىزان مەمتىمىن ئابدۇقادىر

پارتىزان مەمتىمىن ئابدۇقادىر 1970 - يىلى غۇلجا ناھىيەسىنىڭ يۇقىرىقى كېپەكيۈزى يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. ئوتتۇرا مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە. 1996 - يىلى غۇلجا شەھەر تاشكۆۋرۈك يېزىسىغا كۆچۈپ كىرىپ، غۇلجا شەھەر سۇدەرۋازىدىكى سۇلتانمەمەت قارىمدىن دىنىي دەرس ئالغان. مەمتىمىننىڭ ئائىلىسى بىرقانچە ئەۋلاد يۇقىرىقى كېپەكيۈزى يېزىسىدا ياشاپ كەلگەن، ئەل - جامائەت ئىچىدە ناھايىتى يۈز - ئابرۇيلۇق ئائىلىلەردىن بولۇپ، مەمتىمىننىڭ ئاتا - بوۋىلىرى يۇرتقا ئىمامەتچىلىك قىلىپ ئۆتكەن كىشىلەر ئىدى. مەمتىمىن مەشرەپ ھەرىكىتى باشلانغاندىن كېيىن، بۇ ھەرىكەتلەردە ئىنتايىن مۇھىم خىزمەتلەرنى قىلغان.

18 - ئاپرېل خۇدىيارىيۈزى يېزىسىدىكى تېيىپ سېيىتلەرنىڭ قورۇسىدا يۈز بەرگەن قوراللىق توقۇنۇشتا ئىككى - ئۈچ ھەربىي ماشىنىدا كەلگەن قوراللىق ساقچىلار بىلەن ئېتىشىپ، بۇ قورشاۋدىن ساق - سالامەت بۆسۈپ چىقىپ كەتكەن مەمتىمىن ئابدۇقادىر، خەمىت مۇھەممەت ۋە تۇرسۇن سەلەي قاتارلىق پارتىزانلار تۇرپانيۈزىگە قېچىپ بارىدۇ. تۇرپانيۈزىدىن ئېلىياس زوردۇن بۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلىدۇ. تۇرپانيۈزىدە تۇرۇشلۇق جايى سېزىلىپ قالغاندىن كېيىن بۇ پارتىزانلار مەمەيۈزىگە قاچىدۇ. مەمەيۈزىدە ئارقىسىغا ساقچى چۈشكەنلىكى ئۈچۈن مەمەيۈزدىكى بىر قوناقلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. خىتاي

قوراللىق ئەسكەرلىرى بىلەن بولغان بۇ يەردىكى توقۇنۇشتا مەمتىمىن ئابدۇقادىر شېھىت بولىدۇ.

مەمتىمىن ئابدۇقادىر ھەققىدە يەنە بىر شاھىت باشقىچىرەك مەلۇمات بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەمتىمىن ئابدۇقادىر 18-ئاپرېل خۇدىيارىيۈزى توقۇنۇشىدا خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، خۇدىيارىيۈزى يېزا قۇمباغ مەھەللىسىدىكى بىرەيلەننىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنغان. كېيىن سېزىلىپ قېلىپ، ساقچىلار ۋە ھەربىيلەر بىلەن بولغان ئېتىشىشتا شېھىت بولغان. ساقچىلار كەتكەندىن كېيىن مەھەللىدىكىلەر بۇ قەھرىماننىڭ مېيىتىنى بىر كىگىزگە ئوراپ قويغان بولۇپ، ساقچىلار دەپنە قىلىشقا رۇخسەت قىلغۇچە شۇ يەردە يەتتە-سەككىز سائەتچە تۇرۇپ قالغان. كىگىزدىن قان توختىماي ئېقىپ تۇرغان. كېيىن مەھەللىدىكىلەر دەپنە قىلغان بولۇپ، شۇ ئارىلىقتىمۇ قان توختىمىغانىكەن».

يەنە بىر شاھىت مۇنداق دەيدۇ: «مەن جېللىيۈزى تۈرمىسىدىكى ۋاقتىمدا بىزنىڭ كامېرغا ئوسمانجان قارى ئىسىملىك 20 ياشلار ئەتراپىدىكى بىر بالىنى ئەكىرگەن ئىدى. پارتىزان مەمتىمىن مۇشۇ قېرىندىشىمىزنىڭ ئۆيىدە پاناھلانغان ئىكەن. ئوسمان قارى بىزنىڭ كامېرغا كىرگەندە ئەھۋالى بەك ئېغىر بولۇپ، دۈمبە، ئىككى يوتا تاياق زەربىسىدىن قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەن ئىدى. پۈتۈن بەدەن تاياق زەربىسىدىن كۆكىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇيۇل-ئۇيۇل قانلار تېرىنىڭ ئىچىدە ئۇيۇپ قالغانىكەن. ئوسمان قارى قېرىندىشىمىز ئۆزى ۋىجىك، ياۋاش بالا بولۇپ، ئۇنىڭ شۇ سوراقلاردا ھايات قىلىشى بىر مۆجىزە دەپ قارايمەن. ئوسمان قارى شۇ چاغدا ئالتە يىل كېسىلگەن. تۈرمىدىن چىققاندا كۆرۈشكەن ئىدىم، سالامەتلىكىمۇ خېلى ياخشى بولۇپ قالغان ئىكەن».

## *پارتىزان سەيدۇللام*

پارتىزان سەيدۇللامنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشى ھەققىدە كۆپ مەلۇمات ئالالمىدۇق. ئەمما 1997 - ۋە 1998 - يىللىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن تۇرپانىيۈزى قوناقلىق توقۇنۇشىدا، پارتىزان خەمىت مۇھەممەت، مەمتىمىن ئابدۇقادىر، تۇرسۇن سەلەي ۋە ئىلياس نۇردۇن قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە خىتاينىڭ مۇنتىزىم قوراللىق ئەسكەرلىرى بىلەن ئېتىشىپ ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان. بىر يىلدىن كېيىن خىتاي ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان.

## *پارتىزان ئىلياس زوردۇن*

ئىلياس زوردۇن غۇلجا شەھەر تۇرپانىيۈزى يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئەينى يىللاردىكى پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىدە زور قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن. خەمىت مۇھەممەت ۋە قاسىم مەقبىر قاتارلىق پارتىزانلار بىلەن بىرلىكتە خىتاي-قازاقستان چېگراسىدىن ئۆتۈپ، ئالمۇتاغا قېچىپ بارغان. كېيىن قازاقستان ھۆكۈمىتى خەلقئارا ئەھدىنامىلەرگە رىئايە قىلماي بۇ ئۈچ نەپەر پارتىزاننى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. ئىلياس زوردۇن مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، ئۈرۈمچى 5-تۈرمە 4-ئەترەتكە سولانغان بولۇپ، 2016-يىلدىن كېيىن، يەنى خىتاي جازا لاگېرلىرىنى قۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھېچقانداق ئىز-دېرىكى بولمىغان.

## پارتىزان زۇلپىقار مۇھەممەت

پارتىزان زۇلپىقار مۇھەممەت 1973-يىلى 4-ئاينىڭ 15-كۈنى غۇلجىنىڭ ئايدۆڭ مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1996-يىلى 6-ئايدا مىسىرغا ئوقۇشقا بارغان. 1998-يىلى 4-ئاينىڭ 6-كۈنى روزا ھېيت بولغان بولۇپ، ئايەم كۈنى ئىككى نەپەر پۇقراچە كىيىنگەن ساقچى زۇلپىقارنى پاراكەندىچىلىك قىلىشقا كېلىپ قولغا ئالغان. 2000-يىلى 6-ئاينىڭ 16-كۈنى غۇلجىنىڭ قازانچىنىڭ غولى دېگەن يەردە (غۇلجا ناھىيەسىگە يېقىن) تاغنىڭ باغرىدا ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلغان. شۇ كۈنى زۇلپىقار بىلەن بىللە 28 بالا ئېتىپ تاشلانغان. پارتىزان خەمىت مۇھەممەت بىلەن زۇلپىقار مۇھەممەت ھازىر نورۋېگىيەدە ياشايدىغان مەتمىن ۋە تەلەت ئاكىلارنىڭ ئىنىسى بولىدۇ. زۇلپىقار يەنە غۇلجىدىكى پارتىزانلىق ئۇرۇشلىرىنىڭ «شاھزادىسى» دەپ نام ئالغان قەھرىمان ھامىت شېھىت بولغان غۇلجا ناھىيە خۇدىيارىيۈزى قورالىق توقۇنۇشى، تۇرسۇن سەلەي شېھىت بولغان ئۈچئۈن توقۇنۇشى قاتارلىق خىتاي تاجاۋۇزچى ئەسكەرلىرى بىلەن بولغان توقۇنۇشلاردا قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، ئالمۇتاغا ساق-سالامەت قېچىپ چىققان خەمىت مۇھەممەتنىڭ ئىنىسى بولىدۇ.

زۇلپىقار مۇھەممەت ئەينى يىللاردا خىتاي مەقسەتلىك ھالدا غۇلجىدىكى ئۇيغۇر ياشلىرىغا ئېلىپ بارغان زەھەرلىك چېكىملىك سۈيىقەستىنىڭ قۇربانى بولۇپ، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشنى ئادەت قىلىۋالغان ياشلارنىڭ بىرى ئىدى. غۇلجا شەھىرىدە مەشرەپ ھەرىكىتى باشلانغاندىن كېيىن، ئاق تاماكىدىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈپ، خىتاينىڭ بۇندىن كېيىن تېخىمۇ

غالجىرلىشىدىغانلىقى، بۇ سەۋەبتىن قورال ئىشلىتىشنى بىلگۈدەك هالەتتە بولۇش كېرەكلىكىنى تونۇپ يېتىپ، دەسلەپ ئالمۇتاغا، كېيىن مىسىر ئارقىلىق كەشمىرگە بېرىپ ھەربىي ۋە ئەسكىرى جەھەتلەردە چېنىقىپ، 1998-يىلى 1-ئايدا ھامىمات قارىم قاتارلىق بىر تۈركۈم ياشلار بىلەن بىر قاتار پىلانلار تۈزۈپ، شىياڭگاڭ ئارقىلىق غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن.

خىتاي زۇلپىقار مۇھەممەتنى ھىيلە ئىشلىتىش ئۇسۇلى بىلەن سوراق قىلغان ۋە سوراق جەريانىدا ئاق تاماكىغا قايتا خۇمار قىلىپ قويغان. پارتىزان زۇلپىقار بىر تەرەپتىن قاتتىق تەن جازاسى، يەنە بىر تەرەپتىن خۇمارى تۇتۇپ كېتىشتەك ۋەزىيەتكە بەرداشلىق بېرەلمەي بەزى ئۇچۇرلارنى ئاشكارىلاپ قويغان ۋە نۇرغۇنلىغان ياشلارنىڭ قولغا ئېلىنىشى، نۇرغۇنلىغان «يوشۇرۇن ھۇجرا»لارنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان. ئەمما بىز زۇلپىقارنى يەنىلا 5-فېۋرال پارتىزانلىرى قاتارىغا قويدۇق. چۈنكى ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان پارتىزانلىق پىلانلىرى بار ئىدى. ۋەتەندىن ئوتتۇرا ئاسىيا، مىسىر، كەشمىرگە تۇتاشقان بۇ ياقا يۇرتلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ، خىتايغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىش ئۈچۈن قاتتىق ھەربىي مەشىقلەرنى ئىزچىل ئېلىپ بارغان ئىدى. قالغىنىنى خەلقىمىزنىڭ باھا بېرىشىگە تاپشۇردۇق.

زۇلپىقار مۇھەممەت قولغا ئېلىنغاندا غۇلجىدا تارقالغان كوچا پاراڭلىرى تۆۋەندىكىچە:

1998-يىلى ئەتىياز مەزگىلىدە روزا ھېيت كەلدى. ھېيت كۈنى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئايدۆڭ مەھەللىسىنى ساقچىلار قورشىۋاپتۇ. ئادەملەرنىڭ ئۇياق-بۇياققا ئۆتكۈزمەيۋېتىپتۇ، دېگەن گەپ تارقالدى. ئەتىسى مىسىر ۋە كەشمىرلەردە چېنىقىپ كىرگەن زۇلپىقار ئىسىملىك بىر ياشنى خىتاي ساقچىلىرى قولغا ئاپتۇ،

دىگەن خەۋەر تارقالدى. غۇلجا شەھىرىدىكى ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر ئاساسلىق توپلانغان تاشلەپكىدىكى گىلەنتىر بازىرىدا، 5-فېۋرالدا تۇتۇلۇپ كەتكەن، ئۆلۈپ كەتكەن ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن چەتئەلدە چېنىققان 50 تەك بالا غۇلجا شەھىرىگە كىرىپتۇ، دىگەندەك گەپلەر تارقىلىپ يۈرەتتى.

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كىيىن ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى بەش بالىغا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقاردى. بۇلار ھامىات مەمتىمىن، خەمىت مۇھەممەت، زۇلپىقار مۇھەممەت، تۇرسۇن سەلەي، ئابدۇۋەلى ماناپ قاتارلىقلار ئىدى. كوچا دوقمۇشلىرىغا بۇلارنىڭ رەسىملىرى چاپلاندى، رادىيو-تېلېۋىزورلاردا سۈرەتلىك ئېلانلار بېرىلدى. ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كىيىن، زۇلپىقار ساقچىدىن قېچىپ چىقىپتۇ، دىگەن گەپ تارقالدى.

## *ئارا ئۆستەڭلىك پارتىزان ئابباس قارى*

ئابباس قارى غۇلجا ناھىيەسىنىڭ ئارا ئۆستەڭ يېزىسىدىن بولۇپ، ئەينى يىللاردا 40 ياش ئەتراپىدا ئىدى. ئابباس قارى ۋە ئوغلى غۇلجا ناھىيەسىدىكى خىتايغا قارشى پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن غۇلجا خەلقى ئارىسىدا تونۇلغان. ئەينى يىللاردا ئابباس قارى باشچىلىقىدىكى بىر گۇرۇپپا پارتىزان، خىتاي ساقچىلىرىنىڭ مەھەللىلەر ئارا ئېلىپ بارغان چارلاش ماشىنىلىرىغا ئۆزلىرى ياسىغان پارتلاتقۇچ بومبا بىلەن ھۇجۇم قىلغان ۋە بىنزىن چېچىپ ئوت قويۇۋەتكەن. ئۇلار بۇ ھەرىكەتلەرنى خىتاي بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدە ئاشۇرغان بىر مەزگىلدە ئېلىپ بارغان بولۇپ، بۇ پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرى جەريانىدا بىر ساقچى ئۆلگەن، بىر ساقچى ئېغىر يارىلانغان، كۆپلىگەن ساقچى ماشىنىلىرى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. ئابباس قارى

ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان بولۇپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشتىن بۇرۇن خىتاي تەرەپ ئۇنى تېلېۋىزور ئېكرانىغا ئېلىپ چىقىپ سۆزلەتكەن. ئابباس قارىنىڭ ئوغلىمۇ غۇلجا ناھىيە تۈرمىسىدە دادىسى بىلەن بىللە ياتقان بولۇپ، ئۇنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولغانلىقى نامەلۇم.

## *پارتىزان قۇربانجان*

گەرچە پارتىزان قۇربانجان ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇماتلارغا ئېرىشەلمىگەن بولساقمۇ، ئەمما قۇربانجان ئەينى يىللاردا غۇلجا شەھىرىدە خىتايغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئەڭ زور پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ بىرى ھېسابلانغان، غۇلجا شەھەر كۆك كۆۋرۈك كۆكتات بازىرى توقۇنۇشىدا باش رول ئوينىغان، شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنتايىن قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن پەخىرلىك ئوغلانلىرىنىڭ بىرى. قۇربانجانغا خىتاي تەرەپ تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان. ۋەقەدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە بولالمىدۇق.

## *مەمەيۈزى توقۇنۇشى ۋە خەنبىڭلىق پارتىزان ئابدۇۋەلى*

پارتىزان ئابدۇۋەلى غۇلجا شەھەر خەنبىڭ يېزىسىدىن بولۇپ، 5 ـ فېۋرال غۇلجا نامايىشىدىن كېيىنكى چوڭ تىنتىش، يەنى خىتاي جاللاتلىرىنىڭ ئۇيغۇر ياشلىرىغا قارىتا ئېلىپ بارغان رەھىمسىزلەرچە تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىگە قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشىغا ئۆتكەن. ئۇ ئىلى دەرياسى بويىدىكى بىر ئائىلىگە يوشۇرۇنۇپ قورال ياسىغان. ئۇنىڭ ھاياتىدىكى خىتايغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېكىتى

غۇلجا ناھىيەسىنىڭ ماي يېزىسى تەۋەسىدىكى مەمەيۈزى كەنتى بولۇپ، بۇ يېزىدىكى ئەخمەتجان ئىسىملىك بىر يىگىت بۇ دەۋرنىڭ ئىنتايىن قاباھەتلىك بىر دەۋر بولغىنىغا قارىماي، ئۇنىڭغا ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئاچقان. ئەخمەتجان بىز تۆۋەندە توختىلىدىغان ئۆزى پارتلاتقۇچ بومبا ياساپ، تەجرىبە قىلىش جەريانىدا پارتلاش سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەن پارتىزان سالاھىدىننىڭ ئاكىسى بولىدۇ. پارتىزان ئابدۇۋەلى بىلەن خىتاي قوراللىق كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ توقۇنۇش 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى تارىخىغا مەمەيۈزى توقۇنۇشى دەپ پۈتۈلگەن بولۇپ، ئابدۇۋەلى بۇ توقۇنۇشتا ئۆزى ياسىغان گىراناتلار ۋە قول بومبىلىرى بىلەن خىتاي ساقچى-ئەسكەرلىرىگە تاقابىل تۇرۇپ، غايەت زور قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن. ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالمىغان خىتاي قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ئۇ تۇرۇۋاتقان ئۆينىمۇ قوشۇپ پارتلىتىۋېتىشى نەتىجىسىدە شېھىت بولغان. ئەينى يىللاردا قەھرىمان پارتىزان ئابدۇۋەلىنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى.

## پارتىزان تۇرسۇنمۇھەممەت ئىسلام

پارتىزان تۇرسۇنمۇھەممەت ئىسلام غۇلجا شەھەر كېپەكيۈزى يېزىسىدىن بولۇپ، ئۇ خىتاي تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان ئۇيغۇر ياشلىرىنى تىگىتىگىلاپ يۈرگەن بىر ساقچىنى ئۆلتۈرگەن. پارتىزان تۇرسۇنمۇھەممەت ھەققىدە بەك كۆپ مەلۇماتقا ئېرىشەلمىدۇق. 1997- ۋە 1998-يىللار ئارىلىقىدا خىتاي تەرەپ غۇلجا ناھىيەسىدە ئوچۇق سوت ئېچىپ، تۇرسۇنمۇھەممەت ئىسلامنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان. تۇرسۇنمۇھەممەت ئىسلام بىلەن بىللە يەنە ئالتە بالىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكى مەلۇم. بەلكىم بۇلار زۇلپىقار مۇھەممەت قاتارلىقلار بولۇشى مۇمكىن.

## پارتىزان ئىمىن نۇرى ۋە خەمىت مۇھەممەت

1997 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئەمىر ئىبراھىم ئىسمائىلدىن غۇلجا ناھىيەسىگە قاراشلىق چولۇقاي، سۇپتاي، پەنجىم، كىپەكيۈزى قاتارلىق يېزىلاردىكى خىتاي ھاكىمىيىتىگە يالاقچىلىق ۋە غالچىلىق قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ساقچىلارنى بىرتەرەپ قىلىش، خىتاينىڭ غۇلجا ناھىيەسىدىن بىگتۈەنگە ۋە غۇلجا شەھىرىگە تۇتۇشىدىغان نۇر كابېل ئۇچۇر ـ ئالاقە سىم يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش ھەققىدىكى ئاخىرقى بۇيرۇقنى تاپشۇرۇپ ئالغان پارتىزان ئىمىن نۇرى بىلەن پارتىزان خەمىت مۇھەممەت، پەنجىم 5 ـ مەھەللىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنى جاق تويدۇرغان بالا ـ قازا قازاق ساقچى قاسىمنى ئۆلتۈرگەن. خىتاي تەرەپ بۇ ئىككى ياشنى 1998 ـ يىلى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى.

## پارتىزان سالاھىدىن پاجىئەسى

پارتىزان سالاھىدىن پاجىئەسى، 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئىلى ۋادىسىدا يۈز بەرگەن ئىنتايىن ئېچىنىشلىق پاجىئەلەرنىڭ، شۇنداقلا ئاچچىق تەجرىبە ـ ساۋاقلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1997 ـ يىلى 5 ـ فېۋرال غۇلجا نامايىشىدىن كېيىن قانخور جاللات خىتاي ھۆكۈمىتى خۇددى غۇلجا شەھىرىدىكىگە ئوخشاشلا، غۇلجا ناھىيەسىگە تەۋە يېزا ـ كەنتلەردىمۇ كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ناھايىتى نۇرغۇن ياشلارنى قولغا ئالىدۇ. خىتاينىڭ بۇنداق رەزىل قانۇنسىز تۇتقۇن قىلىشى

سەۋەبىدىن تۇرمىلەردە ئىنسان قىلىپىدىن چىققان تەن جازاسى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەندىن، خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ بۇرۇننى قانىتىپ بولسىمۇ ئۆلۈش يولىنى تاللىغان غۇلجا ياشلىرى، كەڭ كۆلەملىك پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنى قانات يايدۇردۇ. ئۇيغۇر ياشلىرى بۈگۈن تۇتۇلامدۇ ياكى ئەتىمۇ؟ بۇنى ئېنىق بىلمەيتتى.

سالاھىدىن غۇلجا ناھىيە ماي يېزىسى مەمەيۈزى كەنتىدىن بولۇپ، ئۈچ نەپەر ھەمراھى بىلەن بىرلىكتە جىددىي رەۋىشتە خىتايغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشى باشلاش يولىنى تاللاپ، ئىنتايىن چەكلىك ۋە قىيىن ئەھۋال ئاستىدا ئادەتتىكى ئۇسۇللار بىلەن بومبا ياساش تېخنىكىسىنى ئۆگەنگەن. بۇ تۆت نەپەر ياش بۇ تېخنىكىنى بىر نەچچە قېتىم ئېتىزلىقلارغا ئېلىپ چىقىپ سىناق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ خۇشال بولۇشقان ئىدى. ئەڭ ئاخىرقى بىر بومبىنى يېڭىچە تېخنىكا بىلەن تېخىمۇ كۈچلۈك ھالەتتە ياساپ چىققان بولۇپ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا زەربە بېرىپ، شېھىت بولغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قىساسىنى ئالىدىغان بولدۇق، دېگەن خۇشاللىق بىلەن مىڭ تەسلىكتە جىمجىت ۋە كەڭرى بىر جاينى تېپىپ بومبىنى سىناق قىلغان. لېكىن بومبا ئۇلار مۆلچەر قىلغان ۋاقىتتا پارتلىماي قالغان. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن سالاھىدىن ۋە ئۇنىڭ 3 نەپەر ھەمراھى دەل يۈگۈرۈپ بومبىنىڭ قېشىغا بارغاندا بومبا پارتلاپ كەتكەن. سالاھىدىن نەق مەيداندا قازا قىلغان. قالغان بىر ھەمراھىنىڭ بىر كۆزى قۇيۇلۇپ كەتكەن. يەنە بىر ھەمراھىنىڭ بىر قولى مۈرىدىن ئۈزۈلۈپ كەتكەن ئىدى.

ئۇ مەزگىللەر خىتاي غۇلجا ناھىيەسىنىڭ ھەرقايسى يېزىلىرىغا خىتاي ئەسكەرلىرىنى خۇددى ماشىنىدا توپا ئەكېلىپ تۆككەندەك تۆكۈۋەتكەن بولغاچقا، يارىلانغان بۇ ئىككى نەپەر پارتىزاننى

داۋالىتىش ئۈچۈن دوختۇرغا ئېلىپ بېرىشنىڭ ئۆزىمۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىش ئىدى. يوشۇرۇن ھالەتتە بىر دوختۇرنى ئېلىپ كېلىپ كۆرسىتىشمۇ دوختۇرنىڭ بېشى كېتىدىغان ئىش ئىدى. شۇنداق قىلىپ دوختۇر ئىزدەش ۋە ئوغرىلىقچە دوختۇرغا كۆرسىتىش جەريانىدا بۇ ئىككى ياردار پارتىزان قولغا چۈشۈپ قالدى. ئەڭ مۇشكۈل بولغىنى پارتىزان سالاھىدىنىڭ جەسىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى ئىدى.

ئەينى چاغدا خەنبىڭلىك پارتىزان ئابدۇۋەلىگە ئۆيىدە پاناھلىق بەرگەن مەمەيۈزىلىك يىگىت ئەخمەتجان، سالاھىدىنىڭ ئاكىسى بولۇپ، ئۇ ئىنىسى سالاھىدىنىڭ جەسىتىنى كىگىزگە يۆگەپ ئۆيىگە ئەكىرىپ، كارىۋاتنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويۇپ، كەچ كىرىپ خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ قارىسى يوقىغاندا قورۇسى يېنىدىكى ئېتىزلىقتا قەبرە كولاپ، مىڭ بىر جاپادا ئىنىسىنىڭ جەسىتىنى يەرلىككە قويغان ئىدى. بۇ ئىشلار ئۈچۈن ئەخمەتجان يەتتە يىللىق كېسىلدى. جازا لاگېرلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تەقدىرى قانداق بولۇپ كەتتى، بۇ ھەقتە ئېنىق مەلۇماتىمىز يوق.

# ئالتىنچى باب

## سەدىردىن شەمسىدىنىنىڭ شەرەپلىك ھاياتى ۋە ئۇيغۇر مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىدىكى تىراگېدىيە

سەدىردىن شەمسىدىن، يۇقىرىدا بىز تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن كېپەكيۈزىنىڭ پەخىرلىك جەمەتى مۇنەۋۋەر ئەمىن ئائىلىسىنىڭ يەنە بىر نەۋرىسى، شۇنداقلا غۇلجا شەھىرى ۋە كېپەكيۈزى يېزىسىدا زور-ئابرۇي تاپقان شەمسىدىن خەلپىتىمنىڭ توققۇز نەپەر ئىنقىلابچى پەرزەنتى ئىچىدىكى يەنە بىر گۆھەر.

سەدىردىن شەمسىدىن 1976-يىلى 2-ئاينىڭ 2-كۈنى غۇلجا شەھەر كېپەكيۈزى يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىنلا زېرەك ۋە ئەقىللىق بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇئەللىملىرى ئۇنىڭ دەرسلەرنى ئېلىپ كېتەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، سەدىردىننى بەش ياش ۋاقتىدىلا مەكتەپكە قوبۇل قىلغان. 1987-يىلى تۇرپاندىكى غوپۇر قارىھاجىمدىن قۇرئان دەرسى ئېلىشنى باشلىغان سەدىردىن 9 ئاي ئىچىدە قۇرئان كەرىمنى تۈگەتكەن. بۇ ھوشيار ۋە ئەقىللىق يىگىتنىڭ ئەقلى ئىقتىدارىدىن تەسىرلەنگەن غوپۇر ھاجىم، سەدىردىننى 1987-يىلدىن 1989-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزى ياردەمچى قىلىپ تۇرپاندا ئېلىپ قالغان. ئەينى يىللاردا تۇرپان ياش دىنىي ئالىملار مەركەزلەشكەن بىر دىيار بولۇپ قالغان ئىدى. 1989-يىلى سەدىردىن تۇرپاننىڭ ئاستانە دېگەن

يېرىگە يۆتكىلىپ، بۇ يەردىكى قاغىلىقتا دىنىي بىلىملەرنى ئوقۇپ كامالەتكە يەتكەن ئەخمەت قارىم، پەتتار مەخسۇم دېگەن ياش دىنىي ئالىملاردىن ئەرەب تىلى ۋە پارس تىلى دەرسى ئالدى.

1991 ـ يىلى غۇلجىغا قايتقان سەدىردىن قارىم ياش، يېڭىلىققا تەلپۈنىدىغان، دىن بىلەن بىلىمنى تەن ۋە جان دەپ بىلىدىغان روھى بىلەن، بىر ياقتىن كېپەكيۈزى يېزىسىدىكى ياشلار ئارىسىدا دىنىي ئەقىدىلەرنى توغرا يەتكۈزۈش، ياشلارنى دىنىي جەھەتتە تەربىيەلەش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئارا كېپەكيۈزىدە بىر چوڭ كىتابخانا ئېچىپ، كېپەكيۈزى ياشلىرىنى كىتاب ئوقۇشقا يېتەكلىگەن ئىدى. سەدىردىن 16 ياش ۋاقتىدىلا ئىنتايىن يېقىملىق ھالدا قۇرئان تىلاۋەت قىلىدىغان، ئەرەب، پارس تىللىرىنى بىلىدىغان بالا قارىمغا ئايلانغان ئىدى. 1991 ـ يىلى رامىزاندا ھامىمات بىلەن بىرلىكتە غۇلجا شەھەر مەدرىسە، دۆڭمەھەللە گۈللۈك مەسچىت، ناغىرچى مەسچىت ۋە كېپەكيۈزىدىكى مەسچىتلەردە خەتمىدە تۇرۇپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغان ئىدى.

غۇلجا خەلقى تەرىپىدىن ھۆرمەت بىلەن سەدىردىن قارىم دەپ چاقىرىلىشقا باشلىغان چاغلاردا سەدىردىن ئەمدىلا 16 ياشقا، ھامىمات بولسا 18 ياشقا كىرگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ خۇددى بۇلبۇلدەك ئاۋازى بىلەن قۇرئان تىلاۋەت قىلىشى غۇلجا خەلقىنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈرگەن ئىدى. ئەينى يىللاردا سەدىردىن بىلەن ھامىمات ئۆز خەلقىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتقان بىر جۈپ جاسارەتلىك قوشماقلار ئىدى. ھامىمات سەدىردىن قارىمنىڭ ئەڭ چوڭ ھەدىسى رازىيە شەمسىدىننىڭ ئوغلى ئىدى. شۇنداق قىلىپ، غۇلجا شەھىرى ۋە كېپەكيۈزى يېزىسىدا سەدىردىن قارىم دەپ ھۆرمەتكە سازاۋەر

بولۇۋاتقان بۇ ياش يىگىتكە، 1994-يىلىغا قەدەر غۇلجىدىكى ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇش بىلەن بىرگە، غۇلجىدا ئەۋج ئېلىشقا باشلىغان ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتى ھېسابلانغان مەشرەپلەرگىمۇ ئاكتىپ ئىشتىراك قىلدى.

سەدىردىن خىتاينىڭ مەقسەتلىك ۋە غەرەزلىك ئېلىپ بارغان غۇلجا ياشلىرىنى زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئەيدىز ئارقىلىق يوقىتىش ۋە ئىرادىسىنى سۇندۇرۇش ھىيلىسىگە، مەشرەپ ۋە ئىسلام دىنىغا قايتىش يولى بىلەنلا قارشى تۇرغىلى بولىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى. شۇنداقلا، بۇ يولنىڭ ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈچۈن ئورنىدىن دەس تۇرۇش يولى بولىدىغانلىقىغىمۇ چەكسىز ئىشىنەتتى. شۇنداق قىلىپ، سەدىردىن ئەينى چاغدىكى ئېلىدە قانات يايغان يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا دەۋەت ئىشلىرىنىڭ سەركەردىسى ئابدۇخېلىل مجىت قاتارلىق جەڭگىۋار ياشلار بىلەن بىرلىكتە، خىتايغا قارشى بۇ ئىس-تۈتەكسىز جەڭدە ئۆزىنىڭ ياش ۋە بىلىملىك بىر دىنىي زاتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا باشلىدى. سەدىردىن ۋە ھاماتتەك ئىلغار ياشلار ئۆسۈپ يېتىلگەن يېزا بولغانلىقى سەۋەبىدىن كېپەكيۈزى يېزىسى ئىلى مەشرەپ ھەرىكىتىنىڭ بازىسى، تايانچ كۈچى بولغان ئىدى. ئەينى يىللاردا غۇلجىدىكى ئالدىن كۆرەر ئىلغار پىكىرلىك چوڭلار ۋە ياشلار، غۇلجىدا كۆرۈلۈۋاتقان بۇ خىل ئۇيغۇر ئويغىنىش ھەرىكىتىنى خىتاينىڭ قانلىق باستۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. چۈنكى خىتاينىڭ خۇي پەيلى شۇنداق بولۇپ، نۇرغۇنلىغان تارىخى تەجرىبە-ساۋاقلار بۇنى يەكۈنلىگەن ئىدى.

غۇلجىنىڭ ئارقا ھويلىسى ھېسابلانغان ئوتتۇرا ئاسىيا، يەنى ئالمۇتانى مەركەز قىلغان قازاقىستاننىڭ بىر كېچىدە مۇستەقىل

بولۇپ كېتىشى نەتىجىسىدە، بۇ جايلار قايناق سودا تۈگۈنلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان ئىدى. سەزگۈر ۋە ئەقىللىق، ئازراق يوچۇق كۆرۈنسىلا تېز ئىلگىرىلەشنى بىلىدىغان غۇلجا سودىگەرلىرى بۇ يوللاردا موكىدەك قاتناپ تىجارەت قىلىش ئارقىلىق ئالمۇتىدا خېلى چوڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئاساسلارنى تىكلىگەن ئىدى. شۇنىڭدەك بۇ زېمىندا پەيدا بولغان، قازاقىستاننىڭ مۇستەقىل بولۇشى ئېلىپ كەلگەن جاسارەت ۋە مۇستەقىللىققا تېخىمۇ تەلپۈنۈش ھېسسىياتلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىنىڭ دەسلەپكى خېمىرتۇرۇچى بۇ يەردە ياسىلىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان سەدىردىن قارىم ئىنتايىن ھاياجانلاندى. ئەلۋەتتە، ئەينى چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرى بىلەن غۇلجا ئوتتۇرىسىدىكى باغ ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، غۇلجادىن ئالمۇتاغا پەقەت ئىككى، ئۈچ سائەت ئىچىدىلا يېتىپ بارغىلى بولاتتى.

شۇنداق قىلىپ، 1994-يىلى سەدىردىن قارىم غۇلجىدىكى ئىشلارنى ئابدۇخېلىل مىجىت قاتارلىق دوستلىرىنىڭ قىلىشى مۇھىم دەپ قاراپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىنقىلاب ئىشلىرىغا بەلگىلىك تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت يۈكسەك غايىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئوتتۇرا ئاسىياغا، يەنى ئالمۇتاغا چىقتى. سەدىردىن قارىم ئالمۇتاغا چىقىپلا ئانچە ئۇزۇن تۇرماي، مىسىر ۋە كەشمىر تەرەپلەردىكى ھەربىي جەھەتتە چېنىقىش ئىمكانىيەتلىرىنى بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە مىسىرغا باردى ۋە بۇ جەرياندا دىنىي بىلىمىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىردى. دۇنيادىكى داڭلىق ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇش جەريانىدا بۇ مەكتەپكە بىلىم ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن، ئەينى يىللاردا مەزلۇم خەلقلەرنىڭ باش كۆتۈرۈشىدە قايناۋاتقان قازانلىق رولىنى ئويناۋاتقان ئوتتۇرا شەرقلىق كۆپلىگەن

ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر بىلەن تونۇشتى. ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنىڭ نامايىش ۋە ۋاراڭ-چۇرۇڭ بىلەن ئەمەس، بەلكى قورallىق كۈرەش بىلەن بولىدىغانلىقىنى، قورال ۋە ئىرادە جاسارەت بولغان تەقدىردىمۇ، سىستېمىلىق پىلان ۋە ئىستراتېگىيە، سەزگۈر ۋە ھوشيار كاللا بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى، دۈشمەنىمىزنىڭ كۈچىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە زور ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە بۇ زور كۈچكە قارشى «ئەقىللىق تاكتىكا» بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى، ئازراق بىخەستەلىك ۋە ھاماقەتلىك قىلغاندا بۇنىڭ ئاقىۋەتتە نۇرغۇنلىغان ئېغىر بەدەللەرگە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى.

سەدىردىن قارىم گەرچە ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما يەنە بىر جەھەتتىن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىن خىتاي ھاكىمىيىتىنى تامامەن قوغلاپ چىقىرىش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېلىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم مەقسىتىنىڭ بىرى بۇ ئىدى. چۈنكى ئۇ خىتايغا قارشى كۈرەشنىڭ ئۇنداق ئاددىي كۈرەش ئەمەسلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ۋە ئۆزىنى بۇ يولدىكى بىر جەڭچى دەپ ئاتىغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، سەدىردىن قارىم 1997-يىلى ئالمۇتاغا قايتىپ كەلگەندە يېشى ئەمدىلا 21 ياشتا ئىدى. 21 ياشلىق سەدىردىن قارىم ئالىقاچان ئالمۇتادا تىجارەت قىلىۋاتقان، شۇنداقلا ھەر خىل مەقسەتلەر بىلەن بۇ ئۆزگە تۇپراققا يىغىلغان ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ ئىمامى، ئەمىرى، يول باشچى سەركىسىگە ئايلىنىپ بولغان ئىدى. ئۇنى ھەممە كىشى بىردەك ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇنىڭ تەبلىغلىرىنىڭ كۈچ ۋە قاراتمىلىقى بار ئىدى. دىن ۋە ۋەتەن-مىللەتنىڭ تەقدىرى ھەققىدە قىلغان تەبلىغلىرىدىن تەسىرلەنگەن نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېچىۋاتقان دۇكانلىرى، مال-مۈلۈكلىرى، شۇنداقلا ناھايىتى

نۇرغۇن مەبلەغلىرىنى ۋەتەن-مىللەتنىڭ ئازادلىقى يولىدىكى بۇ كۈرەشكە ئاتاپ، ئۆزلىرى سەدىردىن قارىمىنىڭ يېنىدا پۈتۈن كۈن ياردەمچى بولۇشقا رازى بولغان ئىدى.

سەدىردىن قارىم مىسىردىن ئالمۇتاغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ۋەتەنلىك يىگىتلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئالمۇتادىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئەسكىرى جەھەتتىن تەربىيەلەش ئىشلىرىغىمۇ كۈچ چىقىرىپ، ئالمۇتانىڭ ھەرقايسى ناھىيەلىرىدە دىني تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھەقنى تونۇشىغا سەۋەبچى بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ يېشىنىڭ كىچىك بولۇشىغا قارىماي يۇرت-جامائەت ئىچىدە ئېرىشكەن يۈز-ئابرۇيىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر مۇستەقىللىق كۈرەشلىرى يولىدا زۆرۈر بولغان قورال-لىق تەييارلىق ئىشلىرىغىمۇ ناھايىتى زور مىقداردا مەبلەغ يىغقان ئىدى. ئۇنىڭ خەلقىمىزنى خىتاي زۇلۇمىدىن قۇتۇلدۇرۇش ھەققىدە قىلغان ھەر بىر دەۋىتىنىڭ كۈچى خىتاينىڭ ئاتوم بومبىسىنىڭ كۈچىدىنمۇ كۈچلۈك ئىدى. چۈنكى ئۇ بىر ئۆلمەس روھنىڭ يىلتىزىنى تاۋلاۋاتقان ئىدى. ئۇ 21 يېشىدا ساھابىلەر (ئابدۇللاھ ئىبنى ئاباس، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھ، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇت ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرلەر)گە ئوخشاش بىر روھنى ئۆزىدە يېتىلدۈرۈپ بولغان ئىدى. شۇنداق، سەدىردىن قارىم يېشىنىڭ كىچىك بولۇشىغا قارىماي، تەبلىغلىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، قايىل قىلارلىقى، ئۆزىنىڭ سەممىي ۋە چىقىشقاقلىقى بىلەن ئالمۇتادىكى ئۇيغۇر سودىگەرلەر جامائىتى ئارىسىدا تېز يۈز-ئابرۇي تاپتى.

ئەينى چاغدىكى ئالمۇتادا تىجارەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر جامائىتى، ئالمۇتادىكى كۆلاگىر بازىرى دەيدىغان بازارنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىنى ئىجارىگە ئېلىپ، بۇ يەرنى ئۆزلىرىگە جامى قىلىۋالغان ئىدى. جامائەت سەدىردىن قارىمنى بۇ جامىنىڭ ئىمامى قىلىپ

بىكىتتى. ھەر جۈمە نامىزى ياش ئىنقىلابچى ئىمام سەدىردىنىنىڭ ئىمامەتچىلىكىدە ئوقۇلاتتى. ئۇ ۋەتەنىنىڭ، ۋەتەن سۆيگۈسىنىڭ نېمىلىكى، ۋەتەننى، خەلقنى خىتاي زۇلۇمىدىن قۇتۇلدۇرۇشتا جاسارەتنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە قۇرئاندىكى ئايەتلەر بىلەن ساھابىلەر ھاياتىنى بىرلەشتۈرۈپ لىكسىيە قىلىپ، تېز ۋاقىت ئىچىدە ئالمۇتادىكى ئۇيغۇر جامائىتى ئىچىدە بىر يېتەكچىگە ئايلىنىشقا باشلىدى. شۇ سەۋەبتىن بۇ مەسچىت «مۇجاھىتلار جامىسى» دەپمۇ ئاتالغان ئىدى. سەدىردىن قارىم يۇقىرىقىدەك ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن، بۇ يەردىكى ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتقانلىقتىن ۋەتەنىنىڭ ئازادلىقى يولىدىكى تەييارلىقلار ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان مەبلەغمۇ يىغقان ئىدى.

ئەينى يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلغان ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقىغا قوراللىق تەييارلىق قىلىش كۈرىشىدە، ھەسەن مەخسۇم باشچىلىقىدىكى بىر گۇرۇپپا ۋە مەمتىمىن ھەزرەت باشچىلىقىدىكى يەنە بىر گۇرۇپپا مەۋجۇت ئىدى. ئوتتۇرىلىقتا بۇ ئىككى گۇرۇپپا ئارىسىدا بەزى ئىختىلاپلار كۆرۈلۈشكە باشلىدى. سەدىردىن قارىم بۇ جەرياندا كۆرۈلگەن مەسىلىلەر، شۇنداقلا ئىقتىسادىي قالايمىقانچىلىقلار ھەققىدە قىلچە يۈز-خاتىرە قىلماي دادىل پىكىر قىلغان ۋە بۇ ئىككى گۇرۇپپا كۆرۈشۈپ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلماقچى بولغان شۇ كۈنى سەدىردىن قارىم قاتارلىق تۆت كىشى ئالمۇتا شەھىرىدە ئىز-دېرەكسىز غايىب بولدى. دەل بۇ كۈن 1998-يىلى 6-ئاينىڭ 22-كۈنى، يەنى غۇلجىدا ئۈچئۈن قانلىق توقۇنۇشى يۈز بېرىپ، تۇرسۇن سەلەي قاتارلىق قەھرىمان پارتىزانلار خىتاينىڭ نەچچە ماشىنا مۇنتىزىم تەربىيەلەنگەن قوراللىق ئەسكەرلىرى بىلەن ئېتىشىپ شېھىت بولغان، خەمىت مۇھەممەت، ئېلياس زوردۇن ۋە قاسىم مەقبىر قاتارلىق ئۈچ قەھرىمان خىتاينىڭ قاتمۇقات مۇھاسىرىلىرىنى

يىرىپ، خىتاي ۋە قازاق چېگرالىرىدىن مەردلەرچە بۆسۈپ ئۆتۈپ، دۇنياغا ئەگەر ئىرادىلا بولىدىكەن، يەڭگىلى بولمايدىغان ھېچقانداق كۈچنىڭ، بۆسۈپ ئۆتكىلى بولمايدىغان ھېچقانداق چېگرانىڭ يوقلۇقىدىن ئىبارەت بىر ئۆلمەس مېلودىيەنى ياڭرىتىپ، ئالمۇتاغا مىڭ جاپالاردا قېچىپ چىققان؛ سەدىردىن قارىمىنىڭ قەھرىمان قېرىندىشى ھامىمات (ھەدىسىنىڭ ئوغلى بىر ئۆيدە چوڭ بولغان) قارىم غۇلجا خۇدىيارىيۈزى قانلىق توقۇنۇشىدا خىتاي ئەسكەرلىرىنى تاتاتلىتىپ ئېتىپ، تازا ئەدىپىنى بېرىپ، خۇدىيارىيۈزى دېھقانلىرىنى پۇخادىن چىقىرىپ، شېھىت بولغىنىغا ئەمدى ئىككى ئاي بولغان؛ يەنە بىر ئاكىسى ئابدۇرېزاققا مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان، چوڭ ئاكىسى سەيپىدىن ھاجىمغا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان، يەنە بىر قېرىندىشى سەلىھەنى قەھرىمان شېھىت تۇرسۇن سەلەينىڭ ئايالىنى يوشۇرۇدۇڭ دەپ، غۇلجا شەھەرلىك ساقچىنىڭ يەر ئاستىغا سولاپ قويغان بىر مەزگىلگە توغرا كەلگەن.

سەدىردىن قارىم يوقاپ كېتىشتىن بىر كۈن بۇرۇن، يەنى 6-ئاينىڭ 21-كۈنى ئۇ ئالمۇتانىڭ ئاقساي دېگەن جايىغا يىغىلغان يۈزگە يېقىن ئۇيغۇرغا شۇ ۋاقىتتا يۈز بېرىۋاتقان بەزى ۋەقەلەر ھەققىدە سۆزلىگەن ئىدى. بۇ ئۇنىڭ خىتايغا قارشى قىسقىغىنا كۈرەش ھاياتىدا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۆز خەلقىگە خىتاب قىلىشى بولۇپ قالدى. ياز كېتىپ كۈز كەلدى، كۈز كېتىپ قىش كەلدى. قىشمۇ كېتىپ 1999-يىلى ئەتىيازدا بۇ 4 قېرىندىشىمىزنىڭ جەسىتى تېپىلىش بىلەن ئۇلارنىڭ مەلۇم سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ جەسەتنىڭ بىرى سەدىردىن شەمسىدىن ئىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرى ۋەتىنىمىز ۋە خەلقىمىزنى ھۆرلۈككە چىقىرىمىز دېگەن ئالىي مەقسەتنى قەلبىگە پۈكۈپ، ئاتا-ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرىنى،

گۈزەل غۇلجا شەھىرىنى تاشلاپ، ياقا يۇرتلاردا خىتايغا قارشى چارە ئىزدەپ يۈرگەن بۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ سۈيىقەستكە ئۇچرىغانلىقىغا 20 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇ تۆت جەڭچى مەسىلىسى ئۇيغۇر مۇستەقىللىق كۈرەشلىرى تارىخىدىكى بىر تىراگېدىيە سۈپىتىدە سىر بولۇپ تۇرماقتا. شۇنداقلا ھازىرغا قەدەر داۋاملاشقان، ئۇزۇنغا سوزۇلغان دەتالاش، مۇنازىرە جەڭگى-جېدەللەرنىڭ مەنبەسى بولۇپ تۇرماقتا. ئەمما ئوتتۇرىدا شۇنداق ئېنىق ۋە قۇياشتەك كەسكىن بىر سوئال باركى، بۇ تۆت نەپەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يۈرەك پارىلىرىنى كىم ئۆلتۈردى؟ بۇ سوئالنى چۆرىدىگەن چەمبىرەك بارغانچە تارايغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىشنىڭ سىرى تېخى ئېچىلغىنى يوق. بۇ ۋەقە پەقەت ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىدىكى بىر تىراگېدىيە، بىر سەتچىلىك، بىر قارا داغ، بىر كۆشەندە، بىر پاتقان قۇياش سۈپىتىدە ئېغىزدىن-ئېغىزغا تارقىلىپ يۈرمەكتە. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قازاقىستان ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى قوغلاشقا باشلىدى. جان ھەلەكچىلىكى ئىچىدىكى قاچ-قاچ، تىرە-پىرەنچىلىك ئارىسىدا قالغان ئۇيغۇر دەۋاسى ۋە بۇ يولدا تۆلگەن بەدەللەر، يىغىلغان مەبلەغلەر تۇمانلىق تاغلاردەك خىرەلىشىپ كەتتى.

## شەرقىي تۈركىستاندىن قازاقىستانغا سوزۇلغان تۇتۇش بۇيرۇقى

## سەيپىدىن شەمسىدىننىڭ كۈرەش ھاياتى

سەيپىدىن شەمسىدىن شېھىت ھاماتىنىڭ تاغىسى، سەدىردىن شەمسىدىننىڭ ۋە خىتايدا مۇددەتسىز كېسىلگەن ئابدۇرېزاقنىڭ ئاكىسى بولىدۇ. سەيپىدىن 1960-يىلى 1-ئاينىڭ 10-كۈنى كېپەكيۈزى يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، باشلانغۇچ

ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى كېپەكيۇزى يېزىسىدا تولۇقلىغان، بايكۆل يېزا ئىگىلىك مەكتىپىدە ئوقۇغان. ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، كېپەكيۈزى كەنتىدە 1980 ـ يىللارغا قەدەر دېھقانچىلىق ماشىنا سايمانلىرى لاۋازىمىدە ئىشلىگەن. 1981 ـ يىلى كېپەكيۈزىدىن سەيپىدىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچ بالا تۇرپان شەھىرىنىڭ قاراغوجا يېزىسىدىكى «ئاق مەسچىت» دەپ ئاتىلىدىغان مەدرىسىنىڭ ئىمامى شاھمەردان داموللامدىن دىنىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىشقا بارغان. ئۇ بۇ يەردىكى ئوقۇش جەريانىدا، غۇلجىدىكى ئالدىن كۆرەر، بالدۇر ئويغانغان دىنىي زاتلاردىن زىيائىدىن قارىم، ئىبراھىم ئىسمائىل، نۇرمۇھەممەت مۆمىن ۋە ئابدۇشۈكۈر ھاجىم قاتارلىقلار بىلەن تونۇشۇپ، ھەمسۆھبەتتە بولغان. غۇلجىنىڭ ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى، شۇنداقلا بۇ ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ھەققىدە پىكىرلەشكەن.

ئۇ 1986 ـ يىلى يازدا جىيەن ئوغلى ھاماتنى ئېلىپ قەشقەر قاغىلىققا بارغان ۋە قاغىلىقتىكى دىنىي ئالىم ئابلىكىمخان مەخسۇم بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇ چاغدا ئابلىكىمخان مەخسۇمدا دىنىي تەربىيە ئېلىۋاتقان 500 گە يېقىن تالىپ بار ئىدى. سەيپىدىن غۇلجا شەھەر كېپەكيۈزى يېزىسىدىكى شەمسىدىن خەلپىتىمنىڭ ئۈچىنچى پەرزەنتى بولۇپ، دادىسى شەمسىدىن خەلپىتىم ۋە بوۋىسى مۇنەۋۋەر ئەمىنلەر خۇددى توخۇچىيۈزى يېزىسىدىكى نۇرمۇھەممەت مۆمىن ئائىلىسىگە ئوخشاش خىتاينىڭ نەچچە ئەۋلاد كۆزىگە مىخ بولۇپ قادالغان چوڭ جەمەت ئىدى. بۇ ئائىلىنىڭ خىتاي دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئىبراھىم ئىسمائىل، زىيائىدىن قارىم، ئابلەت قارىم ۋە ئابدۇرېشىت قارىم قاتارلىقلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار بولغانلىقى ئۈچۈن، خىتاي بۇ ئائىلىنى كۆزىگە قادالغان مىخ دەپ قارايتتى.

5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدىن كېيىن، سەيپىدىن شەمسىدىن-نىڭ تۇرپاندا بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تۇتقۇن قىلىنىدى، كېسىلدى ۋە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدى. ئائىلىسىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرى بولغان ئابدۇرېشىت داموللام ۋە زىيائىدىن قارىملار ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدى. بۇ ئائىلىدىن ھامىمات، سەدىردىن ۋە ئابدۇرىزاق قاتارلىقلار دىنىي ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، شۇنداقلا خىتايغا قارشى قوراللىق كۈرەشكە ئاتلىنىش جەھەتتە ئالدىنقى قاتاردىكى ياشلار بولغىنى ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر تىراگېدىيەلەرگە دۇچار بولدى.

گەرچە سەيپىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن غۇلجا ئوتتۇرىسىدا سودا قىلىپ يۈرگەن بىرى بولسىمۇ، ئەمما خىتاي خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. خىتايلار، سەيپىدىننىڭ ئىدىيەسىدە خىتايغا قارشى ئۆچمەنلىك بار، ھامان بىر كۈنى بىخ سۈرىدۇ، دەپ ئويلايتتى. سەيپىدىن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم 1998-يىلى 1-ئايدا غۇلجىغا كەلگەندە ساقچىلارنىڭ ئاۋارە قىلىشىغا دۇچ كەلدى. ساقچىلار ئۇنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ۋەزىيەت ھەققىدە قاتتىق سوئال-سوراق قىلدى. شۇ يىلى 3-ئايدا ئۇ پاسپورتىنىڭ ۋاقتى توشۇشقا بىرقانچە ئاي قالغان بولغاچقا پاسپورتىنى يېڭىلاپ، ئالمۇتانىڭ ۋىزىسىنى يېڭىلا ئۇرغۇزۇپ تۇرغان كۈنلەردە، ۋىلايەتلىك ساقچىدىكى ئىككى ساقچى كېپەكيۈزىگە چىقىپ، ئۇنىڭ پاسپورتىنى تەكشۈرمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، سەيپىدىن ئۇلارغا كونا پاسپورتىنى كۆرسەتتى. ساقچىلار كونا پاسپورتنى ئېلىپ كەتتى. ئەمما، سەيپىدىن يېڭى پاسپورتنى ئىشلىتىپ چېگرادىن چىقىپ كەتتى. ئۇ چېگرادىن ئۆتۈپ بولۇشىغا، خىتاي تەرەپتىن ئۇنىڭغا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقاردى. خىتاي بۇ تۇتۇش بۇيرۇقى بىلەنلا كۇپايىلىنىپ قالماستىن، يەنە 1999-يىلى 5-ئايدا ئالمۇتا تەۋەسىدىمۇ تۇتۇش بۇيرۇقى چىقاردى.

ھازىر سەيپىدىن شەمسىدىن ئاۋستىرالىيەنىڭ ئادىلەيد شەھرىدە ئائىلىسى بىلەن بىللە ياشىماقتا.

## ئابدۇرىزاق شەمسىدىننىڭ ھاياتى

ئابدۇرىزاق شەمسىدىن كېپەكيۈزىدە كۆل ئېچىپ، قۇدۇق قېزىپ، كېپەكيۈزى خەلقىنى پاكىز سۇ بىلەن تەمىنلىگەن، بىرقانچە يەردە مۇنەۋۋەر ئەمىن باشلانغۇچ مەكتىپىنى ئېچىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىنى ئىلىم-ئېرپان بىلەن نۇرلاندۇرغانلىقى سەۋەبىدىن، باي پومېشچىك دەپ دۇمبالانغان مۇنەۋۋەر ئەمىن جەمەتىنىڭ يەنە بىر ئەزاسى. يەنى، مۇنەۋۋەر ئەمىننىڭ چوڭ ئوغلى شەمسىدىن قارى ھاجىمنىڭ توققۇز بالىسىنىڭ بىرى. ئابدۇرىزاق 1970-يىلى تۇغۇلغان. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى غۇلجا شەھرىدە تۈگەتكەندىن كېيىن، دادىسى شەمسىدىن قارى ھاجىمدىن ۋە غۇلجا شەھەر ماي يېزىسىدىكى ئابلەت قارى ھاجىمدىن دىنىي تەربىيە ئالغان. خىتاي دەسلەپتە ئۇنىڭغا بىر يىل كېچىكتۈرۈپ ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلغان، كېيىن مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا چۈشۈرگەن. ھازىر ئۈرۈمچى باجياخۇ تۈرمىسىدە. ئابدۇرىزاق خىتاي سوتى تەرىپىدىن «ھاماتىنىڭ شايكىسى، مەشرەپ ۋە 5-فېبرال نامايىشىغا قاتناشقان، قورال ساقلىغان ۋە قورال توشىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا ئۇرۇنغان، مىللىي بۆلگۈنچى» دېگەندەك جىنايەتلەر بىلەن ئەيىبلەنگەن.

## شېھىت ئابدۇخالىق ئابدۇرېشىتنىڭ ھاياتى

ئابدۇخالىق ئابدۇرېشىت، ئابدۇرىزاق شەمسىدىن بىلەن بىر نەۋرە بولۇپ، كېپەكيۈزىدىكى مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زات مۇنەۋۋەر

ئەمنىنىڭ يەنە بىر ئوغلى ئابدۇرېشىت ئاكىنىڭ پەرزەنتى. ئابدۇخالىق 1976-يىلى غۇلجا شەھەر كېپەكيۈزى يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. 2001-يىلى 9-يانۋار كۈنى ئەتىگەندە، خىتاي ھۆكۈمىتى ئابدۇخالىقنى «ھاماتىنىڭ شايكىسى، ۋەتەننى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنغان مىللىي بۆلگۈنچى، قورال ساقلىغان ۋە قورال توشۇغان، بۆلگۈنچى تەبلىغلەرنى ئاڭلىغان» دېگەن بىر قاتار جىنايەتلەر بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ، غۇلجا شەھەر بايانداي يېزىسىدىكى بىنەملىككە ئېلىپ چىقىپ ئىجرا قىلغان. شۇ كۈنى يەنە كېپەكيۈزىدىن ئابدۇخالىق بىلەن ئۈلپەت بولغان جۈرئەتنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئېتىپ تاشلىغان.

خىتاي 22 ياشلىق ئابدۇخالىقنى ھېچقانداق ئادۋوكات تۇتۇشقىمۇ رۇخسەت قىلمىغان بىر ئەھۋالدا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش بىلەنلا قالمىدى. 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى يۈز بەرگەن 23 يىلدىن بۇيان، خىتاي بۇ ئائىلىگە قىلچە ئارامچىلىق بەرمىدى. 2016-يىلى جازا لاگېرلىرى قۇرۇلغاندا، خىتاي شېھىت ئابدۇخالىقنىڭ دادىسى 70 ياشلىق ئابدۇرېشىت ئاكىنى لاگېرغا ئەكىرىپ كېتىپ، ئىككى كۈندىن كېيىن جەسىتىنى ئاچىقىپ بەرگەن. 2020-يىلى مارتتا شېھىت ئابدۇخالىقنىڭ ھەدىسى شابانىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى لاگېردىن كەلدى.

ئابدۇخالىق بىلەن جۈرئەت ۋە ھاماتلار بىر-بىرىگە سادىق، ئىشەنچلىك بىر نەۋرە قېرىنداشلار بولۇپ، كېپەكيۈزىدىن چىققان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەرخىل ئوغلانلىرى ئىدى. ئۇلار خىتاي شۇنداق غالجىرلاشقان ئاشۇ قارا يىللاردىمۇ، خىتاينىڭ قولىغا بىھۇدە چۈشۈپ مەنىسىز ئۆلۈپ كەتكەندىن، قورال بىلەن ئېتىشىپ بىر خىتاي ئەسكىرىنى بولسىمۇ ئۆلتۈرۈپ ئۆلۈش يولىنى تاللىغان. ئۇلار تەقدىرىنىڭ ھامان ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى

ئېنىق بىلگەن بولغاچقا، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇستىلىق بىلەن خىتايغا قارشى پارتىزانلىق ھەركەتلىرىنى تەشكىللىگەن. ئۇلار كېيەكيۈزى يېزىسىدىكى ياشلارنى ئاساسەن قوراللاندۇرماقچى بولغان. ئەينى يىللاردا بىر مەزگىل ھېچقانداق شەپىسىز داۋام قىلغان ئالمۇتادىن كىرگەن كىچىك-كىچىك چاي بولاقلىرىنىڭ ئارىسىغا تاپانچا ئوراپ كىرگۈزۈش تاكتىكىسىنى ئەنە شۇلار ئىجاد قىلغانىدى. «چاي ئەكىرگەن ئىدىم، ئېلىۋالامسىز؟» ئۇلارنىڭ پارولى ئىدى. قەيەردە زۇلۇم كۆچەيسە، شۇ يەردە قارشىلىق ۋە بۇ قارشىلىقنىڭ تاكتىكىلىرىمۇ كۆچىيىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئابدۇخالىق بىلەن جۈرئەتتىن ئىبارەت بۇ قوشماق ئاغىنىلەر ئەمدىلا يىگىرمە نەچچە ياشنىڭ قارىسىنى ئالغىنىغا قارىماي، ئۆلۈم مەيدانىغا ناھايىتى مەردانە، خىتايىنى قىلچە مەنسىتمىگەن ھالدا چىقىپ كەلدى. ئۇلار بىر كۈندە گاھ سادىر ئات چاپتۇرغان غوللاردا، گاھ بايانداي يېزىلىرىنىڭ قويۇق ئۆسكەن قوناقزارلىقلىرىدا مۆكۈنۈپ، خىتايىنى ساراسىمىگە سېلىپ، بۇ ئانا زېمىننى مەڭگۈلۈك قۇچاقلاپ شېھىت بولدى.

2007-يىلى بۇ ئىككى شېھىت دەپنە قىلىنغان باياندايدىكى بۇ بىنەملىكنىڭ ئەتراپىغا يول سېلىنىدىغان بولغاچقا، باياندايدىكى دېھقانلار بۇ ئەھۋالنى ئىككى شېھىتنىڭ ئائىلىسىگە خەۋەر قىلىپ جەسەتلەرنى يۆتكەپ كېتىشنى ئۇقتۇرغان. ئابدۇخالىق بىلەن جۈرئەتنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن تەشكىللەنگەن بىر گۇرۇپپا كىشى كېلىپ قەبرىنى ئاچقاندا، ئۇلار كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەيلا قالغان ئىدى. ھەر ئىككى قەبرىدىكى بۇ ئىككى شېھىت خۇددى يېڭىلا دەپنە قىلىنغاندەك ياتاتتى. ئۇلار مېيىتتا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قىلىشتى.

شۇنداق قىلىپ، پۈتۈن ھاياتىنى كېپەكيۈزىنى گۈللەندۈرۈش،

كېيەكىيۈزىدە مەكتەپ ئېچىپ ئۇيغۇر خەلقىنى پەننى مائارىپ بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىدە چىڭ تۇرۇپ، خىتاي ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىگە قالقان بولۇپ كەلگەن مۆتىۋەر مۇنەۋۋەر ئەمىن ئۇستازنى خىتاي باي پومېشچىك دەپ ئۇرۇپ-دۇمبالاپ كۆن بەرمىگەن بولسا، ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىمۇ يۇقىرىقىدەك خانىۋەيران قىلىۋەتتى.

مۇنەۋۋەر ئەمىننىڭ چوڭ نەۋرىسى، شەمسىدىن (خەلپىتىم) قارى ھاجىمنىڭ چوڭ ئوغلى ھىلالىدىنمۇ خىتاينىڭ ئىككى كۆندە بىر دېگۈدەك چاقىرتىپ سوراق قىلىشى نەتىجىسىدە، 2016-يىلى جازا لاگېرلىرى يېڭى ئېچىلغاندا ۋاپات بولۇپ كەتتى. چۈنكى ھىلالىدىن شەمسىدىن كېيەكىيۈزى يېزىسىدىكى شېھىت ئائىلىلىرىگە ئاۋستىرالىيەدىن كېلىدىغان ياردەم پۇلىنى تەقسىملەش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن، خىتاي مۇشۇنچىلىك كىچىك ئىشتىمۇ ئۇلتۇرالماي قالغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، خىتاي غۇلجا ناھىيەسىدىكى خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەۋجۇتلۇقىغا شەرتسىز، مۇرەسسەسىز قارشى تۇرۇپ كەلگەن ئىككى ئائىلىنى، يەنى نۇرمەمەت مۆمىن جەمەتى بىلەن مۇنەۋۋەر ئەمىن جەمەتىنى مانا مۇشۇنداق قىرىپ تۈگەتتى.

# يەتتىنچى باب

## *قورغاس ناھىيەسىدىكى زور تۇتقۇن ۋە يەتتە شېھىتلىرىم مازىرى*

1997 ـ يىلى «5 ـ فېۋرال نامايىشى» ، يەنى ئاشكارا دەۋەتتىن كېيىن، خىتاي جاللاتلىرى ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق شەرقىي بەش ناھىيە، بىر شەھەردە، يەنى غۇلجا شەھىرىدە كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىشنى باشلىدى. تۇتقۇن ۋە سوراققا قارشىلىق قىلغانلارنى ئېتىپ تاشلاش ئادەتتىكى بىر ئىش ئىدى. غۇلجا خەلقى بۇ تەرەپكە قارىسا «شاڭخەي بەش دۆلەت ھەمكارلىق تەشكىلاتى» ، ئۇ تەرەپكە قارىسا خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ كۈچنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىسىلىپ قالغان ئىدى. دۇنيادىكى باشقا دېموكراتىك ئەللەردىن بولسا جۇغراپىيەلىك جەھەتتە تېخىمۇ ئۇزاقتا ئىدى. تۇتقۇن نىشانى دىنىي ئۆلىمالار، شۇنداقلا ئىلغار پىكىرلىك، دىنىي جەھەتتىن ئويغانغان، «بىز كىم؟» دېگەن سوئال ئاستىدا ئىسلام دىنىغا، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەشرىپىگە تايىنىپ، ئەبگارلىق ھالىتىگە خاتىمە بېرىشكە تىرىشقان ياشلار ئىدى. بۇ تىنتىش ۋە تۇتقۇندا قورغاس ناھىيەسىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىنمىدى.

1997 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر قورغاس ناھىيەسىدىن تۇتقۇن قىلىنغان ياشلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە

قورغاس ناھىيەسىنىڭ ئۆزىدىنلا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ۋە ئەڭ ئاز ئالتە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلار سانى 37 گە يەتكەن ئىدى.

بۇ 37 كىشى ئىچىدە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلار ئابدۇشۈكۈر نۇرۇللام، ئابلىمىت، ئالىم ياقۇپ، ھەسەنجان مۇساجان، ئوسمان، ئابلىكىم، ئابدىلىم... (يەنە بىر كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلەلمىدۇق) قاتارلىقلار ئىدى. قورغاس ناھىيەلىك «نەمۇنە» ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى پەرھات موللاخۇنغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ، ئۈرۈمچىدىكى 1-تۈرمىگە قامالغان ئىدى. خىتاي تەرەپ «2009-يىلى تۈرمىدە ئىشلەۋېتىپ يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتتى» دېگەن يالغان باھانىلەر بىلەن ئۇنىڭ جەسىتىنى ئائىلىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلار ئىچىدە مەتنىياز ئىسىملىك يەنە بىر ياشمۇ بار بولۇپ، ئۇنىڭ مىسىر ۋە تۈركىيە قاتارلىق جايلاردا ئوقۇپ، ئاندىن شەرقىي تۈركىستانغا قايتىپ كەلگەنلىكى مەلۇم. ھەسەنجان قاسىم ئىسىملىك بىر ياشقا ئون يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلغان.

1999-يىلى 1-ئاينىڭ 25-كۈنى، سۇيدۇڭ خەلقىنىڭ ئەڭ پەخىرلىك، ئەڭ ئەقىللىق يەتتە سەركىسىگە ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلغاندا، سۇيدۇڭ كوچىلىرىنى خىتاي ئەسكەرلىرى، ساقچى ماشىنىلىرى ۋە تانكا-بىرونېۋىكلىرى قاپلاپ كەتكەن ئىدى. ئاپشاركا ئىتلىرىنى ئەگەشتۈرگەن، زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان خىتاي ئەسكەرلىرى، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ياشلار تۇرۇشلۇق مەھەللىلەر ۋە ئۇلارنىڭ قورۇلىرىنىڭ ئۆگزىلىرىگىچە چىقىپ، ئاپتوماتلىرىنى دەۋەيلىتىپ، قاتمۇ-قات مۇھاسىرىگە ئالغان ئىدى.

سۇيدۇڭدىكى كىنوخانىنىڭ ئىچىدە ۋىلايەتتىكى ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلارنى (يەنى ۋىلايەت، شەھەر ۋە ناھىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) يىغىپ ئوچۇق سوت ئاچقان خىتاي فاشىستلىرى، بۇ يەتتە ئەزىمەتنى سۇيدۇڭ بازىرىدا سازايى قىلغاندىن كېيىن، سۇيدۇڭنىڭ قوش ئېرىق دېگەن يېرىدىكى كۆرە بىلەن سۇيدۇڭنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان يانبۇلاق يولىدا ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىپ، شۇ يەرگە دەپنە قىلغان. شېھىتلارنىڭ تۆتىنى بىر قاتار، قالغان ئۈچىنى يەنە بىر قاتار قىلىپ يەرلىك قېزىلغان. شېھىت قىلىنغانلار ئىچىدىكى ئابلىمىت ئىسىملىك كىشى سۇيدۇڭنىڭ «بىر تۈپ سۆگەت» دېگەن يېرىدىن ئىدى.

## *يەتتە شېھىتنىڭ بىرى ئابدۇشكۇر نۇرۇللام*

ئابدۇشكۇر نۇرۇللام 1965-يىلى سۇيدۇڭدە تۇغۇلغان. 1987-يىلى ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ خىمىيە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، قورغاس ناھىيەلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە خىمىيە، فىزىكا ۋە ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى بولغان. 1995-يىلى ئۇنىڭغا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلىپ، ئالتە ئاي تۈرمىدە ياتقان ۋە قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن مەكتەپتە دەرس ئۆتۈشىنى چەكلەپ، مەكتەپ تەجرىبىخانىسىدا خىزمەتكە قويۇلغان. ئابدۇشۈكۈر نۇرۇللامنىڭ يېقىنلىرى ئۇنىڭ ئىنتايىن ئەقىللىق، جەسۇر ۋە قەيسەر ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۆزى بىر پارتلاتقۇچ دورا ياساپ، سۇيدۇڭدىكى سايدا پارتلاتقانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.

بۇ يەتتە ئۇيغۇر شېھىت بىلەن بىرگە بىر قازاق بالىمۇ ئېتىپ تاشلانغان بولۇپ، بۇ قازاق باسقۇنچىلىق جىنايىتى بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئىدى. بۇ يەتتە نەپەر شېھىتنىڭ ئىچىدە ئىش-ئىزلىرى «ئۆلمەس جان» دېگەن نام بىلەن چەتئەللەردىكى

ئۇيغۇر خەلقىگە تونۇشلۇق بولغان ھەسەنجان مۇساجانمۇ بار ئىدى. بالا دەردىگە چىدىمىغان مۇساجان ئاكا ئوغلى «ئۆلمەس جان»نىڭ بارلىق كەچمىشلىرىنى يېزىپ، چەتئەلگە ساق-سالامەت چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئىككى يىلغا قالماي ئۆلۈپ كەتتى. خىتاي جاللاتلىرى ھەر بىر ئائىلىدىن ئوقنىڭ پۇلى ئۈچۈن 500 يۈەندىن پۇل ئالدى. مۇساجان ئاكىنىڭ ئوغلى ھەسەنجانغا ئىككى پاي ئوق ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن 1000 يۈەن ئالغان ئىدى. سۈيدۈڭدىكى كىشىلەر بۇ يەتتە شېھىت كۆمۈلگەن مازارلىقنى، خۇددى تارىختىكى «يەتتە قىزلىرىم مازىرى»غا ئوخشاش «يەتتە شېھىتلىرىم مازىرى» دەپ ئاتىدى ۋە داۋاملىق بېرىپ، قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ يوقلاپ تۇردى. مازارلىقنى ئىككى يىلغىچە خىتاي ئەسكەرلىرى ساقلىدى.

ئارىدىن سەككىز يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ قەبرىستانلىقنىڭ ئۈستىدىن يول ئالماقچى بولۇپ مازارلىقنى يۆتكەشكە توغرا كەلگەن. شېھىتلەرنىڭ تۇغقانلىرى مازارنى ئاچقاندا، يەتتە جەسەتنىڭ ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولماي شۇ پېتى تۇرغانلىقىنى كۆرگەن. يەتتە شېھىت خۇددى ھازىر ياتقاندەك، چاچ-ساقاللىرىمۇ ئۆسەك ھالەتتە تۇرغان. خىتايلار بۇ ئەھۋاللاردىن ئىنتايىن قورقۇپ كەتكەن. بۇ نېمە ئىش بىر سەككىز يېرىم يىلغىچە چىرىمىغان بۇنداق جەسەتنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدۇق، دېيىشكەن. بۇ ۋەقەدىن كېيىن قورغاس ناھىيەلىك ھۆكۈمەت دەرھال نەچچە ماشىنا ئەسكەر ئەۋەتىپ، بۇ جەسەتلەرنى بىر يەرگە قويساق بولمايدىكەن دەپ، شېھىتلەرنىڭ مېيىتىدىنمۇ قورقۇپ، ئۇلارنى ئايرىۋەتكەن. بۇ يەتتە شېھىت بىلەن بىللە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان قازاقنىڭ جەستى سۆڭەككە ئايلىنىپ كەتكەن ئىكەن. بۇ مەسىلە خەلق ئارىسىدا ئىنتايىن زور غۇلغۇلا بولغان. خىتاي تەرەپ ئاخىرىدا بۇ يەتتە مېيىتنى ھاۋا

كىلىماتى بىر قەدەر سوغۇق تاغ باغرىغا قويۇلغانلىقى سەۋەبىدىن شۇنداق بولغان، دەپ خەلقنى تىنجىتقان.

تۆۋەندىكىسى 5 ـ فېبرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە قېزىش، توپلاش ۋە رەتلەش گۇرۇپپىسى بىلەن «تۈركىيە ئىلى مەشرەپ ئۇيغۇر ۋەخپى» بىرلىكتە، چەتئەلدىكى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرىدا 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە قېزىش، توپلاش ۋە رەتلەش جەدۋىلى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، بىزگە كەلگەن 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە قورغاستا ئېلىپ بېرىلغان زور تۇتقۇندا قولغا ئېلىنغانلار ۋە كېسىلگەنلەر ھەققىدىكى ئۇچۇر.

1) نەمۇنە مەكتەپتىن «پەرھات موللاخۇن مۇئەللىم»

2) كۈرە مەكتەپتىن «ئەرشىدىن ئىسرائىل» ئەنۋەر

3) ئابدۇسالام ناسىر، ئابدۇراخمان ناسىر (بۇلار ئاكا ـ ئۇكا بولۇپ دادىسىنىڭ ئىسمى ناسىر، ئاپىسىنىڭ ئىسمى روزىگۈل)

4) ئابدىكىرىمكام، ئىككى يىل تۈرمىدە يېتىپ چىقىپ، 1 ئايدىن كېيىن ئۆلۈپ كەتتى.

5) ئابدۇكىرىمكامنىڭ ئوغلى ئىمام 4 يىل كېسىلدى.

6) ئابدۇكىرىمكامنىڭ 2 ـ ئوغلى ئىمام ھەسەن 16 يىل كېسىلدى

7) ئابدۇكىرىمكامنىڭ قىزى گۈلى 2 يىل كېسىلگەن (دادىسى ئابدۇكېرىم، ئاپىسى مەرەمسا ھەدەم بولۇپ، بۇلار سۈيدۈڭنىڭ شىۋىرغان مەھەللىسىدىن)

8) مەۋلان ئابدۇراخمان 15 يىللىق كېسىلدى.

9) مەردان ئابدۇراخمان 8 يىللىق كېسىلدى (بۇ ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ئابدۇراخمان، ئاپىسىنىڭ ئىسمى

مەريەم بولۇپ، بۇلار سۇيدۇڭنىڭ چىۋاغدىن)

10) قاسىمجان يۇسۇپ 19 ياشلىق كېسەلدى.

11) ئابدۇراخمان يۇسۇپ 9 ياشلىق كېسەلدى (بۇ ئاكا-ئۇكىلارنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى يۇسۇپ قاسىم، ئاپىسىنىڭ ئىسمى بۇخان).

12) ئابدۇشۈكۈر ئابلىمىت، 2 ياشلىق كېسەلدى (خۇمدان بېشى).

13) تاھىر قارىم، مەركەزدىن، 13 ياشلىق كېسەلدى.

14) ھەسەنجان شۆھرەتغان مەھەللىسىدىن بولۇپ، ئىككى پۇتى قىشتا توڭلاپ قېلىپ تۈرمىنىڭ ئىچىدە پالەچ بولۇپ قالغان.

15) ئابدۇشۈكۈر، 12 ياشلىق كېسەلدى، مەركەزدىن.


16) كامىل 18 ياشلىق كېسەلدى، (چوڭ قاتناشتىن) ئۈچ بالىسى بىلەن ئايالى قالدى.

17) خەيرۇللاھ مۇددەتسىز كېسەلدى (5-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يېنىدا).

18) پەخرىدىن نەجمىدىن (گەشاڭ مەھەللىسىدىن بولۇپ، دادىسى نەجمىدىن، ئاپىسى زۇلپىيە).

19) ھەسەنجان مەمەت مۇددەتسىز كېسەلدى (مەمەت مەخسۇم)، دەيچىلىك قىلاتتى.

20) داۋۇتجان 15 ياشلىق كېسەلدى (گىلەنتىردە دۇكان ئاچقان)



**2005 ـ يىلى تۇتۇلغان، كېسىلگەن باللار**

1) ئابلىلىم سەيپۇلل

2) ئادىل

3) تۇرغان (مەركەزدىن)

4) روزى مەمەت (چىنۋاغ)

5) ھاجى


6) ئابدۇكىرىم

7) تۇرسۇن ئەلقەم (خۇمدان بېشى)

8) مۇھەممەت قارىم

9) تۇداجى

10) ھاجى ( 1ـ ئوتتۇرا مەكتەپ كەينىدە)


22) داۋۇتجان 15 ياشلىق كىشى،
ئەمىرى. 2005-يىلى تۇتۇلغان كىشىلىكىنى بىلىدۇ،
1) ئابلىكىم سەيپۇلا.
2) ئادىل.
3) تۇرغان مەركەزدە.
4) روزى مەمەت. (جۇۋاغ)
5) ھاجى.
6) ئابدۇكىرىم.
7) تۇرسۇن ئەلقەم. (جىگىسخوزا)
8) خالمۇرات. (خۇمدان بېشى)
9) مۇھەممەد قارىم.
10) تۇداجى
11) ھاجى. (1- ئوتتۇرا مەكتەپ كەينىدە)

## «يەتتە شېھىتلىرىم مازىرى»دىن دۇنياغا ياڭرىغان سادا: «ئۆلمەس جان»

ئىلاۋە: بۇ قىسىمدا 1999-يىلى 1-ئاينىڭ 25-كۈنى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ قورغاس ناھىيە سۈيدۈڭ بازىرىدا شېھىت قىلىنغان يەتتە شېھىتنىڭ بىرى ھەسەنجاننىڭ دادىسى مۇساجان ئاكىنىڭ، ئوغلى ھەسەنجان تۇتقۇن قىلىنغاندىن تاكى شېھىت بولغىنىغا قەدەر يازغان خاتىرىسى ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇلىدۇ. مۇساجان ئاكىنىڭ بۇ قول يازمىسىنى ئىنتايىن خەتەرلىك ۋە جىددىي ۋەزىيەتلەردە چەتئەلگە ئېلىپ چىققان ۋە خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى قاتارلىق جايلارغا بىلدۈرگەن كىشى ھازىر گوللاندىيەدە ياشاۋاتقان بەختىيار ناسىر ئەپەندى بولۇپ، بەختىيار ناسىر ئەپەندى ئەينى يىللاردا قورغاس «نەمۇنە مەكتىپى»نىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولغان. ئۇ مۇساجان ئاكا بىلەن 2003-يىلى 11-ئايدا بىر كېچە مۇڭدىشىش ئارقىلىق بۇ يۈرىكى يارا دادىنىڭ ئوغلى دۇچ كەلگەن ناھەقچىلىك ۋە ئادالەتسىزلىكلەرنى دۇنياغا ئاڭلىتىش ئويىنىڭ بارلىقىنى، شۇ ۋەجىدىن ئوغلى «ئۆلمەسجان»نىڭ قولغا ئېلىنغان ۋاقتىتىن تارتىپ تاكى ئېتىپ تاشلانغىچە بولغان جەريانلارنى قەلەمگە ئالغانلىقىنى بىلگەن. بەختىيار ناسىر ئەپەندى بۇ قەيسەر دادىغا مەزكۇر قول يازمىسىنى چوقۇم چەتئەلگە ئېلىپ چىقىپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئاڭلىتىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەن. تۆۋەندە دىققىتىڭلاردا بولىدىغىنى «5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى»نىڭ گۇۋاھچىسى ھەسەنجاننىڭ ھېكايىسى. ئەمەلىيەتتە بۇ «5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى»دىن كېيىن خىتاي تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان

ۋە تۇتقۇن قىلىنغان بارلىق شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنىڭ، شۇنداقلا ئاتا-ئانىلىرىنىڭ يۈرەك نىداسى.

ئوغلۇم ھەسەنجاننىڭ ئىككى ئاي كەم يىگىرمە سەككىز يىللىق ئۆمرى، بولۇپمۇ 1997-يىلى 7-ئاينىڭ 12-كۈنىدىن 1999-يىلى 1-ئاينىڭ 25-كۈنىگىچە بولغان 562 كۈنلۈك ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى يېزىپ قالدۇرۇشنى ئۆزۈمنىڭ بىر مەجبۇرىيىتى دەپ تونۇدۇم. چۈنكى ئوغلۇمنىڭ ئەھۋالى ماڭا بەش قولدەك ئايان. نۇرغۇن ئىشلارغا قول سالدىم، نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردۈم، نۇرغۇن ئىشلارنى ئاڭلىدىم، نۇرغۇن يوللارغا ماڭدىم، نۇرغۇن خورلۇقلارنى تارتتىم. بىردىن بىر گۇۋاھچى بولغان مەن ئۆلۈپ كەتسەم، بۇ تارىخنى مەندەك ئەينەن تەسۋىرلەپ بېرەلىگۈدەك ئىككىنچى بىر ئادەم چىقمايدۇ. بۇ تارىخنى يېزىپ قالدۇرمىسام، بۇ دۇنيادىن ۋىجدان ئازابىدا كېتىمەن. بۇ تارىخنى يېزىپ قالدۇرمىسام، بىر ياش قەھرىماننىڭ ھاياتىدىكى پائالىيىتى پۈتۈنلەي ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ تارىخنى يېزىپ قالدۇرسام، ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ئەسلەپ تۇرۇشى ۋە جەمئىيەتتىكى ئوغلۇم بىلەن ئوخشاش ئەقىدىدىكى بۇرادەرلىرى ئۈچۈن، شۇنداقلا كەلگۈسى ئۈچۈن مۇشۇ يولدا ئۆز ھاياتىدىن ئايرىلغان، تۈرمىدە نۇرغۇن ئازابلارنى تارتقان، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىيناشلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ھايات تارىخىنى يازىدىغان ۋىجدانلىق يازغۇچىلارنىڭ مۇقەددەس يازمىلىرىغا، رومان-كىتابلىرىغا ئاز-تولا ماتېرىيال بولۇپ قالار، دېگەن ئۈمىدتە بۇ قىسقىغىنا تارىخنى يېزىپ قالدۇردۇم. بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەن نېمە ئۈچۈن ياشاۋاتىمەن؟ دېگەن بىر سوئالنى ئۆزىڭىزدىن سوراپ قويسىڭىز ئەجەب ئەمەس. ھېچ بولمىغاندا بارلىق شېھىتلىرىمىزنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ قويسىڭىزمۇ بۇ ھېكايىنى يېزىشتىكى مەقسىتىمىز ئاساسەن ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ.

ئوغلۇم ھەسەنجان 1971 ـ يىلى 3 ـ ئايدا سۈيدۈك ناھىيەسىدە دۇنياغا كەلگەن. ھەسەنجاننىڭ ئاكا ـ ئىنى، ھەدە ـ سىڭىللىرى ۋە يەنە ئۆز ئاتىسى بىلەن يۈز كۆرۈشەلمىگەن ئالتە ئايلىق ئوغلى بار. ھەسەنجان 1976 ـ يىلىغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولدى. بۇ مەزگىل خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ گۈڭشىلاشتۇرۇش دەۋرى بولۇپ، پۈتۈن تەمىناتىمىز ئەترەت تەرىپىدىن بېرىلەتتى. مەن شۇ يىللاردا، يەنى ھەسەنجان تۇغۇلغان يىللاردا سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس بولغاچقا، ئائىلىدىكى ئۈچ بالا بىلەن ئائىلىنى بېقىش مەن ئۈچۈن ناھايىتى تەس ئىدى. شۇ بوۋاق ھەسەنجان ئۈچۈن ئاق ئۇن يوق، قوناق نان يەيتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ھەسەنجان يەردىن كۆتۈرۈپ ئالغىنى بولمىغۇدەك سېمىز ۋە ساغلام چوڭ بولدى. كۆرگەن ئادەملەر ھەيران قالغۇدەك ھالەتتە ئىدى. ئانىسى بالامغا كۆز تېگىدۇ، دەپ ئىشىكىمىز ئالدىدىكى داخانغا تۇمار پۈتتۈرۈپ بويىنغا ئېسىپ قويغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، 1977 ـ يىلغا كەلگەندە مەكتەپكە بەردۇق. 1981 ـ يىلىغىچە «يېڭى ئاۋات» باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇدى.

ئوقۇش جەريانىدا باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈردى. 1982 ـ يىلىدىن 1985 ـ يىلىغىچە قورغاس 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇدى. بۇ يەردىمۇ ئوخشاشلا ئەلاچى ئىدى. ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ساۋاقداشلىرىمۇ ئۇنى ئالاھىدە ياخشى كۆرەتتى. ساۋاقداشلىرى بىلەن ئىتتىپاقىمۇ ياخشى ئىدى. مەكتەپ ئۇيۇشتۇرغان ھەرقانداق پائالىيەتكە ئاكتىپ قاتنىشاتتى ۋە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىپ مۇكاپات ئالاتتى. چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىشنى، كىچىكلەرنى ئىززەت قىلىشنى ياخشى بىلەتتى، شۇڭا مەھەللە ئىچىدە «ئەڭ ياخشى بالا» دەپ تەرىپلىنەتتى. ئۆزى ئېغىر ـ بېسىق، كۆپ ئاڭلاپ ئاز سۆزلەشنى ياخشى كۆرىدىغان،

چىقىشقاق ئىدى. سالامەتلىكى ياخشى ئىدى. بالىلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئېغىرى بولۇپ 90 كىلوگىرام كېلەتتى. تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇش ۋاقتىدا مەن ئاغرىپ قىلىپ، ئائىلىدە قىيىنچىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئوقۇشتىن توختاپ قالدى. بىزمۇ قاتتىق ئېچىندۇق. ئۆزىمۇ ئازابلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئائىلىدە ئاكىلىرى بىلەن بىللە ئۆي ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ئوقۇشتىن قالغاندىن كېيىن ئۆيدە كىتاب-ژۇرنال ئوقۇشنى ئادەت قىلىۋالدى. مېنىڭمۇ كىتابخۇمارىم بولغاچقا، كىتابخانىغا يېڭى كىتاب چىقسىلا ئېلىپ ئوقۇيدىغان ئىدىم. ئىككىمىز كىتابنى تالىشىپ ئوقۇيدىغان، ئوقۇغان تارىخى رومانلارنى شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت بىلەن سېلىشتۇرۇپ بەزى چۈشەنچىلەرنى سۆزلەپ قويىدىغان ئىدۇق.

بىر ئائىلىدىكى تۆرلۈك ئىشلارنى ھەممە ئائىلە بىلىدۇ. تۇرمۇش ئادەمنى سىنايدىغان سىناق مەيدانى. ھەسەنجانمۇ بۇ سىناق مەيدانىدا ئون يىل ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇپ ياشىدى. 1995-يىلىغا كەلگەندە مەن ناھىيە رەھبەرلىرىگە ئائىلە قىيىنچىلىقىمىزنى ئېيتىپ بالامنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدىم. شۇ ۋاقىتتا «ت»ى ئەپەندى ناھىيە ھاكىمى ئىدى. ئۇ ئىلتىماسىمنى ماقۇل كۆرۈپ ۋاقىتلىق ئورمان پونكىتىدا ئىشلەپ تۇرۇشۇمنى ماقۇل كۆردى. بۇنىڭغا ھەسەنجاننى ئورۇنلاشتۇردۇم. 1997-يىلىغا كەلگەندە ئەمگەك ئىدارىسىدىكى بىر دوستۇم مۇناسىۋىتىمىزنىڭ ياخشىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ماڭا ئىشچى ئىشتاتىدىن بىرنى ھەل قىلىپ بەردى. لېكىن ئىش ئورنىغا بارغاندا ئۇنىۇم بەرمىدى. سېكرېتار «ئورۇن يوق» دەپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى رەت قىلدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن خېلى مۇنازىرىلەشتىم، ئەمما ھەل بولمىدى. مەن ھەسەنجاننى داۋاملىق ئىشقا بېرىشقا ھەيدەكچىلىك قىلدىم. ھەسەنجان ئالتە ئاي مائاش ئالماي ئىشلىدى. ئاخىرى بولماي

ماگا: «دادا سەن كۆپ قىينالدىڭ، ئادەم ۋىجدان بىلەن ياشاش كېرەك، ئۇنىڭغا باش ئېگىش ياخشى ئىش ئەمەس، ۋاقتلىق ئىشچى بولمىسامۇ جاننى باققىلى بولىدۇ. باشقىلارغا يالۋۇرۇپ ئىشلەپ جان بېقىش ياخشى ئىش ئەمەس» دەپ ئىشقا بېرىشنى رەت قىلدى. بىر مەزگىل تېرە-يۇڭ ئېلىپ-سېتىش بىلەن شۇغۇللاندى.

1997-يىلى دەل خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، تالىپلار ئىش چىقىرىۋاتقان، ئۇلار ھەرىكەتكە ئۆتكەن ۋاقىت ئىدى. ھەسەنجانمۇ شۇلارغا كىرگەن، ھاراق-تاماكا قاتارلىق بولمىغۇر ئىشلارنى تاشلاپ، قۇرئان ئوقۇپ، بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇش بىلەن شۇغۇللاندى. تالىپلارنىڭ ئالدىنى ھۆكۈمەت تۇتقىنى تۇرغاندا ھەسەنجانغا نەسىھەت قىلدۇق. لېكىن ھەسەنجان: «ناماز ئوقۇش، قۇرئان ئوقۇش قاتارلىق مۇسۇلمانلار ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بەش پەرزنى ئادا قىلىش گۇناھمۇ؟ ئەگەر سىلەر مېنى بۇنداق قىلىشتىن توسساڭلار سىلەر بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزىمەن» دەپ ئېتىراز بىلدۈردى. شۇڭا ئۇنىڭغا ئارتۇقچە گەپنىڭ ھاجىتى قالمىغان ئىدى.

7991-يىلى 5-ئايدا قورغاس ناھىيە ساقچى ئىدارىسى بىر تۇرۇشلۇق 2-دۈينى نۇقتىلىق ئورۇن دەپ ئالاھىدە نازارەت ئاستىغا ئالدى. ھەم بى مى دېگەن مۇناپىقنىڭ پاش قىلىشى بىلەن ئۈچ بالىنى ساقچى تۇتۇپ كەتتى. قالغان قىز-ئوغۇل بولۇپ ئوتتۇزدىن ئارتۇق بالىنى يىغىپ، دادۈيدە ئاتا-ئانىسى بىلەن ئۈچ كۈن ئۆگىنىش قىلدۇردى. بالىلارنىڭ بوينىغا تاختاي ئېسىپ، ئوڭ-سول تەرەپلىرىدىن رەسىمگە ئالدى، بەش بارمىقىنى قارا رەڭگە چىلاپ بارماق ئىزى، چېچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئەۋرىشكە ئالدى. مۇشۇ خىلدىكى ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئۇلارنى

قاتتىق نارازەت ئاستىغا ئالدى. ھەربىر ئائىلىگە بىردىن باشلىق بېكىتتىپ، ھەركىم ئائىلىسىگە كەلگەن كىشىلەرنى ئۆز باشلىقىغا دوكلات قىلىپ تۇرۇش تۈزۈمىنى بېكىتتى. تۈرلۈك تەشۋىقات ۋەرەقلىرىنى تارقىتىپ يادلاتقۇزدى ھەمدە ئۆيلەرگە ئېسىشنى تەشەببۇس قىلدى. پات-پات چىقىپ ئاغزاكى ئىمتىھان ئېلىش ئۇسۇلىنى قوللاندى.

بىسىم كۈچەيسە قارشىلىقمۇ كۈچىيىدىكەن. شۇ يىللاردا ھەسەنجاننىڭ ھەرىكىتىمۇ جىددىيلەشكىلى تۇردى. نەگە بارىدۇ، نەدە تۇرىدۇ، كىملەر بىلەن مەشغۇل بولىدۇ، بۇلار بىزگە نامەلۇم ئىدى. ئۇ ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىغىمۇ ئىشلىمەيدىغان بولۇۋالدى. سەۋەبىنى سورىساق «گۇگۈچەنداگغا يەر تېرىش، ئۇلارغا باج سېلىق تۆلەش، ئۇلار باشقۇرغان مەسچىتلەردە ناماز ئوقۇش، پىلانلىق تۇغۇت ۋەھشىيلىكلىرىگە قاراپ تۇرۇش، ئۇلار ئۈچۈن ئىشلەش توغرا ئەمەس، دۇنيادا بىرلا پادىشاھ، بىرلا ياراتقۇچى بار، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلىشىمىز، قۇرئاندا قىلما دېگەن ئىشلارنى قىلماسلىقىمىز كېرەك بۇنىڭ سەۋەبى شۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى. بىز «بۇنىڭغا ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى شۇنداق بولسا كېرەك» دەپ ئۆز ئىختىيارىغا قويىدۇق. چۈنكى شۇنداق قىلىش زۆرۈر ئىدى. ئەگەر ئۇنى بۇ يولدىن توسساق، ئاللاھ ئالدىدا چوڭ گۇناھكار بولاتتۇق. ھەسەنجان نۇرغۇن ئورۇنلاردا ئاللاھنىڭ كالامى بولغان قۇرئانى كەرىمدە بېرىلگەن سۈرىلەرنى تەبلىغ قىلىپ چۈشەندۈردى. ئۆزىگە ئوخشاش ئوقۇمۇشلۇق ياشلار بىلەن پىكىرلەشتى. ئاللاھقا ئىبادەت قىلغۇچىلارنى تەربىيەلىدى.

1997-يىلى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈن بولدى. دەسلەپكى قەدەمدە ئۇيغۇر ياشلىرى قوزغىلىپ شەرقىي

تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ۋە خەلقىنىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىپ تىنچلىق يولى بىلەن نامايىش قىلدى. بۇ نامايىشنى خىتاي دائىرىلىرى شۇ كۈنى قاتتىق باستۇرۇپ 300 دىن ئارتۇق ياشلارنى تۈرمىگە تاشلىدى. بىزنىڭ ئاڭلىشىمىزچە، ئالدى بىلەن سۇ چېچىپ، ئاندىن تۇتۇپ تۈرمىگە تاشلىغان. ئۇ ۋاقىت 1997-يىلى 2-ئاينىڭ 5-كۈنى بولۇپ تېخى سوغۇق قىش كەتمىگەن ئىدى. باللار ھۆل كىيىم بىلەنلا تۈرمىگە قامالغان بولۇپ، بىر قىسمى توڭلاپ ئۆلۈپ كەتكەن. ھەسەنجان شۇ ئىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى ئىلىغا بارغان ئىدى. لېكىن كەچتە قايتىپ كەلگەنلىكتىن، 5-فېۋرال نامايىشقا قاتنىشالمىغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق پۇشايمان قىلغان ئىدى.

5-فېۋرالدىن كېيىن قورغاستا قاتتىق نازارەت، قىدىرىش، ئۆيمۇ-ئۆي ئاختۇرۇش، گۇمانلىق دەپ قارالغانلارنى تۈرمىگە ئېلىش باشلاندى. ھۆكۈمەت تەرەپ جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتكەن ئىدى. ياشلارنىڭ ھەرىكىتىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. يوشۇرۇن ھەرىكەتتىن ئوچۇق ھەرىكەتكە ئۆتتى. مۇناپىقلارنى جازالاش ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. ئىلىدا ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر ۋە خىتاينىڭ سىياسىتىگە قارشى كىشىلەرنى ساقچىغا مەلۇم قىلىدىغان مۇناپىقلارنى تازىلاش ۋە ئۆلاردىن قىساس ئېلىش ھەرىكىتى باشلاندى. قورغاستىمۇ شۇنداق بولۇپ كومپارتىيەنىڭ سادىق غالچىسى، تۆھمەتخور، كەسىپىي چېقىمچى ھېزىماخۇننى ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى چىقتى. ئۇ 7-ئاي ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆلتۈرگۈچىنى تېپىش مەقسىتىدە ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسى گۇمانلىق دەپ قارىغان ياشلارنى تېپىپ، تۇتقۇن قىلىشقا باشلىدى. تۇتقۇن قىلىش كۈچەيگەندە مەن ھەسەنجاننى: «سەن ھازىرچە باشقا ئورۇنغا يۆتكىلىپ جاننى ساقلاپ تۇر» دەپ نەسىھەت قىلسامۇ، ئۇ يۆتكىلىشكە ئۇنىمىدى. «مىنىڭ

مۇشۇ ئورۇندا ئىشلەيدىغان ۋەزىپەم بار، قېچىپ كېتەلمەيمەن» ، دەپ ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولدى.

شۇ يىلى 7-ئاينىڭ 20-كۈنى كېچىدە يىگىرمىدىن ئارتۇق ساقچى چىقىپ ھەسەنجاننى تۇتۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەسەنجان سوئال-سوراق، قىيىن-قىستاق قاتارلىق تۈرمە ئازابلىرىنى تارتىشقا باشلىدى. ھەسەنجان جەمئىي بىر يىل، يەتتە ئاي (1997-يىلى 7-ئاينىڭ 12-كۈنىدىن 1999-يىلى 1-ئاينىڭ 25-كۈنى دۈشەنبىگىچە) تۈرمىدە ياتتى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ تۈرمىدە سوراققا چىققان كۈننى بىر ئۆزى، بىر ئاللاھ بىلىدۇ. مېنىڭ بىلىشىمچە، بىر قېتىم ئىقرار قىلمىدىڭ، دەپ ئۇنى ئىككى سوتكا قولىنى كەينىگە باغلاپ ساقچىخانا ئىچىدىكى تېرەككە يا ئولتۇرالمايدىغان، يا ئۆرە تۇرالمايدىغان قىلىپ باغلاپ، قىيناپ سوراق قىلغان، كېچىسى ئۇخلاتماي نۆۋەت بىلەن سوراق قىلىپ نېرۋىسىنى بۇزغان، ئىقرار قىلمىغانچە قاتتىق ئۇرۇپ قاتتىق قىيناش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ساقچىلارنىڭ ئۆزلىرى ئۇرغاننى ئاز دەپ تۈرمىدە باشقا جىنايەتچىلەرگە قاتتىق ئۇرغۇزغان. ھەسەنجان ئۆزىمۇ خېلى قەيسەر بولغاندىن كېيىن، تۈرمىدىكى باشقا جىنايەتچىلەرگىلا تاقابىل تۇرۇپ ئۆزىنى قوغدىغان، ھەم ئۇلارنى قايىل قىلغان. ئۇلار بۇيرۇق بويىچە ئىش قىلىپ خاتا قىلغانلىقىنى تونۇغان. سوراق جەريانىدا ساقچىلار ھەتتا ئادەم قېلىپىدىن چىققان ۋاستىلەرنىمۇ قوللانغان. مەسىلەن، تۈرمە باشلىقى ۋە قىش كۈنى ھەسەنجاننى سېنىڭ قولۇڭدا ئوتتا كۆيگەن ئىز يوق، سەن ئوتنى قولۇڭ بىلەن ئۇگشايسەن، دەپ مەشنى پۈتى بىلەن تېپىپ ئۆرۈۋېتىپ چوغنى قولى بىلەن مەشكە سالدۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا «تۈرمىدە روزا تۇتتۇڭ» دەپ خورلاپ، سۇ ئەكېلىپ مەجبۇر سۇ ئىچكۈزگەن.

بىر ئاتا بولغۇچى كىچىكىدىن بېقىپ چوڭ قىلغان بالىسىنى باشقىلار خورلاپ قىينىسا چىداپ تۇرالامدۇ؟ ئۇنىڭغا قانداق ئىمكاسىتا بولىدىغانلىقىنى مەن دېمىسەممۇ ھەممە ئادەمگە چۈشىنىشلىك. بىز بىر يىل يەتتە ئاي جەريانىدا ئوغلىمىز بىلەن پەقەت بىر قېتىملا كۆرۈشتۇق. مەن ئانىسى بىلەن ئىككىمىز دەرۋازىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، بوينىغا ئېسىلىپ يىغلاپ كۆرۈشتۇق. قالغان تۇغقانلىرى دەرۋازىنىڭ سىرتىدا، ھەتتا قول تۇتۇشۇپ كۆرۈشۈشكىمۇ مۇيەسسەر بولالمىدى. بۇ نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق! بىر تۇغقانلار شۇنداق مۇشكۈلدە ھەمكارلىقتا بولالمىسا، قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ بىر-بىرىنى باغرىغا باسالمىسا، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئازاب بولمىسا كېرەك. ئۇلارنىڭ تۆمۈر دەرۋازىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ يىغلاشلىرىنى كۆرگەن ھەرقانداق بىر ئىنسان چىداپ تۇرالمايدۇ. مۇشۇنداق زارىقىش ئىچىدە ۋىي سوجاڭنىڭ ئون بەش مىنۇتى توشتى. «جىنايەتچىنى قايتۇرۇپ كەل!» دەپ ۋارقىراشلىرى ئادەمنىڭ ۋىجدانىنى ئۇرغۇتۇپ، شۇ مەيداندىلا ئېلىشىپ ئۆلۈپ كەتسەم رازى دېيىشكە مەجبۇرلايدۇ. لېكىن ئىمكان يوق...

تۈرمىگە بىر يىل يەتتە ئاي جەريانىدا ھەپتىدە ئىككى قېتىم چىقىپ تۇرىمىز. سەۋەبى تۈرمىنىڭ تامىقى بەك ناچار. كۈنىگە بىر موما، بىر قاچا ئۇماچ بېرىدۇ. بۇنىڭغا ئىنسان قانداق چىدىسۇن؟ شۇنىڭ ئۈچۈن بىرئاز قوي مېيى، تاتلىق-تۈرۈم قاتارلىق نەرسىلەرنى ئاز-ئازدىن ئېلىپ چىقىپ، تۈرمىگە قارايدىغانلا گۇندىپايلارغا يالۋۇرۇپ ئۇلارغىمۇ مۇۋاپىق سوۋغا-سالاملارنى ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ بېرىپ يۈرۈپ، بىز تۈرمىگە ئېلىپ چىققان نەرسىلەرنى بالىمىزغا ئەكىرىپ بېرەرمىكىن، دەپ ئۈمىد قىلىمىز. دەرۋازا ئالدىدا تەلمۈرۈپ تۇرۇشلىرىمىز، ھەتتا سوغۇقتا بىر كۈن-بىر كۈن ئاچ ساقلىغان ۋاقىتلىرىمىز، گۇندىپايلارنىڭ بىز بەرگەن نەرسىلەرنى ئەكىرىپ بېرىشلىرىگە تەلمۈرۈشلىرىمىز،

ئەگەر «ئەكىرىپ بەردىم» دېسە، ئۇنىڭغا ئوقۇپ كەتكەن دۇئالىرىمىز، ئاتا-ئانىمىزنى تىرىلدۈرۈپ ئەكېلىپ بەرگەندەك خۇشال ئۆيگە قايتىشلىرىمىز، بۇگۈن ئىمكانىيەت بولمىدى، ئەتە ئەكىرىپ بېرىمىز دېسە، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشلىرىمىز، ئەتىسى چىقىپ خەۋەر كۈتۈشلەر نائۈمىد قايتىشلار، سوجاڭنى كۆرۈپ قالساق دەرۋازىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن ئۆزىمىزنى چەتكە ئېلىشلىرىمىز... ئاھ... بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئىنسان ئۈچۈن قانچىلىك ئازاب بولىدىغانلىقىنى پەقەت مۇشۇنداق ئىشنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئىنسانلا تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ.

بىزنىڭ سوجاڭدىن قېچىشىمىزنىڭ سەۋەبى، سوجاڭنىڭ بۇيرۇقى قاتتىق بولۇپ پۇل بولسا ئالسەن، باشقا نەرسە بولسا ئالمايسەن! ئالساڭ مائاشىڭنى تۇتۇپ جەرىمانە تۆلەيسەن، دەپ گۇندىپايلارنى جازالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار سوجاڭ يوق ۋاقتنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بىزمۇ شۇنداق ۋاقىتتا چىقىمىز. سوجاڭنىڭ پۇل ئالسەن دېيىشىدىكى سەۋەب، دەرۋازا يېنىدا سوجاڭنىڭ شېرىك ئاچقان ئاشخانىسى بار. جىنايەتچىلەرگە شۇ ئاشخانىدىن بىر قاچىسى بەش سوملۇق تاماق بېرىدۇ. شۇڭا سوجاڭ پۇل بولسا ئالىدۇ. تاماق ئاتا-ئانىسىدىن تۈرمىگە كىرسە سوجاڭنىڭ ئاشخانىسى ئاقماي قالىدۇ. پۇل تەلەپ قىلىشى شۇنىڭدىن بولۇپ، جىنايەتچىلەردىن پايدا ئۈندۈرۈش مەقسەت قىلىنغان.

شۇنداق قىلىپ، سوئال-سوراق ئاخىرلىشىپ، دېلو ئىشلىنىپ ناھىيەلىك تەپتىش مەھكىمىسىدە ھەسەنجان بىلەن بىرگە قولغا ئېلىنغان 37 بالىنىڭ دېلوسىنى كۆرۈپ قارىلاشنى ئۈستىگە ئالغان ئى ئي ئەپەندى، خې ئەپەندى، تې ئەپەندى قاتارلىق

ئۈچ قارىلىغۇچىنىڭ قارىلىشى ۋە بىز ياللىغان ئاقلىغۇچىنىڭ ئاقلىشى بىلەن تۆرمە يىغىن زالىدا يېپىق سوت ئېچىلدى. سوتچىلار ئاساسەن ئىلى ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوتنىڭ ئادەملىرى ئىدى. مەن ھەسەنجاننى ئاقلاش ئۈچۈن قورغاس ناھىيەلىك ئاقلىغۇچىلار ئىدارىسىدىن پىي خانىمنى تەكلىپ قىلغان ئىدىم. يۇقىرىدا ئىسمى چىققان قارىلىغۇچىلار ھەسەنجانغا مۇنداق جىنايەت ئاتقان:

قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن، قاتىللىق قورال-ياراق بىلەن تەمىنلىگەن، قورال-ياراق ياسىغان ۋە توشۇغان، تەبلىغ سۆزلەپ قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنغان، ئىئانە يىغىپ مەبلەغ توپلىغان دېگەندەك بەش تۈرلۈك جىنايەت ئارتىلغان. ھەسەنجان نەق مەيداندا ئۆزىنى ئاقلاپ: «مەن ئادەم ئۆلتۈرمىدىم! ئادەم ئۆلتۈردى دېسەڭلار، كىمنى، قەيەردە، نېمە بىلەن، قانداق ئۆلتۈردۈم پاكىت بولسۇن؟! بۇ تۆھمەت»! دېگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن «مەن قورال-ياراق ياسىمىدىم، مۇئەللىم ياسىغان پارتلاتقۇچ دورىدىن توققۇز تال ئالغىنىم راست، بۇنى ئۆزىنى قوغدىشى ئۈچۈن بۇرادەرلىرىمگە تارقىتىپ بەردىم. قاتىللىق قورال-ياراق بىلەن تەمىنلىدى دېگىنى يالغان، قاتىل ئۆز ئېغىزى بىلەن مېنىڭ قاتىللىق قورالىم پىچاق، ئۆزۈمنىڭ قول-چىرىغى، يۈزۈمگە تارتقان پايپاقنى ئۆزۈم بازاردىن سېتىۋالغان دەۋاتسا، بۇنى قانداقمۇ مەن بەرگەن بولىمەن؟ يەنە تەبلىغ سۆزلەپ قۇتراتقۇلۇق قىلدى، دەيسەن، مەن تەبلىغ سۆزلىدىم، قۇرئاندىن سۆزلىدىم، ھاراق ئىچىش، تاماكا چېكىش ھارام، مۇسۇلمانلار مۇسۇلمانچە ياشاش لازىم دېدىم، قۇتراتقۇلۇق قىلمىدىم، قۇرئاننى سۆزلەش قۇتراتقۇلۇق دەپ تونۇساڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى. نېمە دېسەڭ دەۋەر! مەن ئاللاھنى بىر دەپ تونۇيمەن. ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىمەن.

يەنە ئىئانە توپلاش ئىشىدا توپلىغىنىم راست، بۇ ئۆز ئىختىيار بىلەن بولدى، مەجبۇر قىلمىدۇق، يىغىلغان پۇلنى نامراتلارنى يۆلەشكە ئىشلەتتۇق. ھۆكۈمەتمۇ ئىئانە توپلايدىغۇ؟» دېگەن.

ئاقلىغۇچىمۇ ھەسەنجاننىڭ ئۆزىنى ئاقلىشىنى قوللاپ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن بولسا كىمنى، نەدە، نېمە بىلەن ئۆلتۈردى، پاكىت كىرسۇن! تۇتۇلغان قاتىلنىڭ ئۆز ئىقرارى تۇرسا، يەنە بۇنى نېمىشقا ھەسەنجانغا ئارتىسىلەر؟ ئۇنداق قىلساڭلار ئادىللىق بولامدۇ؟ ھەسەنجان قاتىل ئەمەس! ساقچىنىڭ يازغان ماتېرىيالىدا ھەسەنجاننى قاتىلنى پاش قىلدى، شۇ ماتېرىيال بويىچە قاتىلنى ئىزدەپ تاپتۇق، ھەسەنجاننىڭ قاتىل بىلەن ئالاقىسى يوق دېيىلگەن تۇرسا، نېمە ئۈچۈن پاكىت بۇرمىلىنىپ كېتىدۇ؟ بۇ قانۇنغا ئۇيغۇن ئەمەس! دېگەن. نەق مەيداندا سوتچى، تەپتىش، ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىگەن. بىزنى يېپىق سوت مەيدانىغا بارغۇزمىدى. بىز بىر كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يولدا تۇردۇق. ئۇلارنى سوت مەيدانىغا ئەكىرىشتە كۆزلىرىنى قارا لاتا بىلەن تېڭىپ، قوللىرىغا كويزا سېلىپ، بىر-بىرىگە چېتىپ ئېلىپ كىرگەن. ئاقلىغۇچىلارنىڭ پىكرى بىلەن كۆزلىرىنى يېشىپ قويغان. بۇ قېتىمقى ئادۋوكاتلار ئۇرۇمچىدىن، ئىلىدىن، قورغاستىن تەكلىپ قىلىنغانلار ئىدى.

بۇ يېپىق سوت ئېچىلغان ۋاقىت بەشىنچى ئاي مەزگىلى ئىدى. يېپىق سوت ئېچىلىپ تۆت ئايدىن كېيىن، يەنە توققۇزىنچى ئايدا ئىلى ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوتتىن 37 بالىنىڭ سوت ھۆكۈمى كەلدى. بۇنىڭدا يەتتە بالىغا ئۆلۈم جازاسى، ئىككى بالىغا ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئۆلۈم جازاسى، ئىككى بالىغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى، قالغانلىرىغا يىگىرمە يىلدىن تارتىپ ئاخىرى ئىككى يىلغىچە مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان ئىكەن.

ھەسەنجانغا بولسا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش، مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىپ سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش، يەتتە يىللىق قاماق جازاسى بېرىش دەپ ئۈچ خىل جازاغا ھۆكۈم قىلىنغان ئىكەن.

تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلۈشى مۇنداق: ـمەن ئىزاھلاپ ئۆتەي ـ ، قەستەن ئادەم ئۆلتۈردى، قاتىلنى قاتىللىق قورالى بىلەن تەمىنلىدى دەپ ئۆلۈم جازاسى؛ قورال ـ ياراق ياسىدى، توشىدى دەپ مۇددەتسىز قاماق جازاسى؛ تەبلىغ سۆزلىدى، دەپ يەتتە يىللىق قاماق جازاسى؛ ھەممىسىنى يىغىپ ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن مەڭگۈلۈك مەھرۇم قىلىش دەپ يېزىلغان بولۇپ، ھۆكۈم ئېلان قىلىنىپ ئون كۈن ئىچىدە نارازىلىق بولسا يۇقىرى سوتقا ئەرز قىلساڭلار بولىدۇ دېيىلگەن. نەق مەيداندا ئا مۇئەللىم بىلەن ھەسەنجان: «ھۆكۈم خاتا! نارازىلىق بىلدۈرىمىز! ئەرز قىلىمىز!» دېگەن. شۇنداق قىلىپ ئەرزنى جىنايەتچى ئۆز قولى بىلەن يېزىشى كېرەك ئىكەن. يۇقىرى ـ تۆۋەن قاتراپ يۈرۈپ ئارىدىن تۆت كۈن ئۆتكەندە ئەرزنى ئاران تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئۇنى كۆپەيتىپ بىر نۇسخىسىنى ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوتقا بېرىپ، بىر نۇسخىسىنى ئاقلىغۇچىغا بېرىپ، بىر نۇسخىسىنى ئۈرۈمچىگە يۇقىرى سوتقا ئۆزۈم ئېلىپ باردىم. يۇقىرى سوتنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرمەك جەننەتكە كىرمەكتىنمۇ تەس ئىكەن. ئاخىرى بىر ئاغىنەمنىڭ ئوغلىنىڭ ياردىمى بىلەن كىرىپ، يۇقىرى سوتنىڭ رې ئەپەندى دېگەن باش باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەرزنى بېرىپ ئەھۋالنى ئەينەن ئېيتتىم. ئۇنىڭ پىكرى: «بىز ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرىمىز، بىر نەچچە كۈن ئىچىدە بارىدۇ، تەكشۈرۈلۈپ كەلگەندىن كېيىن بىر نەرسە دەيمىز. قايتىپ كۈتۈپ تۇرۇڭ» دېگەن بولدى.

قورغاسقا كېلىپ بىر ھەپتە بولغاندا يەتتە كىشىلىك بىر گۇرۇپپا ئادەم كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭغا ئا ئەپەندى دېگەن يۇقىرى سوت جىنايى ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى باش بولۇپ كېلىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم. ئۇلارنىڭ چۈشكەن جايى پالانى مېھمانخانىسى ئىكەن دەپ ئاڭلاپ، ئەتىسى بىر مۇناسىۋەتلىك ئىنىمىزنىڭ ياردىمى بىلەن ئا ئەپەندىنى بىر رېستوراندىن تاپتىم. قولۇمدىكى ئەرزىنىڭ بىر نۇسخىسىنى بېرىپ ئەھۋالنى ئۇقتۇردۇم. ئۆزۈمنى توختىتالماي: «خالىس ئىش قىلىپ قويۇڭ، سىزنىڭمۇ بالا-چاقىلىرىڭىز باردۇ، مەندىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانا...» دەپ يىغلاپ كەتتىم. ئۇ تەسىرلەنگەن بولسا كېرەك، «كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، توغرا ئىشلەيمىز، خاتىرجەم بولۇڭ، قورغاسقا ئىككى كىشى كەتتى، شۇلار بىلەن كۆرۈشۈڭ. مەن ئىككى كۈندىن كېيىن بارىمەن. مەنمۇ سۈرۈشتۈرەي» دەپ مېنى يولغا سالدى.

قورغاسقا قايتىپ كېلىپ بۇ ئىككى كىشىنى سۈرۈشتە قىلسام، تۈرمە ئارىلىقى يىراق ئىكەن دەپ، تۈرمىدە ياتاق تۇتۇپ شۇ ئورۇندا يېتىپ تەكشۈرۈۋاتىدۇ دەپ ئاڭلىدىم. شۇنىڭ بىلەن تۈرمىگە چىقىپ ئۆزۈم سېپتىۋالغان گۇندىپايدىن ئەھۋال ئىگەللىسەم: «ئە ئەپەندى تەكشۈرۈۋاتىدۇ، بىرى خاتىرە يازىدۇ، ھەسەنجاننى ئەتە سوراق قىلىش ئېھتىماللىقى بار» دېدى.

ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، قاچان تاڭ ئاتا؟ ئەتە بالامنى دېرىزىدىن بولسىمۇ بىر كۆرەرمەنمۇ؟ تەكشۈرگۈچىگە ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتالارمەنمۇ؟ ۋاقىت قىس دېمەي پىكرىمنى تولۇق ئاڭلارمۇ؟ دېگەندەك ئەندىشىلەر بىلەن تاڭنى ئاران ئاتقۇزدۇم. ئەتىگەندە ئاقلىغۇچىنى ئېلىپ تۈرمىگە چىقتىم. ئاقلىغۇچى تۈرمىگە كىرىپ كەتتى. مەن دەرۋازىنىڭ تېشىدا قالدىم. بىر سائەتتەك ۋاقىتتىن كېيىن ئاقلىغۇچى چىقىپ: «ئەرزنى بەردىم،

ھەسەنجاننى سوراق قىلىۋېتىپتۇ. رەسمىي كىنىشكىسى بار ئاقىلغۇچى بولمىسا بولمايدۇ دەيدۇ، دەپ كۆڭلى يېرىم قايتىپ چىقىپتۇ.» ئۇنىڭغا: «ئۇنداقتا سىز مۇشۇ مەن ياللىغان ماشىنا بىلەن قايتىڭ. مەن ئوغلۇمنى چوقۇم تاماققا ئېلىپ چىققاندا بولسىمۇ سىرتىدىن بىر كۆرۈۋالاي» دەپ تۇرمە ئىشىكىدە قالدىم.

ئوغلۇم بىلەن كۆرۈشمىگىنى بىر يىل بولغان ئىدى. ئۇزاق ساقلىدىم. بىر سائەت بىر يىلدەك بىلىنىپ كەتتى. تۇرمە تەرەپتىن شۇنداق بىر ئادەم چىقسا دەرھال دەرۋازا ئالدىغا بارىمەن. بىر بىرنەچچە بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى توپلىنىپ قالدۇق. سائەت 11:30 بولسا كېرەك، بىر ۋاقىتتا ھەسەنجاننى ھېلىقى سوراقچى ھەيدەپ چىقتى. قارىسام پۇتىدا يوغان كىشەن، ئوتتۇرىدىن يىپ بىلەن باغلاپ بىر قولىدا كۆتۈرۈۋاپتۇ. ئۇنداق قىلمىسا مېڭىش ئىمكانىيىتى يوق ئىكەن. ئوغلۇمنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدىم. ئوغلۇم مېنى كۆرۈپ ئېگىلىپ سالام بېرىپ ئوبۇرنى تەرەپكە ھېلىقى ئادەم بىلەن بىرگە ماڭدى. مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي: «ئاھ! ئوغلۇم ھەسەنجان! بۇ نېمە خورلۇق!» دەپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتىم. ئەتراپىمدا تۇرغان ماڭا ئوخشاش دەردمەن ئەر-ئاياللار ماڭا تەسەللى بېرىۋاتىدۇ. ئۇلارمۇ مېنىڭ ھالىمغا قاراپ ماڭا جور بولۇشۇپ يىغلاپ كەتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭمۇ يۈرەك پارىسى ئاشۇ قارا دەرۋازىنىڭ ئىچىدە ئىدى.

بىر ۋاقىتتا ھېلىقى سوراقچى ئوغلۇمنى دەرۋازا تەرەپكە ھەيدەپ ئەكەلدى ۋە: «ھەسەنجاننىڭ دادىسى قايسىڭلار؟» دەپ سورىدى. دەرھال: «مەن!» دەپ جاۋاب بەردىم. گۇندىپايغا: «دەرۋازىنى ئاچ» دېدى. دەرۋازىنى ئاچقاندىن كېيىن، ئۇ: «كىرىڭ، ئوغلىڭىز بىلەن كۆرۈشۈڭ» دېدى. بېرىپ ھەسەنجاننىڭ بويىنىغا

ئېسىلىپ ئەھۋال سورىدىم. ئوغلۇمدا بىرخىل قەيسەرلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدا ئۇمىدسىزلىكمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۆزىنى ساغلام، ئەينەكتەك يارقىن تۇتاتتى. چىرايىنىڭ كۆن كۆرمەي ساغىرىپ كەتكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئاللاھ ئۇنى ياخشى بەندىلىرى قاتارىدا ساقلىغان ئىدى. ئۇ كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئاپىسىنى، ئايالىنى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى، تېخى يۈز كۆرۈشۈپ باقمىغان، تۇغۇلۇپ سەككىز ئايلىق بولغان ئوغلىنى سورىدى. ئىككىمىز بىر-بىرىمىزگە تويماي پاراڭلاشتۇق.

ئاخىرى ھېلىقى سوراقچى: «ئەمدى بولدى قىلىڭلار! يۈر ھەسەنجان، ئىدارىگە كىرەيلى» دېدى. مەن ئۇنىڭغا كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈردۈم. ئۇ يىگىتنىڭ تۇرىقىدىن قارىغاندا ھەسەنجان بىلەن بىر تەگتۇشتەك قىلاتتى. ئۇنىڭ بىر نەچچە قەدەم مېڭىپ ئوغلۇمدىن: «داداڭ يالغۇز كەتتىمۇ؟» دەپ سورىغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. ھەي ئىست، ئانىسىنىمۇ بىرگە ئېلىپ چىقسام بوپتىكەن، ئوغلىنى بىر كۆرۈۋالار ئىكەن دەپ ھەسرەت چەكتىم. ئامال يوق، ئۇلار ئىدارىگە كىرىپ كەتتى. مەن ئويلىدىم، سوتچىلار ئارىسىدىمۇ ياخشى ئىنسانلار بار ئىكەن. بىر يىلدىن بىرى قورغاس ساقچىسىدىكى، سوتتىكى، تەپتىشتىكى ئەمەلدارلار ۋە باشلىقلارغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئوغلۇمنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغان ئىدىم. بۇ سوراقچى ھەجەپ ياخشى ئىكەن. ئوغلۇمنى كۆرۈشتۈرۈپ قويدى دەپ ئاللاھتىن ئۇنىڭغا ئىنساب تىلىدىم.

يېنىمدا تۇرغان ماڭا ئوخشاش بالىسىنى كۆرەلمەي نادامەت چېكىۋاتقانلارمۇ: بىزنى بالىمىز بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ قويارمۇ؟ ئەجەب ئوبدان بالا ئىكەن. دەپ ئېغىزى-ئېغىزىغا تەگمەي ماختىشىپ كېتىشتى. مەن ئوغلۇم بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمنى ئۆيدىكىلەرگە

ئېيتىشقا ئالدىراپ قايتتىم. ھەسەنجاننى بىر كۆرۈش، ئۇنىڭ سالامەت ئىكەنلىكىنى بىلىش بىزنىڭ ئائىلىمىزنىڭ چوڭ ئارزۇسى ئىدى. مەن خۇشخەۋەر سۈپىتىدە ئۆيگە كېلىپ ئانىسىغا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا تۈرمىدىكى ئىشلارنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بەردىم. ئۇلار سوراقچىنى كۆرمىسىمۇ، ھەسەنجاننى ماڭا كۆرۈشتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئاسمانغا چىققاندەك خوش بولۇپ ئۇنىڭ ئىنسابىغا دۇئا قىلىپ كەتتى.

ھەسەنجاننىڭ «قاتىللىق ۋەقەسىگە چېتىشلىق قاتىل» دەپ ئەيىبلىنىشىدىكى سەۋەب مۇنداق تۆۋەندىكىدەك بولۇپ، بۇنى ھەسەنجان نارازىلىق خېتىدە ئېنىق قىلىپ يېزىپ چىقارغان ئىكەن:

1997-يىلى 5-ئايدا ھەسەنجان ئۆزى بىلەن بىر سەپتىكى ئالتە-يەتتە ياش يىگىت ناھىيە بازىرىدىكى گۈللۈك يېنىدا پاراڭلىشىپ تۇرغاندا، ئارىدىن ئا ئەپەندى دېگەن بالا «ھازىر مۇناپىقلار يامراپ ياشلارنى ساقچىغا مەلۇم قىلىپ تۈرمىگە تاشلاتقۇزۇۋاتىدۇ، بۇلارنى قانداق قىلساق بولار؟» دېگەن سۆزنى ئېيتقان، ئۇلارمۇ ئۆزئارا كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ھەسەنجان بۇنىڭغا قارىتا مۇنداق دېگەن: «مەن قۇرئاندا مۇنداق بىر ئايەتنى كۆردۈم، مۇناپىقنى جازالاشتا ئۇنىڭ پاكىتى تولۇق، دەلىل-ئىسپاتى يېتەرلىك بولسىلا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەك بولىدۇ، دېگەن ئىكەن». سا مىگزىدىن كەلگەن ن ئەپەندى: «يۇقىرىدا مەن تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىبراھىم ئاخۇن نەق مۇناپىق بولۇپ، نۇرغۇن ياشلارنى ساقچىغا مەلۇم قىلىپ تۇتقۇزدى، يەنە شۇ ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىدۇ. مېنىمۇ نەدە كۆرسە، ئۆزۈڭنى بىلىپ يۈر قارىم موللام، دەپ مازاق قىلىدۇ، ئۇ نەق مۇناپىق» دېگەن.

بۇنىڭغا ھەسەنجاننىڭ بەرگەن جاۋابى: «سىنىڭ ئۇنىڭدا شەخسىي ئۆچ-ئاداۋىتىڭ بار ئوخشايدۇ، شەخسىي ئۆچ-ئاداۋەت بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش گۇناھ بولىدۇ».

بۇ يەردىكى شەخسى ئۆچ-ئاداۋەت دېگەن سۆزنى قانۇن ئورۇنلىرى ئىناۋەتكە ئالماي، «قۇرئاندا ئادەم ئۆلتۈرسە بولىدۇ، دېگەن ئايەتنى دېمىگەن بولساڭ، ئۇلارمۇ ئادەم ئۆلتۈرمەيتتى» دەپ تونۇۋالغان ۋە «بۇ بىرلىشىپ ئادەم ئۆلتۈرۈش» دەپ دېلو تۇرغۇزۇۋالغان.

ھەسەنجان بۇ ئىشتا باشتىن-ئاخىر قايىل بولماي، نارازىلىق بىلدۈرۈپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ كەتتى. ئەسلى ئىبراھىم ئاخۇننى شۇنىڭ بىلەن بىر دادۇيدە تۇرغان ن ئەپەندى بىلەن ئۇ ياللىۋالغان ئا ئەپەندى ئىككىسى يەكشەنبە كېچىسى كىرىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇلار تۇتۇلغاندىن كېيىن، ئېنىقلاش جەريانىدا «ئىبراھىم ئاخۇننى ھەسەنجاننىڭ قۇرئان تەپسىرى بىلەن ئۆلتۈردۇق» دېگەن.

كېيىن يىپىق سوت ئېچىلىپ ئۇلار يۈزلەشتۈرۈلگەن، ئۇلار ئۆز پىكىرلىرىنى ئوخشاش قويۇشقان. ئاقلىغۇچىلارمۇ ئۆز ئاقلاشلىرىنى ئېيتىپ ئۆتكەن.

كېيىن ئۇ ئىككىسى بۇ ئىشتا ھەسەنجاننىڭ يوقلۇقىنى، ن ئەپەندى: «ئەسلى مېنىڭ ئىبراھىم ئاخۇننى ئۆلتۈرۈش نىيىتىم بار ئىدى، شۇڭا ئا ئەپەندىنى باشلاپ چىقىپ بىرلىكتە ئۆلتۈردۇق، قاتىللىق قورالى ئەسلى يېنىمىزغا ئېسىپ يۈرىدىغان پىچاق، يۈزىمىزگە تارتقان پايپاق ۋە قول چىراغ قاتارلىق نەرسىلەرنى بازاردىن سېتىۋالغان» دەپ سوت مەيدانىدا ئېنىق قىلىپ جاۋاب بەرگەن.

شۇنداق بولسىمۇ، لېكىن قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تەپتىش مەھكىمىسىدىكى قارىلىغۇچى، يۇقىرىدا مەن ئىسمىنى ئاتاپ ئۆتكەن ئۈچ كىشى يازغان ماتېرىيالنى ئاساس قىلماستىن، ئاقلىغۇچىلارنىڭ ئاقلاپ قىلغان سۆزىنى نەزەرگە ئالماي ھۆكۈم قىلدى. ئۇلار ئۈچۈن بىر نەچچە ئادەمنى ناھەق ئۆلتۈرۈش ھېچ گەپ ئەمەس ئىكەن.

ھەسەنجاننىڭ قاتىللىق ئىشىغا چېتىلىپ قىلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب يۇقىرىدىكى ئىش ئىدى.

ئەمدى ئەسلى گەپكە كېلەيلى، ئۈرۈمچى يۇقىرى سوتتىن كەلگەن يەتتە كىشى ئىلى ۋىلايىتىدە ئىككى ئايدىن ئوشۇق تۇرۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ قايتىش ۋاقتى كەلگەندە، مەن ھېلىقى يۇقىرى سوت جىنايى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئا ئەپەندى بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇنىڭ ماڭا دېگىنى: «سىزنىڭ ئوغلىڭىزنىڭ تەكشۈرگەن ئەھۋالدىن ئىگىلىگەن دەلىل-ئىسپاتتىن قارىغاندا ئۆلۈم جازاسى ئەمەس، بەلكى مۇددەتسىز قاماق جازاسىمۇ كەلمەيدىكەن» دەيدۇ، خاتىرجەم بولۇڭ دېگەن ئىدى.

بۇنداق خۇلاسە چىقىرىشتىكى سەۋەب، يۇقىرىدا مەن ئېيتىپ ئۆتكەن ئىككى سوتتىكى ئىككى ئاقلىغۇچى ھەسەنجانغا مۇناسىۋەتلىك دەلىل-ئىسپاتلارنى تولۇقى بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان، دەلىل-پاكىتلار ئېنىق ئىدى.

ئۇلار ئۆزلىرىمۇ قاتىل بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ خاتىرە قالدۇرۇپ ئېلىۋالغان ئىدى. ئۇلار قايتىپ كېتىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن 37 بالىنىڭ ھۆكۈمى قايتا كەلدى، بۇ ئىش ناھايىتى مەخپىي تۇتۇلۇپتۇ، ھەتتا 37

بالىغا سوت ئېچىلغان 1999-يىلى 1-ئاينىڭ 25-كۈنى ئەتىگەن سائەت سەككىزگىچە مەخپىي تۇتۇلغان.

1999-يىلى 1-ئاينىڭ 25-كۈنى يەنى يەكشەنبە كۈنى سەھەر سائەت ئۈچ بولغان ۋاقىتتا تالادىن بىرنى چاقىرغان ئاۋاز ئاڭلاندى، مەن چىقىپ قارىسام تالادا بىر نەچچە كىچىك ماشىنا، ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىر نەچچە ئادەم تۇرىدۇ.

- كىم سىلەر؟ نېمە ئىشىڭلار بار؟ - دېسەم، ئۇلار:

- سىلەرنى چاقىرغىلى چىقتۇق، ئوغلۇڭلار بىلەن كۆرۈش-تۈرىدىكەن، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن:

- سىلەرنىڭ نېمانچە رەھىمسىڭلار كېلىپ كەتتى، كېچىدە كۆرۈشتۈرگۈدەك، ئىككى يىل بولدى سىلەرگە يالۋۇرۇپ يۈرگەن ئىدۇق، - دېسەم، ئارىدىن بىرى يېقىن كېلىپ:

- بىزمۇ تازا بىلىپ كېتەلمىدۇق، بارسىڭىزلا بىلىسىز، - دېدى.

قارىسام بىر ئاغىنەمنىڭ ساقچى ئوغلى ئىكەن. ئۆيگە كىرىپ تۇر! مەن كىيىمىمنى كىيىۋالاي! دەپ، ئۇنى ئۆيگە باشلاپ كىردىم. كىيىمىمنى كىيگەچ:

- زادى نېمە بولدى؟ راست گەپ قىل ئوغلۇم، ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتىمۇ؟ ياكى تۈرمىنى بۇزۇپ قېچىپتىمۇ؟ ياۋاشلىقچە ئۆلگۈچە ساقچىلار بىلەن ئېلىشىپ ئۆلەي، دەپ ساقچىلار بىلەن ئېلىشىپ ئۆلۈپتىمۇ؟ - دەپ سورىدىم.

- ياق، ئۇنداق ئىش يوق، كۆرۈشتۈرىدىكەن. نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىزمۇ بىلمىدۇق، - دەپ جاۋاب بەردى.

ئايالىنى ئېلىۋالايلى دېسەم ماشىنىدا ئورۇن يوق. ئىككىنچى

ئىش، باشلىق ئاتا-ئانىسىدىن باشقا ئۇرۇق-تۇغقان ۋە باشقا كىشى ئەكېلىشكە بولمايدۇ دەپ بۇيرۇغان، بىزدىمۇ ئامال يوق، دەپ تۇرۇۋالدى.

ئامال يوق ئەر-ئايال ئىككىمىز ماشىنىغا چىقتۇق، لېكىن مەندىكى گۇمان تېخىچىلا بار ئىدى، بىزنى تۈرمە ھويلىسىغا ئېلىپ كىردى، ئۇ يەردىكى ئىشخانىدا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان باللارنىڭ ئاتا-ئانىسى تۇرۇپتۇ، ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ بىردەم ئولتۇردۇق. بىر قانچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بىر نەچچە ئاتا-ئانا كىرىپ كەلدى، قارىسام ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان باللارنىڭ ئاتا-ئانىسى تولۇق بولدى، مەن بۇرۇنقى ھۆكۈم كۈچكە ئىگە بولغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم. يۇقىرى سوتنىڭ كېلىپ تەكشۈرۈشى بىر شەكىل ئوخشايدۇ. ئا ئەپەندىنىڭ ماڭا ئېيتقان ۋەدىسى يالغان بولدى، دەپ ئويلىدىم.

ئۆي ئىچىدە بىزگە قارايدىغان ساقچىلار خىلى بار ئىدى، ئۇلار نۆۋەت بىلەن كىرىپ-چىقىپ تۇراتتى. مەن: نېمە ئۈچۈن بىزنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدىڭلار؟ نېمشقا بۇ يەردە ئۇن-تۈنسىز ساقلاپ ئولتۇرىمىز؟ باللىرىمىز بىلەن كۆرۈشتۈرمەكچى بولساڭلار كۆرۈشتۈرمەمسىلەر؟ - دېدىم.

بىر ۋاقىتتا تۈرمە باشلىقى ۋىي ئەپەندى كىرىپ: بىردەم ساقلاڭلار، باللار ئۆزلىرىنى مۇنچىغا سېلىۋاتىدۇ، ئۇلار چىققاندىن كېيىن كۆرۈشتۈرىمىز، - دېدى.

گۇمانىم تېخىمۇ ئاشتى، ئەجەبا نېمە ئۈچۈن بۇ ئىش شۇنچە مەخپىي تۇتۇلدى، مەن تېخى تۈنۈگۈن ئاقلىغۇچىغا تېلېفون قىلىپ، بالامنىڭ ئۆلۈمچىدىن ھۆكۈمى كەلدىمۇ؟ دەپ سورىسام،

- ياق كەلمەپتۇ، بۈگۈن سورۇشتۇردۇم، - دەپ جاۋاب بەرگەن

ئىدى.

ئەجەبا ئۇلارمۇ ئۇقماي قالارمۇ؟ دەپ ئويلىدىم.

شۇ ۋاقىتتا بىر ساقچى كىرىپ شى مۇئەللىمنىڭ ئۆيدىكىلىرى چىقىڭلار، دەپ ئۇلارنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

بىز تەقەززالىق ئىلكىدە ئولتۇرالماي قالدۇق، بۇنداق تەقەززالىقنى ئاللاھ بەندىسىگە زادىلا كۆرسەتمىسۇن. مەندە قان بېسىمى بار ئىدى. يانچۇقۇمدىكى دورىدىن ئىككى تال ئېلىپ ئاغزىمغا سالدىم.

بىر ساقچى تالاغا چىقىپ كىرىپ:

- دورىنى ماڭا بېرىڭ، - دەپ سورىدى. مەن دورىنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭغا:

- بۇ ئادەم ئۆلتۈرىدىغان دورا ئەمەس، قان بېسىم دورىسى مەن ئىككى تال ئىچتىم، مېنى ئۆلۈۋالىدۇ دەپ ئويلاۋاتامسەن خاتىرجەم بول ئۆيدە قالغان بالام بار، ئۇلارنى بېقىشىم، تەربىيەلىشىم كېرەك، مەن ساراڭ ئەمەس ئۆزلۈكۈمدىن ئۆلۈۋالىدىغان، باشلىقىڭغا ئېيت خاتىرجەم بولسۇن، مەن دورا ئىچىپ ئۆلۈپ بەرمەيمەن، دېدىم.

ساقچى مېنىڭ دورىنى بەرمەيدىغانلىقىمغا كۆزى يەتتى بولغاي شۇنىڭ بىلەن بېسىقتى. ئارىدىن 20 مىنۇت ئۆتتى بولغاي ئەر-ئايال ئىككىمىزگە نۆۋەت كېلىپتۇ.

ئىككىنچى قېتىم بىزنى ئېلىپ چىقىپ، بىر ئۆيگە ئېلىپ كىردى. ئۆينىڭ ئىچىدە لىق ساقچى، ھەسەنجاننىڭ پۇتىدا كىشەن، قولىنى كەينىگە قىلىپ كويزا سېلىپ قويۇپتۇ.

ئوغلۇم بىزنى كۆرۈپ سالام بېرىپ ئامانلاشتى، ئانىسى

بىر يىلدىن ئۇشۇق كۆرۈشمىگەنلىكى ئۈچۈن بىرىپ ئىسلىپ يىغلاپ، ئايرىلغىلى ئۇنىمىدى. بالامنىڭ ئورنىغا مىنى ئىتىڭلار، ئۇ گۇناھسىز، دەپ نالە قىلىپ يىغلاپ زارلاندى.

بىزگە بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىت 15 مىنۇت بولغانلىقى ئۈچۈن، مەن ئانىسىنى تەستە ئاجرىتىپ ھەسەنجاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى يۈرەك سۆزىنى ئاڭلىۋالايلى، ۋاقىت توشۇپ كەتسە ئاڭلىيالماي قالىمىز دەپ تەسەللى بەردىم. ھەسەنجان ئەڭ ئاخىرقى ئارزۇ-ئارمانلىرىڭنى ئىيت، ئارمان بىلەن كىتىپ قالما،- دىدىم. ھەسەنجاننىڭ دىگەن سۆزى:

1. مىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى، ئىجرا قىلغاندىن كىيىن جەسىتىمنى بەرسە ئىلىڭلار، بەرمىسە تالاشماڭلار. جەسىتىمنى چۆلگە تاشلاپ قارغا-قۇزغۇنغا يىگۈزۈۋەتسىمۇ، بىزنىڭ روھىمىز ئالللاھنىڭ دەرگاھىغا بىرىپ بولىدۇ، خاتىرجەم بۇلۇڭلار، دىدى.

2. مىنى مۇشۇ ھالىتىم بويىچە يەرلىككە قويۇڭلار، سۇغا ئالىمەن، كىپەنلەيمەن دەپ يۈرمەڭلار. مەن پۈتۈن ئىشنى پۈتتۈرۈپ ئالللاھنىڭ دەرگاھىغا بىرىشقا تەييارلىنىپ تۇردۇم، دىدى.

3. مەن ئۆلگەندىن كىيىن يىغلىماڭلار، ماڭا ئازاب قىلىسلەر، نەزىر-چىراغ قىلىمەن دىمەڭلار، بۇ ئىش قۇرئاندا يوق، يوق ئىشنى قىلىمەن دەپ گۇناھكار بولماڭلار، دىدى.

4. بالامنى ياخشى ئوقۇتۇڭلار، يەنى پەننى مەكتەپنى، دىننى مەكتەپنى ياخشى ئوقۇسۇن، ياخشى ئادەم قىلىپ تەربىيەلەڭلار، دىدى.

5. مەن سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلارنى ياخشى قىلالمىدىم، باللىق بۇرچۇمنى ئادا قىلالمىدىم، مەندىن رازى بولۇڭلار، ئۆزۈڭلارنى

ياخشى ئاسراڭلار، مەن قولغا ئېلىنغاندىن بىرى يېزىم ئېتىڭلاردىن سىزىپ كېتىپسىلەر، قالغان قېرىنداشلىرىمغا ساڭا ئوخشاش ئانا لازىم، ئانا، دېدى.

6. ئاتا-ئانا مەن سىلەرگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلمىدىم. مەن گۇناھسىز، مېنىڭ ئاللاھنى بىر دەپ تونۇغان گۇناھىمغا ئاللاھ خالاپ ماڭا جەننەت ئاتا قىلسا شۇ كۇپايە، باشقا ئارزۇ-ئارمانىم يوق، دېدى.

شۇنىڭ بىلەن بىز ئۆز ئارزۇيىمىزنى ئېيتتۇق، ۋاقىت تېز ئۆتىدىكەن. ۋاقىت توشتى دەپ ھەسەنجاننى ئېلىپ ماڭدى. مەن ئالدىغىراق ئۆتۈپ، ئوغلۇم، مەن بارلىق تىرىشچانلىقىمنى كۆرسەتتىم، ئامال قىلالمىدىم، ئاتىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلالمىدىم، مەندىن رازى بول، ئاخىرقى قېتىم سېنى بىر سۆيۈۋالاي، دەپ پېشانىسىگە بىرنى سۆيۈۋالدىم. دادا، ساڭا رەھمەت، كۆپ ئەرزىيەت چەكتىڭ، مەن سەندىن رازى، مەنمۇ سېنى بىرنى سۆيۈۋالاي، دەپ ئوڭ مەڭزىمگە بىرنى سۆيۈپ قويدى. ئوڭ مەڭزىمدىن ھازىرمۇ ھەسەنجاننىڭ پۇرىقى كېلىدۇ، ھەسەنجاننى ئېلىپ ماڭغاندا يۈرىكىمنى ئامبۇر بىلەن سۇغۇرۇپ ئېلىۋالغاندەك، جېنىم تېنىمگە سىغماي قالدى. ئانىسىنىڭ زارلىشىنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايتتى، چۈنكى تاڭ ئاتسا ھەسەنجان بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالىشاتتى. بۇ ئىشنى ئويلىسام بۇ دۇنيادا مەن بارمۇ-يوق بولۇپ كېتىمەن، شۇ ۋاقىتتىكى ھالىمىزنى كۆرسە ھەرقانداق بىر ۋىجدان ئىگىسى چىداپ تۇرالمايتتى.

تاڭمۇ ئاتتى، تۈرمىنىڭ ئىچى ساقچى ماشىنىسى بىلەن تولدى، 37 بالىنى ماشىنىغا ئېلىپ ئوچۇق سوت مەيدانىغا ئېلىپ كەتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا سوت ئەمەس، مەخپىي ھۆكۈم قىلىنغان بۇ بىگۇناھلارنى باشقىلارغا سازايى قىلىش ئۈچۈن

مەيدانغا ئېلىپ كەتتى. بىزگە ئەڭ ئېغىر كەلگىنى شۇكى، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان 7 بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى مەجبۇرىي ھالدا تۈرمىگە سولاندۇق، تاكى 7 بالىنى ئىجرا قىلىپ، قالغان 30 بالىنى تۈرمىگە قايتۇرۇپ كەلگۈچە، تۈرمىدە تۇردۇق. ساقچىلار ۋەزىپىلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، بىزگە: «ئەرلەر ماشىنىغا چىقىڭلار، نەق مەيدانغا ئاپىرىمىز» دەپ بىزنى ماشىنىغا چىقىرىپ، باللارنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن يەرگە ئېلىپ باردى. بىز بارغاندا ساقچى، ھەربىي ماشىنا، بىرونېۋىك دېگەن نەرسىلەر بۇ مەيدانغا تولۇپ كېتىپتۇ.

بىرمۇ پۇقرا يوق، بىز بارغاندىن كېيىن باللارنىڭ جەسىتىنى پۈتىدىن سۈرەپ يەرلىك بېشىغا ئەكېلىۋاتقان ۋە كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋاتقان ئىكەن، مەن بىر ئۇيغۇر ساقچىدىن ۋىلايەتتىن كەلگەن باشلىق، ۋالىي قايسى؟ـ دەپ سورىدىم. ئۇ بىر كىشىنى كۆرسەتتى. تەلەپپۇزىدىن قارىغاندا خوْيزۇ ئوخشايدۇ، مەن ئۇنىڭغا: بىزنىڭ قائىدىمىزدە ئۆلۈكنى پۇتىدىن سۆرەيدىغان ئىش يوق، ئۆزۈم ئەكېلىۋالاي. يەنە بىر ئىش، بىز باللارنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە كىيىم بىلەن قويىمىز، كىيىمنى سالدۇرسا بولمايدۇ،ـ دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە پۇتىدىن سۆرەپ ئەكېلىۋاتقان جەسەت سۆرەشتىن توختىدى، كىيىمنى سالدۇرۇۋاتقانلارمۇ كىيىمنى سالدۇرۇشتىن توختىدى.

مەن جەسەت تەرەپكە يۈگۈرۈپ ماڭدىم، مۆجىزىدەك ئىش يۈز بەردى، ھەسەنجان تېخى ھايات ئىدى، ئۇ ماڭا قارىدى: خۇددى خوش، ئەلۋىدا دادا! دېگەندەك قىلاتتى. ئەمما دەھشەت، ئەڭ ۋەھشىي بولغىنى شۇكى، مېنىڭ كۆز ئالدىمدا مەندىن ئايرىلىشقا كۆز قيماي تۇرغان ئوغلۇمغا يەنە بىر پاي ئوق ئېتىلدى... ئاھ خۇدا، مەن قانداق قىلاي، ئۆملەپ بېرىپ تېخى ئىسسىقى

كەتمىگەن ئوغلۇمنىڭ بەدىنىگە ئۆزۈمنى تاشلىدىم... مەن يەرلەرنى تاتىلىدىم... يۈز-كۆزلىرىمنى تىرناقلىدىم... ئاسمانغا قاراپ ۋارقىرىدىم... ئى خۇدا! مېنىڭمۇ جېنىمنى ئالغايسەن، مەن چىدىمىدىم... دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئازاب بولماس. شۇنىڭ بىلەن جەسەت بىزنىڭ ئىختىيارىمىزغا تاپشۇرۇلدى، مەن كېيىن قارىسام ھەسەنجاننىڭ تېشىدىكى چاپىنى سالدۇرۇلۇپ باشقا كىيىمى سالدۇرۇلمىغان ئىكەن، كۆزىنى غوۋۋا ئېچىپ بۇ دۇنيادىن ئۈمىدىنى ئۈزەلمىگەندەك ئاسمانغا قاراپ ياتقانىكەن.

مەن يەنە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتىم. ئوغلۇمنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتىگە قاراپ، قىپقىزىل قانغا مىلەنگەن جەستىگە قاراپ: «ئەي ئوغلۇم! بۇ دۇنيانىڭ راھىتىنى كۆرمىگەن ئوغلۇم... ئۆزۈڭنىڭ بالىسىنى بىر قېتىم ئوغلۇم دېيەلمىگەن ئوغلۇم... تېخى 3 سائەت ئىلگىرى ھايات ئىدىڭ ئەمەسمۇ... بىزگە بىر ئوبدان نەسىھەت قىلغان ئەمەسمۇ... دەپ زار-زار يىغلىدىم ۋە كۆزى ئۈستىگە قولۇمنى قويۇپ تۇرۇپ رازىلىق بىلدۈردۈم، ئەتىگەنكى ۋەسىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ يىغلىدىم، مېنىڭ يىغامغا جور بولغۇدەك بىرمۇ شەپقەتچى كۆرمىدىم، تۇرغانلاردىن شەپقەت تىلەش ماڭا ئۆلۈمدىنمۇ نومۇس ئىش ئىدى، مۇنداق قىلسام ھەسەنجانغا يۈز كېلەلمەيتتىم، شۇڭا ئۆزۈمگە ئۆزۈم مەدەت بەردىم، ئوغلۇم بىر تامچە ياش تۆكمەي باتۇرلارچە ئۆلۈۋاتسا، سەن نېمىدەپ يىغلايسەن؟ سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭنى ئىت يەپ كەتكەنمۇ؟ شۇ چىداملىق ئوغۇل، سېنىڭ ئوغلۇڭ ئەمەسمۇ؟ شۇنداق، ئوغلۇڭدىن ئوغلۇڭ ئۆزى ئېيتقاندەك پەخىرلەنسەڭ بولىدۇ، دەپ ئۆز-ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم. شۇنىڭ بىلەن نامىزىنى چۈشۈرۈپ يەرلىككە ئۆز كىيىمى بىلەن قويدۇق.

ئىلاۋە: كېيىنكى يىللاردا خىتاي تېخىمۇ غالجىرلىشىپ، ئۆلۈم

جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ جەسەتلىرىمۇ ئائىلىسىگە بەرمىگەن. ھەتتا نامىزىنى چۈشۈرۈشكىمۇ رۇخسەت قىلمىغان.

دېڭىزنى تولۇقلاپ، سامانىم سۈرتۈلۈپ قالاي دەپ تەلپۈنگەن قايتىپ كەلدۇق. ئاياللار پىيادە مېڭىپ شۇ يەرگە بارغان ئىكەن، ساقچى توسۇپ ئۆتكۈزمەپتىكەن. ئۇلارنىڭ ئۇ ھالىتىنى تەسۋىرلەش، ئۇلارنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاش نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق... قىپقىزىل قانغا مىلەنگەن يەتتە جەسەت... نۇرماللىقىنى يوقاتقان يەتتە ئانىنىڭ يەتتە پەرزەنتى ئۈچۈن يىغلىغان دەريا ـ دەريا يىغىسى... ئاھۇ ـ پەريادلىرى... ياقىلىرىنى يىرتىپ، چاچلىرىنى يۇلۇشلىرى... ئاھ بالام، يۈرەك پارەم! دەپ ئۇن سېلىشلىرى... بۇ گويا قىيامەت ئىكەن. مەن ھازىرمۇ شۇ مەنزىرىنى كۆز ئالدىمغا ئەكەلسەم ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمايمەن. شۇنداق قىلىپ، 7 ئاتا، 7 ئانا ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك پارىسى بولغان ئالتۇندەك 7 پەرزەنتىنى غېرىب چۆلگە تاشلاپ، قوپال ئاۋازلار بىلەن مىلتىقلارنىڭ ھەيۋىسىدە ئىلاجسىز قايتىشقا مەجبۇر بولدۇق. ئەمما ئىشىنىمەنكى، خەلقىمىز ئۆز قەھرىمانلىرىنى چوقۇم ياد ئېتىدۇ. يېقىن كېلەچەكتە ئۇلار ئۈچۈن ئالتۇندىن خاتىرە مۇنارى تىكلەيدۇ.

مۇساجان

1999 ـ يىلى مارت، سۈيدۈك.

## ئەرشىدىن ئىسرائىلنىڭ قورغاستىن قېچىشى

(خىتايغا قارشى بىر قەھرىمانىنىڭ دۆلەت ئاتلاپ مارافونچە قېچىش داستانى)

ۋەتەندىكى ئادرېسى: قورغاس ناھىيەسى لەڭگەر يېزا روشەنباغ كەنت ئىتتىپاق يولى غەربى 7-كوچا 51-قورۇ.

ئەرشىدىن ئىسرائىل 1972-يىلى قورغاس ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. دادىسىنىڭ ئىسمى ئىسرائىل، ئانىسىنىڭ ئىسمى مەلىكەم بولۇپ، ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى قورغاس ناھىيە ئىتتىپاق باشلانغۇچ مەكتىپىدە، ئوتتۇرا مەكتەپنى قورغاس ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە تاماملاپ، 1991-يىلى (شىخەنزە) پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا خىتاي تىلى كەسپى بويىچە قوبۇل قىلىندى. مەكتەپ پۈتتۈرۈپ پراكتىكا ۋاقتىنى تاماملىغاندىن كېيىن، كۆرە يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپتە خىتاي تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولدى. خىزمەت جەريانىدا ئىلگىرىكى ئۇستازى شېھىت ئابدۇشۈكۈر نۇرۇللام مۇئەللىم، مۇھەممەت ئىمىن، ھەسەنجان قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەر ئوغلانلىرىمىز بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت باغلاپ، ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقى، ھۆرلۈكى ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتكەن ۋە ئابدۇشۈكۈر نۇرۇللام مۇئەللىم باشچىلىقىدا مۇھەممەت ئىمىن، ھەسەنجانلاردىن تەركىب تاپقان 12 كىشىلىك تەشكىلات قۇرغان. تەشكىلات قۇرۇلغاندىن كېيىن پارتلاتقۇچ بومبا ياساپ كۆرە تاغلىرىدا سىناق قىلغان؛ قەرەللىك پارتلايدىغان بومبا ياساپ، قورغاس ناھىيە يەر ئاستى بىليارتخانىسىدا پارتلىتىش سىنىقى ئېلىپ بارغان. بۇ قېتىمقى «بومبا ياساپ، سىناق قىلىش»تا ئەرشىدىن ئىسرائىل، تەشكىلات باشلىقى شېھىت ئابدۇشۈكۈر

مۇئەللىمنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن بومبا ياساشتا ئىشلىتىدىغان زايو (پارتلىتىش دورىسى) سېتىۋېلىشقا مەسئۇل بولغان بولۇپ، ئەخمەت ئىسمىلىك كىشىدىن 900 يۈەنگە پارتلىتىش دورىسى سېتىۋالغان. شۇڭا بۇ ئىش تۈپەيلى خىتاي ئەخمەتنى 12 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان.

بۇ ھەرىكەت ئاشكارىلىنىپ قالغاندىن كېيىن شېھىت ئابدۇشۈكۈر نۇرۇللام مۇئەللىم، ھەسەنجانلار خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. ئەرشىدىن ئىسرائىل ئەھۋالنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، تىجارەتچى ئىنىسىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن جەنۇبتا بىر مەزگىل يوشۇرۇنۇپ تۇرماقچى بولىدۇ. لېكىن مەھەللىسىدىكى «خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى»نىڭ ئىشپىيونى مەمەتجان ۋە يەرلىك قورچاق ساقچى قىسمىدىن ئىلھامجان قاتارلىقلارنىڭ خىتايغا مەلۇم قىلىپ قويۇشى سەۋەبلىك، ئۈچ كۈندىن كېيىن خىتاي ساقچىلىرىنىڭ قورشاۋىدا قېلىپ تۇتۇلۇپ قالىدۇ.

ئەرشىدىن ئىسمائىل دائىملىق تەنھەرىكەت ۋە بوكسيورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرىدىغان، بويى ئېگىزلىكى 1.84 مېتىر، بەدەن ئېغىرلىقى 90 ـ 85 كىلوگىرام كېلىدىغان ناھايىتى ساغلام يىگىت ئىدى. قولغا ئېلىنىپ ئۈن ئايدىن كېيىن قاتتىق قىيناش، سوغۇق ئۆيگە سولاپ قويۇش ۋە باشقا ۋەھشىي تۈرمە جازالىرى سەۋەبىدىن گەپ قىلالماس، ئورنىدىن تۇرالماس بولۇپ قالغان ۋە پۈتۈن بەدىنى جاراھەت ئىزى، ئۆپكە تۇبېركۇليوز، ئۇستىخان تۇبېركۇليوز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىر تېرە ـ بىر ئۇستىخان ھالدا تۈرمىدىن كېسەل سەۋەبلىك ۋاقىتلىق قويۇپ بېرىلگەن ۋە قورغاس 1 ـ دوختۇرخانىسىدا داۋالانغان. ئەرشىدىن ئىسرائىلنىڭ ئىنىسى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئاكام تۈرمىدىن چىققاندا

ماڭالمىغانلىقى ئۈچۈن دوختۇرخانىدا يۇدۇپ يۇرۇپ داۋالاتتىم. پۇتلىرى بىلىكىمدەكلا، چىرايى خۇددى تۇمۇردەكلا بولۇپ قاپتۇ، پۈتۈن بەدىنى تاياق زەربىسىدىن ئىششىپ كۆكىرىپ كېتىپتۇ. ئۇستىخان تۇبېركۇليوز سەۋەبلىك بېلىدىن نەيچە بىلەن 500 گىراملىق خالتىدا ئىككى يېرىم خالتا يىرىڭ ئالدى. مەن يېنىدا قاراپ تۇردۇم، ئاكام دوختۇرخانىدا 20 كۈن ئەتراپىدا ياتقاندىن كېيىن ئۆيدە داۋالاتتۇق، ئاكام تۆت ئايغىچە گەپ قىلالمىدى، ياتقان جايىدىن قوزغىلالمىدى».

تۆت ئايدىن كېيىن يەنى شۇ يىلى 1999-يىلى 1-ئاينىڭ 25-كۈنى، قورغاس ناھىيەلىك كىنو-تىياتىرخانىدا ئېچىلغان ئەشۇ سوتقا ساقچىلار ئەرشىدىن ئىسرائىلنى زەمبىل بىلەن ئەكىرىپ، يەردە ياتقۇزۇپ قويۇپ سوت ئاچىدۇ. سوت قورغاس ناھىيەسى لەڭگەر يېزىسى كىنو-تىياتىرخانىسىدا ئېچىلىدۇ. سوتقا قاتناشقىلى كەلگەنلەر سوتخانىنىڭ ئالدىدىكى يولنىڭ قارشىسىدا قەھرىتان سوغۇقتا ھەربىيلەرنىڭ قوراللىق قورشاۋى ئاستىدا تۇرىدۇ. شۇ سوتتا ئابدۇشۈكۈر نۇرۇللام مۇئەللىم، مۇھەممەت ئىمىن، ھەسەنجانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ شېھىت قىلىنىدۇ. شۇ كۈنى ئەرشىدىن ئىسرائىلنى ئالتە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىپ، زەمبىلدە ياتقان پېتى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېتىدۇ. تۈرمىدە «مېنىڭ ھاياتىم كۈرەش ئىچىدە ئۆتىدۇ» دېگەن غايە بىلەن ياشاپ، ھاسا تاياق بىلەن ماڭالىغۇدەك بولغاندا مۇمكىن بولىدىغان ھەرىكەتلەرنى قىلىپ، بەدەن سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. (بۇنى تۈرمىدە بىرگە ياتقان كامېرداشلىرى سۆزلەپ بەرگەن بولۇپ، «بىز ئەرشىدىننىڭ قەيسەرلىكىگە قول قويىمىز، ئۇ ھەرىكەت قىلسا كېسىلىگە مەنپەئەت قىلىدىكەن، دەپ پۇرسەت بولسىلا ھەرىكەت قىلىپ تۇراتتى ۋە كېسەل بىلەن كۈرەش قىلىپ، غەلىبە قىلدى. بىز ئىنسان بۇنداق بەرداشلىق

بىرەر دەپ ئويلىمىغان» دېگەن). شۇ يىلى مۇسىبەتلەر قايتا-قايتا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئەرشىدىننىڭ ئانىسى مەلىكەم دەردكە چىدىماي ۋاپات بولىدۇ.

ئالتە يىلدىن كېيىن ئەرشىدىن جازا مۇددىتىنى توشقۇزۇپ، قورغاسقا قايتىپ كېلىدۇ ۋە قورغاس چېگرا ئېغىزىدا ئىنىسى بىلەن تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئەرشىدىن ئىسرائىل ناھايىتى ئەخلاقلىق، چىقىشقاق بولغاچقا جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە كىشىلىرى ئىچىدە ناھايىتى زور ئىناۋەت تاپىدۇ. ئۇ تۈرمىدىن چىقىپمۇ ۋەتەن مۇستەقىللىقى، ھۆرلۈك شوئارىدىن، غايىسىدىن ۋاز كەچمەيدۇ. ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ۋەتەنپەرۋەر بۇرادەرلىرى بىلەن قايتىدىن ئالاقىسىنى باشلاپ، تۈرمىدە ئۆزىگە ۋەدە قىلغىنىدەك ھاياتىنى كۈرەش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە بەل باغلايدۇ.

2009-يىلى 7-ئاينىڭ 5-كۈنى ئۈرۈمچىدە «5-ئىيۇل قىرغىنچىلىقى» يۈز بەرگەندىن كېيىن، كۈچادىكى دادىسىنى داۋالىتىۋاتقان ئەرشىدىن 7-ئاينىڭ يەتتىنچى ۋە سەككىزىنچى كۈنلىرى ئۈرۈمچىدىكى ئەھۋالنى كۆزىتىپ بېقىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىدۇ. لېكىن بۇ ۋەقەنى خىتاي مەجبۇرىي باستۇرۇۋەتكەنلىكتىن قايتا قوزغىتىش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، باشقىچە ئىش قىلىش ئۈچۈن قورغاسقا قايتىپ كېلىدۇ. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قازاقىستاننىڭ «ئاكتىپ تېلېفون كارتىسى» بىلەن ۋەتەندە بولۇۋاتقان، بولۇپمۇ قورغاس ناھىيەسىدە بولۇۋاتقان خىتاينىڭ زۇلۇملىرىنى قورغاس چېگرا تەرەپتىكى ئېتىرلىقلارغا چىقىپ «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»غا يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ.

بۇ خەۋەرلەرنى «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى» خەلقئاراغا ئاشكارا قىلغاندىن كېيىن، خىتاي ئىستىخباراتى خەۋەر مەزمۇنىنىڭ

قورغاس ناھىيەسىدىكى ئىشلارنى ئاساس قىلغانلىقىنى بىلىپ، ئەرشىدىن ئىسرائىل ۋە ئۇنىڭ بەزى دوستلىرىدىن گۇمانلىنىدۇ ۋە ئۇلارنى مەخپىي نازارەت قىلىدۇ. (خىتاي ئىستىخباراتى قورغاستىن تۇتۇلغان بەزى كىشىلەرگە بۇ يەردە بىزگە قارشى سايراۋاتقان شۇم قاغىلار بار، ئىزدەۋاتىمىز، دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن).

شۇ ئارىلىقتا خىتاي ساقچىلىرى بىر قىسىم گۇمانلىق دەپ بىلگەن كىشىلەرنى قولغا ئالىدۇ. بەزىلىرىنى ساختا قاتناش ۋەقەلىرى بىلەن شېھىت قىلىدۇ، بەزىلىرىنى تۈرمىدە ئۇرۇپ شېھىت قىلىپ جەسىتىنى ئائىلىسىگە بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەرشىدىن ئەھۋالنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى، ھەر كۈنى ئارقىسىدا ئىستىخباراتنىڭ ئادەملىرىنىڭ تىمىسقىلاپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلىپ چەتئەلگە چىقىپ، كۈرەش ھاياتىنى چەتئەلدە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدۇ. مەلۇم بىر كۈنى بەزى كىشىلەرنىڭ ياردىمىدە ماشىنىسىنىڭ ئارقا ساندۇقىغا يوشۇرۇنغان ھالەتتە قورغاس چېگراسىغا ساق-سالامەت يېتىپ كېلىدۇ. ئۆزى جۇغراپىيەگە ئۇستا بولغاچقا چېگرادىن قاچىدىغان ئورۇننى بېكىتىپ قويغان بولۇپ، جىلغىنىڭ ئىچىدە ئىككى كۈن يېتىپ ئەھۋالنى كۆزىتىدۇ. خىتاي چېگرا قوغدىغۇچى ساقچىلىرى ھەر 15 مىنۇتتا بىر قېتىم ئايلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى، چېگرا سىمىنىڭ تۈز سىم ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. ئەرشىدىن ئىسرائىل مۇشۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ چېگرا سىمىنى كېسىپ، شۇ قىسقىغىنا 15 مىنۇتتا خىتاي چېگراسىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ-دە، ئالدىدا چوڭ بىر ساينىڭ بارلىقىنى بايقاپ، كەينىمگە يانسا ئۆلۈمدىن باشقىسى يوق، دەپ ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىپ سايغا سەكرەيدۇ. بەختكە يارىشا سايدىكى سۇ چوڭقۇر بولمىغاچقا كېچىپ قازاقىستان چېگراسىغا يېتىپ كېلىدۇ.

قازاقىستان چېگرا چارلاش ئەترىتى بەزىدە يېرىم سائەتتە، بەزىدە بىر سائەتتە بىر ماشىنا بىلەن ئايلىنىپ كۆزىتىدىكەن. قازاقىستان چېگراسى چۆرگۈلمەچ سىم توسۇق بىلەن قورشالغان بولۇپ ئەرشىدىن ئىسرائىلنىڭ سىم توسۇقنى قانداق بۆسۈپ ئۆتۈش توغرىلىق قاتتىق بىشى قاتىدۇ. ئۇ ئەتراپتىن بىر پارچە تاختاي پارچىسى تېپىۋالىدۇ-دە، ئۇنىڭ بىلەن سىم توسۇقتىن كىچىككىنە تۆشۈك ئېچىپ، قارشىدىكى قازاقىستان چېگراسى تەرەپكە ئۆتىدۇ. سىم توسۇقتىن ئۆتۈش جەريانىدا بەدىنى سىمغا ئېلىنىپ تىتما-تىتما بولۇپ كېتىدۇ. سىم توسۇقتىن ئۆتۈپ ئانچە يىراقلاپ كەتمەستىنلا، قازاقىستان چېگرا ساقلاش قىسمى سىم توسۇقنىڭ تېشىلگەنلىكىنى بىلىپ قىلىپ، ئەتراپنى كۆزىتىشكە باشلايدۇ.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئەرشىدىن ئىسرائىل قېچىشقا باشلايدۇ. قېچىۋاتقاندا ئارقىسىدىن بىر تىۋىش ئاڭلىنىدۇ، ئەرشىدىن ئىسرائىل ئۆز ئۆزىگە «بۇ نېمە تىۋىشتۇ، ماڭا ئوخشاش قاچقان بىرسىمىدۇ؟ يا خۇدا، ماڭا بىر ھەمراھ چىقسا ئوبدان بولاتتى» دەپ ئارزۇ قىلىدۇ. كېچە قاراڭغۇ بولغاچقا يولنى كۆرەلمەستىن تىك ياردىن چۈشۈپ كېتىدۇ. تىك ياردىن چۈشۈپ كەتكەننى ئاز دەپ، ئارقىسىدىن بىر ياۋا توڭگۇزمۇ چىراغ نۇرىدىن قورقۇپ ئەرشىدىن ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگىلا چۈشىدۇ.

ئەتىسى تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، قورغاس بىلەن ياركەنت ئارىسىدا بىر يەردە، يېنىدا ئېلىۋالغان ئالمۇتا كارتىسىنى تېلېفونغا سېلىپ، ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ مۇخبىرى شۆھرەت ھوشۇر ئەپەندىم بىلەن ئالاقىلىشىدۇ. شۆھرەت ھوشۇر ياركەنتتىن يىگىرمىدەك بالىنى ئەرشىدىننى قۇتقۇزۇۋېلىشقا ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ ۋە ئەرشىدىن ئىسرائىلغا چوڭ يولنىڭ بويىدا ساقلاپ

تورۇشنى تاپىلايدۇ. ئۇ باللار ئىككى ماشىنا بىلەن ئەرشىدىن ئىسرائىلنى ئالغىلى كېلىدۇ. ئەرشىدىن ئىسرائىل كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ باللار بىلەن ئالمۇتاغا «خىيالىدىكى ھۆر دۇنياغا» مۇۋەپپەقىيەتلىك كېلىۋالىدۇ.

خوش، ئۇنداقتا ئۇ تەرەپتىكى ھۆر بولمىغان دۇنيادا نېمە ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟

ئەرشىدىن ئىسرائىل قورغاستىن يوقاپ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، قورغاس چېگرا مۇداپىئە ساقچىلىرى چېگرا مۇداپىئەسى سىم توساقنىڭ كېسىلگەنلىكىنى بايقايدۇ ۋە ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئەرشىدىن ئىسرائىلنىڭ بىر پاي ئايغىنى تېپىۋالىدۇ ۋە زور كۆلەمدە ساقچى، ھەربىي قىسىم تەشكىللەپ چېگرا ئەتراپىدىكى ھەممە ئۆيلەرنى ئاختۇرۇپ ئىزدەشكە باشلايدۇ.

ئەتىسى ئەرشىدىن ئىسرائىل شۇ يەردىكى «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىش بېجىرىش ئورنى»غا كىرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ سىياسىي پاناھلىق تىلەيدۇ ۋە ئىككى-ئۈچ كۈن ئىچىدىلا شىۋېتسىيەنىڭ سىياسىي پاناھلىقىغا ئېرىشىدۇ.

ئالتە ئايدىن كېيىن قازاقىستان ساقچىلىرى كېلىپ «پاراڭلىشىدىغان ئىش بار، سورايدىغان گەپ بار، پاراڭلىشىپ بولۇپ قويۇپ بېرىمىز» دېگەن باھانە بىلەن ئەرشىدىن ئىسرائىلنى ئېلىپ كېتىدۇ (نەگە ئېلىپ كەتكەنلىكى ئېنىق ئەمەس).

ئەرشىدىن ئىسرائىل بىلەن بىرگە بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتىدىن بىر ئادەم، ئامېرىكا كونسۇلىدىن بىر ئادەم ۋە شىۋېتسىيە كونسۇلىدىن بىر ئادەم بىللە بارىدۇ.

ئەرشىدىن ئىسرائىلنى ئالىياس بانكىسىنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدە

ئۈچ ئاي تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئۈچ ئايدىن كېيىن، كېچىدە بېشىغا قارا خالتا كىيدۈرۈپ تۈرمىگە يۆتكەيدۇ. ئەرشىدىن ئىسرائىل تۈرمىدە ئىنىسى بىلەن تېلېفون ئالاقە قىلىپ تۇرىدۇ.

تۈرمىدىكى ۋاقتىدا خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى قازاقىستاندىكى كونسۇلخانىسى ئارقىلىق ئەرشىدىن ئىسرائىلنى قازاقىستان سوت مەھكىمىسىگە تۆت قېتىم ئېلىپ چىقىدۇ. شۇنى ئەسكەرتىمىزكى، ئەرشىدىن ئىسرائىل شىۋېتسىيە دۆلىتىنىڭ سىياسىي پاناھلىقىغا ئۆتۈپ بولغان ئىدى. ئەرشىدىن ئىسرائىلنىڭ ئىنىسى ئەرشىدىن ئىسرائىلنىڭ ئاقلىغۇچى ئادۋوكاتى ئالېكساندىر بىلەن كۆرۈشۈش جەريانىدا ئالېكساندىرنىڭ خىتايغا سېتىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ خاتىرە دەپتىرىگە، «ئەرشىدىن ئىسرائىل ئىلگىرى تېررورلۇق تەشكىلاتىغا قاتناشقان، ئۆيىدە قورال، خىمىيەلىك دورا ۋە پارتلاتقۇچ بۇيۇملىرى ساقلىغان، نەچچە يەرنى پارتلاتماقچى بولغان» دەپ خاتىرە قالدۇرغانلىقىنى بايقايدۇ. ئەرشىدىن ئىسرائىلنىڭ ئىنىسى بۇنى كۆرۈپ ئالېكساندىر بىلەن قاتتىق جېدەللىشىدۇ ۋە ئەھۋالنى شۆھرەت ھوشۇر ئەپەندىمگە بىلدۈرىدۇ. شۆھرەت ھوشۇر ئالېكساندىرنى ئەرشىدىن ئۈچۈن ئادۋوكات قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتقاندا ئالېكساندىر قارشى چىقىدۇ. ئەرشىدىن ئىسرائىلنىڭ ئىنىسى بىلەن كۆرۈشۈشكىمۇ قوشۇلمايدۇ. تۇيۇقسىز ئەرشىدىن ئىسرائىلنىڭ سىياسىي پاناھلىقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. شىۋېتسىيە كونسۇلى ئەرشىدىن ئىسرائىلنىڭ سىياسىي پاناھلىقىنى بىكار قىلغانلىقىنى، ئادۋوكات ئالېكساندىرغا بىلدۈرگەن بولسىمۇ، بۇنى ئەرشىدىن ئىسرائىلنىڭ يېقىنلىرىغا خەۋەر قىلمايدۇ. كېيىن ئەرشىدىن ئىسرائىلنىڭ سىياسىي پاناھلىقىنىڭ ئۈچ ئاي ئىلگىرىلا بىكار قىلىنغانلىقىنى ئىنىسى سۈرۈشتە قىلىش جەريانىدا بىلىدۇ. ئەرشىدىن ئىسرائىلنىڭ ئىنىسى ئادۋوكاتتىن بۇ ئىش ھەققىدە سورىغاندا

باشتا ئىنكار قىلىپ «ماڭا بۇنى ئۇقتۇرمىدى» دەيدۇ، كېيىن «ئەتە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قازاقىستان شۆبىسى ئالدىدا كۆرۈشەيلى، ئەمەلىي ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ قويay» دەيدۇ.

ئەرشىدىن ئىسرائىلنىڭ ئىنىسى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىلەن ئالاقىلىشىش ئارقىلىق ئامىنەم ئىسمىلىك ئادۋوكات ئايالنى ئادۋوكاتلىققا تەكلىپ قىلىدۇ. ئادۋوكات ئامىنەم، ئەرشىدىنىڭ ئىنىسى بىلەن بىللە ئادۋوكات ئالىكساندىرنىڭ قېشىغا كىرىپ «نېمە ئۈچۈن ئاقلاش خاتىرىسىگە قارىلاپ يازىسەن؟» دەپ ئالىكساندىردىن سورايدۇ. ئالىكساندىر گەپ قىلالماي قالىدۇ-دە، ئۇنىڭ خىتاي تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغانلىقى تېخىمۇ ئېنىق تونتۇرىغا چىقىدۇ. ئالىكساندىر ئادۋوكات ئامىنەمگە گەپ تېپىپ بېرەلمەي، چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە كونا جايدا يۈزتۇرا كۆرۈشەيلى دەيدۇ، ئۇلارمۇ قوشۇلىدۇ. چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە، ئادۋوكات ئامىنەم بىلەن ئەرشىدىنىڭ ئىنىسى ئالىكساندىرنى يېغىۋاتقان قاتتىق يامغۇرغا قارىماستىن ساقلاپ تۇرسىمۇ، ئالىكساندىر تېلېفوندا يالغان سۆزلەپ كەلگىلى ئۇنىمايدۇ. كېيىن «مېنىڭ سىلەر بىلەن نېمە ئىشىم، مەن ئادۋوكاتلىقىمنى قىلسام بولدى، مەن ئەرشىدىن ئىسرائىل بىلەن كۆرۈشكىلى تۈرمىگە كېتىۋاتىمەن» دەپ قاتتىق تېگىدۇ. ئالىكساندىر گۈل ئىسىملىك ئۇيغۇر ئايال (خىتايغا سېتىلغان) بىلەن تۈرمىگە بېرىپ، ئەرشىدىن ئىسرائىلغا تاتلىق گەپ قىلىپ ئالداپ، ئەرشىدىن ئىسرائىلنىڭ رۇسچە بىلمەيدىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، خاتا تەرجىمە قىلىپ بېرىشى بىلەن بەزى ماتېرىياللارغا قول قويغۇزۇۋالىدۇ. ئالىكساندىر ئەرشىدىن ئىسرائىل تەرەپنىڭ تېلېفونىنى ئالمايدۇ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشكىلى ئۇنىمايدۇ.

كېيىن ئەرشىدىن ئىسرائىلغا سوت ئېچىلىدۇ، سوتقا شىۋېتسىيەنىڭ كونسۇلى ئەرشىدىن ئىسرائىلنىڭ ئىنىسى بىلەن بىللە قاتنىشىدۇ. سوت ئىككى مىنۇت ئەتراپىدا داۋام قىلىدۇ. سوتتا پەقەت ئەرشىدىن ئىسرائىل مۇنداق-مۇنداق جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزدى، دەپ ئوقۇتۇرۇلىدۇ.

كېيىن ئەرشىدىن ئىسرائىلنىڭ ئىنىسى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، بىشكەك ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىلەن ئالاقىلىشىپ قازاقىستاندىكى پائالىيەتچى ئالىمجان سېيىتوف بىلەن كۆرۈشىدۇ، ئالىمجان سېيىتوفمۇ كۈچىنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلىدۇ. قازاق ئۆكتىچىلەرنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ 5-ئاينىڭ 28-كۈنى سائەت توققۇزغا نامايىش ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئەرشىدىن ئىسرائىلنىڭ ئىنىسى نەچچە كۈن كېچە-كېچىلەپ ئەرشىدىن ئىسرائىلنىڭ ماتېرىيالىنى رۇسچە تەييار قىلىپ 30 نەچچە پارچە كۆپەيتىپ نامايىشچىلارغا تارقىتىشقا تەييارلاپ قويىدۇ. 28-كۈنى ئۇيغۇرلار ۋە قازاقلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن نامايىش ئۆتكۈزۈلىدۇ. 29-كۈنى قازاقىستان ھۆكۈمىتى نامايىش بىلەن كارى بولماستىن ئەرشىدىن ئىسرائىل «خىتاينىڭ ئىشپىيونى» دەپ بوھتان چاپلاپ خىتايغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. خىتاي ئەرشىدىن ئىسرائىلنى تۆت يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىدۇ.

2013-يىلى ئەرشىدىن جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، مەھەللىسىدە بىر مەزگىل خىتاي ئىشپىيون-لىرىنىڭ نەزەربەندى ئاستىدا ياشايدۇ. 2016-يىلى خىتاي جازا لاگېرى ھەرىكىتى باشلىغاندا يەنە سەۋەبسىز تۇتقۇن قىلىنىدۇ، ھازىرغىچە قانچە يىللىق كېسىلگەنلىكى، ئۆلۈك-تىرىكلىكى نامەلۇم بولۇپ، خىتاي ئۈستى ئوچۇق تۈرمىسىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك

قاچالىغان بۇ قەھرىمان، 21-ئەسىردىكى دۇنيا ئادالەتسىزلىكى، شۇنداقلا قان-قېرىنداشلىق باغلىرى مەنپەئەت ئالدىدا خانىۋەيران قىلىنغان بىر دەۋردىكى «قۇربانلىق» سۈپىتىدە زالىم خىتايغا «ئالتۇن تاۋاق» بىلەن ھەدىيە قىلىندى. ئۇيغۇر خەلقى بېشىغا ئەڭ ئېغىر كۈنلەر كەلگەندە، قازاق قېرىنداشلىرىدىن كەلگەن بۇ ۋاپاسىزلىقنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك. ھېچ بولمىغاندا دۇنيادا مەنپەئەت دېگەننىڭلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، قان-قېرىنداشلىق دېگەنلەرنىڭ قۇرۇق گەپ ئىكەنلىكىنى ئاچچىق تونۇپ يېتىپ، بىر نان تاپسا بىر قانچىگە بۆلۈپ يەيدىغان «ساددا ئۇيغۇر»لۇق ھالىتىنى كەسكىن ئۆزگەرتىشى كېرەك. ئۇيغۇر خەلقى قازاق قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن ئىچكۈزۈلگەن بۇ ئاچچىق زەردابنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

قەھرىمان ئەرشىدىن ئىسرائىلنىڭ چېگرادىن قېچىشى، 1998-يىلى 8-ئاينىڭ 30-كۈنى خەمىت مۇھەممەت، قاسىم مەقبىر ۋە ئېلياس زوردۇن قاتارلىق ئۈچ پارتىزان، خىتاي-قازاق چېگراسىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك قاچقاندىن كېيىنكى يەنە بىر قېتىملىق زور قېچىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا، قازاق ھۆكۈمىتىنىڭ 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر ئۇيغۇر قەھرىمانىنى خىتاي يالماۋۇزىغا تاشلاپ بېرىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

# سەككىزىنچى باب

## *مەشرەپ، 5-فېۋرال نامايىشى ھەققىدە خىتاي مەتبۇئاتلىرىنىڭ بايانلىرى ۋە بىزنىڭ مۇلاھىزىلىرىمىز*

1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى يۈز بەرگەن غۇلجا 5 ـ فېۋرال ئىنقىلابىنى، خىتاي ھۆكۈمىتى «5 ـ فېۋرال ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋە پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسى» دەپ ئاتىغان بولۇپ، بۇ ئىنقىلاب شۇ يىلى خىتاينىڭ چاغىنىدىن ئىككى كۈن، روزا ھېيتتىن ئۈچ ـ تۆت كۈن بۇرۇن يۈز بەرگەنىدى. خىتاي مەتبۇئاتلىرى بۇ ئىنقىلابنى «زوراۋانلىق نامايىشى» دەپمۇ ئاتىغان. خىتاي ۋىكىپېدىياسىدا «5 ـ فېۋرال زوراۋانلىق نامايىشى»نى، خىتاينىڭ سىرتىدا ياشايدىغان سۈرگۈندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ «غۇلجا قىرغىنچىلىقى» دەپ ئاتايدىغانلىقى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. خىتاي ۋىكىپېدىياسىدا يەنە ئەينى يىللاردا غۇلجىدا يۈز بەرگەن ئەيش ـ ئىشرەت، زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇش، يۇقىرى گىرادۇسلۇق ھاراق ـ شارابلارنىڭ يامراپ كېتىشى، قىمار قاتارلىقلارنى يۇقىرى تەبىقە بايلار سىنىپىغا مەنسۇپ نەرسىلەر دەپ ئىپادىلەپ، بۇنداق نەرسىلەرنىڭ غۇلجىدا پەيدا بولۇشىنى، خىتاينىڭ ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋەتكەندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيلىشىش جەھەتتە دېڭىز بويىدىكى رايونلاردىنمۇ ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن، دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

ئەمما ئۇيغۇرلار خىتايلارنىڭ بۇ چۈشەندۈرۈشلىرىنى پۈتۈنلەي رەت قىلىش بىلەن بىرگە، بۇنى خىتاينىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش باھانىسىدە زەھەرلىك چېكىملىك، يۇقىرى گىرادۇسلۇق ھاراق-شارابلارنى تۆكمە قىلىپ قويۇۋېتىش، بۇ يوللار ئارقىلىق ئەيدىز كېسەللىنىمۇ پەيدا قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنى زەھەرلەپ، ھۇرۇن ۋە ئەبگارلاشتۇرۇپ يوق قىلىش ھىيلىسىنىڭ بىر پارچىسى، دەپ قارايدۇ.

خىتاي ۋىكىپېدىياسىدا يەنە مەشرەپ ھەققىدە توختىلىپ، بىر تەرەپتىن مەشرەپ ئارقىلىق غۇلجا ياشلىرىنىڭ زەھەرلىك چېكىملىك، ھاراق ۋە قىماردىن قول ئۈزگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، غۇلجىدا مەشرەپنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى قاغىلىقتىكى ئابلىكىمخان مەخسۇمدىن كۆرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىلى مەشرىپىنى قوللاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن غۇلجىغا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. خىتاي تەرەپ يەنە ئابلىكىمخان مەخسۇمنىڭ 2003-يىلى پاكىستاندا شېھىت بولغان ھەسەن مەخسۇمنىڭ ئۇستازى ئىكەنلىكىنىمۇ ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ.

ھازىر خىتاي ۋىكىپېدىياسىدا ساقلانغان 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىغا ئائىت ماتېرىياللاردا، غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە ئۆز مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن ھالەتتە مەلۇمات بېرىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «1995-يىلى يېڭى مەشرەپ باشلانغاندىن ئېتىبارەن، ئاساسلىق پائالىيىتى كورلىدا بولغان بۆلگۈنچى تەشكىلات ‹شەرقي تۈركىستان ئىسلام ھىزبۇللاھ›، جەنۇبىي شىنجاڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل 20 دىن ئارتۇق ئەزاسىنى ئىلىدىكى ‹مەشرەپ› كومىتېتىغا ئەۋەتىپ، لېكسىيە(تەبلىغ) نامىدا بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنىي جىھادنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەزا تەرەققىي قىلدۇردى». خىتاي بۇنداق دېيىش ئارقىلىق «5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى»نى

تېررورلۇق ۋە ھىزبۇل تەھرىر تەشكىلاتىغا باغلىماقچى بولغان. خىتاينىڭ «5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى» ھەققىدىكى بايانلىرىنىڭ ھېچقانداق پۇت تىرەپ تۇرغىدەك ئاساسى يوق بولۇپ، ۋەقەنى بىردەم غۇلجىدىكى ئوقۇمىغان قاراقورساق بىر ئوچۇم ئۇششاق باللار كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىش دېسە، بىردەم «ھىزبۇل تەھرىر» دەيدىغان بىر تەشكىلاتقا دۆڭگەيدۇ. يەنە بىردە قاغىلىقتىكى دىنىي ئۆلىما ئابلىكىمخان مەخسۇمغا دۆڭگىسە، بىردەم غۇلجىدىكى دىنىي ئۆلىمالارغا ۋە ئابدۇخېلىل مىجىتقا دۆڭگەيدۇ.

خىتاي ۋىكىپېدىياسىدا يەنە، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھىزبۇل تەشكىلاتىنىڭ بىر قىسىم غوللۇق كىشىلەرنى غۇلجىغا ئەۋەتىپ، غۇلجا 5 ـ فېۋرال ئىنقىلابىنىڭ سەركىسى ئابدۇخېلىل مىجىت بىلەن مەخپىي كۆرۈشتۈرگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. ۋىكىپېدىيادا بىزگە «5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى» ھەققىدە مۇنداق مەلۇماتلار بېرىدۇ:

ھىزبۇلچىلار بىلەن ئىلى مەشرەپ كومىتېتى بىرلىشىپ، غۇلجا شەھىرى ۋە غۇلجا ناھىيەسىنىڭ يېزىلىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن ئالتە مەشىق مەيدانى تەسىس قىلىپ، زوراۋان ۋە تېررورلۇق قىلىش مەشىقى ئېلىپ باردى. 1996 ـ يىلى ئۆكتەبىردە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئوندىن ئارتۇق ئوبلاست، ۋىلايەت ۋە ناھىيەدىن كەلگەن بۆلگۈنچى تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى خوتەنگە يىغىلىپ، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھىزبۇللانىڭ بىرقانچە مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارىنى ماقۇللىدى ۋە دىن بىلەن سىياسەت بىرلەشتۈرۈلگەن شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە قۇرۇش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار 1996 ـ يىلى ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، 1997 ـ يىلى جاپالىق ئىشلەپ، 2000 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا

كەلتۈرىمىز دېيىشتى...

خىتاينىڭ بۇ ئۇچۇر ئامبىرىدا «5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى»نىڭ پارتلىشىغا سەۋەب بولغان 5-فېۋرال نامايىشىنى، مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «1997-يىلى 2-ئاينىڭ 5-كۈنى بۆلگۈنچىلەر، ھۆكۈمەتنىڭ رايون ھالقىغان دىنىي تەبلىغلەرنى چەكلىگەنلىكىنى باھانە قىلىپ، ھۆكۈمەت دىنىنى باستۇردى، بىز كوچىلاردا ئاشكارا ئاممىۋى تەشۋىقات ئېلىپ بارىمىز، جىھاد تەشۋىقاتىنى ئىلگىرى سۈرىمىز، دەپ ۋارقىراپ، ھۆكۈمەت يوق، دەپ تووۋلىدى. خىتايلارنى ۋەتىنىمىزدىن قوغلاپ چىقرايلى، دېگەندەك شوئارلارنى تووۋلاپ، خەلقنى ئومۇميۈزلۈك كوچىلارغا تۆكۈلۈشكە سەپەرۋەر قىلدى».

ئەينى چاغدا ئىلى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە غۇلجا شەھەرلىك سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تارقاتقان خەۋەرلەردە 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق خەۋەر قىلىنغانىدى:

«2-ئاينىڭ 5-كۈنى ئەتىگەن سائەت توققۇزدا، يۈزدىن ئارتۇق كىشى لوزۇنكا كۆتۈرۈپ، شوئار تووۋلاپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ ئاساسلىق كوچىلىرىنى ئايلىنىپ نامايىش قىلدى. خىتايلار يوقالسۇن، تۇتقۇن قىلىنغان ياشلار قويۇپ بېرىلسۇن، دېگەن شوئارلارنى تووۋلاپ، خەلق ھۆكۈمىتى تارقاتقان كىملىك، نوپۇس، توي خېتى، شوپۇرلۇق كىنىشكىسى ۋە باشقا ھۆججەتلەرنى كۆيدۈردى. نامايىش جەريانىدا ئۇلار، جۇڭگودا ئىشلەنگەن كىيىم-كېچەكلەرنى بايقۇت قىلدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۈستىدىكى قۇلاقچا، چاپان قاتارلىق نەرسىلەرنىمۇ سېلىپ تاشلىۋەتتى...»

شۇ كۈنى يەنە ئىلى تېلېۋىزىيەسى ۋە ئىلى خەلق رادىيو ئىستانسىسى قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرى مۇنداق خەۋەر

تارقاتقانىدى (بۇ خەۋەرنى ھازىرمۇ خىتاي ۋىكىپېدىياسىدا كۆرەلەيسىز):

2-ئاينىڭ 5-كۈنى چۈش سائەت 12 لەرگىچە نامايىشچىلارنىڭ سانى مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. توپىلاڭچىلار ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش قاتارلىق شوئارلارنى توۋلاپ، پۇقرالارغا ھۇجۇم قىلدى. دۇكانلارنى چاقتى، ماشىنىلارنى كۆيدۈردى ۋە چاقتى.

5-فېۋرالدىن 7-فېۋرالغىچە بولغان زوراۋانلىق جەريانىدا، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆلتۈرۈلدى. مەسىلەن، خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ كېسىشىش نۇقتىسىدا چاغانلىق پائالىيەتتىن قايتقان بىر جۈپ خەنزۇ ياش قورشىۋېلىنىپ، دەسسەپ، يانجىپ ئۆلتۈرۈلدى. بىر ئەسكەر چالما-كېسەك قىلىندى. يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ كاتىپى پىچاقلاپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋېتىلدى. غۇلجا شەھرىگە ئۈچ چاقلىق ۋېلسىپىت كىراكەشلىكى قىلىش ئۈچۈن كەلگەن 50 ياشلىق شىڭ لى توپىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۈچ ئائىلە كىشىلىرى توپىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئېغىر يارىلاندۇرۇلدى.

5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ۋە مەشرەپ ھەرىكىتىنى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي تاراتقۇلىرى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «1995-يىلى 4-ئاينىڭ 30-كۈنى غۇلجا شەھرىدە، رايون ھالقىغان ‹ئىلى ياشلىرى مەشرەپ كومىتېتى› ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىسىز قۇرۇلدى. قۇماندان ۋە مۇئاۋىن قۇماندانلارنى سايلاپ چىقتى. ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىش، دىنىي باج يىغىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاساسى قاتلامنى ئىدارە قىلىش، ئاندىن جامائەت خەۋپسىزلىكىنى ئىدارە قىلىش ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئىدى.

5-فېۋرال غۇلجا نامايىشى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئىلى

ئوبلاستى، ئىلى ۋىلايىتى ۋە غۇلجا شەھىرىدىكى ئاخبارات ۋاستىلىرى مۇنداق خەۋەر تارقاتتى:

ھۆكۈمەت ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ئېغىر بۇلاڭچىلىق ۋە توپىلاڭ ۋەقەسىدە يەتتە خەنزۇ قازا قىلغان، 64 نەپەر پۇقرا، 198 نەپەر ساقچى، قوراللىق ساقچى ۋە ئەسكەر يارىلانغان. نۇرغۇن كىشى يوقاپ كەتكەن، 24 ماشىنا چېقىۋېتىلگەن، ئالتە ماشىنا كۆيدۈرۈلگەن. 2-ئاينىڭ 5-كۈنى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى ساقچى ئەۋەتىپ ۋەقەنى بېسىقتۇردى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى بۇ توپىلاڭنى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھىزبۇللا» ۋە باشقا شەرقىي تۈركىستان تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى پىلانلىغان، دەپ قارايدۇ...

ئەينى يىلى خىتاينىڭ چەتئەلگە قارىتا ئاڭلىتىش بېرىدىغان 4-قانىلى 30 نەپەر ئۇيغۇر مۇستەقىلچىگە ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر تارقاتقان. بۇ قانال يەنە 2-ئاينىڭ 5-كۈنى ۋەقە يۈز بەرگەن نەق مەيداندا 100 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكىنى، كېيىن بۇ ساننىڭ كۆپىيىپ تەخمىنەن 1600 كىشىگە يەتكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

خىتاي مەتبۇئاتلىرى ۋەقە ھەققىدە يەنە مۇنداق خەۋەر قىلغان. يەرلىك ساقچىلار تەكشۈرۈشتىن كېيىن، مالىمانچىلىقنىڭ باش پىلانلىغۇچىسى، شەرقىي تۈركىستان ھىزبۇللا تەشكىلاتى، دەپ قارىغان. ھىزبۇلچىلار قەشقەر شەھىرى ۋە خوتەن شەھىرىدىن غۇلجا شەھىرىگە كەلگەن، ئاندىن كوچىلارغا چىقىپ كىشىلەرنى خەلق ھۆكۈمىتى تارقاتقان كىملىك، توي خېتى ۋە باشقا ھۆججەتلەرنى كۆيدۈرۈشكە قۇتراتقان. ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنى بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدىكى مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنى ئاپتونوم

رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تېز يەتكۈزدى. مەسىلەن، 1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى شىنجاڭ تارىم ئويمانلىقىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر يىغىنى ئاچتى ۋە غۇلجا شەھىرىدە يۈز بەرگەن «بۆلگۈنچىلىك ۋەقەسى»گە مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتنىڭ روھىنى يەتكۈزدى.

ئىلاۋە: ئەينى چاغدا خىتاي تاراتقۇلىرىنىڭ بەرگەن خەۋەرلىرى بىر ـ بىرىگە زىت بولۇپ، دەسلەپتە 5 ـ فېۋرال غۇلجا نامايىشىنى ئاز ساندىكى بىر ئوچۇم ئوقۇمىغان قارا قورساق مىللىي بۆلگۈنچى ۋە دىنىي ئەسەبىيلەرنىڭ پەيدا قىلغانلىقىنى تەكىتلىگەن بولسا، كېيىن بۇ ۋەقەنى ‹شەرقىي تۈركىستان ھىزبۇل تەشكىلاتى› قىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئىلى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ 6 ـ فېۋرال كۈنى ئېلان قىلغان «ئابدۇخېلىل مىجىت قانداق نېمە؟» ناملىق ئوبزورىدىمۇ ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ ئوقۇمىغان قارا قورساق، زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىلى ياشلىرىغا ۋەكىل بولالمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن ئىدى.

خىتاي مەتبۇئاتلىرى 1997 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، «ئىلى ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى يەنە بىر قېتىم ئوچۇق سوت ئېچىپ، غۇلجا ۋەقەسىدە توپىلاڭ پەيدا قىلغان بىر تۈركۈم زوراۋان تېرروررچىلار ۋە باشقا ئېغىر جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بەرگەن»لىكىنى يازىدۇ.

2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىكى «ئىلى كەچلىك گېزىتى»نىڭ خىتايچە سانىغا، «10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئابدۇمىجىت ۋە ئابدۇل ئەخمەت (بۇ ئىسىم ئەسلىدە غۇلجا 5 ـ فېۋرال ئىنقىلابىنىڭ سەركىسى ئابدۇلكېرىم ئەخمەت بولۇشى مۇمكىن) قاتارلىق ئىككى جىنايەتچىنىڭ دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە

بۆزغۇنچىلىق يەتكۈزۈش جىنايىتى بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىقى، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئابدۇمىجىتنىڭ 1997 - يىلى غوجا شەھىرىدە يۈز بەرگەن تېررورلۇق ھەرىكىتىنىڭ تەشەببۇسچىسى» دېگەن خەۋەر بېسىلىدۇ. لېكىن خىتاي بۇ ھەقتە كەچلىك گېزىتىدە خەۋەر قىلغاندىن باشقا، بۇنداق خەۋەرلەرنى ئېلان قىلىشقىمۇ چەكلىمە قويىدۇ ۋە ئېھتىيات قىلىدۇ.

خىتاي مەتبۇئاتلىرى يەنە 5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«شىنجاڭ زوراۋان ۋە تېررورلۇق جىنايىتى دېلولىرىغا قارشى تۇرۇش كۆرگەزمىسىدە، 1996 - يىلدىن 1997 - يىلغىچە شىنجاڭدا غۇلجا ۋەقەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر نەچچە قېتىملىق زوراۋان - تېررورلۇق ۋەقەسىگە مۇناسىۋەتلىك 1000 پارچىغا يېقىن رەسىم ۋە 500 دىن ئارتۇق تېررورلۇق بۇيۇمنى كۆرگەزمە قىلدۇق. غۇلجا ۋەقەسىدىن كېيىن، ساقچى دائىرىلىرى تەرىپىدىن زوراۋانلىقنىڭ ھەر خىل يوشۇرۇن خەۋپى توسۇپ قېلىنغان بولسىمۇ، يەر ئاستى دىنىي پائالىيەتلەر داۋاملاشماقتا. ئىلگىرى مودا ۋە خەلقئارالىششىنى قوغلىشىش بىلەن تونۇلغان ئۇيغۇرلار ئاستا - ئاستا شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى شەھەرلەر ئىچىدە ئەڭ مۇتەئەسسىپ كىشىلەر بولۇپ قالدى، ‹تالىبان› دېگەن بۇ ئىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ سىمۋولى بولۇپ قېلىشقا باشلىدى، ئەگەر بىر كىشى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن دىنىي جەھەتتە باستۇرۇلغان بولسا، ئۇ خەلق تەرىپىدىن ئالقىشلىنىدىغان كىشى بولۇپ قالىدى» دېيىلگەن.

يۇقىرىدىكى جۈملىلەردە، خىتاي ئۆزلىرى تېررورچى دەپ باستۇرغان كىشىلەرنى خەلقنىڭ قەھرىمان دەپ باغرىغا باسىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان.

تېررورلۇقنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، 1997 ـ يىلى غۇلجىدا يۈز بەرگەن ۋەقە، شىنجاڭدىكى تېررورلۇق ھەرىكىتىنىڭ ئەۋج ئالغانلىقىنىڭ بەلگىسى، شۇنداقلا تېررورلۇق ـ زوراۋانلىقىنىڭ يۇقىرى پەللىسى ئىمىش.

«5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى» يۈز بەرگەن مەزگىللەردە، غۇلجىدا ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىي بولۇپ، خىتاي تەشۋىقاتىنى ئىنتايىن قاتتىق كونترول قىلغان. مەھەللە ـ مەھەللىلەرگە ئەسكەر ۋە ساقچىلار يېغىپ كەتكەن. ئۇ مەھەللىدە نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكى ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا قوشنىسىنىڭ ئۆيىدە نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمىگۈدەك دەرىجىدە ۋەزىيەت قاتتىق كونترول قىلىنغان ئىدى. لېكىن بىز خىتايچە ئۇچۇرلارنى ئىنچىكە تەتقىق قىلغان ۋاقتىمىزدا، بىزگە كېرەكلىك نۇرغۇن ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيمىز.

خىتاي ۋىكىپېدىياسىدا 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى يۈز بەرگەندىن كېيىن، نىلقىدىكى مەلۇم بىر مەكتەپتە كۆرۈلگەن نارازىلىق ھەرىكەتلىرى ۋە بۇ ھەرىكەتلەرگە قانداق جازا بېرىلگەنلىكىگە ئائىت ئۇچۇرلار يېزىلغان. ئۇچۇردا مۇنداق دېيىلگەن:

«5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەرنى مەركەزنىڭ 7 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىنى قايتا ئۆگىنىشكە، 5 ـ فېۋرال غۇلجا نامايىشىنىڭ توغرا ۋە خاتالىقى ھەققىدە ئىپادە بىلدۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇردى. نىلقا ناھىيەلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار 5 ـ فېۋرال نامايىشى ھەققىدە ئىپادە بىلدۈرۈشنى رەت قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى تۆت نەپەر ئوقۇتقۇچى ھۆكۈمەتكە قارىتا بىرلەشمە خەت يېزىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىدىن تۇتقۇن قىلىنغان ئۇيغۇر

ياشلىرىنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ھەتتا بۇ تەلەپلىرىنى تەشۋىقات ۋەرەقىسى سۈپىتىدە جەمئىيەتكە ئاشكارا تارقاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە بىر ئوقۇتقۇچى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە بېرىپ، ساقچىلارنى ھاقارەتلىدى ۋە تەھدىت سالدى. نەتىجىدە، ئىلى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە بىلەن ئىلقا ناھىيەسى بىرلىشىپ بۇ بىر ئوچۇم ئوقۇتقۇچىلار ئۈستىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى».

يەنە بىر ئۇچۇردا: «3-ئاينىڭ 20-كۈنى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى، شىنجاڭ پارتكومى، شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى پارتكومىنىڭ شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە ئالاقىدار دوكلاتىنى ئاڭلاپ چىققاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي بىخەتەرلىكى ياخشى بولمىغان نۇقتىلىق رايونلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى ياخشىلاش، مىللىي بۆلگۈنچى غوللۇق ئۇنسۇرلار، زوراۋان تېرروررچىلار ۋە رادىكال ئۇنسۇرلارغا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى ئېلان قىلغان قانۇن ۋە ھۆججەتلەرنىڭ روھى بويىچە قاتتىق زەربە بېرىش قارار قىلىندى. بۇ يىغىندىن كېيىن، شىنجاڭغا 4000 قوراللىق ساقچى كۆپەيتىلىپ، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا ئالتە، يەتتە ۋە سەككىز قوراللىق ساقچى ئەترىتى ۋە قۇماندانلىق ئورنى قۇردى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنى كېڭەيتىپ، قوراللىق ساقچىلارنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتتى. يىغىن ئېچىلىپ ئون كۈندىن كېيىن، يەنى 3-ئاينىڭ 30-كۈنى سەھەردە، ئۈرۈمچى دۆڭ كۆۋرۈكتىكى تۆت ئورۇنغا قول يازما شەكلىدىكى ھۆكۈمەتكە قارشى خىتابنامە چاپلانغان بولۇپ، بۇ خىتابنامىلەرنىڭ مەزمۇنى پىچان، ئاقسۇ ۋە كورلىلاردا چاپلانغان خىتابنامىلەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئوخشاش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۈرۈمچى لىيۇ داۋەندىمۇ 17 يەرگە دىنىي پۇرىقى كۈچلۈك بولغان ھۆكۈمەتكە قارشى مەزمۇندىكى قولدا يېزىلىپ كۆپەيتىلگەن تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى چاپلانغان. بۇنىڭدىن

خەۋەر تاپقان خىتاي دۆلەت رەئىسى جاڭ زېمىن بىۋاسىتە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ: بۇ مەسىلە ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىنىشى ۋە پارالىچ ھالەتكە كەلتۈرۈلۈشى كېرەك» دېگەن.

1999 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى تۈزگەن «شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرەش تارىخى» ناملىق كىتابتا، 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىپ مۇنداق بايان قىلىدۇ:

## *غۇلجىدىكى 5 ـ فېۋرال ئۇرۇپ، چېقىش، بۇلاشتەك پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسىنىڭ تىنچىتىلىشى*

1997 ـ يىلى باھار بايرىمى بىلەن روزا ھېيت بىرلا ۋاقىتتا كەلدى. شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان غۇلجا قاينام تاشقىنلىققا چۆمۈپ، شاد ـ خۇرام بايرام تۈسىگە كىردى. غۇلجىدىكى ھەر مىللەت خەلقى خۇشال ھالدا ھېيت تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان، ھويلا ئارامىلىرىنى تازىلاپ، قۇتلۇق ھېيتنى كۈتۈۋېلىۋاتقان پەيتتە، بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر دىن تونىغا ئورىنىۋېلىپ، تەشكىللىك، پىلانلىق، مەقسەتلىك ھالدا ۋەتەننى پارچىلاش مەقسىتىدىكى ئېغىر ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشتەك پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسىنى تۇغدۇردى.

**(1) چېگرا شەھەر غۇلجىدا يۈز بەرگەن زوراۋانلىق**

ۋەتەننى پارچىلاش مەقسىتىدىكى ئېغىر ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشتەك پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسىنىڭ چېگرا شەھەر غۇلجىدا يۈز بېرىشى تاسادىپىي بولغان ئىش بولماستىن، بەلكى ئۇزۇندىن بۇيان پىلانلانغان سۇيىقەست.

1995-يىلىدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى رايون ھالقىغان مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلات شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ئاللاھ پارتىيىسىنىڭ كاتتىبېشى پەيزۇللام ۋە ئۇنىڭ بىر قىسىم ئاساسلىق تايانچىلىرى كۆپ قېتىم ئىلىدا ھەرىكەت ئېلىپ باردى ھەمدە ئۆزىنىڭ 20 نەچچە جەنۇبىي شىنجاڭلىق ئەزاسىنى تەپسىر ئېيتىش نامى بىلەن ئىلىغا بېرىپ ئاتالمىش غازات تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىب قىلىش، ئەزا قوبۇل قىلىش ۋە تەشكىلات قۇرۇشقا ئەۋەتتى. 1996-يىلى 1-ئايدا، ئاللاھ پارتىيىسىنىڭ كاتتىبېشى يەنە غۇلجا شەھىرى، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ بەزى كەنتلىرىگە ئادەم ئەۋەتىپ، يەر ئاستى مەشىق نۇقتىلىرىنى قۇرۇپ، تايانچ ئەزالىرىنى يېپىق ھالەتتە مەشىق قىلدۇردى.

1997-يىلى 1-ئايدىن 2-ئاينىڭ بېشىغىچە، بۇ ئەكسىيەتچى تەشكىلات 20 نەچچە تايانچىنى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ناھىيە، شەھەرلىرىدە مەخپىي ئالاقە باغلاشقا ئەۋەتىپ، رامىزاننىڭ 27-كۈنى (2-ئاينىڭ 5-كۈنى) غۇلجا شەھىرىدە كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىشنى بەلگىلىدى. ئابدۇخېلىل، ئابدۇمىجىت قاتارلىق تايانچ ئۇنسۇرلار: بىز كوچىغا چىقىپ دىنىنى ئاشكارا تەشۋىق قىلىمىز، بىز ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەتمۇ-مەغلۇبىيەتمۇ غەلىبە ھېسابلىنىدۇ، ھەممىمىز جەننەتكە كىرىمىز. تۈرمىگە كىرىپ قالساقمۇ ئاللاھ بىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ، سىرتتىكىلەر ئىشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ، دەپ جار سالدى. 2-ئاينىڭ 4-كۈنى ئابدۇمىجىت ھەرقايسى ناھىيىلەردىن كەلگەن قاتناشقۇچىلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، نامايىشتا كۆتۈرۈپ چىقىدىغان لوزۇنكىلارنىڭ مەزمۇنىنى ئاغزاكى ئېيتىپ بېرىپ، ئاخىردا 2-ئاينىڭ 5-كۈنى نامايىشچىلار يىغىلىدىغان ۋاقىت، ئورۇن ۋە نامايىش لىنىيەسىنى بېكىتتى .

2-ئاينىڭ 5-كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى 10دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، نەچچە يۈز ئۇيغۇر ياش ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان ئىككى لوزۇنكىنى كۆتۈرۈپ كوچىغا چىقتى. بۇ ئىككى لوزۇنكىنىڭ بىرىگە بىسمىللاھىر رەھمانى رەھىم دېگەن خەت يېزىلغان ئىدى. يەنە بىرىگە بولسا، قۇرئاننى قورال قىلىپ كاپىرلارغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلايلى دەپ يېزىلغان. ئۇلار ئالدى بىلەن غالىبىيەت يولىدىكى تاشلەپكى بازىرىغا يىغىلىپ، ئاندىن قىزىل بايراق يولى، ستالىن كوچىسى، ئازاد يولىنى بويلاپ قانۇنسىز نامايىش قىلدى. كۆك كۆۋرۈككە يېتىپ بارغاندا ئادەم سانى 300دىن ئاشتى. ئۇلار يول بويى باج تاپشۇرمايمىز، ھۆكۈمەتنىڭ نەرسىسىنى كېرەك قىلمايمىز، دېگەندەك شوئارلارنى توۋلاپ ماڭدى. سائەت 12 بولغاندا تەخمىنەن مىڭدىن ئارتۇقراق ئادەم شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسى ئالدىغا يىغىلىپ، لائىلاھە ئىللەللاھ مۇھەممەدىن رەسۇلۇللاھ دەپ يېزىلغان يەنە بىر لوزۇنكىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، شەھەر رايونىدا داۋاملىق قانۇنسىز نامايىش قىلدى. ئاشكارا ھالدا: ئىسلام دۆلتى قۇرىمىز، خەنزۇلارنى قوغلاپ چىقرايلى، دېگەنگە ئوخشاش ئەكسىيەتچىل شوئارلارنى توۋلىدى. تەخمىنەن سائەت 13 بولغاندا، نەچچە يۈز ئادەم ئىلى ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى، ئاممىۋى كىنوخانا ۋە قىزىل بايراق سودا سارىيى قاتارلىق جايلارنىڭ ئالدىغا يىغىلىپ، ۋەقە چىقىرىش پۇرسىتى ئىزدەپ، ئەكسىيەتچىل شوئارلارنى توۋلىدى. نامايىشقا ۋە جېدەل چىقىرىشقا قاتناشقان ئادەملەر تۇراقسىز بولۇپ، گاھ ئازىيىپ، گاھ كۆپىيىپ، گاھ توپلىشىپ، گاھ تارقىلىپ تۇردى. قايمۇقۇپ قالغان بىرمۇنچە ئاممىمۇ ئارىلىشىپ كەتتى.

قايمۇققانلارغا تەربىيە قىلىش ئۈچۈن، نەق مەيداندا ۋەزىيە ئۆتەۋاتقان جامائەت خەۋپسىزلىك ساقچىلىرى قانۇنسىز

نامايىشچىلارغا تەربىيە بەرگەن. ئۇلارنى نەسىھەت قىلىپ توسىغان بولسىمۇ، لېكىن قوشۇن ئىچىدىكى بىر توپ زوراۋانلار توۋا قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە جامائەت خەۋپسىزلىك ساقچىلىرىمىزنى بوزەك كۆرۈپ: ئەگەر نامايىش قىلدۇرمىساڭلار ئادەم ئۇرىمىز، ئۇچرىغانلىكى ئادەمنى ئۇرىمىز، دەپ تەلۋىلەرچە جار سالدى. ۋەقە تېز جىددىيلەشتى.

زوراۋانلار تاياق-توقماق، پىچاق، خىش، تاش پارچىلىرىنى ئېلىپ، نەق مەيداندا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان جامائەت خەۋپسىزلىك ساقچىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، 12 ساقچىنى ئۇرۇپ يارىلاندۇردى، ساقچى ماشىنىسى، موتوسىكلىتتىن تۆتنى پاچاقلىۋەتتى، يەنە يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان باشقا ئاپتوموبىللارنى چاقتى، كۆيدۈردى. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاممىنى توسۇپ ئۇردى. زوراۋانلار بىر خەنزۇ شوپۇر ھەيدەپ كېتىۋاتقان سانتانا ماركىلىق پىكاپنى ئۆرۈۋەتتى. قىزىل بايراق سودا سارىيى ئالدىدىكى بىر پوجاڭزا سېتىش يايمىسىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. بەيتۇللا مەسچىتى يېنىدا بىر مىنىبۇسنى چاقتى، خەنزۇ شوپۇرنى ئۇرۇپ ئېغىر يارىلاندۇردى. زوراۋانلار يەنە ئوبلاستلىق تەمىنات-سودا كوپېراتىپىنىڭ كوچا ياقىسىدىكى ئائىلىلىكلەر بىناسى، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ بىر قىسىم دېرىزىلىرىنى چالما كېسەك قىلىپ چاقتى. ئۇلارنىڭ خورىكى ناھايىتى ئۆسۈپ كەتتى. جامائەت خەۋپسىزلىك كادىر ساقچىلىرىمىز، قوشۇننى پارچىلاش ۋە تارقىتىش، تايانچ ئۇنسۇرلارنى قولغا ئېلىش قاتارلىق مەجبۇرى تەدبىرلەرنى قوللانغاندىن كېيىن، ۋەقە بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 22 دە تىنچىدى.

2-ئاينىڭ 6-كۈنى بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار

داۋاملىق قانۇنسىز نامايىش قىلغان، يىغىلىپ جېدەل چىقىرىشنى تەشكىللىگەندىن باشقا، تېخىمۇ غالجىرانە ھالدا ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. زوراۋانلار مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى بۇزىدىغان، مىللىي ئۆچمەنلىكنى قۇترىتىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ئەكسىيەتچىل شوئارلارنى جېنىنىڭ بارىچە توۋلاپ، كۆرگەنلىكى خەنزۇ ئاممىسىنى ئۇردى. خەنزۇلار ھەيدىگەن ئاپتوموبىلنى كۆرسىلا چاقتى، كۆيدۈردى. كىم ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنى توسسا شۇنى ئۇردى، ئۆلتۈردى. تەپ تارتماي ئادەم ئۆلتۈردى، ئوت قويدى. بىر ئوچۇم زوراۋانلار غالبىيەت يولىدىكى كىيىم-كېچەك زاۋۇتى ئالدىدا، 50 نەچچە ياشلىق بىر خەنزۇ كىشىنى تاش، توقماق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسى دوقمۇشىدا، زوراۋانلار ئىككى خەنزۇ ئاممىسىنى قاتتىق ئۇردى. ئۇلار ئىچىدىكى بىر كىشىنىڭ ھەممە يېرى يارىلىنىپ، نەق مەيداندىلا جان ئۈزدى. يەنە بىر كىشى تاياق زەربىسىدىن ئېغىر يارىلىنىپ، ئازراقلا تىنىقى بىلەن قان ئىچىگە يىقىلدى... زوراۋانلار يەنە ئىتتىپاق ئاياغ كىيىم زاۋۇتى ئالدىدا بىر خەنزۇ كىشىنى تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. كىشىنى تولىمۇ شۈركەندۈرىدىغان شۇكى، زوراۋانلار ئالغا كوچىسى ئېغىزىدا بىر خەنزۇ كىشىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، جەسەتنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈردى.جامائەت خەۋپسىزلىك ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچى ئوفىتسېر-جەڭچىلىرى مەجبۇرى تەدبىر قوللانغاندىن كېيىن، مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمىگەن زوراۋانلار، شۇ كۈنى كېچىدىن باشلاپ 9-چېسلاغىچە، نۇرغۇن بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ، كىچىك كوچىلارغا كىرىۋېلىپ، شەھەر بىلەن يېزا تۇتىشىدىغان يەرلەرگە بېرىپ ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، ئادەم ئۆلتۈرۈش بىلەن داۋاملىق شۇغۇللاندى. 7-چېسلا، بىر ئوچۇم زوراۋانلار كېچىدە،

يېزا ئىگىلىك 4-شىسىنىڭ خىش زاۋۇتىدا بىر خەنزۇنىڭ 8 يېرىگە پىچاق تىقىپ ئېغىر يارىلاندۇردى. يەنە بىر ئوچۇم زوراۋانلار تاشكۆۋرۈك يېزىسىغا كېلىپ، ئىككى ئائىلىلىك خەنزۇ دېھقاننىڭ ئائىلىسىدىكى 6 ئادەمنى ئۇرۇپ ئېغىر يارىلاندۇردى.

دەسلەپكى سانلىق مەلۇماتتىن قارىغاندا، بۇ قېتىمقى ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشتەك ئېغىر پاراكەندىچىلىك ۋەقەسىدە بىگۇناھ 198 ئامما يارىلانغان. بۇنىڭ ئىچىدە 50 ئادەم ئېغىر يارىلانغان. يەتتە خەنزۇ ئاممىسى ئۆلتۈرۈلگەن. جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچى ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرىدىن 30 ئادەم يارىلانغان. بۇنىڭ ئىچىدە 14 ئادەم ئېغىر يارىلانغان. ئۆتۈپ كېتىۋاتقان 24 ئاپتوموبىل چېقىپ بۇزۇۋېتىلگەن. ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاپتوموبىلدىن ئالتىسى، ساقچى ماشىنىسىدىن توققۇزى، پۇقرالارنىڭ ئىككى ئېغىز ئۆيى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نورمال ئىجتىمائىي تەرتىپى ۋە شۇ جايدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نورمال خىزمەت، تۇرمۇش تەرتىپى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ناھايىتى يامان تەسىر پەيدا بولغان.

**(2) مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ غەلىبە مارشى ياڭرىتىلدى**

غۇلجىدا 5-فېۋرال ئېغىر ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى جىددىي يىغىن ئېچىپ، ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىش پرىنسىپى ۋە تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە غۇلجىغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسىنى ئەۋەتىپ، شۇ جايدىكى

ھۆكۈمەتنىڭ ۋەقەنى تىنچىتىشقا يېتەكچىلىك قىلدى ۋە ياردەم بەردى. ئىلى ئوبلاستى، ئىلى ۋىلايىتى ۋە غۇلجا شەھىرى ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن تەشكىللەنگەن بىرلەشمە قوماندانلىق شتابى قۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى بىر تۇتاش تەشكىللىدى. بۇنىڭ بىلەن بىر مەيدان توپىلاڭنى تىنچىتىش كۈرىشى، غۇلجا شەھىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەتئىي ھىمايە قىلىشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، ھەر تەرەپلىمە قانات يايدى.

2-ئاينىڭ 5-كۈنىدىن 6-كۈنىگىچە، غۇلجا شەھىرىنىڭ باشلىقى پولات ئۆمەر، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى قۇربانجان ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ تېلېۋىزىيە نۇتقى ئېلان قىلىپ، ئۇرۇش، چېقىش بۇلاشتەك ئېغىر پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئاممىغا ئاشكارىلاپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى كۆزىنى سۈرتۈۋېتىپ ھەق-ناھەقنى ئېنىق ئايرىش، ئالدام خالتىغا چۈشمەي، بايرىقى روشەن ھالدا مەيدانىنى مۇستەھكەملەپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى تۇرۇش، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، كۆيدۈرۈش، ئادەم ئۆلتۈرۈشنى قەتئىي توسۇش كۈرىشىگە پائال قاتنىشىشقا چاقىردى. بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى جىنايىتىنى دەرھال توختىتىپ، ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدا ئاگاھلاندۇردى. غۇلجا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى تېلېۋىزىيە، رادىيو ، گېزىت-ژۇرنال قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق پۈتۈن شەھەر خەلقىگە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 1-، 2-، 3-، 4- نومۇرلۇق ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشنى ئېلان قىلدى ھەمدە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشنى پۈتۈن شەھەرنىڭ ھەممە يېرىگە چاپلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇ جايدىكى تېلېۋىزىيە، رادىيو، گېزىت-ژۇرنال قاتارلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرى

بۇ زوراۋانلارنىڭ ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، كۆيدۈرۈش، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت جىنايى قىلمىشنى ۋاقتىدا خەۋەر قىلدى. ئىلى ئوبلاستى، ئىلى ۋىلايىتى ۋە غۇلجا شەھەرىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ھەر مىللەتتىن بولغان 450 نەپەر كادىرنى ئاجرىتىپ، بىر نەچچە خىزمەت گۇرۇپپىسى قىلىپ تەشكىللەپ غۇلجا شەھىرىدىكى مەھەللە، كوچىلار، يېزا-كەنتلەر ۋە ئاھالە ئولتۇراق نۇقتىلىرىغا بېرىپ، ۋەقەنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئاشكارىلاش، زوراۋانلارنىڭ جىنايى قىلمىشىنى پاش قىلىش، ئاممىغا تەربىيە بېرىش ۋە ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇ تەدبىرلەرنىڭ قوللىنىشى بىلەن، پۈتۈن شەھەردىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى ۋەقەنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى تېزلا بىلىۋالدى، بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر ناھايىتى زور دەرىجىدە يېتىم قالدۇرۇلدى، توپىلاڭنى تىنچىتىش كۈرىشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە پۇختا ئاممىۋى ئاساس سېلىندى.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشتەك ئېغىر پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسىنىڭ تەرەققىياتى تېز، ئەھۋال مۇرەككەپ بولغانلىقى، قانۇنسىز نامايىشچىلار قوشۇنىغا مەجبۇرلانغان، قايمۇقۇپ قالغان ئامما ۋە تاماشا كۆرگەن بىر مۇنچە ئادەم ئارىلىشىپ كەتكەنلىكى، زوراۋانلار جامائەت خەۋپسىزلىك ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىمىنىڭ ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرى بىلەن قارشىلىشىشتا نىيىتىنى بۇزۇپ، نۇرغۇن بىگۇناھ سەبى باللارنى سەپنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، توپىلاڭنى تىنچىتىش كۈرىشى ناھايىتى قىيىن بولدى. بىگۇناھ ئامما ۋە باللارنى يارىلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان كادىر-ساقچىلار ئالدى بىلەن نەسىھەت قىلدى، قانۇنسىز نامايىشچىلار قوشۇنىدىكى زوراۋانلار توقماق، پىچاق، تاش بىلەن قوراللىق قارشىلىشىپ، ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاممىنى ئۇرغان،

ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاپتوموبىللارنى چاقىقان ۋە كۆيدۈرگەندىن كېيىن، قانۇنسىز نامايىشچىلار قوشۇننى مەجبۇرىي پارچىلاپ تارقاقلاشتۇردى، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش بىلەن شۇغۇللانغان بىر تۈركۈم زوراۋانلارنى قامىدى، بۇ قېتىمقى ۋەقەگە كونكرېت تەشكىللاتچىلىق ۋە قوماندانلىق قىلغان ئابدۇخېلىل بىلەن ئابدۇمىجىتنى نەق مەيداندا تۇتتى. بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر بولدى قىلماي، داۋاملىق توپلىشىپ جېدەل چىقاردى، بىر تۈركۈم زوراۋانلارنى تەشكىللەپ غۇلجا شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپلا قالماستىن، بۇ قېتىمقى توپىلاڭنى تىنچىتىش كۈرىشىدە مەيدانى مۇستەھكەم بولغان ئاز سانلىق مىللەت كادىر-ساقچىلارنى كۆزگە قادالغان مىخ، تاپىنىغا سانجىلغان تىكەن كۆرۈپ، بىر ئوچۇم زوراۋانلارنى بۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىر-ساقچىلىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قاتىللىق قىلىشقا ئەۋەتتى. مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن خورىكىنى بېسىش ئۈچۈن، جامائەت خەۋپسىزلىك ساقچىلىرىمىز ۋە قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرى بۇيرۇققا بىنائەن شۇ كۈندىن باشلاپ غۇلجا شەھىرىنىڭ ئاساسلىق كوچىلىرى، ئاۋات بازارلىرىدا قاتناشنى چەكلەپ، بارلىق خادىملار ۋە ئاپتوموبىللارنىڭ غۇلجا شەھىرىگە كىرىپ-چىقىشىنى مەنئى قىلدى، شەھەر رايونىدا پىيادە يۈرگەن بارلىق كىشىلەر ۋە ئاپتوموبىللارنى تەكشۈردى، بۇنىڭ بىلەن ۋەقە بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 22 ئەتراپىدا تىنچىدى.

2-ئاينىڭ 6-كۈنى مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمىگەن بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر داۋاملىق توپلىشىپ، ئاساسلىق كوچىلاردا قانۇنسىز نامايىش قىلغان، غوۋغا كۆتۈرۈپ جېدەل چىقارغان ھەمدە تېخىمۇ غالجىرلىشىپ ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش بىلەن شۇغۇللانغان ئەھۋالغا قارىتا، جامائەت خەۋپسىزلىك ساقچىلىرىمىز

ۋە قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ ئوفىتسېر-جەڭچىلىرى پارچىلاش، بىر تۈركۈم زوراۋانلارنى نەق مەيداندا قاماش قاتارلىق مەجبۇرىي تەدبىرلەرنى كەسكىن قوللاندى. ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، كۆيدۈرۈش، ئادەم ئۆلتۈرۈش بىلەن داۋاملىق شۇغۇللانغان زوراۋانلارنى ئالدى بىلەن ئوق چىقىرىپ ئاگاھلاندۇردى، ئوق چىقىرىپ ئاگاھلاندۇرۇش ئۈنۈم بەرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا بىر زوراۋاننى ئېتىپ ئۆلتۈردى، بىر نەچچە زوراۋاننى يارىلاندۇردى، بۇنداق قىلىش ئارقىلىق زوراۋانلارنى ناھايىتى زور دەرىجىدە چۆچۈتۈپ، كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشتەك پاراكەندىچىلىكنى ئۈزۈل-كېسىل تىنچىتتى. لېكىن بىز بىلەن دۈشمەنلەشكەن زوراۋانلار پارچىلىنىپ، خىلۋەت كوچا ۋە شەھەر بىلەن يېزا تۇتىشىدىغان يەرلەرگە بېرىۋېلىپ ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، كۆيدۈرۈش، ئادەم ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللاندى. شۇڭا جامائەت خەۋپسىزلىك ساقچىلىرىمىز، قورالىق ساقچى قىسمىنىڭ ئوفىتسېر-جەڭچىلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك 4-شىسىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى بىر تەرەپتىن ئاساسلىق كوچىلارنى كېچە-كۈندۈز سەييارە چارلىدى، ئېلېكتىر ئىستانسىسى، ئايرودروم، تۇرۇبا سۈيى زاۋۇتى، پوچتا-تېلېگراف، خەۋەرلىشىش ئورۇنلىرى، ئىلى دەرياسى كۆۋرۈكى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، رادىيو ئىستانسىسى قاتارلىق مۇھىم ئەسلىھەلەر ۋە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى نۇقتىلىق قوغدىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، 21 قوراللىق كىچىك تارماق ئەترەتنى تەشكىللەپ، ھەر بىر كىچىك تارماق ئەترەتكە بىر نەچچە ئاپتوموبىل سەپلەپ بەردى، زوراۋانلار قەيەردە مالىمانچىلىق تۇغدۇرسا، كىچىك تارماق ئەترەت دەرھال شۇ يەرگە بېرىپ مالىمانچىلىقنى توسىدى. غۇلجا شەھىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى باھار بايرىمى ۋە روزا ھېيتنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، بىر

ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ داۋاملىق بۇزغۇنچىلىق قىلىش سۈيىقەستىنى تار-مار قىلىش، خەلق قوراللىق كۈچلىرىنىڭ كۈچلۈك قۇدرىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، 2-ئاينىڭ 8-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، جامائەت خەۋپسىزلىك ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرى غۇلجا شەھىرىدە زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىرلەشمە مانېۋىرى ئۆتكۈزدى. قوراللانغان تىك ئۇچار ئايروپىلانلار ئاسماندا پەرۋاز قىلدى، پۈتۈن قوراللانغان جامائەت خەۋپسىزلىك ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك 4-شىسىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى چىققان ئاپتوموبىللار ساقچى ماشىنىسىنىڭ يول باشچىلىقىدا ئاساسلىق كوچىلاردىن ئاستا مېڭىپ ئۆتتى.

جامائەت خەۋپسىزلىك ساقچىلىرىمىز، قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك 4-شىسى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىش ئارقىسىدا، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، كۆيدۈرۈش، ئادەم ئۆلتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغان زوراۋانلار ئارقا-ئارقىدىن قانۇن تورىغا چۈشتى. 2-ئاينىڭ 8-كۈنى كەچتە، جامائەت خەۋپسىزلىك ساقچىلىرىمىز ئابدۇزاكىر مۆمىن باشچىلىقىدىكى بىر ئوچۇم زوراۋانلارنىڭ غۇلجا ناھىيىسى ئۈچئۈن يېزىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، قار، شىۋىرغانغا قارىماي ئۇلارنى تۇتقىلى باردى. ئاللىبۇرۇنلا تەييارلىق كۆرۈپ قويغان زوراۋانلار قولىغا پىچاق، پالتا، تىشاڭ ئېلىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ، تۆت ساقچىنى يارىلاندۇردى، ئىككى ساقچىنى ئېغىر يارىلاندۇرۇپ، «54» تىپلىق تاپانچىدىن بىرنى بۇلاپ كەتتى، ساقچى ماشىنىسىدىن بىرنى كۆيدۈرۈۋەتتى، يەنە جامائەت خەۋپسىزلىك ساقچىلىرىغا ئوق چىقاردى، كوچىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر خەنزۇ دېھقاننىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ، ۋەھشىيلەرچە ئۈچ ئادەمنى ئۆلتۈردى، ئىككى ئادەمنى

ئېغىر يارىلاندۇردى. قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ ياردەمگە كەلگەن ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرى زوراۋانلارنى تېز قورشاۋ ئىچىگە ئالدى، ئاگاھلاندۇرۇش ئۈنۈم بەرمىگەن ئەھۋالدا جاھىللىق بىلەن قارشىلاشقان زوراۋانلارنى قەتئىي باستۇرۇپ، زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى.

جامائەت خەۋپسىزلىك ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىمىنىڭ ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك 4-شىسى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇدا جەڭ قىلىشى ئارقىسىدا، غۇلجا شەھىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە تىنچ، خاتىرجەم ياشاش مۇھىتى يارىتىپ بېرىلدى. 2-ئاينىڭ 9-كۈنى، يەنى باھار بايرىمىنىڭ 3-كۈنى، روزا ھېيتنىڭ 11-كۈنى سەھەردە نەچچە ئون مىڭ ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى خۇشال-خۇرام ھالدا ئۆيلىرىدىن چىقىپ تەرەپ-تەرەپتىن شەھەر رايونى ۋە يېزا، بازارلاردىكى مەسچىتلەرگە يىغىلىپ، تەرتىپلىك ھالدا روزا ھېيت نامىزىنى ئۆتىدى. نامازدىن كېيىن ھەممەيلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئارقىدىن ئۆرپ-ئادەت بويىچە تۇپراق بېشىغا بېرىپ ۋاپات بولغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ روھىغا دۇئا-تىلاۋەت قىلدى.

روزا ھېيتنىڭ تىنچ ئۆتكەنلىكى غۇلجا شەھىرىدە توپىلاڭنى تىنچىتىش كۈرىشىدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكى، جەمئىيەت ئامانلىقى تەرتىپى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش، خىزمەت تەرتىپى ئاساسىي جەھەتتىن نورماللاشقانلىقىدىن دېرەك بەردى.

**(3) ھەر مىللەت خەلقى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قەتئىي قوللىدى**

غۇلجىدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىر ئوچۇم مىللىي

بۆلگۈنچىلەر غۇلجا شەھىرىدە قوزغىغان «5 - فېۋرال» ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشتەك پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسىنى قەتئىي تۇسىدى ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇردى. ۋەقە يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى، بەزى كىشىلەر «قۇرئان»نى چۈشەندۈرۈشنى باھانە قىلىپ، بايانداي بازىرىدا قانۇنسىز ھالدا ئالاقە باغلىدى، بىر ئاشخانىدا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ھەدەپ ھۇجۇم قىلىپ، «خەلق پۇلى»، «شوپۇرلۇق كىنىشكىسى»، «توي خېتى»، «تىجارەت كىنىشكىسى»، «كىملىكنامىسى» ھارام دەپ، بۇ ئاشخانىنىڭ خوجايىنىنى بۇ گۇۋاھنامىلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىپ، ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئىش قىلىشقا ئۈندىدى. بۇ ئاشخانىنىڭ خوجايىنى قەتئىي رەت قىلىپ، ئۇ ئادەملەرنى تىللاپ ئاشخانىدىن قوغلاپ چىقاردى. بايانداي بازىرى دۆڭمازار كەنتى ۋە تېچاڭگۇدىكى ھەر مىللەت دېھقانلار ئالاقە باغلاشقا ئەۋەتكەن ئادەملەرنى ئۆز كەنتىدىن قوغلاپ چىقاردى.

ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشتەك ئېغىر پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ھەر مىللەت ئاممىسى ناھايىتى نەپرەتلىنىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەر خىل شەكىلدىكى سۆھبەت يىغىنلىرىغا قاتناشتى، مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى، شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت ۋە پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا بېرىپ سۆھبەتلەشتى، پوزىتسىيەسىنى بىلدۈردى، بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ زوراۋانلىق قىلمىشىنى ئەيىبلىدى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت قوللانغان تەدبىرنى قوللايدىغانلىقى، ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرگە، تۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىگە تەشۋىق قىلىش، تەربىيە بېرىش خىزمىتىنى پائال تۇردە ياخشى ئىشلەيدىغانلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى تۆھپە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. غۇلجا شەھىرىدىكى

مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرى مۇنداق دېدى: «باھار بايرىمى، روزا ھېيت ھەر مىللەت خەلقى ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلىرىنى يوقلايدىغان، ئائىلىدە جەم بولىدىغان كۈن ئىدى، ئەمما بۇ بۇزۇق ئۇنسۇرلار پاراكەندىچىلىك سالدى، ئۇلار مىللەتچىلىككە ھەرگىز ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، ئۇلار ۋەتەننىڭ بىرلىكى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزدى، ئۇلار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ بۇزۇق ئۇنسۇرلارنى تېز تۇتۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا تەشۋىق قىلىش، تەربىيە بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، كۆپچىلىككە بۇ ۋەقەنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى بىلدۈرىمىز». ئىماملار مۇشۇنداق دېدى ھەم مۇشۇنداق قىلدى. ئۇلار ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا بۇ ۋەقەنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى تەكرار-تەكرار چۈشەندۈردى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا نەسىھەت قىلىپ: «دۆلەتنىڭ قانۇن-نىزاملىرىغا چوقۇم ئەمەل قىلىپ، قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قەتئىي قوغداش كېرەك. جەمئىيەت تىنچ بولسا، ئاندىن ھەممىمىزنىڭ تۇرمۇشى تەسىرگە ئۇچرىمايدۇ، ئاندىن نورمال دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنالايمىز» دېدى. بىر ئۇيغۇر دېھقان مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا يۈرەك سۆزىنى ئېيتىپ: «جەمئىيەت تىنچ بولسا، ئاندىن ھەممىمىز ھېيتنى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزەلەيمىز. ھازىر بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ھېيتمۇ ھېيتتەك بولمىدى، ئېغىزىمىغا تاماق تېتىمايدىغان، كۆزۈمگە ئۇيقۇ بارمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ، بىز دېھقانلار تىنچ ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ بولۇشىغا ناھايىتى موھتاج» دېدى. بايانداىدىكى ئۇيغۇر ئاما ئارقا-ئارقىدىن يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىغا ۋە يېزىلىق ھۆكۈمەتكە

كېلىپ پوزىتسىيەسىنى بىلدۈرۈپ، پارتىيە ھۆكۈمەت قوللانغان تەدبىرنى قەتئىي ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى ھەمدە پۈتۈن بازاردىكى ھەر مىللەت خەلقىگە مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا زىيانلىق ئىشلارنى قىلماسلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيانلىق گەپلەرنى دېمەسلىك تەشەببۇسنامىسىنى چىقاردى.

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشتەك پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسىنى تېز تىنچىتىشقا ياردەملىشىش ئۈچۈن، غۇلجا شەھىرىدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى پائال ھەرىكەتكە كەلدى، رازۋېد يىپ ئۇچلىرى بىلەن تەمىنلىدى، جامائەت خەۋپسىزلىك ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرىنىڭ توردىن چۈشۈپ قالغان زوراۋانلارنى تۇتۇشىغا ياردەملەشتى. ئاممىنىڭ قىلىشى بىلەن، جامائەت خەۋپسىزلىك ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرى توردىن چۈشۈپ قالغان ئابدۇزاكىر مۆمىن باشچىلىقىدىكى زوراۋانلارنى قورشاۋ ئىچىگە ئېلىپ، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن زوراۋانلارنى نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈردى، توققۇز زوراۋاننى تۇتتى. شەھەر رايونىدا ھەر مىللەت ئاممىسى زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تەكشۈرۈش ئەترىتى بولۇپ تەشكىللەندى، شەھەر ئەتراپىدىكى ھەر قايسى يېزا، بازار، مەيدان ۋە شۆلارغا قاراشلىق كەنت (ئەترەت)لەرمۇ ئامانلىق ساقلاش بىرلەشمە مۇداپىئە گۇرۇپپىسىنى قۇردى، بۇ غۇلجا شەھىرىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى تەرتىپىنى ساقلاشتا مۇھىم رول ئوينىدى. توغراق يېزىسى قارا يار كەنتىدىكى دېھقانلار پېشقەدەم كەنت پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۆز كەنتىنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش خىزمىتىنى پائال تۈردە ياخشى ئىشلىدى. ئۇيغۇر خەلق ئەسكەرلىرى ئاساس قىلىنغان جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش بىرلەشمە مۇداپىئە گۇرۇپپىسى

كەنت ئىچى ۋە سىرتىدا كىچە-كۈندۈز سەييارە چارلىدى، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ كونا-يېڭى شۇجىلىرى كەنتتىكى خەنزۇ دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە تەسەللىي بېرىپ، ئۇلارغا: «سىلەر چاغاننى ئوبدان ئۆتكۈزۈڭلار، قورقماڭلار، خەلق ئەسكەرلىرىدىن تەشكىللەنگەن بىرلەشمە مۇداپىئە گۇرۇپپىلىرى سىلەر ئۈچۈن پوستتا تۇرۇۋاتىدۇ» دېدى. خەنزۇ دېھقانلار ناھايىتى تەسىرلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ چاغان ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تەييارلىغان يېمەكلىكلىرىنى ئېلىپ ئۇيغۇر خەلق ئەسكەرلىرىدىن تەشكىللەنگەن بىرلەشمە مۇداپىئە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرىدىن ھال سورىدى. بايانداي بازىرى دۆڭمازار كەنتىدىكى خەنزۇ دېھقانلار ئىستىخىيلىك ھالدا ئون ئائىلە بىر قوغداش گۇرۇپپىسى بولۇپ تەشكىللەنگەندىن كېيىن، بۇ كەنتتىكى ئۇيغۇر دېھقانلارمۇ خەنزۇ ئاھالە گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقىنى تېپىپ قاتنىششنى تەلەپ قىلدى ھەمدە بىز تىل بىلىمىز، ئۇچۇر ئىگىلىيەلەيمىز، بىزمۇ قاتناشساق ئون ئائىلىدىن تەركىب تاپقان ھەر بىر قوغداش گۇرۇپپىسىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ، دېدى.

ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشتەك پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسىدە، زوراۋانلار شۇ جايدىكى خەنزۇ ئاھالىلەرنى كۆزلىگەن قادالغان مىخ كۆرۈپ، «خەنزۇلارنى قوغلاپ چىقىرايلى» دەپ جار سېلىپ، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، كۆيدۈرۈش، ئادەم ئۆلتۈرۈشتە خەنزۇ ئاممىسىنى ئاساسلىق نىشان قىلدى. لېكىن غۇلجىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئەزەلدىن ئىناق ياشاپ، چېگرا رايوننى ئورتاق گۈللەندۈرۈش ۋە ئورتاق قوغداشتا گۆش بىلەن ياغدەك دوستانىلىق، بار-يوقنى تەڭ كۆرۈشتەك يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتتى، بۇنداق دوستانىلىقنى بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر ھەرگىز بۇزۇۋلمايدۇ. زوراۋانلار بىگۇناھ خەنزۇ ئاممىنى تەلۋىلىك بىلەن ئۇرغان چاغلاردا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى

ۋە ئاممىسى كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ زوراۋانلارنى ئەيىبلىدى ۋە توسىدى، ئۇلارنىڭ بىر مۇنچىلىرى زوراۋانلاردىن تاياق يەپ يارىلاندى. كەڭ ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى قورقماي ئەكسىچە تېخىمۇ باتۇرلۇق بىلەن مەيدانغا چىقىپ خەنزۇ ئاممىسىنى قوغدىدى ۋە قۇتقۇزدى. 2-ئاينىڭ 5-كۈنى چۈشتىن كېيىن، غۇلجا شەھەرلىك كۆكتات شىركىتىنىڭ ئىشچىسى جاڭ جۈن لەنتيەن سودا سارىيى ئالدىدا بىر ئوچۇم زوراۋانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. بۇ زوراۋانلار جاڭ جۈننى خىش، تاش بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىپ ئۇنىڭ يېنىدىكى 500 يۈەن نەق پۇلنى ۋە ۋېلسىپىتىنى بۇلاپ كەتتى. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئۇيغۇر ياش ئۈستى-بېشى قانغا بويالغان جاڭ جۈننى قۇتقۇزۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى ئائىلە قورۇسىغا ئەكىرىپ يارىسىنى تاڭدى ھەم كوچىغا چىقىپ كۆزىتىپ، كوچا تىنچلانغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ قىزغىنلىق بىلەن: «ئوبدان ئىنىم ئەمدى ئۆيگە كەتسەڭ بولىدۇ» دېدى.

جاڭ جۈن قۇتقۇزۇۋېلىنغاندىن كېيىن ھاياجانلىنىپ ئائىلىسى -دىكىلەرگە:

«مېنى قۇتقۇزغان ئاشۇ ئۇيغۇر قېرىندىشىمغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!» دېدى. شۇ كۈنى، غۇلجا شەھەرلىك پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ خەنزۇ ئايال كادىرى لياڭ خۇاچىنمۇ بىر نەچچە ئۇيغۇر ئامىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆيگە تىنچ ئامان بېرىۋالدى. بۇ ئىش مۇنداق بولدى: ئاساسىي قاتلامغا پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى تەشۋىق قىلغىلى بارغان لياڭ خۇاچىن شەھەرگە قايتىپ كېلىۋېتىپ خۇاگوشەن كەنتى ئەتراپىغا كەلگەندە زوراۋانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، بىر ئۇيغۇر موماي ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى ئۆز ئۆيىگە

يوشۇرۇپ قويدى، بىرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، باشقا ئائىلىلىك ئۈچ ئۇيغۇر ئاكا-سىڭىل ئۇنى ئۆز ئۆيىگە يۆتكەپ ئۇنىڭغا: جىددىيلەشمەڭ، قورقماڭ دەپ تەسەللىي بەردى، تاماق ئېتىپ بەردى، ئاندىن لياڭ خۇاچىننى مۇھاپىزەت قىلىپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى.

2-ئاينىڭ 6-كۈنى ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋەقەسى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى، زوراۋانلار غالجىرلىشىپ بىگۇناھ خەنزۇ ئاممىنى كۆرگەنلا يەردە توسىدى ۋە ئۇردى. ۋەھشىي زوراۋانلار ئالدىدا، كەڭ ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى قورقماي، خەنزۇ ئاممىنى داۋاملىق قوغدىدى ۋە قۇتقۇزدى. ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئۇيغۇر ئايال غۇلجا كوچىسىدا بىر توپ زوراۋانلارنىڭ غۇلجا شەھەرلىك باش-ئاياغ كىيىم زاۋۇتىنىڭ خەنزۇ ئىشچىسى فېڭ داخەينى قوغلاپ ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يارىلانغان فېڭ داخەينى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرىۋالدى، ئارقىدىن يەنە يولدىشىنى ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالاتقۇزۇپ، فېڭ داخەينى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزدى. ھېيتقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئائىلە بويىچە شەھەرگە كىرگەن تاشكۆۋرۈك يېزىسى 2-كەنتتىكى خەنزۇ دېھقان جاڭ فۇجۈن بىر نەچچە ئۇيغۇر ئاممىنىڭ ياردىمىدە خەتەردىن قۇتۇلدى. ئەينى ۋاقىتتا جاڭ فۇجۈن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن شىنخۇا دوختۇرخانىسى ئالدىغا كەلگەندە، بىر ئوچۇم زوراۋانلار شۇ يەردە بىگۇناھ خەنزۇ ئاممىنى توسۇپ ئۇرۇۋاتقان، بۇلاۋاتقان بولۇپ، ئەھۋال ناھايىتى خەتەرلىك ئىدى. بۇ چاغدا جاڭ فۇجۈننى تونۇمايدىغان ئىككى ئۇيغۇر ئامما تەشەببۇسكارلىق بىلەن جاڭ فۇجۈننى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن قوشۇپ ئۆز ئۆيىگە يوشۇرۇۋالدى. ئالغا كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر ئۇيغۇر موماي زوراۋانلارنىڭ كوچىدىكى قەبىھ قىلمىشىنى كۆرۈپ ناھايىتى غەزەپلىنىپ ،

ئۆزى بىلەن بىر قورۇدا ئولتۇرىدىغان ئالتە ئائىلىلىك خەنزۇ ئاممىسىنىڭ ئۆيىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن كىرىپ ئۇلارغا تەسەللىي بەردى، بۇ بىر نەچچە كۈندە سىرتقا چىقماسلىقنى تاپىلىدى ھەمدە ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنى ھەر كۈنى ئۇلارغا تۇرمۇشقا كېرەكلىك كۆكتات ۋە يېمەكلىك ئەكېلىپ بېرىشكە بۇيرىدى، ئۆزى ھەر كۈنى قورۇ ئالدىغا چىقىپ ئەھۋالنى كۆزەتتى، ئۇلار ئۇچۇن پوستتا تۇردى. بىر ئۇيغۇر كادىر غۇلجا شەھەرلىك باش-ئاياغ كىيىم زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى تاياق يېگەنلىكى، يول بويىدىكى ئۆيى كۆيدۈرۈلگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، دەرھال زاۋۇتقا بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەپ، ئۇنى ئورۇنلاشتۇردى. قايتىپ كېلىۋېتىپ شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ يېنىدا بىر خەنزۇ ئاممىنىڭ جەستى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەھۋالنى دەرھال جامائەت خەۋپسىزلىك تارمىقىغا مەلۇم قىلدى. ئۇ شەھەرلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق كومىتېتىنىڭ خەنزۇ كاسسىرىنىڭ ئوغلى زوراۋانلار تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، جەستىنىڭ دوختۇرخانىدا ئىكەنلىكى، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ دوختۇرخانىغا بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن ھال سورىدى ھەمدە مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ۋاكالىتەن دوختۇرخانىغا بېرىپ ئاخىرەتلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلدى.

شەھەر ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلار شەھەردە ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشتەك پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسى يۈز بەرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال ھەرىكەتكە كەلدى.

تاش كۆۋرۈك يېزىسىدىكى بىر ئۇيغۇر ياش ئۆز يېزىسىدىكى تەنها بوۋاي گوشۇنفۇنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئەكېلىپ بىللە تۇردى، ۋەقە تىنچىغاندىن كېيىن ئاندىن خاتىرجەم بولۇپ بوۋاينى ئۆز

ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى.

بۇ يېزىدىكى بىر ئۇيغۇر بوۋاي ئۆز كەنتىدىكى بىر خەنزۇ دېھقاننىڭ ئۆيىدىكى ئۈچ ئادەم زوراۋانلار تەرىپىدىن ئۇرۇپ يارىلاندۇرغانلىقى، يارىسىنىڭ ناھايىتى ئېغىر ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، مەردانىلىق بىلەن ئېشەك ھارۋىسىنى ھەيدەپ، يارىلانغان شۇ ئۈچ ئادەمنى ھارۋىسىغا چىقاردى، ئۇ بىخەتەرلىكنى كۆزلەپ كونا يوتقانىنى ئۈستىگە يېپىپ، ياردارلارنى دوختۇرخانىغا ئاپاردى. يولدا بىر توپ زوراۋانلارغا ئۇچراپ قالدى، زوراۋانلار بوۋايدىن: ھارۋىغا نېمە باستىڭ دەپ سورىغاندا، چەبدەسلىك بىلەن، «بەسەي باستىم» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنداق قىلىپ بۇ بوۋاي ئۇلارنى تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە بىخەتەر ئاپىرىپ قويدى ھەمدە ياردارلارنى تۇغقانلىرى بىلەن بىللە دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالاتتى. يەنە بىر ئۇيغۇر بوۋاي خېنەندىن كەلگەن خەنزۇ ئىشلەمچى ئەر-خوتۇن بىلەن قوشنا ئولتۇراتتى، بوۋاي بۇ بىر جۈپ ئەر-خوتۇنغا سەمىمىي ھالدا: «ئەنسىرىمەڭلار بىز بار، بىز ئىككىڭلارغا ياردەم قىلىمىز، بىز بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرىدە» دېدى.

زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس. ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشتەك پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسىدە، غۇلجا شەھىرىدىكى يەتكىچە ئازار يېگەن ھەر مىللەت خەلقى خەلق پەرزەنت ئەسكەرلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىكى پولات ئىستىھكام، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. 2-ئاينىڭ 8-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىمنىڭ ئوفتسېر-ئەسكەرلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك 4-شىسىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى غۇلجا شەھىرىدە

ئالدىنى ئېلىش بىرلەشمە ھەربىي مانېۋىرى ئۆتكۈزگەندە، ئۇن مىڭلىغان ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى كوچىغا چىقىپ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىن قىزغىن چاۋاك چېلىپ قارشى ئالدى، «خەلقنىڭ قوراللىق ساقچى قىسىملىرى ياشىسۇن»، «بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قەتئىي زەربە بېرەيلى!!»، «زوراۋانلىقنىڭلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش مانېۋىرى ياخشى بولدى!» دەپ توختىماي شوئار توۋلىدى، نۇرغۇن كىشىلەر يەنە ھاياجانلىنىپ كۆز يېشى قىلدى.

ۋەقەنى تېز تىنچىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى چاغان ۋە روزا ھېيتنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، جامائەت خەۋپسىزلىك ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك 4-شىسىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى سوغۇققا قارىماي، قان ئاققۇزۇشتىن قورقماي، دالادا يېتىپ غۇلجا شەھىرىنىڭ چوڭ-كىچىك كوچىلىرىدا كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ سەييارە چارلاش ئېلىپ باردى. غۇلجا شەھىرىدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى بۇنى كۆرۈپ ئىچ ئاغرىتتى، بۇنىڭ بىلەن داغدۇغىلىق ھالدا خەلقنىڭ پەرزەنت ئەسكەرلىرىدىن ھال سوراش ھەرىكىتى ئىستىخىيىلىك ھالدا قانات يېيىپ كەتتى.

ئورگانلار، ئورۇنلار، مەكتەپ، دوختۇرخانىلار، زاۋۇت، كان-كارخانىلار، شەھەر خەلقى بەس-بەستە پۇل، ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلدى. بىرىنچى سەپتە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان پەرزەنت ئەسكەرلەرگە گۈرۈچ، ئۇن، قوي گۆشى، كۆكتات، كونسېرۋا، ئىچىملىك، نان قاتارلىقلارنى ئاپىرىپلا قالماستىن، دوختۇر، دورا ئەۋەتتى، ھال سوراش خېتى ئەۋەتتى، ئويۇن قويۇپ بەردى،

لەۋھە تەقدىم قىلدى، نۇرغۇن شەھەر خەلقى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئىسسىق تاماق ئېتىپ ۋە سۈت چاي تەييارلاپ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان پەرزەنت ئەسكەرلەردىن ھال سورىدى. ئىلى ئوبلاستلىق سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئىشچى خىزمەتچىلىرى زاۋۇت ئەتراپىدا چارلاش ئېلىپ بېرىۋاتقان ئوفىتسېر-جەڭچىلەرنىڭ كۆمۈرى يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا ھال سوراش بۇيۇملىرىنى ئاپىرىپ بېرىشتىن باشقا يەنە دوختۇر، دورا ئەۋەتتى. ئىلى سەفەن ئىنستىتۇتىدىكى ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلار ئىنستىتۇتنىڭ ئەتراپىنى چارلاۋاتقان ئوفىتسېر-جەڭچىلەرگە ئاش-تاماق ئاپىرىپ بېرىشنى داۋاملاشتۇردى ھەمدە چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپ «توپىلاڭنى تىنچىتىپ، غۇلجىنى تىنچلاندۇردىڭلار» دەپ يېزىلغان بىر لەۋھەنى تەقدىم قىلدى. ئىلى ئوبلاستلىق تۆرلۈك ماللار شىركىتىنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرى شىركەت ئەتراپىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان قوراللىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرىنىڭ ئاخشىمى توك، ئىسسىنىش ئەسلىھەلىرى يوق بىر ئامباردا نۆۋەتلىشىپ ئارام ئېلىۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، دەرھال بىر ئېغىز چوڭ ئۆينى بىكارلاپ، توك تارتىپ، مەشكە ئوت قالاپ، ئوفىتسېر-ئەسكەرلەرنىڭ ئاخشىمى ياخشى ئارام ئېلىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى. بايانداي بازىرىدىكى بىر ئۇيغۇر بوۋاي ياشىنىپ ئاجىزلاپ قالغانلىقىغا قارىماي، ئۆزى لىق بىر قازان پولۇ ئېتىپ بازاردا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان قوراللىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرىدىن ھال سورىدى. قارا دۆڭ يېزىسىدىكى ئۈچ ئۇيغۇر دېھقان بىرىنچى سەپتىكى ئوفىتسېر-جەڭچىلەرگە ئىسسىق تاماق ۋە كۆمۈر، مەش ئاپىرىپ بەردى ھەمدە ئۇلارغا: «ھاۋا سوغۇق، سىلەر جاپا چەكتىڭلار، بىز بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرى، شۇڭا، ئازراق نەرسە ئەكېلىپ كۆڭلىمىزنى بىلدۈردۇق، پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيە بار يەردە، ۋەقەنى

چوقۇم تىنچتىقلىق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز» دېدى. بىر كۆكتاتچى دېھقان كۆزىگە ياش ئېلىپ لىق بىر هارۋا تەرخەمەك، پەمىدۇر، موگۇ، بەسەي، پالەك، لازا، پىنتوزا، دۇفۇ قاتارلىق قوشۇمچە يېمەكلىك ۋە 30 كىلو تاسما بېلىق، 20 كىلو بادام ئېلىپ كېلىپ بىرىنچى سەپتىكى ئوفىتسېر-ئەسكەرلەردىن هال سورىدى. ئوفىتسېر-ئەسكەرلەر قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىسا، بۇ دېھقان يىغلامسىراپ: «سىلەر بىز پۇقرالارنى قوغدايمىز دەپ، كۈن بويى سوغۇقتا كوچىدا تۇرىسىلەر، بەك جاپا تارتتىڭلار، بىز پۇقرالار سىلەرگە چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز، بۇ ئازغىنە كۆڭلۈمنى قوبۇل قىلساڭلار» دەپ ئىسمىنى قالدۇرماي كېتىپ قالدى. يېڭىھايات كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر ئۇيغۇر بوۋاي بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئېتىپ ئەكەلگەن پولۇنى قاچىغا ئۇسۇپ قوراللىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇنىمىسا ئۇنىماي قولىغا تۇتقۇزۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن غەزەپلەنگەن هالدا قوراللىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر-جەڭچىلىرىگە: «ئۇلار (زوراۋانلار) ئوت قويدى، ئادەم ئۆلتۈردى، ئۇنى ئاز دەپ يەنە بىنزىن چېچىپ كۆيدۈردى، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشى ئادەم قىلىدىغان ئىش ئەمەس» دېدى. غۇلجا كوچىلىرىدا بارلىققا كەلگەن كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان كۆرۈنۈش ۋە هېكايىلەر ھەر مىللەت خەلقى ھەقىقەتەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىكى مۇھىم كۈچ، مۇستەھكەم تۆۋرۈك ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردى. ھەر مىللەت خەلقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇلارغا تايىنىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش قىلىدىغان ئەڭ كەڭ بىرلىك سەپنى بەرپا قىلىدىغانلا بولساق، بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى ئەڭ زور دەرىجىدە يېتىم قالدۇرالايمىز ۋە ئۇلارغا زەربە بېرەلەيمىز، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش

كۆرىشىدە يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرالايمىز.

2002-يىلى 3-ئايدا خىتاي گوۋۇيۈەنى ئاخبارات ئىشخانىسى ئېلان قىلغان «شەرقىي تۈركىستان تېرروروچى كۈچلەر جىنايىتىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ» ناملىق كىتابچىدا 5-فېۋرال غۇلجا ۋەقەسى ھەققىدە توختىلىپ، بۇ ۋەقەنى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ئاللاھ پارتىيىسى قاتارلىق بىرقانچە تېرروروچى پارتىيىنىڭ پەيدا قىلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئەمما بۇ بىر قانچە پارتىيىنىڭ قايسى پارتىيىلەر ئىكەنلىكىنى ھەققىدە مەلۇمات بەرمەيدۇ.

كىتابچىدا مۇنداق يېزىلىدۇ: «1997-يىلى 2-ئاينىڭ 5-كۈنىدىن 8-كۈنىگىچە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى قاتارلىق تېرروروچى تەشكىلاتلار غۇلجا بۇلاش-تالاش، چېقىش ۋەقەسىنى پەيدا قىلدى. تېرروروچىلار ئىسلام خانلىقى قۇرۇشقا ئوخشاش شوئارلارنى توۋلىدى. ماگىزىن، دۇكانلارنى بۇلىدى. ماشىنىلارنى كۆيدۈردى. بىگۇناھ 7 ئادەمنى ئۆلتۈردى. 200 دىن ئارتۇق ئادەم زەخىملەندى، 30 دىن ئارتۇق ماشىنا كاردىن چىقتى. ئاممىنىڭ 2 ئېغىز ئۆيى كۆيدۈرۈلدى».

خىتاي ئاخبارات ۋاستىلىرى شۇنىڭدەك كىتاب ۋە باياناتلىرىدا 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە بەرگەن، سانلىق مەلۇماتلار ۋە ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار ئىشەنچىسىز ۋە بىر-بىرىگە زىت بولۇپ، بۇنىڭدىن بىز تاشقى دۇنياغا ئۇچۇر تارقىتىشقا ئامالسىز قالغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ، بۇ بىر دەۋردە قانچىلىك دەرىجىدە زور قىرغىنچىلىق ئىچىدە قالغانلىقىنى تەخمىن قىلالايمىز.

## 14-ئاۋغۇست غۇلجا گۈللۈك مەسچىت نامايىشى

1995-يىلى ئىلى ياشلىرى دەسلەپتە غۇلجا شەھىرىنى مەركەز قىلغان، كېيىن پۈتكۈل ناھىيەلەرگە تارالغان مەشرەپ ھەرىكىتىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى ئولتۇرالماي قالدى. چۈنكى خىتاينىڭ ئىلى ياشلىرى ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىۋاتقان زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار قىلىش، بۇ ئارقىلىق ئەيدىز كېسىلىنى يۇقتۇرۇش، قىمارخانىلارنى كۆپلەپ ئېچىپ، ھاراق خۇمار ئەبگار، ھورۇن، خامۇش ھالەتتىكى يېڭى بىر ئەۋلاد ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆزلىرى خالىغانچە ياساپ چىقىش ھىيلىسى ئەمەلگە ئاشماي قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، گەرچە خىتاي 70 يىلدىن بۇيان قىلىۋاتقان ھەر خىل تېمىدىكى تەشۋىقاتلىرىدا ئۇنۇم كۆرەلمەيۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بەكمۇ يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيەسى بولمىغان بۇ ياشلار مەزكۇر مەشرەپكە تەسلىم بولۇپ، خۇددى پىرقىرىغۇچ مۇز ئۈستىدە پىرقىراپ ئۇيۇپ قالغاندەك ئويۇشۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئۇيۇشتىكى «ئۇي» پېئىلى بىلەن باشلانغان ئۇيغۇر دېگەن مىللەت نامىنى، غورۇرى ۋە ئېتىخارىنى قايتا ئاپىرىدە قىلىۋاتاتتى. «ئۇيۇشۇش» دېگەن بۇ كەلىمە خىتاينىڭ ئۇزۇن تارىخلاردىن بۇيان يولغا قويغان پارچىلاپ، بۆلۈپ ئىدارە قىلىش دېگەن ھىيلە-مىكرىگە تەتۈر تاناسىپ ئىدى. نەتىجىدە خىتاي بۇ مەشرەپكە ئىنتايىن زەھەرخەندىلىك ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلدى. بۇ زەھەرخەندىلىكنىڭ تۇنجى نىشانىنى ئىلى مەشرەپ ھەرىكىتىنىڭ سەركەردىسى ئابدۇخېلىل مىجىتتىن باشلىدى. دەل 1995-يىلى 8-ئاينىڭ 13-كۈنى خىتاي ئابدۇخېلىل مىجىتنى تۇيۇقسىز ۋە ھېچقانداق سەۋەبسىزلا قولغا ئالدى.

گەرچە خىتاي بۇ شەھەرنى قانچە ئەيدىز شەھىرى، زەھەرلىك چېكىملىك شەھىرىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشقان بولسىمۇ، ئەمما غۇلجا شەھىرىدىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئۆز ئاتامانىغا، ئۆز يولباشچى سەركىسىگە ئىگە چىقىش روھىنى زەھەرلىيەلمىگەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ غۇلجىدىكى مىڭدەك ياش، شۇ يىلى 8-ئاينىڭ 14-كۈنى، يەنى خىتاي ئابدۇخېلىل مىجىتنى قولغا ئېلىپ ئەتىسى، غۇلجا شەھەر دۆڭمەھەللە گۈللۈك مەسچىت ئالدىغا يىغىلىپ، خىتاي تەرەپتىن ئابدۇخېلىل مىجىتنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ نامايىش قىلدى. بۇ غۇلجا يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئەڭ غۇلغۇلا قوزغىغان نامايىشلارنىڭ بىرى بولۇپ، خىتاي شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغان 70 يىلدىن بۇيان، ئۇيغۇرلارنى قول قىلالمىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. نامايىشچىلار: «ئابدۇخېلىل مىجىت قويۇپ بېرىلسۇن!»، «مەشرەپ ئويناش گۇناھمۇ؟»، «پۇتبول ئويناش گۇناھمۇ؟» دېگەن شوئارلارنى توۋلاپ ۋە غۇلجا كوچىلىرىنى ئايلىنىپ، غۇلجا شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسى ئالدىغا بارغان. بىر قىسىم ياشلار ئىلى ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇۋالغان. نامايىش قاتتىق باستۇرۇلۇپ، 50 كە يېقىن ياش قولغا ئېلىنغان. بىرقانچە ھەربىي ماشىنا پەيدا بولۇپ خىتاي ئەسكەرلەر كالتەك-توقماقلار بىلەن نامايىشچى ياشلارنى ئۇرۇپ، قوغلاپ تىرە-پىرەن قىلغان، يۈزدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياش يارىلانغان. نامايىش بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆيمۇ-ئۆي ئاختۇرۇپ، نامايىشقا قاتناشقان ياشلارنى يوشۇرۇن تۇتقۇن قىلغان.

14-ئاۋغۇست گۈللۈك مەسچىت نامايىشى ھەققىدە خىتاي ۋىكىپېدىئاسىدا ئالاھىدە يەر بەرگەن بولۇپ، بۇ نامايىشنى تۆۋەندىكىدەك تەسۋىرلەيدۇ:

1995 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى غۇلجا شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسى ئابدۇخېلىل قاتارلىق نۇرغۇن كىشىنى قولغا ئالدى. بۇ پۈرسەتتىن پايدىلانغان «ئىلى ياشلار مەشرەپ كومىتېتى» 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، «14 ـ ئاۋغۇست زوراۋانلىق نامايىشى» ئېلىپ باردى. نامايىشچىلار 200 دىن 800 گە كۆپەيدى. 300 دىن ئارتۇق كىشى، ئىلى ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت بىناسى ئالدىدا ئولتۇرۇۋالغان بولسىمۇ، ھۆكۈمەت تارماقلىرى تەرىپىدىن قايىل قىلىنغاندىن كېيىن تارقاقلاشتى. ۋەزىيەت پەسەيگەندىن كېيىن، جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى، 28 نەپەر ئىلى ياشلىرى مەشرەپ كومىتېتى ئەزاسى ۋە 14 ـ ئاۋغۇست نامايىشىنى تەشكىللىگۈچىلەرنى قولغا ئالدى. بۇنىڭ ئىچىدە 5 نەپىرى تەكشۈرۈلدى. 14 نەپىرگە تەنقىد تەربىيە بېرىلدى. 9 كىشى كېپىللىككە قويۇپ بېرىلدى».

ھازىر شۋېتسىيەدە ياشاۋاتقان 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ شاھىتلىرىدىن ئابدۇلېتىپ، ئابدۇخېلىل مىجىت ۋە 14 ـ ئاۋغۇست نامايىشى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن تۆپچى مەھەللە مەشرەپ گۇرۇپپىسىدا بولغان ئىدىم. مەشرەپ ناھايىتى تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلاتتى. دەسلەپكى 40 مىنۇتتىن بىر سائەتكىچە ئىمان ۋە ئېتىقاد بويىچە دەۋەت بولاتتى. ئاندىن مەشرەپ قائىدىلىرى ۋە گۈل چاي قاتارلىقلار داۋاملىشاتتى. مەشرەپتە ئىنتايىن يۇقىرى بىر قىزغىنلىق، كۆڭۈل ئازادىلىكى ۋە جۇشقۇنلۇق، مېھرى ـ مۇھەببەت بار ئىدى. مەشرەپكە ئابدۇخېلىل مىجىت ۋە ئابدۇمىجىت ئابدۇراخمانلار كېلەتتى. مەشرەپ پائالىيىتىمىزنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەن دىنىي ئۆلىمالاردىن ئابدۇشۈكۈر ھاجىم بار ئىدى. مەشرەپ ئىنتايىن تېزلىكتە مەھەللە ـ مەھەللىلەرگە كېڭىيىشكە باشلىدى. ياشلارمۇ ئىنتايىن تېز ئۆزگىرىشكە باشلىدى. بۇنىڭدىن ئولتۇرالماي قالغان خىتاي ھۆكۈمىتى ئاستا ـ

ئاستا مەشرەپنى باستۇرۇشقا ئۆتكىلى تۇردى. مەشرەپ ئارقىلىق جانلىنىشقا باشلىغان غۇلجا ياشلىرى بەدەن چېنىقتۇرۇش ۋە پۇتبول كوماندىلىرىنى قۇرۇش قاتارلىق تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى جانلاندۇرۇۋېدى، خىتاي بۇنىڭغىمۇ ئولتۇرالماي قالدى ۋە پۇتبول مەيدانلىرىغا سۇ قويۇۋېتىپ، بۇ خىل پائالىيەتلەرنىمۇ توسۇشقا باشلىدى. بۇ ئىشلارغا نارازى بولۇپ يۈرگەن كۆڭۈلەردە، خىتاي ساقچىلىرى بىكاردىن بىكارغىلا ئابدۇخېلىل مىجىتنى تۇتۇپ كېتىپتۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدۇق».

«شۇنداق قىلىپ بىز 1995-يىلى 8-ئاينىڭ 14-كۈنى، غۇلجا شەھەر دۆڭ مەھەللىدىكى گۈللۈك مەسچىت يېنىغا يىغىلىپ، ھۆكۈمەتتىن ئابدۇخېلىل مىجىتنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ نامايىش قىلدۇق. غۇلجا شەھىرىدىكى ئىلغار ياش، غۇلجىدا پۇتبول كوماندىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بولغان رەخمەتتاي نامايىشقا باشلامچىلىق قىلدى. شۇ كۈنى تەخمىنەن مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر ياش دۆڭ مەھەللىدىكى گۈللۈك مەسچىتنىڭ يېنىدىن «ئابدۇخېلىلنى قويۇپ بەرسۇن، مەشرەپ ئويناش گۇناھمۇ؟ پۇتبول ئويناش گۇناھمۇ؟» دېگەن شوئارلارنى توۋلاپ، غۇلجا شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا كەلدۇق. ئەينى يىللاردىكى غۇلجا شەھىرىنىڭ باشلىقى پولات ئۆمەر ئالدىمىزغا چىقتى ۋە بىزگە: ‹بىر ۋەكىل چىقىرىڭلار، بىز شۇ ۋەكىل بىلەن سۆزلىشەيلى› دېدى ھەمدە ئابدۇخېلىل مىجىتنى قويۇپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى. بىز رەخمەتتاينى ۋەكىل قىلىپ چىقىرىشىمىزغا رەخمەتتاينىڭ قولىغا كويزا سېلىپ شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە ئەكىرىپ كەتتى. ئاندىن تۇيۇقسىزلا كالتەك-توقماق كۆتۈرگەن بىر ماشىنا ھەربىيلەر پەيدا بولۇپ، نامايىشچىلار توپىمىزنى سۇر توقاي قىلىشقا باشلىدى. تۇتۇلغانلار تۇتۇلدى. قاچقانلار قاچتۇق (تولۇق بولمىغان مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، شۇ كۈنى

50 ئەتراپىدا ياشنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى مەلۇم).

بۇ تۇتقۇندىن ساق-سالامەت قۇتۇلۇپ چىققانلار، ئاشۇ دۆك مەھەللىدىكى گۈللۈك مەسچىتنىڭ ئىمامى ئابدۇشۈكۈر ھاجىكامنىڭ يېنىغا كېلىپ، قانداق قىلىشىمىز كېرەكلىكى ھەققىدە مەسلىھەت سورىدۇق. ئابدۇشۈكۈر ھاجىم بىزگە ھازىرچە باشقا يۇرتلارغا كېتىپ تۇرۇشىمىزنى تەۋسىيە قىلدى».

«14-ئاۋغۇست گۈللۈك مەسچىت نامايىشى»غا ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ ئانىسى نۇرىمانقىز ھەدە قاتارلىق كۆپلىگەن ئاياللارنىڭمۇ قاتناشقانلىقى مەلۇم.

ھازىر گېرمانىيەدە ياشاۋاتقان مەشرەپ شاھىتلىرىدىن، ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ ئاغىنىسى ئابدۇسالام ئەپەندى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئەينى يىللاردا غۇلجا ياشلىرى مەشرەپ ئويناش بىلەنلا قالماي پۇتبول كوماندىلىرىنى قۇرۇپ، پاسسىپ ھالەتتىن ئاكتىپ بىر ھالەتكە ئۆتۈشكە باشلىغان ئىدى. 1995-يىلى يازدا غۇلجا شەھەرلىك ئايرودۇرۇم تەرەپكە جايلاشقان پۇتبول مەيدانىدا مەھەللىلەر ئارا پۇتبول مۇسابىقىسى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، مۇكاپات لوڭقىلىرى ياسالغان ئىدى. لوڭقىنىڭ بىر تەرىپىگە ئاي يۇلتۇزنىڭ بەلگىسى چۈشۈرۈلۈپتۇ، دېگەن باھانە بىلەنلا، ئەتە مۇسابىقە بولىدۇ، دېگەن كۈنى كېچىدە خىتاي دائىرىلىرى مەيدانغا سۇ قويۇپ بېرىپ، مەيداننى تېرەكتۇر بىلەن ئاغدۇرۇۋەتكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسابىقە بولمىغان. بۇنى ئاز دەپ ھۆكۈمەت ھېچقانداق سەۋەبسىزلا ئابدۇخېلىلنى غۇلجا شەھەر يېڭى ھايات تۈرمىسىگە تاشلىغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن رەھمەت تاي باشلىق ئىلغار پىكىرلىك ياشلار نامايىش قىلىپ بۇ ناھەقچىلىكنى خەلققە

بىلدۈرۈشنى قارار قىلدى.

بۇ جەرياندا غۇلجا شەھەر يېڭى هايات تۈرمىسىگە سولانغان ئابدۇخېلىل، ئالتە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، تۈرمىدە ئاچلىق ئېلان قىلىپ 7 كۈن تاماق يېمەيدۇ ۋە تۈرمىدە قاتتىق ئاغرىپ قالىدۇ. خىتاي دائىرىلىرى ئابدۇخېلىلنىڭ تۈرمىدە ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى نىمجان هالەتتە ئائىلىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. لېكىن ئابدۇخېلىل ئۆلمەيدۇ. ئۇ بۇ قېتىمقى ئېغىر كېسەل ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ. ئۇ غۇلجا شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسى، خەلق تىلى بىلەن ئېيتقاندا «سوۋگامىن» دوختۇرخانىسىدا بىر مەزگىل داۋالانغاندىن كېيىن، ئۆزى سۆيگەن ۋە ئۇنى باشقىدىن ئادەم قىلىپ قايتا تۇغقان بۇ مېهرى ئىللىق مەشرەپكە قايتىپ كېلىپ، ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشقا باشلايدۇ.

ئەمما خىتاي بۇ قېتىم تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، «قۇيرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە سېتىش» هىيلىسىنى قوللىنىپ مەشرەپ گۇرۇپپىسىدىكى باللارنى بىردىن، ئىككىدىن تۇتقۇن قىلىشقا باشلايدۇ. گەرچە ئابدۇخېلىل غۇلجا شەھەر يېڭى هايات تۈرمىسىدە بولمىسىمۇ، ئەمما يەنىلا غۇلجىدىن ئىبارەت ئۈستى ئوچۇق تۈرمىدە بولۇپ، غۇلجا شەھىرىدىكى، ئوبلاست، ۋىلايەت ۋە شەھەرلىك بىخەتەرلىك، شۇنداقلا ساقچى تارماقلىرىنىڭ قاتتىق نازارىتى ۋە كۆزىتىشى ئاستىدا ئىدى».

### ئاتالمىش «مەهبۇس ماشىنىسىنى بۇلاش ۋەقەسى»

غۇلجا 5-فېۋرال نامايىشى قانلىق باستۇرۇلۇپ ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي، يەنى 4-ئاينىڭ 24-كۈنى غۇلجا شەھىرىدە تۇنجى ئوچۇق سوت ئۆتكۈزۈلۈپ، 15 ياشتىن 30 ياشقىچە

بولغان دەسلەپكى 30 نەپەر ياشقا ئەڭ ئېغىر جازا بېرىش ئارقىلىق، غۇلجا خەلقىنىڭ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى قىلچە مەنسىتمەيدىغان ۋە ئېتىراپ قىلمايدىغان روھىنى قاتتىق سۇندۇرماقچى بولدى. ئوچۇق سوت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۆلۈم مەيدانىغا ئېلىپ مېڭىلغان ماشىنىغا قاراپ: «ئاللا ياتقان يېرىڭلار جەننەتتە بولسۇن جان - جىگەرلىرىمىز» دەپ توۋلىغان ۋە كۆز يېشى قىلغان خەلققە قارىتا ئوق چىقارغان. خىتاي جاللاتلىرى، بۇ ۋەقەگە «تۈرمە ماشىنىسىنى بۇلاش ۋەقەسى» دەپ ئىسىم قويدى. قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى يوق خەلق، 30 ـ 20 ھەربىي ماشىنا بىلەن قورشاپ ماڭغان بۇ تۈرمە ماشىنىسىنى، قانداقمۇ بۇلىيالىسۇن؟ باسقۇنچىلار قانچە كۈچلۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەر ۋاقىت يۈرىكى پوك ـ پوك. چۈنكى ئۇلار زالىم ھاماقەتلەر.

بۇ ۋەقە ھەققىدە خىتاي مەتبۇئاتلىرى مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ:

«1997 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، ئىلى ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى تۈنجى قېتىم غۇلجا شەھەرلىك مۇز مەيدانىدا، 5 ـ فېۋرال نامايىشىدا قولغا ئېلىنغانلارنى جازالاش ئوچۇق سوت ئېچىپ، توپىلاڭچىلارنى ئەيىبلىدى. ئىلى ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە غۇلجا شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى بىرلىكتە، 5 ـ فېۋرال ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋە پاراكەندىچىلىك سېلىش جىنايىتى سادىر قىلىپ، دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت پەيدا قىلغان تۈنجى تۈركۈمدىكى 18 دېلو بويىچە 30 جىنايەتچىگە ھۆكۈم ئېلان قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچىگە ئۆلۈم جازاسى، بىرى مۇددەتسىز قاماق جازاسى، قالغان 26 سى يەتتە يىلدىن 18 يىلغىچە مۇددەتلىك قاماق

جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. ئوچۇق سوت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تۈرمە ماشىنىسىنى بۇلاش ۋەقەسى يۈز بەردى».

1998-يىلى نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ يىلنامىسى»دا مۇنداق دېيىلگەن: «1997-يىلى 4-ئاينىڭ 24-كۈنى، ئىلى ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى 5-فېۋرال ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋە پاراكەندىچىلىك سېلىش جىنايىتى بىلەن «2·5» جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنى سوتلاش ئۈچۈن غۇلجا شەھىرىدە ئوچۇق سوت ئاچتى. ئوچۇق سوتتىن كېيىن بىر ئوچۇم قاراقچىلار تۈرمە ماشىنىسىنى بۇلىماقچى بولغاندا، قورallىق قىسىملىرىمىز، قانۇننىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئەسلىدىكى «ئوق چىقىرىشنى مەنئى قىلىش» بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يەتتە قاراقچىنى ئېتىپ يارىلاندۇردى. بۇنىڭ ئىككىسى قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلدى. ۋەقە دەرھال بېسىقتۇرۇلۇپ، دۈشمەنلەر باستۇرۇلدى».

ئۇيغۇر خەلقى 1997-يىلى 4-ئاينىڭ 24-كۈنى غۇلجا شەھەر مۇز مەيدانى بىلەن، غۇلجا شەھەر بېدە بازىرى، كېيىنچە ياشلار بازىرى دەپمۇ ئاتالغان بۇ دوقمۇشتا يۈز بەرگەن ۋەقەنى خىتاينىڭ 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدىن كېيىن يەنە بىر غالجىرلىششى، شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمايدىغان يەنە بىر قىرغىنچىلىقى دەپ قارايدۇ. شۇ كۈنى خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ خەلقنى قالايمىقان ئوققا تۇتۇشى نەتىجىسىدە، كوچىدا كېتىۋاتقان ئوندىن ئارتۇق كىشى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان بولۇپ، يارىلانغان بىرقانچە ئادەمنى كىشىلەر كۆتە-كۆتە قىلىپ، بۇ رايونغا ئەڭ يېقىن بولغان سۇ دەرۋازا دوختۇرخانىسىغا، يەنى ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كەلگەن. بۇ يارىدارلارنى جىددىي قوبۇل قىلىپ دەرھال

ئوپېراتسىيەگە ئورۇنلاشتۇرغان دوختۇرخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مەتتىمىن ئاكا، قاراقچى تېررورىستلارنى داۋالىغان دەپ قارىلىپ تەكشۈرۈشنامە يازدۇرۇلغان، شۇنداقلا بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىكلەرگە دۇچار بولغان. سېستىرا نۇرىيە خىزمەتتىن قوغلانغان. شۇ كۈنى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا پۇتىغا ئوق تەگكەنلەرنىڭ بىرى، غۇلجا شەھەر بايانداي يېزىسىدىكى 17-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى رەھىم بولۇپ، ئۇنىڭ پۇتىغا ئوق تەگكەننى ئاز دەپ، خىزمەت ۋاقتىدا قاراقچىلار بار يەرلەردە يۈرگەن، دېگەن گۇناھ بىلەن خىزمەتتىن ھەيدەلگەن.

خىتايلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ «خاقانى» دەپ ئاتايدىغان ئۇيغۇرلار بولسا، جاللات شىڭ شىسەيگە تەقلىد قىلىپ، 21-ئەسىرنىڭ «ۋاڭ شىسەي»ى دەپ ئاتايدىغان جاللات قانخور، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قېنىنى شورىغان، شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن «5-فېۋرال قىرغىنچىلىقى»، «5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى» قاتارلىق خەلق ھەرىكەتلىرىنى قانلىق باستۇرغان ۋاڭ لېچۈەن، خىتاي ئاخباراتلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «4-ئاينىڭ 24-كۈنى، بىز غۇلجا شەھرىدە ئوچۇق سوت ئېچىپ 5-فېۋرال بۇزۇش، چېقىش، بۇلاش ۋە پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسىنىڭ غوللۇق ئۇنسۇرلىرىغا جازا بەردۇق. ھۆكۈم قىلىنغانلار ئىچىدە بىۋاستە ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەردىن بىرقانچىسى بار ئىدى. چۈنكى غۇلجىدا ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋە پاراكەندىچىلىك سېلىش بولدى ئەمەسمۇ؟ مۇشۇ ۋەقەدىكى غوللۇق ئۇنسۇرلارغا جازا بېرىلگەن. كۆپ قىسمىغا مۇددەتسىز ۋە مۇددەتلىك جازا بېرىلگەن ئىدى. ئوچۇق سوت ئاخىرلىشىپ جىنايەتچىلەرنى تۈرمىگە ئېلىپ ماڭغاندا، بىر توپ قاراقچىلار ئالدىن پىلانلىنىۋالغانلىرى بويىچە، 50-40 چە

ۋىلىسىپىتلىك بولاش گورۇپپىسى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ماشىنىغا قاراپ يۈگۈردى ۋە بولاشقا تەمشەلدى. تۆرمە ماشىنىسى بىلەن بولاڭچىلارنىڭ ئارىلىقى پەقەت ئۈچ مېتىرلا قالغان ئىدى. ئەسكەرلىرىمىز نەق مەيداندا بىر قاراقچىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. ئەگەر ھەرىكەت قىلمىسىڭىز، قاراقچىلار ئەسكەرلىرىمىزنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. ئەمما «ئامېرىكا ئاۋازى رادىيوسى» تېخى مىڭلارچە كىشىنى ئۇنداق قىلدى، بۇنداق قىلدى، دەپ سۆزلەپ يۈرىدۇ، بۇ ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس».

ۋاڭ لېچۇەن بىلەن خىتاي مەتبۇئاتلىرىنىڭ بۇ قىرغىنچىلىق ھەققىدىكى بايانلىرى بىر-بىرىگە ئىنتايىن زىت بولۇپ، خىتاي مەتبۇئاتلىرى ئىككى كىشىنىڭ داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلگەنلىكىنى بىلدۈرسە، ۋاڭ لېچۇەن ماشىنىغا ئۈچ مېتىر يېقىنلاشقان ۋىلىسىپىتچىلەر گورۇپپىسىغا قارىتىپ ئوق چىقىرىپ، نەق مەيداندا بىر قاراقچىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. بۇنىڭدىن خىتاي قانخور جاللاتلىرىنىڭ تەبىئىتىنىڭ ھەر ۋاقىت ئوخشالمايدىغانلىقىنى، ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي، ۋاڭ جېن، ۋاڭ لېچۇەن، چېن چۇەنگو قاتارلىقلارنىڭ ماھىيەتتە قوي تېرىسىغا ئورىنىۋالغان بۆرىلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

خىتاي مەتبۇئاتلىرى، 1997-يىلى 7-ئاينىڭ 23-كۈنى ئىلى ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى يەنە بىر قېتىم ئوچۇق سوت ئېچىپ، غۇلجا ۋەقەسىدە توپىلاڭ پەيدا قىلغان، مۇناسىۋەتلىك بىر تۈركۈم زوراۋان تېررورچىلار ۋە باشقا ئېغىر جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بەرگەنلىكىنى يازىدۇ.

1997-يىلى 7-ئاينىڭ 23-كۈنى غۇلجا شەھەر مۇز مەيدانىدا ئېچىلغان ئوچۇق سوت، غۇلجا شەھرىدىكى ئەڭ

ئاخىرقى ئۈچۈق سوت بولۇپ، شۇندىن ئېتىبارەن خىتاي سىياسىي جىنايەتچىلەرگە قارىتىلغان بارلىق سوتلارنى يېپىق شەكىلدە ئۆتكۈزۈشكە باشلايدۇ. چۈنكى خىتاي دۇنيادىكى ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىدىغان دۆلەتلەر قاتارىدىن بىر ئالغان بولۇپ، ئۈچۈق سوتتىن كېيىن دۇنيانىڭ قاتتىق بېسىمىغا دۇچ كېلىدۇ. شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ خەلقئارانى پاكىت ۋە ئىسپات بىلەن تەمىنلەپ بېرىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، خىتاي مېتودىنى ئۆزگەرتىپ يېپىق سوت شەكلىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قانۇنسىز سوتلاش، يەڭ ئىچىدە قىرغىن قىلىش ئىشىنى بىمالال داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغان 70 يىلدىن بۇيان، ئىسيانكار غۇلجا خەلقىگە ئۈچ قېتىم چىقىرىپ قىرغىنچىلىق قىلغان ۋەقەلەر پەقەت 5- ۋە 6- فېۋرال كۈنىدىكى خەلقنى ئوققا تۇتۇش ۋە 4-ئاينىڭ 24-كۈنى «تۇرمە ماشىنىسىنى بۇلاشقا تەمشەلدى» دېگەن تۆھمەت بىلەن ئوققا تۇتۇش ۋەقەسى، شۇنداقلا 2009-يىلى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن «5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى» بىلەن چەكلەنمەيدۇ. 1962-يىلى غۇلجا ۋە چۆچەك شەھەرلىرىدە يۈز بەرگەن «ماي قىرغىنچىلىقى»دىمۇ خىتاي جاللات ۋاڭ جىن ئوققا تۇتۇش بۇيرۇقى بېرىپ، غۇلجا ۋە چۆچەك شەھىرىدىكى 10 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇرنى قىرىپ تاشلىغان. بۇ ھەقتە مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان، ھازىر ئامېرىكىدا ياشايدىغان موڭغۇل ئالىمى باھ(باج) تەپسىلي توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

http://woeser.middle-way.net/2009/07/blog-post_11.html

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭنى باشقۇرغاندىن كېيىن، كۆپ ساندىكى خەنزۇلار شىنجاڭغا يۆتكەلدى ۋە ھەربىي ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈلدى. شىنجاڭ خەلقى تەرىپىدىن «قانخور

پادىشاھ» دەپ ئاتالغان ۋاڭ جىن شىنجاڭنىڭ ئىمپېراتورىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش ئەترىتى»دە 2 مىليون ئادەم بار ئىدى، يەنە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ شىنجاڭغا جايلاشقان ئون نەچچە ھەربىي دىۋىزىيەسىنى قوشقاندا ھەممىسى خىتاي ئىدى. كۆپ ساندىكى خەنزۇلار كۆچۈپ كېلىپ، «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش ئەترىتى» بىلەن بىرلىشىپ، ماۋ زېدوڭ ئوتتۇرىغا قويغان چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ۋە خەلق گۇڭشېسى بەرپا قىلىش نامىدا يەرلىك خەلقنىڭ يەر، ئوتلاق ۋە شەخسىي مال-مۈلۈكلىرىنى ئىگىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭلىقلارنىڭ تۇرمۇشى تېز ناچارلاشتى. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ، چوڭ قۇرغاقچىلىق ئوخشاش ئېغىر ئاچارچىلىقمۇ بار ئىدى.

1962-يىلى ماي ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، غۇلجىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەردىن بولغان ئىككى ياكى ئۈچ مىڭ ئاھالە كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلىپ، ھۆكۈمەتتىن يېمەك-ئىچمەك بېرىشنى تەلەپ قىلدى ۋە خىتايلارنىڭ ئانا ۋەتىنىگە كەلگەنلىكىگە نارازىلىق بىلدۈردى. نامايىشچىلار، ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم قورۇسى ئىچىگە باستۇرۇپ كىرگەندە، سابىق ئىلى ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ باش كاتىپى پارتىيە كومىتېتىنىڭ كاتىپى، ئىلى ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى جاڭ شىگۇڭ شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى ۋاڭ جېنىنىڭ «ئات» دېگەن بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغان. قوراللىق پۇقرالارنىڭ سان-ساناقسىز تالاپەتكە ئۇچرىشى، پۈتۈن شىنجاڭنى ھەيران قالدۇرىدىغان قانلىق ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى. ئوخشاش قىرغىنچىلىق شىنجاڭنىڭ چۆچەك شەھىرىدىمۇ يۈز بەرگەن بولۇپ، پۇقرالارنىڭ ئۆلۈشى ۋە يارىلىنىشى غۇلجىدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىر بولغان».

## قىرغىنچىلىق ئۈچۈن چېلىنغان سىگنال ئاتالمىش «7-نومۇرلۇق ھۆججەت»

«مېنىڭ غەربى دىيارىم، سېنىڭ شەرقىي تۈركىستانىڭ» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ۋاڭ لىشوڭ ئەپەندى، كىتابتا خىتاي 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى يۈز بېرىش ھارپىسىدا ئېلان قىلغان 7-نومۇرلۇق ھۆججەت ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«تېررورلۇقنى ھەمىشە پەقەت بىر قانچە ئادەم پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە زورىيىشى ئۈچۈن زېمىن ۋە شارائىت بولۇشى كېرەك. ئەگەر بىز ئۇنداق بىر زېمىننى ھازىر قىلمىساق، ئۆزلۈكىدىن تەرەققىي قىلىش تەس، زورىيىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. 7-نومۇرلۇق ھۆججەت شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق خەتەرنى بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر دەپ ئېنىقلىما بېرىدۇ. بۇنداق لوگىكىلىق نەتىجە شىنجاڭدا ياشايدىغان خەنزۇلار ۋە يەرلىك مىللەتلەرنى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈپ، ئۇلارنى بىر-بىرىگە قارشى ئىككى سەپ بولۇشقا رۇخسەت قىلىش دېمەكتۇر. چۈنكى«بۆلگۈنچى كۈچلەر» ۋە «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر»نىڭ ھەر ئىككىسى شۇ يەردىكى كىشىلەرگە قارىتىلغان. خەنزۇلار بۆلۈنۈش ئوبيېكتى ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەنزۇلار ئاساسەن دىنغا، بولۇپمۇ يەرلىك خەلقنىڭ ئىسلام دىنىغا ئىشەنمەيدۇ. شۇڭلاشقا، خەنزۇلار ھەر ۋاقىت بېيجىڭدىن جاسارەت ئالغان بىر مىللەت ھالىتىگە، ئۇيغۇرلار بولسا ھەر ۋاقىت ئاگاھلاندۇرۇلۇپ تۇرىدىغان بىر مىللەتكە ئايلىنىدۇ. پەقەت بىر قانچە تېرروررچىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئەڭ چوڭ مەسىلە ئەمەس. ئەگەر شىنجاڭدىكى يەرلىك خەلقلەر

ئومۇمىي جەھەتتىن دۈشمەنلىشىپ كەتسە، شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش بەك تەسكە توختايدۇ. ھەقىقەتەن تەسكە توختايدۇ. مېنىڭچە، بۇ نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ خەتەر».

ئاپتورنىڭ ئىلاۋىسى: بۇ يەردە خىتاي زىيالىيلىرى ۋە ئانالىزچىلىرىغا شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى، شەرقىي تۈركىستاندا «تېرروررچى» ياكى «تېررورر» دېگەن بىر كەلىمە مەۋجۇت ئەمەس. خىتاي بېسىۋالغان 71 يىلدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستان خەلقى دۇنيادىكى ئىنتايىن زور دېۋىدەك بىر كۈچنىڭ دۆلەت تېررورلۇقى ئاستىدا، 10 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر ھاياتىدىن ئايرىلدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر خەلقى ئىنتايىن ناچار جۇغراپىيەلىك شارائىتتا، ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر خىتايغا سېتىلغان، ئىچكى جەھەتتە خىتاينىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئەڭ مۇنتىزىم ھەربىي قوشۇنىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا ياشىماقتا. ئەگەر ھەققانىيەت بىلەن سۆز قىلىشقا توغرا كەلسە، ھەقىقىي تېرروررچى خىتاي ھۆكۈمىتى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقى بولسا پىچاق سۆڭەككە يەتكەندە «ئال جېنىمنى» دەپ جېنىنى تىكىپ چىققان كىشىلەر.

ۋاڭ لىشوڭ ئەپەندىنىڭ يۇقىرىدىكى تەھلىللىرى خىتايلار نەزىرىدە توغرا بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلار نەزىرىدە ئانچە توغرا ئەمەس. ئۇيغۇرلار ئۈچۈن پەقەت مۇستەقىللىقلا ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلالايدۇ، ھۆججەتلەر ئەمەس. چۈنكى بىر قوغۇننىڭ سورتى ناچار بولسا، ئىنسانلار ئۇنى ئون قېتىملاپ، يۈز قېتىملاپ ھەتتا مىڭ قېتىملاپ يەپ، ئاخىرىدا بۇ قوغۇن تەمسىز قوغۇن دەپ قارار چىقارغان بولسا، سىز ئۇيان ئۆرۈلۈپمۇ، بۇيان ئۆرۈلۈپمۇ بۇ قوغۇننى يەنە بىر قېتىم يەپ سىناپ بېقىڭ دەپ تۇرۇۋالسىڭىز، كىشىلەر ئۇ قوغۇنغا ئاللىقاچان سورتىسىز،

تەمسىز قوغۇن دەپ قارار چىقىرىپ بولغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇ قوغۇننى شاللىۋېتىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى نەزىرىدە قانداق خىتاي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ بىر شاللىۋېتىلگەن قوغۇن، يېپىشقە مەجبۇرلانغان قوغۇن. چۈنكى 70 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان ئۇيغۇرلار بۇنداق تەمسىز قوغۇننى يېپىشتىن بەك ـ بەك ۋە ئىنتايىن بەك سەسكىنىپ كەتتى. مەسىلەن: جىن شۇرېن، ياڭ زېڭشىڭ، شېڭ شىسەي، ۋاڭ جېن، ۋاڭ لېچۇەن، چېڭ چۈەنگو... دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئەنە مۇشۇنداق سورتىسىز، تەمسىز قوغۇنلار ئىدى. شۇڭا ئۇيغۇر خەلقى جانلىرى بەدىلىگە بۇنداق سورتىسىز، تەمسىز قوغۇنلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان تۇپراقلىرىدا يىلتىز تارتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن قالقان بولۇۋاتىدۇ. 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدا، ئۇيغۇر ياشلىرى ئائىلىسىگە ۋەسىيەتلەرنى يېزىپ قالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ جىنازا نامىزىنى ئۆزى چۈشۈرۈپ نامايىشقا چىققان ئىدى. 15 ياشتىن 18 ياشقىچە بولغان قىران يىگىتلەر خىتاينىڭ ئۆلۈم مەيدانلىرىغا كۆلۈپ تۇرۇپ بارالىغان ئىدى. بۇ ئەلۋەتتە ئاددىي روھ ئەمەس.

5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدىن كېيىن خىتاينىڭ خىتاي يۆتكەلگۈچىلىرىنى قوغداش ئۈچۈن غۇلجا شەھىرىدە تەسىس قىلغان مۇنتىزىم ئەسكىرى ۋە ئارمىيە كۆچىنىڭ بولغىنىغا قارىماي، يەنە غۇلجىغا مەركەز ئەۋەتكەن 8660 ـ قىسىم كىرگىچە بولغان ئارىلىقتا غۇلجىدىكى خىتاي پۇقرالىرى كىچىك تەرەت ئۈچۈن ھويلىغىمۇ چىقالمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. چۈنكى ئۇلار غۇلجىدىكى بىگۇناھ خەلق تەرىپىدە ئەمەس، بەلكى كومپارتىيە تەرىپىدە تۇرۇپ كەلگەن ئىدى. ئاخىرىدا خىتاي 3 مىليوندىن 5 مىليونغىچە ئۇيغۇرنى جازا لاگېرىغا تاشلىغاندا، خەلقئارانىڭ مۇخبىرلىرى خىتاي پۇقرالىرىدىن: «ئۇيغۇرلارغا ئىچ ئاغرىتامسەن؟» دەپ سورىغاندا، خىتاي پۇقرالىرى قىلچە

نومۇس قىلماي «ياق» دەپ جاۋاب بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەمسىز قوغۇن سورتى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى. خىتاي ۋىرۇسى يۈز بەرگەندىن كېيىن دۇنيادا يۈز بەرگەن ئىشلار ۋە ئافرىقىدىكى قارىلارنىڭ ئىرقى كەمستىلىشى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە چىدامچان، قانچىلىك دەرىجىدە قەھرىمان بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. خۇددى دۇنيا دۆلەتلىرى كورونا ۋىرۇسىنىڭ ئۆز دۆلەتلىرىگە يامراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن چېگرالىرىنى تاقىغىنىدەك، ئۇيغۇر خەلقىمۇ سۈپەتسىز بىر قوغۇننىڭ ياكى بىر ۋىرۇسنىڭ ئانا ۋەتىنىگە يامراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن جانلىرى بىلەن قالقان بولدى. ئەلۋەتتە بۇنىڭغا «تېررور» دەپ ئىسىم قويۇلۇشى كېرەكمۇ؟

ئۇيغۇر خەلقى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن چىقارغان ھۆججەتلىرىگە قىلچە پىسەنتمۇ قىلىپ قويمايدۇ. 7-نومۇرلۇق ھۆججەت، ھازىرقى جازا لاگېرلىرى ئۈچۈن بېسىلغان تۇنجى قەدەم ئىدى. خىتاي ئېلان قىلغان 7-نومۇرلۇق ھۆججەتتە، شىنجاڭدىكى ئاساسى خەۋپ «مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەردىن كېلىدۇ» دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن. خىتاي نەزىرىدە ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشمۇ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، مەشرەپ ئوينىغان، پۇتبول ئوينىغان ياشلار تۇتقۇن قىلىنغانىدى. خىتايدا «قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەت» مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ، ناماز ئوقۇش، روزى تۇتۇش ۋە ياغلىق چىگىش قاتارلىقلارمۇ قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت ھېسابلىنىدۇ. يەنى خىتاي كوممۇنىزممۇ ئىسلام دىنىي بىلەن چىقىشالمايدۇ.

دېمەك، 7-نومۇرلۇق ھۆججەتتىكى شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ «مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەردىن كېلىدۇ» دېگەن سۆز، خىتايغا نىسبەتەن «ئۇيغۇرلار ئاساسلىق

خەۋپ، بىزگە كېرەكلىكى ئۇلارنىڭ زېمىنى ۋە بايلىقى، ئۇيغۇر مىللىتىنى بىر ئامال قىلىپ يوق قىلىۋېتىش كېرەك» دېگەن سۆزنىڭ پەردازلىنىشىدىن ئىبارەت، خالاس. 7 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت ئېلان قىلىنىپ 24 يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە بۇنىڭ بىر ھەقىقەت ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ تۇرۇپتۇ. خىتاي بىر يول بىر بەلۋاغ قۇرۇلۇشىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، بۇ يولنىڭ ئاساسلىق جان تومۇرى ھېسابلانغان شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار، خىتاينىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدىكى يوقۇتۇش نىشانى قىلىندى. نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار، بىلىم ئادەملىرى، پىروفېسسورلار، دىنىي زاتلار، باي سودىگەرلەر... ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولدى ياكى جازا لاگېرلىرىغا تاشلاندى. گىتلېر جازا لاگېرىنى خىتاي ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قايتا تەقلىد قىلدى.

3 مىليوندىن 5 مىليونغىچە بولغان ئۇيغۇرلار جازا لاگېرلىرىغا تاشلاندى. ھەتتا خىتاي چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلىسىگە بىر قېتىم تېلېفون قىلىپ ھال ـ ئەھۋالىنى سورىشىنىمۇ راۋا كۆرمەيدىغان ھالەتكە كەلدى.

ئۇيغۇر خەلقى ئەزەلدىن خىتاينىڭ چىقارغان ھۆججەتلىرى قانچە كۈچلۈك بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭغا قىلچە پىسەنت قىلغان مىللەت ئەمەس.

1996 ـ يىلى 3 ـ ئايدا خىتاي مەركىزى كومىتېتى 7 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت ئېلان قىلىنىپ 8 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى شۇ يىلى 11 ـ ئايدا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ 22 نەپەر ئەزاسى مەخپىي ھالدا خوتەنگە يىغىلىپ، كېلەچەك پىلانلار ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى ۋە شەرقىي تۈركىستان تۇپراقلىرىدا زومىگەرلىك قىلىۋاتقان خىتاي ئەمەلدارلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش تىزىملىكىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭنىڭ خاقانى

دەپ ئاتالغان ۋاقى لېچۋەن 1-ئورۇندا ئىدى.

تۆۋەندىكى جەدۋەل خىتاي 7-نومۇرلۇق ھۆججەتنى ئېلان قىلىشتىن بۇرۇن ۋە ئېلان قىلغاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر سېلىشتۇرمىسى بولۇپ، بۇ سان 2001-يىلى 11-سېنتەبىر ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن پايدىسىز ئىكەنلىكىدەك بىر ئەھۋالنى نەزەرگە ئېلىپ سەل پەسلىگەن.

| 时间 | 死亡（人） | 受伤（人） | 爆炸[未遂] | 暗杀 | 袭击机关 | 投毒、纵火 | 基地 | 暴乱事件 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 七号文件前 | 12 | 73 | 13(3) | 1 | | | 1 | 1 |
| 七号文件后 | 44 | 292 | 17 | 10 | 2 | 39 | 13 | 5 |

注：死亡和受伤是人数，其他项目是发生次数。

بۇ جەدۋەل ۋاڭ لىشوڭ ئەپەندىنىڭ «مېنىڭ غەربىي دىيارىم سېنىڭ شەرقىي تۈركىستانىڭ» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى

يۇقىرىدىكى جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن پايدىسىز بولۇشىغا قارىماستىن، 1996-يىلدىن 2001-يىلغىچە بولغان 5 يىل جەريانىدا خىتايغا قارشى ھەرىكەتلەر ئەسلىدىكىدىن ئىككى ھەسسە ئارتقان.

تۆۋەندىكى جەدۋەل ئىندىيانا ئۇنىۋېرسىتېتى پىرفېسسورى گاردنېر بوۋىڭدون (Gardner Bovingdon)نىڭ «ئانا ۋەتىنىدە يات ئۇيغۇرلار (Uyghurs: Strangers in Their Own Land The)» ناملىق كىتابىدىن ئېلىنغان بولۇپ، مەزكۇر جەدۋەلدە 1949-يىلدىن 2005-يىلغىچە بولغان مەزگىلدە، شەرقىي

تۈركىستان يۈز بەرگەن ۋەقەلەر كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن.

| ۋەقەنىڭ جەريانى | قاتناشقان ئادەم سانى | خاراكتېرى | جاي | داۋاملاشقان ۋاقتى | يىل |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| جاۋجى ۋە باشقا ئاتالمىش بۆلگۈنچىلەر «بۈيۈك تۈرك جۇمھۇرىيىتى» تەشكىلاتى قۇرغان | 3900 | قوراللىق قوزغىلاڭ | خوتەن | نامەلۇم | 1949-يىلى 22-دېكابىر |
| قالبەك باشچىلىقىدىكى قازاقلار ئازاتلىق ئارمىيەگە ھۇجۇم قوزغىغان | 1000 | ئازاتلىق ئارمىيە ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىش | جىڭخۇا، دىخۇا (ئۈرۈمچى) | مەلۇم ئەمەس | 1950-يىلى يانۋار |
| ئەبەيدۇللا قاتارلىقلار 10 كۈندىن كېيىن ئازاتلىق ئارمىيە تەرىپىدىن باستۇرۇلدى | | قوراللىق ئىسيان | | 10 كۈن | 1950-يىلى 10-مارت |
| سۇلتان شارىپ، جانابىل قاتارلىقلار ئىككىنچى قېتىم قوراللىق ئىسيان كۆتەردى. 160 قازاق ئائىلىسى يولۋاس، ئوسمان ۋە جانىمخانلارغا قوشۇلدى | 160 | قوراللىق ئىسيان | ------ ------ - | ------ - | 1950-يىلى 10-ئىيۇن |
| راخمانوۋ ئىسيانچىلار بىلەن كۆرۈشۈپ قوراللىق ئىسيانىنى باشلايدۇ. 8-ئاينىڭ 17-كۈنى يەرلىك ئازاتلىق ئارمىيە تەرىپىدىن تىنجىتىلىدۇ. 114 ئادەم قولغا ئېلىنىدۇ | 349 | قوراللىق ئىسيان | غۇلجا | 24 كۈن | 1950-يىلى 24-ئىيۇل |
| ئورازباي، سىدىق، ۋەلى ۋە باشقا يۈز ئۆرىگەن ئەسكەرلەر كەڭ كۆلەملىك ئىسيان كۆتەردى. 1400 خىتاي ئەسكىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن تىنجىتىلدى | 9000 | كەڭ كۆلەملىك قوراللىق ئىسيان | توقسۇن، تۇرپان | 4 ئاي | 1950-يىلى 3-ئاۋغۇست |
| ئىدرىس باشچىلىقىدىكى 230 كىشىلىك ئىسيان، خىتاي ئازاتلىق ئارمىيەسى تەرىپىدىن تېز تىنجىتىلدى. | 230 | قوراللىق ئىسيان | شاۋ سۇ | بىر قانچە كۈن | 1950-يىلى 24-ئىيۇل |
| ئوسمان باتۇر، جانابىل، قاباس، ھۈسەيىن، قالبەك قاتارلىقلار ئازاتلىق ئارمىيەگە قارشى كۈرەش قىلدى | 4380 | قوراللىق كۈرەش | گەنسۇ، چىڭخە، شىنجاڭ | 42 كۈن | 1951-يىلى 5-فېۋرال |
| ئوسمان باتۇرنىڭ ئوغلى قاناتباي ۋە باشقىلار ئوسمان باتۇرغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن 1100 ئىنتىپاقداش ئەسكەر توپلىدى | 1100 | قوراللىق كۈرەش | چىتەي، ۋۇيۈەن، جەنشى | 1 يىل | 1951-يىلى سېنتەبىر |
| ئىلى تارىم ۋە «مالىك» كۈچلىرىدىن تەشكىللەنگەن 170 كىشىلىك قوراللىق كىشى، قارشىلىق ھەرىكىتى قوزغىدى ۋە باستۇرۇلدى. 140 ئادەم قولغا ئېلىنىپ، 20 ئادەم ئۆلتۈرۈلدى | 170 | قوراللىق كۈرەش | توققۇزتارا | 1 ئاي | 1951-يىلى 28-ئۆكتەبىر |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| بىر تۈركۈم «پان-تۈركىستلەر» ئىسلام ئىتتىپاق پارتىيەسى قۇرغانلىقىنى جاكارلىدى | | قوراللىق قوزغىلاڭ | ئىلى ۋىلايىتى، نىلقا، توققۇزتارا، مۇڭغۇل كۈرە ۋە تېكەس | نامەلۇم | 1952-يىلى 3-مارت |
| هامۇت هاجى ۋە ئابدۇراخمان 90 كىشىلىك ئىسيان كۆتەردى | 90 | قوراللىق قوزغىلاڭ | تۇرپان پىچان | نامەلۇم | 1952-يىلى 17-ئاپرېل |
| ئوسمان باتۇرنىڭ ئوغلى ۋە كەسپداش دوستلىرى بىر دىنىي ئارمىيە قۇرۇپ، قەبىلىنىڭ ئاقساقاللىرىنى ئىسيانغا تەشكىللىدى | 2000 | قوراللىق قوزغىلاڭ | چىتەي، ۋۇلى ۋە ئالتاي تاغلىرى | سېنتەبىر-گىچە 4 ئاي داۋاملاشتى | 1951-يىلى 6-ماي |
| ئاتالمىش ئىلى باندىت لىدىرى ۋۇلى هاجى 130 دىن ئارتۇق ئادەمنى كالايمقانچىلىققا يېتەكلىدى، 27-دېكابىر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، ئارقا سەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 126 كىشى تۇتۇلدى | 130 | قالايمىقانچىلىق | كۈنەس، توققۇزتارا ۋە تېكەس | نامەلۇم | 1951-يىلى 1-نويابىر |
| جەنۇبى شىنجاڭدىن قېچىۋاتقان «ئىمىن»نىڭ تەسىرى ئاستىدىكى ئابدۇلمىت باشچىلىقىدا، «ئىسلام جۇمهۇرىيىتى تەشكىلاتى» قايتا سېستىمىلىق تەشكىللەنگەن يەنە بىر هۆكۈمەت تەييار قىلدى | 300 | توپىلاڭ | خوتەن قاغىلىق يەركەن | نامەلۇم | 1954-يىلى 31-دېكابىر |
| باھائى داموللا ئىسيانغا باشلامچىلىق قىلدى، 44 ئادەم تۇتۇلدى | 500 | قوراللىق قوزغىلاڭ | قاراقاش | كۈن؟ | 1956-يىلى مارت |
| 1954-يىلى 12-ئاينىڭ 31-كۈنى، 1956-يىلى 5-ئاينىڭ 4-كۈنىگىچە 8 ئىنقىلابى ئىسيان پىلانلاندى، بەشى پاش بولۇپ قولغا ئېلىندى؛ ئەڭ چوڭى ئابدۇخايرباشلامچىلىقىدا بولدى | | توپىلاڭ | لوپ | نامەلۇم | 1956-يىلى 4-ماي |
| قىلىچخان ئىسيانغا باشچىلىق قىلدى؛ 37 كىشىنى قولغا ئالدى | 60 | قوراللىق قوزغىلاڭ | خوتەن | كۈن؟ | 1957-يىلى ئاپرېل |
| جۇقاي فۇۋەن چىڭخې رايونىغا ئولتۇراقلاشقان 800 ئائىلىگە باشچىلىق قىلدى. ئازاتلىق ئارمىيە جۇقاينى تۇتتى ۋە ئىسياننى توختاتتى. كامىستى خان داۋانى داۋاملاشتۇردى | 800 | قوراللىق قوزغىلاڭ | چىتەي، مۇلەي، بالىكەن، فۇۋەن، چىڭخې | 5 ئاي | 1958-يىلى مارت |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| جامسخان، دەلىلخان ۋە جوقاي بىلەن ئىسيان باشلانتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى پىلانلىغان. 33 كىشى تۇتقۇن قىلىندى، 285 ئىسيانچى تەسلىم بولدى | 360 | قوراللىق مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىش | فۇۋەن ۋە باشقا شەھەرلەر | 4 ئاي | 1958 ـ يىلى سېنتەبىر |
| ئەلى قۇربان توپىلاڭغا باشچىلىق قىلدى؛ 18 كىشى قولغا ئېلىندى. 56 توپىلاڭچى تەسلىم بولدى. 150 دىن ئارتۇق ئەسكەر قاتناشتى | 80 | قوراللىق قوزغىلاڭ | قۇمۇل | كۈن؟ | 1958 ـ يىلى ئۆكتەبىر |
| تەنزىك قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلىپ، 89 مەھبۇسنى قاچۇرغان | 100 | قوراللىق قوزغىلاڭ | ۋۇشۇ | كۈن؟ | 1958 ـ يىلى ئۆكتەبىر |
| ئايشەم قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلغان | 280 | قوراللىق قوزغىلاڭ | بايچېك | كۈن؟ | 1958 ـ يىلى دېكابىر |
| ئۇيغۇر ۋە قازاقلار قازاقىستانغا قاچقان. | 62000 | كوللېكتىپ كۆچۈش | ئىلى | 5 ئاي | 1962 ـ يىلى يانۋار |
| | 20000 | قالايمىقانچىلىق | قورغاس، غۇلجا | ------ ------ | 1962 ـ يىلى 29 ـ ماي |
| مەدەنىيەت ئىنقىلابى 2 ـ لىنىيەلىك كۈرەش. ئارمىيە ۋاڭ ئېنماۋغا قارشى | | قوراللىق قوزغىلاڭ | شىخەنزە | ........... | 1966 ـ يىلى 25 ـ دېكابىر |
| باشلامچى مىجىت ئازادلىق ئارمىيە تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىندى ۋە 1968 ـ يىلى ئۆلتۈرۈلدى | 4000 | مىللىي توقۇنۇش | غۇلجا | بىر قانچە كۈن | 1967 ـ يىلى |
| مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى «لىنىيە كۈرىشى» (خىتايلار) | – | خىتايلار بىلەن توقۇنۇش | شىخەنزە قاراماي موسوۋەن دۇشەنزى | 3 كۈن | 1967 ـ يىلى 26 ـ يانۋار |
| مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى «2 ـ لىنىيەلىك كۈرەش» | – | قوراللىق قوزغىلاڭ | ئۈرۈمچى غۇلجا قۇمۇل شىخەنزە قەشقەر | | 1968 ـ يىلى فېۋرال |
| ۋاڭ ئېنماۋغا ۋە خىتاي شوۋىنىزمغا قارشى نامايىش جۇئېنلەي تەرىپىدىن ئەمەلدىن قالدۇردى | 10000 | نامايىش | ئۈرۈمچى | ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان | 1968 ـ يىلى 27 ـ ماي |
| | 4000 | توپىلاڭ | غۇلجا | بىرقانچە كۈن | 1969 ـ يىلى يانۋار |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| سوۋېت تەرەپنىڭ جەنۇپ ياردەمچىسى ئاشكارىلانغان، ۋەيران قىلىنغان. روزى هاكىم، مەمتىمىن ۋە باشقىلار ئاشكارىلانغان | | توپىلاڭ | قەشقەر مەكىت | | 1969-يىلى 20-ئاۋغۇست |
| خىتاي بولمىغان ئاما مۇسۇلمانلارنى بايرام كۈنىدە ئىشلەتمەسلىك ۋە لاتىن يېزىقىنى قوللىنىش ھەققىدە نامايىش قىلدى | | زوراۋانلىق نامايىشى | – | – | 1975-يىلى |
| خىتايلار ئىقتىسادىي مەسىلە سەۋەبىدىن زوراۋانلىق نامايىشى قىلدى | | خىتايلار زوراۋانلىق نامايىشى | شىخەنزە قارامايى | | 1975-يىلى |
| 46 نەپەر شاگىخەيلىك ياش ئۆيلىرىگە قايتىش ئۈچۈن ئىمزا توپلاش پائالىيىتى ئېلىپ باردى | | خىتايلار ئىمزا توپلاش ھەرىكىتى | ئاقسۇ/ بېيجىڭ | 51 كۈن | 1979-يىلى ئاپرېل |
| 70 نەپەرشاگىخەيلىك ياشنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئىمزا توپلىشىنى توسماقچى بولدى | | خىتايلار ئىمزا توپلاش ھەرىكىتى | ئاقسۇ | | 1979-يىلى ئىيۇل |
| 4000 نەپەر شاگىخەيلىك ياش ئۆيىگە قايتتى | | نامايىش (خىتايلار) | ئاقسۇ | | 1980-يىلى يانۋار |
| خىتاي ساقچىسى خۇاڭ جىن مەست بولۇپ قېلىپ، تۇتۇپ تۇرۇش ئۆيىدىكى بىر ئۇيغۇرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدى. ئۇيغۇرلار بۇ كىشىنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ كوچىدا نامايىش قىلدى. | 3000 | مالىمانچىلىق توقۇنۇش | ئاقسۇ | 2 كۈن | 1980-يىلى 9-ئاپرېل |
| نەچچە يۈز ئۇيغۇر ھەربىي ئورگانلارغا ھۇجۇم قىلدى. گازارما ۋە كوچىلاردا ئاۋارىچىلىق پەيدا قىلدى. ۋەقە پەيدا قىلغۇچىلار قولغا ئېلىندى | 500 | مالىمانچىلىق، توقۇنۇش، نامايىش | ئاتۇش | 4 كۈن | 1980-يىلى 27-ئىيۇن |
| ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى، ئۇيغۇر دېھقانلىرى ۋە ئۇيغۇر يول ياسىغۇچىلىرىنى ئۆلتۈردى. ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغاندىن كېيىن، باشقا خىتايلار تۈرمىگە بېسىپ كىرىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرغان | – | قوراللىق توقۇنۇش | ئۈرۈمچى | بىرقانچە كۈن | 1980-يىلى 2-ئاۋغۇست |
| | – | ۋەقە | قاغىلىق | ______ | 1980-يىلى 20-ئاۋغۇست |
| ئۆيىگە قايتماقچى بولغان ياش-ئۆسمۈرلەرنى «تۆۋەنگە چۈشۈردى»؛ 1000 ئادەم ئاچلىق ئېلان قىلدى؛ 1980-يىلى 12-ئاينىڭ 26-كۈنىگىچە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلدى | 8000 | مالىمانچىلىق | ئاقسۇ | 40 كۈن | 1980-يىلى 12-نويابىر |
| بىر مەسچىتكە ئوت كەتكەندىن كېيىن تالىپلار بىر ئۇيغۇر باشلىقتىن نارازى بولۇپ، توپىلاڭ قىلدى. شوئارلار: «خۇدانىڭ يولىدا ماگايلى!»، «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى | 2000 | مالىمانچىلىق | قاغىلىق | 4 كۈن | 1981-يىلى 13-يانۋار |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ياشىسۇن!» ، «كاپىرلار چىقىپ كەتسۇن!» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، دۆلەت ئىشخانىلىرىغا / بىنالىرىغا ھۇجۇم قىلدى | | | | | |
| ئىسيانچىلار قورال ئوغرىلاپ، مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى پىلانلىدى؛ ھەسەن ئىسمائىل ۋە داۋۇت ساۋۇت باشچىلىق قىلدى | 150 | توپىلاڭ | پەيزاۋات | – | 1981ـ يىلى 27ـ ماي |
| بىر خىتاي ئوۋ مىلتىقى بىلەن بىر ئۇيغۇر ئۆسمۈرگە ئوق ئاتقاندىن كېيىن ئىسيان چىقتى. ئىسيانچىلار پوچتىخانا، پارتىيە كومىتېتى ۋە بانكىلارنى باستى؛ 600 ئادەمگە ھۇجۇم قىلىپ، 200نى يارىدار قىلدى؛ «ئۇيغۇرىستان/ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ياشىسۇن!» ، «خىتاي يوقالسۇن!» دەپ شوئار توۋلىدى | 6000 | توپىلاڭ ، ئىرقىي ۋەقە | قەشقەر | بىرقانچە كۈن | 1981ـ يىلى 30ـ ئۆكتەبىر |
| كېيىن نەنجىڭ، بېيجىڭ، شاڭخەيلەرگە تارالدى؛ 7 ئۇنىۋېرسىتېتتىن 2000 ئوقۇغۇچى قاتناشتى. ئوقۇغۇچىلار «خىتايلار چىقىپ كەتسۇن!» ، «مۇستەقىللىق!» دېگەندەك شوئارلارنى توۋلىدى. | 2000 | نامايىش | ئۈرۈمچى خوتەن ئاقسۇ بۆرتالا | 4 كۈن | 1985ـ يىلى 12ـ دېكابىر |
| 6تېخنىكومدىكى قازاق ئوقۇغۇچىلار بىلەن «يىراقتىكى ئاق ئۆي»گە قارشى نامايىش | – | نامايىش (قازاقلار) | غۇلجا | 1 كۈن | 1988ـ يىلى ئاپرېل |
| ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوبۇرنى ئىشىكىگە يېزىلغان ئۇيغۇرلارنى كەمسىتىش شوئارىغا قارشى ئۈرۈمچىدىكى چوڭ ئۇنىۋېرسىتېتلاردا نامايىشلار، «ئوقۇغۇچىلار پەن ـ مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى» تەرىپىدىن تەشكىللەندى؛ دولقۇن ئىسا 2006ـ يىلى بۇ ئىشنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى | 300 | نامايىش | ئۈرۈمچى | 3 كۈن | 1988ـ يىلى 15ـ ئىيۇن |
| چەت ياقا يېزىلارغا يالاپ ئەۋەتىلگەن 80 دىن ئارتۇق تۇتقۇن، بولقا ۋە پىچاقلار بىلەن گۇندىپايلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئادەملەرنى گۆرۈگە ئېلىپ، بىنالارنى كۆيدۈردى. ئېيتىشلارغا ئاساسلانغاندا، ئۆتكەن يىلى 23 لاگېردا 11 چوڭ توپىلاڭ چىقىپ، 96 قېتىم قېچىش بولغان | 80 | تۈرمە قوزغىلىڭى | غەربىي جەنۇبىي تەكلىماكان تۈرمىسى | بىرقانچە كۈن | 1989ـ يىلى 8ـ فېۋرال |
| ئۈران كان ئىشچىلىرى رادىياسىيون سەۋەبلىك كېلىپ چىققان ئاغرىقلارغا ئېتىراز بىلدۈردى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا يان باستى. دۆلەت ۋە پارتكوم باشلىقلىرى (كان ئىشچىلىرىنىڭ باشلىقلىرى) بىلەن كۆرۈشتى. چارە تېپىلىدىغانلىقىغا ۋەدە | 130 | جىم ئولتۇرۇۋېلىش نامايىشى (خىتايلار) | ئۈرۈمچى | 1 كۈن | 1989ـ يىلى 13ـ ماي |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| بەردى، لېكىن ئۇلارنىڭ جىم ئولتۇرۇۋېلىشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئېيتتى | | | | | |
| – | – | نامايىش | ئۈرۈمچى | 1 كۈن | 1989-يىلى 16-ماي |
| – | – | نامايىش | ئۈرۈمچى | 1 كۈن | 1989-يىلى 18-ماي |
| «جىنسىي ئادەتلەر» دېگەن كىتاب سەۋەبىدىن باشتا «بېيجىڭ دېموكراتىيە ھەرىكىتىنى قوللاپ رەتلىك پاراتتىن ئۆتۈش» دېيىلگەن؛ كېيىن توپىلاڭغا ئۆزگەرگەن؛ 1000PSD، 1200PAP ئەۋەتىلگەن | 3000 | قالايمىقانچىلىق | ئۈرۈمچى | 1 كۈن | 1989-يىلى 19-ماي |
| مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ ئالدىدا 100دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى نامايىش قىلدى؛ نامايىشتا تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى ھەممە ئۇنىۋېرسىتېتقا تارقىتىلدى. | 100 | جىم ئولتۇرۇۋېلىش | ئۈرۈمچى | 1 كۈن | 1989-يىلى 5-ئىيۇن |
| 200 تالىپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە قارشى ئىمزا توپلاپ «مەسىلە پەيدا قىلدى». ۋەقە تېز بېسىقتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇيغۇر ئىمام خىزمىتىنى جارى قىلدۇرالمىدى دەپ تەنقىت قىلىندى | 200 | نامايىش | قاغىلىق | 1 كۈن | 1990-يىلى 15-يانۋار |
| تالىپلارنىڭ باشچىلىق قىلغانلىقى ئېيتىلغان بىر ئاز سانلىق گۇرۇپپا، پىلانلىق تۈگۈت تېخنىكا پونكىتى (ئۇلتراسيون ۋە بالا چۈشۈرۈش قاتارلىق ئىشلار قىلىنىدىغان يەر)نى كۆيدۈردى | – | ئوت قويۇش | قاراقاش | 1 كۈن | 1990-يىلى 25-مارت |
| مەسچىتتە باشلىدى | 200 | قوراللىق قوزغىلاڭ | بارىن | 2 كۈن | 1990-يىلى 5-ئاپرېل |
| – | – | قالايمىقانچىلىق | شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمالىدا | – | 1990-يىلى سېنتەبىر |
| ئىككىنچى بومبا پارتلىمىدى | – | پارتلاش | كۇچا | 1 كۈن | 1991-يىلى 28-فېۋرال |
| مۇستەقىللىق، سىياسى پارتىيە، ۋە مىللى ئارمىيە تەلەپ قىلغان قوراللىق ئىسيان؛ قوراللىق نامايىشچىلار تارباغاتاي ھۆكۈمەت بىناسىنى بېسىۋېلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ «ئىقتىدارىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش»نى تەلەپ | 140 | نامايىش ۋە ئېتىشىش | چۆچەك | 2 كۈن | 1991-يىلى ماي |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | قىلدى؛ جەڭدە 140 كىشى ئۆلدى، يارىلاندى، تۇتۇلدى. |
| 1991 ـ يىلى 11 ـ ئىيۇن | 2 كۈن | بۆرتالا | نامايىش ۋە ملتىق بىلەن ئېتىشىش | 3000 | دېموكراتىك سايلام ئۈچۈن نامايىش. بەزىلەر سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىش ئۈچۈن چاقىرىق قىلدى. ئوت قويۇش، بۇلاڭچىلىق، ئېتىشىش يۈز بەردى . 500 كىشى ئۆلدى ياكى يارلاندى. |
| 1992 ـ يىلى فېۋرال | _ | غۇلجا | پارتلاش | _ | _ |
| 1991 ـ يىلى 5 ـ فېۋرال | 1 كۈن | ئۈرۈمچى | پارتلاش | _ | بىر تۈركۈم بومبىلاش ئەھۋاللىرى مەلۇم قىلىندى؛ 21 ـ يانۋار ئېلان قىلىنغان بىر ھۆججەتتە بۇ ئەھۋاللارنى ئىسلامى ئويغىنىش پارتىيەسى قىلغان دەپ قارالدى. |
| 1992 ـ يىلى 5 ـ مارت | 4 كۈن | خوتەن قەشقەر كۇچا چۆچەك بۆرتالا | پارتلاش | _ | |
| 1993 ـ يىلى مارت | _ | لوپنۇر | نامايىش | 1000 | يادرو سىنىقىغا قارشى |
| 1993 ـ يىلى ئىيۇن | _ | ئىلى ۋىلايىتى | قازاق توقۇنۇشى | _ | _ |
| 1993 ـ يىلى 17 ـ ئىيۇن | 1 كۈن | قەشقەر | پارتلاش | _ | ھۆكۈمەت 21 ـ يانۋار ھۆججىتىدە بومبىلاشلارنىڭ 9 ـ ئايغىچە داۋاملاشقانلىقىنى ئېيتتى؛ جۇ باگزاۋ ETDIP نى بومبىلاشنىڭ جاۋابكارى دەپ قارىدى |
| 1993 ـ يىلى ئىيۇل | _ | مەخپىي تۇتۇلغان | سۇيقەستكە ئۇرۇنۇش | _ | ش ۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى باشلىقى ھامۇدۇن نىيازنى نىشان قىلدى. |
| 1993 ـ يىلى 1 ـ ئاۋغۇست | 1 كۈن | يەكەن | پارتلاش | _ | سودا شىركىتىنىڭ سىنئالغۇ كۆرۈش زالىدا |
| 1993 ـ يىلى 4 ـ ئاۋغۇست | _ | قەشقەر | پارتلاش | _ | جەمئىي بەش شەھەردە پارتىلاش بولغان (قالغان شەھەرلەر نەقىل كەلتۈرۈلمىدى) |
| 1993 ـ يىلى 19 ـ ئاۋغۇست | 1 كۈن | خوتەن | پارتلاش | _ | _ |
| 1993 ـ يىلى 24 ـ ئاۋغۇست | 1 كۈن | قاغىلىق | سۇيقەستكە ئۇرۇنۇش | _ | خەلق قۇرۇلتىيى ئەزاسى، قاغىلىق چوڭ مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابلىز داموللامغا ھۇجۇم قىلىندى. |
| 1994 ـ يىلى 18 ـ ئىيۇل | بىرقانچە كۈن | توقسۇ | پارتلاش | _ | _ |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| نامايىش يۇقۇرى پەللىگە چىققاندا 10 مىڭ كىشى قاتناشقان بولۇشى مۇمكىن. نامايىشچىلار «قازاق دۆلىتى قۇرۇش، كوممۇنىست ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش» ھەققىدە شوئارلار توۋلىغاندىن باشقا، «ياشىسۇن ئۇيغۇرىستان!» دەپمۇ شوئار توۋلىدى. | 50000 | نارازىلىق نامايىشى | ئىلى ئوبلاستى | 3 كۈن | 1995-يىلى 22-ئاپرېل |
| بەيتۇللاھ مەسچىتى ئىمامىنىڭ ئىشتىن بوشىتىلغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش | 1000 | قالايمىقانچىلىق | خوتەن | 1 كۈن | 1995-يىلى 7-ئىيۇل |
| ئىلى مەشرەپ ھەرىكىتىنىڭ لىدىرى ئابدۇخېلىلنىڭ تۇيۇقسىز ۋە قانۇنسىز تۇتقۇن قىلىنغانلىقىغا قارشى دۆڭمەھەللە گۈللۈك مەسچىت نامايىشى | _ | نامايىش | غۇلجا | _ | 1995-يىلى 14-ئاۋغۇست |
| ئوت قويۇش، قەستلەپ ئادەم ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭچىلىق، پارتىلىتىش | _ | زوراۋانلىق توقۇنۇشى | ئاقسۇ ئۇنسۇ توقسۇ شايار، كۇچا | 79 كۈن | 1996-يىلى 10-فېۋرال |
| ئاتالمىش بۆلگۈنچىلەر ساقچى پونكىتىدا ماشىنا پارتىلىتىپ، زوراۋانلىق قىلدى | | پارتلاش | ئۈرۈمچى | _ | 1996-يىلى 13-فېۋرال |
| تۆت نەپەر ماسكىلىق ئەر كىشى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى رەھمۇتۇللا ھىدايەتتىن 15000 يۈەن خەلق پۇلىنى بۇلىغان | | بۇلاڭچىلىق | شايار | 1 كۈن | 1996-يىلى 24-فېۋرال |
| ئىسلام كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جامە ئىمامى ھاكىم سىدىق ھاجىغا قەست قىلىندى | 2 | سۇيىقەست | توقسۇ | 1 كۈن | 1996-يىلى 22-مارت |
| تۆت نەپەر ماسكىلىق كىشى تەرىپىدىن ئىمىن ساقى ۋە ئىمامىنىڭ 6،975 يۈەن پۇلى بۇلانغان | 4 | بۇلاڭچىلىق | شايار | 1 كۈن | 1996-يىلى 27-مارت |
| _ | _ | ئېتىشىش | شايار | 1 كۈن | 1996-يىلى 12-ئاپرېل |
| شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق تەشكىلاتى ئەزالىرى شىنجاڭغا قورال-ياراق يۆتكىگەن | | قورال-ياراق كىرگەن | قورغاس تاموژنا | 1 كۈن | 1996-يىلى 16-ئاپرېل |
| 1996-يىلى 27-ئاپرېل تۈزۈلگەن شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى چېگرا كېلىشىمگە نارازىلىق | 10 | بومبا پارتلاش ۋەقەسى | كۇچا | بىرقانچە كۈن | 1996-يىلى 29-ئاپرېل |
| شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ چېگرا كېلىشىمگە قارشى نارازىلىق داۋاملاشقان | _ | كوچا ئۇرۇشى | بىر قانچە يەردە | بىرقانچە كۈن | 1996-يىلى 30-ئاپرېل |
| ھارۇنخان ھاجىغا سۇيىقەست قىلىنغان | 3 | سۇيىقەست | قەشقەر | _ | 1996-يىلى 12-ماي |
| خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى بومبا پارتلاشنى «ئىسلام ئادالەت پارتىيىسى قىلدى» دەپ جاكالىدى | _ | پارتلاش | شايار | _ | 1996-يىلى ئىيۇل |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| تارىم تۈرمىسىدىن قېچىش، ساقچىلار ئەسكەرلەر ئۆلتۈرۈلدى، قورال-ياراقلار بۇلاندى | | بۆلگۈنچىلەرنىڭ تۈرمىدىن قېچىشى (ئۇيغۇر) | شايار | بىرقانچە كۈن | 1996-يىلى 15-ئىيۇل |
| 6نەپەر ئاساسىي قاتلامدىكى كادىر يارىلانغان، 4-5 كىشى ئۆلگەن | 6 | ھۇجۇم | قاغىلىق | – | 1996-يىلى 27-ئاۋغۇست |
| 40 ئادەمنى ئۆلتۈرۈش پىلانى ئەمەلگە ئاشمىغان. بىر نەپەر خىتاي ۋە ئۇنىڭ ئىككى نەپەر ياردەمچىسى ئۆلتۈرۈلگەن | – | ئادەم ئۆلتۈرۈش | يەكەن | 1 كۈن | 1996-يىلى 23-ئۆكتەبىر |
| ئۈچ دېھقان ئۆيىدە ئۆلتۈرۈلگەن | 9 | ئادەم ئۆلتۈرۈش | يەكەننىڭ بىرقانچە يېرىدە | 1 كۈن | 1996-يىلى 20-نويابىر |
| بارىن ۋەقەسىدىن كېيىن يۈزبەرگەن ئەڭ چوڭ ۋەقە | 5000 | ئىسيان | غۇلجا | 2 كۈن | 1997-يىلى 5-فېۋرال |
| بىڭتۇەننىڭ باش قوماندانى ئۆمەرجان ئۆلتۈرۈلگەن | – | سۇيىقەست | ئاقسۇ | 2 كۈن | 1997-يىلى 23-فېۋرال |
| خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ تور بېكىتىدە بۇ ۋەقەنى ET نىڭ پەيدا قىلغانلىقىنى بىلدۈردى | – | پارتلاش | ئۈرۈمچى | 1 كۈن | 1997-يىلى 25-فېۋرال |
| زىلەي ئابدۇرازاق پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە قارشى چىقىپ، باشقا ئاياللار بىلەن بىرلىشىپ، پارتىيە كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى مەمەتجان سادىقنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن | – | سۇيىقەست | ئاقسۇ | 1 كۈن | 1997-يىلى 23-مارت |
| – | 10000 | ئىسيان | غۇلجا | 1 كۈن | 1997-يىلى 26-ئاپرېل |
| سۇيىقەستكە ئۇچرىغۇچى مەمەتروزى مەمەت | 4 | سۇيىقەست | قاراقاش خوتەن چىياچىكى | 1 كۈن | 1997-يىلى 4-ئىيۇن |
| يېزىلىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ خادىمى قاسىم ناسىر، 5-فېۋرال پارتىزانلىرى تەرىپىدىن ئۆيىدە ئۆلتۈرۈلگەن | – | سۇيىقەست | غۇلجا شەھەر پەنجىم يېزىسى | 1 كۈن | 1997-يىلى 26-ئىيۇن |
| مەمەت سېيىت پارتىيە شۆبىسىنىڭ سېكرېتارى بولۇپ، ئاتالمىش ئۈچ نەپەر «قانۇنسىز دىنىي تەشكىلات»نىڭ ئەزالىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن | 3 | سۇيىقەست | پوسكام ناھىيە گۈلباغ كەنت | 1 كۈن | 1997-يىلى 1-ئىيۇل |
| بەشلىكتىكى يېزا كادىرى تۇردىنىياز ۋە ئايالى ئۆلتۈرۈلگەن | – | سۇيىقەست | بەشلىك ئاۋات | 1 كۈن | 1997-يىلى 3-ئىيۇل |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| يېزا-بازارلاردا 3200 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان كەڭ كۆلەملىك ئىسيان مەيدانغا كەلدى. 800 گە يېقىن كىشى قاراشەھەر ۋە خوشۇت قاتارلىق جايلاردىكى پارتىيە-ھۆكۈمەت بىنالىرىغا قوراللىق ھۇجۇم قىلدى. ئەمەلدارلار ئاخىرىدا ئۇلار سۇنغان دوكلاتنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. | 3200 | قوراللىق قوزغىلاڭ ۋە ئىسيان | توقسۇن ساۋەن پىچان قۇتۇبى قاراشەھەر خوشۇت | 6 كۈن | 1997-يىلى 22-سېنتەبىر |
| ئەزىز ئابباس يېڭى مەھەللە جامەسىنىڭ ئىمامى بولۇپ، ئۇ ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ 500 مىڭ يۈەنلىك بىر بۇلاڭچىلىقنى پاش قىلىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئاتالمىش «بۆلگۈنچىلەر ۋە زوراۋان تېرورچىلار» تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن | – | سۇيىقەست | شايار ناھىيە شايار يېزا يېڭى مەھەللە | 1 كۈن | 1997-يىلى 28-سېنتەبىر |
| ئىسلام دىنىي جەمئىيىتى باشلىقى، باي مەسچىتىنىڭ ئىمامى يۈنۈس سىدىق داموللامنى ئۆلتۈردى | – | سۇيىقەست | باي ئاقسۇ | 1 كۈن | 1997-يىلى 6-نويابىر |
| قاغىلىق جامەسىنىڭ ئىمامى ئابلىز ھاجى ئۆلتۈرۈلدى | – | سۇيىقەست | قاغىلىق | 1 كۈن | 1998-يىلى 27-يانۋار |
| مىڭ ساقچى ئاجرىتىلدى | – | قالايمىقانچىلىق | غۇلجا | بىر ھەپتە | 1998-يىلى فېۋرال |
| 1998-يىلى 3-ئايغا قەدەر 6 بومبا پارتلىغان، يۈز مىليون يۈەن زىيان بولغان | – | پارتلاش | قاغىلىق | 37 كۈن | 1998-يىلى 22-فېۋرال |
| بىر كۈندە 8 بومبا پارتلىغان | – | پارتلاش | قاغىلىق | 1 كۈن | 1998-يىلى 7-ئاپرېل |
| خىتاينىڭ ئالاھىدە تەربىيەلەنگەن ئەسكىرى لوڭ فېي 5-فېۋرال پارتىزانلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن | – | خىتاي ئەسكەرلىرىگە قارشى قوراللىق جەڭ | غۇلجا ناھىيە خۇدىيارىيۈزى | 1 كۈن | 1998-يىلى 20-ئاپرېل |
| ساقچىلار قاراتاغ باغرىدىكى ئاتالمىش زوراۋان تېرورچىلارنى قورشىۋالغان. ئاخىرىدا ھەممىسى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن | | قوراللىق جەڭ | ئاقسۇ | – | 1998-يىلى 21-ماي |
| 15قېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان، يارىلىنىش كۆرۈلمىگەن. | – | ئوت قويۇش (40) | ئۈرۈمچى | 3 كۈن | 1998-يىلى 23-ماي |
| ئىلى ۋىلايىتىدە، بولۇپمۇ غۇلجا ناھىيەسىدە 1998-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يۈز بەرگەن 4 چوڭ قوراللىق توقۇنۇشنىڭ بىرى | – | خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن قوراللىق توقۇنۇش | غۇلجا (ئىلى ۋىلايىتى) | – | 1998-يىلى 28-ماي |
| ساقچى قوغلىغان 2 نەپەر ئاتالمىش تېرورچى ساقچىلارغا پىچاق بىلەن ھۇجۇم قىلغان. | | جەڭ | | – | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1998 ـ يىلى 2 ـ ئىيۇن | | خوتەن ۋىلايىتى | ئېتىشىش | | ساقچىلار يارىلانغان ۋە گۆرۈگە ئېلىۋېلىنغان. نەتىجىسى ئېنىق ئەمەس. |
| 1998 ـ يىلى 26 ـ ئىيۇن | _ | غۇلجا ئۈچئۈن توقۇنۇشى | خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن قوراللىق توقۇنۇش | _ | 1998 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يۈز بەرگەن 4 چوڭ قوراللىق توقۇنۇشنىڭ بىرى. تۇرسۇن سەلەي، خەمىت مۇھەممەت، قاسىم مەقبىر، ئىلياس زوردۇن، ئابدۇقادىر قاتارلىقلار قاتناشقان |
| 1998 ـ يىلى 22 ـ ئىيۇل | 1 كۈن | ئاۋات ناھىيە تامتوغراق يېزا | قوراللىق ئېتىشىش (توقۇنۇش) | _ | ئۈستۈن ئارال يېزىلىق كومىتېتىنىڭ باشلىقى ئابلەت تايىپ ساقچىغا ياردەم قىلىۋاتقان ۋاقتىدا ئۆلتۈرۈلگەن |
| 1998 ـ يىلى ئاۋغۇست | _ | شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمالىدا | ساقچى ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى | _ | _ |
| 1998 ـ يىلى 2 ـ نويابىر | 1 كۈن | يەكەن ناھىيە ئىگەچى يېزا | پارتلاش ۋەقەسى | _ | تاش رازراق سىياسەت ۋە قانۇن كومىتېتىنىڭ كاتىپى |
| 1999 ـ يىلى 10 ـ فېۋرال | 1 كۈن | ئۈرۈمچى | قوراللىق توقۇنۇش | | مۇرات رۇستەم خىتاينىڭ ئىلغار ساقچىسى بولۇپ، ئۇ شۆھرەت قاتارلىق 5 ـ فېۋرال پارتىزانلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ تاشلانغان |
| 1999 ـ يىلى 16 ـ فېۋرال | 1 كۈن | ئۈرۈمچى | ساقچىلار بىلەن بولغان مالىمانچىلىق | 300 | ساقچىلار بىر كېچە هاراق ئىچكەندىن كېيىن، «شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىمىز» دەپ شوئار توۋلىغان 30 ئۇيغۇرنى قولغا ئالماقچى بولدى. ئەمما ئۇيغۇرلار كۆپىيىپ 150 كە يېتىپ ساقچىلارنى قورشىۋالدى |
| 1999 ـ يىلى 17 ـ مارت | 1 كۈن | سانجى شەھىرى | بومبا پارتلىتىش | _ | ساقچى باش شتابى 30 خادىمىنىڭ شىخەنزىگە تۇتۇشىدىغان ماشىنا ئەترىتىدە قازا قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. ھەربىي خادىملارنىڭ بىلدۈرۈشىچە بۇ ئەلۋەتتە ئاتالمىش مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئورۇنلاشتۇرغان بومبا ئىكەن. قۇتۇبىدا گۇمانلىق بۆلگۈنچىلەر بىلەن ئېتىششلارمۇ بولغان |
| 1999 ـ يىلى 10 ـ ئىيۇل | 1 كۈن | قاراشەھەر ناھىيە | ھۇجۇم ۋە بومبا پارتلىتىش | 12 | خەۋەر قىلىنىشىچە ئاتالمىش مىللىي بۆلگۈنچىلەر قاراشەھەردىكى بىر ھەربىي بازىغا جايلاشقان ئېلېكتىرىك ئىستانسىسىغا ھۇجۇم قىلغان. ھەر ئىككى تەرەپتىن ئادەم ئۆلگەن. |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| مېۋە ساتقۇچىنىڭ نورمال مېۋە سېتىش كېنىشكىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئادىل سودا قىلالماي كەمسىتىلىشكە ئۇچۇردى. نەتىجىدە 2000 كىشى نامايىش قىلىپ بازا باشقۇرۇش ۋە ساقچى ئورۇنلىرىنى قورشىۋالدى | 2000 | قوراللىق ھۇجۇم | خوتەن | – | 1999-يىلى 17-ئىيۇل |
| ھەبىبۇللا 1995-يىلى 7-ئىيۇلدىكى خوتەن ۋەقەسىدە گۇمانلىق دەپ قارالغان | 300 | قوراللىق ھۇجۇم | خوتەن | – | 1999-يىلى 23-ئىيۇل |
| خىتاي مەنبەلىرى ئىنتايىن چوڭ بىر ۋەقە دەپ قارايدۇ | 6000 | قوراللىق ھۇجۇم | لوپ | – | 1999-يىلى 9-ئاۋغۇست |
| خەۋەر قىلىنىشىچە مەسچىتنىڭ موللىلىرى «كاپىرلار» دەپ ۋارقىرىغان | – | دىنىي قۇتراتقۇلۇق | خوتەن جامى | 1 كۈن | 1999-يىلى 20-ئاۋغۇست |
| چارلاش پونكىتىنىڭ باشلىقى بۆلگۈنچىلەرنى ئەيىبلىدى | 10 | قەستلەپ ئۆلتۈرۈش | پوسكام ناھىيە پوسكام يېزا | 1 كۈن | 1999-يىلى 23-ئاۋغۇست |
| ئۇيغۇرلار موتسىكلىت بىلەن، بىر ياكى بىرقانچە خىتايىنى ئۇردى | – | ھۇجۇم قىلىش | خوتەن ئەتراپى | 1 كۈن | 1999-يىلى 24-ئاۋغۇست |
| نۇرباغ ساقچى پونكىتىنىڭ باشلىقى ھۇجۇمغا ئۇچرىغان ۋە بېشى يېرىلغان بولۇپ، دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلدى | – | ھۇجۇم قىلىش | خوتەن ئەتراپى | 1 كۈن | 1999-يىلى 27-ئاۋغۇست |
| تېرروروچىلار لىدىرى دەپ قارالغان كۆرەش ساقچى تەرىپىدىن ئېتىپ تاشلاندى، 21 كىشى قولغا ئېلىندى | 21 | ئادەم ئۆلتۈرۈش | خوتەن ئەتراپى | – | 1999-يىلى 4-سېنتەبىر |
| ھۆكۈمەت شوپۇرى تۇرسۇن قادىر بىلەن يېزىنىڭ ئۇچۇر-ئالاقە خادىمى قادىر مەمەت يارىلاندى. جىنايى جەھەتتە ياسىن مەمەت سوراققا تارتىلدى | – | ئادەم ئۆلتۈرۈش | پوسكام ناھىيە گۇلباغ يېزا | 1 كۈن | 1999-يىلى 21-ئۆكتەبىر |
| سايرى بازىرىدىكى ساقچىلارغا ھۇجۇم قىلىش. خىتاي مەنبەلىرىدە خۇددى بارىن ئىنقىلابىغا ئوخشاش تەسۋىرلەنگەن | – | ھۇجۇم قىلىش | پوسكام | 1 كۈن | 1999-يىلى 24-ئۆكتەبىر |
| ساقچى تۇرغۇن ئاقنىياز ئۆيىگە قايتىۋاتقان چاغدا، ئاتالمىش تېرروروچىلار تەرىپىدىن يولدا ئۆلتۈرۈلگەن | – | قەستلەپ ئۆلتۈرۈش | ئاۋات ناھىيە بەشئېرىق | 1 كۈن | 1999-يىلى 8-نويابىر |
| گۇمانلىق دەپ قارالغان ئاتالمىش مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە تېرروروچىلارنى قوغلاپ | 4 | | | 1 كۈن | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| تۇتۇش جېڭى. ئابدۇقېيۇم جۇمە نىياز ئىسىملىك بىر ساقچى ئۆلگەن | | قوغلاپ تۇتۇش جېڭى | خوتەن ناھىيە | | 1999-يىلى 15-دېكابىر |
| | - | ئادەم ئۆلتۈرۈش | ئالمۇتا | – | 2000-يىلى 28-سېنتەبىر |
| كادىر مەمەتجان ياقۇپ ئۆلتۈرۈلدى | – | قەستلەپ ئۆلتۈرۈش | كوناشەھەر قەشقەر | 1 كۈن | 2001-يىلى 3-فېۋرال |
| بازار باشقۇرۇش خادىملىرى بىلەن ئۇششاق تىجارەتچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل توپىلاڭغا ئايلاندى | 200 | توپىلاڭ | ئۈرۈمچى | 1 كۈن | 2001-يىلى 7-ئاۋغۇست |
| ساقچىلار گۇمانلىق دەپ قارىغان مىللىي بولگۇنچىلەرنىڭ تۇرالغۇسىغا بېسىپ كىردى. قوراللىق توقۇنۇشتا ساقچى چەن پىڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆت ئادەم ئۆلدى. قورال-ياراق ۋە بىنانىڭ ئۆگزىسىگە ئاسماقچى بولغان ئۇيغۇر بايرىقى قولغا چۈشۈرۈلدى | – | قوراللىق ئېتىشىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى | كۇچا | 1 كۈن | 2001-يىلى 7-ئاۋغۇست |
| شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق تەشكىلاتى تىبەتكە قورال ئىمپورت قىلغان. ئابلەت تۇرسۇن ۋە ئەخمەت ئىسىملىك ئىككى كىشى ئېنىقلانغان. | – | قورال ئەتكەسچىلىكى | تىبەت | – | 2001-يىلى سېنتەبىر |
| 180كە يېقىن كىشى مەسچىتنىڭ چېقىلىشىغا ئېتىراز بىلدۈردى. خىتاي ھۆكۈمىتى مەكتەپكە بەك يېقىن بولغاچقا ئوقۇغۇچىلارغا سەلبىي تەسىر بېرىدۇ دەپ قارىدى. خىتاي ئەمەلدارىنىڭ بىلدۈرىشىچە بۇ 3-قېتىملىق مەسچىت چېقىش بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن | 180 | نامايىش | قاراقاش | 1 كۈن | 2001-يىلى ئۆكتەبىر |
| فېيك تاۋ، 110 ئالاھىدە ساقچى ئورگىنىنىڭ ساقچىسى بولۇپ ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقاندا ئوق تەككەن | – | ئېتىشىش | ئۇستۈن ئاتۇش يېزىسى | 1 كۈن | 2001-يىلى 2-نويابىر |
| بىر كۈن كەچكىچە رەخت زاۋۇت ئىشچىلىرى نامايىش قىلغان. 1300 ئىشچىسى بار بۇ زاۋۇتنىڭ 80% ئىشچىسى ئۇيغۇر | 100 | نامايىش | خوتەن | 1 كۈن | 2001-يىلى 24-دېكابىر |
| ئىسلام دۆلىتىنىڭ تەشەببۇسچىسى بولغان بىر ئوقۇتقۇچى، ۋەتەنپەرۋەرلىك دەرسىدە | 2 | پىچاق سېلىش ۋەقەسى | خوتەن | 1 كۈن | 2002-يىلى ماي |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئىشتىن بوشىتىلغانلىقى سەۋەبىدىن مەكتەپ مۇدىرىغا پىچاق تىقىۋەتتى. | | | | | |
| سىنىپتا ئىمتىھان بېرىشنى، دەرس ئاڭلاشنى بويقۇت قىلغان | 100 | ئىستۇدېنتلار نامايىشى | قورغاس | 1 كۈن | 2003-يىلى 7-مارت |
| 300ئوقۇغۇچى سىنىپقا كىرىپ دەرس ئاڭلاشنى بويقۇت قىلدى. بۇنى ھۆكۈمەت جەمئىيەت تەرتىپىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزگەنلىك دەپ قارىدى | 300 | ئىستۇدېنتلار نامايىشى | ماناس | 1 كۈن | 2003-يىلى 18-مارت |
| خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت كادىرى سادىققىز توختى يولدىشى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. | 1 | ھۇجۇم | ئۇچتۇرپان ئاقتوقاي | 1 كۈن | 2003-يىلى 5-ئاپرېل |
| بۇ خىتاي ھۆكۈمىتىگە ھەيۋە كۆرسىتىلگەن چوڭ پارتلىتىش بولغان | – | PAP گازارمىسىنى پارتلىتىش | – | – | 2004-يىلى 2-مارت |
| پۈتۈن كۈن دېھقانلار، ئورمانچىلار ۋە پادىچىلار نامايىشى بولدى. قۇرۇلۇۋاتقان سۇ ئېلىكتىر ئىستانسىسى 18000 ئادەمنى كۆچۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھۆكۈمەت ئاران 38 مىڭ يۈەن تۆلەم بەرمەكچى بولىدۇ. 16 ئادەم قولغا ئېلىنغان | 1000 | نامايىش | ئىلى قاپسىغاي | 1 كۈن | 2004-يىلى 11-ئىيۇن |
| ئالدىنقى بەتتىكى 2004-يىلى 2-مارت ۋەقەسىگە قارالسۇن | | تۆمۈر يول لېنىيىسىنى پارتلىتىش | – | – | 2004-يىلى 5-سېنتەبىر |
| 18-17ياش ئارىسىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار خىتاي ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغان. ھەممىسى قولغا ئېلىنىپ، تۆت نەپىرى كېسىلگەن. تۆت نەپەر ئوقۇتقۇچىمۇ قولغا ئېلىنغان | 22 | جېدەل | پوسكام | 1 كۈن | 2005-يىلى 12-مارت |
| كورلا تاكسى شوپۇرلىرى يىللىق 4 مىڭ يۈەن باج تۆلەيدىغان بەلگىمىگە قارىتا نارازىلىق بىلدۈرۈپ ئىش تاشلىدى. 3-كۈنى تاكسى نومۇرىنى توسۇپ قويۇپ، ماشىنا ھەيدىگەن شوپۇرلار ساناپ چىقىلدى. | 100 | ئىش تاشلاش | كورلا | 3 كۈن | 2005-يىلى 16-ئاپرېل |

## 1990-يىلدىن 2001-يىلغا قەدەر خىتاي مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەر

تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، خىتاي ئۆزى ئېتىراپ قىلغان مەنبەلەردە بايان قىلىنىشىچە، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق جەڭچىلىرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر خەلقىگە ئېلىپ بارغان يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيانقى دۆلەت تېررورلۇقىغا قارىتا تاماشا كۆرۈش پوزىتسىيەسىدە بولغان خىتاي پۇقرالىرىغا بەرگەن جاۋابى تۆۋەندىكىدەك بولغان:

1990-يىلدىن 2001-يىلغا قەدەر شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق جەڭچىلىرى، خىتاي مۇستەملىكە قىلىۋالغان شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدا ئۇدا 200 دىن ئارتۇق نارازىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بارغان بولۇپ، بۇ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلغا 20 دىن توغرا كېلىدۇ.

بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىچە:

ئۇيغۇر تاماشاسى كۆرگەن خىتاي پۇقرالىرىغا بېرىلگەن بىرىنچى جاۋاب: 1991-يىلى 2-ئاينىڭ 28-كۈنى شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق جەڭچىلىرى، ئاقسۇ ۋىلايىتى كۇچا ناھىيەسى يولۇچىلار قاتناش پونكىتىنىڭ سىن ئالغۇ قويۇش زالىدا بومبا پارتلاتقان.

ئۇيغۇر تاماشاسى كۆرگەن خىتاي پۇقرالىرىغا بېرىلگەن ئىككىنچى جاۋاب: 1992-يىلى 2-ئاينىڭ 5-كۈنى، ئۈرۈمچىدە 25-يول، 30-يول ئاپتوبۇسلىرىنى پارتلىتىپ خىتاي خەلقىگە

ئۇيغۇرلارغا ئىنسانىي مۇئامىلە قىلىش سىگنالىنى بەرگەن.

ئۇيغۇر تاماشاسى كۆرگەن خىتاي پۇقرالىرىغا بېرىلگەن ئۈچىنچى جاۋاب: 1993-يىلى 6-ئاينىڭ 17-كۈنىدىن 9-ئاينىڭ 5-كۈنىگىچە شەرقىي تۈركىستان كۈرەشچىلىرى ئاتالمىش شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا جايلاشقان ماگىزىن، بازار، رېستوران ۋە مەدەنىي پائالىيەت سورۇنلىرى قاتارلىق جايلاردا 10 قېتىم پارتلىتىش ۋەقەسى پەيدا قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ھەقلىق ئىگىلىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇر مىللىي روھىنىڭ تېخى ئۆلمىگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئۇيغۇر زېمىنىدا ياشاۋاتقان خىتاي پۇقرالىرىنىڭ خىتاي يۈرگۈزۈۋاتقان دۆلەت تېررورلۇقىدىن مەمنۇن بولۇۋاتقانلىقىغا قارىتا ئىنكاس قالدۇرغان. بۇنىڭ ئىچىدە 6-ئاينىڭ 17-كۈنى قەشقەر دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى شىركىتىنىڭ ئىشخانا بىناسىدا، 8-ئاينىڭ 1-كۈنى قەشقەر يەكەن ناھىيە تاشقى سودا شىركىتىنىڭ سىنئالغۇ قويۇش زالىدا، 8-ئاينىڭ 19-كۈنى خوتەن شەھىرىنىڭ مەدەنىيەت سارىيىدا پارتلىتىش يۈز بەرگەن.

ئۇيغۇر تاماشاسى كۆرگەن خىتاي پۇقرالىرىغا بېرىلگەن تۆتىنچى جاۋاب: 1997-يىلى 2-ئاينىڭ 25-كۈنى، شەرقىي تۈركىستان كۈرەشچىلىرى ئۈرۈمچىدىكى 2-، 10- ۋە 44-يول ئاپتوبۇسلىرىنى پارتلىتىپ، ئۇيغۇر خەلقىگە ھېسداشلىق قىلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە خىتاي دۆلەت تېررورلۇقىغا ھەمتاۋاق بولۇۋاتقان خىتاي پۇقرالىرىغا ئىنكاس قايتۇرغان.

## شەرقىي تۈركىستان كۆرەشچىلىرىنىڭ خىتاي دۆلەت تېررورلۇقى ۋە غالچىلىرىغا قايتۇرغان ئىنكاسلىرى

1 ـ ئىنكاس: 1998 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگە قەدەر، شەرقىي تۈركىستان كۆرەشچىلىرى قاغىلىق ناھىيەسىدىكى خىتايىنىڭ تەبىئىي گاز تۇرۇبا يولىدا ئارقا ـ ئارقىدىن ئالتە قېتىم چاتما پارتلاش پەيدا قىلىپ، خىتايىنى بىر مىليون يۈەندىن ئارتۇق زىيانغا ئۇچراتقان.

2 ـ ئىنكاس: 1998 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى سەھەردە، شەرقىي تۈركىستان كۆرەشچىلىرى قاغىلىق ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى باشلىقىنىڭ قورۇسى ئالدىدا، ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىسى تۇرۇشلۇق قورۇلارنىڭ ئالدىدا ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەرگەن 8 قېتىملىق پارتلاشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بارغان.

3 ـ ئىنكاس: 1993 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، خىتاي دۆلەت تېررورلۇقىنىڭ ئەشەددىي غالچىسى قاغىلىق ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، قاغىلىق چوڭ مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابلىز داموللامنى ئېغىر زەخىملەندۈرگەن.

4 ـ ئىنكاس: 1996 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، خىتاي دۆلەت تېررورلۇقىنىڭ ئەڭ چوڭ غالچىلىرىدىن بىر بولغان ئاقسۇ ۋىلايىتى توقسۇ ناھىيەسى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەسچىت ئىمامى ھاكىم سىدىق ھاجىنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇنى ئۆلتۈرگەن.

5-ئىنكاس: 1996-يىلى 4-ئاينىڭ 29-كۈنى سەھەردە، 10 نەپەر قوراللىق شەرقىي تۈركىستان كۈرەشچىسى كۇچا ناھىيە ئالاقاغا يېزا كۈنەس كەنتىدىكى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى قاۋۇل توكا ۋە شۇ جايدىكى ئۈچ ئائىلىلىك چېقىمچىنى بىر تەرەپ قىلغان.

6-ئىنكاس: دىننى خىتاي ئۈچۈن ۋە سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنغان خىتاي مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قەشقەر ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھارۇنخان ھاجى يارىلاندۇرۇلغان.

7-ئىنكاس: 1997-يىلى 3-ئاينىڭ 23-كۈنى سەھەردە، تۇرسۇن تۇردى قاتارلىق شەرقىي تۈركىستان كۈرەشچىلىرى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك جىن يىڭچۈەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ باشلىقى، خىتاي دۆلەت تېررورلۇقىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي قوللىغۇچىسى، ئۇيغۇر خەلقىگە نەپەس ئالغۇدەك پۇرسەت بەرمەي كەلگەن غالچا ئۆمەرجان ۋە ئۇنىڭ ئايالىنى بىر تەرەپ قىلغان. شۇ يىلى 7-ئاينىڭ 3-كۈنى سەھەردە، ئۈلار يەنە ئاۋات ناھىيەسى بەش ئېرىق يېزىسىنىڭ كادىرى تۇردى نىيازنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ، خىتاي دۆلەت تېررور غالچىلىرى بولغان بۇ ئەر-ئايالنى بىر تەرەپ قىلغان.

8-ئىنكاس: 1997-يىل11-ئاينىڭ 6-كۈنى سەھەردە، مەمەت تۇرسۇن باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان كۈرەشچىلىرى مەملىكەتلىك ۋە ئاتالمىش شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاقسۇ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، باي ناھىيەسىدىكى مەسچىت ئىمامى يۇنۇس سىدىق داموللامنى نامازغا كېتىۋاتقاندا ئۆلتۈرۈۋەتكەن. 1998-يىل 1-ئاينىڭ 27-كۈنى قاغىلىق ناھىيەلىك سىياسىي

كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ناھىيەلىك چوڭ مەسچىت ئىمامى ئابلىز ھاجىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن.

9-ئىنكاس: 1997-يىل 6-ئاينىڭ 4-كۈنى، 4 نەپەر شەرقىي تۈركىستان كۈرەشچىسى خوتەن قاراقاش ناھىيەسىدىكى غالچا مەمەت روزى مەممەتنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ، ئۇنى بىر تەرەپ قىلغان.

10-ئىنكاس: 1999-يىل 8-ئاينىڭ 23-كۈنى، ياسىن مەممەت باشچىلىقىدىكى 10 نەپەر شەرقىي تۈركىستان كۈرەشچىسى قەشقەر پوسكام ناھىيەسى پوسكام يېزا ساقچىخانىسىنىڭ كادىرى خۇدابەردى توختىنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنى بىر تەرەپ قىلغان، ئاندىن ئۆيىگە ئوت قويۇپ بەرگەن.

11-ئىنكاس: 2001-يىل 2-ئاينىڭ 3-كۈنى، شەرقىي تۈركىستان كۈرەشچىلىرى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيەسى سوت مەھكىمىسىنىڭ كادىرى مەمەتجان ياقۇپنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ، ئۇنى بىر تەرەپ قىلغان.

شەرقىي تۈركىستان كۈرەشچىلىرىنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەۋجۇتلىقىغا، شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان دۆلەت تېررورلۇقىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ خىتاي مەتبۇئاتلىرىدا ئاشكىلىنىشى تۆۋەندىكىچە:

## ساقچى ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ھۇجۇم قىلىش

1996-يىل 8-ئاينىڭ 27-كۈنى، 6 نەپەر تېررورچى رەڭلىك نىقاب كىيىپ قاغىلىق ناھىيەسى جاڭگىلئەسكى يېزىلىق ھۆكۈمەت بىناسىغا كېلىپ، توك يوللىرىنى ئۈزۈۋېتىپ، مۇئاۋىن يېزا باشلىقى بىلەن ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان بىر ساقچىنى ئۆلتۈرگەن؛

ئارقىدىن يەنە بىر يېزىغا كىرىپ، 3 ئامانلىق ساقلىغۇچى خادىم بىلەن بىر سۇ باشقۇرغۇچىنى باغلاپ، 10 كىلومېتىر نېرىدىكى قۇملۇقتا ئۆلتۈرگەن.

1999-يىلى 10-ئاينىڭ 24-كۈنى سەھەردە، تېررورچى ئۇنسۇرلار قورال، پارتلاتقۇچ دورا قاتارلىقلارنى ئېلىپ، پوسكام ناھىيەسى سەيلى يېزىسىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا ھۇجۇم قىلغان. ئۇلار ساقچىخانىنى قورشاپ، ئارقا-ئارقىدىن پارتلاتقۇچ دورا تاشلاپ، توپقا تۇتقان. كېيىن ساقچىخانىغا بېسىپ كىرىپ، بىر ساقچى بىلەن بىر گۇماندار جىنايەتچىنى ئۆلتۈرگەن، يەنە بىر ساقچىنى زەخىملەندۈرگەن. ساقچىخانىنىڭ 10 ئېغىز ئۆيىنى، بىر ماشىنا ۋە 3 موتوسىكلىتنى كۆيدۈرۈۋەتكەن.

## زەھەر تاشلاش، ئوت قويۇش

1998-يىلى 1-ئاينىڭ 30-كۈندىن 2-ئاينىڭ 18-كۈنىگىچە «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق تەشكىلاتى» ئەزالىرى قەشقەردە 23 قېتىم زەھەر تاشلاش ئەنزىسى تۇغدۇرۇپ، 4 ئادەمنى زەھەرلىگەن، بىر ئادەم ئۆلگەن، نۇرغۇن چارۋا ئۆلگەن ياكى زەھەرلەنگەن.

1998-يىلى 5-ئاينىڭ 23-كۈنى چەتئەلدە مەخسۇس تەربىيەلەنگەن ھەم جۇڭگوغا كىرگۈزۈلگەن «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق تەشكىلاتى»نىڭ ئەزالىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خۇادۇ ماگىزىنى، داشىمېن، گەزمال توپ سېتىش بازىرى، خۇڭشەن ياغاچ بازىرى، ئۈرۈمچى ساياھەت ئىدارىسى قاتارلىق ئاۋات ئورۇنلاردا 40 نەچچە يەرگە خىمىيەلىك تەبىئىي ئوت ئالغۇچ قويۇلما قويۇپ، 5 قېتىم ئوت قويۇش دېلوسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، «ئۈرۈمچىنى ئوت دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇش، نەچچە مىليون يۈەنلىك زىيان پەيدا قىلىش كېرەك» دەپ جار سالغان.

ئەھۋال ئۆز ۋاقتىدا سىزىلىپ ئېغىر زىياننىڭ ئالدى ئېلىنغان.

1999 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، 3 نەپەر تېررورچى خوتەن پاختا شىركىتىنىڭ پاختا دۆۋىسى ئىچىگە قەرەللىك پارتلاتقۇچ ئورۇنلاشتۇرغان، بۇنىڭ بىرسى پارتلاپ ئوت كېتىپ 2 توننا پاختا كۆيۈپ كەتكەن. قالغان ئىككى پارتلاتقۇچ ۋاقتىدا سىزىۋېلىنغان.

## مەخپىي تەربىيەلەش بازىسى قۇرۇپ، قورال، ئوق ـ دورا توپلاش ۋە ياساش

شەرقىي تۈركىستان تېررورچى ئۇنسۇرلىرى تايانچ كۈچلەرنى يېتىشتۈرۈش، تېررورچى تەشكىلاتىنى زورايتىش ئۈچۈن، شىنجاڭ دائىرىسىدە بولۇپمۇ چەت ياقا جايلاردا مەخپىي تەربىيەلەش بازىلىرىنى قۇرغان. 1990 ـ يىل، «ئىسلام ئىسلاھاتچىلىرى پارتىيەسى زەربىدارلار ئەترىتى» قاغىلىق ناھىيەسىدىكى چەت يېزا بەشئېرىق يېزىسىدا تېررورچىلارنى تەربىيەلەپ چىقىدىغان بازا قۇرغان. بۇ بازا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 3 قارار سىنىپ ئېچىپ، 60 نەچچە تېررورچى ئۇنسۇر يېتىشتۈرگەن.

ئۇنىڭدا دىنىي ئولتىماتىزم ۋە تېررورلۇق نەزەرىيەسى، پارتلىتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ماھارىتى ۋە ماھارەت يېتىشتۈرۈش قاتارلىقلار مەزمۇن قىلىنغان.

1998 ـ يىل 2 ـ ئايدا چېگرا سىرتىدا تۇرۇۋاتقان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ باشلىقى ھەسەن مەخسۇم چېگرا ئىچىگە ئون نەپەر تېررورچى ئەۋەتكەن. ئۇلار چېگرىدىن كىرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بەزى جايلار بولۇپ ئون نەچچە يەردە تەربىيەلەش بازىلىرىنى قۇرغان، 15 قېتىمدا جەمئىي 150 تىن كۆپ ئادەمنى تەربىيەلىگەن. بۇنداق مەركەزلىكرەك بازىلاردىن باشقا يەنە 3 تىن 5 كىچە ئادەم بىر

گورۇپپا بولۇپ تەربىيەلىنىدىغان تارقاق بازىلارمۇ خېلى بار. بەزى تەربىيەلىنىش ئورۇنلىرى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە قورال-ياراغ، ئوق-دورا ياسايدىغان ئورۇنمۇ قىلىنغان، شىنجاڭدىكى ساقچى ئورگانلىرى تېرروۇرلۇق ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش داۋامىدا يەر ئاستى تېرروۇرلۇق ئورۇنلىرىنى ۋە قورال-ياراغ ياساش ئورۇنلىرىنى، ئوق-دورا، قورال-ياراغلارنى قولغا چۈشۈردى.

1999-يىل 12-ئاينىڭ 30-كۈنى ساقچى ئورگانلىرى پوسكام ناھىيەسى پوسكام يېزىسىدا تېرروۇرچىلارنىڭ يەر ئاستى پارتلىغۇچ ياساش ئورنىنى قولغا چۈشۈردى، بۇ ئورۇن يەر يۈزىدىن 3 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا، ئۇزۇنلۇقى 3 مېتىر، كەڭلىكى 2 مېتىر، ئېگىزلىكى 1.7 مېتىر بولۇپ، بۇرغا، كەپشەر قاتارلىق سايمانلار ۋە ئىسخېما شۇنىڭدەك ياسىلىپ پۈتكەن قول بومبىسى قاتارلىقلار قولغا چۈشۈرۈلدى.

2000-يىل 2-ئاينىڭ 25-كۈنى ساقچى ئورگانلىرى يەكەن ناھىيەسى كاچۇڭ يېزىسىنىڭ 3-كەنتىدە يەتتە نەپەر تېرروۇرچىنى قولغا چۈشۈردى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆيىدە لەخمە ۋە يەر ئاستى ئۆيى بارلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى. لەخمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 7 مېتىر، ئېگىزلىكى 2.5 مېتىر، لەخمە ئۇزۇنلۇقى 12 مېتىرلىق، كەڭلىكى 3.8 مېتىرلىق، ئېگىزلىكى 2 مېتىرلىق يەر ئاستى ئۆيىگە تۇتاشتۇرۇلغان، ئۆي ئىچىگە شامال ئۆتكۈزۈش ۋە سۇ چىقىرىش-سۇ چۈشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى جايلاشتۇرۇلغان. لەخمە ئىچىدە 38 تال قول بومبىسى، 22 تال توك ئۇلىنىدىغان كاپسۇل، 17 كىلوگرام پارتلاتقۇچ دورا، 20 نەچچە تال پىلىك قولغا چۈشۈرۈلگەن.

2001-يىل 8-ئايدا ساقچى ئورگانلىرى كۇچا ناھىيەسى ئۇزۇن يېزا سىگىنسۇگەت كەنتىدە بىر تېرروۇرچىنىڭ ئۆيىدە 4 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا لەخمە بارلىقىنى، قورال-ياراغ سايمانلىرىنى

بايقىغان ۋە پارتلىغۇچلارنى قولغا چۈشۈرگەن.

## قالايمىقانچىلىق چىقىرىشنى پىلانلىغان، تەشكىللىگەن، تېررورلۇق كەيپىيات شەكىللەندۈرگەن

«شەرقىي تۈركىستان» تېرروررچى كۈچلىرى تېررورلۇق كەيپىيات پەيدا قىلىش، سىياسىي تەسىرىنى كېڭەيتىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، قالايمىقانچىلىق چىقىرىشنى پىلانلاش، تەشكىللەش، ئۇرۇش-چېقىش، بۇلاش-ئۆلتۈرۈشتەك تېررورچىلىق ھەرىكەتلىرىنى كۆپ قېتىم پىلانلاش، تەشكىللەش ئارقىلىق جەمئىيەت مۇقىملىقىغا ۋە خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزگەن.

1990-يىل 4-ئاينىڭ 5-كۈنى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ تەشكىللىشى ۋە پىلانلىشى ئارقىسىدا تېررورچىلار شىنجاڭ ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ بارىن يېزىسىدا ئېغىر تېررورلۇق ۋەقەسى پەيدا قىلدى. ئۇلار ئوچۇقتىن ئوچۇق «غازات» قىلىشنى، كۇپپارلارنى يوقىتىشنى تەرغىب قىلدى، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش» توغرىسىدا داۋراڭ سالدى. تېررورچىلار ئون ئادەمنى تۇتقۇن قىلىپ ھۆكۈمەتكە تەھدىت سالدى، مۇھىم قاتناش يولىدا 2 ماشىنىنى ۋەيران قىلدى، ساقچىنى ئۆلتۈردى، ئاپتومات، تاپانچا قاتارلىق قوراللار بىلەن مۇھاسىرىگە ئېلىنغان ھۆكۈمەت خادىملىرىغا ئوق چىقاردى.

1997-يىل 3-ئايدا چېگرا سىرتىدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچىلىرى جۇڭگونىڭ تۈركىيەدىكى ئەلچىخانىسىغا ھۇجۇم قىلدى، جۇڭگونىڭ ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا بېسىپ كىرىپ، ئېسىقلىق تۇرغان جۇڭگونىڭ دۆلەت بايرىقىنى كۆيدۈرۈۋەتتى.

1998-يىل 3-ئاينىڭ 5-كۈنى چېگرا سىرتىدىكى «شەرقىي تۈركىستان» تېرروررچىلار تەشكىلاتى جۇڭگونىڭ ئىستانبۇلدىكى كونسۇلخانىسىغا بومبا تاشلاپ پارتلىتىش ۋەقەسى پەيدا قىلدى.

2000-يىل 3-ئايدا قىرغىزىستان «ئۇيغۇر ياشلار بىرلەشمىسى»نىڭ رەئىسى نىغمەت بۇساكون تېرروررچى تەشكىلات «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق تەشكىلاتى» بىلەن ھەمكارلىششىنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، شۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى تەرىپىدىن ئۆز ئۆيى ئالدىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

1998-يىلى 5-ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە يۈز بەرگەن 15 قېتىملىق خىمىيەۋى ئۆزلۈكىدىن ياندىغان دورا بىلەن ئوت قويۇش دېلوسىغا، چېگرا سىرتىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق تەشكىلاتى» شىنجاڭ چېگراسى ئىچىگە ئادەم ئەۋەتىپ ئۆزى قوماندانلىق قىلغان ھەمدە شۇ دېلولارنى سادىر قىلغان.

1998-يىلى 2-ئايدا، چېگرا سىرتىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ئافغانىستاندا مەخسۇس پارتلىتىش بويىچە تەربىيەلەنگەن نەچچە ئون نەپەر كىشىنى ئەۋەتكەن، ئۇلار شىنجاڭ ۋە ئىچكى ئۆلكە شەھەرلەرگە يوشۇرۇن كىرىپ 15 ئورۇندا مەخپىي مەشىق قىلدۇرۇش ئورنى قۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان جايلاردىن كەلگەن 150 نەچچە نەپەر تېرروررچىنى پارتلىتىش تېخنىكىسى بويىچە تەربىيەلىگەن. ئۇلار چېگرا سىرتىدىكىلەر تەمىنلىگەن تەييارلاش ئۇسۇلى بويىچە كۆپ مىقداردا خىمىيەۋى ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىپ، پارتلىتىش دورىلىرىنى ۋە پارتلىتىش قۇرۇلمىلىرىنى ياسىغان. شىنجاڭدىكى ساقچى ئورۇنلىرى 1998-يىل 9-ئايدا ئۈرۈمچى شىمالىي پويىز ئىستانسىسىنىڭ بىر ئىسكىلاتىدىن، بىر قېتىمدىلا پارتلاتقۇچ ياسايدىغان 20 نەچچە خىل خىمىيەۋى ماتېرىيالدىن 300 نەچچە ساندۇقنى قولغا چۈشۈردى، ئۇنىڭ

ئېغىرلىقى ئالتە توننىدىن ئاشىدۇ.

1998 ـ يىلى شىنجاڭ خوتەن ناھىيەسىدىن خوجاسىم قاسىم، بورتالا شەھىرىدىن مەمەتجان ھوشۇر قاتارلىق كىشلەر ئافغانىستان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ھەرىكەت قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان» تېرروررلۇق تەشكىلاتى مىلتىق ئېتىش، «ئىسلام غازاتچىلىرى»غا قاتنىشىپ، پارتلىتىش ۋە قەستلەپ ئۆلتۈرۈش قاتارلىق تېرروررلۇق مەشىقى قىلغان. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا، تەشكىلات قۇرۇش، ئەزا قوبۇل قىلىش، مەبلەغ توپلاش، قورال، ئوق ـ دورا يىغىش ۋە زوراۋانلىق تېرروررلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ئۈچۈن بۇ كىشلەر شىنجاڭغا مەخپىي ئەۋەتىلگەن.

1999 ـ يىلى چېگرا سىرتىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ئەۋەتكەن تېرروررچىلارنىڭ تەشكىللىشى ـ پىلانلىشى بىلەن، شىنجاڭنىڭ خوتەن ۋىلايىتىدىكى تېرروررچىلار يەر ئاستى تەشكىلات قۇرۇپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يەتتە ناھىيە ـ شەھىرىدە نەچچە ئون ئورۇندا مەخپىي مەشىق قىلىش، پارتلاتقۇچ ياساش ئورۇنلىرىنى قۇرۇپ، كۆپ مىقداردا قورال، ئوق ـ دورىلارنى ياسىغان. ساقچى تەرەپلا قول بومبىسىدىن 4500 نى، تۈرلۈك قورالدىن 98 نى شۇنىڭدەك قورال ـ پارتلاتقۇچ ياسايدىغان قورال ـ سايمانلارنى قولغا چۈشۈرگەن.

خىتاي ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى بېسىلىۋالغان 71 يىلدىن بۇيان، ئۇيغۇر خەلقى جۇغراپىيەلىك جايلىشىش جەھەتتىكى ئەۋزەلسىزلىكى، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلغان «خىتاينىڭ ئارقا ھويلىسى» ھېسابلىنىدىغان قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبەكىستان... قاتارلىقلار ئەللەر بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا قىسىلىپ قالغىنىغا قارىماي، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ۋە كۈچلۈك دۆلەتكە قارشى توختىماي نارازىلىق ھەرىكەتلىرىنى

قوزغاپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنى ئىپتىراپ قىلماي كەلدى.

1980-يىلى خىتاي ئىسلاھات ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويغاندىن تارتىپ 2016-يىلى جازا لاگېرلىرىنى قۇرۇپ، 3 مىليوندىن 5 مىليونغىچە ئۇيغۇرنى جازا لاگېرىغا سولىغانغا قەدەر، يەنى خىتاينىڭ «بىر يول بىر بەلباغ» ئىستراتېگىيەلىك شېرىن چۈشى كېسىپ ئۆتىدىغان بۇ ئالتۇن جۇغراپىيىدە، قۇشلارمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدىغان ۋەزىيەتنى خىتاي شەكىللەندۈرگەنگە قەدەر، قولىدا پىچاق قىڭراق ۋە بەزىدە بۇمۇ يوق بولغان ئۇيغۇر خەلقى تاش-چالما بىلەنمۇ خىتاينىڭ ئىلغار ھەربىي قورالىرىغا ئىگە مۇنتىزىم ھەربىي كۈچى بىلەن ئېلىشىپ كەلدى. بۇ ھەرىكەتلەر بەزىلىرى (2009-2016-يىللىرى ئارىسىدا يۈزبەرگەنلىرى) تۆۋەندىكىچە:

- 2009-يىلى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن «5-ئىيۇل» ئۈرۈمچى ئىنقىلابى
- 2012-يىلى «28-فېۋرال» قەشقەر ۋەقەسى
- 2013-يىلى 23-ئاپرېل مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ سېرىقبۇيا يېزىسىدا يۈز بەرگەن قوراللىق توقۇنۇش
- 2013-يىلى 28-ئۆكتەبىر تيەن ئەنمېن ۋەقەسى
- 2014-يىلى 3-ئاپرېل ئۈرۈمچى نارازىلىق ھۇجۇمى
- 2014-يىلى 30 ئىيۇل قەشقەر ھېيتگاھ جامىسىنىڭ ئاتالمىش ئىمامى، ساتقىن جۇمە تاھىرغا ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسى
- 2014-يىلى 12-سېنتەبىر لۈنتاي ھۇجۇمى

- 2014-يىلى 1-مارت كۈنى يۈز بەرگەن كۈنمىڭ پويىز ئىستانسىسى ۋەقەسى
- 2014-يىلى 22-ماي كۈنى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن ئەتىگەنلىك بازار ۋەقەسى
- 2014-يىلى 28-ئىيۇن كۈنى يۈز بەرگەن يەكەن ئىلىشقۇ ۋەقەسى
- 2015-يىلى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن 14-مارت ئۈرۈمچى ۋەقەسى

# توققۇزىنچى باب

## 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدىن كېيىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار، ئىز-دېرەكسىز غايىب بولغانلار ۋە جەستى ئائىلىسىگە تاشلاپ بېرىلگەنلەر

5-فېۋرال غۇلجا نامايىشى ۋە مەشرەپنى باھانە قىلىپ، خىتاي 10 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشنى قولغا ئالدى. غۇلجا شەھەر تۆرەم مەھەللىسى، غۇلجا شەھەر تۆپچى مەھەللىسى، تاشكۆۋرۈك، قارىدۆڭ، ئازاتيولى، شەرق مەھەللىسى، ئۈچ دەرۋازا... قاتارلىق ئۇيغۇرلار زىچ ئولتۇراقلاشقان مەھەللە ۋە غۇلجا شەھىرى ئەتراپىدىكى يېزىلاردا تۇتقۇن قىلىنمىغان، خىتاينىڭ زىيانكەشلىكىگە، قاتتىق تەن جازاسىغا ئۇچرىمىغان ياشلار ئاساسەن قالمىدى. ئىز - دېرىكى يوق، ساراڭ بولۇپ قالغان، توڭلاپ قالغان كىشىلەر ئىنتايىن نۇرغۇن ئىدى. 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە بىلمەيدىغانلىرىمىز بىلىدىغانلىرىمىزدىن كۆپ. تۆۋەندە بىز ئېنقلاپ چىقالىغان سانلىق مەلۇماتلار بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىنتايىن ئاز بىر قىسمى بولۇپ، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان ئازاد بولغاندا 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە يەنە نۇرغۇن كىتابلارنىڭ يېزىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل.

## ئەنۋەر نۇردۇن پاجىئەسى

ئەنۋەر نۇردۇن تېكەس ناھىيە 4-يېزىدىن بولۇپ، 1997-يىلى مۇناپىقلارنىڭ پاش قىلىشى بىلەن خىتايلار تۇتقۇن قىلىنغان ۋە 15 يىل كېسىۋېتىلگەن، جازا مۇددىتى توشقاندا قايتا بەش يىل قوشۇپ يىگىرمە يىلغا چىقىرىلغان. كېسىلىش سەۋەبى، ئەنۋەر نۇردۇن ئۆز ئالدىغا قورال ياسىغان بولۇپ، ياسىغان قوراللىرى ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان. تولىمۇ ئەپسۇسكى، ئەنۋەر نۇردۇن خىتايلارغا بىر پاي ئوقمۇ ئاتماي مۇناپىقلارنىڭ چېقىپ قويۇشى بىلەن قولغا ئېلىنغان. تا ھازىرغىچە ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكىدىن خەۋەر يوق. بىز ۋەتەندىن 2016-يىلى ئايرىلدۇق، تا شۇ ۋاقىتقىچە ئەنۋەر نۇردۇننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر 19 يىل جەريانىدا ئۇنى كۆرۈپ باقمىغان. خىتاي ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە قۇرۇق قەغەزگە قول قويدۇرۇشتىن باشقا، ئۇنى بىر قېتىم بولسىمۇ ئائىلىسىگە كۆرسەتمىگەن.

(يۇقىرىدىكى ئەھۋالنى ئەنۋەر نۇردۇننىڭ بىر دوستى بىزگە يەتكۈزدى)

## مۇتەللىپ ئابدۇسالام پاجىئەسى

مۇتەللىپ ئابدۇسالام تېكەس ناھىيە 4-يېزىدىن بولۇپ، 1996-يىلى مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. 1997-يىلدىكى غۇلجا نامايىشىنىڭ تەۋەھەت كەلىمىسى يېزىلغان لوزۇنكىلارنى مۇتەللىپ ئابدۇسالام يېزىپ بەرگەن بولۇپ، بۇ ئىش پاش بولغاندا مەكتەپتىن تۇتۇپ كېتىلىپ، بەش يىل

كېسىلگەن، ئۇرۇمچى 5-تۈرمىدە يېتىپ چىققاندىن كېيىن، قاتتىق تاياق زەربىسى سەۋەبىدىن ئاغرىقچان بولۇپ قالغان.

### ئابلىمىت ياسىن پاجىئەسى

ئابلىمىت ياسىن غۇلجا شەھەر ئازاتيول يېزىسى تارانچى كوچىسىدىن بولۇپ، 5-فېۋرال نامايىشى قاتناشقان. ئۇ «غۇلجا شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنى پارتلىتىشقا ئۇرۇنغان» دېگەن تۆھمەت بىلەن تۇتقۇن قىلىنىپ، بىر تۈركۈم غۇلجا ياشلىرى بىلەن بىرلىكتە قولغا ئېلىنغان. ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇرۇمچى 1-تۈرمىگە يۆتكەلگەن. ئابلىمىت ياسىن تۈرمىدە تۆت پوپايكا توقۇش مەجبۇرىي ئەمگىكىگە سېلىنغان بولۇپ، ھەر كۈنى ئېلىپ بېرىلغان چاك-تۇزانلىق مۇھىت ئىچىدىكى مەجبۇرىي تۆت پوپايكا توقۇش ئەمگىكى جەريانىدا ئۇنىڭ ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان ۋە ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان.

### قاسىم ھاجى پاجىئەسى

قاسىم ھاجى غۇلجا شەھىرىدىكى يەككە تىجارەتچى بولۇپ، غۇلجا شەھەر تۆت دۇكاندىكى يازلىق كىنوخانىنىڭ يېنىغا ئۈچ قەۋەتلىك بىر بىنا سېلىپ، ئۇنىڭ 1-قەۋىتىنى مۇنچا قىلىپ، 2-ۋە 3-قەۋەتلىرىدە ئائىلىسى بىلەن ياشاپ كەلگەن، غۇلجا شەھىرىدىكى باي سودىگەر ياشلارنىڭ بىرى ئىدى.

ئەينى يىللاردا، ب. ب. س نىڭ مۇخبىرىنىڭ غۇلجىغا كېلىشى ۋە 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن قاسىمجان بىلەن كۆرۈشكەنلىكى سەۋەبىدىن، خىتاي تەرەپ

قاسىمجانغا 15 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلغان.

## *ئابلىز مىجىت پاجىئەسى*

ئابلىز مىجىت غۇلجا شەھىرىدە قانات يايغان ئىلى مەشرەپ ھەرىكىتىنىڭ سەركىسى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى، شېھىت ئابدۇخېلىل مىجىتنىڭ ئاكىسى.

ئابلىز مىجىت، قاسىم ھاجى بىلەن بىرلىكتە ب ب س مۇخبىرلىرى بىلەن كۆرۈشۈۋاتقاندا قولغا ئېلىنىپ، 11 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان.

## *پەرھات موللاخۇن پاجىئەسى*

ئىلى ۋىلايىتىنىڭ قورغاس ناھىيەسى، 1930 ـ 1920 يىللاردا مەرىپەتپەرۋەر ئۇيغۇر بايلىرى تەرىپىدىن سېلىنغان «نەمۇنە ئوتتۇرا مەكتىپى» ۋە «خەيرىيە ئوتتۇرا مەكتىپى» بىلەن تونۇشلۇق.

5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، قورغاس نەمۇنە مەكتىپى، قورغاس خەيرىيە مەكتەپ ۋە قورغاس 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق قەدىمى ئۇيغۇر مائارىپ ئوچاقلىرىدا، خىتاينىڭ مەقسەتلىك ھالدا ئۇيغۇر خەلقىنى زەھەرلەپ تۈگىتىش خاراكتېرىدىكى ئاسسىمىلياتسىيە سىياستىگە قارشى ئوقۇغۇچىلار قوشۇنىدىن تەشكىل تاپقان، ئورنىدىن دەست تۇرۇش نارازىلىق ھەرىكەتلىرى بىخ سۈرۈشكە باشلىغان. 1998 ـ يىلى 8 ـ ئايدا خىتاي ھۆكۈمىتى قورغاس ناھىيەسىنىڭ سۈيدۈڭ بازىرىدىن 37 ئۇيغۇرنى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، تەشكىلات قۇرغان دېگەن سەۋەب بىلەن قولغا ئالدى. بۇلارنىڭ

ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسلىق غوللۇق كىشىلەر يۇقىرىدا بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بۇ ئۈچ مەكتەپنىڭ غوللۇق ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. پەرھات موللاخۇن ئەنە شۇنداق ئىلغار، ئالدىن كۆرەر، مىللەتنىڭ تەقدىرى ھەققىدە باش قاتۇرىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى. پەرھات موللاخۇن قورغاس ناھىيەلىك نەمۇنە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، 1998-يىلى 8-ئايدا قولغا ئېلىنغان 37 نەپەر كىشىنىڭ بىرى ئىدى. خىتاي تەرەپ پەرھات موللاخۇنغا 1999-يىلى مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى. ئۇ ئۈرۈمچى 1-تۈرمىدە ئاتالمىش جازا مۇددىتىنى ئۆتەۋاتقان مەزگىلىدە، خىتاينىڭ تۈرمىدىكى دەرىجىدىن تاشقىرى ئېغىر مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشى نەتىجىسىدە كېسەلمەن بولۇپ قالغان. 2009-يىلى پەرھات موللاخۇن ئۈرۈمچى 1-تۈرمە ئەمگەك مەيدانىدا يىقىلىپ چۈشۈپ ھاياتىدىن ئايرىلغان.

## ئابدۇغاپپار ئابدۇسالام پاجىئەسى

ئابدۇغاپپار ئابدۇسالام ئىلى ۋىلايىتىنىڭ تېكەس ناھىيەسىدىن بولۇپ، 1997-يىلى تۇتقۇن قىلىنغان. 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشىغا قاتنىشىپ-قاتناشمىغانلىقى نامەلۇم. ئەمما ئابدۇغاپپار ئابدۇسالام ئىنتايىن تەقۋادار ئىدى. ئۇنىڭ دەۋەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشى ۋە نۇرغۇن باللارنىڭ ھىدايەت تېپىپ، زەھەرلىك چېكىملىكنى تاشلىشىغا سەۋەبچى بولۇشى، تۇتقۇن قىلىنىشىغا سەۋەب بولغان. خىتايلار ئۇنى تۈرمىدە ئېغىر قىيىن-قىستاققا ئالغانلىقى ئۈچۈن، ئىچكى ئەزالىرى يېرىلىپ كەتكەن. خىتايلار ئامال بولمىغاندا ئۇنى ئائىلىسىگە چىقىرىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇ ئائىلىسىگە چىقىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن شېھىت بولغان. مۇتەللىپ

ئابدۇسالام بىلەن ئابدۇغاپپار ئابدۇسالام فامىلىسى ئوخشاش، ئەمما ئۇلار بىر ئائىلىدىن ئەمەس.

## ئابدۇسالام قارىم پاجىئەسى

ئىلاۋە: ئابدۇسالام ھەققىدە 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى توغرىسىدا يازغان تۇنجى كىتابىمدا كەڭرى توختالغان ئىدىم. بۇ قېتىم ئېلىپ بېرىلغان قېزىش، تورپلاش ۋە رەتلەش جەريانىدا ئابدۇسالام ۋە ئائىلىسى ھەققىدە يەنە تولۇقلىما مەلۇماتلارغا ئېرىشتۇق. 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئارخىپىنىڭ ھەقىقىي ۋە پاكىتلىق، شۇنداقلا تولۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بۇ كىتابقا قايتا كىرگۈزدۇق.

ئابدۇسالام قارىم 1968-يىلى غۇلجا شەھەر دۆڭمەھەللە، يەنى ئىلى ئوبلاستلىق مالىيە مەكتىپىنىڭ ئارقا تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان جايدا ئولتۇرۇشلۇق بىر تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئابدۇسالام قارىم ئوتتۇرا مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە بولۇپ، دىنىي بىلىملەرنى ئاكىسى ئابدۇلھېلىم قارىمدىن ئالغان. ئابدۇسالام قارىمنى ياخشى تونۇيدىغان كىشىلەر ئابدۇسالام قارىمنىڭ، مەشرەپ يېڭى باشلانغان چاغلاردا دۆڭمەھەللە مەشرەپ گۇرۇپپىسىنىڭ مەشرەپلىرىگە ئانچە-مۇنچە قاتناشقان بولسىمۇ، كېيىنكى چاغلاردا ئالدىراش ئىكەنلىكىنى باھانە قىلىپ قاتناشمىغانلىقىنى، 5-فېۋرال نامايىشىغىمۇ چىقمىغانلىقىنى؛ شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، خىتاي ساقچىلىرى سوراق قىلمىز، دەپ ئەكېتىپ، ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆزىنى بىنادىن تاشلىۋالدى، دېگەن يالغان باھانە-سەۋەب بىلەن ئۇنىڭ جەسىتىنى ئائىلىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئابدۇسالام قارىمنىڭ جىنازا نامىزى غۇلجا تارىخىدىكى ئادەم ئەڭ كۆپ قاتناشقان جىنازا نامىزى بولۇپ، ئۇنىڭ جىنازە نامىزى غۇلجا شەھەر دۆڭمەھەللىدىكى گۈللۈك مەسچىتتە ئابدۇشۈكۈر هاجىم تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن. ئابدۇسالام قارىمنى ئوبلاستلىق ساقچىنىڭ داڭقى چىققان جاللات ساقچىلىرى ئىنتايىن قاتتىق قىيناپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، ئاندىن ئۆزىنى بىنادىن تاشلىۋالدى، دېگەن. ئەمما ئىسلام دىنىدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش هارام بولۇپ، ئابدۇسالام قارىمدەك بىر كىشى هەرگىز ئۇنداق ئىشنى قىلمايتتى.

## تاي پاجىئەسى

تاي (ئەسلى ئىسمى تايىر بولۇپ بىز تۆۋەندە «تاي» دەپ ئاتايمىز)، غۇلجا شەھەر دۆڭمەھەللىسىگە تۇتىشىدىغان ساي مەھەللىسىدە تۇغۇلغان، ئىنتايىن جەسۇر، ئىلغار پىكىرلىك تىجارەتچى بولۇپ، ئالمۇتاغا بېرىپ-كېلىپ نورمال تىجارەت قىلىپ يۈرگەن ياشلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ 1998-يىلى قىش پەسلىدە ئالمۇتادىن غۇلجىغا قايتىپ كىرگەن كۈنى، خىتايلار ئۇنى چېگرادا تۇتۇپ قېلىپ، 4-5 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن جەسىتىنى ئائىلىسىگە تاشلاپ بەرگەن. خىتاي ساقچىلىرى سوراق جەريانىدا ئىنتايىن ئېغىر تەن جازاسى قوللىنىپ تاينى ئۆلتۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، ئىس ئېلىپ ئۆلۈپ قاپتۇ، دەپ يالغان باهانە-سەۋەب ئويدۇرغان. ساقچىلارنىڭ تاينى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈش جىنايىتىمۇ ئابدۇسالام قارىمنىڭكىگە ئوخشاشلا ئىلى ئوبلاستلىق ساقچىدا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇ قېتىم ئىس ئېلىپ قاپتۇ، دېگەن باهانە قوللانغان. لېكىن جامائەت بۇ سەۋەبكە هېچ ئىشەنمىگەن. تاينىڭ مېيىتىنى يۇيۇش ئىشىمۇ كۆپلىگەن ساقچىلار تەرىپىدىن نازارەت قىلىنىپ، هۆكۈمەت تەرەپ ئۆزلىرى بەلگىلىگەن مېيىت

يۇيغۇچىلار بىلەن ئىنتايىن قاتتىق كونتروللۇق ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان. تاينىڭ جىنازىسىنى قارىدۆڭ قەبرىستانلىقىغا ئېلىپ چىقىپ قويۇش جەريانىدىمۇ، خەلق بىلەن ساقچىلار ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن كۆپ تالاش-تارتىش بولغان.

تاي پاجىئەسى يۈز بېرىپ بىرەر ئايچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، تاينىڭ ئاكىسى غوجى ئالمۇتاغا چىققان. ئالمۇتادا غوجىنى كۆرگەن تونۇش-بىلىشلەر غوجىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشقان. چۈنكى غوجى ئىنتايىن بەستلىك بىر كىشى بولۇپ، ئىنىسى تاي پاجىئەگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئورۇقلاپ ۋىجىكلەپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا غوجى بەك كۆپ يىغلايدىغان بولۇپ قالغان. غوجىنىڭ ئاغىنىلىرى ئۇنىڭدىن تاي پاجىئەسى ھەققىدە سورىغاندا، ئۇ ساقچىلارنىڭ تاينىڭ 32 چىشىنىڭ ھەممىسىنى سۇغۇرۇپ تاشلىۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن. ئىنىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ ئازابقا چىدىمىغان غوجى ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتكەن.

## ***ئەنۋەر ئەخمەتجان پاجىئەسى***

كىچىك چاغلىرىمىزدا مۇنداق بىر ناخشا بار ئىدى. بۇ كوچا ئۇزۇن كوچا يەي... ئارقان تاشلىسا يەتمەيدۇ...

غۇلجا شەھەر لەڭزىبېشىدىن جەنۇبقا قاراپ ئاققان ئۆستەڭنى بويلاپ يۇقىرىلاپ ماڭغاندا، ئالدىڭىزغا غۇلجا شەھەر 5-ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۆزبېك مەھەللىسىگە كېتىدىغان ئايلانما، توپ تېرەك مەھەللىسى، تۆرەم مەھەللىسى، كۆنچى، تۆپچى مەھەللىسى... قاتارلىق بۆككىدە، مەدەنىي، دەرەخ ۋە تېرەكلەر بىلەن قاپلانغان گۈل-گۈلىستانلىق، باغۋارانلىق ئۇيغۇر مەھەللىلىرى بىرىنىڭ

كەينىدىن بىرى ئۇلىشىپ چىقىپ كېلىدۇ. بۇ ئارقان تاشلىسا يەتمەيدىغان زىچچىدە ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدە تىل بىلەن ئىپادىلەش قىيىن بولغان نۇرغۇنلىغان قەھرىمانلىق ھېكايىلىرى، خىتاي ھاكىمىيىتىگە تىز پۈكمەيدىغان بىر روھ ھەم سوزۇلۇپ ياتماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خىتاي ھاكىمىيىتى ئىلىپ كەلگەن ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ھېكايىلەرمۇ، قېلىن قار ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان قارا تۇپراقتەك پىنھان ياتماقتا.

5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە بىلمەيدىغانلىرىمىز بىلىدىغانلىرىمىزدىن كۆپ. ئەنۋەر ئەخمەتجاننىڭ سىرلىق ئۆلۈمى بۇ مەھەللىلەردە يۈز بەرگەن قانچە يۈزلىگەن سىرلىق ئۆلۈملەر ئىچىدىكى بىز ئېرىشەلىگەن بىرى.

ئەنۋەر ئەخمەتجان غۇلجا شەھەر تۆپچى مەھەللىسىدىن بولۇپ، ئابدۇخېلىل مجىت، روزى مۇھەممەت قاتارلىق 5-فېۋرال سەركىلىرى بىلەن بىرلىكتە مەشرەپكە قاتناشقان، شۇنداقلا 5-فېۋرال نامايىشىغىمۇ قاتناشقان ئىدى. 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشى بولغان كۈنى تۇتقۇن قىلىنغاندىن كېيىن، ئۈچ ئايغىچە ئەنۋەر ئەخمەتجاننىڭ ھېچقانداق ئىز-دېرىكى بولمىغان (ئەينى چاغدا 5-فېۋرال كۈنى تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ ئۈچ ئايغىچە ھېچقانداق ئىز-دېرىكى بولمىغان ئىدى). شۇ سەۋەبتىن ئەنۋەر ئەخمەتجاننىڭ ئاتا-ئانىلىرىمۇ ئوغلىنىڭ ئىز-دېرىكىنى ئالالمىغان. دەل ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1997-يىلى 5-ئايلار ئەتراپىدا، غۇلجا شەھىرىدىكى ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئىز-دېرىكىنى ئىلىشقا باشلاپ، ئانچە-مۇنچە «ئۇھ، ئوغلۇم ھاياتكەن» دېيىشكە باشلىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، خىتاي ساقچىلىرى ئەنۋەر ئەخمەتجاننىڭ جەسىتىنى تۆپچى مەھەللىسىگە يېقىن جايدىكى غۇلجا شەھەر قارىدۆڭ دوختۇرخانىسىغا ئەكېلىپ تاشلاپ قويغان.

ئەنۋەر ئەخمەتجاننىڭ ھازىر مەلۇم بىر دۆلەتتە ياشاۋاتقان ئىنىسى ئەرشىدىن ئەخمەتجاننىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇ قارىدۆڭ دوختۇرخانىسىغا يۈگۈرۈپ بارغاندا ئاكىسى ئالدىقاچان تىنىقتىن توختىغان ئىكەن. جەسەت نورمال بىر جەسەتكە ھېچ ئوخشىمايدىغان بولۇپ، خۇددى قارا تۆمۈر پارچىسىغا ئوخشاپ قالغان ئىكەن. بۇ ئەنۋەر ئەخمەتجاننىڭ خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن قىيىن-قىستاققا ئېلىنغانلىقىنى، ئاخىرىدا بەرداشلىق بېرەلمەي جان ئۈزگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دەرد-ئەلەمگە چىدىمىغان ئەنۋەرنىڭ دادىسى ئەخمەتجان ئاكا بىر يىلغا قالماي ۋاپات بولغان. خىتاي تەرەپمۇ بۇ ئائىلىگە ھېچقانداق چۈشەندۈرۈش بەرمىگەن.

## شېرىپ ئابلىز پاجىئەسى

1997-يىلى 2-ئاينىڭ 5-كۈنى نامايىشقا قاتناشقان خۇدىيار-يۈزى يېزا، گەمە كەنتىدىكى 16 ياشلار چامىسىدىكى شېرىپ ئابلىز ئىسىملىك ئۇيغۇر يىگىتى (ئانىسىنىڭ ئىسمى روزىخان) خىتايلارنىڭ قاتتىق قىيىنىشىغا ئۇچرىغان. شۇ يىلى 5-ئايلار ئەتراپىدا غۇلجا ناھىيەسىدىكى جېلىلىيۈزى تۈرمىسىنىڭ 16-كامېرىدا تاياق زەربىسى ئىچكى ئەزالىرىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن، خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇۋاتقاندا سەجدە قىلغان ھالىتىدە شېھىت بولغان (ئۇ چاغلاردا تۈرمىدە ناماز ئوقۇشقا رۇخسەت قىلاتتى.)

شۇنىڭ بىلەن خىتاي جاللاتلىرى ئۇنىڭ جەسىتىنى ئائىلىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەن. شۇ كۈنى مەھەللىدىكى ياشلار شېھىتنىڭ جىنازىسىنى كۆتۈرۈپ شەھەرگە كىرمەكچى بولغاندا، مەھەللىدىكى چوڭلار تەرىپىدىن: «ئىشنى چوڭايتىۋەتمەڭلار» دەپ توسۇپ

قىلىنغان. ھەربىيلەرمۇ پۈتۈن مەھەللىنى قورشىۋالغان.

شېھىتنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تەلپى بويىچە شېھىتنىڭ يۈزىنى كۆرگۈچىنىڭ دېيىشىچە، ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن، ئېغىزىدىن ئانىسىنىڭ سۈتى تېمىپ تۇرغان شېرىپ ئابلىزنىڭ باش ۋە بەدىنىنى جاراھەت قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، بېشىدا ۋە بەدىنىدە قوپال ھالەتتە تىكىلگەن يىڭنى ئىزلىرى بار ئىكەن.

## ئابدۇغېنى پاجىئەسى

ئابدۇغېنى 23 ياش ئەتراپىدا بولۇپ، غۇلجا شەھەر توپىدەك مەھەللىسى تارانچى مەسچىتىنىڭ يان تەرىپىدىكى كوچىدا ئۆيى بار ئىدى. خۇددى ئەنۋەر ئەخمەتجاننىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىگە ئوخشاشلا، 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشىدىن كېيىنكى ئىز-دېرەكسىز ئۈچ ئايدىن كېيىن، ساقچىلار ئابدۇغېنىنىڭ مېيىتىنى ئائىلىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئابدۇغېنى 5-فېۋرال نامايىشىغا قاتناشقان ياشلارنىڭ بىرى ئىدى. ساقچىلار ئابدۇغېنىنىڭ نېمە سەۋەبتىن قازا تاپقانلىقى ھەققىدە ئائىلىسىگە ھېچقانداق چۈشەندۈرۈش بەرمىگەن.

شۇ كۈنى مەرھۇمنىڭ جىنازا نامىزىغا قاتناشقان ئادەم سانى پەۋقۇلئاددە كۆپ بولۇپ، پۇقراچە كىيىنگەن ساقچىلارمۇ كۆپ ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئابدۇغېنىنىڭ جىنازا نامىزىنى ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە دوست-بۇرادەرلىرى، ئابدۇغېنىنىڭ قورۇسىدا چۈشۈرگەن. ئابدۇغېنى 5-فېۋرال نامايىشىدىن بۇرۇن غۇلجا شەھەر خىتاي بازىرىدا كاۋاپچىلىق قىلاتتى. ئوتتۇرا بوي، سېمىزرەك كەلگەن يىگىت ئىدى.

## يېڭى ھاياتلىق نامسىز ئانا پاجىئەسى

بۇ ئانىنىڭ بىر ئوغلى ھازىر ئامېرىكىدا ياشايدىغان بولۇپ، ئوغلى گۇۋاھلىق بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «5-فېۋرال غۇلجا نامايىشىدىن بىر كۈن بۇرۇن شىبى قەدرى كېچىسى بولغان ئىدى. مېنىڭ ئىككى ئىنىم غۇلجا شەھىرىنىڭ ئىچىدە ياشايدىغان چوڭ ئاپامنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، شۇ ئۆيگە يىغىلغان 30 غا يېقىن ياشلار بىلەن بىرلىكتە كېچىچە تەئەججۇت نامىزى ئوقۇپ، مۇنچىلارغا چۈشۈپ، 5-فېۋرال نامايىشىغا قاتناشقان ئىدى. 5-فېۋرال كۈنى نامايىشقا قاتناشقان ھەممە ياشلار تۇتقۇن قىلىنغاندىن كېيىن، ھېچقانداق ئىز-دېرىكى بولمىغان. ئەتىسى 6-فېۋرال كۈنى پەرزەنتلىرىنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىپ غۇلجا شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا يىغىلغان ئاتا-ئانىلارغا قارىتىپ خىتاي تەرەپ ئوق چىقارغان. ئاتا-ئانىلار توپى تىرە-پىرەن بولۇپ قېچىشقا باشلىغان. ئاپامۇ قېچىپ يېڭى ھاياتنىڭ دۆڭگە كەلگەندە دۈمبىسىنىڭ قىزىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزگەن. شۇ چاغدىلا دۈمبىسىدىن ئېقىۋاتقان قاننى كۆرگەن ۋە ھوشىدىن كېتىپ يولدا يىقىلىپ قالغان. غۇلجىدىكى ياشلار كۆتۈر-كۆتۈر قىلىشىپ، غۇلجا شەھەر تاشلەپكىدىكى شەھەرلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغان. بۇ دوختۇرخانا داۋالىيالمايدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، يۇرت ئەھلى ۋە ياشلار دوختۇرخانىنىڭ يېنىدىكى دوللار بازىرىدا دوللارچىلىق قىلىۋاتقان بىر سودىگەر كىشىنىڭ ماشىنىسى بىلەن، ئاپامنى ئىلى دوستلۇق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بېرىپ قۇتۇلدۇرۇۋالغان ئىدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، ماشىنىنى ئىشلىتىشكە بېرىپ تۇرغان سودىگەر كىشى ۋە ئۇنىڭ شوپۇرى قاتتىق سوراق قىلىنغان».

ئىلاۋە: 5- ۋە 6-فېۋرال كۈنلىرى خىتاي تەرەپ قولىدا ھېچنېمە يوق خەلققە باشتا ياش ئاققۇزىدىغان گاز پۈركىگەن ، كېيىن ئوق چىقارغان. خىتاي خەلققە قارىتا ئوق چىقارغان ئەھۋال پەقەت بۇ ئىككى كۈن بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ.

1998-يىلى 4-ئاينىڭ 24-كۈنى غۇلجا شەھرىدە ئېلىپ بارغان 5-فېۋرال ئەزىمەتلىرىنى جازالاش ئوچۇق سوتىدىن كېيىنمۇ، تۈرمە ماشىنىسىنى بۇلىماقچى بولغان دېگەن يالغان تۆھمەت بىلەن يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋە ئوچۇق سوتتىن قايتىپ يىغلىپ تۇرغان ئاممىغا قارىتىپ خىتاي ئەسكەرلىرى ئوق چىقارغان ۋە ئوندىن ئارتۇق بىگۇناھ كىشىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولغان.

بۇ يەردىكى يەنە بىر پەرق خىتاي 5- ۋە 6-فېۋرال كۈنلىرى ئوق تەگكەنلەرنى دوختۇرخانىلارغا قوبۇل قىلغان بولسا، كېيىنكى كۈنلەردە ئوق تېگىپ يارىلانغان ئۇيغۇرلارنى دوختۇرخانىغىمۇ ئالماسلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇش چىقارغان. ئاتالمىش «تۈرمە ماشىنىسىنى بۇلاش ۋەقەسى»دە ئوق تەگكەن ئۇيغۇرلارنى داۋالىغان نۇرغۇن دوختۇرلار جازالانغان، خىزمىتىدىن ھەيدەلگەن.

## يۈسۈپجان پاجىئەسى

يۈسۈپجان تېكەس ناھىيەسىدىن بولۇپ، 21 ياشتا ئىدى. 1997-يىلى ياز ئايلىرىدا غۇلجا شەھەر ئىلى دەرياسى بويىدا يۈز بەرگەن قوراللىق توقۇنۇشتا ئابباس قارىلار بىلەن بىر گۇرۇپپا بولۇپ، خىتايغا قارشى پارتىزانلىق كۈرىشىگە ئاتلانغان.

ئەينى چاغدا يۈسۈپجانغا ئىككى پاي ئوق تېگىپ يارىلانغان

ۋە خىتاي ساقچى-ئەسكەرلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان. بىرىنچى پاي ئوق ئۇنىڭ پۇتىغا تەككەن، يەنە بىر پاي ئوق ئۇنىڭ قولىقىنىڭ ئاستىدىن كىرىپ ئېغىزىدىن چىقىپ كەتكەن. خىتاي تەرەپ ئوق تېگىپ يارىلانغان ئۇيغۇر ياشلىرىنى داۋالاشنى قەتئىي رەت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، غۇلجا شەھەر يېڭى هايات تۈرمىسىدە بىر يىلدىن ئارتۇق يېتىش جەريانىدا هېچقانداق داۋالاش ئېلىپ بېرىلمىغان. ئۇنىڭ بىلەن بىر كامېردا ياتقان قېرىنداشلار ئۇنى ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدى دەپ ئويلىغان. ئەمما ئويلىمىغان مۆجىزە يۈز بېرىپ، ئۇنىڭ ئېغىزى بىلەن بوينى ئوتتۇرىسىدا بىر تۆشۈك ئېچىلىپ قالغان هالەتتە پۈتۈپ ساقىيىپ كەتكەن. ئىلگىرى گۇەنتانامو تۈرمىسىدە يېتىپ، هازىر ئالبانىيەگە يەرلەشكەن ئابابەكرى قاسىم ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن 1997-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا غۇلجا شەھەرلىك يېڭى هايات تۈرمىسىگە سولانغان ۋاقتىمدا، يۈسۈپجان بىلەن ئالتە-يەتتە ئايدەك بىر كامېردا ياتتىم. شۇ چاغدا يۈسۈپجان تېخى تاماقنىمۇ يېيەلمەيدىغان هالەتتە ئىكەن. كامېردىكىلەر سۇيۇق تاماقلارنى ئۇنىڭ ئېغىزىغا قوشۇق بىلەن قۇيۇپ، بەك جاپادا يېگۈزۈپ قوياتتى. مەن ئالتە ئايدىن كېيىن قويۇپ بېرىلدىم، يۈسۈپجاننىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلمەيمەن».

## ئىنەمجان پاجىئەسى

5-فېۋرال غۇلجا نامايىشىغا غۇلجا شەھىرىدە قانات يايغان مەشرەپ گۇرۇپپىلىرى ئىچىدە، ئابدۇخېلىل مىجىت مەشرەپ گۇرۇپپىسىنى ئاساس قىلغان هالدا كېيەكيۈزى، ئىلقا، تېكەس ۋە غۇلجا ناهىيەسىدىن بولۇپ جەمئىي 313 ئۇيغۇر ياش قاتناشقان ئىدى. شۇ كۈنى چۈشكە يېقىن بۇ سان بارغانچە كۆپىيىپ

مىڭغا يېقىنلاشقان. ئەمما خىتاي بۇ نامايىشنى ۋە 6-فېۋرال كۈنى خىتاي تەرەپنىڭ ئوق چىقارغانلىقى سەۋەبتىن ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەنلىكى تاكسى ۋە ئۈچ چاقلىق ۋېلىسىپىتلارنى ئۆرۈپ، ئوت قويغانلىقنى باھانە قىلىپ 10 مىڭغا يېقىن ياشنى تۇتقۇن قىلغان.

غۇلجا شەھەر بايانداي يېزىسىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، كېيىن غۇلجا شەھەر يېڭى ھايات مەھەللىسىدىن قورۇ-جاي ئېلىپ كۆچۈپ كەتكەن ئىنەمجان، غۇلجىدا قانات يايغان مەشرەپ ھەرىكىتى ۋە 5-فېۋرال نامايىشلىرىدا ئىنتايىن ئاكتىپ رول ئوينىغان ياشلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ خىتاي قانات يايدۇرغان «ئاسماندا تور يەردە قاپقان» ھەرىكىتىدىن ئامان قالغان ياشلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ كەشمىردە تەربىيەلىنىپ ۋەتەنگە كىرگەن بىر «جەڭچى»نى ئائىلىسىدە بىرنەچچە كۈن پاناھلاتقانلىقى سەۋەبىدىن، خىتاي ئۇنىڭغا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىپ، ئۇنى ھەممە يەردە ئىزدەشكە باشلىغان ئىدى.

ئىنەمجان دوست-بۇرادەرلىرى تەرىپىدىن ئىنەمجان چاقچاقچى، دەپمۇ تەرىپلىنەتتى. بۇ جەرياندا ئىنەمجان ئۆيىدە بىرقانچە كۈن پاناھلىق بەرگەن ئاشۇ سەپدىشى خىتاي تەرەپنىڭ ئاق تاماكىغا خۇمار قىلىپ قويۇپ سوراق قىلىشى ۋە قاتتىق تەن جازاسى بېرىشى نەتىجىسىدە، بۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى پارتىزان ياشلاردىن بىرقانچىسى ئارقا-ئارقىدىن پاش بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە، ئىنەمجان قاتارلىق بىر گۇرۇپپا پارتىزان ياش بۇ «جەڭچى»نى ئۆزلىرىنىڭ مەلۇم بىر ئورمانلىقتىكى يوشۇرۇنىدىغان «ھۇجرا» سىغا ئېلىپ كېلىپ، قاتتىق ئارىغا ئالىدۇ ۋە بۇ يەرگە سولاپ قويىدۇ. بۇ «جەڭچى» تىۋۋا قىلىدۇ. شۇ كۈنى جۈمە كۈنى بولۇپ، بۇ «جەڭچى»مۇ ئۇلار بىللە جۈمە نامىزى ئوقۇشقا تەرەددۇت

قىلدۇ ۋە تاھارەت ئېلىشنى باھانە قىلغان بۇ «جەگچى» سىرتقا چىقىپ، قېچىپ كېتىدۇ. قالغان بىر گۇرۇپپا پارتىزان يىگىتلەر پىلانلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ۋە دەرھال بۇ «ھۇجرا»نى تەرك ئېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ جەرياندا خىتاي تەرەپ بۇ ئورمانلىقتا يىغىلىپ، بۇ ساتقىننى سولاپ قويغان ياشلارنى تېخىمۇ قاتتىق ئىزدەشكە باشلايدۇ. شەھەرنىڭ ھەممىلا دوقمۇشلىرىغا رەسىملىرى چاپلىنىدۇ. پىلىموتلۇق ئەسكەرلەر ھەر كۈنى كەچتە دىجورنى بولۇپ، ئىنەمجاننىڭ مەھەللىسىدىكى ھەممە ئائىلىنىڭ ئۆگزىسىدە قاراۋۇللۇقتا تۇرۇپ، ئىنەمجاننىڭ ئائىلىسىگە قايتىپ كېلىشىنى ساقلايدۇ. بۇ دەل 1997-يىلى 4-ئايلار ئەتراپىدا بولسا كېرەك. ئىنەمجانمۇ بۇ ساتقىن «جەگچى» قېچىپ كەتكەندىن كېيىن يىگىرمە كۈنگىچە ئۆيىگە قايتمايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىللە مۆكۈنۈپ ياشاۋاتقان، تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان پارتىزانلارمۇ ئىنەمجاننى ئۆيىگە ھازىرچە قايتماسلىققا ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئەمما ئىنەمجان ئائىلىسىنى خاتىرجەم قىلىپ قويۇش ئۈچۈن مەلۇم بىر كۈنى يېرىم كېچىدە ئۆزىنىڭ يېڭى ھايات مەھەللىسىگە ئاستا يېقىنلاپ كېلىدۇ.

ئىنەمجاننىڭ ئۆيى غۇلجا شەھەر يېڭى ھايات مەھەلللىسىدىكى گۈللۈك مەسچىتنىڭ ئۇدۇلىدىكى كوچىدا بولۇپ، ئىنەمجان ئېھتىيات قىلىپ بېۋاستە بۇ كوچىدىن كىرمەي سەل يۇقىرىلاپ ئۆتۈپ، سېمونت زاۋۇتىنىڭ يېنىدىكى كوچىدىن كىرىدۇ. ئىنەمجاننىڭ ئۆيى بۇ ئۇزۇن كوچىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى بۇلاق بېشى، دېگەن جايدا ئىدى. ئىنەمجان كوچىغا ئازراق ئىچكىرىلەپ كىرگەندىن كېيىن، مەھەللىدىكى ھەرقايسى قورۇلارنىڭ ئۆگزىلىرىدە ئىنەمجاننى چوقۇم ئائىلىسىگە كېلىدۇ، دەپ پىلىموتلۇق ماراپ ياتقان ئەسكەرلەر، چوڭ دۈگىلەك نۇر چۈشۈرىدىغان چىراغنى ئىنەمجاننىڭ ئۈستىگە چۈشۈرۈپ، كاناي بىلەن قولۇڭنى كۆتۈرۈپ

تەسلىم بول، دەپ ۋارقىرايدۇ. غۇلجىدا ئۆيىنىڭ پەنجىرىسى تالا تەرەپكە قارايدىغان بولغاچقا نۇرغۇنلىغان ئائىلىلەر ئۆي ئىچىدە تۇرۇپ بۇ پاجىئەنى كۆرۈپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ھېچقانداق ئامال قىلالمايدۇ. بۇ چاغدا ئىنەمجان چاققانلىق بىلەن يول بويىدىكى يوغان بىر تېرەكنىڭ ئارقىسىغا ئۆتىۋالغان. نەتىجىدە ھەرقايسى قوروۇلارنىڭ ئۆگزىلىرىدىكى خىتايلار ئىنەمجانغا قارىتىپ ئوق دېگەننى يامغۇردەك ياغدۇرىۋېتىدۇ. ئىنەمجان مۆكۈنىۋالغان تېرەكنىڭ يېنىدا بىر قورۇنىڭ تېمى بار بولۇپ، ئىنەمجان تامدىن ئارتىلىپ بىر قورۇغا چۈشمەكچى بولۇپ تامغا ئارتىلغاندا ئوق تېگىپ نەق مەيداندا قازا قىلىدۇ. خىتاي تەرەپ ئىنەمجاننىڭ مېيىتىنىمۇ ئائىلىسىگە بەرمەيدۇ. ئىنەمجاننىڭ بىر قىز ۋە بىر ئوغلى بار بولۇپ، ئوغلىنىڭ ئىسمى بىلال، قىزىنىڭ ئىسمى مەنزىرەم ئىدى.

## ھەسەنجان پاجىئەسى

ھەسەنجان قورغاس ناھىيەسى سۇيدۇڭ بازىرى شىۋىرغان مەھەللىسىدىن بولۇپ، 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشىدىن كېيىن، تەشكىلات قۇرغان دېگەن نام بىلەن، تۇتقۇن قىلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان ۋە ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي تۈرمىدە ئىككى پۇتى توڭلاپ پارالىچ بولۇپ قالغان.

## شائىرە نۇرىيە پاجىئەسى

نۇرىيە ئىلى ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا سېستىرا بولۇپلا قالماي، يەنە تالانتلىق شائىرە ئىدى. ئۇ ئىلى دەرياسى ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ئۆتكۈر پىكىرلىك شېئىرلىرى بىلەن ئەل سۆيگەن

شائىرە سۈپىتىدە تونۇلغان ئىدى.

ئۇ 1997-يىلى 4-ئاينىڭ 24-كۈنى ئىلى ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى غۇلجا شەھىرىدە ئۆتكۈزگەن 5-فېۋرال نامايىشىغا قاتناشقان ياشلارنى جازالاش سوتىدىن كېيىن، خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ خەلققە قارىتىپ ئوق چىقىرىشى نەتىجىسىدە يارىلانغان كىشىلەرگە مۇلازىمەت قىلغانلىقى، شۇنداقلا ئىلى ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنى، ئوق تەگكەن قېرىنداشلارنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن پۇل ئىئانە قىلىشقا چاقىرغانلىقى سەۋەبىدىن خىزمەتتىن ھەيدەلگەن. ئىدىيەسىدە مەسىلە بار دەپ قارىلىپ سىياسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈلگەن، مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىدىغان شېئىرلىرىغا چەكلىمە قويۇلغان.

شۇ كۈندىكى يارىدارلارنى قۇتقۇزۇش ئىئانە پائالىيىتىدە قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن پۇل توپلانغان. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاياللار، ئوق تەگكەن قېرىنداشلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، قوللىرىدىكى ئالتۇن بىلەيزۈك ۋە ئالتۇن ھالقىلىرىنىمۇ بېرىشكەن.

## رەخىم پاجىئەسى

رەخىم غۇلجا شەھەر باياندىاي يېزا 17-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، 1997-يىلى 4-ئاينىڭ 24-كۈنى ئىلى ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ئاچقان تۇنجى ئوچۇق سوتتىن كېيىن، خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ خەلقنى ئوققا تۇتۇش ھەرىكىتىدە پۇتىغا ئوق تېگىپ يارىلانغان. ئۇ شۇ كۈنى پەقەت يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يولۇچى ئىدى.

ختاي رەخىمىنىڭ پۈتىنى داۋالاپ ساقايتىش ۋە تۆلەم تۆلەش ئۈياقتا تۇرسۇن، خىزمەت ۋاقتىدا ئىش ئورنىدا بولماي مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە تۈرمە ماشىنىسىنى بۇلاشقا ھەرىكەت قىلغان تېررورچىلار بىلەن بىر يەردە بولغان دەپ قاراپ، ئۇنى تۇۋنامە يېزىشقا ۋە سىياسىي جەھەتتىن ئۆزىنى تەكشۈرۈشكە مەجبۇرلىغان. نەتىجىدە خىزمەتتىن ھەيدىگەن.

## قاسىمجان پاجىئەسى

قاسىمجان غۇلجا شەھەر 2-ئوتتۇرا يەنى ئۈمىد ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، ئۇ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ختاي تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان ئىبراھىم ئىسمائىلنى تونۇمايتتى ۋە ھېچ كۆرۈپمۇ باقمىغان ئىدى. بىر كۈنى بىر تونۇشى ئۇنىڭ ئۆيىگە بىر ناتونۇش مېھماننى باشلاپ كەلدى ۋە ئۇلار قاسىمجاننىڭ ئۆيىدە بىر كېچە قونۇپ قالدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ختاي تەرەپ ئىبراھىم ئىسمائىلنى، يەنى ھۆكۈمەت تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان تېررورچىنى قوندۇرغان، دېگەن جىنايەت بىلەن قاسىمجاننى قولغا ئالغان. يىللارچە سوزۇلغان سوراق-سوئاللار ۋە تۇۋنامە، تەكشۈرۈش نامىلەر يېزىلىپ، سىياسىي جەھەتتىن ئۆزىنى قاتتىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، قاسىمجان ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىدىن ھەيدەلگەن.

## ئالىمجان پاجىئەسى

ئالىمجان غۇلجا شەھەر تۆپىچى مەھەللىسىدىن بولۇپ، 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشىدا كۆتۈرۈپ چىققان ئەڭ ئالدىدىكى 1-لوزۇنكا، يەنى بىسمىللاھىر راھمانىر رەھىم، لائىلاھە ئىللەللاھ

ۋە مۇھەممەدىن روسۇلىللاھ، دېگەن ئايەت چۈشۈرۈلگەن نۇسخىسى ئالىمجاننىڭ قورۇسىدا يېزىلغانلىقى ئۈچۈنلا، 16 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان.

## غۇلجا شەھەر ھەرەمباغ 9-باشلانغۇچ مەكتەپ ئالدىدىكى پاجىئە

1997-يىلى 2-ئاينىڭ 5- ۋە 6-كۈنلىرى غۇلجا شەھرىدە خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەۋجۇتلۇقىغا قارش نامايىش، شۇنداقلا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نامايىشچىلارنى ئوققا تۇتۇشىغا قارىتا 6-فېۋرال ئۇرۇش، چېقىش نارازىلىق ھەرىكىتى يۈز بەرگەندىن كېيىن، خىتاي ھەرقايسى مەھەللە ۋە بازارلارغا خىتاي قوراللىق ئەترەتلىرىدىن تەشكىللەنگەن چارلىغۇچىلارنى قويۇۋەتكەن ئىدى. 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشى يۈز بېرىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، نامازشام مەزگىلىدە غۇلجا شەھەر ھەرەم باغ مەھەللىسى 9-باسلانغۇچ مەكتەپ ئەتراپىدا، بىر توپ ئۇششاق باللار كوچىدىكى مۇز ئۈستىدە پىرقىرىغۇچ ئويناۋاتاتتى. غۇلجا شەھەرلىك ھەرەمباغ مەھەللىسىدە ئاساسەن خىتايلار تىجارەت قىلىدىغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرى بار بولغانلىقى ئۈچۈن، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ مەھەللە ۋە ئەتراپلىرىغا قارىتا نازارەت ۋە چارلاشنى باشقا جايلارغا قارىغاندا تېخمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن ئىدى. تۇيۇقسىز پىرقىرىغۇچ ئويناۋاتقان توققۇز ياشلار ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر باللىنىڭ قامچىسى يولدا چارلاپ كېتىۋاتقان بىر قوراللىق ئەسكەرنىڭ ئۈستىدىكى ھەربىي فورمىسىغا ئىلىشىپ قالدى. بۇنى كۆرگەن بالا دەرھال بېرىپ قامچىسىنىڭ ئۇچىنى ھەربىينىڭ ئۈستىدىن چىقارماقچى بولۇۋىدى، قورالىنى بۇلىماقچى بولۇۋاتىدۇ، دەپ قورقۇپ كەتكەن ئەسكەر توققۇز

ياشلىق ئۇيغۇر بالىنى نەق مەيداندا ئېتىۋېتىدۇ. بۇنى كۆرگەن جامائەت بالىنىڭ مېيىتىنى كۆتۈرۈشۈپ شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە بارغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كېيى ئاقمايدۇ.

## تۇداخۇن ئائىلىسى پاجىئەسى

غۇلجا شەھەر 14-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يېنىدىكى كوچىدا ئولتۇرۇشلۇق تۇداخۇن ئائىلىسى 5-فېۋرال نامايىشىدىن كېيىنكى كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىشتا، «دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك ئائىلە» دېگەن نام بىلەن تۇتقۇن قىلىنىپ، بىگۇناھ تۈرمىگە تاشلانغان ئائىلىلەرنىڭ بىرى. تۇداخۇن ئاكىنىڭ قانچە يىل كېسىلگەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات يوق. ئەمما 27 ياشلىق ئوغلى نۇرى تۇداخۇن 12 يىللىق، تۇداخۇن ئاكىنىڭ نەۋرىسى ماخمۇتجان ئەخمەتجان ئون يىللىق كېسىلگەن. شۇ يىلى ماخمۇتجان ئەخمەتجان ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى ئىدى.

# ئونىنچى باب

## *5-فېۋرال كۈنى نامايىشقا كۆتۈرۈپ چىققان لوزۇنكىلار قەيەردە ياسالدى؟*

5-فېۋرال نامايىش كۈنى كۆتۈرۈپ چىققان لوزۇنكا ئىككى دانە بولۇپ، نامايىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ مېڭىلغان لوزۇنكىغا كافىرۇن سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرى يېزىلغان. بۇ لوزۇنكا كېپەكيۇزىدىكى ياشلار تەرىپىدىن تەييارلانغان.

4-فېۋرال كۈنى، كەچتە تۆۋەنكى كېپەكيۇزى يېزىسىدىكى ئابدۇلېتىپ دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىگە كېپەكيۇزى يېزىسىدىكى ئىلغار پىكىرلىك ياشلار يىغىلىپ، ئەتىكى نامايىشنىڭ تەييارلىقلىرىنى قىلىشقان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسى ۋە مەيدانىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان لوزۇنكىغا يېزىلىدىغان سۆزلەر ھەققىدە كۆپ مەسلىھەتلەرنى قىلىش نەتىجىسىدە، ئاخىرى كافىرۇن سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرىنى تاللىغان.

ئابدۇلېتىپ ئاكا غۇلجا شەھەر ئىچىدىكى «ئابدۇكېرىم دەپتەرچى» دەپ ئاتىلىدىغان، غۇلجىدا دەپتەرچىلىك ۋە كىتابچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئائىلىنىڭ قېيىنئىنىسى بولىدۇ. بۇ ئائىلە غۇلجا شەھەر خىتاي بازىرىنىڭ ئالدىدا كىتاب ساتاتتى. لوزۇنكىنى ھازىر ئاۋستىرالىيەنىڭ ئادىلەيد شەھىرىدە ياشاۋاتقان سەيپىدىن شەمسىددىنىنىڭ خانىمىنىڭ

ئىنىسى ئابدۇلئەھەد يازغان بولۇپ، ئابدۇلئەھەد دىندا ئىنتايىن ياخشى ئوقۇغان ۋە ھۆسنخەت يازىدىغان بالا ئىدى.

4-فېۋرال كۈنى، كېچەكىيۈزىدىكى 110 دەك بالا بۇ لوزۇنكىلارنى يېزىپ ۋە ئەتىدىكى نامايىش ھەققىدە مەسلىھەتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ بىللە تۈنەپ، ئەتىسى سەھەردە نامايىشقا بىرلىكتە كەلگەن. نامايىشنىڭ يىغىلىش مەركىزى غۇلجا شەھىرىدىكى تاشلەپكى دەپ ئاتىلىدىغان جاي قىلىپ تاللانغان. نامايىشنىڭ يەنە بىر بۆلىكى غۇلجا شەھەر تۆرەم مەھەللىسىنىڭ يۇقىرىسىدىكى تۆپچى مەھەللىسىدىن باشلىنىپ، كۆنچى، غالىبىيەت ئاياق كىيىم كارخانىسىنىڭ ئالدى، تۆرەم مەھەللىسى، جىن كوچا دەپ ئاتىلىدىغان مەھەللىلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، مەركىزى نۇقتا تاشلەپكى بازىرىغا يېتىپ كەلگەن. بۇ يۆنىلىشتىكى نامايىشچىلار كۆتۈرگەن، يەنى ھازىر چەتئەللەردە ساقلىنىپ قالغان بىردىن بىر 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىغا ئائىت لوزۇنكىغا «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم، لائىلاھە ئىللاللاھ مۇھەممەدىن رەسۇلۇللاھ، يەنى ئاللاھ بىردۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەت ئۇنىڭ ئەلچىسىدۇر» دېگەن ئايەت يېزىلغان ئىدى. بۇ لوزۇنكا غۇلجا شەھەر تۆپچى مەھەللىسىدىكى ئالىمجاننىڭ ئۆيىدە يېزىلغان بولۇپ، ئالىمجان بۇ لوزۇنكا سەۋەبىدىن 16 يىل تۈرمىدە يېتىپ چىققان. ئەمما جازا لاگېرلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن تۇنجى بولۇپ لاگېرغا كىرگەنلەرنىڭ ئالىمجان قاتارلىق 5-فېۋرال ئىنقىلابىغا چېتىشلىقى بولغان ياشلار ئىكەنلىكى مەلۇم.

5-فېۋرال نامايىشى بولغان كۈنى، كېچەكىيۈزىدىن كىرگەن ئاشۇ 110 ياشنىڭ ھەممىسى قولغا ئېلىندى. لوزۇنكا يازغان ئابدۇلئەھەدنى غۇلجا دېۋىزىيە تۈرمىسىگە تاشلىغان بولۇپ، ئۈچ ئايدىن كېيىن ئابدۇلئەھەدنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق

ياشلارنىڭ خەۋىرى چىقتى. ئۈچ ئايغىچە 5-فېۋرال نامايىشى بولغان كۈنى قولغا ئېلىنغان مىڭغا يېقىن كىشىنىڭ ھېچقانداق ئىز - دېرىكى بولمىغان ئىدى. ئابدۇلئەھەد پەقەت لوزۇنكا يازغانلىقى ئۈچۈنلا بەش يىل يېتىپ چىقتى. ئەمما تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ ئىزچىل ھالدا خىتاينىڭ تەقىب قىلىشى ئاستىدا ياشاپ كەلگەن بولۇپ، ھەر قېتىم ئۇنى سوراق ئۈچۈن چاقىرتقاندا بىر-ئىككى يىلدىن كېسىپ تاكى 2016-يىلى جازا لاگېرلىرى قۇرۇلغانغا قەدەر ئۇنىڭ ھاياتى ئاساسەن تۈرمىدە ئۆتتى. 2016-يىلدىن ئېتىبارەن ئابدۇلئەھەدنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولغانلىقى ھەققىدە ھازىر ئاۋستىرالىيەدە ياشاۋاتقان ھەدىسى ھېچقانداق ئىز-دېرىكنى ئالالمىغان.

5-فېۋرال نامايىشىنىڭ لوزۇنكىسى يېزىلغان كېپەكيۈزلۈك ئابدۇلېتىپ ئاكىنىڭ ئائىلىسىدە ئابدۇمىجىت، ئابدۇللام ۋە ئابدۇراخمان ئىسىملىك ئۈچ ئوغۇل بار ئىدى. بۇ ئۈچ ئوغۇل 5-فېۋرال كۈنىدىكى ئاشۇ نامايىشتا تۇتۇلغاندىن كېيىن، ھەممىسى 15 يىلدىن كېسىلدى. ئەينى يىللاردا ئەڭ كىچىك ئوغلى ئابدۇراخمان ئەمدىلا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ئىدى. چوڭ ئوغلى ئابدۇمىجىت، ھامىمات قارىم بىلەن بىرلىكتە تۇرپاندا قارىلىقتا ئوقۇغان بولۇپ، تۇرپاندىكى ئوقۇشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن غۇلجا گىلەمچىلەر سودا بازىرىدا دۇكان ئاچقان ئىدى. لېتىپ ئاكىمۇ 5-فېۋرال نامايىشىدا ئۆيىدە لوزۇنكا يېزىشقا رۇخسەت قىلدى، دېگەن نام بىلەن ئىككى يىل تۈرمىدە ياتتى. 5-فېۋرال نامايىشى سەۋەبىدىن تۆۋەنكى كېپەكيۈزى يېزىسىدىن قولغا ئېلىنغان 35 بالىنىڭ ئىككىسى مۇددەتسىز، قالغانلىرى 15 يىلدىن كېسىلدى.

كېپەكيۈزى ئارا مەھەللىدىن 5-فېۋرال نامايىشىدا قولغا

ئېلىنغان تۇرسۇنمەمەت، نۇرمەمەت، شىرمەمەت بۇلار ئاكا-ئۇكىلار بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆيئوغلى ئابدۇرېھىم غۇلجا ناھىيەسىنىڭ ئارا دادامتۇ يېزىسىلىق ياش ئىدى. 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشىدىن كېيىن 1997-يىلى 4-ئايدا غۇلجا شەھەر مۇز مەيدانىدا ئېچىلغان ئوچۇق سوتتا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ، شۇ كۈنى ئىجرا قىلىندى. ھامىمات قارىمىنىڭ كىچىك ئىنىسى ئالىممۇ ئاشۇ فېۋرال نامايىشىدا تۇتۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كېپەكيۈزىلىك يەتتە بالا بار بولۇپ، بۇلارنىڭ يېشى تېخى 18 گە توشمىغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ يۇقىرىقى تۆۋەنكى كېپەكيۈزىدىن، شۇنداقلا ئارا مەھەللىدىن جەمئىي 110 بالا تۇتۇلغان.

5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئەڭ ئېغىر ۋە قاتتىق تىنتىش ۋە تۇتقۇن غۇلجا ناھىيەسىنىڭ كېپەكيۈزى يېزىسىدا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، يېزا تەۋەسىدە قېرى-چۆرىلەردىن باشقا ھېچقانداق كىشىنى كۆرگىلى بولمايدىغان ھالەت شەكىللەنگەن ئىدى. ئەينى يىللاردا كېپەكيۈزى يېزىسىدا 300دىن 400گە قەدەر ئائىلە بار بولۇپ، بۇ تۇتقۇن ۋە قىرغىنچىلىقتا ئۇچرىمىغان ئائىلە قالمىغان ئىدى.

## 26-ئىيۇن ئۇچئۇن قوراللىق توقۇنۇشى ھەققىدە يېڭى مەلۇماتلار

1-مەلۇمات: 1998-يىلى 6-ئاينىڭ 25-كۈنى، غۇلجا ناھىيەسىنىڭ ئۇچئۇن يېزىسىدىكى بىر خىتاي ئائىلىسىنىڭ چېقىپ قويۇشى بىلەن ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى خەمىت مۇھەممەت، تۇرسۇن سەلەي، ئىلياس زوردۇن... قاتارلىق ئۇيغۇر پارتىزان يىگىتلىرىنىڭ بۇ يېزىدىكى مەمەيار كەنتىدىكى ئەمىر ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ دادىسىنىڭ قورۇسىغا يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىدىن

خەۋەر تاپىدۇ.

2 ـ مەلۇمات: 1998 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كىچە سائەت بىردە ئىلى ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئالاھىدە تارماق ئەترىتى، بۇ قورۇنى قورشاپ تۇتۇش بۇيرۇقى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ.

3 ـ مەلۇمات: سەھەر سائەت 3:30 دا 30 نەپەر خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىسىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن دۆلەت دەرىجىلىك ئالاھىدە قورallىق ساقچىسىدىن تەشكىللەنگەن بىر گۇرۇپپا، ئىلى ئوبلاستلىق ساقچى ئىدارىسىنىڭ ساقچىسى ئابدۇراھمان پەيزى ۋە نۇرتاي ئىسىملىك يەنە بىر قازاق ساقچىنىڭ يول باشلىشى بىلەن يولغا چىقىدۇ.

4 ـ مەلۇمات: سەھەر سائەت 04:30 دا غۇلجا ناھىيەلىك ئۈچئۈن ساقچىخانىسىغا يېتىپ كەلگەن بۇ گۇرۇپپا، غۇلجا ناھىيەلىك ساقچى ۋە ئۈچئۈن ساقچىخانىسىدىكى ساقچىلار بىلەن قوشۇلۇپ 50 كىشىلىك بىر گۇرۇپپا بولۇپ، بۇ قورۇنى قانداق قورشاش ۋە قورۇ ئىچىدىكى ئۇيغۇر پارتىزان يىگىتلىرىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈش پىلانى تۈزىدۇ.

5 ـ مەلۇمات: سەھەر سائەت 05:50 دە يەنى بامدات نامىزىغا ئەزان چىقىشى بىلەن، خىتاي قوراللىق كۈچلىرى بۇ قورۇغا ئىككى لىنىيە بويىۇنچە ھۇجۇم باشلىغان.

توقۇنۇش تەپسىلاتلىرى بىرىنچى: خىتاي مەتبۇئاتلىرى 26 ـ ئىيۇن ئۈچئۈن قوراللىق توقۇنۇشىدا، خىتاينىڭ ئالاھىدە ساقچى قىسىملىرى بىلەن ئېتىشقان تۇرسۇن سەلەينىڭ قەھرىمانلىقىغا قايىل بولۇپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تۇرسۇن سەلەي سول قولىنىڭ بىرقانچە يېرىگە ئوق تەككەنلىگىگە

قارىماي ئىنتايىن ھېلىگەر بولۇپ، تۇيۇقسىز قوتاندىن شىددەت بىلەن ئوت ئاچقانچە چىقىپ، يەنە بىر دېھقاننىڭ قورۇسىغا كىرىۋالدى».

توقۇنۇش تەپسىلاتلىرى ئىككىنچى: سەھەر سائەت 06:50 تە ياندىكى باشقا بىر دېھقاننىڭ قورۇسىغا يۆتكىلىشكە مۇۋەپپەق بولغان تۇرسۇن سەلەي ئاتقان بىر پاي ئوق خىتاينىڭ مەملىكەت دەرىجىلىك ئالاھىدە تەربىيەلەنگەن قوراللىق ساقچىسى كوڭ يوڭچاڭنىڭ مېڭىسىگە تېگىپ نەق مەيداندا ئۆلدى. (ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ھېكايە قىلىشىچە تۇرسۇن سەلەي بۇ يەردە ئىشلەتكەن ئاپتومات، 19-ئاپرېل خۇدىيارىيۈزى توقۇنۇشىدا ئولجا ئالغان خىتاي ئائاھىدە ساقچىسى لوڭفېيىنىڭ قورالى ئىكەن).




ئۈچئۈن توقۇنۇشدا خىتاي قوراللىق كۈچلىرى تەرىپىدىن
گۆرۈگە ئېلىنىپ قالقان قىلىنغان ئۇيغۇر دېھقان

توقۇنۇش تەپسىلاتلىرى ئۈچىنچى: خىتاي قوراللىق كۈچلىرىنىڭ يول باشلىغۇچىسى قازاق ساقچى نۇرتاي بۇ ئارىلىقتا بىر دېھقان يىگىتنى گۆرۈگە ئېلىۋېلىپ قورۇ ئىچىگە كىرگەن، دەل بۇ چاغدا خەمىت مۇھەممەت، ئىلياس زوردۇن ۋە قاسىم مەقبىر قاتارلىق ئۈچ پارتىزان دېھقان يىگىتىگە: بېشىڭنى تۆۋەن

قىل! دەپ بۇيرۇق بەرگەن. دېھقان يىگىتنىڭ بېشىنى تۆۋەن قىلىشى بىلەن، ئارقا-ئارقىدىن ئېتىلغان ئۈچ پاي ئوق بىلەن خىتاي غالچىسى نۇرتاي ئەنۋەربېك (قازاق) نەقمەيداندا ئۆلگەن. بۇ ئۈچ نەپەر پارتىزاننىڭ ۋە قوتان ئىچىگە يوشۇرۇنغان باشقا پارتىزانلارنىڭ غەزەپ-نەپرەت بىلەن خىتاي قوراللىق كۈچلىرىنى ئوققا تۇتۇشى نەتىجىسىدە، خىتاي ئالاھىدە قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ سىياسىي كومىسسارى جاڭ گۇاڭجى، تارماق ئەترەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇراخمان پەيزى قاتارلىق ئون نەچچە نەپەر خىتاي ساقچىسى ئېغىر يارىلانغان. قالغان قوراللىق ساقچىلار ئۆزىنى دالدىغا ئالغان ياكى يەر بېغىرلاپ يېتىۋېلىشقان. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان خەمىت مۇھەممەت، ئىلياس زوردۇن ۋە قاسىم مەقبىر قاتارلىق ئۈچ پارتىزان قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كەتكەن.

توقۇنۇش تەپسىلاتلىرى تۆتىنچى: ئارقىدىن ياردەمگە يېتىپ كەلگەن خىتاي قوراللىق ھەربىي قىسىم ۋە قوراللىق ساقچىلارنىڭ ياردىمىدە تۇرسۇن سەلەي شېھىت قىلىنغان بولۇپ، قالغان ئەلقەم سۇلتان قاتارلىق 8 پارتىزان ئوق دورىلىرى تۈگەپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن قولغا چۈشۈپ قالغان.


توقۇنۇش تەپسىلاتلىرى بەشىنچى: شۇ كۈنى ئۈچئۈن يېزىسى، غۇلجا ناھىيەسى، غۇلجا شەھىرى ۋە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ 8 ناھىيە بىر شەھىرىگە تۇتىشىدىغان بارلىق قاتناش يوللىرى قامال قىلىندى. مانا مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەت ئاستىدا، شۇنداقلا خەمىت مۇھەممەت، ئىلياس زوردۇن ۋە قاسىم مەقبىر قاتارلىق پارتىزان يىگىتلىرىنىڭ رەسىملىرى چۈشۈرۈلگەن تۇتۇش بۇيرۇقى ھەر يەرگە چاپلانغان؛ مەھەللە، كوچا-رەستىلەرنى چارلىغۇچى خىتاي قوراللىق ساقچى-ئەسكەرلىرى قاپلاپ كەتكەن ئەھۋال ئاستىدا، بۇ ئۈچ پارتىزاننىڭ ساق-سالامەت غۇلجا شەھىرىگە

قېچىپ كىرىپ، ئاندىن چاپچال ئارقىلىق قازاقىستانغا قېچىپ چىقىشى بىر مۆجىزە ئىدى.

### خىتاي ساقچىسى نۇرتاي ئەنۋەربەك (قازاق)نىڭ تەرجىمىھال

26-ئىيۇن ئۈچئۈن قوراللىق توقۇنۇشىدا ئۇيغۇر پارتىزان يىگىتلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن نۇرتاي ئەنۋەربەك، 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە يۈز بەرگەن قاباھەتلىك قىرغىنچىلىقلارنى بىرى بولغان، توخۇچىيۈزى يېزىسىدا بىر ئائىلە 7 كىشىنى ئۇققا تۇتۇش پاجىئەسىنىڭ باش پىلانلىغۇچىسى، ئىلى ئوبلاستلىق ساقچى ئىدارىسىنىڭ سىياسىي كومىسسار ئەنۋەربەكنىڭ ئوغلى بولىدۇ.

5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى يۈز بېرىشىنىڭ ئالدى كەينىدە، بۇ خىتايغا سادىق ئاتا-بالا ئىلى ۋىلايىتى، بولۇپمۇ غۇلجا ناھىيەسى تەۋەسىدىكى ھەر قايسى يېزىلاردىكى ئۇيغۇر خەلقىنى قاڭقىر قاقشاتقان جاللات ساقچىلاردىن ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۈچئۈن قوراللىق توقۇنۇشىدا بىر قورۇغا سولۇنۇپ قالغان پارتىزان يىگىتلەر ئوق-دورىلىرىنىڭ ئىنتايىن ئاز بولغانلىقىغا قارىماي، بىر دېھقان يىگىتنىڭ گۆرۈگە ئېلىۋالغان ھالەتتە نامەردلەرچە



توقۇنۇش بولۇۋاتقان قورۇغا كىرىشكە تەمشەلگەن نۇرتاينى ئۈچ پاي ئوق بىلەن ئېتىپ قىساس ئالغان.

نۇرتاي ئەنۋەربەك 1991-يىلى كۈيتۈن شەھەرلىك مائارىپ ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگىنىگە قارىماي،

دادىسىنىڭ خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىگە سادىقلىقىنىڭ يۈزى بىلەن، ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە ساقچى بولۇپ كىرگەن. بۇنداق مەخسۇس ساقچى مەكتىپىدە ئوقۇمىغان بىرسىنى ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىغا ئىنتايىن ئوڭايلا ساقچى قىلىپ ئىلىشىنىڭ ئارقىسىدا خىتاينىڭ ناھايىتى يوشۇرۇن سۈيىقەستلىك پىلانى بار ئىدى. شۇڭا نۇرتاي خىزمەتكە چىقىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا، غۇلجا ناھىيە قارىياغاچ يېزا، قارىياغاچ كەنت كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسى بىلەن تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى. چۈنكى غۇلجا ناھىيەسى ئەزەلدىن خىتاينىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقىنى قىلچە مەنسىتمەي كەلگەن مەرپەتپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ كۆپلىكى بىلەن تونۇلغان بولۇپ، خىتاي بۇ ناھىيە تەۋەسىدە يەر ئاستى دىنى مەكتەپلەرنىڭ بارلىقىدىن گۇمان قىلغاندىن باشقا، خىتايغا قارشى قوراللىق بىر ھەرىكەت ياكى مەخپىي چېنىقىش ئورۇنلىرى مەۋجۇت دەپ گۇمان قىلاتتى. نۇرتاي كەنتنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسى بىلەن بۇ يېزىغا كەلگەندىن كېيىن، گەرچە يېزىدا بىر سودا بازىرى قۇرغان ۋە دېھقان-چارۋىچىلارنى بېيىشقا يېتەكلەش جەريانىدا ياردەم قىلغان قىياپەتكە كىرىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما ئاساسىي جەھەتتىن پۈتۈن غۇلجا ناھىيەسىنىڭ سىياسىي مۇقىملىق ئىشلىرىنى تىڭ-تىڭلاپ تۇردى.

ناھىيەنىڭ جۇغراپىيەلىك ئەھۋالىنى ياخشى ئىگىلەش، ئاتالمىش مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ بار-يوقلىقىنى تىڭتىڭلاش نۇرتاينىڭ ئەڭ چوڭ مەقسەتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. نۇرتاينى 6 يىل غۇلجا ناھىيەسىنىڭ قارىياغاچ يېزىسىغا ۋەزىپىگە قويغان خىتاي 1997-يىلى 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى يۈز بەرگەندىن كېيىن، نۇرتاينى يەنە ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىغا قايتۇرۇپ كېلىپ، 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئاساسلىق باستۇرۇش ئوبيېكتى قىلىنغان غۇلجا ناھىيەسىنىڭ ئاتالمىش

مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل سىياسىي كومىسسارى قىلىپ ۋەزىپىگە قويىدى. بۇ قېتىم نۇرتاينىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى، ئىچكىرىدىن مەخسۇس ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن يۆتكەپ كېلىنگەن لوڭ فېي، كوڭ يوڭچاڭ قاتارلىق خىتاينىڭ ئالاھىدە تەربىيەلەنگەن قوراللىق ساقچىلىرىغا يول باشلاش ئىدى. چۈنكى غۇلجا ناھىيەسىنىڭ يېزىلىرىدا سانجاق-سانجاق ئۇيغۇر مەھەللىلىرى بىر بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئىچكىرىدىن كەلگەن يات خىتايلار ئۈچۈن كۆھقاپقا ئوخشايتتى.

نۇرتاي، 1997-يىلدىن تاكى ئۇيغۇر پارتىزانلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ تاشلانغانغا قەدەر، خىتاي قوراللىق ساقچىلىرى بىلەن پارتىزان يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدا بولغان 40 نەچچە مەيدان قوراللىق توقۇنۇشقا قاتناشقان بولۇپ، ئاتالمىش مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە زوراۋان تېررورچىلارنى ئىزدەپ تېپىش بانىسىدا، 130 نەپەر ئۇيغۇر ياشنى خىتايغا تۇتۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشى، مۇددەتسىز ۋە مۇددەتلىك كېسىلىشىگە سەۋەب بولدى.

ئۇ ئۇيغۇر پارتىزان يىگىتلىرى مىڭ بىر مۇشەققەتتە يىغقان قورال-ياراق، ئوق دورىلارنى خىتاي ئۈچۈن پاش قىلىپ بەرگەن ئىدى. نۇرتاي خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابى قۇربان دەپ ئەنگە ئالدى.

### ئالاھىدە تەربىيەلەنگەن خىتاي ساقچىسى كوڭ يوڭچاڭنىڭ تەرجىمىھالى

كوڭ يوڭچاڭ (1970-1998) ئەر خىتاي، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ




جىنەن شەھىرىدىن. 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئىلىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەت-لىك قىلىش مەقسىتىدە ئىلىغا يۆتكەپ كېلىنگەن ئالاھىدە تەربىيەلەنگەن دۆلەت دەرىجىلىك ساقچى. 1991-يىلى 9-ئايدا ساقچى بولغان. خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى ئەزاسى. ئىلى ۋىلايەتلىك ئاتالمىش زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش قوراللىق ئەترىتىنىڭ ئەزاسى. بىرىنچى ئەترەت ئىككىنچى بۆلۈمىنىڭ كومىسسارى. 1998-يىلى 6-ئاينىڭ 26-كۈنى يۈز بەرگەن ئۈچئۈن توقۇنۇشىدا، سەھەر سائەت 6 دە دېھقان پارتىزان يىگىتلىرىدىن تۇرسۇن سەلەي تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. 1998-يىلى 8-ئاينىڭ 12-كۈنى، خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى ئۇنىڭغا ئىككىنچى دەرىجىلىك قەھرىمان مېدالى بەرگەن. 1998-يىلى 7-ئاينىڭ 3-كۈنى، ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىنقىلابى قۇربان دەپ نام بەرگەن.

## ئابدۇراخمان پەيزىنىڭ تەرجىمىھالى

ئابدۇراخمان پەيزى ئىلى ئوبلاستلىق ساقچى ئىدارىسىنىڭ ساقچىسى. 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ ئالدى كەينىدە خىتاي ھۆكۈمىتى ئىلى ۋىلايىتى تەۋەسىدە ئېلىپ بارغان زور تۇتقۇن ۋە تىنتىشلاردا خىتاي ساقچى ئەسكەرلىرىگە يولباشلىغۇچى بولغان. خىتاي 19-ئاپرېل خۇدىيارىيۈزى توقۇنۇشى، 26-ئىيۇن ئۈچئۈن توقۇنۇشلىرىدا ئۇيغۇر پارتىزانلىرى يوشۇرۇنغان قورۇنىڭ ئىچىگە

يول باشلاپ كىرىشتە ئابدۇراخمان پەيزىنى ئالدىغا چىقارغان. 1998-يىلى خۇدىيارىيۈزى يېزىسىدا يۈز بەرگەن قوراللىق توقۇنۇش جەريانىدا، خىتاي ئالاھىدە تەربىيەلەنگەن ساقچىسى لوڭ فېي پارتىزان ھامىمات تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇ مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، لوڭ فېينىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئىككى كۈن يىغلىغانلىقىنى ۋە تاماق يېمىگەنلىكىنى ئېيتقان.




1998-يىلى 6-ئاينىڭ 26-كۈنى ئۈچئۈن يېزىسىدا يۈز بەرگەن قوراللىق توقۇنۇشتا، بىر ئوق ئۇنىڭ قوۋۇرغىسىنى تېشىپ چىقىپ كېتىپ ئېغىر يارىلانغان. شۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۇ مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزگە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىنتايىن غەمخورلۇق قىلغانلىقىنى، ئەگەر پارتىيە ھۆكۈمەت جىددىي داۋالاپ قۇتقۇزمىغان بولسا ئۆزىنىڭ ئاللىقاچان ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ يەنە ئاپتونوم رايوننىڭ پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەننىڭ دەرھال ئايروپىلان بىلەن كېلىپ ئۆزىنى يوقلىغانلىقى ھەققىدىمۇ ماختىنىپ يۈرگەن.

## 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە ئويلىنىشقا تېگىشلىك نۇقتىلار

5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدىمۇ ئىككىگە بۆلۈنۈش مەۋجۇت بولغان بولۇپ، ئىبراھىم ئىسمائىل يېتەكچىلىكىدىكى قوراللىق گۇرۇپپىنى «ئۇسلۇبى دىنچىلار» دەپ ئاتاشقان ئىدى. يوشۇرۇن دەۋەت ۋە ئىلىي مەشرىپى ئارقىلىق ئاخىرىدا 5-فېۋرال نامايىشىنى ئېلىپ چىققان ئابدۇخېلىل مىجىت ۋە ئابدۇمىجىت ئابدۇراخمان قاتارلىقلارغا «ئىنتائەتچىلەر» دەپ ئىسىم قويۇلغان.

شاھىت ئابدۇل ۋەكىلىنىڭ بايان قىلىشىچە، 1997-يىلى 6-ئاينىڭ 23-كۈنى كېچىدە، يېزىنىڭ باللىرى بۇيرۇق بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك ھەرىكەتكە ئۆتۈشنى باشلىغان. ئەمما شەھەرنىڭ باللىرىدا قورال بار تۇرۇپمۇ بۇ ھەرىكەتكە ماسلاشمىغان. شۇ كۈنى ئەمىر ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ ئەمرى بويىچە يېزا باللىرى تەشۋىقات ۋەرەقىسى تارقىتىش؛ غالچا، خائىن ساقچىلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە نۇر كابېللارنى ئۈزۈپ تاشلاش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولغان، شەھەرنىڭ باللىرى بولسا تۈرمىلەرگە ھۇجۇم قىلىش پىلانلانغان. ئەمما شەھەرنىڭ باللىرى بۇ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلمىغان. بۇ ئەھۋاللار ئوتتۇرىدا ئىنتىپاقلىق ۋە زىچ ھەمكارلىقنىڭ بولمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. قورال-ياراقلارنى قولىغا ئالغان ئابدۇخېلىل تەرەپدارلىرى، بۇ ئۇسلۇبى دىنچىلارنىڭ ئىشى ئىكەن، بىز چىقمايمىز، دەپ بۇيرۇقنى رەت قىلغان. ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ سەپداشلىرى ئۇنىڭ تۈرمىدىكى ۋاقتىدا «مەن ئىككى ئىشنى خاتا قىلغان ئىكەنمەن. بىرى، ئەسلىدە قورال-ياراقنى شەھەرنىڭ باللىرىغا ئەمەس، سەھرا باللىرىغا تارقاتسام بوپتىكەن. يەنە بىرى، ئابدۇخېلىل مىجىتنى 5-فېبرال

كۈنىدىكى نامايىشقا چىقىشتىن بۇرۇن بىر ئۆيگە سولاپ قويۇش كېرەك ئىكەنتۇق» دەپ پۇشايمان قىلغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. كۆپلىگەن شاھىتلار ئىبراھىم ئىسمائىلنىڭ ئابدۇخېلىل مىجىت بىلەن بىرقانچە قېتىم كۆرۈشكەنلىكىنى، ئۇنىڭ نامايىشقا چىقىش پىلانىنىڭ توغرا پىلان ئەمەسلىكىنى، ئەگەر نامايىشقا چىققان تەقدىردە، خىتاينىڭ بۇ ياشلارنى تۈرمىلەرگە تاشلايدىغانلىقى، قاتتىق قىيىن-قىستاققا چىدىمىغان ياشلارنىڭ نۇرغۇن نەرسىلەرنى پاش قىلىپ قويىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئابدۇخېلىل مىجىت بولسا ئۇنىڭسىزمۇ ئۆز مەشرەپ گۇرۇپپىسىدىكى ياشلارنىڭ بىردىن-ئىككىدىن تۇتۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بۇنداق ھالەتتە تۈگەشكەندىن ئۇچۇق ئاشكارا نامايىشقا چىقىپ، ئاندىن باشقا نىمە كۈن كەلسە شۇنى كۆرۈش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەنلىكىنى ۋە شۇنداق قىلغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ.

5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە بەزى قورالالارنىڭ تۈگىگانلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن سېتىۋېلىنغانلىقى، تۈگىگانلارنىڭ ساختىپەزلىك قىلغانلىقى ۋە ئۇيغۇر پارتىزان يىگىتلىرى تازا ھەل قىلغۇچ پەيتتە تۇرغاندا بۇ قورالالارنىڭ ساختا قورال بولۇپ چىققانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ.

دۈشمەننىڭ كۈچىگە سەل قاراش 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى ئەڭ چوڭ خاتالىق ۋە تەجرىبە ساۋاقلارنىڭ بىرى بولۇپ، ھازىرمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا دۈشمەننىڭ كۈچىگە سەل قارايدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت.

5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى يۈز بەرگىنىگە 24 يىل بولغان بۈگۈنكى كۈندە، بىز نامايىشقا چىقىش-چىقماسلىقنىڭ قايسىسىنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى مۇنازىرە قىلىشماقتىمىز. ئەمما ئەينى يىللاردا ئۇيغۇر خەلقى ھازىرقىغا ئوخشاشلا چارىسىز

بولۇپ، ھەر ئىككىلا يول ئۇيغۇرلار ئۈچۈن پايدىسىز ئىدى. چۈنكى نامايىشقا چىقمىغان ھالەتتىمۇ خىتاي تەرەپ ئۆن-تۈنسىز تۇتقۇن قىلىش ئارقىلىق، يوشۇرۇن قىرغىنچىلىقنى ئاللىقاچان باشلىغان ئىدى.

ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ چېكىنىدىغان ئارقا سەپ بازىسى يوق ئىدى. شۇنداقلا ئۇلارغا كېلىدىغان «كۆچ ئۇلاش» ياردىمىمۇ يوق ئىدى. بۇ يولنىڭ ئاخىرى ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلىشاتتى. بۇ نۇقتىنى 5-فېۋرال پارتىزانلىرى تازا ياخشى بىلەتتى.

دىنىي ۋە پەننىي سەۋىيەنىڭ تازا يۇقىرى بولماسلىقى. دۇنيا مىقياسىدا كۆرۈلۈۋاتقان دىنىي خۇراپاتلىق ۋە بۇرمىلانغان ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىدىن، ئىسلام دىنىدا بولمىغان بەزى خاتا چۈشەنچىلەرنى دىن دەپ تەشۋىق قىلىش 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى ئەڭ چوڭ خاتالىقلارنىڭ بىرى بولغان.

1998-يىلى 4-ئاينىڭ 6-كۈنى قورغاس ئېغىزىدىن كىرگەن قورال-ياراق ۋە ئوق دورىلارنىڭ پاش بولۇپ قېلىشى، 5-فېۋرال پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ تېخىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىلىشىدە ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئاقىۋەت ئېلىپ كەلگەن. دېمەك، بۇ قورال جاسۇسلارنىڭ خىتايغا خىزمەت قىلىشى نەتىجىسىدە پاش بولۇپ قالغان. ئەگەر بۇ قورال مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۇيغۇر پارتىزان يىگىتلىرىنىڭ قولىغا تارقىتىلغان بولسا ئۇ ھالدا خۇدىيارىيۈزى قورallىق توقۇنۇشى، ئۈچئۇن توقۇنۇشى ۋە شۇنىڭدەك غۇلجا ناھىيەسىدە ئېلىپ بېرىلغان كەڭ كۆلەملىك زەنجىرسىمان خىتاي قوراللىق كۈچلىرىگە قارشى توقۇنۇشلارنىڭ تارىخنى تېخىمۇ سەلتەنەت بىلەن تېخىمۇ پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن يېزىپ چىققان بولاتتۇق.

خىتاي بىخەتەرلىك ئىدارىسى داۋاملىق ۋە ئىنتايىن جىددىي ھالەتتە ھەرىكەتتە بولغان بولۇپ، ھەرقانداق ۋاقىتتا خىتاي بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ تەشكىلاتلار ئىچىدە تەشكىلات قۇرۇش، تەشكىلاتلار ئىچىدىكى پىكىر ئېقىملىرىنىڭ يۆنىلىشىنى باشقا ياققا بۇراش، بىرلىرىنى تەشكىلات قۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىش قاتارلىق ھىيلە-مىكىرلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. ئىلى مەشرەپ ھەرىكىتى غۇلجا مەھەللىلىرىدە تېز ۋە ئىنتايىن ئالقىشقا ئېرىشكەن ھالەتتە قانات يېيىشى شۇنداقلا جەنۇبى شىنجاڭغا كېڭىيىشى نەتىجىسىدە، خىتاي بىخەتەرلىكى مەشرەپ ئىچىدە، خىتاي پاسپورتى، خىتاي كىملىكى... ۋەھاكازا قاتارلىق نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئىنكار قىلىدىغان ۋە يىرتىپ تاشلايدىغان بىر پىكىر ئېقىمىنى تۇيۇقسىز پەيدا قىلىش ئارقىلىق، ئەيدىز ۋە ئاق تاماكا شەھىرىنى پاكىز ئاكتىپ بىر شەھەرگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ھەممە كىشى سۆيۈنىدىغان ھەرىكەتنىڭ يۆنىلىشىنى بۇرمىلىماقچى بولغان.

ئۇندىن باشقا خىتاينىڭ تەشكىلات قۇرۇشقا بىرلىرىنى جاسارەتلەندۈرۈش ھىيلىسىگىمۇ سەل قارىغىلى بولمايدىغان بولۇپ، كىتابىمىزنىڭ يۇقىرىقى قىسمىدا ھازىر ئاۋستىرالىيەدە ياشايدىغان بىر كىشى، ئۆزىنىڭ بېشىغا قارا خالتا كىيگۈزۈلۈپ مەلۇم بىر شەھەرگە ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، خىتاي بىخەتەرلىكى خادىملىرىنىڭ ئۇنىڭغا 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ كۆرەشچىلىرىدىن بىرى بولغان نىلقىلىق ئابدۇرېشىت ھاجىم بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى بىر مۇستەقىللىق تەشكىلاتى قۇرۇشقا قايىل قىلىش ھەققىدە تەكلىپتە بولغان.

## ئىلى ئوبلاستى تەۋەسىدىكى تۈرمىلەر

- ئىلى ئوبلاستلىق تۈرمە
- غۇلجا شەھەر يېڭى ھايات تۈرمىسى
- چاپچال ناھىيەسىدىكى سۇ تۈرمىسى
- ئىلى ئوبلاستلىق 4-دىۋىزىيە تۈرمىسى (ئۈرنى شەرق مەھەللە بىلەن خەنبىك يېزىسى ئارىلىقىدا) 1997-يىلى فېۋرالدا تۇتۇلغان نۇرغۇن بالىلار شۇ تۈرمىگە قامالغان.
- غۇلجا شەھەر توغراق يېزىلىق بوز يەر ئاستى تۈرمىسى
- غۇلجا شەھەر دادامتۇ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش تۈرمىسى
- كۈنەس قارا بۇغرا تۈرمىسى
- غۇلجا شەھەر بايانداي تىجاڭگو دىۋىزىيە تۈرمىسى (5-فېۋرال ۋەقەسىدە تۇتۇلغان ئۇيغۇرلارنى مۇشۇ تۈرمىدە، تۈرمە ھويلىسىدا سوغۇق سۇ چېچىپ مۇزلىتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، بۇ ئەھۋالنى ئەتراپتىكى ئاھالىلەر ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن)
- غۇلجا شەھەر يېڭىيەر يېزىسى بىلەن، بايانداي بازىرى ئارىلىقىغا جايلاشقان يېڭى تۈرمە
- قورغاس ناھىيە كۈرە يېزىسىغا جايلاشقان تۈرمە. بۇ تۈرمىگە مەخسۇس سىياسىي مەھبۇسلار قامىلىدىغان بولۇپ ئولتۇراق مەھەللىدىن يىراق ئېتىزلارنىڭ ئارىسىغا سېلىنغان.

- غۇلجا شەھەر چاپچال ناھىيە جاغىستاي يېزا ئەتراپىغا جايلاشقان يېڭى تۈرمە
- غۇلجا شەھەر قورغاس ناھىيە سۈيدۈڭ بازىرىغا قاراشلىق قوش ئېرىق تۈرمىسى
- ئىلى ئوبلاستلىق يەر ئاستى تۈرمە (جايلاشقان ئورنى ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ ئىچىدە)
- غۇلجا شەھەرلىك لوجۇ سۇ تۈرمىسى
- كۈنەس ناھىيە ئارالتۆپە بازىرىغا جايلاشقان جىڭ تۈرمىسى. بۇ تۈرمە كۆلىمى ئىلى تەۋەسىدىكى ئەڭ چوڭ تۈرمىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ تۈرمە بىڭتۈەنگە قاراشلىق بولۇپ، مەھەللىلەردىن ئۇزاق، خالىي جايغا سېلىنغان بولغاچقا كۆزگە چېلىقىپ كەتمەيدۇ. سىرتقى كۆرۈنۈشى ھېچ تۈرمىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ تۈرمىدە ئاساسەن سىياسىي مەھبۇسلار ۋە ئاز بىر قىسىم ئىجتىمائىي مەھبۇسلار سولىنىدۇ. يېرىم ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن سىياسىي مەھبۇسلار قاملىدۇ.
- غۇلجا شەھەر قورغاس ناھىيە 56-تۈەنگە جايلاشقان بىڭتۈەن تۈرمىسى

# 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىغا ئائىت تۈرمە ھېكايىلىرى

(بۇ تۈرمە ھېكايىلىرى ھازىر تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئىمام ھەسەنگە ئائىت)

## 1-ھېكايە

1997-يىلى 8-ئايلار ئەتراپىدا غۇلجا ناھىيەسىدىكى مەلۇم بىر يېزىدا بولغان بىر تەبلىغ سورۇنىدا بولغانلىقىم ئۈچۈن 1998-يىلى 4-ئايلاردا تۇتۇلۇپ غۇلجا ناھىيەسىدىكى تۈرمىگە قامالدىم.

مەن كىرگەن كامېردا 17 ئادەم بولۇپ، بىرى سالا مىللەتتىن، ئىككى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي جىنايەت بىلەن كىرگەن، قالغانلىرى سىياسىيغا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر ئىكەن. «سىياسىي بالىلار» ئاساسەن چولۇقىقايىدىكى زىياۋۇدۇن خەلپەت بىلەن سەپداش بولۇپ، زىياۋۇدۇن خەلپەتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن نۇر كابېل كېسىش، ئىقتىساد توپلاش، پارتلاتقۇچ ياساش قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلار چولۇقىقاي، گۇلۇستاي، ئونيار، ئىسلام يېزى، تۇرپانيۈزى، ئارا ئۆستەڭ، خۇدىيارىيۈزى قاتارلىق يەرلەردىن كىرگەن بالىلاركەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە رەھمىتۇللا ئىسىملىك بىرەيلەن چولۇقىقايدىكى بىر مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ، بومبا ياسىغان. ياساش جەريانىدا مەشغۇلات خاتالىقى كۆرۈلۈپ بومبا پارتلاپ كەتكەن ۋە قولى-يۈزى يارىلانغان ئىكەن. ئۇيغۇر تىلىنى جايىدا ئىشلەتمەسلىكنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيىنى

توغرىسىدا بۇ تۈرمىدىشىم مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى: «بىزنىڭ يېقىنلىرىمىزدىن بىر نەچچەيلەن پارتلاتقۇچ ياساپ سايلىقتا سىناپ باقماقچى بولغان، لېكىن سىناق ئۇتتۇقلۇق بولماي، ئاردىن ئىككىيلەن سەۋەبىنى بىلمەكچى بولۇپ پارتلاتقۇچنى تەكشۈرگەن، ئەسلىدە پارتلاتقۇچ پىلىك ئارقىلىق پارتلايدىغان بولۇپ، بۇلار پارتلاتقۇچنى ئوڭشاۋاتقاندا يەنە بىر ھەمرايى: «پىلىككە ئوتنى ياقايمۇ؟» دەپ ۋارقىرىغان، بۇ ئىككىيلەن: «ياق» دەپ جاۋاب بەرگەن (ياقماي تۇرغىن دېگەن مەنىدە). ئۇ يەردىكى ھەمرايى «ياق» (ياقماي تۇرغىن) دېگەن مەنىدىكى «ياق»نى، «ياققىن» مەنىدىكى «ياق» دەپ چۈشىنىپ، ئوتنى يېقىۋەتكەن. نەتىجىدە، ئۇ ئىككىسى ئۇ يەردىن ئايرىلمايلا بومبا پارتلاپ كەتكەن. قايسى مەھەللە ئىكەنلىكى ئېسىمدە قالماپتۇ».

## 2-ھېكايە

غۇلجا ناھىيەلىك ساقچى تۈرمىسىگە ئارۇزا يېزىسىلىق ئابباس قارىنىڭ ئوغلىمۇ بار ئىدى (ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن) دادىسىنىڭ ئىشى سەۋەبىدىن كىرىپ قالغان ئىكەن.

تۈرمىنىڭ شارائىتى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، ھەر كۈنى ھاۋالاندۇرۇش ۋاقتى بەش مىنۇتقىمۇ يەتمەيدۇ، بەزىدە يوقلاڭ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىزنى ئايلارچە ھاۋالاندۇرۇشقىمۇ ئېلىپ چىقمايدۇ. بىر قېتىم بىزنى بىر ئاي ھاۋالاندۇرۇشقا ئېلىپ چىقمىدى. پەقەت ئىككى ئادەم كۈندە بىر قېتىم تاھارەت تۇڭىنى تۆككىلى چىقاتتى. تازىلىق ئۈچۈن بىر كۈندە يېرىم چېلەك سۇ بېرەتتى. ئۇ سۇنى يۈز يۇيۇش، تازىلىق، كىر يۇيۇش قاتارلىقلارغا نۆۋەتلىشىپ ئىشلىتەتتۇق. بىر ئايدىن كېيىن

كامىرنى قىچىشقاق قاپلاپ كەتتى، ھاياتىمدا ئاڭلاپ باقمىغان دەرىجىدە ئېغىر. بەزىلەر يانپاشنى يەرگە قويۇپ ئولتۇرالمايتتى. چۈنكى پۈتۈن يانپىشىنى ئۇچى يىرىڭلىق بىر خىل قىچىشقاق قاپلاپ كەتكەن، بەدىنىنىڭ ئالا يېرى يوق. ئۈستى-ئۈستىلەپ چىقىدىكەن، ھەتتا كۆندىلىك بەرگەن مومنى ئىككىگە بۆلەي دېسىمۇ قولىدىكى يىرىڭلار كۆچىنىپ ئېقىپ كېتەتتى، بىز مومنى يۇمشىتىپ يېگۈزۈپ قوياتتۇق، كەچتە ئىككى قولنى پايپاق، مايكا دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن باغلاپ قوياتتۇق. شۇنداق قىلمىساق ئۇيقىچىلىقتا تاتلىۋەتسە، تېخىمۇ ئېغىرلاپ كېتەتتى.

تۈرمە دوختۇرىغا دېسەك باش ئاغرىسىمۇ، ئاشقازان ئاغرىسىمۇ، چىش ئاغرىسىمۇ، قىچىشقاق چىقسىمۇ ئوخشاش قىزىل تابلېت دورىنى بېرەتتى. بىر كۈنى بىر نەچچەيلەن ئاغرىپ قالغاننى باھانە قىلىپ شۇ دورىنى ئىككى تالدىن ئالدۇق، ئۇ چاغلاردا ھەپتىدە ئىككى قېتىم پۇلغا تاماق ساتاتتى، شۇ تاماقتىن چىققان بىر نەچچە تال مايىنى ئېلىۋېلىپ، دورىنى ئېزىپ شۇ مايغا ئىلەشتۈرۈپ ئۆزىمىز بىر مەلھەم ياسىدۇق. ئاندىن قىچىشقاق ئېغىرلاپ كەتكەن قېرىندىشىمىزنىڭ يارىسىنى بىر-بىرلەپ سوپۇپ ئېلىۋەتتۇق، جاراھەت ئورنىدىن تۇخۇمنىڭ ئىچىدەك قويۇق شىلىمشىق نەرسە ئېقىپ چىقتى، 15 مىنۇتچە تۇرغۇزۇپ ھۆللۈك ئازلىغاندىن كېيىن، ياسىغان مەلھەمنى سۈركەپ قويدۇق، ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن شۇ سەۋەبتىن ساقايغان بولدى.

### 3-ھېكايە

مەن تۇنجى قېتىم 2-ئاينىڭ 5-كۈنى تۇتۇلغان، شۇ كۈنى بىزنى يېڭى ھاياتتىكى ھەربىي گازارمىدىن ئېلىپ چىقىپ، يولنىڭ قارشىسىدىكى قارا دەرۋازىنىڭ ئىچىگە ئەكىردى.

دەرۋازىدىن كىرگەندە ئوڭ قول تەرەپتە مەمۇرىي تۇتۇپ تۇرۇش ئورنى، ئۇنىڭدىن ئۆتكەندە زەھەرلىك چېكىملىك تاشلاتقۇزۇش ئورنى، ئۇدۇلدا بولسا يېڭى بىر دەرۋازا بولۇپ ئۇ كامېر ئىدى. ئەكىرىۋاتقان 5-فېۋرال تۇتقۇنلىرى كۆپ بولغاچقا، ئۇدۇللۇق كىرگەنلەرنى بۆلۈپ بىر قىسمىنى قارا كامېرغا، بىر قىسمىنى مەمۇرىي تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا (ئەسلىدىكى 15 كۈنلۈك تۇتۇپ تۇرۇش ئورنى) سولاشقا باشلىدى. مېنىمۇ شۇ قاراردا تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا ئەكىردى. تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرگىنىمدە، بۇ يەردىكى مەيدانغىمۇ بىرەر يۈزچە بالىنى ئەكىرىپ بولۇپتىكەن، چۈشتىن كېيىن بىزنى بۆلۈپ كامېرغا سولىۋەتتى. نورمالدا ئالتە كىشىلىك كامېرغا 40 تىن ئوشۇق بالا سولاندى، شۇ كۈنى كەچكىچە تۇتقۇن قىلىنغان باللارنى ئەكىرىش توختىمىدى. ئەتىسى ئەتىگەنگىچە ھەرقايسى ناھىيەلەرنىڭ ئادەملىرىنى ئۆز ئورنىغا قايتۇرىمىز، دەپ باشقا ناھىيەدىن كەلگەن باللارنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن بولدى. شۇ كۈنى چۈش ۋاقتى بولا-بولمايلا يەنە قايتىدىن يېڭى باللارنى ئەكىرىپ، كامېرنى توشقۇزىۋەتتى. ياغاچ سۇپا ئۈستىدە ئېغىر تاياق، يەپ ئورنىدىن تۇرالماس بولۇپ قالغانلاردىن باشقىلار ئاساسەن ئۆرە تۇرمىساق، يېڭى كىرگەنلەر سىغمايتتى. 3-كۈنىگە كەلگەندە خېلى كۆپ باللارنى قويىۋەتكەن بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئازلاپ-ئازلاپ ھەر بىر كامېردا 35 بىلەن 40 چە بالا قالدى.

ئېسىمدە قېلىشىچە روزا ھېيت ئۆتۈپ بىر قانچە كۈندىن كېيىن، بىر ئۇيغۇر تۈرمە ساقچىسى بىزنىڭ كامېردىكى بىرەيلەنگە ئائىلىدىن ئەۋەتتى، دەپ بىر خالتىدا سامسا ئەكىرىپ بەردى.

بۇ چاغدا كامېردىكى باللارمۇ ئازلاپ 20 دەك ئادەم قالغانتى، بىر ئاكىمىز سامسىنى ھەممىمىزگە بىر تالدىن تارقاتقاچ: «يېگەندە

دىققەت قىلىپ يەرسىلەر!» دەپ چاقچاق قىلدى.

ئۇ ئاكىمىزنىڭ گېپى تۈگىمەيلا ئارىمىزدىن بىرى: «ئۇ ماڭا چىقتى» ، دېگىنىچە ئېغىزىدىن سولياۋغا ئورالغان كىچىك قاتلانغان خەتنى ئالدى. ئەسلىدە خەتنى سامسىنىڭ كەينىدىن بىر يەرنى ئېچىپ كىرگۈزۈۋەتكەنىكەن، ھەممىمىزنىڭ دىققىتى خەتتە بولۇپ قالدى، خەت ناھايىتى ئۇششاق يېزىلغان بولۇپ، بىر تەرىپىدە يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى قىسقىچە يېزىلغان ۋە بىزگە سەۋر تەۋسىيە قىلىنغانىدى. يەنە بىر تەرىپىدە جەمئىيەتنىڭ ئەھۋالى قىسقا شەكىلدە يېزىلغان بولۇپ، باللارنىڭ ئەڭ قىزىقىدىغىنى مۇشۇ ئىدى.

خەت مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

«باللىرىم سىلەر يوق نۇرغۇن ئائىلىلەردە ھېيتلىق ساڭزىلار سېلىنمىدى، سىلەر يوق ھېيتلىق داستىخانلار سېلىنمىدى، سىلەر يوق، ئەمما پەتىلەپ كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى» .

باللارنىڭ خەتنى ئوقۇپ كۆڭلى يېرىم بولغان بولسىمۇ، ئەمما خەلقىنىڭ ئۆزلىرىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلىپ بەك خۇرسەن بولغان ئىدى. بىز بۇ يەردە ئىككى ئاي تۇرۇپ قالدۇق، ئاندىن قالغانلارنىڭ ھەممىسىنى قارا كامىرغا يۆتكىدى، ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن مەنمۇ قويۇۋېتىلدىم.

## 4-ھېكايە

1997-يىلى 2-ئاينىڭ 5-كۈنى نامايىش خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ يېنىدىن، يەنى يېڭى تاقچىلىق كوچىسىدىن باشلانغان بولۇپ، بىزنىڭ ئۆيگە 200 مېتىرچە كېلەتتى، ھەرقايسى ناھىيەدىكى باللار 4-چېسلا شەھەرگە كىرىپ

تارقىلىپ ئورۇنلاشقان بولۇپ، نىلقىلىق باللار خەنبىگدىكى ئابدۇرېشىت ھاجىمنىڭ ئۆيىگە يىغىلغان ئىدى. يەنى 30 دەك بالا بار ئىدى. مەن شۇ چاغدا ئابدۇرېشىت ھاجىم بىلەن ئىككى ئاي بىر كامېردا تۇرغان ئىدىم.

نامايىشچىلار 5-چېسلا شەھەردە تاقچىلىق كوچىسى ئەتراپىغا يىغىلغان ئىدى . نامايىش باشلىنىپ لوزۇنكا چىقىرىلغان، تەكبىر توۋلانغاندا باللار دەرھال توپلىنىپ سەپكە تىزىلدى.

شۇ كۈنى نامايىشتىن كېيىن، يېڭى ھايات تۈرمىسىنىڭ قورۇسى ئىچىدىكى قار-مۇزلۇق داق يەرگە قولىدا كويزا، پۇتىدا كىشەن ھالەتتە تاشلاپ قويۇلغان ياشلار «پەيغەمبىرىمىز ئاشكارە دەۋەتكە چىققاندا 33 كىشى ئىكەندۇق، بىز بولساق 313 كىشى. پەيغەمبىرىمىز ئاشكارا دەۋەتتىن كېيىن ھاشىم جىلغىسىغا قامالغان، بىز بولساق ھاشىم قارىغۇنىڭ تۈرمىسىگە قامالدۇق» دەپ چاقچاق قىلىشقان ئىدۇق، شۇنداق جىددىي مىنۇتلاردىمۇ. شۇ چاغدا يېڭى ھايات تۈرمىسىنىڭ باشلىقى ھاشىم قارىغۇ دېگەن بىرى ئىدى.

## 5-ھېكايە

2-ئاينىڭ 5-كۈنى، مەن ئۆيدە ئىدىم. ئەتىگەندىلا تام قوشنىمىز يۈگۈرۈپ كىرىپ ئاپامغا: «ھەدە، ئوغلىڭىز سىرتقا چىقماي تۇرسۇن، كوچىدا ياش باللار توپ-توپ بولۇپ تۇرىدۇ»، دېگىنىچە كەينىگە ئۆرۈلۈپ چىقىپ كەتتى (بىزنىڭ ئۆي نامايىش باشلىغان ئورۇنغا 200 مېتىر كېلەتتى). مەن شۇ چاغلاردا ئالدىنقى كۈنى ئاغىنەمنىڭ دېگەن گېپىنى ئېسىمگە ئالدىم. لېكىن نېمە ئىش بولغىنىنى بىلمىگەچكە، كالالامدا

نەچچە خىل ئېھتىماللىقلار بار ئىدى. ئارىدىن يېرىم سائەتچە ئۆتكەندە تۇيۇقسىز سىرتتىن كۈچلۈك ۋارقىراشلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. نامايىشچىلار بىزنىڭ كوچىنىڭ دوقمۇشىدىن ئۆتكەندە (ئۆي بىلەن نامايىشچىلار ئۆتكەن كوچا ئارىلىقى 60 مېتىردەك كېلەتتى).

ئاۋاز تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلاندى. ئارىدىن ئون مىنۇت ئۆتۈپ ئاۋاز بېسىققاندا، مەن ئانامنىڭ دىققىتىنى تارتماسلىق ئۈچۈن كۆڭلەكنىڭ ئۈستىگە نېپىز يازلىق چاپاننى كىيىپ ھويلىغا چىقىشنى باھانە قىلىپ ئۆيدىن قاچتىم. مەن كوچا دوقمۇشىغا چىققىنىمدا، نامايىشچىلار ئاللىقاچان كېتىپ بولغان بولۇپ، يولدا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. مەن شۇ يەردىن شەھەرلىك ساقچى تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. شەھەرلىك ساقچىخانىغا ئاز قالغاندا كوچىلارغا تاشلىۋەتكەن چاپان ۋە قۇلاقچىلار تۇراتتى. (ئەسلىدە بالىلارنىڭ بىر-بىرىگە يېقىن مېڭىشى، زىچلىق ۋە جىددىيلىك سەۋەبىدىن بالىلار ئىسسىپ، يېتىشىپ مېڭىشى قۇلايسىز بولغانلىقتىن بىر قىسىم بالىلار ئېغىر كەلگەن كىيىملىرىنى سېلىۋەتكەن. بۇ يەر نامايىش باشلانغان ئورۇنغا تەخمىنەن 300 مېتىردەك كېلەتتى).

مەن شەھەرلىك ساقچىخانىدىن ئۆتۈپ، كىتابخانىنىڭ يېنىدىن كونسۇلغىچە، ئۇ يەردىن شەھەرلىك پارتكومنىڭ ئالدىغىچە يۈگۈرۈپ كەلدىم. كوچىدا ئاساسەن ئادەم يوق بولۇپ، مەن ئۇلارغا يېتىشەلمەيدىغانلىقىمنى جەزم قىلغاندىن كېيىن، ئارقامغا يېنىپ شەھەرلىك ساقچىخانىنىڭ ئالدىغا كەلگىنىمدە، بىرنەچچە ئەر-ئايال ساقچىخانىنىڭ ئالدىدا توپلىشىپ تۇراتتى، مەنمۇ شۇلارغا قېتىلدىم. بىردەمدە بۇ يەرگە يىغىلغانلار 50~60 ئادەم بولدى.

ئارىدىن ئازراق ۋاقىت ئۆتۈپ بىر ماشىنا نامايىشتىن تۇتۇلغان

تۇنجى تۈركۈمدىكى باللارنى ئېلىپ كەلدى. بىز بۇنى كۆرۈپ ساقچىلار بىلەن مۇنازىرە قىلىشقا باشلىدۇق. ساقچىلار ماشىنىدىن، ئۇندىن ئارتۇق بالىنىڭ بېشىنى تۆۋەن قىلغىنىچە چۈشۈرۈپ ساقچىخانىغا ئېلىپ ماڭدى. باللارنى ئېلىپ كەلگەن ماشىنا كەينىگە يېنىش جەريانىدا، ماشىنىنىڭ ئالدىنقى بىخەتەرلىك قاپقىقى دۈۋىلەپ قويۇلغان قارغا ئۇرۇلۇپ بىراقلا ئاجراپ سۆرىلىپ قالدى. بۇنى كۆرۈپ ھەممىمىز ۋارقىرىشىپ كەتتۇق. ئۆزلىرىگە كەلگەن بۇ كېلىشمەسلىكتىن بىزنىڭ خۇش بولۇپ كەتكىنىمىزنى كۆرگەن بىر توپ ساقچى بىز تەرەپكە يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە، ھەممەيلەن كەينىگە بىرنەچچە قەدەم چېكىندى. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي جايىمدا تۇرۇپ قالدىم. ساقچىلار بولسا كېلىپ ماڭا ئېسىلدى ۋە قولۇمنى كەينىگە قىلىپ مېنىمۇ ساقچىخانىغا ئېلىپ ماڭدى، كەينىمدىن بىر ئايال: «بۇ بالىنى قويۇۋەت! نېمىشقا تۇتىسەن!!» دەپ ۋارقىرىدى. مېنى ساقچىخانىغا ئەكىرىپ، بىرىنچى قەۋەتتە سول تەرەپتىكى زالدا تۇرغان تۇتقۇن باللارغا قېتىۋەتتى.

زالنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىشخانىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق بولۇپ، باللارنىڭ بىر قىسمى زالدا، بىر قىسمى ئىشخانىدا ئىدى. ئىشخانىنىڭ دېرىزىسىدىن سىرتنى كۆرگىلى بولاتتى. مەن دېرىزىدىن سىرتقا قارىسام، ساقچىخانىنىڭ ئالدىدىكى يىغىلغان ئادەملەر تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتىپتۇ. شۇ كۈنى ساقچىخانىنىڭ ئالدىغا يىغىلغانلارنىڭ ئارىسىدا بىزنىڭ قوشنىمىزمۇ بولۇپ، مېنىڭ خەۋىرىمنى ئانامغا شۇ قوشنىمىز يەتكۈزگەن ئىكەن. بىز بۇ يەردە ئالاھازەل بىرەر سائەت تۇرۇپ قالدۇق. بىزدىن كېيىن باشقا باللارنىمۇ ئەكىرمىدى.

ساقچىخانىنىڭ ئالدىدا خېلى كۆپ ئادەم توپلىنىپ كەتكەچكە،

كېيىن ئەكەلگەن باللارنى ئىچىگە ئەكىرىش مۇمكىن بولمىغان ئوخشايدۇ. ئاندىن ھەربىرىمىزنى بىردىن ساقچى قولىمىزنى كەينىگە، بېشىمىزنى تۆۋەن قىلغىنىچە ئاچىقىپ پەستىكى ماشىنىغا چىقاردى، باللار توختىماي شوئار توۋلايتتى، بۇنى كۆرگەن ساقچىخانىنىڭ ئالدىدىكى خەلق تېخىمۇ جانلىق تەۋرىنىپ كەتتى. ماشىنىدا بىر-بىرىمىزنى كۆرۈشكە رۇخسەت قىلمىدى. بېشى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىدىن سەللا ئېگىز كۆتۈرگەنلەرنى تۆمۈر كالتەك بىلەن ئۇراتتى. ماشىنا قوزغالدى، بېشىمغا تەگكەن بىر كالتەك بەدىلىگە ماشىنىنىڭ بوينى كېسىكتىن ئۆتۈپ يېڭى ھايات تەرەپكە قاراپ ماڭغىنىنى كۆردۈم. ماشىنىنىڭ ئىچىدە توختىماي تېگىشۋاتقان تاياق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بەلكىم باشقىلارمۇ ماشىنىنىڭ نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن دېرىزىدىن سىرتقا قاراۋاتقان بولۇشى ياكى ئاخىرقى قېتىم ئەتراپنى بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن سىرتقا قاراۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

## 6-ھېكايە

ماشىنا بىردەمدىلا يېڭى ھايات سولاقخانىسىنىڭ قارشىسىدىكى ھەربىي گازارمىنىڭ ئالدىغا كەلدى. بىرنەچچە ئەسكەر گازارمىنىڭ ئالدىدىكى توسۇقلارنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن ماشىنا گازارمىنىڭ ئىچىگە كىردى.

ماشىنا دەرۋازىدىن كىرىپ ئەللىك مېتىرچە مېڭىپ بىر مەيدانىنىڭ ئالدىدا توختىدى ۋە بىزنى ماشىنىدىن چۈشۈشكە بۇيرۇدى. مەن ماشىنىدىن چۈشۈش جەريانىدا بىزدىن بۇرۇن ئەكىرگەن باللارنى قارلىرى چالا تازىلانغان، ئاستىدىكى مۇزلىرىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان سېمونت مەيدانىنىڭ ئۈستىدە قوللىرىنى باشلىرىغا قويۇپ چەمبەر شەكلىدە ياتقۇزۇپ قويغانلىقىنى ۋە بۇنىڭدەك

چەمبەردىن بىرنەچچىسىنىڭ بارلىقىنى كۆردۈم (بۇ گازارمىدا بۇنىداق مەيداندىن يەنە قانچىسى بارلىقى ماڭا نامەلۇم ئىدى).

بىز ماشىنىدىن چۈشكەندىن كېيىن، بىزنىمۇ چەمبەر شەكلىدە دۈم ياتقۇزۇپ، قولىمىزنى بېشىمىزغا قويۇشقا بۇيرۇدى. ئەتراپ پۈتۈنلەي ھەربىيلەر بىلەن قورشالغان. سەل نېرىدا قوراللىق ھەربىيلەر قوراللىرىنى بىز تەرەپكە قارىتىپ تۇراتتى، قوللىرىدا كالتەك كۆتۈرۈۋالغان ۋە ئىتلىرىنى يېتىلىۋالغان ھەربىيلەر بولسا يېنىمىزدىلا بولۇپ بالىلارنى توختىماي ئۇراتتى. بالىلاردىن بىرمۇ سوئال سورالمايدۇ، «ماڭ! تۇر! ئولتۇر!» دېگەندەك بىرەر بۇيرۇقمۇ بېرىلمەيدۇ. پەقەت «بېشىڭنى كۆتۈرمە! گەپ قىلما!» دېگەن مۇشۇ ئىككى ئېغىز خىتايچە گەپلا بار. ئەمما تاياق توختىمايدۇ. كالتەك پەقەت باش ۋە دۈمبە (ئۆپكە تەرەپ) گىلا تېگىدۇ. ئەتراپتا پەقەت ئەسكەرلەرنىڭ سەت ۋارقىراشقان ئاۋازى ۋە تاياق ئاۋازىلا ئاڭلىنىدۇ. بېشىمىزنى كۆتۈرۈش مۇمكىن بولمىغاچقا ئەتراپىمىزدىكى بالىلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيتتۇق.

قەسەم قىلىمەنكى، بۇ جەرياندا بىرە بالىنىڭ تاياق زەربىسىدىن ۋايسىغىنىنى ياكى ئەسكەرلەرگە يالۋۇرغىنىنى ئاڭلىمىدىم. پەقەت بەزى بالىلارنىڭ سەۋر قىلىش ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدا ئاجىزلىق قىلىپ سالماسلىق توغرىسىدىكى تەۋسىيەلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ بىزنىڭ كۈچىمىزگە كۈچ قوشاتتى.

بىز بۇ يەردە تەخمىنەن ئىككى سائەتتەك تۇرۇپ قالدۇق. ئاندىن بىزنى يەنە ماشىنىغا چىقىشقا بۇيرۇدى. يەنە باشلىرىمىزنى تۆۋەن قىلغىنىچە گازارمىدىن ئېلىپ چىقىپ، يولنىڭ قىيپاش ئۇدۇلىدىكى يېڭى ھايات تۈرمىسىنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى.

ھەربىي گازارمىدا بولغان ئىشلارنى پەقەت: «ئادەمنىڭ رىزقى

تۆگىمىسىلا، تاياق يېگەنگە ئۆلۈپ قالمايدىكەن» دېگەن سۆزگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

بىزنى نېمە ئۈچۈن شەھەرلىك ساقچىدىن ئۇدۇللا تۈرمىگە ئەكىرمەي ھەربىي گازارمىغا ئەكىرىدۇ؟ بۇنىڭدىكى سەۋەب نېمە؟

مېنىڭچە بۇنىڭدا تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن:

بىرىنچىدىن، ھەرقايسى مەشرەپ گۇرۇپپىلىرىغا كىرگۈزگەن ئىشپىيونلىرى ئارقىلىق شۇ كۈنى تۇتۇلغان باللار ئارىسىدىن نۇقتىلىق دەپ قارىغانلىرىنى ئايرىۋالغان بولۇشى مۇمكىن.

ئىككىنچىدىن، باللارنى بۇنچە سوغۇقتا مۇزلۇق سېمونتنىڭ ئۈستىدە ياتقۇزۇش ۋە توختىماي ئۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ جاسارىتىنى سۇندۇرماقچى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۈچىنچىدىن، ھېچ ئىش كۆرمىگەن ئەسكەرلىرىگە يۈرەك پەيدا قىلىش ۋە باللارغا تاياق سەۋەبىدىن بېرە ئاسارەت قىلىشى ئۈچۈن.

بۇنىڭدىن باشقا سەۋەبلەر ياكى يۇقىرىقى سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسى بولۇشى مۇمكىن. يۇقىرىقىلار پەقەت مېنىڭ ئويلىغانلىرىم.

## 7-ھېكايە

مەن بۇنىڭدىن بۇرۇن ھەر قېتىم بۇ يولدىن ئۆتكەندە، سۈرلۈك قارا دەرۋازىغا سىرتتىن قاراپ قوياتتىم. ئەمما مەن بۇ قېتىم بۇ دەرۋازىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىلدىم.

دەرۋازىنىڭ سىرتىدا ساقچىلار ئانچە كۆپ ئەمەس، ھەممە

ئىش نۇرمالدەك كۆرۈنەتتى. دەرۋازىنىڭ ئىچىدە بولسا ئەسكەرلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى ماشىنا ئۇدۇل مېڭىپ «قارا خوزا» ئالدىدا توختىدى. سولىۋالغان باللار كۆپ بولغاچقا باللارنى بۆلۈپ سولاۋاتقان ئىكەن.

ئەسكەرلەر بىزنى ئەكەلگەن ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ماشىنىدىن چۈشۈشكە بۇيرۇدى. ئەسكەرلەرنىڭ قولىدا ئاساسەن كالتەك بولۇپ، بەزىلەر ئىت يېتىلىۋالغان ئىدى. بىز ماشىنىدىن چۈشۈپ تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، دەرۋازىنى ئىچى تەرەپتىن بىر گۇندىپاي ئاچتى ۋە بىزنى ئىچكە كىرىشكە بۇيرۇدى.

مەن دەرۋازىدىن كىرىپ ئالدىمدىكى مەنزىرىدىن ھەيران قالدىم. بىزدىن بۇرۇن بۇ يەرگە بىرە يۈزدەك بالا ئېلىپ كېلىنگەن بولۇپ، ھەممىسى تام تەرەپكە قارىتىلىپ توڭ يەرگە تىزىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇلغان ئىدى. كۆپىنچىسىنىڭ بېشى يېرىلغان بولۇپ ئاققان قان بويۇن، يۈز ۋە كىيىملىرىنى قان قىلىۋەتكەن بولغاچقا ئەتراپنى سۈرلۈك كۆرسىتەتتى.

بىز ئىشكتىن كىرگەندىن كېيىن، گۇندىپاي بىزگە ئاياغ، بەل تاسمىسى، چاپان قاتارلىقلارنى تاپشۇرۇشنى بۇيرۇدى. مەن ئاياغ ۋە بەل تاسمىسىنى چىقىرىپ گۇندىپايغا بەردىم. ئۈستۈمدىكى نېپىز يازلىق چاپان بولغاچقا، گۇندىپاي قاراپ قويۇپ: «بولدى، چاپىنىڭنى سالما!» دەپ ئۆتكۈزۈۋەتتى.

مەن باللارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەچ ئۇلارنىڭ چىرايىغا قارىدىم. ئۇلارمۇ يېڭى كىرگەنلەرگە قاراپ سالام قىلغاچ: «ئاللاھ سەۋر بەرسۇن» دەپ بوشقىنە پىچىرلايتتى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن بىرخىل جەسۇرلۇق، مەغرۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى، كۆزلىرىدە

قورقۇنچتىن ئەسەرمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ تەرەپتىكى قار دۆۋىسى ئۈستىدە ئىككى-ئۈچ بالا ھوشسىز تاشلاپ قويۇلغان بولۇپ، يېنىدا ھېچكىم يوق ئىدى.

تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىنىڭ دەرۋازىسى ئىچىدە ئەسكەرلەر يوق ئىدى، بىرنەچچە تۇرمە ساقچىسى ۋە گۇندىپايلار بار بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر ئىدى.

## 8-ھېكايە

بۈگۈن رامىزاننىڭ 27-كۈنى ئىدى. كەچكە يېقىن ھەممىمىزنى بۆلۈپ كامېرلارغا سولىۋەتتى. بىزنى ئەكىرگەن كامېردا ئېغىر يارىلانغان بىر نەچچەيلەن باركەن. ھەممىسىنىڭ بېشىدىن قان ئېقىپ تۇراتتى. باشتىكى قاننى توختىتىش ئۈچۈن چاپاننى سېلىپ بىر نەچچە پارچە قىلىپ يىرتىپ، بىر قىسمىدا قانلارنى سۈرتۈپ تازىلىدۇق، بىر قىسمىدا باشنى تاڭغان بولدۇق. ئاڭغىچە ئىپتار ۋاقتى بولدى. ئېغىز ئاچقۇدەك سۇمۇ يوق، ئاخىرى نىيىتىمىز بىلەنلا ئېغىزىمىزنى ئاچتۇق.

كامېرنىڭ يېرىمىغا يەردىن ئوتتۇز سانتىمېتىردەك ئېگىزلىكتە ياغاچ سۇپا چىقىرىلغان بولۇپ، نۇرمالدا ئالتە كىشى سىغاتتى. قالغان يېرىمىغا سېمونت قاتۇرۇلغان، ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن ئايرىلغان يەر. تامنىڭ بۇلۇڭىغا بىر تۇڭ قويۇلغان بولۇپ، ئالدىغا بىر پارچە رەخت تارتىپ قويۇلغانتى.

ئارىمىزدىكى تۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىغان بىر نەچچەيلەننى سۇپىغا ياتقۇزدۇق. سۇپىنىڭ قالغان يېرىمىغا ئىككى تىزنى ئېڭەككە تەگكۈزۈپ ئولتۇرۇپ يەنە نەچچەيلەن پاتتى. قالغانلار پەستە بولۇپ، ئالدىرىماي ماگسا بولغۇدەك ساندا ئادەم قالغاندۇق.

چۈنكى پەستە يېتىش ياكى ئولتۇرۇشقا بولمايتتى. پەقەت توختىماي ماڭساق ياخشى بولاتتى. ھەممىمىزدە ئاياغ ياكى چاپانمۇ يوق. بىر سائەتتە بىر ئۆستىدىكى ئولتۇرغانلار بىلەن ئالمىشىپ تاڭ ئاتقۇزدۇق. زولۇققا يەنە قورۇق نىيەتلا قىلدۇق.

ئەتىسى سائەت ئون بولمايلا يەنە باللارنى ئەكىرىشكە باشلىدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن بىر قىسىم باللارنى: «ئۆزى تۇرۇشلۇق ناھىيەلەرگە قايتۇرۇلىدۇ!» دەپ، ھەرقايسى ناھىيەنىڭ باللىرىنى ئايرىم ئېلىپ چىقىپ كەتتى. لېكىن شۇ كۈنى كەچكىچە باللارنى ئەكىرىش توختىمىدى. ئېپتار ۋاقتى بولغاندا باللار يەنە نىيەتلىرىگە ئاساسەن ئېغىز ئاچقان بولدى. ئاردىن بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن گۇندىپاي: «كامېردا نەچچە ئادەم بولسا ساناڭلار!» دەپ، سان بويىچە بىردىن موما ۋە بىرنەچچە تاماق قاچىسىدا چاي بەردى.

ئۈچىنچى كۈنى بىزنى بىر بىرلەپ سوراققا ئېلىپ چىقىشقا باشلىدى. سوراقتا ئىككىلا سوئال: نامايىشقا چىقتىڭمۇ؟ نامايىشقا قاتنىششىنى كىم ساڭا خەۋەر قىلدى؟

شۇ كۈنى خېلى كۆپ باللار قويۇپ بېرىلدى. شۇ كۈنى سوراققا چاقىرىلمىغان باللارنى كېيىنكى ئىككى كۈندە داۋاملىق سوراق قىلدى. ئەمما كېيىنكى ئىككى كۈندە قويۇپ بېرىلگەنلەر ئاز بولدى.

كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتتى. بۇ كۈنلەردە يەنە باللارنى ئانچە-مۇنچە قويۇپ بەرگەن بولدى. ئاردىن بىرەر ئاي ئۆتكەندە، باللار ئىككىنچى قېتىملىق سوراققا تارتىلدى. ئەمما بۇ قېتىم سورالغىنى بىرلا سوئال: نامايىشنى توغرا دەپ قارامسەن يوق؟

بۇ چاغلاردا ھەر كامېردا قويۇپ بېرىلىپ، باشقا تۈرمىلەرگە

يۆتكەپ يۈرۈپ، بىر نەچچە كامېردا قىرىقچە بالا قالغان بولۇپ، باللارنىڭ ھەممىسى نامايىش قىلىشىمىز توغرا، دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى.

تولۇق ئىككى ئاي بولغاندا بىر كۈنى ھەممىمىزنىڭ يۈك-تاقلىرىنى كۆتۈرگۈزۈپ، ئارقا تەرەپتىكى «قارا خوزا»غا يۆتكىدى. ئۇ يەرگە ئەكىرگەندە ھەممىمىزنى ئايرىم-ئايرىم كامېرلارغا بۆلۈۋەتتى.

مېنى 19-كامېرغا ئەكىردى. بۇ خىتاي كامېرى بولۇپ، كامېر باشلىقى خىتاي ئىكەن. مەن كىرگەندە بۇ كامېردا ئۈچ ئۇيغۇر بولۇپ، ئىككىسى تۆۋەن كېپەكيۈزلۈك مەن دېمەتلىك باللار ئىدى. يەنە بىرى ئارا كېپەكيۈزلىك تۇرسۇنمۇھەممەت قارىكام ئىكەن. قارىكام نامايىشتىن بۇرۇنلا تۇتۇلغان بولۇپ، باللارنىڭ ئىچىدە خېلىلا تونۇشلۇق ئىدى. مەن بۇ كامېردا بىر ئايدەك تۇرۇپ قالدىم. بىر كۈنى مېنى يۈك-تاقلىرىمنى ئېلىشقا بۇيرۇدى ۋە شۇ كۈنى قويۇۋەتتى.

## 9-ھېكايە

مەن تۈرمىدىن چىقىپ ئاز كۈندىن كېيىن، تۆپىدەك تارانچى مەسچىتىنىڭ يان تەرىپىدىكى كوچىدا ئۆيى بولغان قېرىندىشىمىزنىڭ مېيىتىنى تۈرمىدىن چىقىرىپ بەردى. قېرىندىشىمىز نامايىش كۈنى تۇتۇلغان بولۇپ 23 ياشتا، ئىسمى ئابدۇغېنى ئىدى. شۇ كۈنى پەتىگە كەلگەن ئادەم بەك كۆپ، پۇقراچە كىيىنگەن ساقچىلارمۇ جىق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ باللار شۇ قېرىندىشىمىزنىڭ نامىزىنى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە چۈشۈرگەن ئىدى.

بەلكىم بۇ توپتا شۇ نامازغا قاتناشقانلار بولۇشى مۇمكىن.

مېيىتنى قايسى تۇرمىدىن چىقاردى، نېمە سەۋەب كۆرسەتتى، بۇلار ئېنىسمەدە يوق. بىلىدىغانلار تولۇقلاپ قويساڭلار. ئۇ قېرىندىشىمىز خەنزۇ بازىرىدا كاۋاپچىلىق قىلغان، ئوتتۇرا بوي، سېمىزرەك كەلگەن بالا ئىدى. نامايىشتىن بۇرۇنمۇ سىرتتىن تونۇيتتىم.

## 10-ھېكايە

1997-يىلى 1-ئاينىڭ 19-كۈنى بىزنىڭ مەھەللىدىن (تەختىيۇن مەھەللىسى) بىر ئائىلىدىن ئۈچ ئاكا-ئۇكا قېرىنداشنى كېچە سائەت بىرلەر ئەتراپىدا تۇتۇپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ جاراڭلىق تەكبىر توۋلىغان ئاۋازلىرى جىمجىت كېچىدە مەھەللىنى بىر ئالدى.

بۇ ئۈچەيلەننىڭ چوڭىنىڭ ئىسمى تەلەت بولۇپ، ئۇ كېيىن قويۇۋېتىلدى. ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى تۇرغانتاي، سەككىز يىل كېسىلدى. ئۈچىنچىسىنىڭ ئىسمى ئەركىنتاي كېيىن قويۇۋېتىلدى.

شۇ ئىشتىن كېيىن مەھەللىدىكى بالىلارنىڭ ئىزدىشىپ تۇرۇشى تېخىمۇ قويۇقلاشتى. 3-فېۋرال بىز تەڭتۇشلار بىر يەرگە يىغىلغاندا، ئارىمىزدىكى بىرى: «ئاكامنىڭ دېيىشىچە، يېقىندا بىر ئىش بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، ھەممىمىزنىڭ ئىدىيە جەھەتتە تەييارلىق قىلىپ قويۇشىمىزنى ئېيتتى!» دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممىمىز بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ قويدۇق. خېلى ئۇزاققىچە پاراڭلاشقاندىن كېيىن تارقىلىپ كېتىشتۇق. ئەتىسى بىر كۈن جىمجىت ئۆتۈپ كەتتى، بالىلار بىلەنمۇ كۆرۈشەلمىدىم.

بۈگۈن 1997-يىلى 2-ئاينىڭ 5-كۈنى، مەن ئۈچۈن ۋە شۇنداقلا پۈتكۈل ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۇنتۇلماس بىر كۈن. چۈنكى بۈگۈن جەسۇر ئۇيغۇر ياشلىرى، ئۆزلىرىنى يېڭىلمەس كۈچ دەپ

قارايدىغان زالىم، قانخور كوممۇنىستلارنىڭ ئالدىدا ئۇرنىدىن دەس تۇرۇپ ھەقنى جاكارلىغان كۈن. چۈنكى بۈگۈن زالىم خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەقىدىسىنى تامامەن تۈگەشتۈردۇق دەپ ئويلىغان چاغدا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تەۋھىد ئەقىدىسىنى ھېچقانداق بىر كۈچنىڭ يوقىتىۋېتەلمەيدىغانلىقىنى زالىملارغا جاكارلىغان كۈن.

## 11-ھېكايە

بىز تۈرمىگە كىرىپ ئىككى ياكى ئۈچ ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، سۈيدۈگىدىكى مەلۇم بىر تۈرمىدىن بىر بالىنى يۆتكەپ كەلدى. بىز ئۇ بالىدىن سۈيدۈگىدىكى بالىلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىساق (ئەھۋالىنى دەپ بەرگەن لېكىن ئىسمىدە قالماپتۇ)، بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى كۆرۈپ: «سىلەر تۈرمىدە ئەمەس مېھمانخانىدا يېتىۋېتىپسىلەر، ئۇ يەردىكى قېرىنداشلار ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويۇڭلار!» دېگەنلىكى ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

## 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە خىتاي ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتكەن ساقچىلار

5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە، مەردلىك بىلەن نامەرتلىك ئوخشاشلا يالىڭاچ ھالەتتە ئوتتۇرىغا چىققان مەزگىل ئىدى. ھەر ئىككىسى ئۆز خەلقىڭ ئىدى. بىرىنىڭ مەرد ۋە سادىقلىقىغا، قەھرىمانلىقىغا مەدھىيە ئوقۇساڭ، يەنە بىرلىرىنىڭ خائىن ۋە ساتقىنلىقىغا نەپرەتلىنىسەن. بىرلىرى ۋەتىنى، مىللىتى ئۈچۈن ئىبغىر ۋە بەك ئىبغىر بەدەللەر تۆلىگەن بولسا؛ يەنە بىرلىرى كۆلۈپ ئويناپ، سورۇن قۇرۇپ تاماشا قىلىپ يۈرگەن

مەزگىللەر ئىدى.

چەتئەللەردە ياشاۋاتقان 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ غازىلىرى، 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە خىتايغا خىزمەت كۆرسىتىپ شەرەپ تاختىسىدىن ئورۇن ئالغان خائىن ساقچىلار ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ.

1. غۇلجا شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسى جىنايى ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى خالمۇرات. 1997-يىلى ئۇ كېپەكيۈزىگە يوشۇرۇنغان، تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان ياشلارنى تىڭ-تىڭلاپ چىققاندا، موتو بىلەن كوچىتلىكنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپ پۇتى سۇنغان. كېيىن ئۇ بېيجىڭدا ئوقۇدى. ئۇنىڭ 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە كۆرسەتكەن خىزمىتى ئاتالمىش ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان قامۇسقا كىرگۈزۈلگەن. ئىلى ئوبلاستى، ئىلى ۋىلايىتى ۋە غۇلجا شەھىرى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم مۇكاپاتلانغان. ئۇ ئەمر ئىبراھىم ئىسمايىلنى تۇتۇش مەخسۇس گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، بۇ جەرياندا نۇرغۇنلىغان بىگۇنا ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى ۋە ئۆلۈشىگە سەۋەب بولغان.

2. ئىلى ئوبلاستلىق ساقچى مۇھاجىرلار ۋە پاسپورت ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى خەي لاڭ(خۇيزۇ)، ئايالى ئۇيغۇر.

3. غۇلجا شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىدىكى شاھمۇرات

4. غۇلجا شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىدىكى سەيد ئەخمەت

5. غۇلجا شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىدىكى غوپۇرجان. غوپۇرجان ئەسلىدە غۇلجا شەھەرلىك قازانچى ساقچىخانىسىنىڭ باشلىقى بولغان.

6. ئىلى ئوبلاستلىق ساقچىدىكى مەمتىمىن

7. ئىلى ئوبلاستلىق ساقچىدىكى ئەركىن جوھۇت

8. ئىلى ئوبلاستلىق ساقچىدىكى قالىيبېك

9. ئىلى ئوبلاستلىق ساقچىدىكى ئەنۋەربېك

10. غۇلجا ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسىدىكى رەپقەت ۋە تېلىۋالدى زاھىت

11. مىجىت قانجۇق (مىجىت قانجۇق خەلق ئارىسىغا چاقچاقچى بولۇپ كىرىۋالغان بىلەن ئەمەلىيەتتە دۆلەت خەۋپسىزلىك ئورگىنىنىڭ ئادىمى)

غۇلجا 5-فېۋرال نامايىشى يۈز بېرىپ بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە كېپەكيۈزى، توخۇچىيۈزى ۋە ئارىزى قاتارلىق غۇلجا ناھىيەسىنىڭ ھەرقايسى يېزىلىرىدىن تۆت ئۇيغۇر ياشقا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. 50 دىن ئارتۇق ياش مۇددەتلىك ۋە مۇددەتسىز كېسىلدى. غۇلجا ناھىيەسىدە ئېلىپ بېرىلغان بۇ زور كۆلەملىك تۇتقۇندا قالىيبېك بىلەن ئەنۋەربېك ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. غۇلجا ناھىيەسىدىن تۇتۇلغان ياشلار ھەددى-ھېسابسىز بولۇپ، كېيىنكى يىللاردا بۇ ياشلار تۈرمىلەرگە تاشلاندى.

غۇلجا ناھىيەسىنىڭ دۆڭمازار يېزىسىدىكى ساقچى ئوبۇل ھاشىم، غۇلجا ناھىيەسىدىكى زور تۇتقۇنلاردا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، مەملىكەت بويىچە 1-دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن ساقچى بولۇپ مۇكاپاتلانغان ۋە ئىلى ئوبلاستلىق ساقچىغا يۆتكەپ كېلىنگەن.

# گۇەنتانامو پەسلى

(5-فېۋرالدىن گۇەنتانامو تۈرمىسىگىچە: ئادىلجان ھاكىمجاننىڭ ھايات ھېكايىسى)

## ۋەتەن تۇپراقلىرىغا پاتمىغان يىگىتلەر

ئادىلجان ھاكىمجان 1974-يىلى 10-ئاينىڭ 13-كۈنى غۇلجا شەھىرى ئۈچ دەرۋازا تەۋەسىدىكى 8-كوچىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئادىلجاننىڭ دادىسى ھاكىمجان ئاكا غۇلجا شەھەرلىك 15-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ھاكىمجان ئاكا قەدىمدىن تارتىپ غۇلجا شەھىرىدىكى باي يەر ئىگىلىرى، يۈز بېشى شائىيولار، مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زاتلار ۋە بىلىم ئىگىلىرى، زىيالىيلار، مەرد-مەردانە سەرخىل كىشىلەر كۆپلەپ يېتىشىپ چىققان كىپەكيۈزى يېزىسىغا يېقىن بولغان پەنجىم يېزىسىدا، يەنى تۆۋەنكى پەنجىم يېزىسىدىكى ئاۋۇت شائىيو ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئادىلجاننىڭ بوۋىسى ئاۋۇت شائىيو ئەينى ۋاقىتتا تۆۋەنكى پەنجىم يېزىسىدا 89 مو تېرىقچىلىق يېرىگە ئىگە، يەر تېرىپ بۇغدايلىرىنى يۇرت-يۇرتلارغا ئېلىپ بېرىپ سېتىپ، تىرىكچىلىك قىلىدىغان كىشى ئىدى. 1949-يىلى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى شەرقىي تۈركىستانغا تۇنجى ئايىغىنى باسا-باسماي زەربە بەرگەن ۋە يوق قىلىش نىشانى قىلغان كىشىلەر يەر ئىگىلىرى، يەنى «باي پومىشچىكلار» بولغان ئىدى. شۇ

ۋەجىدىن خىتاي بۇ ئائىلىنىڭمۇ 89 مو يېرىنى تارتىۋېلىپ، «پاي پومىشچىك» دەپ كوچمۇ كوچا سازايى قىلغان. ئاۋۇت ئاكىغىمۇ كۆرسەتمىگەن كۈنى قالمىغان ۋە ئاخىرىدا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. شۇ چاغدا ھاكىمجان ئاكا ئەمدىلا ئىككى ياشتا ئىدى.

ھاكىمجان ئاكىنىڭ يەتتە بالىسى بار بولۇپ، ئادىلجان باللارنىڭ ئۈچىنچىسى بولىدۇ. ئادىلجان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى غۇلجا شەھەر 2-ئوتتۇرا مەكتەپتە تاماملاپ، دادىسىنىڭ ياردىمىدە 1992-يىلى غۇلجا شەھەر تەشلەپكىدە، ئۇششاق-چۈشەك ئائىلە بۇيۇملىرى، مەسىلەن، يىپ-يىڭنە قاتارلىقلارنى ھەرقايسى سەھرا، يېزىلارغا توپ تارقىتىدىغان بىر توپ تارقىتىش دۇكىنى ئاچقان ئىدى. قوشنا دۇكاندىكى بىر يىگىتنىڭ تەسىرىدە ئادىلجان ئىسلام دىنىنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. ئاستا-ئاستا بەش ۋاخ نامازمۇ ئوقۇيدىغان بولدى. دىنىي ساۋاتلارنى ئاساسەن مۇشۇ يىگىتتىن ئالدى. بۇنىڭغا قوشۇمچە يەنە مەھەللىسىدىكى ياسىن قارىم ئىسىملىك كىشىدىن دىنىي دەرس ئېلىشقا باشلىدى.

1995-يىلى غۇلجا شەھىرىدە مەشرەپ باشلاندى. ئادىلجاننىڭ ئانىسى غۇلجا شەھەر خەنبىڭ يېزىسىلىق بولۇپ، ئانا تەرەپ بوۋىسى روزاخۇن ئاكىنىڭ ئۆيى غۇلجا شەھىرىنىڭ خەنبىڭ يېزىسىدا ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئادىلجان مەشرەپ ھەرىكىتىگە غۇلجا شەھىرىنىڭ خەنبىڭ يېزىسىدىكى باللار بىلەن قېتىلدى. مەشرەپ ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم بولاتتى. خەنبىڭ يېزىسىدىكى بۇ مەشرەپ گۇرۇپپىسىنىڭ قازىسى ت ئىسىملىك يىگىت ئىدى. مەشرەپنىڭ يىگىت بېشى بولسا ئادىلجان ئىدى. مەشرەپ ناھايىتى سۈپەتلىك ھالەتتە بىر يىلدەك داۋاملاشتى. مەشرەپكە كېلىدىغان ياشلارنىڭ سانىمۇ كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىپ 200 دىن ئېشىپ كەتتى. مەشرەپ ئارقىلىق ياشلاردا غايەت زور ئۆلگىرىلەش

كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئاتا-ئانىسىنى ھۆرمەتلەيدىغان، ھاراق-شاراب، زەھەرلىك چېكىملىكتىن قول ئۈزۈپ، بىز نېمە ئۈچۈن ياشايمىز؟ دەيدىغان سوئالنى ھەممە ياشلار ئۆزىدىن سورايدىغان ۋە بۇنىڭغا جاۋاب ئىزدەيدىغان بىر ۋەزىيەت شەكىللىنىۋاتاتتى. يەنى غۇلجا ياشلىرى كۈندىن-كۈنگە پاسسىپ، ھورۇن، ئەمما ياخشى، ھېچكىمگە زىيىنى يوق بىر ئادەمدىن، ئاكتىپ ئادەمگە ئۆزگىرىۋاتاتتى. بۇ يەردىكى زور ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبى بىرلا سوئالغا، يەنى «بىز نېمە ئۈچۈن ياشايمىز؟» دېگەن سوئالغا مەركەزلەشكەن ئىدى.

ئەينى چاغدىكى غۇلجا شەھرىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى ئەسلەپ ئادىلجان ھاكىم مۇنداق دەيدۇ: «يېزىدا بىرەرسىنىڭ ئائىلىسىدە قىينچىلىق كۆرۈلۈپ ياكى ئېتىزدىكى بۇغدىيىنى ئورالماي قالغان ۋە ياكى ھەرقانداق بىر ئىشتا قىينىلىپ قالغان ئەھۋاللار كۆرۈلسە، مەشرەپ گورۇپپىمىزدىكى باللار دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ شۇ ئائىلىنى قىينچىلىقتىن خالىي قىلاتتۇق. يېتىشىپ بولالمىغان ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىز گورۇپپا بولۇپ بېرىپ بىردەمدىلا قىلىۋېتەتتۇق. مەشرەپ ئۇيغۇرلاردىكى مېھرى-مۇھەببەت ۋە قېرىنداشلىقنى ئۇلغايتقان بىر چاغلار ئىدى. پۇتبول ۋە چېنىقىش ھەرىكەتلىرىمۇ ئىنتايىن ئەۋج ئالغان بولۇپ، مەھەللىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەشرەپ گورۇپپىلىرى ئارا پۇتبول مۇسابىقىلىرىمۇ ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. ئۇيغۇر ياشلىرىدىكى بۇ خىل ئاكتىپ ھالەتنى كۆرگەن خىتاي تەرەپ ئولتۇرالماي قالدى. بەزى باللارنى ساقچىلار تۇتۇپ ئەكېتىپ نېمە ئۈچۈن پۇتبول ئويناۋاتىسەن؟ نېمە ئۈچۈن چېنىقىۋاتىسەن؟ دەپ سوئال-سوراققا تارتقان ئەھۋاللارمۇ بولغان ئىدى. غۇلجىدىكى ياشلار ۋە مەشرەپ گورۇپپىلىرى ئارا ئېلىپ بېرىلىدىغان پۇتبول مۇسابىقىلىرىگە مەسئۇل قېرىندىشىمىز

رەخمەتتاينىمۇ قولغا ئالدى.

ئابدۇخېلىل مىجىتنى تۇنجى قېتىم قولغا ئېلىپ قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، دۆگمەھەللىلىك ئابدۇمىجىت ئابدۇراخمان قاتارلىق ياشلار مەشرەپنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇشقا باشلىدى. ئەسلىدە ئابدۇخېلىل تۈرمىدە قاتتىق ئاغرىپ كەتكەن بولۇپ، خىتاي ساقچىلىرى ئۇنى ئۇزاق ياشىيالمايدۇ، دەپ ئويلىغان ئىكەن. ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە ئاتا-ئانىسىنىڭ پەرۋىش قىلىپ بېقىشى نەتىجىسىدە ئۇ قايتا ئارىمىزغا قايتىپ كېلىپ دەۋەت، يەنى ياشلارنى ئۆزگەرتىش ئىشلىرىغا ئاتلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئابدۇخېلىل مىجىت تۈرمىدە يېتىش جەريانىدا نۇرغۇنلىغان سىياسىي مەھبۇسلار بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، ئىدىيە جەھەتتە ئىنتايىن ئىلغار ياشقا ئايلانغان ئىكەن. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ ئاتالمىش سىنجاڭدىكى كۆپلىگەن دىنىي ئۆلىما ۋە ئالىملار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، بارغانچە تاكامۇللىششقا قاراپ ماڭغان ئىدى. بۇلارنىڭ دەۋەتلىرىنى ئاڭلىغان نۇرغۇنلىغان ياشلار ئەيش-ئىشرەت، قىمار، نەشە ۋە ئاق تاماكا قاتارلىقلاردىن قول ئۈزۈپ، غۇلجا شەھرىدە ئىنتايىن گۈزەل بىر ئەخلاقىي مۇھىت پەيدا بولۇشقا باشلىغان ئىدى. ئەمما خىتاي مەشرەپ ئوينىغان، پۇتبول ئوينىغان ۋە چېنىققان ياشلارنى تەقىپ قىلىشقا باشلىدى.

كېيىنچە مەخپىي تۇتقۇن باشلاندى، نەتىجىدە ئابدۇخېلىل ۋە ئابدۇمىجىت قاتارلىق سەركىلەر بۇنداق ئەھۋالدا ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كېتىدىكەنمىز، ئەگەر يوقاپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇتلىقىمىزنى نامايان قىلىپ، بۇ جەھەتتە بىر تامغا بېسىلغاندەك بىر ئىشنى قىلىپ يوقاپ كېتەيلى، دېگەن تونۇشقا كېلىپ، نامايىشقا چىقىش پىلانىمۇ ئىنتايىن تۇيۇقسىز ھالەتتە

ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلار بۇ جەھەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ يول كۆرسەتكۈچى قىلىپ تاللىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئاۋۋال مەخپىي دەۋەت قىلىپ، ئاندىن ئاشكارا دەۋەتكە چىقىپ، ئاندىن ھىجرەت قىلغان، ئاندىن دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلغان ئىكەن.

نامايىش، يەنى ئاشكارا دەۋەتنىڭ ئىپىتق كۈنى تېخى بېكىتىلمىگەن ئىدى. ئەمما بىر ئاشكارا نامايىشنىڭ بولىدىغانلىقى ھەققىدە بەزى گەپ-سۆزلەر بولۇۋاتقان ئىدى ئوتتۇرىدا.

ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىي بولغانلىقى ھەمدە ساقچىلارنىڭ خەۋەر تېپىپ توسۇپ قويماسلىقى ئۈچۈن، بىر كۈن بۇرۇن ئاشكارا نامايىشنىڭ 2-ئاينىڭ 5-كۈنى بولىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى.

### *ئادىلجان ھاكىمنىڭ تۈرمە ھېكايىلىرى: ۋەتەن*

### 1-ھېكايە

1997-يىلى 2-ئاينىڭ 5-كۈنىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەنگە قەدەر مەن نامايىشتىن خەۋەر تاپالماي قاپتىمەن. ئەتىگەندە ساقچى ماشىنىلىرى چىقىراپ، شەھەر ئىچىدە بىر ئەنسىزلىك باشلىنىپ كەتتى. شەھەر كوچىلىرى ئادەملەر بىلەن لىق تولغان ئىدى. مەن ۋە بىر قانچە ئاغىنىمىز كوچىغا چىققان ۋاقتىمىزدا نامايىش ئاخىرلىشىپ، خىتاي تۈتىدىغانلارنى تۇتۇپ، ھەربىي ماشىنىلارغا بېسىپ ئېلىپ ماڭغان چاغلار ئىكەن.

بىز بەش-ئالتە ئاغىنە شەھەرلىك ساقچىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ساقچىلارنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالدۇق. ساقچىلار بىزنى توك كالتەكلىرى بىلەن باش-كۆزىمىزگە قاتتىق ئۇرغانچە

ماشىنىغا بىسىپ، ئۇدۇل غۇلجا شەھەرلىك «يېڭىھايات» تۇرمىسىگە ئېلىپ چىقتى ۋە كىچىككىنە ئۆيگە تۇرغۇزۇپ قويدى. كىچىككىنە بىر ئۆينىڭ ئىچىدە 30 دەك بالا بار ئىدۇق. ئۆي تۆت مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ پەقەت ئۆرىلا تۇرۇمىز. ئەتىسى سەھەردە ئاتا-ئانىلارنىڭ شەھەرلىك ساقچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ نامايىش قىلغانلىقىدىن، پەرزەنتلىرىمىز نەدە؟ پەرزەنتلىرىمىزنى قويۇپ بەر! دەپ شوئار توۋلىغانلىقىدىن خەۋەردار بولدۇق. يېڭى ھايات تۇرمىسىدە ئالتە كۈن تۇرغاندىن كېيىن قويۇپ بېرىلدىم. بۇ ئالتە كۈن ئىچىدە سوغۇقتا مۇزلاپ، تاياق يەپ باش-كۆز يېرىلىپ كەتكەندىن باشقا نەرسىنى خاتىرىلىمەك تەس.

## 2-ھېكايە

1997-يىلى تۆت-بەشىنچى ئايلار ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن (ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ). غۇلجا 5-فېۋرال ھەرىكىتىنىڭ سەركىلىرىدىن ئابدۇمجىت ئابدۇراخماننىڭ سىڭلىسى بىلەن توي قىلدىم. ھەر ئىككى ئائىلە خىتاي نەزىرىدە نۇقتىلىق ئائىلە دەپ قارالغانلىقى ئۈچۈن، ئەر-ئايال ئىككىمىز داۋاملىق چاقىرتىلىپ سوئال-سوراققا تارتىلىپ تۇراتتۇق. سەۋەبى، «مەشرەپكە قاتنىشىپسەن» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

توي قىلىپ بىر ئايدىن كېيىن، خىتاي ساقچىلىرى «سورايدىغان گەپ بار» دەپ مېنى دۇكاندىن تۇتۇپ كەتتى. يەنە بىر ئايغا يېقىن غۇلجا شەھەر يېڭىھايات تۇرمىسىدە ياتتىم. يەنىلا بۇرۇنقىغا ئوخشاش دەۋەتكە قاتنىشىپسەن ۋە دەۋەت قىلىپسەن دېگەندەك گەپلەر... سوراق ئاساسەن غۇلجا شەھەرلىك ساقچىنىڭ يەر ئاستى سوراقخانىسىدا بولدى. ئاساسلىقى غۇلجا

شەھەر ساقچىدىكى خالمۇرات قاتارلىق بىرقانچە ساقچى سوراق قىلدى. يېڭىھايات تۈرمىسىدە ئاساسەن سوراق بولمىدى.

## 3 ـ ھېكايە

3 ـ قېتىمدا ئوبلاستلىق ساقچىنىڭ ساقچىلىرى ئەتىگەندە ئۆيۈمگە كېلىپ، ئايالىم بىلەن مېنى قولغا ئالدى. سەۋەب يەنىلا بۇرۇنقىغا ئوخشاش تەبلىغ قىلىپسەن ۋە تەبلىغ ئاڭلاپسەن، دېگەن كونا گەپتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ چاغدا ئايالىم ھامىلدار بولغاچقا بىر قانچە كۈندىن كېيىن قويۇپ بەردى. مېنى بولسا ئوبلاستلىق ساقچىدا بىر كۈن سوراق قىلغاندىن كېيىن، يەنىلا شەھەرلىك ساقچىنىڭ سوراق قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

بۇ قېتىم 1997 ـ يىلى 4 ـ ئايدا غۇلجا شەھەرلىك مۇز مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئوچۇق سوتتىكى ھۆكۈمگە بۇيرۇلغان باللارنى بۇلاش پىلانىنى تۈزۈشكە قاتنىشىپسەن، دېگەن يېڭى بىر تۆھمەت قوشۇلغان ئىدى. سوراقتا ئاساسەن توكقا چېتىپ سوراق قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. كېچىچە قىينايدۇ. مەنمۇ توكقا چېتىلىپ سوراق قىلىندىم.

## 4 ـ ھېكايە

ئۈچىنچى قېتىم 1998 ـ يىلى كۈز پەسلىدە «يېڭى ھايات» تۈرمىسىگە كىرگەن ۋاقتىمدا، كامېردىكىلەر مېنى ئىمام قىلىپ قويدى. بىر كامېردا تەخمىنەن 20 دەك بالا تۇراتتۇق. بىر بەنچاڭ بار ئىدى. شۇ بەنچاڭنىڭ ئاستىدا ـ ئۈستىدە دېگەندەك قىستىلىشىپ ياتاتتۇق. تۈرمىدە كوللېكتىپ ناماز ئوقۇشقا رۇخسەت قىلمىسىمۇ، ئەمما باللار بىر كىشىنى ئىشىككە قارايدىغان قىلىپ

قويۇپ، ئوغرىلىقچە ناماز ئوقۇيدىكەن. بىر كۈنى شام نامىزىنى ئوقۇۋاتقانلىقىمنى ئۇستىگىلا ساقچىلار كىرىپ قالدى. بىر سېمىز خىتاي ساقچى مېنى ئىمام بولدۇڭ دەپ، باللارنىڭ ئالدىدىلا قاتتىق ئۇرۇپ ـ دۇمبالاپ كەتتى. ھەممىمىزنى بىر باشتىن ئۇرۇپ ساۋىغانچە تالاغا ئېلىپ چىقىپ، يالاڭ ئاياق ھالەتتە تۇرغۇزۇپ قويدى. مېنى ۋە يەنە بىر قېرىنداشىمىزنىڭ پۇتىنى بىر قىلىپ، 10 كىلو ئېغىرلىقتىكى كىشەننى ئىككىمىزنىڭ پۇتىمىزغا سېلىپ قويدى. ئون نەچچە كۈن ئەتراپىدا ئىككىمىز بىر كىشەننى كۆتۈرۈپ يۈردۇق. بىرىمىز ھاجەتكە كىرسەك يەنە بىرىمىز بىر پۇتىمىزنى ھاجەتخانىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ بەدىنىمىز سىرتتا كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتۇق. ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ قېرىنداشىمىزنى باشقا تۈرمىگە يۆتكىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئون كىلولۇق كىشەننى مەن ئۆزۈم يالغۇز كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم. بۇ قېتىم 36 كۈن ياتقاندىن كېيىن قويۇپ بېرىلدىم.

## 5 ـ ھېكايە

گەرچە مەن 5 ـ فېۋرال نامايىشىغا قاتنىشالماي قالغان بولساممۇ، لېكىن شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن يول چارلاۋاتقان ساقچىلار مېنى ۋە ئاغىنىلىرىمنى تۇتۇپ، بىزنى يېڭىھايات تۈرمىسىگە ئاپىرىۋەتكەندە، ئاشۇ قىستى ـ قىستاڭ كامېر ئىچىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك ئوغلى، غۇلجا مەشرەپ ھەرىكىتىنىڭ سەركىلىرىدىن ئابدۇكېرىم ئەخمەت ئاكىغا ئوخشاش ئوت يۈرەك ئاكىلار ۋە باشقا ئىلغار ياشلار بىلەن قىسقا مەزگىل بولسىمۇ بىللە تۇرغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى خۇشال ھېس قىلىمەن.

غۇلجا شەھىرىدىكى «يېڭىھايات» تۈرمىسىدە ئۈچ قېتىم ياتتىم. غۇلجا شەھەرلىك ساقچىنىڭ قىين ـ قىستاق ئەڭ ئېغىر

بولغان يەر ئاستى تۈرمىسىدە ئۈچ قېتىم سوراق قىلىندىم. تاياقنىمۇ ھارغىچە يېدىم. بەللىرىدىكى تاسمىلىرىنى چىقىرىپ رەھىمسىزلەرچە ساۋايتتى ساقچىلار. توك ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇش نورمال سوراق جەريانىغا ئايلانغان بولۇپ، بۇ ساقچىنىڭ سوراقخانىسىغا كىرگەن ھەرقانداق ئۇيغۇر بالىسى توك بىلەن قىيناشتىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى.

***قېچىشنىڭ تۈنجى بېكىتى: سۈرۈن قىرغىزىستان***

مەيلى ئىنسانلار ۋە جانلىقلار بولسۇن چىقىش يوللىرى ئېتىلىپ قالغاندا خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ئۆزىنى ياكى دەريا-دېڭىزغا ئاتىدۇ ياكى تاغ ۋە داۋانلارغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. بۆلارنىڭ ھەممىسى ھايات قېلىش ئۈچۈن ئۈمىد يوللىرى ئىزدەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

5-فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقى يۈز بەرگەندىن كېيىن، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتلىرى تار كەلگەن غۇلجىنىڭ ئوغۇل-قىزلىرى تاشقى دۇنياغا قاراپ يېڭى ھاياتلىق يوللىرى ئىزدەپ قېچىشقا باشلىدى. گەرچە بۇ يوللار ئىنتايىن خەتەرلىك يوللار بولسىمۇ، ئەمما ماڭماي ئامال يوق ئىدى. بۇ دەۋردە غۇلجىدىن قاچقان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ نىشانى ئىككى ئىدى. بىرى ھاياتلىق يولى ئىزدەش، يەنە بىرى، ھېچ بولمىغاندا خىتاينىڭ بۇرنىنى بولسىمۇ قانىتالىغۇدەك بىر چارە ئىزدەش ئىدى. چۈنكى شەھەر چارىسىز.

شۇنداق قىلىپ، ئادىلجان ھاكىمۇ يېڭى ھاياتلىق يولى ئىزدەش ۋە خىتايغا قارشى بىر چارە تېپىش مەقسىتىدە 1999-يىلى 11-ئاينىڭ 1-كۈنى ئۈرۈمچى ئارقىلىق قىرغىزىستانغا

كەلـدى. ئەمما قىرغىزىستانمۇ ئۇيغۇرلار ئۇچۇن بىخەتەر بىر دۆلەت ئەمەس بولۇپ، قىرغىزىستان ھەر ۋاقىت خىتاينىڭ ئارقا ھويلىسى بولۇشتەك مىسچانكا ھالىتىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن ئىدى. ئادىلجان بىشكەك شەھىرىدىكى تور بازىرىدا تىجارەت قىلىشقا باشلىدى.

بۇ مەزگىللەردە خىتاي بىلەن قىرغىزىستان، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان بىلەن چېگرىداش بولغان، ئۇيغۇرلارنىڭ قېرىندىشى ھېسابلىنىدىغان قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان... قاتارلىقلار بىرلىكتە «شاڭخەي بەش دۆلەت ھەمكارلىق تەشكىلاتى» قۇرۇش ھەلەكچىلىكىدە يۈرۈۋاتاتتى. «شاڭخەي بەش دۆلەت ھەمكارلىق تەشكىلاتى» دېگەنلىك، قىرغىنچىلىقتىن قاچقان ئۇيغۇرلارنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان تەشكىلات دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

ئادىلجان بىشكەككە كېلىپ، بىرەر ئايدىن كېيىن ئابابەكرى قاسىممۇ بىشكەككە يېتىپ كەلدى. بۇ ئىككىيلەن غۇلجىدىكى مەشرەپ ۋە دەۋەت ئارقىلىق تونۇشقان بۇرادەرلەردىن ئىدى. ئۇلار بىشكەكتە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، بۇ يەردىكى ۋەزىيەتنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئانچە پايدىلىق ئەمەسلىكىنى، قىرغىزىستاننىڭ ھەر ۋاقىت كىچىككىنە ئىشنى باھانە قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ئارانلا تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىشىپ، تۈركىيەگە كېتىش پىلانى تۈزۈشتى. ئۇلار ئاخىرى ئاۋۋال پاكىستانغا بېرىپ، پاكىستان ئارقىلىق ئىرانغا ئۆتۈپ ئاندىن تۈركىيەگە كىرىش پىلانى تۈزۈشتى. بۇنداق بولغاندا پاكىستان، ئىران قاتارلىق بىرقانچە دۆلەتلەرنىمۇ كۆرۈش ۋە ساياھەت قىلىۋېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بولاتتى.

### «تورا-بورا» تاغلىرى، بومباردىمان ۋە ئۇيغۇرلار

2001-يىلى 11-سېنتەبىر ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئامېرىكا تەرەپ ئافغانىستاننىڭ تورا-بورا تاغلىرىغا يوشۇرۇنغان تالىبانلارنىڭ بازىلىرىنى بومباردىمان قىلىشقا باشلىدى. تورا-بورا تاغلىرىنىڭ تاش-توپىلىرى ئاسمانغا سورۇلغان، كىشىلەر جان قايغۇسىدا قېچىشىۋاتقان، ئاسماندا ئامېرىكا ئايروپىلانلىرى يېغىپ كەتكەن ۋە تاغ تۈرانى نىشان ئېلىپ رەھىمسىزلەرچە بومباردىمان قىلىۋاتقان بولۇپ، بۇ رايوندا ئۆزىنى دالدىغا ئېلىش ھەلەكچىلىكىدە يۈرگەنلەر ئارىسىدا ئۇيغۇرلارمۇ بار ئىدى. يەنە كېلىپ غۇلجا 5-فېۋرال قىرغىنچىلىقىنىڭ تىرىك شاھىتلىرى ۋە گۇۋاھچىلىرىدىن ئادىلجان ھاكىم بىلەن ئابابەكرى قاسىممۇ بار ئىدى.

ئۇنداقتا ئادىلجان ھاكىم بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدى؟ بۇ سوئالغا ئۇنىڭ ھېكايىلىرى جاۋاب بېرىدۇ.

ئادىلجان ھاكىمنىڭ ھايات ھېكايىلىرى بەزىدە ئادىلجان ھاكىمنىڭ تىلى بىلەن، بەزىدە ئاپتورنىڭ تىلى بىلەن بايان قىلىنىدۇ.

### پاكىستان راۋالپىندى ھېكايىلىرى

شۇنداق قىلىپ، تۈركىيەگە پاكىستان ۋە ئىران ئارقىلىق كېلىش يولىنى تاللىغان ئادىلجان ھاكىم بىلەن ئابابەكرى قاسىم قىرغىزىستاندىن ئايروپىلان بىلەن، 2001-يىلىنىڭ ياز ئايلىرىدا پاكىستاننىڭ ئىسلام ئاباد شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. بىر قانچە

كۈن بۇ يەردە تۇرغاندىن كېيىن، پاكىستاننىڭ راۋالپىندى شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان مۇساپىر ئۇيغۇر بۇرادەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ قويۇش مەقسىتىدە راۋالپىندىغا كەلدى. ئىرانغا ئۆتۈش ئۈچۈن ۋىزا ئېلىشقا توغرا كېلىدىغان بولغاچقا ۋىزا ئۈچۈن ئىلتىماسىمۇ قىلىپ قويدى. ۋىزا ئىشلىرى تەستىقلانغۇچە، پاكىستاندا 10 ـ 20 كۈن تۇرۇپ قېلىشقا توغرا كەلدى. دەل بۇ مەزگىللەردە ھەسەن مەخسۇم ئافغانىستاندا ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنى تەربىيەلەيدىغان بىر بازا ئاچقان ۋە ئاللىقاچان ئەسكىرى تەلىم ـ تەربىيەنى باشلىۋەتكەن چاغلار ئىدى. راۋالپىندىدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلار بۇلارغا: ۋىزا ئىشلىرىڭلار پۈتكۈچە ئافغانىستان تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن كۆرۈشكەچ، خىتايغا قارشى ھەربىي ھازىرلىق ۋە چېنىقىش ئەھۋاللىرىنى كۆرۈپ كېلەمسىلەر؟ دېگەن تەكلىپنى بەردى. 5 ـ فېۋرال قىرغىنچىلىقىنىڭ بۇ ئىككى شاھىتى، خىتايغا قارشى ئەسكىرى تەلىم ـ تەربىيە ئېلىشنىڭ تولىمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، ئانا ۋەتىنىگە پاتماي، ياقا يۇرتقا چارە ئىزدەپ چىققانلىقى ئۈچۈن، بۇ تەكلىپكە قىزىقىپ قالدى. ئۇلارنىڭ خىتايغا قارشى ئەسكىرى تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان بۇ بازىنى كۆرگۈسى كەلدى.

## ئافغانىستان ۋە پاكىستان

### 1 ـ ھېكايە: جالال ئاباد

ئەينى كەچمىشكە ساھىب بۇ ئىككى ئۇيغۇر تەقدىرىنىڭ قىسمەتلىرى بىلەن، ئەينى چاغدىكى «تېررورلۇق ئۇۋىسى» دەپ قارىلىۋاتقان بۇ رايونلارغا ئۆزلىرىمۇ بىلىپ ـ بىلمەي كىرىپ كېتىشتى. خۇددى ئۇيغۇر ماقال ـ تەمسىللىرىدىكى «سۇغا كىرسەڭ

بىلىنگۈچە» دېگەندەك.

پاكىستاندىن يولغا چىققان بولكىۋاي ماشىنا پاكىستان-ئافغانىستان چېگرىسىدىكى بىر كىچىك شەھەردە توختاپ، ئاندىن ئافغانىستان چېگرىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى ھېچقانداق توساقسىز ۋە سوئال-سوراقسىزلا ئافغانىستاننىڭ جالالئاباد شەھىرىگە ئاپىرىپ قويىدى. بۇ يەردىكى ئۇيغۇر يىگىتلەر بۇ ئىككى مېھماننى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە ئۇلارنى ئۇيغۇرلار ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان «مەركەز» ئىسىملىك جايغا ئېلىپ باردى.

## 2 - ھېكايە: «تورا - بورا» تاغلىرى

بۇ ئىككى يىگىت جالال ئابادتىكى «ئۇيغۇر مەركەز» دە ئىككى ھەپتىدەك تۇرغاندىن كېيىن، تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ جالال ئابادنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان، ۋەتىنىمىزدىكى ئارغىبۇلاقنىڭ تاغلىرىغا ئوخشاپ قالىدىغان ئېگىز تاغ «تورا-بورا» تاغلىرىغا چىقتى. بۇ يەردە خىتاي زۇلۇمىدىن قاچقان، شۇنداقلا خىتايغا قارشى چارە ئىزدەۋاتقان 20دىن ئارتۇق ئۇيغۇر قېرىنداشلار ھەربىي جەھەتتە چېنىقىش ۋە تاكامۇللىشىش يوللىرىنى ئىزدەپ يۈرگەن ئىدى. ئۇ ھەربىي بازىنى ئۇيغۇرلار تېخى يېڭى قولىغا ئالغان بولغاچقا، يول ياساش، ئۆي سېلىش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان باشلانغۇچ قەدەملەرنى بېسىۋاتقان چاغلار ئىدى.

## 3 - ھېكايە: بومباردىماندا قالغان ئۇيغۇر يىگىتلىرى

دەل شۇ ئاي شۇ كۈنلەردە ئامېرىكا ئافغانىستاننى بومباردىمان قىلىشنىڭ تۇنجى بومبىسىنى تورا-بورا تاغلىرىدىن باشلىدى.

ئامېرىكا ئايروپىلان بىلەن تاشلىغان بومبىلار دەل ئۇيغۇرلار تۇرۇۋاتقان ئاشۇ مەركەزنىڭ ئەتراپىلىرىغا چۈشتى. بىر ئۇيغۇر يىگىتى شېھىت بولدى. بىرقانچىسى يارىلاندى. ئافغانىستاندىن پاكىستاننىڭ راۋالپىندى شەھىرىگە بارىدىغان بارلىق يوللار قامال قىلىندى. ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىي ئىدى. ئادىلجان بىلەن ئابابەكرى قاسىمۇ تورا-بورا تاغلىرىغا قاپسىلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ پاسپورتى ئىران كونسۇلخانىسىدا ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ تۈركىيەگە پاكىستان ۋە ئىراننى ساياھەت قىلىپ ئۆتۈش شېرىن چۈشى سۇغا چىلىشىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ تەقدىرىدە كۆندە دېگۈدەك يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار راۋالپىندىغا قايتالمىدى. پۇرسەت كۈتۈشى كېرەك ئىدى.

## 4-ھېكايە: مايمۇن بىلەن نان تالىشىپ يېيىش

بومباردىمان سەۋەبىدىن ئۇيغۇر يىگىتلىرىمۇ تورا-بورا تاغلىرىنىڭ ئىچكىرىسىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ، 5-فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقىنىڭ بۇ ئىككى شاھىتىگە ئاللاھ بۇ كۈنلەرنىمۇ كۆرۈشكە نېسىپ قىلغان ئىكەن، ئۆزلىرىمۇ تۇيمىغان ھالدا تورا-بورا تاغلىرىغا ئۆگىنىپمۇ قالدى. ئۇيغۇر يىگىتلىرى نان يېقىپ قۇرۇتۇپ، سوقۇپ تاغار-تاغارلارغا قاچىلاپ تاغلاردىكى غارلارغا يوشۇرۇۋالغان ئىدى. تاغ جىرالىرىدىن ئوقچۇپ چىققان مۇزدەك ۋە ساپ سۇلارغا بۇ نانلارنى چىلاپ يەپ، بومباردىماننىڭ ئاخىرلىششىنى كۈتتى. ھەممە يەر ۋەيرانچىلىق ئىدى. ئەمما تىرىكلەر ئۈچۈن ھايات يەنە داۋام ئەتمەكتە.

تورا-بورا تاغلىرىدا مايمۇن ئىنتايىن جىق ئىدى. يىگىتلەر ئاددىي نان بىلەن سۇدىن قۇرۇلغان داستىخىنىنى يايغاندا، مايمۇنلار ئۇلارنىڭ نانلىرىنى بۇلاپ چاقچاق قىلاتتى ۋە ئەرمەك

بولاتتى. مانا بۇ نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان، شۇنداقلا خىتاي ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا تېرروررچى قىلىپ كۆرسىتىشتە دەسمىي قىلىشقا ئۇرۇنغان «تاغ تۇرا»دىكى ھايات ئىدى.

## 5-ھېكايە: سىرلىق يول باشلىغۇچى

ھەش-پەش دېگۈچە دېكابىر ئايلىرى كىرىپ تورا-بورا تاغلىرىغا قېلىن قار يېغىپ، يېڭى يىل ھارپىلىرى كېلىشكە باشلىدى. «تاغ تۇرا»دا تۇرۇۋاتقان 22 نەپەر ئۇيغۇر يىگىتى، پاكىستانغا بىر ئامال قىلىپ چىقىپ كېتىش قارارىغا كەلدى.

ئەتراپ قېلىن قار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، تېخىچە ئاسماندا ئامېرىكا ئايروپىلانلىرى ئۇچۇپ يۈرەتتى. كۈرەشچى ئايروپىلانلار بىرەر نىشاننى كۆرۈپ قالسىلا بومباردىمان قىلاتتى. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنداق بىر تېرروررلۇقنىڭ ئۇۋىسىدا ئۇزاق تۇرۇپ قېلىشىمىزمۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلەتتى. بىز پاكىستانغا چوقۇم چېكىنىپ چىقىپ كېتىشىمىز كېرەك ئىدى. بىز ئاخىرى ئارقا يوللار ئارقىلىق پاكىستانغا ئاچىقىپ قويىدىغان بىر يول باشلىغۇچىنى تاپتۇق. ئۇ بىزگە: «ياخشى ئادەملەر ئىكەنسىلەر، مەندىن ئەنسىرىمەڭلار، قورقماڭلار» دەپ ۋەدە بېرىشكە باشلىدى. بىزمۇ ئىشەنگەن بولدۇق. ئىشەنمەيمۇ باشقا ئامالىمىز يوق ئىدى. بىز ماڭىدىغان كۈنلەردە جالالئاباتتا تۇمانلىق بىر كۈن بولدى. يېمەكلىكىمىز ئاساسەن نان ۋە چەلپەك، ئىچىملىكىمىز تاغ سۇلىرى ۋە بۇلاق سۇلىرى ئىدى. ئۇدا ئۈچ كۈن پىيادە يول يۈرگەندىن كېيىن، يول باشلىغۇچى بىزنى بىر يېزىغا باشلاپ كىردى ۋە بىزگە: «مانا بىز پاكىستان تەرەپكە ئۆتتۇق. بۇ پاكىستان تەرەپتىكى يېزا» دېدى. ئۇ يېزىنىڭ كىشىلىرى پاكىستانلىق ئافغان پۇشتۇلار ئىكەن. ئۇھ دېدۇق،

ئەمما يەنىلا تولۇق خاتىرجەم ئەمەس ئىدۇق.

## 6 ـ ھېكايە: ھەشەمەتلىك كۆتۈۋېلىش زىياپىتى

بىز تورا ـ بورا تاغلىرىدىن دۇنيا كۆز تىكىۋاتقان، بولۇپمۇ خىتاي ئۈچۈن تېخىمۇ سەزگۈر بولغان «تېررور ئۇۋىسى» جالالئابادتىن ساق سالامەت چېكىنىپ، پاكىستاندىكى پۇشتۇلار يېزىسىغا يېتىپ كەلگەن ۋاقتىمىزدا، بۇ يېزىنىڭ ئاقساقاللىرى بىزنى ئىنتايىن كاتتا زىياپەتلەر بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇلار قوي ـ كالىلارنى سويۇپ زىياپەت ھازىرلاپ، بىزنى كاتتا «مۇجاھىت»لار دەپ تەرىپلىشىپ، بىزنىڭ قىلچە ئەنسىرىمەسلىكىمىزنى، بۇ يەردە خۇددى ئۆز ئۆيىدە تۇرغاندەك راھەت تۇرۇشىمىز كېرەكلىكىنى، بىر مۇسۇلماننى ئامېرىكا ئەسكەرلىرىگە تاپشۇرۇپ بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن سىلەرنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ دېگەن يېرىڭلارغا يولغا سالىمىز، دەپ كۆپ تەكەللۇپ ۋە ناھايىتى كاتتا نازاكەت كۆرسىتىشكە باشلىدى. بىزمۇ بۇنداق قىزغىن قارشى ئېلىنىشتىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدۇق ۋە ئۇلارغا ئىشەندۇق. ئۇلارنىڭ بۇ قىزغىنلىقىدىن ئۇلارنى خائىن ياكى ساتقۇن دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايتتۇق، ھەمدە ئىشەنمەستىنمۇ باشقا چارىمىز يوق ئىدى. ئەمما تەقدىرىمىزنىڭ يەڭ ئىچىدە بولغان سودىلار بىلەن ئىنتايىن رەھىمسىز شەكىلدە ئۆزگىرىۋاتقانلىقىدىن قىلچە خەۋەرسىز ئىدۇق.

## 7 ـ ھېكايە: جامەدە ئېلىپ بېرىلغان مەھبۇس سودىسى

قوي ـ كالىلار سويۇلۇپ، گۆش ۋە شورپىلار تارتىلغان كاتتا زىياپەتتىن كېيىن، ئۇلار بىزنى ماشىنا بىلەن تاغنىڭ پەس

تەرپىدىكى بىر مەسچىتكە ئېلىپ باردى، مەسچىتكە ئەرەب ۋە باشقا مىللەتلەردىن بولۇپ بىرەر يۈزدەك ئادەم يىغىلغان ئىكەن. قارىساق ئەھۋال سەل جىددىي كۆرۈندى. بىر ھازادىن كېيىن قورallıق كىشىلەر پەيدا بولۇپ قالدى. كەچ كىرىشكە باشلىدى، بىز بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچىپ، ئانچە-مۇنچە پاراڭلىشىپ تۇراتتۇق، نۇرغۇن ماشىنىدا قورallıق ئەسكەرلەر چىقتى ۋە ھەممىمىزنى بىر-بىرلەپ ساناشقا باشلىدى، بىز ئەنسىرەشكە باشلىدۇق. بەزى قېرىنداشلىرىمىز بۇلار بىزنى پاكىستان ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىدىغان بولدى، مانا ئەسكەرلەر كېلىپتۇ دېيىشتى. ئەمما ئۇلار بىزگە: «ئەنسىرىمەڭلار، ئۇلار ئاشۇنداق ئەسكەر قىياپىتىگە كىرىۋالغان كىشىلەر، ئۇلار مۇشۇنداق قىياپەت بىلەن سىلەرنى شەھەرگە ئېلىپ كىرمىسە باشقا ئامال يوق، ھازىر ھەممە يوللار تاقىۋېتىلگەن» دەپ بىزنى تىنچلاندۇردى. بىزدە تىنچلانماقتىن باشقا چارە يوق ئىدى. زېمىن بىزنىڭ زېمىنىمىز ئەمەس. بۇ يەرنىڭ نە جۇغراپىيەسىنى، نە باشقا نەرسىسىنى بىلمەيمىتتۇق. تۇپراق بىزنىڭ ئانا تۇپراقلىرىمىز ئەمەس ئىدى. ئاخىرىدا ۋەتەن تۇپراقلىرىغىمۇ پاتماي قالدۇق، خەقنىڭ ۋەتىنىدە نېمە قىلالايتتۇق. باشقا كەلگەننى كۆرمەكچى بولدۇق. ئەھۋال خەتەرلىك بولۇپ، بۇلار بىزنى پاكىستان ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا، پاكىستاننىڭ بىزنى خىتايغا تاپشۇرۇپ بېرىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

## 8-ھېكايە: قاپقانغا چۈشۈش

شۇنداق قىلىپ، ئەسكىرى كىيىم كىيىشكەن كىشىلەر بىزنى ئۇندىن ئۇندىن قىلىپ ھەربىي ماشىنىغا بېسىپ تاغدىن شەھەرگە ئېلىپ چۈشتى ۋە تۈرمىدەك بىر يەرگە ئېلىپ كىردى.

قارىساق ھەممىلا يەرنى ساقچى ۋە ئەسكەرلەر قاپلاپ كېتىپتۇ. ئۇ يەردە ئىككى سائەت ئەتراپىدا تۇرغۇزغاندىن كېيىن ھەممىمىزنىڭ پۇت-قولىمىزغا كويزا-كىشەن سالغىلى تۇردى. شۇ چاغدىلا قاپقانغا چۈشكەنلىكىمىزنى ئېنىق جەزملەشتۈردۇق. ئۇلار يۈز-كۆزىمىزنى تېڭىپ يەنە ئەسكىرى ماشىنىغا سېلىپ، باشقا بىر يەرگە ئېلىپ ماڭدى. ئالتە-يەتتە سائەت ماڭغاندىن كېيىن كەلگەن يېرىمىزنىڭ پاكىستان تۈرمىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۇق.

## 9-ھېكايە: ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ باھاسى 5000 دوللار پىچىلدى

ئەسلىدە قوي-كالا سويۇپ كاتتا زىياپەت ھازىرلاپ، دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق سۆز-ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ، قۇرئان كەرىم، ھەدىس ۋە مۇسۇلمانلىقتىكى گۈزەل سۆزلەرنى قىلىپ، يۈرەكلەرنى ئېرىتىشنىڭ ئارقىسىغا كاتتا مەنپەئەتلەر يوشۇرۇنغان ئىدى.

دۇنيا مەنپەئەت دەۋرى بولۇپ، چوڭ جەھەتتە بۇ مەنپەئەت دۆلەتلەر ئارا ئۆز ئىپادىسىنى تاپسا، كىچىك جەھەتتە بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردا، چەت-ياقا تاغ باغرىلىرىدىمۇ ئۆز ئويۇننى داۋاملاشتۇرۇشقا قادىر بولۇپ كەلمەكتە ئىدى.

بۇ 22 نەپەر ئۇيغۇر يىگىتى ئۆز تەقدىرىنىڭ ئالدىدا مۇسۇلمانلىقتىن ۋەز ئېيتىپ ئولتۇرغان بۇ تاغلىق ئاقساقاللارنىڭ قولى بىلەن، ئۆزلىرىنىڭ 5000 دوللاردىن سېتىلىۋاتقانلىقىدىن قىلچە خەۋەرسىز ئىدى. كۆرۈنۈشتە كاتتا زىياپەتلەر بېرىلىپ، قازان-قازاندا گۆشلەر پىشۇرۇلۇپ، شورپىلار توشۇلۇپ، ھەر تەرەپ كۆلكە-تەبەسسۇم قاپلىغان چىرايلار بىلەن تولغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ كاتتا ئولتۇرۇشنىڭ ئارقىسىدا بىر رەزىل «ئادەم سودىسى» داۋاملاشماقتا ئىدى. مانا بۇ مۇسۇلمانلىق

دۇنياسىنىڭ ھەقىقىي ئەپتى-بەشىرىسى ئىدى. شۇنداق قىلىپ يىگىتلەر، ئافغانىستاندىكى ئامېرىكىغا قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان تالىبان، دېگەن تۆھمەت بىلەن ھەر بىرى 5000 دوللاردىن ئامېرىكىغا سېتىۋېتىلدى.

## 10-ھېكايە: كىملىكنى جىددىي ئالماشتۇرۇش

ئىسسىق بەلۋاغ ئورمانلىقلىرىدا بىر خىل قۇشلار بار، جىددىي ۋە خەتەرلىك ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە دەرھال رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ، دەرەخ شاخلىرى ۋە يوپۇرماقلارنىڭ رەڭگىگە كىرىۋالالايدىغان. ئانا ۋەتىنىگە ياتماي ياقا يۇرتلاردا مۇستەقىللىق يوللىرى ئۈچۈن، كىچىككىنە ۋە غۇۋا بولسىمۇ بىر يول ئىزدەپ يۈرگەن ئۇيغۇرلار، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇشقا باشلىدى. ئۇيغۇرلاردا «دۇنيا ساڭا باقمىسا سەن دۇنياغا باق» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆز بار. ئۇيغۇرلارمۇ ئادالەتسىز، مېھىر-مۇھەببەتسىز بۇ دۇنياغا بېقىپ، جىددىي خەتەرلىك مىنۇتلاردا كىملىك ئالماشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بىزگە بۇ ھەقتە ئادىلجان ھاكىم ھېكايە سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز 22 نەپەر ئۇيغۇر قېرىنداش ناۋادا خىتاينىڭ ئارقا ھويلىسى ھېسابلانغان بۇ تۇپراقلاردا بېشىمىزغا بىرەر خېيىم خەتەر كېلىپ قالسا، ئۆزىمىزنى ئافغانىستانلىق ئۆزبېك تالىپلار دەۋالايلى، دەپ مەسلىھەتلەشكەن ئىدۇق. ئويلىغىنىمىزدەك تۈرمە ئىچىدە سەن نەدىن كەلدىڭ؟ قايسى مىللەت؟ دېگەندەك سوئاللار سورىلىشقا باشلىدى.

ئاخىرى بىز ئازراق بولسىمۇ غەلىبە قىلدۇق. ئۇلار بىزنى ئافغانىستانلىق ئۆزبېك تالىپلار، دەپ ئەنگە ئالدى. 15 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار بىزنى دېگەندەك ئۆزبېك تالىپلار دەپ چۈشىنىپ، ئامېرىكا تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇ بىز ئۈچۈن

غەلىبە ئىدى. ئەلۋەتتە خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن ئامېرىكىغا ئۆتكۈزۈپ بەرسە بۇ ناھايىتى چوڭ غەلىبە بولماي نېمە؟ پاكىستان ئەسكەرلىرى بىزنى ئايرودۇرۇمغا ئاچىقىپ قويدى. ئۇ يەردە بىزنى ئامېرىكىنىڭ ئايروپىلانلىرى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن. بىز پاكىستان تۈرمىسىدە كىيگەن قىزىل مەھبۇس كىيىممىزنى سېلىپ تاشلاپ، ئامېرىكىنىڭ كۆك رەڭلىك مەھبۇس كىيىمنى كىيدۇق. شۇنداق قىلىپ بىر قانچە يىل ئىچىدە خىتاينىڭ، پاكىستاننىڭ، شۇنداقلا ئامېرىكىنىڭ مەھبۇس كىيىملىرىنى كىيىپ چىقتۇق.

## 11 ـ ھېكايە: پاكىستاندىكى ئامېرىكا ھەربىي بازىسى تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدا

شۇنداق قىلىپ، تېخى تۈنۈگۈنلا پاكىستان مەھبۇسى بولغان بولساق بۈگۈن ئامېرىكا مەھبۇسى بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ پاكىستاندىكى ھەربىي بازىسىغا جايلاشقان تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا ئېلىپ بېرىلىش ئۈچۈن ئامېرىكىنىڭ ئايروپىلانىغا چىقتۇق. غۇلجا ئانا ۋەتەن ۋە بارلىق ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىدى.

ئامېرىكا ئەسكەرلىرى قايتىدىن كويزا ـ كىشەنلەرنى چىڭىتىپ، قاتتىق تەكشۈرۈپ، ئايروپىلانغا ئولتۇرغۇزۇپ ئېلىپ ماڭدى. ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ پوزىتسىيەسى ئىنتايىن قوپال ئىدى. ئايروپىلان ئىككى سائەت ئەتراپىدا ئۇچقاندىن كېيىن قەندىھار ئايرودرومىغا كېلىپ قوندى. ئۇ يەردە بىزدىن باشقا مىللەتلەرمۇ بار ئىدى. ھايات ـ مامات ئەندىشىسى يەنە باشلاندى. ئامېرىكا ئەسكەرلىرى بىزنى تالىبانلار، دەپ چۈشىنىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ قالارمۇ؟ دېگەن ۋەھىمە بىزنى چىرمىۋالدى. ئاللاھقا سېغىنىپ يالۋۇرۇپ ئولتۇرۇشتىن باشقا چارىمىز يوق ئىدى. بۇ ئۇزاق ھايات يولۇچىلىقىدا بىز كۆپ

قىيتىم نۇرغۇنلىغان ئىشلاردا ئىنتايىن چارىسىز ئىكەنلىكىمىزدىن ئىبارەت تەجرىبىنى يەكۈنلىگەن بولدۇق.

## 12 ـ ھېكايە: ئامېرىكىنىڭ تايىقىنى يېيىش

ئافغانىستانلىق ئۆزبېك تالىپ كىملىكىگە كىرىۋېلىش، بۇ يەردىكى 22 نەپەر ئۇيغۇر يىگىتنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىشتەك ۋەھىمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى ئامېرىكىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى «تالىبان»لارغا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى. شۇڭا ئۇ يەردە تۇتۇلغان مىڭلارچە «تالىبان»غا ئامېرىكا ئەسكەرلىرى قانداق مۇئامىلە قىلسا، 22 نەپەر ئۇيغۇرغىمۇ ئاشۇنداق مۇئامىلىنى قىلىشقا توغرا كېلەتتى. چۈنكى ئامېرىكا ئەسكەرلىرى بۇلارنىڭ تەلەيسىز ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ-دە. ئۆز ئانا ۋەتىنىدە خىتاي تۈرمىسىدە خىتاينىڭ تايىقىنى يېگەن ئادىلجان ھاكىم ۋە ئۇنىڭ 21 نەپەر ھەمرايى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇچۇشلاردىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستاندىكى ھەربىي بازىسىنىڭ چېدىرلىق تۈرمىسىگە كىرگەن ۋاقتىدا، باش كۆزلىرى يېرىق ۋە ئىششىق، يۈزلىرىدە قان يۇقلىرى ئۇيۇپ قالغان ئىنتايىن پەرىشان ھالەتتە ئىدى. بۇلارغا خىتاينىڭ تايىقىنى يېيىش ئاز كەلگەندەك ئامېرىكىنىڭ تايىقىنى يېيىشمۇ نېسىپ بولدى، ئۇيغۇرلار خۇددى دۇنياغا تاياق يېيىش ئۈچۈنلا يارالغاندەك. مىڭ يىللاپ سەلتەنەت سۈرگەن بىر مىللەتنىڭ بۈگۈنكى تەقدىرى مانا مۇشۇنداق پىچىلغان ئىدى. ئۇيغۇرلار دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە تاياق يەۋاتاتتى.

## 13 ـ ھېكايە: سوغۇق قەندىھار تۈرمىسى

قەندىھار ئافغانىستاننىڭ جەنۇبىدىكى بىر شەھەر بولۇپ، خۇددى ئىلى دەرياسى غۇلجا شەھىرىنىڭ باغرىنى يېرىپ ئاققىنىدەك، ئارغانداب دەرياسىمۇ قەندىھاردا ئېقىپ تۇرىدۇ. قەندىھارنىڭ سوغۇقلىرى غۇلجىنىڭ سوغۇقلىرىدىن قېلىشمايدۇ. ئاھ قاش دەرياسى.... خۇددى ئانامنىڭ يۈرىدەك پاكىز، جانلىق سۇلىرىڭنى ھەجەپ سېغىندىم.

22 نەپەر ئۇيغۇر، ئەمما تالىبان دەپ قارىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق دۆچ كەلگەن بۇ تەقدىر، قەندىھارنىڭ سوغۇقلىرىدىنمۇ بەتتەر ئاچچىق ئىدى. ئۇلار قەندىھار تۈرمىسىنىڭ مۇزدەك سوغۇق سېمونت يەرلىرىگە نەچچە سائەتلەپ قولىدا كويزا، پۇتىدا كىشەن ھالەتتە تاشلاپ قويۇلدى. ئۇلارنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنى، ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ قولىدا كىملىكى ئاشكارىلانمىغان ھالەتتە، خاتا يەردە، خاتا ھالدا تالىبان كىملىكىدىن ئىبارەت خاتا چۈشىنىش بىلەن بىھۇدە، مەنىسىز ئۆلۈپ كېتىش ئىدى. ئەي چارىسىزلىق.... چارىسىزلىق ئۆز مېلودىيەسىنى يەنە چېلىشقا باشلىدى.

قەندىھاردىكى ئامېرىكىنىڭ بۇ چېدىرلىق تۈرمىسىدە ئىككى مىڭغا يېقىن تالىبان سولاقلىق ئىدى. قەندىھار تۈرمىسىدە كېچە قاراڭغۇلۇقى ھۆكۈم سۈرگەن، تۈن نىسپىي قاراڭغۇلۇق بىلەن سۈكۈنات ئىچىدە تىنىۋاتقان مىنۇتلاردا، بۇ 22 نەپەر ئۇيغۇرنىڭ بىردىن ـ بىر ئارزۇسى نەپەس ئېلىش ئىدى. پەقەت نەپەس ئالغاندىلا يېڭى ئۈمىد نۇرلىرىنى كۆرگىلى، بايقىغىلى ۋە تاپقىلى بولاتتى.

ھاياتتا شۇنداق ئىنسانلارنىمۇ كۆرىمىزكى، قوزىنى يېيىش ئۈچۈن تۈلكە بىلەن پىلان تۈزىدىغان، بۆرە بىلەن بىرلىكتە سويىدىغان، پادىچى بىلەن بىللە يەيدىغان، ئىگىسى بىلەن بىرلىكتە ھازا ئېچىپ يىغلايدىغان. ئۇ دەۋرلەردە ئافغانىستان، پاكىستاندىن تۈلكىنىمۇ، بۆرىنىمۇ جىق تاپقىلى بولاتتى. پەقەت قوزا بولىدىغىنى ئۇيغۇرلار ئىدى. پاكىستاندىكى مۇسۇلمان پۇشتۇلار ئۇيغۇرلارغا «كالا ـ قوي سويۇپ قوزا ئوۋلاش» ھىيلىسىنى ئىشلەتكەن ئىدى.

قەندىھار تۈرمىسىدىكى سوراقلارمۇ ئىنتايىن قوپال ئىدى. ئىككى كۈچتۈڭگۈر ئامېرىكا ئەسكىرى، پۇت ـ قولدا كويزا ـ كىشەن، بېشىقا قارا خالتا كىيگۈزۈلگەن ھالدا گۆپپىدە قىلىپ مۈرگىزدىن قامالاپ تۇرۇپ سوراققا ئېلىپ چىقاتتى.

## 14 ـ ھېكايە: «خامېلېئون ئۇيغۇرلار»

ئىسسىق بەلۋاغ ئورمانلىقلىرىدا، شۇنداقلا ماداغاسقار ئاراللىرىدا ياشايدىغان خامېلېئون دەيدىغان بىر جانلىق بار بولۇپ، ئۇلار رەڭلىرىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. خاملۇنلار ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىغا قارىتا رەڭلىرىنى توپىراق رەڭگىگە، يومۇرماق رەڭگىگە ۋە دەرەخ شېخىنىڭ رەڭگىگە... ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان بىرقانچە تۈرلۈك رەڭلەرگە ئۆزگەرتەلەيدۇ.

دۇنيا ئۇيغۇرلارغا دەرس بەرمەكتە ئىدى. ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈشنى ئاللاھتىن تىلەپ، كىملىكلىرىنى «ئافغانىستانلىق ئۆزبېك تالىبان»غا ئۆزگەرتكەن ئۇيغۇرلار ئەمدىلىكتە «ئۇيغۇر» كىملىكىگە قايتىپ كېلىشنىڭ، يەنى «ئۇيغۇر» رەڭگىگە قايتىپ كېلىشنىڭ شەرت ـ شارائىتىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى ھېس

قىلىشقان ئىدى. دېمەك، ئۇيغۇرلار خامپىيئون بولماقتا ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى «ئافغانىستانلىق ئۆزبېك تالىبانلار» دەپ ئەنگە ئالدۇرغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئامېرىكا تەرەپ بۇ 22 نەپەر ئۇيغۇرغا ئۆزبېك تەرجىمان تېپىپ كەلگەن ئىدى.

بۇ ھەقتە 5-فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقىنىڭ تىرىك شاھىتى ئادىلجان ھاكىم ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «شۇنداق قىلىپ، ئامېرىكا تەرەپنىڭ بىر ئوفىتسېرى بىزنى ئۆزبېك تالىبانلار دەپ سوراق قىلىشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا 22 نەپەر ئۇيغۇر قېرىنداش كېلىشىۋالغىنىمىز بويىچە ئۆزىمىزنىڭ ئۆزبېك تالىبان ئەمەسلىكىمىزنى، شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىمىزنى، بىزنىڭ بۇ يەرگە پەقەت خىتايغا قارشى ئەسكىرى تەلىم-تەربىيە ئېلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىمىزنى ئېيتتۇق. سوراقچى ئوفىتسېر بىر دەپتەرگە، بىر ماڭا قاراپ ھەيران بولغان ھالدا تۇرۇپ كەتتى ۋە سەن ئۆزبېك تالىبان ئەمەسمۇ؟ دەپ سورىدى. مەن ئەھۋالنى چۈشەندۈردۈم. پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بىزنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش خەۋپىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ئۆزبېك تالىبانلار دەپ تونۇشتۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالغانلىقىمىزنى ئېيتتىم. باشقا قېرىنداشلىرىمىزمۇ شۇنداق قىلدى. بىر ھازادىن كېيىن سوراقچى «Good, good smart idea» دەپ باش بارمىقىنى كۆرسەتتى ماڭا سۈس تەبەسسۇم قىلىپ. بەلكىم بۇ تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرلار كەچمىشىنىڭ ئامېرىكا ئارخىپلىرىغا پۈتۈلۈشى بولسا كېرەك. شۇنداق قىلىپ، تۇنجى سوراق ساختا ئۆزبېك كىملىكىنى ھەقىقىي ئۇيغۇر كىملىكىگە ئۆزگەرتىش بىلەن ئۆتتى. ئۇلار يېنىكلەپ قالغان ئىدى. چۈنكى دۇنيادا ساختا كىملىكتىنمۇ ئارتۇق يۈك بولمىسا كېرەك ئىنسانغا.

## 15 ـ ھېكايە: تۆت ئاي مۇنچىغا چۈشۈرۈلمىگەن مەھبۇسلار

شۇنداق قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ قەندىھاردىكى تۈرمىسىدە بۇ 22 ئۇيغۇر باشقا ئىككى مىڭغا يېقىن ئامېرىكىنىڭ دۈشمەن مەھبۇسلىرى قاتارىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار بۇ تۈرمىدە خۇددى پايانسىز كەتكەن دېڭىز ئۈستىدە لەيلەپ قالغان يوچۇن دەرەخ يوپۇرمىقىغا ئوخشايتتى. ئۇلار يەنە دۇنيا داش قازىنىغا 22 پارچە قىلىپ توغراپ تاشلانغان چامغۇر دانچىلىرىغا ئوخشايتتى. ئۇلار گاھ پىشۇاتاتتى، گاھ سورۇلۇۋاتاتتى. چىدا ئەي ئۇيغۇر! چۈنكى يۇمشاق بىر يۈرەك بىلەن نە قاراقچى بولغىلى بولسۇن؟ نە ئىنتىقام ئالغىلى بولسۇن؟ نە چارە تاپقىلى بولسۇن؟ بۇ 22 ئۇيغۇر تىل، مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت، كىيىم-كېچەك، بېشىدىكى ئۆزىگە خاس دوپپىلىرى بىلەن، خۇددى بىر ئۇچى كانادانىڭ گىرۋەكلىرىدە بولغان ئالياسكا قولتۇقىدىكى ئۆزئارا بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كېتەلمىگەن ئىككى دېڭىز سۈيىدەك ئايرىم ۋە پەرقلىق ئىدى. سەن سەھەردە دېرىزەڭنى ئېچىپ، ئۆيۈڭنىڭ ساپ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرغان ۋاقتىڭدا، بۇرۇنۇڭغا ئۇرۇلغان ساپ ھاۋانى پەقەت ھاۋا دەپلا چۈشىنىسەن. ئەمما ئۇنى مىكروسكوپىنىڭ ئالدىغا ئەكەلگەن ۋاقتىڭدا ئۇنىڭ ئىچىدە ئوكسىگېن، ئازوت، ئارگون ۋە ناھايىتى ئاز مىقداردا سۇ پارى بارلىقىنى بىلىسەن. ئۇزاقتىن قارىماققا قەندىھار تۈرمىسىمۇ ئامېرىكىنىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىنى سولايدىغان قاتتىق بىر تۈرمىدەك كۆرۈلەتتى. ئەمما ئىچىگە كىرىپ قارىغاندا ياكى مىكروسكوپتەك كۆز بىلەن كۆزەتكەندە پەرقلىق نەرسىلەرنى، دۇنيا ئادەلەتسىزلىكىنىڭ پەرقلىق شاھىتلىرىنى تاپالايسەن.

گەرچە 22 نەپەر ئۇيغۇرنىڭ ئامېرىكا دۈشمىنى ئەمەسلىكى، خاتا جايدا خاتا هالدا تۇتۇلۇپ قالغان ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكى تۇنجى سوراقتا جەزملەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئامېرىكا تەرەپ ئۇيغۇرلارغا پەرقلىق مۇئامىلىدە بولمىدى. بۇ 22 نەپەر ئۇيغۇر تۈرمىدىكى 2000 مەھبۇس قاتارىدا مۇنچىغا چۈشۈرۈلمىدى. تۆت ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، پۇتىدا كىشەن ھەر بىرىگە بىر چېلەكتىن سۇ بېرىپ، ئوچۇقچىلىقتىلا كوللېكتىپ ھالدا يۇيۇنۇشقا رۇخسەت قىلىندى. قەندىھارنىڭ مۇھىتى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، بىر شامال چىقسا ھەممە يەر توپا-تۇمانغا كۆمۈلۈپ كېتەتتى. بەلكىم ئاللاھ ئۇلارنى چېنىقتۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك. زېمىننىڭ، سۇنىڭ، بەدەننىڭ، ھەتتا بىر قاچا سۇنىڭ قىممىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىشنى ئۆگىتىۋاتقان بولسا كېرەك.

## 16-ھېكايە: قەندىھار تۈرمىسىدىكى سۇ قەھەتچىلىكى

پەقەت ئىچىشكىلا سۇ بار، يۈز، قول ۋە چىشلارنى يۇيۇشقا سۇ يوق ئىدى.

ناماز ئوقۇشقا رۇخسەت قىلىناتتى، ئەمما سۇ بىلەن تەرەت ئالغانلىقىنى كۆرۈپ قالسا جازالايتتى. 22 نەپەر ئۇيغۇر مەھبۇس پاكىز توپا بىلەن تەيەممۇم قىلىپ نامازلىرىنى ۋاقتىدا تولۇق ئوقۇپ تۇردى. يېمەك-ئىچمەك ئىككى ۋاق بولۇپ سوغۇق، ئەسكىرىي تاماق بېرىلەتتى. ئەسكىرىي تاماقنىڭ ھەممىسى ئەمەس، قىسقارتىلىپ بېرىلەتتى. ئۇيغۇر يىگىتلەر ئالتە ئايغىچە نە يۈزىنى، نە چىشىنى يۇيالمىدى.

قەندىھاردىكى ئامېرىكا ھەربىي بازىسىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش تۈرمىسى بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى ئىنتايىن قاتتىق بولغان،

ئەتراپلىرى قاتمۇ-قات سىم توساقلار بىلەن قاپلانغان مۇستەھكەم تۈرمە ئىدى.

ئاخشام بولمىغان، كۈن پېتىپ زېمىن قاراڭغۇلۇق بىلەن خىلۋەتتە قالمىغان بىرمۇ كۈن بولمىدى. ھەر تۆپىلىكنىڭ ئارقىسىدىن بىر قۇياش نۇرى مېھىر بىلەن كۆتۈرۈلگەندەك، قەندىھاردىمۇ قۇياش ئەينەن چاقناپ تۇراتتى. بەزىدە قۇياش نۇرىنىڭ چاقنىشىمۇ كىشىنىڭ چىشىغا تېگىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق ئىدى. ئەسلىدە ئۇلار گۇناھسىز بولغاندىن كېيىن نەگە بارساڭ بار، كۆزۈمگە كۆرۈنمە، دەپ قويۇۋېتىلىشى كېرەك ئىدىغۇ؟ ئەمما ئامېرىكا تەرەپنىڭ بۇنى ئويلايدىغانغا ۋاقتىمۇ بولمىسا كېرەك. ئۇيغۇر يىگىتلىرى بولسا بىر يارىلانغان چۈمۈلە، بىر كېپىنەك، ياكى بىر قالغاچتەك ئاجىز، يالغۇز، ھېچكىمى يوق قارا مۇساپىر ئىدى.

بۇ كۈنلەرگە قالغان ئىنسان ئەگەر تۆمۈر بولغان بولسا داتلىشىپ كەتكەن بولاتتى. ئادەم يارىلىشى تۇپراقتىن بولغاچقا چىدىدى بولغاي. ئاللاھقا شۈكرى ئۇلار سەبىر بىلەن تۆت ئاينى ئاخىرلاشتۇردى. تۆت ئايغىچە ئۇلارنىڭ بەدىنى ۋە ئېغىزى سۇ كۆرمىدى. تۆت ئايدىن كېيىن ئۇلار ھەر ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم يۇيۇندىغان بولدى.

خىتاينىڭ غۇلجا ياشلىرىنى «يېڭى ھايات» ۋە كۈنەس «قارا بۇغرا» تۈرمىسى ۋە باشقا بىگىتۈەن تۈرمىلىرىدە قاتتىق سوغۇقتا مۇزدەك سېمونتقا تاشلاپ قويغانلىقى، فېۋرالنىڭ جاق-جاق سوغۇقلىرىدا سىرتتا تىزلاندۇرۇپ قويۇلغانلىقلىرى سەۋەبىدىن، مۇشۇ بىر دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۇيغۇر ياشلىرى قىرىلىپ كەتكەن ئىدى. يەنى بۆرەك ۋە بەل ئاغرىقى سەۋەبىدىن نۇرغۇن ياشلار كاردىن چىققان بولسا، نۇرغۇن ياشلار پۇت-قوللىرى

تـوڭلاپ نـاكار بولـۇپ قالغـان، ھەتتـا تـوڭلاپ ئۆلـۈپ كەتكـەن ئىـدى. قەندىھـار تۈرمىسـىدە بولسـا تـۆت ئـاي سـۇ بىلـەن چىـش يۇيۇلۇشـقا رۇخسـەت قىلىنمىغىنـى ئۈچـۈن چىشـلىرىدىن مەسـىلە كۆرۈلۈشـكە باشـلىدى.

«تـۆت ئـاي جەريانـدا بىـز ئەسـلىدىكى بىـر قـۇر كىيىمىمىزنـى ئەسلا ئالماشـتۇرۇپ باقمىدۇق. بەدەنلىرىمىز ئىنتايىن ئىپىرلىشىپ كەتتـى. بەزىـدە ئىچـىش ئۈچـۈن بەرگـەن سـۇدا يۈز ـ كۆزلىرىمىزنى يۇيۇۋالىمـىز. ئەگـەر ئەسـكەرلەر كـۆرۈپ قالسـا جازالايـدۇ. ئاپتاپقا تۇرغـۇزۇپ قويـۇش، قولىمىزنـى بېشـىمىزغا قىلـىپ تىزلانـدۇرۇپ ئولتۇرغـۇزۇپ قويـۇش قاتارلـىق جـازالار بىلـەن جازالايـدۇ. تامـاق بىلـەن بىللە بەرگـەن كىچىككىنـە قەغـەز خالتـىلار ئىچىدىكـى تۇز بىلـەن ئوغرىلىقچـە چىشـلىرىمىزنى پاكىزلاۋالىمـىز» دەيـدۇ ھازىـر شىۋېتسـىيەدە ياشـاۋاتقان 5 ـ فېـۋرال قانلـىق قىرغىنچىلىقنىـڭ تىرىـك شاھىتى ئادىلجان ھاكىم.

## 17 ـ ھېكايە: قەندىھار تۈرمىسىدىكى «چېلەك ھاجەتخانا»

قەندىھار تۈرمىسـىدە ھاجەتخانا بىر تال چوڭراق چېلەك ئىدى. چوڭ ـ كىچىـك تاھارەتنىڭ ھەممىسـى چېلەككە قىلىناتتى. چېلەك توشـقاندا ئامېرىـكا ئەسـكەرلىرى ئۇنـى ئېلىـپ چىقىـپ كېتىـپ، يېڭىسـىنى ئەكىرىـپ قوياتتى.

«چېلەككـە ھاجـەت قىلىـش» بـۇ بىـر روھـىي خورلـۇق ئىدى. شـۇڭا تاھـارەت قىلىشـتا مۇشـكۈللۈكتە قالماسـلىق ئۈچـۈن ئۇيغـۇر يىگىتلىرىنىـڭ بەزىلىـرى تاماقلارنـى ئازلىتىـپ يېيىشـكە مەجبـۇر بولغـان ئىـدى. چېلـەك ھاجەتخانـا ھەققىـدە كـۆپ گـەپ قىلىـش كىشـىنى بىئارام قىلىـدۇ.

## 18 ـ ھېكايە: سەۋر داستانى

قەندىھار تۈرمىسىدە ئالتە ئاي يېتىش جەريانىدا، ئۇيغۇر يىگىتلىرى سەككىز قېتىم سوراق قىلىندى. سوراقچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك: «سىلەر خاتا تۇتۇلۇپ قاپسىلەر، سىلەرنى قويۇپ بېرىدۇ خاتىرجەم بولۇڭلار» دەيتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ مەيلى تۈرمە ھاياتىدا بولسۇن ۋە ياكى تەقدىرىدە بولسۇن ھېچقانداق ئۆزگىرىش كۆرۈنمىگەن ئىدى.

ھەرنىنىڭ قارىنىدىكى تاتلىق بال بىلەن، قۇيرىقىدىكى زەھەرنى بىر-بىرىگە ئارىلاشتۇرماي ساقلىيالىغان ئاللاھنىڭ، بۇ يىگىتلەرنىمۇ ساقلاشقا ئىمكانىنىڭ يېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز ئەلۋەتتە. بۇنىڭ ئۈچۈن سەۋرگە ئېھتىياجىمىز بار.

دېمەك، قەندىھار تۈرمىسىدە غۇلجا شەھەر «يېڭى ھايات» تۈرمىسىدىكى ئېغىر كۈنلەرنىڭ يەنە بىر باشقا شەكلى داۋام ئەتمەكتە ئىدى. خۇلاسىلىگەندە، بۇ يەردە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن غايەت زور بىر سەۋر داستانى يېزىلىۋاتاتتى.

بۇ سەۋر داستانىنىڭ ھەر بىر جۈملىلىرىنى بىرمۇ-بىر يېشىپ، ھازىرغىچە ھايات ھالەتتە شۋېتسىيەدە ياشاۋاتقان ئادىلجان ھاكىم، قەندىھار تۈرمىسىدە ئۆزلىرى كۆرسەتكەن غايەت زور سەۋر ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«بىز ئىمان-ئېتىقادىمىز بار ئەقىدىلىك ئادەملەر، شۇنداقلا بۇ يولنى ئاللاھ يولى، ھەق-ئادالەت يولى، دەپ چىققانلىقىمىز ئۈچۈن، مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەرنىڭ بېشىمىزغا كېلىشىگە نىسبەتەن ئىدىيەدە تەييارلىقىمىز بار ئىدى، سەۋر قىلدۇق.

ئۈنىڭدىن باشقا چارىمىز يوق ئىدى. چارىسىزلىق ئىچىدە كىچىككىنە بىر ئۈمىد نۇرى بار دەپ قارالسا، ئۇ بولسىمۇ نامىزىمىزنى ۋاقتىدا دەخلى-تەرۇزسىز ئوقۇيالىشىمىز ئىدى. بۇ بىز ئۈچۈن چوڭ روھى ئوزۇق ئىدى.

بىرىنچىدىن،بىز خىتاي تۈرمىسىنى كۆرۈپ چىققان بولغاچقا، بىزگە بۇ مۇھىت ئانچە ئېغىر بىلىنمەيتتى. ئەمما ئەرەب قېرىنداشلارغا ئىنتايىن ئېغىر كېلەتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ تۈرمىلىرى پاكىز، ئازادە، ناماز ئىبادەتلىرى قىلىنغىلىق، قەرەللىك مۇددەتتە ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقان قېرىنداشلىرى بىلەن كۆرۈشەلەيدۇ. ھەتتا ئاياللىرى بىلەنمۇ قەرەللىك مۇددەت ئىچىدە كۆرۈشەلەيتتى. شۇڭا بۇ جەرياندا ئەرەب قېرىنداشلىرىمىز ئارىسىدا كاللىسىدىن كەتكەن ئەھۋاللار كۆپ كۆرۈلدى. ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغانلىرىمۇ بولدى. دېمەك، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈمى ئارقىلىق بۇ يەردىكى زۇلۇمنى دۇنياغا ئاڭلاتماقچى بولدى.

ئىككىنچىدىن، ھەممىمىز ئەھلى ئىلىم باللار بولغاچقا، بىر-بىرىمىزگە قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن سۆزلەپ، بىر-بىرىمىزگە ئىلھام، مەدەت بېرىپ، ئاللاھقا دۇئا قىلىپ ياشىدۇق. ئىمان دېمەك ئۈمىد دېمەكتۇر. ئەڭ مۇھىمى نىشان، مەقسەت ۋە غايىمىز ئېنىق ئىدى. شۇڭا بۇ قورغاننى ھېچكىم بۇزۇۋېتەلمەيتتى.

ئۈچىنچىدىن، گەرچە تۈرمە ئىچىدىكى شارائىتىمىزدا چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان بىلەن، ھەر قېتىملىق سوراقتا ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ: «سىلەر خاتا جايدا، خاتا ھالدا تۇتۇلۇپ قاپسىلەر، بىز سىلەرنى خىتايغا تاپشۇرۇپ بەرمەيمىز، خاتىرجەم بولۇڭلار» دېگەن سۆزلىرى بىزگە ئىنتايىن چوڭ مەدەت بولاتتى. چۈنكى ئەگەر پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قولىغا چۈشۈپ، ئۇلار بىزنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن بولسا، ئۇ چاغدا خەلقىمىز ئۈرنىنى

تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان بىر ئۆمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالغان بولاتتى. بۇلارنى ئويلىغان ۋاقتىمىزدا بۇ كۆڭلەرنىڭمۇ ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل بولاتتى».

شۇنداق كۆڭلەرنىڭ بىرىدە، گۇەنتانامو دېگەن يەرگە، يەنى دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر تۈرمە سېلىنىۋېتىپتۇ. بۇ يەردىكى تۈرمىنى تاقاپ، ھەممە مەھبۇسلارنى گۇەنتاناموغا يۆتكەيدىكەن دېگەن خەۋەرلەر تارقىلىشقا باشلىدى. بىزنى بەلكىم مۇشۇ يەردە قويۇپ بېرىشى مۇمكىن. گۇەنتانامو دېگەن يەرگە ئاپىرىپ يۈرمەيدۇ، بىزنىڭ نېمە قىلغىنىمىزغا ئۇ يەرگە ئاپارغۇدەك؟ بىز يا ئامېرىكىنىڭ دۈشمىنى بولمىساق، ھەتتا ئامېرىكىغا دۈشمەن بولۇشنى چۈشىمىزدىمۇ كۆرۈپ باقمىساق، دەپ ئويلايتتۇق ھەممىمىز.

يالتا يىغىنىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەقدىرى چېرچىل، روزۋېلت ۋە ستالىندىن ئىبارەت ئۈچ شەخسنىڭ قولىدا پىچىلغاندەك، 22 نەپەر ئۇيغۇرمۇ گۇەنتانامو تۈرمىسگە تاشلانسۇن، دېگەن بىر بۇيرۇق بىلەن ۋەتەن تۇپراقلىرىدىن تېخىمۇ ئۇزاقلىششقا مەجبۇر بولدۇق.

بىز گۇەنتانامو دېگەن جايغا بارمايمىز. ئۇ يەر ئامېرىكىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرى ھېسابلىنىدىغان تالىبانلار بارىدىغان جاي، بىز گۇناھسىز دېيەلمەيتتۇق. چۈنكى دۇنيا قارارلىرىنى ھەر زامان كۈچلۈكلەر بېرىپ كەلدى. ئاجىزلار يەمچۈك بولۇپ كەلدى.

بىز خىتايدىن ئىبارەت بۇ ئەشەددىي دۈشمىنىمىزگە تاپشۇرۇپ بېرىلمىگەنلىكىمىزدىن ئالەمچە خوش بولدۇق-يۇ، بۇ كىچىككىنە بىر ھەسەل يۇقۇندىسىنى تامشىغانچە گۇەنتانامو تۈرمىسگە بارىدىغان ئايروپىلانغا تېڭىلدۇق. تېڭىلغاندىمۇ ھەرگىز ئۇنتۇپ

قالمىغۇدەك دەرىجىدە قاتتىق تېڭىلىدۇق. بۇرۇن كۆرگەنلىرىمىز بۇ رەھىمسىز 24 سائەتلىك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق ئۇچۇشنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيتتى.

ئانا قىرغاقتىن ئۇزاقلاشقان، ئۇزۇن سەپەرگە چىققان يەلكەنلىك كېمىدەك ئاستا-ئاستا ئۇزاقلاشتۇق، بۇ تۇپراقلاردىن. خەير-خوش ئەي خائىن تورا-بورا تاغلىرى، قەندىھار، جالالئاباد ۋە راۋالپىندى. سەن بىلەن بىز تەقدىرداش ئىدۇق. بىر زامانلار سەن بىلەن بىز بۇ تۇپراقلاردا بىرلىكتە ئات چاپتۇرغان، بىرلىكتە ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئىدۇق. ئەجەبا 22 ئۇيغۇرنى قوينۇڭغا سىغدۇرالمىدىڭ-ھە؟ دېيىشتۇق.

## 19-ھېكايە: ئافغانىستان گۇەنتانامو ھاۋا بوشلۇقىدا

بىز بۈگۈن ھەر ۋاقىت بىر نەرسىلەرنى خاتا پەرەز قىلىپ قالغانلىقىمىزنى، ئامېرىكا تەرەپتىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتۈپ قالغانلىقىمىزنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتۇق. بىز يەنە شۇ 22 نەپەر ئۇيغۇر ھاۋا بوشلۇقىدا ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ئايروپىلانىغا چەمبەرچاس، مىدىر-سىدىر قىلالمىغۇدەك قاتتىق باغلانغان ھالەتتە ناتونۇش گۇەنتانامو تۈرمىسىگە قاراپ ئۇچماقتا ئىدۇق. ئەمما بىز ئامېرىكىنىڭ دۈشمىنى نە تالىبان نە ئەلقائىدە ئەمەس ئىدۇق. ئامېرىكا تەرەپمۇ بۇنى ياخشى بىلەتتى. ئۇنداقتا بىز نېمە ئۈچۈن ئامېرىكا 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن مەخسۇس تالىبان ۋە ئەلقائىدە مەھبۇسلىرى ئۈچۈن سالدۇرۇلغان بۇ تۈرمىگە ئېلىپ كېتىلىۋاتىمىز؟ بىز ھاۋادا ئىدۇق. ئايروپىلان ئورۇندۇقىغا قوپاللىق بىلەن باغلانغان ۋاقتىمىزدا، يەرلەر جالاقشىپ تىترەپ كەتكەندەك بىر تۇيغۇ ھۆكۈم سۈرەتتى.

خىيالىمدىن غۇلجا، تونۇش بىر سىيمالار يالت-يۇلت قىلىپ كەچكەندەك بولاتتى ۋە دەرھال ئۇنىڭ ئورنىنى يەنە ئاچچىق بىئارامچىلىق قاپلايتتى. شېرىن ئەسلىمىلەرگە بىردەم بولسىمۇ قايتىپ، بۇ بىئارامچىلىقلارنى يېنىكلەتمەكچى بولاتتىم. ئەمما يەنە شۇ ئاچچىق، يېقىمسىز بىر ھېس مېنى ئەسىر قىلاتتى. دېمەك، بەدەنلىرىمدىكى سىرقىراپ ئاغرىش، روھىمدىكى شېرىن خىياللىرىم ئۈستىدىن غالىب كەلمەكتە ئىدى. بۇ ئۇنداق-بۇنداق باغلاش ئەمەس ئىدى. ئۇنى ئاز دەپ قولىمىزدا كويزا، پۇتىمىزدا ئېغىر كىشەن، كۆزىمىز ۋە ئاغزىمىز تېڭىقلىق ھالەتتە. تاماقمۇ يېيەلمەيتتۇق، پەقەت يېنىمىزدىكى قوراللىق ئەسكەرلەرنىڭ ئاغزىمىزغا بىر نەرسىلەر سېلىپ قويۇۋاتقانلىقىنى سېزىش، چايناش ۋە يۇتۇش تۇيغۇمىزلا بار ئىدى. باش-ئاخىرى بولۇپ، يەنى ئايروپىلان ئالمىشىش، ئۈچ-تۆت سائەت بۇرۇن ئايروپىلانغا تېڭىلىش قاتارلىقلارنى قوشقاندا بىر سوتكىدىن ئارتۇق ئۇچۇش ئارقىلىق ئۇ جاھانغا مەشھۇر گۇەنتانامو دېگەن جايغا يېتىپ كەلدۇق. پۇتلار ئېشىپ كەتكەن ئىدى. ئارىمىزدا ھوشىدىن كەتكەن قېرىنداشلىرىمىزمۇ بولدى. ئىچىمىزدە پەقەت «ئاللاھقا مىڭ شۈكرى، خىتايغا تاپشۇرۇلمىدۇق» دېگەن ئەڭ ئاددىي رازىمەنلىك ھۆكۈمدار. ئۇيغۇرلار دۇنيادىن، توغرىسى دۇنيا ئادالىتىدىن مۇشۇنداق ئاددىي نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇقلۇقمۇ يەنىلا ئۇ نەرسىلەرگە ئېرىشەلمەي، ئىنتايىن ئېغىر ۋە بىھۇدە بەدەللەر تۆلەپ ياشاپ كەلدى. ھاۋا بوشلۇقىدىكى بۇ قاتتىق كونتروللۇق ئەنە شۇنداق مىساللارنىڭ بىرى ئىدى. ئاللاھقا مىڭ شۈكرى نەپەس ئېلىۋاتاتتۇق. روھى دۇنيايىمىز، چۈشەنچىلىرىمىز بىز بىلەن بىللە ئىدى. يەنە بىر ئۈمىد ئاللاھقا ھەمدۇ سانا ئېيتىدىغان تىلىمىز جايىدا ئىدى.

# گۇەنتانامو

گۇەنتانامو، شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىگە جايلاشقان كۇبا دۆلىتىنىڭ بىر شەھىرى بولۇپ، كۇبانىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. كۇبانىڭ گۇەنتانامو شەھىرىگە جايلاشقان دۇنياغا مەشھۇر گۇەنتانامو تۈرمىسى ئامېرىكىنىڭ گۇەنتانامودا قۇرغان ھەربىي بازىسىدا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى جورجى دابلىيۇ بۇش 2002 ـ يىلى قۇرغان. تۈرمە ئامېرىكىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان ئەلقائىدە ۋە تالىبان تېررورچىلىرىنى سولايدىغان ئالاھىدە تۈرمە بولۇپ، گۇەنتانامو تۈرمىسى دۇنيا ھازىرقى زامان تارىخىغا تامغىسىنى باسقان «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى»نىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە كىشىلەر ئېڭىدا ساقلانماقتا.

## 1 ـ ھېكايە

ئۇلارنىڭ ناتونۇش، سىرلىق، پۈتۈن دۇنيانىڭ مۇنازىرە تېمىسى بولۇۋاتقان ۋە قورقۇنچلۇق گۇەنتانامو تۈرمىسىگە كەلگەن ۋاقتى دەل 2002 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئىدى. ئۇلار چاققاق ئوتلىرى قاپلاپ كەتكەن چەكسىز زېمىنلار ئارىلىرىدا تاسادىپەن ئۇنتۇلۇپ قالىدىغان، شامالنىڭ كۈچى بىلەن ئاندا ـ مۇندا كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان زەڭگارەڭ چېچەكلەردەك، پەسلەردە ئاجىز ھالەتتە، ئەمما مەۋجۇت ھالەتتە تۇراتتى. مەۋجۇتلىقى ئۇلارغا كۇپايە قىلاتتى.

گۋەنتانامو تۈرمىسى، قەندىھار تۈرمىسىگە سېلىشتۇرغاندا كۆپ ئازادە ئىدى. ئەڭ مۇھىمى سۇ قەھەتچىلىكى يوق بولۇپ، ئۇلار ئەزان ئېيتىپ ناماز ئوقۇيالايتتى.

ئادىلجان ھاكىم ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «كامىرلىرىمىزدا قۇرئان كەرىم ئېسىقلىق ئىدى. دىنىي جەھەتتىن سۇ ئىشلىتىش، يۇيۇنۇش قاتارلىق ئىشلاردا ھېچقانداق قىسىلچىلىقىمىز يوق ئىدى. ئىككى ۋاق ئىسسىق تاماق، بىر ۋاق ئەسكىرىي تاماق بېرىلەتتى. ناشتىلىق سۈت، چاي، مېۋە-چېۋە، تۇخۇم قاتارلىقلار بىلەن بولاتتى. چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن ئەسكەرىي تاماق، كەچتە ئىسسىق تاماق بېرىلەتتى. قەندىھار تۈرمىسىدە چېنىقىپ ھەرىكەت قىلساق جىم تۇر، چېنىقما! دەيتتى ئەسكەرلەر قوپاللىق بىلەن. گۋەنتانامودا چېنىقىش ھەركىمنىڭ ئىختىيارى ئىكەن. تۈزۈملەر گۋەنتاناموغا كەلگەندە سەل بوشىدى. قەندىھار تۈرمىسىدە بىزنى قوراللىق ئەسكەرلەر نازارەت قىلاتتى. گۋەنتانامودا ئەسكىرىي فورما كىيگەن ئەسكەرلەر نازارەت قىلىدۇ، ئەمما قوراللىق».

## 2-ھېكايە: روشەن ئابباس خانىم كەلدى

بۈگۈن گۋەنتانامودا يەنە سوراق باشلاندى. سوراقتا روشەن ئابباس خانىم تەرجىمان بولۇپ كەلگەنىكەن. ئۇزاق ئىزتىراپلاردىن كېيىن ئامېرىكا تۈپراقلىرىدا بىر ئۇيغۇرنى كۆرگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن سۆيۈندۇق. روشەن خانىمنىڭ بىزگە بولغان مېھرىبانلىقى ئىچ-ئىچىدىن چىقىپ تۇراتتى. «كۆزدىن ئايرىغان ئاللاھ، ھاسىدىن ئايرىماپتۇ» دېگەنىدەك، روشەن ئاببا‍س خانىمنىڭ سەممىيىتىدىن، مېھرىبانلىقىدىن تېخىمۇ باشقىچە روھ ۋە جاسارەت ئالدۇق. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئالاقىمىزنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئارقىلىق، يەنى ئانا تىلىمىز ئارقىلىق

بولىدىغانلىقىدىن خاتىرجەم بولدۇق ۋە سۆيۈندۇق.

شۇنداق قىلىپ، بىزنى زىيارەت قىلىدىغانلار ھەر خىل تېمىلاردا بىز بىلەن كۆرۈشۈپ، بىز بىلەن پىكىر ئالماشتۇرىدىغانلار كۆپىيىشكە باشلىدى. بىز ئۈيغۇر مەسىلىسىدە بىر قىزىق نۇقتا بولۇپ قالغاندۇق.

روشەن خانىم يەنە يېنىمىزغا كەلدى. ئۇنىڭ بىزنى يوقلاپ كېلىشى خۇددى ئائىلىمىزدىن بىرى بىزنى يوقلاپ كەلگەندەك خۇشاللىق بېرەتتى. بىزنى يوقلايدىغان روشەن خانىمدىن باشقا ئۈيغۇرمۇ يوق ئىدى. شۇڭا روشەن خانىم كەلسە بەك خوش بولۇپ كېتەتتۇق. بۇ قېتىم روشەن خانىم بىزگە ئانا يۇرت، شەرقىي تۈركىستان تارىخى قاتارلىق كىتابلارنى ئېلىپ كەلگەنىكەن، كىتابلارنى كۆرۈپ خۇددى ۋەتەنگە بېرىپ كەلگەن بىرى بىلەن كۆرۈشۈۋاتقاندەك ياكى ۋەتەن بىلەن بولغان ئارىلىقىمىز يېقىنلاپ قالغاندەك ھېس قىلدۇق. بىز ۋەتەندىكى ۋاقتىمىزدا بۇ كىتابلارنى ئوقۇمىغان ئىكەنمىز، ئاللاھ گۇەنتانامو تۈرمىسىدە ئوقۇشقا نېسىپ قىپتۇ، دېيىشتۇق.

## 3 ـ ھېكايە: 22 بەدەن ۋە بىر روھ

گۇەنتانامو، ئىنگۇئانا ناملىق تىمساھقا ئوخشايدىغان ئۆملىگۈچىلەر ئائىلىسىگە تەۋە بىر ھايۋاننىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا شەھىرى. خۇددى غۇلجا ئادىلجان ھاكىم بىلەن ئابابەكرى قاسىمنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن شەھىرى بولغىنىدەك. ئەگەر ئىنگۇئانانى تەقدىرنىڭ شاماللىرى ئۇچۇرۇپ، ياكى كىچىككىنە بىر تاسادىپىيلىقلار غۇلجا شەھىرىگە ئاپىرىپ قويسا، غۇلجا شەھىرى ئىنگۇئانا ئۈچۈن كۆڭۈل يېرىملىقى ئېلىپ كەلگىنىگە

ئوخشاش، گۇەنتانامو تۈرمىسىگە سولانغان 22 نەپەر ئۇيغۇر يىگىتنى ئۇچۇنمۇ ئىگۇئانا شەھىرى گۇەنتانامو ئەنە شۇنداق بىر كۆڭۈلسىز جاي ئىدى، يەنە كېلىپ كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ ئەڭ ئەشەددىيسى ئىدى. ھەرقانداق بىر تاسادىپىيلىقنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغان ھەقىقىي ھېكايىلەر بولغىنىغا ئوخشاش، تاسادىپ گۇەنتانامو تۈرمىسىگە كېلىپ قالغان نە تېررور، نە ئەلقائىدە، نە تالىبان دېگەنلەر بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان 22 نەپەر ئۇيغۇرمۇ، ئۆزلىرى بىلەن بىرلىكتە «ئۇيغۇر» دېگەن بىر مىللەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك تېخى دۇنيا بىلمىگەن بىر ھېكايىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلارنى زىيارەت قىلغىلى كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىلا ھەيرانلىق بىلەن: «سەن ئۇيغۇر تۇرۇپ قانداق قىلىپ بۇ تالىبان ۋە ئەلقائىدەنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغانسەن؟» دەپ سورايتتى. ھەيرانلىق ۋە تاسادىپىي ھالدا پەيدا بولغان ۋەقەلەرگە ئەگىشىپ كېلىدىغان سوئاللارمۇ كۆپ بولىدۇ، ئەلۋەتتە. سوئاللار ئاۋۋال شەخسلەرگە، شۇنداقلا شەخسلەر ئارقىلىق ئۇنىڭ مىللىتى ۋە كىملىكىگە تاقالغان ۋاقتىدا خۇددى بىر ئۇچىدىن يىپى تارتىلىپ چۇۋۇلۇشقا باشلىغان يىپ ياغلىقتەك ھەممە نەرسە ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ، نەتىجىدە، تاسادىپىيلىق يېڭى يول، يېڭى سەھنىلەرنى ياسايدۇ، دۇنيا ئىشلىرى مانا مۇشۇنداق تۈزۈلىدۇ ۋە چۇۋۇلىدۇ. بۇ چۇۋۇلۇشلار گۇەنتانامونى شەرقىي تۈركىستانغا، غۇلجىغا، شۇنداقلا 5-فېۋرال قانلىق قىرغىنچىلىقىنىڭ تىرىك شاھىتلىرىغا باغلاپ قويىدى. قىسقىسى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تەقدىر-قىسمىتى گۇەنتانامو ئارقىلىق دۇنيا سەھنىلىرىگە باغلاپ قويۇلغان بولۇپ، مۇخبىرلار قەلەملىرىنى ئۇچلاپ ماقالىلەر يازىدىغان قىزىق بىر نۇقتىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى. چۈنكى گۇەنتانامو تۈرمىسى بۇ 22 نەپەر ئۇيغۇر يىگىتنىڭ بولغانلىقى بىلەن، خۇددى دېڭىزنىڭ ئاستىدا

ھەر خىل رەڭلىك قۇملار ئارىلىشىپ كەتكەنگە ئوخشاش مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن ئىدى.

بۇ ئارىلىشىش ۋە مۇرەككەپلىك تەكلىماكاندىن ئىبارەت بۇ سىرلىق زېمىنغا دۆلىنىپ قالغان «ئۇيغۇر» دېگەن بىر مىللەتنى پارلىتىشقا ھامىلىدار ئىدى. ئەگەر يۈسۈپ ئەلەيھسسالام قۇدۇققا تاشلانمىغان بولسا خان سارىيىغا قانداق كىرەتتى؟ ئەگەر 22 نەپەر ئۇيغۇر يىگىتى گۇەنتاناموغا سولانمىغان بولسا، «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ مىللەتنىڭ خىتايدىن ئىبارەت دۇنيادىكى دەرىجىدىن تاشقىرى بۇ زومىگەر تەرىپىدىن تارتىۋاتقان زۇلۇمى دۇنيا ئاخبارات ساھەسىنىڭ كۆز تەرتىپىگە قانداق كەلگەن بولاتتى؟

سۇ بەزىدە مۇز، بەزىدە قار، بەزىدە يامغۇر، بەزىدە پار بولالايدۇ. پارغا ئايلانغان سۇ كۆك ئاسمانغا چىقىپ يامغۇر ياكى قار بولۇپ يەنە زېمىنغا تۆكۈلىدۇ. 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدىن گۇەنتانامو تۈرمىسىگىچە سوزۇلغان بۇ ئۇزۇن مۇساپىدە ئۇلار بەزىدە سۇ، بەزىدە قار... ھەممە نېمە بولدى. دېمەك، دۇنياغا ماسلىشالىغان مىللەتلەر خۇددى توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئاستا-ئاستا سەۋر بىلەن يېرىلىپ چۈجە چىقارغىنىغا ئوخشاش مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالايدۇ. گۇەنتانامو تۈرمىسى 22 نەپەر ئۇيغۇر يىگىتى ئارقىلىق دۇنياغا ئۇيغۇرنى يەنە بىر قېتىم تونۇتتى. ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ خەلقئارادا تونۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ ۋەقە 2005-يىلى رابىيە قادىر خانىم خىتاي تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلىشتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ خەلقئارادا تونۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان ۋەقە ئىدى.

دۇنيا نەزىرىدىكى ئەڭ دەھشەتلىك تۈرمە، دەپ قارىلىۋاتقان گۇەنتانامو تۈرمىسىگە سولانغان بۇ 22 نەپەر ئۇيغۇر يىگىتى، خۇددى تومۇز ئىسسىقلاردا سايە تاشلاپ تۇرىدىغان 22 سۆۋادان

تېرەككە ئوخشايتتى. ئۇلار يەنە 22 بەدەندە ياشىنىغان بىر روھ ئىدى.

## 4 ـ ھېكايە: خىتتاي ساقچىلىرى پەيدا بولۇپ قالدى

2003 ـ يىلى، دەل ئامېرىكا ئىراققا ھۇجۇم باشلاش ھارپىسى ئىدى. ھەممە دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىخانىلىرىدىن مەخسۇس خادىملار كېلىپ، ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ مەھبۇسلىرى بىلەن سۆزلەشكىلى تۇردى. دەل مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە خىتاي ساقچىلىرىمۇ پەيدا بولۇپ قالدى.

ئادىلجان ھاكىم ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئۈرۈمچىدىن بىر ئۇيغۇر بىر خىتاي سوراقچى كەپتۇ، خىتاي سوراقچى ئۇيغۇرچىنى سۇدەك بىلىدىكەن، ئاقسېرىق كەلگەن ئۇيغۇر سوراقچى ئۆزىنى مەن ئۈرۈمچىلىك دەپ تونۇشتۇردى. سوراققا چىققان باللار ھەممىمىز بىردەك: «سەن بىلەن پاراڭلاشمايمىز، ئىشىڭنى قىل، سېنى تونىمايمىز» دەپ تۇردۇق. شۇ قاتاردا مەنمۇ چىقتىم سوراققا. ئۇيغۇر سوراقچى تەكەببۇرلۇق بىلەن مۇنداق دېدى:

ـ ئەگەر سېنىڭ بۇ يەردە ئىپادەڭ ياخشى بولسا، ئەتە ـ ئۆگۈن بېيجىڭدا ياكى ئۈرۈمچىدە كۆرۈشسەك، ھە بۇنىڭ گۇەنتانامودىكى سوراقتا ئىپادىسى ياخشى ئىدى دەيمىز، مەسىلەڭ يەڭگىل بىر تەرەپ قىلىنىدىغان گەپ. ئەگەر قوپاللىق قىلىپ، سوئاللىرىمىزغا ياخشى جاۋاب بەرمەي، بويۇنتاۋلىق قىلساڭ، ئىپادىسى ياخشى بولمىدى دەپ يازىمىز، ئېغىرلاشتۇرۇلۇپ جازالىنىشىڭ مۇمكىن. بىز سىلەرنى ئەكەتكىلى كەلدۇق،ياكى بىز بىلەن كېتىسلەر ياكى ئارقىمىزدىن بارىسىلەر. ئەكېتىدىغىنىمىز ئېنىق، ئىككى دۆلەت

كېلىشىپ بولدى.

ـ قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل، مېنىڭ ساڭا دەيدىغان ئارتۇق گېپىم يوق، ـ دېدىم ئۇنىڭغا جاۋابەن.

ـ ئۇنداقتا بىر پارچە رەسىمگە تارتىۋالايلى، رەسىمگە چۈشۈپ قوي، ـ دېدى خىتاي ساقچى ئۇيغۇرچىنى راۋان سۆزلەپ.

ـ مەن رەسىمگە چۈشمەيمەن، دەپ يەرگە قاراپ ئولتۇرۇۋالدىم قوپاللىق بىلەن.

ئارقىدىن ئىككى ئەسكەرنى چاقىرىپ كىرىپ، ئەسكەرنىڭ ياردىمىدە بېشىمنى كۆتۈرگۈزۈپ تۇرۇپ بىر پارچە رەسىمگە تارتىۋالدى. كېيىنچە بىلدۇقكى، بۇ دەل ئامېرىكا ئىراققا ھۇجۇم باشلايدىغان مەزگىللەر بولۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا دائىمىي ئەزا بەش دۆلەتنىڭ تەستىقىنى ئالماي تۇرۇپ ئامېرىكا ئىراققا ھۇجۇم باشلىيالمايدىكەن. شۇڭا ئامېرىكا خىتاينىڭ قوشۇلۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇيغۇر كوزىرىنى ئوينىغان ئىكەن.

## 5 ـ ھېكايە

يىللار ئۆتۈشكە باشلىدى. بىز بىلەن كۆرۈشىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بولدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر مەسىلىسىمۇ خەلقئارا مەتبۇئاتلاردا كۆپ تەرتىپكە كېلىشكە باشلىدى. بىز بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بىزگە تەرجىمانلىق قىلىدىغان روشەن ئابباس خانىممۇ بۇ «قارارگاھىمىز»غا پات ـ پات قەدەم تەشرىپ قىلىشقا باشلىدى. روشەن خانىم ھەتتا تۈرمىنىڭ ئىچىلىرىگە كىرىپ بىز بىلەن ئىنتايىن قىزغىن كۆرۈشەتتى. بىزگە سوغا ـ سالاملار

ۋە ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ سالاملىرىنى ئېلىپ كېلەتتى. روشەن خانىمنىڭ سايىسىدە تۈرمىدە تۇرۇپمۇ ئۇيغۇرچە كىتابلارنى ئوقۇيالايدىغان بولدۇق. بىز بىلەن بىللە يېتىۋاتقان باشقا مىللەتتىن بولغان مەھبۇسلارمۇ بىزگە: «بۇ تەرجىمانىڭلار سىلەرگە بەك كۆيۈنىدۇ» دەپ ماختاپ كېتەتتى. روشەن خانىم بىر ئۇيغۇر دەۋاگەر بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزنىڭ ھۆرمىتىمىز ۋە ئىززەت ئىكرامىمىزنى بەك قىلدى، بىزنى بىر مەھبۇس ئەمەس، بەلكى مىللەتنىڭ «قەھرىمانلىرى» سۈپىتىدە كۆردى. ئۇ نەزىرىمىزدە تەرجىمانىمىزلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئىنتايىن ياخشى مەسلىھەتچىمىز ۋە بىر ئائىلىدىكى قېرىندىشىمىزدەك ئىدى. روشەن خانىم ھەتتا بىز ئۇنتۇپ قالغان ئىشلارنىمۇ ئۇلارغا ئەسلىتىپ تۇردى. تەرجىمانىمىز ياخشى بولغاچقا ئامېرىكا تەرەپ بىلەن بولغان ئوتتۇرىمىزدىكى مەسىلىلەر ئايدىڭلىشىپ ماڭغان ئىدى.

## 6 ـ ھېكايە

دۇنيانىڭ ئىشلىرى بەك قىزىق ھە؟ گەرچە گۇناھسىز بولساڭمۇ، قارىشىڭدىكى كىشى سېنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىڭنى بىلىپ تۇرۇۋاتقان تەقدىردىمۇ، سېنى دەرھال يولۇڭغا ماڭ!!! دېيەلمەيدۇ. ئۇلار ھەر ۋاقىت ئىنسان ھاياتىدا ۋاقىتنىڭ قانچىلىك مۇھىم ۋە قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلىشىدۇ، ئەمما ئۆزلىرى باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى ئوغرىلاش بىلەن ھەپىلىشىپ قىلچىمۇ بىئاراملىق ھېس قىلىشمايدۇ.

ھەش ـ پەش دېگۈچە گۋەنتاناموغا كەلگىنىمىزگە تۆت يىل بولدى. گەرچە گۇناھسىز ئىكەنلىكىمىز، تېررورچى ئەمەسلىكىمىز، ئەلقائىدە ۋە تالىبان ئەمەسلىكىمىز دۇنياغا، شۇنداقلا ئامېرىكا

تەرەپكە قۇياشتەك ئىنىق ھەقىقەت بولسىمۇ، بىز يەنىلا بۇ يەردە ئىدۇق. چۈنكى بىز، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار دۇنياغا نىسبەتەن قۇياشنىڭمۇ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلا دەيدىغان بىر ئادالەتسىزلىكنىڭ بوسۇغىسىدا ئىدۇق.

بىز بەك يىراقلاردا ئىدۇق. گۇەنتانامودا قۇياش كۆپ-كۆك دېڭىز ئۈستىدىن كۆتۈرۈلگەندە، غۇلجىدىكى ئىلى دەرياسى قۇياش بىلەن ۋىدالىشاتتى. گۇەنتانامو يېڭى بىر ھايات كۈنىنى تۇغقاندا، ئىلى دەرياسى ساھىللىرىدىكى توغراقلىقلار، تەبىئىي ئورمانزارلىقلار،ئىلى دەرياسىنىڭ كۆركى كاككۇك گۈللىرى كېچە قاراڭغۇلۇقى بىلەن تەنھا پىچىرلىشىشىنىڭ شېرىن ھازىرلىقلىرىغا كىرگەن بولاتتى. شۇنداق قىلىپ گۇەنتانامو تۈرمىسىگە بېرىپ تۆت يىلدىن كېيىن، ئابابەكرى ئاكام ئالبانىيەدىكى ئايۇپ، ئەخمەت ۋە مەن قاتارلىق بەشىمىز تۇنجى تۈركۈمدە گۇناھسىز، دەپ بېكىتىلدۇق. گۇناھسىز ئىكەنلىكىمىزنى ئامېرىكا ھەربىي سوتى سوتلاش ئارقىلىق قارار چىقاردى. ئامېرىكا ھەربىي سوتىنىڭ قارارىدا بەشىمىزنى خاتا يەردە، خاتا تۇتۇلغانلار دەرھال قويۇۋېتىلىشى كېرەك، دېيىلگەن ئىدى.

گەرچە ئامېرىكا ھەربىي سوتى بىزنى گۇناھسىز دەپ ھۆكۈم ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئەمما تەقدىرىمىزدە تېخىچە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولماي‌ۋاتقان ئىدى. دېمەكچىمەنكى، ئەگەر بىز گۇناھسىز بولغان ئىكەنمىز چوقۇم ئۈچىنچى بىر دۆلەتكە ياكى ئامېرىكىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىمىز كېرەك ئىدى. ئۇنداق بىر ئىلگىرىلەش يوق ئىدى. ئەمما گۇەنتانامودىكى دائىرىلەر بىزنى، يەنى تۇنجى قاراردا گۇناھسىز، دەپ بېكىتىلگەن بەش ئۇيغۇرنى شارائىتى بۇرۇنقىدىن ياخشىراق بىر ئورۇنغا يۆتكىدى. ياخشىلانغان ئىمتىيازىمىز شۇ ئىدىكى 24 سائەت سىرتقا

چىقالايمىز، كىيىملىرىمىزنى دەرھال ئالماشتۇرالايمىز.

## 7ـ ھېكايە

ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن دائىرىلەر بىزنى دېڭىزنىڭ بويىغا سېلىنغان بىر داچىغا، يەنى كاتتا بىر مەدەنىي قورۇغا يۆتكىدى. بىز بەش ئۇيغۇردىن باشقا يەنە ئۈچ نەپەر باشقا مىللەتتىن بولغان كىشى بار ئىدى. ئۆيلەرنىڭ ئىسسىتىش ۋە سوغۇق ساقلاش ئۈسكۈنىلىرى، تېلېۋىزور قاتارلىقلاردىن تارتىپ ھەممە نەرسىسى تەل بولۇپ، گۇەنتانامودىكى يۇقىرى تەبىقىگە مەنسۇپ داچىلارنىڭ بىرى ئىدى. گەرچە يەنىلا گۇەنتانامودا تۇرۇۋاتقان بولساقمۇ، ئەمما تامامەن ئەركىنلىككە چىققان ئىدۇق. بۇ جاينى كىشىلەر «ئىگۇئانا» دەپ ئاتايدىكەن. چۈنكى بۇ يەردە ئىگۇئانا دەيدىغان تىمساھقا ئوخشاپ قالىدىغان ھايۋان كۆپ ئىكەن. ئىگۇئانادا دەل بىر يىل تۇردۇق.

## 8ـ ھېكايە: ئادۋوكات سەيبىن بىلەن تونۇشتۇق

ئۈچ-تۆت يىلغىچە ھاياتىمىزدا ھېچقانداق چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى. قويۇپ بېرىلىدىغانلىقىمىز ھەققىدە گەپ-سۆزمۇ يوق ئىدى. بىز ھاياتىمىز ۋەتەندىن تولىمۇ يىراقتا بولغان مۇشۇ قاباھەتلىك تۈرمىدە ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ دەپ كۆپ ئۈمىدسىزلەنگەن ئىدۇق. دەسلەپتە گۇەنتانامو تۈرمىسىدىن ئەنگلىيە گىراجدانى بولغان بىر قانچە ئەرەپنى قويۇپ بەردى. كېيىنچە يەنە بىر قانچە ئابغاننىمۇ قويۇپ بەردى. بىز ئاساسلىقى بىزنى ئالىدىغان ئۈچىنچى بىر دۆلەت يوق تۇرۇپ قالدۇق. تۈرمە ھاياتىمىز ئەتىگەندە چېنىقىش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، ناماز

ئوقۇش، ئەرەبچە ئۆگىنىش قاتارلىقلار بىلەن ئۆتەتتى. بۇ جەرياندا ئارىمىزدا ئەرەب تىلىنى ياخشى ئۆگەنگەن قېرىنداشلىرىمىز بولدى. قارى بولۇپ يېتىشكەن قېرىنداشلىرىمىزمۇ بولدى. كېيىن بىزگە سەيبىن ئىسىملىك بىر ئامېرىكىلىق ئادۋوكات ياردەم قىلماقچى بولدى ۋە بىزنى ئالدىغان ئۈچىنچى بىر دۆلەتنى ئۇقۇشۇشقا باشلىدى. سەيبىن بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن ئىشلىرىمىز يۈرۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ بىزگە كۆپ ياردەم قىلدى.

تەيۋەن ۋە ئىسرائىلىيەدىن بىزنى قوبۇل قىلمىز دېگەن تەكلىپلەر كەلگەن ئىكەن بىز رەت قىلدۇق. بىز تۈركىيە ياكى ياۋروپادىكى دۆلەتلەر بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتۇق، چۈنكى ياۋروپا ئەركىن، دېموكراتىك دىيار ئىدى. تۈركىيە، يەنى تۈرك خەلقى بىزنىڭ قېرىندىشىمىز ئىدى.

ئاخىرى بىزنى، يەنى بەش نەپەر ئۇيغۇرنى ئالبانىيەنىڭ قوبۇل قىلىدىغان بولغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇر كەلدى. ئامېرىكىلىق بىر ھەربىي گېنېرال بىز بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالبانىيە تەرەپ بىلەن سۆزلەشكەنلىكىنى، ئالبانىيەگە بارغاندىن كېيىن ئالبانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بىزنى ياشاش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئۆي، پاسپورت، خىزمەت قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۈنچە-مارجان چېچىلدى چىمەن ئىچىدە يارەي، چېچىلىشنى كىم بىلدى چىمەن ئىچىدە... دېگەن خەلق ناخشىسىدەك، بۇ بەش ئۈنچە-مارجان چېچىلىشىمىز ھېچ خىيالىمىزغىمۇ كەلمەيدىغان ئالبانىيەگە چېچىلغان ئىدۇق. ئۇزۇنغا سوزۇلغان زېرىكىشلىك ئۇچۇشلاردىن كېيىن ئالبانىيەگە يېتىپ كەلدۇق ۋە تولۇق ئەركىنلىككە چىقتۇق. ياشىسۇن ئەركىنلىك!!!

ئۇيغۇرلۇق ھاياتىمىزدا خىياللىرىمىزغا كۆلەڭگىدەك ئەگىشىپ يۈرگەن «ئالبانىيەگە يەرلەشتۈرىمىز دەپ يالغان ئېيتىپ، خىتايغا قايتۇرۇپ بېرەرمۇ» دېگەن ئەندىشە ھەر ۋاقىت بىزنى بىئارام قىلاتتى. ئايروپىلان ئالبانىيەگە كېلىپ قونغاندا ئەنسىرەش ئىچىدە ئەتراپقا باقتۇق. ئاللاھقا مىڭ شۈكرى، ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەر خىتايلار ئەمەس، بەلكى ياۋروپالىقلارغا ئوخشايدىغان ئالبانلار ئىدى، شۇنىڭ بىلەن «ئۇھ» دېدۇق.

## ھېكايىلەرگە خاتىمە

5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ شاھىتلىرىدىن ئادىلجان ھاكىم بىلەن ئابابەكرى قاسىمنىڭ ھايات ھېكايىسى خۇددى ئىلى دەرياسىدىن شۇڭغۇپ، ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ شىمالىدىكى مېكسىكا قولتۇقىنىڭ ئەتراپىدىكى بىر يەرلەردىن چىققان بىر كىشىنىڭ ھايات ھېكايىسىگە ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ ھايات ھېكايىسى، ئۆزىنى ئىزدەش، ئىسيانكارلىق، قىرغىن، چارىسىزلىك، چارە ئىزدەپ يولغا چىقىش ۋە نۇرغۇنلىغان تاسادىپىيلىقلار مۇجەسسەملەشكەن ھايات. شۇنداق، 5-فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقىدىن قاچقانلارنىڭ بىر قىسمى شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدە، بىر قىسمى ياۋروپادا، ھەتتا بىر قىسمى گۇەنتانامو تۈرمىسىدە بىر-بىرى بىلەن تېپىشتى. ئادىلجان ھاكىم ۋە ئۇنىڭ باشقا ھەمراھلىرى 2002-يىلى ئامېرىكا ئەسكەرلىرىگە ئەسىرگە چۈشۈپ، توغرىسىنى ئېيتقاندا يەرلىك خەلقلەر تەرىپىدىن ھەر بىرى 5000 ئامېرىكا دوللىرىغا سېتىلىپ، قەندىھار تۈرمىسىگە تاشلاندى. 2002-يىلى 6-ئايدا گۇەنتانامو تۈرمىسىگە ئېلىپ كېلىندى، 2006-يىلى 6-ئاينىڭ 5-كۈنى ئادىلجان ھاكىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەش ئۇيغۇر ئالبانىيەگە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن يەرلەشتۈرۈلدى.

2007 ـ يىلى ئادىلجان ھاكىم شىۋېتسىيەگە كەلدى.

ئادىلجان ھاكىم ۋەتەنىدە ئىلى مەشرەپ، يەنى يوشۇرۇن دەۋەت ھەرىكىتىنىڭ سەركەردىسى ئابدۇمىجىت ئابدۇراخمانىنىڭ سىڭلىسى بىلەن توي قىلىپ ئىككى باللىق بولغان ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى بىر ئۈچى 5 ـ فېۋرال قانلىق قىرغىنچىلىقىغا، يەنە بىر ئۈچى گۈەنتانامو تۈرمىسىگە باغلانغان بۇ شاھىتنىڭ ئائىلىسىنى جەم قىلىشىنىمۇ راۋا كۆرمىگەنلىكى سەۋەبىدىن، ئادىلجان ھاكىم شىۋېتسىيەدە يېگىدىن بىر ئائىلە قۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

# 5-فېۋرالدىن گۇەنتانامو تۈرمىسىگىچە: ئابابەكرى قاسىمنىڭ هايات هېكايىسى

هاياتلىق هېكايىسى 5-فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقىدىن باشلىنىپ تاكى گۇەنتانامو تۈرمىسىگىچە تۇتاشقان ئىككى قېرىنداشىمىز بار ئارىمىزدا. ئۇلار هازىر شىۋېتسىيەدە ياشاۋاتقان ئادىلجان هاكىم بىلەن ئالبانىيەدە ياشاۋاتقان ئابابەكرى قاسىم. يۇقىرىدا ئادىلجان هاكىمنىڭ هايات هېكايىسىنى بايان قىلدۇق. تۆۋەندە 5-فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقىدىن ئامان-ئېسەن قېچىپ، خىتايغا قارشى چارە ئىزدەپ هاياتىنى داۋام ئەتتۈرگەن ئابابەكرى قاسىمنىڭ هايات هېكايىسىنى بايان قىلىمىز. بۇ ئەمەلىيەتتە خىتاي زۇلۇمى ئاستىدىكى «ئۇيغۇر» ناملىق بىر مىللەتنىڭ كەچمىشى، دۇنيانى تونۇشى ۋە دۇنيانىڭ ئۇيغۇرنى تونۇشى بولۇپ هېسابلىنىدۇ. مانا بۇ يول شۇنداقلا تار ۋە ئۇزۇن.

ئابابەكرى قاسىم غۇلجىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ۋەزىيەت تېخىمۇ قاتتىق بولۇپ كەتتى. خىتاي «ئاسماندا تور يەردە قاپقان» قۇرۇش شوئارى بىلەن، بىرمۇ «مىللىي بۆلگۈنچى»نى توردىن چۈشۈرۈپ قويماي ئۆلۈم جازاسى بەردى. ئاخىرىدا سوت، تەپتىش دېگەنلەرنىڭ قارارىمۇ ئىشلىمىدى، مەركەزدىن بىۋاستە بۇيرۇق كەلدى. مەسىلەن، قورغاس ناهىيەسىدە ئۆلۈم جازاسىغا هۆكۈم قىلىنغان بەش كىشىنىڭ هەممىسىنىڭ پاكىتلىرى تولۇق ئەمەس ئىدى. ئەگەر ئابابەكرى قاسىم بىلەن ئادىلجان غۇلجىدا بولغان بولسا، ئۇلارنى قايتا قولغا ئالغان بولاتتى. ئۇلارمۇ خۇددى

نۇرغۇنلىغان ئۆن ـ تىنسىز غايىب بولغان غۇلجا ياشلىرىدەك نام ـ نىشانسىز غايىب بولغان بولاتتى.

## ھېكايە: ئابابەكرى قاسىمنىڭ باللىق چاغلىرى

ئابابەكرى قاسىم 1969 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئالما ماكانى، كۈلكە چاقچاق دىيارى، ئىسيانكارلىق ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ كېسىشمە نۇقتىسى بولغان غۇلجا شەھرىنىڭ جىگدىلىك مەھەللىسى ئازگال كوچىسىدا دۇنياغا كەلدى. دادىسى ئابابەكرى ئەپەندى غۇلجا شەھەرلىك تېرە زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى، ئانىسى رىسالەت خانىم غۇلجا ناھىيە چولۇقاي يېزىسىدىكى مەلۇم بىر ئورگاننىڭ بوغالتىرى ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئابابەكرى قاسىمنىڭ ئائىلىسى چولۇقاي يېزىسىغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولۇپ، ئابابەكرى قاسىم باشلانغۇچ مەكتەپنى غۇلجا ناھىيەسىنىڭ چولۇقاي يېزىسىدا باشلىدى. كېيىنچە ئانىسى رىسالەت خانىممۇ غۇلجا شەھەرلىك تېرە زاۋۇتىنىڭ بوغالتىرى بولۇپ شەھەرگە يۆتكىلىپ كىردى. بۇنىڭ بىلەن ئابابەكرى قاسىم باشلانغۇچ مەكتەپنى غۇلجا شەھەر تۆت دۇكاندىكى 12 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە داۋاملاشتۇردى. ئابابەكرى قاسىم 1985 ـ يىلى غۇلجا شەھەرلىك 11 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىسى ئىشلەيدىغان غۇلجا شەھەرلىك تېرە زاۋۇتىغا بالا ئىشچى بولۇپ قوبۇل قىلىندى، ئۇ چاغدا ئابابەكرى قاسىم ئەمدىلا 16 ياشتا ئىدى.

1994 ـ يىلدىن ئېتىبارەن غۇلجا شەھرىدە ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى كارخانىلار شەخسلەرگە كۆتۈرگە بېرىش دەۋرى باشلىنىپ، ئىلى تېرە زاۋۇتى ۋەيران بولۇشقا باشلىدى.

### ھېكايە: سوۋېت ماللىرى بازىرىدا

«پاتماس قويىاش» دەپ تەرىپلىنىدىغان سوۋېتلار ئىتتىپاقى يىمىرىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، 1994-يىلىدىن 1996-يىلىغا قەدەر غۇلجا شەھىرىدە ئالمۇتا، بىشكەك ۋە تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلەر بىلەن بولغان سودا-تىجارەت ئىشلىرى ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. بۇ جەرياندا غۇلجا شەھىرىدە سوۋېتلار بازىرى دەيدىغان بىر بازار قۇرۇلغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن رۇس، ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر غۇلجا شەھىرىگە كېلىپ «سوۋېت ماللىرى» نى ساتاتتى. ئىلى تېرە زاۋۇتىنىڭ ۋەيران بولۇشى بىلەن ئىشسىز قالغان ئابابەكرى قاسىمۇ بۇ بازاردىن بىر كىشىلىك نېسىۋىگە ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇ بۇ بازارغا كەلگەن رۇسلاردىن سېتىۋالغان سائەتلەرنى رېمونت قىلىپ، شىخەنزە، قارماي، ئۈرۈمچى ھەتتا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ ساتىدىغان يېڭى بىر تىجارەت يولىنى تاپقان ئىدى.

### ھېكايە: يېڭى غۇلجا

ئابابەكرى قاسىم 1996-يىلىدىكى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىنى ئەسلەپ مۇنداق بايان قىلىدۇ: «مەن 1996-يىلى قارىماي، ئۈرۈمچى ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ تىجارەت قىلىپ قايتىپ كەلسەم، غۇلجىدا ئىنتايىن چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولاپتۇ. كەيپ-ساپا، ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلگەن، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغان باللارنىڭ ھەممىسى ھىدايەت

يولغا قاراپ مېڭىپ، بەش ۋاق ناماز ئوقۇيدىغان بولۇپ كېتىپتۇ.

غۇلجا شەھىرىنىڭ نەرىگىلا بارسىڭىز ئۈچ-تۆتتىن ئۇيغۇر ياش يىغىلغان يەردە، توغرا يولدا مېڭىش تەۋسىيە قىلىنىپ، قۇرئاندىن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىن مىساللار ئېلىپ، بىر-بىرىگە توغرا، ھاراق-شارابسىز، زەھەرلىك چېكىملىكسىز يولنى تەۋسىيە قىلىش ئەۋج ئاپتۇ. مەن غۇلجا شەھىرىدىكى بۇ ئالەمشۇمۇل يېڭى ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم.

بىز ئەڭ ناچار، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىپ تۆگەشتى، دېگەن بالىلارمۇ پىكىرلىرى ئىلغار، بەش ۋاق ناماز ئوقۇيدىغان، چىرايلىرىدىن ئۈمىد نۇرلىرى تەپچىپ تۇرىدىغان، ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بالىلارغا ئايلىنىپتۇ.

## ھېكايە: «مەشرەپ»نىڭ سېھرىي كۈچى

بىر كۈنى بىر ئاغىنىمىزنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ قالدۇق، دەپ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى ئابابەكرى قاسىم: ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئۆيگە ئىككى بالا كىرىپ كەلدى. ئۆي ئىگىسى ئۇلارنى تونۇشتۇردى. بىرىنىڭ ئىسمى روزىمۇھەممەت بولۇپ، غۇلجا شەھەر تۆپىچى مەھەللىسىدىن ئىكەن (روزىمۇھەممەت 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشىدا قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن مۇددەتسىز كېسىلگەن بولۇپ، ھازىر ئۈرۈمچىدە تۈرمىدە-ئاپتوردىن). يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى ئالىمجان بولۇپ، بۇ يىگىتمۇ غۇلجا شەھەر تۆپىچى مەھەللىسىدىن ئىدى (5-فېۋرال غۇلجا نامايىشى، يەنى ئاشكارا دەۋەتتە ئالدىنقى رەتتە كۆتۈرۈپ ماڭغان لوزۇنكا مۇشۇ يىگىتنىڭ ئۆيىدە يېزىلغان ئىدى-ئاپتوردىن)

مەن تۈنجى قېتىم تەبلىغنى، يەنى توغرا يولغا مېڭىشنى دەۋەت قىلىش لېكسىيەسىنى مۇشۇ يەردە ئاڭلىغان ئىدىم. بۇ ئىككى يىگىت ئاساسەن ئاللاھنىڭ بىرلىكى، مۇسۇلمانلارنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى، مۇسۇلمانلارنىڭ دىن بىلەن كارى بولماي، كەيپ-ساپا، ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن بۈگۈنكىدەك چۈشكۈن بىر ئەھۋالغا دۇچار بولۇپ قالغانلىقىنى قۇرئان قىسسىلىرى، ھەدىس ۋە تارىخلاردىن مىساللار كەلتۈرۈپ، ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بىر لېكسىيە ياكى بىر تەبلىغ دەرسى سۆزلەپ ئۆتتى. بۇ كۈن ھاياتىمنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. بۇ سۆزلەر مەن ھاياتىمدا ئاڭلاپ باقمىغان سۆزلەر ئىدى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ يىگىتلەرنىڭ يەنە بىر قېتىملىق لېكسىيەسىگە داخىل بولۇپ قالدىم. ئۇلار بۇ قېتىم ئائىلىنى ئىسلاھ قىلىش، قولۇم-قوشنا، ئۇرۇق-تۇغقان مۇناسىۋەتلىرىدىكى مېھرى-مۇھەببەت ھەققىدە لېكسىيە سۆزلىگەن ئىدى. ئاللاھغا بولغان ئىبادەت، ناماز ئوقۇش، قۇرئاندىكى بەش پەرزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئىلىم ئېلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر دەرس بەرگەن ئىدى. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بولغان ئەھۋاللارنى ئاپامغا سۆزلەپ بەردىم. ئاپام بەش ۋاق نامازنى باشلىدى. مەنمۇ مەھەللىمىزدىكى قارىمدىن دەرس ئېلىشقا باشلىدىم.

### ***ھېكايە: خىتاي بىلەن بولغان چەك-چېگرانىڭ ئايرىلىشى***

ئابابەكرى قاسىم غۇلجا شەھرىدە 5-فېۋرال نامايىشى، يەنى ئاشكارا دەۋەت بولۇشتىن ئىلگىرى، ئۆزى ئىشلەۋاتقان ئىلى تېرە زاۋۇتىدا ياشلار ئىتتىپاقى ئەزاسى، خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى كاندىدات ئەزاسى ئىدى. ئۇ خىتايلار بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان

بولۇپ، كۆپلىگەن خىتاي دوستلىرى بار ئىدى.

5 ـ فېۋرال غۇلجا نامايىشىنىڭ دەھشەتلىك باستۇرۇلۇشى ئۇنى غەپلەتتىن ئويغاتتى. ھەممە نەرسە ئاشۇ كۈندىن كېيىن ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇ نۇرغۇنلىغان ياشلارنىڭ بىھۇدە ۋە گۇناھسىز ھالدا ئەرزىمەيدىغان ئاددىي ئىشلار ئۈچۈن قەدىرسىز ھالدا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ياشلارنى، نېمە ئۈچۈن ئىشىك ئالدىدا تۇرىسەن؟ دەپ ئۇرۇپ پۇت ـ قولنى چېقىۋەتكەن ئەھۋاللارغا شاھىت بولدى. تۈرمىدىكى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان تەن جازاسى، بولۇپمۇ توكقا چېتىپ جازالاش ۋە جىنسىي يولغا قىل سىم كىرگۈزۈپ جازالاش ئۇسۇللىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ساراڭ بولۇپ چىققان ياشلارنى كۆردى.

ئەجەبا 400 ـ 300 ئەتراپىدىكى غۇلجا ياشلىرى ئېلىپ بارغان تىنچلىق نامايىشى، يەنى «سېنىڭ دىنىڭ ساڭا مەنسۇپ، مېنىڭ دىنىم ماڭا مەنسۇپ، مەن ئۆز دىنىم بىلەن ياشىماقچى» دېگەن ئەڭ ئاددىي بىر ئىنسانىي تەلەپنىڭ بەدىلى مۇشۇنداق ئېغىر بولۇشى كېرەكمىدى؟ دەپ ئويلايتتى ئۇ ئۆز ئۆزىچە. ئۇنىڭ ئەتراپىدىن بارغانچە ئۇزاقلىشىپ يوقاپ كېتىۋاتقان ياشلار، يەنى خىتاي تۈرمىگە تاشلاۋاتقان، ئۆلتۈرۈۋاتقان بالىلار، ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى، مەھەللىداشلىرى، بالىلىق ئاغىنىلىرى ئىدى. بەزىلىرى بىلەن گەرچە مەشرەپ جەريانىدا تونۇشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ تېپىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان بالىلار ئىدى. ئۇ بەزىلىرى بىلەن پەقەت بىر ياكى ئىككى قېتىم مەشرەپتە بىللە بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ دىنى لېكسىيەلىرى ئۇنىڭ ئىدىيەسىدە زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان، ئۇنى كېچىلەردە ئۇخلاتمىغان ئىدى. ئابابەكرى قاسىم ئۇلارنى تۇيۇقسىز ھۆرمەت قىلىشقا باشلىغان، ئۇلارغا قايىل بولغان ئىدى.

## ھېكايە: غۇلجا شەھەر تاشكۆۋرۈك يېزىسىدىكى بۆلجۈرگەن پارنىكىدا قولغا ئېلىنىش

گەرچە 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشىدىن كېيىن ۋەزىيەت ئىنتايىن كەسكىن، تۇتقۇن ۋە تىنتىش ئەۋجىگە چىققان بولسىمۇ، ھايات يەنىلا داۋام قىلىۋاتاتتى. غۇلجا شەھىرىنىڭ ھەممە يېرى «پارتىزانلىق ئۇرۇشى» ھالىتىگە ئۆتكەن بولۇپ، غۇلجا ياشلىرى ئاساسەن خىتاينىڭ قولىغا بەھۇدە چۈشۈپ قالغاندىن كۆرە ئېتىشىپ، ھېچ بولمىغاندا خىتاي ساقچى-ئەسكەرلىرىنىڭ سۆرۈن يۈزىنى تاتىلىۋېلىپ بولسىمۇ ئۆلۈش يولىنى ئاللىقاچان تاللاپ بولغان ئىدى. بۇنىڭغا چىدىيالماي قالغان خىتاي ھۆكۈمىتى غۇلجا شەھىرى مىقياسىدا مەشرەپ ئوينىغان ياكى دىنىي تەبلىغلەرنى ئاڭلىغان ھەرقانداق بىر كىشىنىمۇ توردىن چۈشۈرۈپ قويماسلىق شەرتى بىلەن يەنە كەڭ كۆلەملىك تور يېيىشنى باشلىغان ئىدى. چۈنكى خىتاي پارتىزان ئۇيغۇر ياشلىرىغا قورال-ياراق ۋە باشقا نەرسىلەرنى بۇلار يەتكۈزۈپ بېرىۋاتىدۇ، دەپ گۇمان قىلغان ئىدى.

غۇلجا شەھىرىنىڭ تاشكۆۋرۈك يېزىسى ئەينى يىللاردا پارنىكتا بۆلجۈرگەن يېتىشتۈرۈشتە ئالدىنقى قاتاردىكى يېزىلاردىن ئىدى. ئاباكرى قاسىم بۇ يېزىدىكى بۆلجۈرگەن پارنىكلىرىنى ھۆددىگە ئېلىپ، بۆلجۈرگەن يېتىشتۈرۈش ۋە سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئىدى.

بۇ مەزگىللەردە، غۇلجا شەھىرى مەشرەپ گۇرۇپپىسىدىكى ئۇيغۇر ياشلىرى ئارىسىدا كۆرۈلگەن دىنىي تالاش-تارتىشلار، ئۇششاق-چۈشەك مۇنازىرىلەرنى بىر تەرەپ قىلىپ، غۇلجىدىكى

مەشرەپ گۇرۇپپىلىرىنىڭ تەشكىلى قۇرۇلمىسىنى كۆچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئابدۇخېلىل مجىت قاتارلىق غۇلجا سەركىلىرى، ئاتالمىش جەنۇبىي شىنجاڭدىن مۇھەممەتجان ئىسىملىك 23 ياشلىق بىر قارىمنى غۇلجا شەھرىگە ئېلىپ چىققان ئىدى. مۇھەممەتجان ئىسىملىك بۇ يىگىتنىڭ تۇرار جاي مەسىلىسىنى ئابابەكرى قاسىم ئۈستىگە ئالغان ئىدى.

بۇ دەل 1998-يىلى ياز مەزگىللىرى ئىدى. بىر كۈنى تۇيۇقسىز ئەتراپنى ساقچىلار قاپلاپ كەتتى ۋە ئابابەكرى قاسىم بىلەن جەنۇبتىن چىققان مۇھەممەتجان ئىسىملىك بۇ قارىمنى قولغا ئالدى. تۇتقۇن قىلىنىشتىكى سەۋەب: تۇرسۇن سەلەي قاتارلىق پارتىزانلارنى قورال-ياراق بىلەن تەمىنلىگەن، دېگەن گۇمان ۋە ئاتالمىش جەنۇبىي شىنجاڭدىن چىققان بىر كىشىنى ئۆيىدە تۇرغۇزۇش ئىدى.

## ھېكايە: غۇلجا شەھەرلىك ساقچىخانىنىڭ يەر ئاستى سوراقخانىسىدا

مېنى غۇلجا شەھەر تاشكۆۋرۈك يېزىسىنىڭ بۆلجۈرگەن پارنىكىدا قولغا ئالغاندىن كېيىن،ساقچىلار ئۇدۇل غۇلجا شەھەرلىك ساقچىنىڭ يەر ئاستى سوراقخانىسىغا ئاپىرىپ يېرىم كېچىگىچە ئېسىپ قويدى. يېرىم كېچىدىن كېيىن، بىر-بىرىدىن تەرى يامان، ئۇيغۇرچىنى سۇدەك سۆزلەيدىغان خىتاي ساقچىلار سوراق قىلىشقا باشلىدى. مېنى ئاساسەن غۇلجا شەھىرىدىكى پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىگە قورال-ياراق ۋە ئوق-دورا يىغىپ بەردى، دېگەن تۆھمەت بىلەن، ھەمدە ئاتالمىش جەنۇبىي شىنجاڭدىن چىققان ناتونۇش كىشىنى ئۆيىدە تۇرغۇزدى، دەپ قولغا ئالغان ئىكەن. سوئال ئىككى بولۇپ، بىرى ئۆيۈڭدە تۇرغۇزغان كىشى كىم؟

يەنە بىرى قورال-ياراق يوشۇرۇنغان جاي ۋە يەتكۈزۈپ بەرگەن ئىشلارنى بىلەمسەن؟ ئىدى. مەن بىلمەيدىغانلىقىم ھەققىدە چىڭ تۇردۇم، دېمىسىمۇ راستتىنلا بىلمەيتتىم. سەھەر، بامدات نامىزىغا ئەزان ئېيتىلغىچە بولغان ئارىلىقتا مېنى توك بىلەن قىيناشقا باشلىدى. بۇ يەردىن ساق چىقىشقا كۆزۈم يەتمەي قېلىۋاتاتتى. چۈنكى بۇ، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ياشلىرىنى سوراق قىلىمىز، دەپ ساقچىغا ئەكىرىپ كېتىپ، قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ئۆزى ئۆلۈپ قالدى ياكى بىنادىن ئۆزىنى تاشلىۋالدى، دەپ جەسەتنى ئائىلىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىۋاتقان مەزگىللەر ئىدى. بامداتقا ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ مېنىمۇ توك بىلەن قىيناش توختىدى. مەن ئەسلىدە مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان بولدى، دەپ ئويلىغان ئىدىم.

مېنى توك بىلەن قىيناش جەريانىدا دادامنىڭ داۋاملىق ھالدا ئېيتىدىغان: «ئەگەر تاسادىپ خىتاي تۈرمىسىگە كىرىپ قالساڭلار، ئۇلار داۋاملىق A B C دېگەندەك سوئال سورايدۇ. A دا چىڭ تۇرۇڭلار، ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ A دا چىڭ تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىڭلار، ئەگەر A نى پاش قىلىپ قويساڭلار B ۋە C لارغا ئۆتىدۇ ۋە قىيناشنى داۋاملاشتۇرىدۇ، نەتىجىدە خىتايىنى بەك جىق ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش بەدىلىگە يەنىلا قۇربان بولىدىغان گەپ» دېگەن سۆزى كەچتى. شۇڭا A دا چىڭ تۇرۇپ «بىلمەيمەن» دېدىم، جېنىم تەندە ئامان قالدى.

دادام مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئىككى يىل تۈرمىدە ياتقان ئىدى. خىتايلار دادامنىڭ سەپداشلىرىنى ئېسىپ قويۇپ، ئاستىغا يوغان تۇڭدا ئوت قالاپ، ئوتتا داغلىتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىكەن. دادام بىزگە داۋاملىق بۇ ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. توكقا چېتىپ قىينىغاندا خۇددى ئاستىدىن ئوت قالاش ئارقىلىق

قىينىغان دادامنىڭ ئاشۇ سەپداشلىرى خىيالىمدىن كەچتى...

## ھېكايە: غۇلجا شەھەرلىك «يېڭىھايات» تۈرمىسىدە ۋەتەننىڭ سەرخىللىرى بىلەن ئۇچرىشىش

غۇلجا شەھەرلىك ساقچىخانىنىڭ يەر ئاستى سوراقخانىسىدا بىر كېچە ئېسىپ قويۇلدۇم، ئەتىسى غۇلجا شەھەرلىك «يېڭىھايات» تۈرمىسىدىكى 15 ـ كامېرغا سولاندىم.

مەن بار كامېردا ئابدۇرازاق شەمسىدىن (قەھرىمان ھاماتىنىڭ تاغىسى، سەدىردىن شەمسىدىنىنىڭ ئاكىسى)، ئىلى دەرياسى كۆۋرۈكىدىكى پارتىزانلىق توقۇنۇشىدا يارىلانغان 21 ياشلىق قاۋۇل ۋە قەيسەر يىگىت يۈسۈپجان ئۈچەيلەن بار ئىدۇق. كېيىن كامېرىمىزغا غۇلجا يېڭىيەرلىك قىرغىز يىگىت تاجىبەگ بىلەن سىراجىدىن كىردى. ئەسلىدە، سىراجىدىنغا خىتاي تۈتۈش بۇيرۇقى چىقارغاندىن كېيىن، بىر گۇرۇپپا ياشلار سىراجىدىننى يۈك ماشىنىسىغا يوشۇرۇپ ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ قويۇشنى تاجىبەگكە تاپشۇرغان بولۇپ، تاجىبەگ سىراجىدىننى ساق ـ سالامەت ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ۋە بىزنىڭ كامېرغا ئەكېلىپ سولىغان ئىكەن. شۇ چاغدا ئابدۇرازاقنىڭ پۇتىدا ئۈچ كىلولۇق ئېغىر كىشەن بار ئىدى. ھاجەتخانىغا كىرگەندە ۋە يۇيۇنغاندا ئىنتايىن جاپا تارتاتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئىنتايىن كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ۋە ئۈمىدۋار ئىدى. قىلغان ئىشىغا قىلچە پۇشايمان قىلىدىغان ھالەت يوق ئىدى. بۇ چاغلار ئۇنىڭغا تېخى ھۆكۈم ئېلان قىلىنمىغان مەزگىللەر بولۇپ، مەن چەتئەلگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىدىن، كېيىن مۇددەتلىك قاماققا ئۆزگەرتىلگەنلىكىدىن خەۋەردار بولدۇم.

كامېردىشىم يۈسۈپجانمۇ ئىنتايىن ئۇمىدۋار، ئىلغار پىكىرلىك يىگىت ئىدى. ئۇ ئەسلىدە ئۇستا ياغاچچى ئىكەنتۇق. ئۇ بويىندىن كىرگەن ئوق ئېغىزىدىن چىقىپ كېتىشتەك بىر مۆجىزە بىلەن ساق قالغان يىگىت ئىدى. ئۇ تۈرمىدە ئەرەبچە ئۆگەنگەن ئىدى. يېنىمىزدىكى كامېردا ئاتالمىش جەنۇبىي شىنجاڭدىن چىققان مىجىت موللام ئىسىملىك تەقۋادار بىر داموللام بار ئىدى. يۈسۈپجان ئىلگىرى مۇشۇ مىجىت موللام بىلەن بىر كامېردا ياتقان بولۇپ، ئۇ بۇ جەرياندا مىجىت موللامدىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەنگەن ئىكەن.

ھېچقانداق سەۋەبسىز ۋە گۇناھسىز ھالدا غۇلجا شەھەر «يېڭىھايات» تۈرمىسىدە يەتتە ئاي ياتتىم، يەتتە ئاي توشقاندىن كېيىن قويۇپ بېرىلدىم. قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىنكى تۇنجى ئىشىم، كامېردىشىم ئابدۇرازاقنىڭ غۇلجا شەھەر كېپەكيۈزى يېزىسىدىكى ئاتا-ئانىسىنى يوقلاپ كېلىش بولدى. ئۇ كۈنى قەھرىمان شېھىت ھاماتىنىڭ دادىسىمۇ بۇ ئائىلىگە كىردى، ئۇلار ئەسلىدە بىر مەھەللىدە ئولتۇرىدىكەن. مەن ئابدۇرازاقنىڭ سالىمىنى ئۇلارغا يەتكۈزدۈم. غۇلجا شەھىرىنىڭ كېپەكيۈزى يېزىسىدىكى دىنىي ئۆلىما شەمشىدىن قارىم ئاكىمىز بىلەن شۇ سەۋەبتىن كۆرۈشۈش ۋە سۆھبەتلىششكە نائىل بولغان ئىدىم. شۇنداق قىلىپ، غۇلجا شەھىرىدىكى ۋەھشىي تۈرمىلەرنىڭ بىرى بولغان «يېڭى ھايات» تۈرمىسىگە 1998-يىلى كۈز ئايلىرىدا كىرىپ، 1999-يىلى 2-ئايدا چىقتىم.

## ھېكايە: ۋەتەندىن ئايرىلىش

غۇلجا شەھىرىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان پارتىزانلىق ئۇرۇشلىرى جەريانىدا، خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ

قولىدىكى قورالنى تارتىۋېلىشقا نائىل بولغان دېھقان يىگىتلىرىنىڭ ئاپتوماتنى ئاچالمىغانلىقى سەۋەبىدىن، يەنە دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قېلىشى كىشىنى ئىنتايىن ئازابلايتتى. بۇ بىزنى يول ۋە چارە ئىزدەشكە، ھەم ھەربىي تەلىم-تەربىيە ئېلىشقا ئۈندەيتتى. بۇ يول، بۇ چارە زادى نەدە؟... بىز بۇ يول ۋە چارىنى چەتئەللەردە، دەپ بىلەتتۇق.

ئۇنىڭدىن باشقا تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ خاتىرجەم بولالمىدىم. «ئۆيدە قورال ساقلىغان» دېگەن گۇمان بىلەن، ئۆيۈمنىمۇ ئاختۇرۇپ ئاۋارە قىلىشقا باشلىدى. بازارغا چىقسام ئارقامغا ئادەم سېلىپ قويدى. قايتا تۈرمىگە ئەكىرىپ سولىۋېلىشى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىش ئىدى. شۇنداق قىلىپ 2000-يىلىنىڭ كىرىشى بىلەن ئۈرۈمچى ئارقىلىق بىشكەككە چىقتىم. بىشكەكتىكى تۆر بازىرىدا ئادىلجان ھاكىم بىلەن ئۇچرىشىپ يوللىرىمىزنى بىرلەشتۈردۇق.

ئابابەكرى قاسىمنىڭ 2000-يىلدىن كېيىنكى راۋاپىندى، تورا-بورا تاغلىرى، قەندىھاردىن تارتىپ گۇەنتانامو تۈرمىسىگىچە بولغان كەچمىشلىرى ئادىلجان ھاكىمنىڭ كەچمىشلىرىگە ئاساسەن ئوخشايدۇ. ئابابەكرى قاسىم ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ گۇەنتانامو تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىشى ۋە ئالبانىيەگە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ھازىر ئالبانىيەدە ياشىماقتا.

# خاتىمە

## «ھەجەدىن قايتالمىغان ھاجى»


كانادانىڭ مونتېرىيال شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق شەمشىدىن ھاجىم ئاكىنىڭ 5-فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقى خانىۋەيران قىلىۋەتكەن ھايات ھېكايىسى

5-فېۋرال غۇلجا نامايىشىدىن كېيىن غۇلجىدا ئاجايىپ قاباھەتلىك كۈنلەر ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىغان ئىدى. تۇتقۇن پەقەت نامايىشقا قاتناشقان ئابدۇخېلىل مىجىت مەشرەپ گۇرۇپپىسىدىكى 313 نەپەر ياش بىلەن چەكلەنمىدى. خىتاي جاللاتلىرى نامايىشچىلارنى ئوققا تۇتۇشتىن باشقا، ئەتىسى شەھەرلىك ساقچىنىڭ ئالدىغا نامايىشقا كېتىپ، قايتىپ كەلمىگەن پەرزەنتلىرىنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىپ چىققان ئاتا-ئانىلارمۇ، خىتاي ساقچى ئەسكەرلىرىنىڭ قوپال مۇئامىلىسى، كۆزىدىن ياش ئاققۇزىدىغان دورا تاشلىشى، كالتەك-چوماقلار بىلەن دۇمبالىشى ۋە ئاخىرىدا ئوق چىقىرىشىغا دۇچار بولدى. غۇلجا شەھىرىدىكى تۇتقۇن 5- ۋە 6-فېۋرال كۈنى بىلەنلا چەكلەنمەي، بارلىق مەشرەپ گۇرۇپپىلىرىدىكى مەشرەپ ئوينىغان ياشلار ۋە دىنىي تەبلىغ ئاڭلىغان ياشلار كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىنىشقا باشلىدى. تۇتقۇن ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق سەككىز ناھىيە ۋە بىر شەھەرنى مەركەز قىلغان ھالدا رەھىمسىزلەرچە ئېلىپ بېرىلماقتا ئىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، خىتاي ھۆكۈمىتى 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشىنى غۇلجا شەھىرىدىكى دىنىي زاتلارنىڭ كۈشكۈرتىشى، مەسچىتلەردىكى دىنىي تەبلىغلەر، شۇنداقلا دىنىي كۇرسلارنىڭ تەسىرىدىن بولدى، دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، دىنىي ساھەدىكى زاتلارغا قارىتىلغان تۇتقۇنمۇ ئىنتايىن دەھشەتلىك ۋە رەھىمسىزلەرچە ئېلىپ بېرىلماقتا ئىدى.

ئەسلىدە شەمشىدىن ھاجىم ئاكا، 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە غۇلجىدا يوق ئىدى. چۈنكى خانىمى بىلەن 1996-يىلىنىڭ ئاخىرى، يەنى 11-ئاي مەزگىلىدە تۈركىيە ئارقىلىق ھەرەمگە ئۆمرە ھەج قىلىشقا كەتكەن ئىدى. ئۇلار تۈركىيەدە ئىككى ئاي تۇرۇپ، 1997-يىلى يانۋاردا رامىزاننى ھەرەمدە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ھەرەمگە كەتتى. غۇلجا 5-فېۋرال نامايىشى يۈز بەرگەن كۈنلەردە ئۇلار ھەرەمدە روزى ھېيتنى ئۆتكۈزدى ۋە ئۆمرە ھەج قىلدى. 1997-يىلى 5-ئايدا ھەج قىلدى. ھەجدىن كېيىن ئۇلار يەتتە-سەككىز ئايغا سوزۇلغان چەتئەل سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، تۈركىيە ئارقىلىق ۋەتەنگە، يەنى غۇلجا شەھىرىگە قايتماقچى بولۇپ ئىستانبۇلغا كەلگەندە، غۇلجا شەھىرىدە تۇرۇشلۇق پەرزەنتلىرىنىڭ، ۋەتەندىن چىققان بىرى ئارقىلىق ئېيتىپ بەرگەن: «دادام ۋە ئاپام قايتىپ كەلمىسۇن، شەھەرلىك ساقچىدىن دادامغا ئۆزىنى دەرھال مەلۇم قىلىش ئۇقتۇرۇشى چىقىرىلدى، ئۆيلىرىمىز ئاختۇرۇلدى» دېگەن ئۇچۇرىنى تاپشۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن شەمشىدىن ھاجىم ئاكا غۇلجىغا قايتالمىدى، ئۇنىڭسىزمۇ 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشىدىن كېيىن، غۇلجا شەھىرىدىكى دىنىي زاتلارغا قارىتىلغان تۇتقۇننىڭ باشلانغانلىقىنى، ئابدىرېشىت ھاجىم، ئابلەت قارىھاجىم، زىيائىدىن قارىھاجىم قاتارلىق غۇلجىدىكى نوپۇزلۇق دىنىي ئۆلىمالارنىڭ ئائىلىسى ۋە ئۇرۇق-تۇغقان، قېرىنداشلىرى بولۇپ

ھەممىسىنىڭ ئارقا-ئارقىدىن قولغا ئېلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر تۇشمۇ-تۇشتىن كېلىشكە باشلىغان ئىدى.




غۇلجاشەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ

ئۇقتۇرۇشى

:

جەمئىيەتنىڭ ئومۇمي مۇقىملىقىنى ھەقىقي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن غ ،ش ،ج، خ ئىدارىسى ھەردەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىدىنىڭ قوللىشى ۋە ھەمكارلىششى بىلەن جەمئىيەت ئامانلىقىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتىنى قاناتيايدۇرۇپ، زوراۋانلىق ،تېرورلۇق ،جىنايى ھەركەتلىرىگەقاتتىق زەربەبېرىپ، بىرتۈركۈم زوراۋانلىق، تېرورلۇق گورۇھلىرىنى پاش قىلىپ زوربىرتۈركۈم جىنايى ھەركەت قورال -سايمانلىرى يىغىۋېلىندى ۋەبىرتۈركۈم جىنايەتچىلەرئارقا-ئارقىدىن قانۇن تورىغاچۈشتى، شۇنداقلا مىللىي بۆلگۈنچى رلىۋق ئۇنسۇرنەرتە، زوراۋانلىق ،تېرورلۇق ئۇنسۇرلىرى ۋەچېكىدىن ئاشقان دىنىي كۈچلەرنىڭ غوللۇق ئۇنسۇرلىرىگەقاتتىق زەربەبېرىلدى. لېكىن ئازساندىكى بىرقىسىم قالدۇق جىنايەتچىلەرقېچىپ، يوشۇرۇنۇپ يۈرمەكتە، ئۇلارنىڭ ئىچىدەسىلەرنىڭ پەرزەنتىڭلار، ئۇرۇق -تۇققانلىرىڭلار [illegible] بار. ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىدىن ج خ ئورگانلىرى تولۇق خەۋەردار. سىلەرنىڭ كۆزۈڭلارنى روشەنلەشتۈرۈپ، ۋەزىيەتنى توغراتونۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەي ، دەرھال پەرزەنتىڭلار، ئۇرۇق - تۇققانلىرىڭلارنىڭ ج خ ئورگانلىرىغائېزكېلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، كەڭچىلىك بىلەن بىرتەرەپ قىلىشىغائېرىشىشىغانەسەھەت قىلىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمىز.

بىزشۇنى قاتتىق [illegible]ھلاندۇرۇمىزكى: زوراۋانلىق ،تېرورلۇق ، ئۇنسۇرلىرىدىنى يوشۇرغان [illegible] ،قانات ئاستىغائالغانلارتېزدىن ج خ


ئۇرگانلىرىغا كېلىپ ئۆزەڭلارنى مەلۇم قىلىپ كەڭچىلىك بىلەن بىرتەرەپ
قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈشىڭلار لازىم. بۇنىڭغا بىز چوقۇم كاپالەتلىك
قىلىمىز.
بۇ بولسا ـــــ خەلق ئالدىداگۇناھىنى تونۇپ، ج خ ئۇرگانلىرىغا كېلىپ
ئۆزىنى مەلۇم قىلغانلارنىڭ بىردىن بىر چىقىش يولىدۇر.
ئومۇمى ئۇقتۇرۇش تارقىتىلغان كۈندىن باشلاپ داۋاملىق يوشۇرۇنغان،
يان باسقان، جىنايەت سادىر قىلغانلارغا ئۆلۈمدىن باشقا يول يوق، خالاس.

غۇلجا شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى
1997 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

ئۇنداقتا، غۇلجا شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسى نېمە ئۈچۈن غۇلجا 5 ـ فېۋرال نامايىشىدىن تۆت ئاي بۇرۇن غۇلجىدىن ئايرىلغان، نامايىش بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق بىر كىشىگە ئۆزىنى دەرھال مەلۇم قىلىش ئۇقتۇرۇشى چىقىرىلىدۇ؟

بۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى شەمشىدىن ھاجىمنىڭ غۇلجىدىكى دىنىي زاتلارنى تەربىيەلەش كۇرسلىرىنى ئېچىش، شۇنداقلا

جامائەتنى سىلىش ۋە ئىمامەتچىلىك قىلىش ئىشلىرىدا كۆزگە كۆرۈنگەن ئاكتىپ بىر شەخسنىڭ بولغانلىقىدا، شۇنداقلا 5-فېۋرال نامايىشىغا قاتناشقان بىر قىسىم باللارنىڭ بۇ تەربىيەلەش كۇرسلىرىدا تەربىيە كۆرگەنلىكى سەۋەبىدىن بولغان.

## 1-ھېكايە: غۇلجا شەھەرلىك بەيتۇللا مەسچىتىدە ئېچىلغان ئىمام يېتىشتۈرۈش كۇرسى

1990-يىللىرى خىتاي دىنىي سىياسەتتە بىر ئاز كەڭچىلىك يولغا قويغان مەزگىللەر بولۇپ، دىنىي مەكتەپلەر ئېچىلىپ، مەسچىتلەر سېلىنىپ، دىنىي تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىدا بىر ئاز ئىلگىرىلەش كۆرۈلۈشكە باشلىغان ئىدى.

بۇ مەزگىللەردە ئاتالمىش شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ باش مۇدىرى ئاتاقلىق دىنىي ئالىم مۇھەممەت سالىھ داموللام ئىدى. شەمشىدىن ھاجىم ئاكىنىڭ مۇھەممەت سالىھ داموللام بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق مۇناسىۋىتى بار بولۇپ، ھەر قېتىم ئۈرۈمچىگە بارغان چاغلىرىدا مۇھەممەت سالىھ دامولانى يوقلاپ، ھەمسۆھبەتتە بولۇپ پىكىرلىشىپ قايتىپ كېلەتتى. ئەينى يىللاردا بۇ ئىسلام ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرىدىغان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ دەسلەپكى دىنىي ئاساسى پۇختا بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزۈۋاتاتتى. دېمەك، ئىسلام ئىنستىتۇتىغا كىرىشتىن بۇرۇن چوقۇم ئوقۇغۇچىلار ئەڭ ئاۋۋال ئىككى ياكى ئۈچ يىل ئىمام يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرىنى پۈتتۈرگەن بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇ خىل تەلەپ ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىمام يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرى ئېچىشنى تەقەززا قىلغان ئىدى. شەمشىدىن ھاجىم ئاكا بىلەن مۇھەممەت سالىھ دامولامنىڭ

سۆھبەتى ھەم مۇشۇ نۇقتىدا بولغان ئىدى. ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي مۇھەممەت سالىھ داموللا ھاجىم ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ناھىيە، شەھەرلەردە ئىمام يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىش ھەققىدىكى تەكلىپ لايىھەسىنى ئاتالمىش ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزدى. شۇنداق قىلىپ غۇلجا شەھرىدىكى بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ ئارقا ھويلىسىدا، بىر ياتاقلىق ئىمام يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىش خىزمىتىگە شەمشىدىن ھاجىم ئاكا مەسئۇل قىلىندى.

بۇ دەل 1990 ـ يىلى ئىدى. ئىمام يېتىشتۈرۈش كۇرسىنىڭ ۋاقتى ئۈچ يىل بولۇپ، غۇلجا شەھرى ۋە ئەتراپىدىكى يېزىلاردىن بولۇپ 35 ـ 40 ئەتراپىدا ياش بۇ كۇرسقا قاتناشقان ئىدى. ئەينى چاغدا غۇلجا شەھرىدە تۇنجى قارار ئېچىلغان ئىمام يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا غۇلجا شەھەرلىك دىني ئىشلار كومىتېتى ۋە بۇ كومىتېتنىڭ مۇدىرى ئابلىمىت ھاجىم مەسئۇل بولغان بولسىمۇ، ئەمما كونكرېت ئىشلار ۋە ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەر ئاساسەن شەمشىدىن ھاجىم ئاكىغا تاپشۇرۇلغان ئىدى.

ئىلى بەيتۇللا مەدرىسىنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى كونا ئۆيلەرنى ئاقارتىپ، تازىلاپ ۋە قايتىدىن رېمونت قىلىپ، كۇرس مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا باشلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئىمام يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا دەرس ئۆتكەن غۇلجىدىكى داڭلىق دىني زاتلاردىن لۇتپۇللا قارى ھاجىم[5]، قاسىۋان خەلپىتىم[6] ۋە ئالما بازىرىلىق ئابلەت قارىھاجىم قاتارلىق كىشىلەر بار بولۇپ،كۇرس ياتاقلىق ئىدى. بۇ كۇرستا ئوقۇغان 37 بالا ئۈچ يىلدىن كېيىن، يەنى 1993 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاپتونوم

[5] ئىلگىرى غۇلجا شەھرىدىكى داڭلىق دۆڭمەھەللە گۈللۈك مەسچىتىنىڭ ئىمامى بولغان، كېيىن بەيتۇللا مەدرىسگە خاتىپ قىلىنغان ئىدى

[6] غۇلجا شەھەر ساي بويى مەسچىتىنىڭ ئىمامى

رايوندىن بۇ خىل كۇرسلارنى توختىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش كېلىپ، ئىمام يېتىشتۈرۈش كۇرسى تاقىلىپ قالدى.

## 2-ھېكايە: «37 ئىمام 37 مەرۋايىت»

غۇلجا شەھەرلىك بەيتۇللا مەسچىتتە 1990-يىلدىن 1993-يىلغا قەدەر تۇنجى تۈركۈمدە تەربىيەلەنگەن بۇ 37 ئىمام ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، غۇلجا شەھىرىدىكى ياشلار ئارىسىغا سىڭىپ كىرىپ، غۇلجا شەھىرىدە ئەۋج ئالغان ئەيش-ئىشرەت، كەيپ-ساپا، زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئەيدىزدىن توسايدىغان قالقانلىق رولىنى ئوينىدى. ئۇلار ياشلار ئارىسىدىكى دىنىي تەشۋىقاتنىڭ باشلامچىلىرى بولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقىدەك قەدىر-قىممەتسىز، ئەبگار، ھورۇن، زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئەيدىز قاتارلىق يامان ئىللەتلەرنىڭ ئىگىسى بولۇپ قېلىشىدىكى تۈپكى سەۋەبلەرنىڭ دىندىن ۋە ئىلىمدىن ئۇزاقلىشىپ كېتىش ئىكەنلىكىنى مەھەللە-مەھەللىلەردە كەڭرى تەشۋىق قىلدى.

1995-يىلى غۇلجا شەھىرىدە پۇتبول ۋەقەسى يۈز بەردى. ھۆكۈمەت غوللۇق ئۇنسۇرلار ۋە كۈشكۈرتكۈچىلەر، دەپ قولغا ئالغان ياشلارنىڭ ئارىسىدا مۇشۇ ئىمام يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇغان ياشلار بار ئىدى. 1997-يىلى 2-ئاينىڭ 5-كۈنى غۇلجا شەھىرىدە يۈز بەرگەن نامايىش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى نۇرغۇنلىغان ھەرىكەتلەردە قولغا ئېلىنغان ياشلار ئارىسىدا، ئاساسلىق يېتەكچىلىك قىلغان ياشلاردىن بەزىلىرى مۇشۇ ئىمام يېتىشتۈرۈش كۇرسىنى پۈتتۈرگەن ياشلار ئىدى. يۇقىرىدىكى ئىككى مەسىلە سەۋەبىدىن غۇلجا شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسى، 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان شەمشىدىن ھاجىم ئاكا ھەققىدە ئۆزىنى جىددىي مەلۇم قىلىش

ئۇقتۇرۇشى چىقارغان ئىدى. خىتاي تەرەپ شەمشىدىن ھاجىمنىڭ غۇلجىدىكى ئۆيىگە ئىككى قېتىم يېرىم كېچىدە باستۇرۇپ كىرىپ قاتتىق تىنتىش ۋە ئاختۇرۇش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇرۇمچىگە بېرىپ ئۇرۇمچىدىكى رېستورانىنىمۇ قاتتىق ئاختۇرىدۇ. بۇنداق ئاختۇرۇشتىن ھېچقانداق نەتىجە چىقىرالمىغان خىتاي، ئاخىرىدا شەمشىدىن ھاجىمغا قارىتا غۇلجا شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىگە ئۆزىنى مەلۇم قىلىش ئۇقتۇرۇشى چىقارغان. تۆۋەندىكىسى غۇلجا شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئەينى يىللاردا شەمشىدىن ھاجىم ئاكىغا چىقارغان ئۆزىنى مەلۇم قىلىش ئۇقتۇرۇشى:

## 3 ـ ھېكايە: غۇلجا شەھەر ئالما بازىرى جامەسىنىڭ سېلىنىشىغا ئاكتىپ خىزمەت قىلىش

غۇلجا شەھىرىنىڭ ئالما بازىرى مەھەللىسىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ئۇششاق تىجارەتچىلەر بولۇپ، ئىقتىسادىي ئەھۋالى دېگەندەك ياخشى ئەمەس ئىدى. بۇ مەھەللىدىكى ئالدىن بېيىغان، غۇلجا شەھەرلىك «گەلەنتىر» دەپ ئاتىلىدىغان سودا بازىرىدا تىجارەت قىلىدىغان بىر قىسىم كىشىلەر بۇ مەھەللىگە بىر جامە سېلىشنى قارار قىلىشتى. تەخمىنەن 1991 ـ يىلىدىن 1993 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، مەسچىت ئۈچۈن بىر مو ئەتراپىدا يەر سېتىۋېلىنىپ، مەسچىت ئومۇمىي دائىرىسى 230 كىۋادرات مېتىر كېلىدىغان، 400 ـ 300 كىشى بىمالال ئىبادەت قىلالايدىغان بىر زامانىۋى جامە غۇلجا شەھىرىنىڭ ئالما بازىرى مەھەللىسىدە قەد كۆتۈرگەن ئىدى. جامەنىڭ يەنە كەڭرى كەتكەن سەينا ـ قورۇسى بولغاندىن باشقا، سەرراپ (مۇنچا)، ساتىراشخانا ۋە ناۋايخانىلىرىمۇ بار بولۇپ، بۇلارنى ئىجارىگە بېرىش ئارقىلىق جامە ئىقتىسادىي چىقىم جەھەتتە ئۆزىنى ـ ئۆزى

قامدايدىغان ھالەتتە ئىدى.

شەمشىدىن ھاجىم ئاكا بۇ جامەنىڭ سېلىنىش جەريانىدىمۇ ئىنتايىن ئاكتىپ خىزمەت قىلدى ۋە جامە پۈتكەندىن كېيىن بىر يىل بۇ جامەگە ئىماملىق قىلدى. ئالما بازىرى مەھەللىسى 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشىدىن كېيىن، خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن نۇقتىلىق نازارەت قىلىنىدىغان مەھەللىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ مەھەللىدىكى جامائەت توپلىشىپ ئىبادەت قىلىدىغان بۇ جامەنىڭ سېلىنىشىدا ئاكتىپ خىزمەت كۆرسەتكەن ۋە بىر يىلدىن ئارتۇق ئىمامەتچىلىكىنى قىلغان شەمشىدىن ھاجىممۇ خىتاينىڭ نۇقتىلىق تەكشۈرۈلىدىغان ئوبيېكتىغا ئايلانغان. يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شەمشىدىن ھاجىم ئاكا گەرچە 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىغا قاتناشمىغان مۇناسىۋەتسىز كىشى بولسىمۇ، ئەمما غۇلجا شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسى ئۇ كىشىگە ئۆزىنى مەلۇم قىلىش بۇيرۇقى چىقارغان ئىدى.

ھەجگە بېرىپ ئانا ۋەتىنىگە قايتالمىغان شەمشىدىن ھاجىم ئاكا، تۈركىيەنىڭ ئەنقەرە شەھرىدە تۇرۇشلۇق بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئەنقەرە شۆبىسىنىڭ سىياسىي پاناھلىق بېرىشى بىلەن 2001-يىلى 7-ئاينىڭ 16-كۈنى كانادانىڭ مونتېرىيال شەھرىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىدۇ. ھازىر شەمشىدىن ھاجىم ئاكا، خانىمى، قىزى، كۈيئوغلى ۋە ئۈچ نەۋرىسى بىلەن بىرلىكتە ياشىماقتا. ۋەتەنىدە ئىككى قىزى ۋە ئۈچ ئوغلى بار. ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇسالام شەمشىدىن 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ھازىر تۈرمىدە. ئۈچىنچى ئوغلى ئابدۇساتتار شەمشىدىننى 2016-يىلى خىتاي جازا لاگېرىغا ئەكىرىپ كەتكەن بولۇپ، ھەر ئىككى

ئوغلىنىڭ ھازىر ئىز-دېرىكى يوق. شەمشىدىن ھاجىم ئاكا بۇ يىل 77 ياشتا.

## ئابدۇسالام شەمشىدىن


ئابدۇسالام شەمشىدىن 1997-يىلى 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشى بولۇپ ئۆتۈپ ئىككى ئايدىن كېيىن، يەنى 5-ئايدا قولغا ئېلىنىپ ئاۋۋال ئۆلۈم جازاسىغا، ئاندىن مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. ئابدۇسالام شەمشىدىن ھازىر ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق باجاخۇ 1-تۈرمىدە جازا مۇددىتىنى ئۆتىمەكتە. 2016-يىلىغا قەدەر ئابدۇسالام مۇشۇ تۈرمىدە ئىدى. ئەمما 2016-يىلىدىن كېيىن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتۈرۈلمىگەن. تۆت يىلدىن بۇيان ئىز-دېرىكى يوق.

ئابدۇسالام شەمشىدىن ھاجىم ئاكىنىڭ ئۈچ ئوغلىنىڭ ئوتتۇرانچىسى بولۇپ، خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن «مەشرەپكە باشلامچىلىق قىلىش ۋە قورال ياساش» بىلەن ئەيىبلىنىپ قولغا ئېلىنغان. ئەمما شەمشىدىن ھاجىم ئاكا بۇنى پۈتۈنلەي ئوغلۇمغا قىلىنغان تۆھمەت، دەپ كەسكىن رەت قىلىدۇ.

شەمشىدىن ھاجىم ئاكا ئوغلى ئابدۇسالام ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ پۈتۈنلەي ھەقسىز ۋە پاكىتسىز تۆھمەتتىن ئىبارەت. ئوغلۇم ئابدۇسالام خۇددى قىز بالىغا ئوخشايدىغان، ناھايىتى سىلىق سىپايە، ھەممە ئادەمنىڭ زوقى كەلگۈدەك، گەپ-سۆزلىرى جايىدا بىر بالا ئىدى. ئۇ قورال ياسايدىغان ئىشلارنى ھەرگىز قىلالمايتتى. ھەتتا ئۆزىنىڭ ۋېلىسىپىتىنىمۇ ئۆكىسى رېمونت قىلىپ بېرەتتى. تۆمۈر-تەسەك ئىشلىرىغا ھەرگىز ئارىلاشمايتتى. ئۇنى قورال ياسىدى دېيىش قىپقىزىل بىر

تۆھمەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس».


ئابدۇسالام 1969-يىلى 7-ئايدا غۇلجا شەھەر ئالما بازىرى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ مەكتەپنى غۇلجا شەھەر 9-باشلانغۇچ مەكتەپتە، ئوتتۇرا مەكتەپنى غۇلجا شەھەر ئىككىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتە تاماملىغان. ئابدۇسالام ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئىلى يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ بوياقچىلىق سېخىغا خىزمەتكە كىرگەن. ئۇ دەل مۇشۇ زاۋۇتتا ئىشلەۋاتقان مەزگىلىدە خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. دەسلەپتە غۇلجا شەھەرلىك «يېڭىھايات» تۈرمىسىگە سولانغان. سوتتىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىق قارارى چىقىرىلغاندىن كېيىن ئۈرۈمچى باجاخۇ 1-تۈرمىسىگە يۆتكەلگەن. ئۈرۈمچىدە ياشايدىغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ كۆپلەپ يول مېڭىشى، پۇتۇن كۈچى بىلەن ئۇنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىگە نۇرغۇنلىغان پاكىتلارنى كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قانۇن بولمىغان، نېمە خىيالىغا كەلسە شۇ جازانى بۇيرۇپ قويىدىغان ئادالەتسىز خىتاي قانۇنى ئابدۇسالام دېلوسىغا قايتا قاراپ چىقىپ، ئۇنىڭ جازا مۇددىتىنى ئاران تەستە مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ئۆزگەرتكەن. ئەمەلىيەتتە خىتاي قانۇنى ھازىرغا قەدەر ئابدۇسالامنىڭ قايسى قورالنى قانداق ياسىغانلىقىغا ھېچقانداق پاكىت كۆرسىتىپ بېرەلمىگەن. بۇ پەقەت ئابدۇسالامنىڭلا بېشىغا كەلگەن پاجىئە بولۇپ قالماستىن، 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ ئالدى-كەينىدە قالايمىقان ھالدا قولغا ئېلىنغان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئورتاق پاجىئەسى. ھازىر ئابدۇسالامنىڭ ھېچقانداق ئىز-دېرىكى يوق. ئابدۇسالام 2010-يىلى تۈرمىدىن ئائىلىسىگە بىر پارچە خەت چىقارغان بولۇپ، خەتنىڭ ئاساسى مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:



信　笺

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم: قەدىرلىك ئۆيۈمجان،
مېھرىبان ئاتا-ئانا!
سىلەرگە، سىڭلىم تىلىبۇرغا، قەمەر، ھەدەمگە، يۇرت ئاكامغا،
رەنا، تاھىر، ئەلقەم-ئەخمەتلەرگە، ئۆمەرجان ئاكام ئۆيى ئىچىگە
سىڭلىمنى سالام! ھەممىڭلارنىڭ تېنىڭلارغا سالامەتلىك ئىشلىرىڭلارغا ئۇتۇق
تۇرمۇشىڭلارغا بەخت تىلەيمەن!
قەدىرلىك دادا، ئانا، ئۇزاق بولدى سىلەرنىڭ ئەھۋاللىرىڭلارنى سوراپ باقمىدىم، مېنى
كەچۈرۈڭلار، ھەرقېتىم قولۇمغا قەغەز، قەلەم ئالسام نەدىن باشلىشىمنى نېمە
دېيىشىمنى بىلەلمەي، نۇرغۇن دېگەن گەپلىرىم بار بىر يەردىن يازالماي قەلەمنى تاشلاپ
قويىمەن. ھەي-ھەي، دېگىچە 10 يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ھېكمەتلىك دۇنيا ھەممىمىزنى
بىر ھېسسىيات تۇيغۇسىنى قويغاي ئۆزگىچە سەزگۈسىنى تۇرغاقتا. قەدىرلىك دادا
سىزمۇ ياشىنىپ قالدىڭىز، سالامەتلىكىڭىز قانداقراق؟ ئاشقازىنىڭىز يەنە
ئاغرىۋاتامدۇ؟ ھەر سورىسام يەنىلا "ئاغرىقىم يوق" دەپ بىلدۈرمەي كېلىۋاتامسىز؟
ئانا سىزنىڭ ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟ پۇتىڭىز ئاغرىقلىرىڭىز خېلى يوقاپ
قالغاندۇ؟ ئاڭلىسام خېلى سەمرىپ قاپسىز. ئەتىگەن سۈت ئىچىشلىرىڭىز يەنىلا
بولۇۋاتقاندۇ، توختىماي داۋاملىشىۋاتقاندۇ-ھە!؟ سىڭلىم تىلىبۇرنىڭ چوڭ قىلىپ
قاتارغا قوشۇپ قويۇپسىلەر، مۇبارەك بولسۇن! ئائىلىسىگە بەخت
تۇرمۇشىغا ئۇتۇق تىلەيمەن. دادا، ئانا، بالىلارنىڭ ھەممىسى يەنە
ئۆز ئانىلىرىغا ئۇلىشىپتۇ، جاپالىق ئىچىرىگەنلەر بىلەن قەدەم باسقان جايلىرىڭلار
يەنە كۆكلەپ گۈللىنىپ باشلاپتۇ. سىلەر ياشانغانسىلەرغا قارىماي يەنىلا تىرىشىپ
تىرىشىپ بالىلارنىڭ غېمىنى يەپ كېتىپ بېرىپسىلەر، قەمەر، ھەدەمدىن ھەر دائىم
ياخشى تۇرۇۋاتقانلىقىڭلارنى ئاڭلاپ تۇرىمەن. لېكىن ئۇ ۋاقىتتىكى ئۆتۈشتىكى
ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە باقماي تېز يىلى ناچارلىق سوغىسى تەقدىر قىلىۋاتىدۇ.
سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ بىرگە تۇرالىغان ئاتا-ئانىلىق مەجبۇرىيىتىڭلارنى ئادا
دەۋرىدە ئادا قىلىڭلار، ئەگەرنىڭ روھى ئىشتىكى سىلەرگە مەڭگۈ ئۇچۇق
دەپ ئويلايمەن. ھەم خۇشاللىق بولۇشنى تىلەيمەن! لېكىن بىز بالىلىرىڭلار

自治区第一监狱　　　　第　页



چۈشلىرىمدە مەن يارامسىز ئوغلۇڭلار تاكى ھازىرغا قەدەر سىلەرگە يۈك بولۇپ كېلىۋاتىمەن
ئالدىڭلارغا بىر پىيالە ئىسسىق چاي قويىدىغان، بىر قاچا ئىسسىق تاماق قويىدىغان بۈگۈنكى
كۈندە سىلەرنى ئەنسىزلىك ئىچىدە تەلمۈرتۈپ قويۇۋاتىمەن. تەكرارلىنىپ تەقدىرى ھېچكىمگە
ئارتۇقچە ئەمەسكەن. ئويلاپ باقسام ھاياتىمدا بىر كۈنۈمنىمۇ سۆيۈنگەنمەن،
ئەسلىگىنىمدە ياخشى ئەمەللەردىن خالى بولۇپ، سىلەرنى قاقشاتقان، ئاۋارە قىلغان، ئەھمىيە-
تسىز، ئورۇنسىز داغ، ھەسرەت ئېلىپ كەلگەنلىكىمنى ھېس قىلغىنىمدا چوڭسا، ئۆزەمنى
پەقەت مۇشۇ يەرگىلا لايىق ئادەم دەپ بىلىپ قالىمەن، بىر ھېساپتا بۇمۇ ياخشى بوپتۇ.
ماڭا كۆپ ئويلىنىش، ھاياتىمنى ئاچچىق-چۈچۈكىنى تېتىش، ئۆز-ئۆزەمنى ھېساب ئېلىپ
ئۆزگىرىش پۇرسىتى ھازىر بوپتۇ. بىراق ھەممىنى قەدرىگە يەتكەندە، ھەممىنى چۈشەنگەن
بۇ چاغدا قايتا ئالدىڭلاردا تىزلىنىپ بىر ۋاقىت ئەپۇ سوراۋېلىشنى ياكى بىر ۋاقىت بولسىمۇ
يۈزلەر قوللىرىڭلارنى تۇتۇپ ھالىڭلاردىن خەۋەر ئېلىشنى، بۇرۇنقى كۆڭۈللۈك چاغلارنى
ئەسلىمىچ ھاياجانلىق قىلالارنى، ئەسلىيشنى ئىمكانىيىتى بولامدۇ-يوق بۇنىسى نامەلۇم،
شۇڭا بۇ بىر ئاجىز ئوغلۇڭلارنىڭ ئۈمىدلىرى، ئارزۇلىرى بىرى ھەر بىر دۇئالىرىڭلاردا ئاسايىشلىق
ئامانلىق تىلەپ قويۇشۇڭلارنى، كۆيۈمچان ئاللىرىڭلارنىڭ بىرەرسى ئالدىڭلارغا ئىسسىق
چاي قويغاندا مېنى قويىدى دەپ قويۇشۇڭلارنى، بىر قاچا تاماق ئەكەلگەندە مېنى ئەكەلدى دەپ
قويۇشۇڭلارنى، بىرەرسى يۈز قوللىرىڭلارنى تۇتۇپ قويغاندا ئا[illegible] قولىڭنى بۇ
دەپ قويۇشۇڭلارنى تىلەيمەن! ئوكىلىرىمغا، سىڭىللىرىمغا ئۆزۈم دېگۈم كەلگىنى "ھەر ئىشنىڭ
ۋاقتى-سائىتى بار، پۇرسەت قولدىن كەتكەندە باشنى تاشقا ئۇرغان بىلەن پايدىسى يوق، شۇڭا پۇرسەتنى
چىڭ تۇتۇپ ئاتا-ئانىلارنى، ئۇۋا-ھەمشىرىلەرنى ئوبدان كۈتۈڭلار، كېيىن سىلەر ھاياتنىڭ
يوللىرىدا ھالسىرىغان ۋاقىتلىرىڭلاردا ئويلىسا ئۆكۈنمەس، ئارتۇق خاتىرجەملىك،
خۇشاللىق، بەختىيارلىقنى ئاتا-ئانا قىلالىغان ھېچقانداق نەرسە بولمايدۇ" دۇنيادىكى
بارلىق ھەممىنى بىلەن ئوخشاش. ئاتا-ئانا سىلەر بىلەن ئوكىلىرىم بىلەن ئۇچراشقان غايىبانە
سىلەرگە دەيدىغانلىرىم تۈگىمەيدۇ. شۇڭا يەنىلا سىلەرگە بەخت ئامانلىق ئوكىلىرىمغا
زور نەتىجە ئۇتۇقلارنى تىلەپ ئاددى سالام يوللىغۇچى سىلەرگە يىراق
كېلەلمەيدىغان ئوغلۇڭلار [illegible]
(مەن ناھايىتى ياخشى خاتىرجەم [illegible] ئەنسىرمەڭلار خېلى كۆتۈرۈپ قالدىم
ھەددەم ئاكام [illegible] ئېيتىپ قويۇڭلار).

## ئابدۇساتتار شەمشىدىن

ئابدۇساتتار ئابدۇسالام شەمشىدىننىڭ ئىنىسى، شەمشىدىن هاجىم ئاكىنىڭ كەنجى ئوغلى بولىدۇ.

ئابدۇساتتار شەمشىدىن غۇلجا شەھەر ئالما بازىرىدا تۇغۇلغان. باشلانغۇچ مەكتەپنى غۇلجا شەھەر 9-باشلانغۇچ مەكتەپتە تاماملىغاندىن كېيىن، غۇلجا شەھەر 2-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. غۇلجا شەھەر 2-ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئاتالمىش ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام ئىنستىتۇتىغا بېرىپ ئوقۇغان. ئۇ غۇلجا شەھەر قۇدۇق مەھەللە جامەسىنىڭ ئىمامى ئىدى. 2017-يىلى خىتاي دائىرىلىرى جازا لاگېرىغا ئەكىرىپ كەتكەندىن كېيىن، هازىرغا قەدەر ئىز-دېرىكى يوق.

يۇقىرىدىكىلەر 5-فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان بىر ئائىلىنىڭ هېكايىسى.

# قوشۇمچە نۇقتىلار

### 1-تولۇقلىما: تۇرسۇنبۈۋى ئانا ھەققىدە بايان

تۇرسۇنبۈۋى ئانا 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ سەركىسى ئابدۇمجىت ئابدۇراخماننىڭ ئانىسى بولىدۇ. خىتاي دائىرىلىرى 5-فېۋرال نامايىشى بولغان كۈنى ئابدۇمجىت ئابدۇراخمان بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى ئابدۇللا ئابدۇراخماننى قولغا ئالىدۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيەلىگەن، مەشرەپكە قاتناشقان، ھۆكۈمەت تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان باللارنى ئۆيىدە قوندۇرغان، دېگەن بەتنام بىلەن تۇرسۇنبۈۋى ئانىنى غۇلجا شەھەرلىك «يېڭى ھايات» تۈرمىسىگە سولايدۇ. تۈرمىدە ئالتە ئاي ياتقاندىن كېيىن، ئائىلىسىدىكىلەر ھۆكۈمەتكە نۇرغۇن پۇل تۆلەپ، ئۇنى ئائىلىسىگە ياندۇرۇپ چىقىدۇ.

تۇرسۇنبۈۋى ئانا مەھەللىدە تۇغۇت ئانىسى ۋە مېيىت يۇيىدىغان پاكىز چىراي بۈۋىم ئانىلاردىن بولۇپ،ئەينى يىللاردا تۇرسۇنبۈۋى ئانا 60 ياشتىن ئاشقان ئىدى.

خىتاي جازا لاگېرلىرىنى قۇرۇشتىن بۇرۇن، يەنى 2013-يىللىرى بولسا كېرەك، خىتاي دائىرىلىرى بۇ قەيسەر ئانىغا يەنە يوقىلاڭ تۆھمەتلەرنى ئارتىپ ئۈچ يىل قاماق جازاسى بەرگەن. ئۇ جازا مۇددىتىنى توشقۇزۇپ چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا، غۇلجا شەھرىدە جازا لاگېرلىرى قۇرۇلغان بولۇپ، ھازىر بۇ سۆيۈملۈك ئانىنىڭ ھېچقانداق ئىز-دېرىكى يوق.

## 2-تولۇقلىما: ئابدۇللا ئابدۇراخمان ھەققىدە بايان

5-فېۋرال نامايىشى بولغان كۈنى، غۇلجا 5-فېۋرال ۋە مەشرەپ ھەرىكىتىنىڭ سەركىسى بولغان ئابدۇمىجىت ئابدۇراخمان بىلەن بىللە نامايىشقا چىققان ئابدۇللا ئابدۇراخمان، شۇ كۈنى ئاكىسى بىلەن بىرلىكتە قولغا ئېلىنىدۇ. ئاكىسى ئابدۇمىجىت ئابدۇراخمانغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ ئىجرا قىلىنىدۇ، ئابدۇللا ئابدۇراخمانغا بەش يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

تەخمىنەن 2003-يىللىرىدا بەش يىللىق جازا مۇددىتىنى توشقۇزۇپ تۈرمىدىن چىققان ئابدۇللا غۇلجا شەھىرىدە ئانچە-مۇنچە ئۇششاق تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ ھاياتىنى داۋام ئەتتۈرۈشكە باشلىغان. ئارىدىن بىر قانچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن خىتاي دائىرىلىرى يەنە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، دېگەن بەتنام بىلەن ئۇنى يەنە ئۈچ يىل كەسكەن ئىدى. 2-قېتىملىق تۈرمە ھاياتىنىڭ ئۈچ يىلىنى توشقۇزۇپ چىققان ئابدۇللا يەنە تاتلىق-تۇرۇم دۇكىنى ئېچىپ ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئىدى. 2016-يىلى خىتاي جازا لاگېرلىرىنى ئاچقاندىن كېيىن، ئابدۇللا ئابدۇراخماننىڭ ھېچقانداق ئىز-دېرىكى يوق.

## 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى ئېنىقلاش ھەققىدە

ئەسسالام ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار، خەۋىرىڭلاردا بولغىنىدەك يېقىندا، تۈركىيەدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئېلى مەشرەپ ئۇيغۇر ۋەخپى بىلەن، 5 ـ فىۋرال غۇلجا ئارخىپلىرىنى قېزىش، توپلاش ۋە رەتلەش گۇرۇپپىسى بىرلىكتە، 1997 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ غۇلجا شەھرىدە يۈز بەرگەن 5 ـ فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقى ھەققىدە قېزىش، توپلاش ۋە رەتلەش چاقىرىقى ئېلان قىلغان ئىدى. قېزىلىدىغان، توپلىنىدىغان ۋە رەتلىنىدىغان مەزمۇنلار ئاشۇ چاقىرىقتا تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

بۇ ئىككى ئورگان بۈگۈن يۇقىرىدىكى جەدۋەلنى تارقىتىش ئارقىلىق مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان غۇلجىلىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، 5 ـ فېۋرال غۇلجا نامايىشىغا چىققانلىقى، مەشرەپ ئوينىغانلىقى، ئىسلام دىنىغا تايىنىپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئاق ئاماكا ۋە ئەيدىزنىڭ قاباھەتلىك ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشقانلىقى، يەنى ئەخلاق يولىنى تاللىغانلىقى سەۋەبىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان، مۇددەتسىز ۋە مۇددەتلىك كېسىلگەن، قاتتىق قىيىن ـ قىستاق ۋە تەن جازاسى سەۋەبىدىن خىتاي ساقچىلىرى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، جەستىنى ئائىلىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن ۋە جازا مۇددىتى توشقاندىن كېيىن تۈرمىدىن نېرۋىسىدىن ئاداشقان ھالەتتە چىققان ياشلار ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماقچى.

پەرزەنتىڭىز، قېرىندىشىڭىز، ئۇرۇق ـ تۇغقىنىڭىز، قوشنىڭىز، ساۋاقدىشىڭىز، خىزمەتدىشىڭىز... كىم ھەققىدە قانداق جازاغا

ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى بىلىسىڭىز يۇقىرىدىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇپ بىزگە ئەۋەتىڭ. بىر دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان قانچىلىك ياش بۇ قىرغىنچىلىقتا نابۇت بولدى؟ بۇ ھەقتە ئېنىق بىر سانلىق ئارخىپ تۇرغۇزۇپ چىقايلى. ھازىر ۋەتەندىكى خەلقىمىز بۇنداق بىر ئىشنى قىلىشقا ئىمكانسىز. قىرغىنچىلىق ھەققىدە قەغەز يۈزىگە پۈتۈلگەن بىر ئابىدە تىكلەپ، كېلەچەك ئەۋلادلارغا ساق-سالامەت تاپشۇرۇپ بېرىش، بىز مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس بۇرچى.

ئىلى مەشرەپ ۋەخپى ئېلان قىلغان 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى ئېنىقلاش جەدۋىلىنى تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن چۈشۈرەلەيسىز:

https://www.jotform.com/build/200723720822042

# ئاپتورنىڭ 5-فېۋرال ئارخىپلىرى ناملىق كىتابىنىڭ ئىككىنچى قىسمىنى يېزىش جەريانىدىكى ھېس-تۇيغۇلىرى

**1**

5-فېۋرال ئارخىپلىرى ناملىق بۇ كىتابنى قولغا ئالغان ۋاقتىم ئەڭ ئازابلىق چاغلارغا توغرا كەلدى. بۇ مەزگىل دۇنيا ئۈچۈن بىر ھەسسە ئازابلىق بولغان بولسا، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئىككى ھەسسە ئازابلىق ئىدى. بۇ دەل 2020-يىلى مارت ئايلىرى بولۇپ، دۇنيا ھەممە يەرگە يامرىغان خىتاي ۋىرۇسى سەۋەبىدىن پاراكەندىچىلىككە چۆمگەن، سودا-تىجارەت توختىغان، مەكتەپلەر تاقالغان، دۇنيا مىقياسىدا كىشىلەر مەجبۇر قالمىغىچە ئۆيدىن تالاغا چىقماي ئۆلتۈرۈشى تەلەپ قىلىنغان كۈنلەر ئىدى. 2016-يىلىدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن بىلەن بولغان ئالاقىسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي تەرىپىدىن جازا لاگېرلىرى قۇرۇلۇپ، ئۈچ مىليوندىن بەش مىليونغىچە ئۇيغۇر بۇ جازا لاگېرلىرىغا سولانغان ئىدى. چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار: «ئاتا-ئانام نەدە، ئاكا-ئۇكا، ئىنى-سىڭىللىرىم نەدە؟» دەپ خىتايغا غەزەپ بىلەن سوئال قويۇۋاتقان قوش ئازابلىق كۈنلەردە بۇ كىتابنى قەلەمگە ئېلىشقا باشلىدىم.

## 2

ئەگەر 5ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنى سۆزگە مۇجەسسەملەشكە توغرا كەلسە، مۇنداق ئۈچ سۆزگە يىغىنچاقلاشقا توغرا كېلىدۇ: «زەھەر، مەشرەپ، قان». مەشرەپ، زەھەر بىلەن قاننىڭ ئارىلىقىدا قىسىلىپ قالغان ئىدى.

## 3

بۈگۈن 2020ـ يىلى 7ـ ئاينىڭ 21ـ كۈنى، مەن 5ـ فېۋرال ئارخىپلىرى ناملىق بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى قىسمىغا قەلەم تەۋرىتىۋاتقان كۈنلەردە، يەنى 2020ـ يىلى 5ـ ئاينىڭ 27ـ كۈنى، «ئۇيغۇر سىياسىتى كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى» 413 كىشىنىڭ قوشۇلۇشى ۋە بىر كىشىنىڭ رەت قىلىشى بىلەن، ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىدىن غەلىبىلىك ئۆتۈپ، ئامېرىكا پرېزىدېنتى دونالد ترامپنىڭ ئالدىغا باردى. كۆلكىدىن بىدار سۆرۈنلەشكەن چىرايىمغا ئازراق كۈلكە يۈگۈرۈپ، كۆزلىرىم ئۈمىد نۇرىدا چاقنىدى. سۇسىز سولاشقان گىياھتەك تېنىمگە، جان كىرگەندەك بولدى. بۇ خوش خەۋەرنى 5ـ فېۋرال قەھرىمان شېھىتلىرىغا يەتكۈزگۈم كەلدى. ئەي شېھىتلار! سىلەر تۆلىگەن بەدەلنىڭ مېۋىسى ئازراق بولسىمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئەي شېھىتلار، ئاڭلىمىدىڭىز دېمەڭلار!! بۇ دۇنياغا ئادالەتنىڭ پۇرىقى كېلىۋاتىدۇ.

## 4

سالام شېھىتلار، مىللىتىمىزنىڭ سەرخىل يىگىتلىرى. سىلەر

ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىۋاتقان 5-فېۋرال ئارخىپلىرىنىڭ 2-قىسمى ئاخىرقى باسقۇچلارغا كىرىپ قالدى. بۇ سىلەر ھەققىدىكى داستانلار تۈگەيدۇ دېگەنلىكىم ئەمەس. پەقەت مەن قەلەمگە ئېلىۋاتقان بىر بۆلىكىلا ئاخىرقى باسقۇچقا كىردى. ۋەتەندە مۇستەقىللىق سۈنايىلىرىنىڭ چېلىنىشى بىلەن، خەلقىمىز قويۇن يانچۇقلىرىغا چىڭ سېلىپ ساقلىغان يەنە نۇرغۇن قەھرىمانلىق داستانلىرى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۈگۈن كانادا پارلامېنتىدا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا «قىرغىنچىلىق» يۈرگۈزۈۋاتقانلىقى ھەققىدە گۇۋاھلىق بولۇپ ئۆتتى. كانادادىمۇ ئۇيغۇر خەلقىنى سۆيۈندۈرىدىغان خەۋەرلەر چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ.

## 5

بۈگۈن ئىچىمدىكى پىچىرلىششلىرىمنى لەگمىنىمنىڭ خېمىرىغا تۆكتۈم بولغاي، خېمىرىم ئاجايىپ ئوخشاپ كېتىپتۇ. ئىنچىكە لەگمەن پىلتەمنى تاس-تاس قىلىپ ئەمبەلگە ئۇرغانچە، قەھرىمان شېھىت ئابدۇخالىق مىجىت بىلەن پىچىرلىشىۋاتىمەن. ھەي...قاچقان بولساڭچۇ كاشكى... لەگمەن پىلتەمنى قايناۋاتقان قازانغا تاشلىدىم. بەزىدە قازىنىمدا قايناۋاتقىنى لەگمەن پىلتىسى ئەمەس بەلكى مەندەك ئازابلىناتتىم. تولغىناتتىم. ياق قاچمىغىنىڭ ياخشى بولۇپتۇ. ئەگەر قاچقان بولساڭ، ئەگەر مەندەك ياقا يۇرتتىكى بىر دۆلەتتە ياشىغان بولساڭ سەن خەلقىمىزگە روھ بەرگۈچى ئابدۇخېلىل مىجىت بولالمىغان بولاتتىڭ. سېنى ئابدۇخېلىل مىجىت قىلىپ ياشناتقىنى، روھ قىلىپ چاقناتقىنى ۋەتەن...

### 6

ئىچكى دۇنيايىمنىڭ تونېللىرى ۋەتەندە يۈز بەرگەن قىرغىنچىلىقلار، جازا لاگېرى، ۋەتەن بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى، خىتاي ۋىرۇسى كەلتۈرۈپ چىقارغان كۆڭۈلسىزلىكلەر، چەتئەللەردىكى دىنىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ئورۇنسىز بەس مۇنازىرىلەر سەۋەبىدىن ئىنتايىن قاراڭغۇ ۋە قالايمىقان ئىدى. ماڭا خاس بۇ دۇنياغا قانچە مىڭ قېتىملاپ كىرگىنىمگە قارىماي، ھەر قېتىم كىرگىنىمدە ئېزىپ قالاتتىم.

### 7

تۈركىيە پىرېزىدېنتى رەجەپ تايىپ ئەردوغاننىڭ ئادالەتنى ياڭزىمۇ-ياڭزا پاسون چىقىرىپ ئوينىشى، خۇددى ئىسسىق بەلۋاغ ئورمانلىقلىرىدىكى نازاكەتلىك قۇشلارنىڭ، چىشى قۇشقا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن پەيلىرى ۋە ھەرىكەتلىرىنى رەڭگارەڭ تۈسلەرگە كىرگۈزۈپ بىر پەدە ئۇسۇل ئويناپ بەرگىنىگە ئوخشايدۇ. چاملىجا تۆپىلىكىدىكى ئەردوغان جامىسى بولسۇن ۋە ياكى ئوسمانىيلارنىڭ ئىپتىخارىنى ئىپادىلەيدىغان «دىرىلىش ئەرتۇغرۇل» ۋە ياكى «قۇرۇلۇش ئوسمان» فىلىملىرى بولسۇن، مانا مۇشۇ ئىسسىق بەلۋاغ ئورمانلىقىدىكى ئويۇنچى قۇشلارنىڭ بىرەر تالدىن پەيلىرىدىن ئىبارەت، خالاس.

### 8

ئەينى يىللاردا ئىلى ۋادىسىدا خۇددى مەمەت ئاۋاقتەك يۈگۈرۈپ

يۈرۈپ پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىپ، خىتاي قولىغا چۈشۈپ قالغان ئەزىمەتلىرىمىز ھازىرمۇ تۈرمىلەردە. ئۇلارنىڭ ھايات كەچمىشلىرىنىڭ قىسقارتىلغان ھالىتىنى بىردەم چىقىرىۋېتىپ بىردەم قوشۇپ، يەنە چىقىرىۋېتىپ يەنە قوشۇپ (ئېھتىيات يۈزىسىدىن) كۆپ دېلىغۇل بولدۇم. ئاخىرىدا ئۇلارنى قەھرىمان قىلىپ تۇرغان، ئۇلارنى بىر ئۇيغۇر روھىنىڭ مەشئىلى قىلىپ تۇرغان نەرسىنىڭ ئۇلاردىكى ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمايدىغان روھ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ۋاقتىمدا، ئۇلارنىڭ كەچمىشلىرىنى بۇ كىتابقا كىرگۈزۈشنى قارار قىلدىم. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ زالىم تۈرمىسىدىن چىققان ۋاقتى، ئۇلاردىكى بىز تەلپۈنۈۋاتقان قىممەتنىڭ تۈگىگەن ۋاقتى بولىدىكەن.

## 9

تۈركىيە پىرېزىدېنتى رەجەپ تايىپ ئەردوغاننىڭ ئەي... بىلەن باشلانغان لىرىك نۇتۇقلىرىدا ئۇنىڭ تىلى «ئەي... شەرقىي تۈركىستان» دېگەن سۆزگە ئۆمەللەنمەيدۇ. ھە راست، پەقەت بىر قېتىم ئۆمەللەنگەن «5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى»دا. ئۇ بۇ سۆز بىلەن خىتايدىن كېلىدىغان «شېرىن مەنپەئەتلەر»نى خۇددى باھار يامغۇرىدەك قىزغىن قارشى ئالغان ئىدى.

## 10

جىم تۇرۇش ۋە ياكى جىم تۇرماسلىق تەقدىرىمىزدە ئوخشاش ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدۇ. ھەي... ئەگەر 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشى بولمىغان بولسا ئىدى، مۇشۇ بىر دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ياشلار قىرىلىپ كەتمىگەن بولاتتى، دەپمۇ ئويلايدىغانلار بولۇشى

مۇمكىن. ئەمما زالىملار ئالالىغاچان بىزنىڭ «كۆڭلىكىمىز»نى «كېپەن» قىلىپ پىچىپ بولغان ئىدى. قانداقلا بىر ھالەتتە بولمايلى، ئاخىرى بىزگە بۇ «كېپەن» كىيگۈزۈلەتتى. چۈنكى تاجاۋۇزچىلار ئۈچۈن كېرەك بولغىنى مىللەت ئەمەس، ئىنسان ئەمەس، بەلكى زېمىن ۋە بايلىق. «جازا لاگېرى»نىڭ قۇرۇلۇشى بۇنىڭ مىسالى.

## 11

مارتېن لۇتېر كىڭنىڭ زامانى بىلەن، ھازىرقى زامان ئارىسىدا چوڭ پەرق بولغىنى يوق. چۈنكى ئۇنىڭ نۇتۇقلىرىنى بۈگۈن ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىۋاتىمىز.

## 12

بەزى نۇقتىلاردا خىتاي زالىملىرىغا رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايمىز. چۈنكى زۇلۇم بىزنى ئويغاتتى. سەگەك قىلدى، بارغانچە ھاڭغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىمىزنى ھېس قىلدۇردى، ئىسيانكار قىلدى، كۈرەشچان قىلدى. ئەگەر بۈگۈن دۇنيا «ئۇيغۇر» دەپ ئورنىدىن دەس تۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقان بولسا، بۇ ئەلۋەتتە زۇلۇم سەۋەبىدىن. ئەگەر زۇلۇم بولمىغان بولسا، ئۇيغۇر مىللىتى ئالالىغاچان يوقاپ كەتكەن بولاتتى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ زۇلۇم بىلەن، يوقالماستىن، سەھەر قاراڭغۇلۇقنى يېرىپ چىققان قۇياشتەك چاقنايدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل!

## 13

بۈگۈن بىر يەھۇدىي قوشنام بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. «ئەينى چاغدا سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا كەلگەن كۈن بىزنىڭ بېشىمىزغا كېلىۋاتىدۇ» دېدىم مەن ئۇنىڭغا. ئۇ يەھۇدىي قىرغىنچىلىقى يۈز بەرگەندە، دۇنيانىڭ ئىشەنمەي قاراپ تۇرغانلىقىنى، دۇنيا ئىشىنىپ ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە باشلىغاندا، ئالتە مىليون يەھۇدىينىڭ ئالللىقاچان قىرىلىپ بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. تارىخ تەكرارلىنىۋاتىدۇ. بىز ئۇيغۇرلار دۇنيانى بېشىمىزغا كەلگەن بۇ پاجىئەگە ئىشەندۈرۈپ بولغىچە يەنە قانچە مىليون ئۇيغۇر قىرىلىپ تۈگەر؟ دۇنيا «ھەقىقەتنى چۈشەندۈر» دەپ تۇرۇۋالغانلىقى سەۋەبىدىن نەقەدەر ھاماقەت ھە؟

## 14

شۇنداق، ھەر بىر قەلەم بىر مەشئەل. بۇ سۆزنى قىلغانلار ناھايىتى توغرا گەپ قىلغان. مەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى تامامەن چۈشىنىپ يەتكەن ۋاقتىمدا تولىمۇ كېچىككەن ئىدىم.

## 15

بارىن قىرغىنچىلىقى يۈز بەرگەندە چۇقان سالغانلار ۋە سۈكۈتتە تۇرغانلار بولغان ئىدى. 5-فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقىدىمۇ، 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىدىمۇ ئوخشاشلا چۇقان سالغانلار ۋە سۈكۈتتە تۇرغانلار بولدى. جازا لاگېرلىرى قۇرۇلغاندا، چۇقان سالغۇچىلار سانى سۈكۈت قىلغۇچىلاردىن كۆپ بولدى. ئەمما

سۈكۈت قىلغۇچىلار يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. بۇنىڭدىن بىز چۈقان ۋە مەنپەئەت فورمۇلاسىنى كۆرۈۋالالايمىز. چۇقان سالغۇچىلار سېپىگە قوشۇلالمىغان سۈكۈتچىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى، زۇلۇمنىڭ بۇ مىللەتنىڭ بېشىغا تەكشى چېچىلمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، بىز زۇلۇم تولغىقىنىڭ تېخى ئۈچ بارمىقىدا تۇرۇۋېتىپتىمىز.

## 16

ئارىمىزدا بۇ قىرغىنچىلىققا سۈكۈت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلار مەۋجۇت بولغان مۇددەتچە بىز قېرىنداشلىرىمىز بولغان تۈركىي مىللەتلىرىدىن، دىنىي قېرىندىشىمىز بولغان مۇسۇلمانلاردىن بىز ئۈچۈن ياقا يىرتىپ نالە قىلمىدى دەپ رەنجىيەلمەيمىز. سەن ئۆزۈڭنى مەن بىر ئادالەت، مەن بىر چۇقان، دەپ تونۇمىغىچە ئادالەت جارچىسى بولۇشقا لايىق ئەمەس.

## 17

بۈگۈنكى كەچلىك تامىقىم چۆچۈرە. شۇنداق، بارماقلىرىم گۆش، پىياز ۋە دورا-دەرمەكلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇلغان قىيمىنى كىچىك-كىچىك كاتەكچە قىلىپ كېسىلگەن خېمىر ئىچىگە يوشۇرۇپ، ئۇنى بىرمۇ-بىر تۈگۈپ، چىرايلىق قىلىپ تىزىپ چىقىدىغان «سەۋر-تاقەت» تامىقىنى ئەتمەكتە. ئەمما تەپەككۇرلىرىم يەنىلا غۇلجىدا. 5-فېۋرال ئارخىپلىرى ناملىق بۇ ئىككىنچى كىتابقا كىرىدىغان ھەر بىر ۋەقەلىك، ھەر بىر كىشىنى ئىنتايىن ئاۋايلاپ ئېلىپ، خۇددى چۆچۈرە تۈككەندەك بەتلەرگە تۈگۈپ، ئالتۇن تاۋاقتا كېلەچەك ئەۋلادلارغا سۇنۇشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە. ئەمما بۇ ۋەزنى ئېغىر ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن

چىقالارمەنمۇ؟ دېگەن ئەندىشىمۇ بار ئىچىمدە.

## 18

تولىمۇ قىزىق. تۆنۈگۈن نامايىشقا چىقىشتىن قورقىدىغان، چىقىشتىن قورقۇشلا ئەمەس، نامايىشقا چىققانلاردىنمۇ ئۆركۈيدىغان، ئۇلارنى مەنسىتمەسلىك ئۈچۈن تىرىشىدىغانلار بىلەن بۈگۈن نامايىش مەيدانىدا بىر بايراقنى تالىشىپ قالدىم. بۇ بىر مەيدان دېگىز بورىنى ئاخىرلىشىپ، دېگىز يۈزى تىنچلانغاندا، توغرىسىنى ئېيتقاندا ئەتە ۋەزىيەت قانداق بولىدۇ؟ بىلمەيمەن. ئاللاھ بۈگۈن بىزنى، يەنى ھەممىمىزنى بىر قىزىل چىراغنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ توختىتىپ قويدى. پەرق ئەتكەنلەر ئۈچۈن بۇ بىر ئايەت.

## 19

5-فېۋرال سەركىلىرى ئىككى نەرسىگە تايىنىپ ئورنىدىن دەس تۇرۇشنىڭ بىر قەدەر سىستېمىلىق پىلانىنى تۈزدى. بىرى مەشرەپ، يەنە بىرى ئىسلام دىنىغا قايتىش. بۇ پىلان ئۇيغۇرلارغا خاس قۇتۇلۇش يولى ئىدى. بۇ بىزگە باشقىلارنىڭ ياردىمىنى تەمە قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئەگەر ئىزدەنسەك ئۆز ئۆزىمىزنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يېڭى يول خەرىتىلىرىنى سىزىپ چىقالايدىغانلىقىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەكتە.

## 20

دۇنيادىكى تاشلارغا ھەيران قالىمەن. شۇنداقلا گۈزەل خانىملارنىڭ بويۇنلىرىغا ئېسىلغان بىر-بىرىدىن قىممەت باھالىق

تاشلارنى تېپىپ چىققان، بۇ تاشلارغا قىممەت بەرگەن كانچىلارغا، تاش تەتقىقاتچىلىرىغا ھەيران بولىمەن. شۇنداقلا يەنە قېزىلمىغان، تېپىلمىغان قانداق تاشلار بولۇشى مۇمكىن؟ دەپ خىيالغا چۆمىمەن.

5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ۋە قىرغىنچىلىقى، ئەنە شۇنداق دۇنيا بازارلىرىدا پارلىتىشقا تېگىشلىك قىممەت باھالىق تاش. ئۇنى پارلىتىش ئۈچۈن كانچى، تاشچى بولۇشى لازىم.

## 21

ئۇيغۇر بولۇش ئۈچۈن چوقۇم بېشىدا چىمەن دوپپا، بويىدا ئەتلەس شارپا بولۇش كېرەك ئەمەس. ئۇيغۇرلۇق دېگىنىمىز ئەڭ خەتەرلىك دولقۇنلىرىدا ئۈزەلەيدىغان، ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا شۇڭغۇيالايدىغان روھ بولۇش كېرەك. خىتاي ئەسكەرلىرى قوغلاپ كېلىۋاتقان بىر كىشىنى، خىتاي مېنى قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ دەپ چۈشىنىش؛ خىتاي تېررورچى دەپ قوغلىسا، ئىنسان دەپ دالدىغا تارتىش، ئۇنىڭغا ئىسسىقتا سايە، يامغۇردا كۆنلۈك، قەھرىتان قىشتا گۈلخان بولۇپ بېرىش، مانا بۇ ھەقىقىي ئۇيغۇرلۇق.

## 22

ئەگەر ۋەتەندە يۈز بەرگەن ھەرقانداق بىر قىرغىنچىلىق قەلەمگە ئېلىنماي، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇستىگە چاڭ توزانلار قونۇپ قالسا، بۇ بىز بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئىنتايىن زور مەسئۇلىيەتسىزلىكىمىز بولىدۇ.

## 23

ئەگەر ۋەتەندە يۈز بەرگەن ھەرقانداق بىر قىرغىنچىلىق قەلەمگە ئېلىنمايدىكەن، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۈستىگە چاڭ توزانلار قونۇپ قالسا، بۇ بىز بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئىنتايىن زور مەسئۇلىيەتسىزلىكىمىز بولىدۇ.

# پايدىلانغان مەنبەلەر


- ۋاڭ لىشيۇڭ، «مېنىڭ غەربىي دىيارىم سېنىڭ شەرقىي تۈركىستانىڭ»
- جورجى ئورۋېل، «1984»
- گاردىنېر بوۋىڭتون (Gardiner Bovington)، «ئۆز ئانا يۇرتىدا غېرىپ بولغان ئۇيغۇرلار»
- ئاتالمىش ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى تۈزگەن «شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش تارىخى»
- ئاتالمىش شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «يېڭى جۇڭگو دەۋرىدىكى بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش»
- خىتاي گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى تۈزگەن «شەرقىي تۈركىستان تېررورچى كۈچلەر جىنايىتىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ»
- http://m.news.cctv.com/2020/06/19/ARTIohwzmrwTG6KT6NXDcFQ7200619.shtml
- https://www.zhihu.com/question/50450165/answer/242386726

- http://www.cutv.com/jdxw/2020/6/19/content_579611.shtml
- https://baike.baidu.com/item/努尔太·安尼瓦尔别克/24281483
- http://m.news.cctv.com/2020/06/19/ARTIohwzmrwTG6KT6NXDcFQ7200619.shtml


## 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن ئاساسلىق چەتئەل مەتبۇئاتلىرى


- https://hongkongfp.com/2020/02/07/ghulja_massacre_remembering_chinas_brutal_crackdown_peaceful_xinjiang_protest/
- https://en.wikipedia.org/wiki/Ghulja_incident
- https://www.youtube.com/watch?v=4RUCOrg2Pb0
- https://www.youtube.com/watch?v=4tgpjdDYGnE&list=PLwK9_izavcmXerfCPN_BNHL8W5p92X9Rt
- https://humanrightshouse.org/articles/remembering_the_ghulja_massacre_2/